
ئارسلان تالىپ



# كەچ كۈزدىكى شىۋىرغان

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

كەچ كۈزدىكى شىۋىرغان


شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

كەچ كۈزدىكى شىۋىرغان

ISBN 978-7-5371-5604-2
9 787537 156042 >
باھاسى: 36.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارسلان تالىپ

# كېچ كۈزدىكى شىۋىرغان

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىز قېيۇم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# كەچ كۈزدىكى شىۋىرغان

ئاپتورى: ئارسلان تالىپ

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 21.625
2007 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN978 — 7 — 5371 — 5604 — 2
باھاسى: 36.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئارسلان تالىب

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

# رومانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ رومان 1970 ـ يىللاردا تاغ ۋە يېزىلارغا چېنىقىش ئۈچۈن چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئەينى دەۋر ياشلىرىنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق ھاياتى بىر زىيالىي ئائىلىسىدىكى زىددىيەتلىك توقۇنۇشلار ئارقىلىق كىچىكلىكتىن چوڭ دائىرىنى، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىكنى كۆرۈش مەقسىتىگە يەتكەن ئەسەردۇر، بۇ كىتاب جەمئىي ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

بىرىنچى قىسىم «قىسمەت داۋانلىرى»دا ئابدۇسالام ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ چېنىقىش ئۈچۈن بىر تاغلىق يېزىغا بېرىش ۋە ئاشۇ يېزىدىكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مېھنەتكەش خەلق بىلەن بىرگە ئىشلەش جەريانىدىكى تەسىرلىك ئىشلىرى بايان قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۆزگىچە ياشاش ئادەتلىرى، مەنىۋىيىتى، شۇنداقلا ھەممە كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان تاغ مەدەنىيىتى تەسۋىرلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئابدۇسالامنىڭ چېنىقىش ئورنىنى يۆتكەش سەۋەبى بىلەن تارتقان جەبىر ـ جاپالىرى، بىلىمگە ئىنتىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى، كۈرەشجان بىلەن ئابدۇلباسىتتىن ئىبارەت ھەسەتخور كىشىلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى بەزى قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئۆچمەنلىكى سەۋەبلىك بىگۇناھ كىشىلەرنى خالىغانچە بوزەك قىلغانلىقى ئۆتكۈر زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ئارىسىغا سىڭدۈرۈلگەن. شۇنداقلا بىلىم ئۈچۈن پەرۋانە بولۇۋاتقان ئابدۇسالامنىڭ ئاخىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

ئىككىنچى قىسىم «ھېكمەت بوستانلىرى»دا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ستۇدېنتلارنىڭ ئاجايىپ روھلۇق، شاد ـ خۇرام ۋە بىلىمگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى بىلەن ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلار ھاياتى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ قىسىمدا پەرھات، ئابدۇسالام، دىلبەر، ئايپەرىگە ئوخشاش ستۇدېنتلارنىڭ بىلىم ئېلىش يولىدىكى ئوخشاشمىغان قاراشلىرى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، ياشلارنىڭ قانلىرىنى ئۇرغۇتۇپ تۇرغان مۇھەببەت كوچىلىرىدىكى زىددىيەتلىك ۋەقەلەر، ساختا مۇھەببەتنىڭ قۇربانى پەرھاتنىڭ تراگېدىيىسى، پۇل ۋە ئابرۇي ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ستۇدېنتلىق ھاياتىغا داغ چۈشۈرگەن دىلبەرنىڭ زىددىيەتلىك تۇرمۇشى بۇ ئەسەرنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرغان. ئەسەر ۋەقەلىكلىرى بەكمۇ تەسىرلىك ۋە زىددىيەتلىك، بۇ ئەسەردىن 1970 ـ يىللاردىن تارتىپ 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى زىيالىي ۋە دېھقانلار تۇرمۇشىنى، شۇ چاغ كىشىلىرىنىڭ ساپ، ساددا، ئاق كۆڭۈل خاراكتېرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئىزدىنىشى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم قىسمەت داۋانلىرى

بىرىنچى باب : مەن ئوقۇيمەن .............................. 3
ئىككىنچى باب : ئىپە ، ئانىلار .............................. 33
ئۈچىنچى باب : سادىق قويچى .............................. 59
تۆتىنچى باب : شىۋىرغاندىكى ئارمانلار .............................. 85
بەشىنچى باب : يۆتكىلىش .............................. 111
ئالتىنچى باب : يىمىرىلىش .............................. 136
يەتتىنچى باب : كۈرەشچانىنىڭ ھەيۋىسى .............................. 159
سەككىزىنچى باب : خورلۇق .............................. 185
توققۇزىنچى باب : يوقالغان ئىز .............................. 213
ئونىنچى باب : سەرسانلىق .............................. 239
ئون بىرىنچى باب : ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى .............................. 268
ئون ئىككىنچى باب : چېچەكلىگەن ئارمانلار .............................. 296

## ئىككىنچى قىسىم ھېكمەت بوستانلىرى

ئون ئۈچىنچى باب : سالام ، قەشقەر .............................. 333
ئون تۆتىنچى باب : خىيالچان قىزلار .............................. 364
ئون بەشىنچى باب : ئۇ نېمىگە قارايدۇ ؟ ! .............................. 389
ئون ئالتىنچى باب : ئۈزۈلگەن رىشتە .............................. 420
ئون يەتتىنچى باب : داۋاسىز ئاغرىق .............................. 455

ئون سەككىزىنچى باب : چالغىتىش ........................ 496
ئون توققۇزىنچى باب : خارۇ زار ........................... 531
يىگىرمىنچى باب : دەريا بويىدىكى پاجىئە ................ 558
يىگىرمە بىرىنچى باب : قاتىل كىم؟...................... 583
يىگىرمە ئىككىنچى باب : تۇمانلاشقان يول ............... 612
يىگىرمە ئۈچىنچى باب : ئاخىرقى دەقىقىلەر ............... 632
يىگىرمە تۆتىنچى باب : تەقدىرنىڭ چاقچىقى ............... 658

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

# قىسمەت داۋانلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب مەن ئوقۇيمەن

«كەمبەغەل تالقان يېسە، ئاغزىدىن بوران چىقار»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

ئابدۇسالام بارغانسېرى ئۆزىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان مەھەللىسىگە ئاخىرقى قېتىم نەزەر سالدى: ئەنە، ئۇنىڭ مومىسى — ئاق لېچەكنى بېشىدىن چۇشۇرمەيدىغان تۇرسۇنخان ئامراق نەۋرىسىنىڭ ئىزى قالغان ئىشىك ئالدىدا ۋىجىككىنە گەۋدىسىنى يېرىم ئەگكىنىچە ھېلىلا تراكتور قوزغالغان جايدا تېڭىرقىغان ھالدا قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپ ئۇ مۆكۈلانغان، نەۋرىسىدىنمۇ ئۆتە ئىچى ئېچىشىپ كەتكەندى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ يىرىقىنى يېقىن، ئامراق نەرسىلىرىنى بېرى قىلىپ ئۇنىڭ قېرىغاندىكى يېتىمسىرەشلىرىنى نېرى قىلىپ كېلىۋاتقانىدى، مانا ئەمدى بىر دەمدە ئاشۇ كۆكۈللۈك كەچمىشلەرگە چېكىت قويۇپ ئۇمۇ ئۇچۇرما بولغان قۇشتەك يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— خوش موما، خوش مېنى پەپىلەپ ئۆستۈرگەن جانىجان مەھەللەم ···، — ئابدۇسالام خۇددى مومىسى بىلەنلا ئەمەس بارلىق قوشنىلار، ھەتتا مەھەللىسى بىلەنمۇ خوشلىشىۋاتقاندەك قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلاتتى.

— خوش، خۇدايىمغا ئامانەت، جېنىم بالام···

مومىسىنىڭ ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ھالەتتە قوللىرىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ ئۆزى بىلەن خوشلىشىۋاتانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇسالامنىڭ دىمىغى ئېچىشىپ، تاپىنىدىن مېڭىسىگىچە يېتىپ چىققان ئاغرىق ئۇنى خام ياغ يەۋالغاندەك ناخۇش قىلىپ قويدى،

شۇ تاپ ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى بىرى ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىشقا
باشلىغانىدى ، چۈنكى هازىر مۇڭلانغان مەھەللە بىلەن تېڭىرقىغان
موماي خىرەلەشكەن هالدا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ ئۇنىڭ كۆز
قارىچۇقلىرىدا سەل پەيدا قىلىۋاتاتتى ، ئابدۇسالام كۆزىگە بىئىخـ
تىيار ياماشقان ياشنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يانغا
قاراپ ئۇنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن ئېرتىۋەتتى ـ دە ، مەھەللىـ
سىگە قايتا قاراپ ئۆزىنىڭ پۈچىلىنىپ تۇرغان كۆڭلىنى زىدە
قىلىشتىن ۋاز كەچتى ، ئۇنداق بولغاندا ئۆزىنىڭمۇ ، مومىسىنىڭـ
مۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئەينەكتەك ئايان
ئىدى ، شۇڭا ئۇ تراكتور كوزۇپىنىڭ ئالدى توسۇقىنىڭ ئۈستىـ
دىكى بالداقنى چىڭ قاماللاپ ئۆزى كېتىۋاتقان تەرەپكە ، يەنى
ئاۋغۇستنىڭ سەھەردىكى بۇ سەلكىن شامىلىغا يۈزلەندى . تراكـ
تور شەھەرنىڭ ئابدۇسالامغا تونۇشلۇق كوچىلىرىنى كەينىگە تاشـ
لاپ يىراققا — شەھەرنى شىمالنىڭ بورانلىرىدىن قوغداپ تۇرۇـ
ۋاتقان زەبەردەس قاراۋۇلدەك كۆرۈنىدىغان تەڭرىتاغ تىزمىسى
تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى ، شەھەر سىرتىغا چىقىش بىلەنلا باشـ
قىچىلا بىلىنىۋاتقان سەلكىن شامال ئابدۇسالامنىڭ يىرىك چاچلىـ
رىنى ئەركىلىتىپ ئۇنى تەبىئەتنىڭ ئەسلىي هىدى بىلەن ئۇچـ
راشتۇرۇپ ، بايىلا مۇڭلانغان هېسلىرىغا قايتا قانات چىقىرىشقا
باشلىغانىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ هېسلىرى مانا مۇشۇنداق ساپ ـ تازا
سەلكىن شامالدىلا ئۆز ئەركىنى ، مۇڭ ، پىغانلىرىنى ،
خۇشلۇق ـ شادلىقلىرىنى تېپىشقا مۇيەسسەر بولالايتتى .

سەلكىن شامال — يۈرەكلەرنى ئويناتقۇچى ، ياشلىق هېسلىـ
رىنى ئويغاتقۇچى لەرزان شامال ، ئۇ سەھەرنىڭ يېقىملىق ، تارـ
تىملىق هاۋاسىغا ئاجايىپ بىر قۇۋۋەتلەرنى ئاتا قىلىدۇكى ،
ئۇنىڭ مەڭزىگە يېنىك سۆيۈپ ئۆتۈشىدىن ئوبدانلا مەست بولىـ
سەن . تەبىئەتنىڭ بۇ سېھىرلىك ، مېھىرلىك ، هۇزۇرلۇق ساپ

www.uyghurkitap.com

ھاۋاسىدا قۇشلار ئاجايىپ رىتىملىق ھەم مۇڭلۇق مۇزىكىسىنى باشلىۋەتكەن بولىدۇ ، قارىياغاچلارنىڭ كۆنلۈكسىمان شاخلىرى ئارىسىغا يىغىلىشقان قارا قۇشقاچلار ئۆز نەغمىسىنى باشلىۋەتكە-نىدە ، سەھەردىلا ئالدىراش بولۇپ كەتكەن قارلىغاچلار خۇددى مەست بولۇپ قالغاندەك يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ سېنىڭ يېنىڭدىن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن قاناتلىرىنى قىيپاش قىلىپ ئۆتۈپ كەتكىنىدە ، تومۇزنىڭ ئەلچىلىرى — تومۇزغىلار كۈن نۇرىنى كۆرۈش بىلەنلا بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەندەك ئاجا-يىپ مۇڭلۇق تەبىئەت مۇزىكىسىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ، خاسىيەتلىك يازنىڭ بۇ لىرىكىلىك سىمفونىيىسىنى باشلىۋەتكىنىدە ئالاھىدە روھلىنىپ كەتمەيدىغان ، سېھىرلىك تەبىئەتنىڭ بۇ مۆجىزاتلىرى-دىن بەھرىلەنمەيدىغان ئىنسان بولمىسا كېرەك ، چۈنكى تەبىئەت-نىڭ بۇ سىرلىق سۇكۇناتلىرى ئارىسىغا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسەتلىرى ئارىلىشىپ كەلسە زېمىن ئالاھىدە گۈزەللىشىپ كې-تىدۇ . ئابدۇسالام مانا مۇشۇ مۇزىكىلاردىن ، سەبىي دىللاردىن ئۇخچىغان سەمىمىي تىلەكلەردىن قاناتلىنىپ ئۆزىنىڭ ئون بەش يىللىق ھايات ۋاراقلىرىنى ۋاراقلاپ ئەمدىلا ئۈسمۈرلۈك دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرغىنىدا ، «مەن ئوقۇيمەن» دەپ ئوقۇش باشلىنىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئۈچ يىلنى ئاران ئۆتكۈزگىنىدە مۇنداق بولۇشىنى كىممۇ ئويلىغان ، مانا ھازىر ئۇنىڭ ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرى پەقەت ئاشۇ ئارمان تەرىقىسىدىلا تاشلىنىپ قېلىپ تېخى نەچچە يىل ئىلگىرىلا بېرىشتىن باش تارتقان سەھراغا ئۆز رازىلىقى بىلەن كېتىۋاتىدۇ ، شۇ تاپ ئۇنىڭ خىياللىرى خۇددى چىگىشلەشكەن يۇڭ يىپ يومىكىدەك چۇۋالچاق ، مۇنۇ ئۆزلىرى-نى ئەكېتىۋاتقان 28 تىپلىق تراكتورنىڭ ئالدى چاقىدەك تىت-رەڭگۈ ئىدى . ئۇ ئەلەم بىلەن ئاشۇ كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈشنى ئەسكە ئالدى .

— مەن تېخى ئوقۇۋاتىمەن، ماڭا ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن بولساڭلار…

— نېمانداق غەرەز ئوقۇمايدىغان بىغەرەز بالا سەنەي، يېزىغا چۈشۈپ زىيالىي بولۇشنى مەن ئويدۇرۇپ چىقارغان سىياسەت بولمىسا ئەمدى، بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ مەركەز چىقارغان ئالاھىدە سىياسىي ۋەزىپە. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا ھېچكىم پېتىنالمايدۇ. قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئوبدان ئاڭلىۋال، زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا چۈشۈپ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن — ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشى نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭغا سەنمۇ، مەنمۇ ھەتتا ئەڭ كاتتا باشلىقلارمۇ ئۇنداق - مۇنداق سەۋەب كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ چاقىرىقنى ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى ئۆزى باش بولۇپ چىقارغان جۇمۇ، بۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلغانلىق ئۇلۇغ داھىغا قارشى چىققانلىق، ئۇقۇپ قوي.

— ماڭا ئۇنداق قالپاق تەڭلىمەي گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ دەيمەن، يېزىغا چۈشۈپ چېنىقىدىغان زىيالىي ياشلارنىڭ ھازىرقى ئۆلچىمى تولۇقسىزدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇش كېرەككەن، دەپ ئاڭلىۋىدىمغۇ، بىز تېخى تولۇقسىزنىمۇ تولۇق ئوقۇپ بولمىغان تۇرساق قانداقسىگە يېزىغا چۈشىدىكەنمىز؟!

— سىلەرچۇ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلغان شانلىق ئۈچ يىلدا شەرەپ بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردۇڭلار.

— لېكىن، بىز ئوقۇمىغان تۇرساق…

— نېمە دەۋاتىسەن؟! مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ پائالىيەت ئوقۇشقا ھېساب ئەمەسمىكەن، «گەپ قىلدىم دەۋەرمە، ئىش قىلدىم دەپ يەۋەرمە» دېگەن گەپ بار جۇمۇ، داداڭمۇ ئاغزىدىن كەتكەن ئادەم، شۇڭا سەن بولساڭمۇ گەپنى دەڭسەپ قىلىشنى ئۆگەن، ئەگەر مۇشۇنداقلا ئالجىقا

www.uyghurkitap.com

سۆزلەۋېرىدىغان بولساڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى داداڭدەك ئۇنسۇر بولۇپ بېشىڭدا قالپاق ، بوينۇڭدا تاختاي ئېسىلىپ سازايى تۇۋلايسەن جۇمۇ . بۇ يەردە مەن بىلەن ئېغىز غېرىچلىشىپ پايدا ئالالمايسەن ، شۇڭا گەپنى ئاز قىلىپ ياۋاشلىق بىلەن يېزىغا چۈش ، بولمىسا ساڭا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقىمۇ ، ئىشچىلىققا كىرىشكىمۇ پەقەتلا سان بەرگىلى بولمايدۇ .

ئابدۇسالام ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشىشتىن شىپپىدە توختىدى . چۈنكى ، مۇنۇ ئۆزگە سىياسەت چۈشەندۈرۈپ ئۇستىخىنى تۈزۈك قاتمىغان بىر بالىغا پوپوزا قىلىۋاتقان زىيالىي ياشلارنى تاغ ۋە يېزىلارغا تەقسىملەش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى كۈرەشجان (ئەسلىي ئىسمى سەمەت ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئىسمى ئۆزگەرتىلگەن ) شۇ تاپ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىدىغاندەك ئەمەس . بىر چاغلاردا ئۇ مۇشۇ ئابدۇسالامنى هاپاش قىلىپ يەسلىگە ، هەتتا مەكتەپلەرگىمۇ ئاپارغان . ئۇ ئەسلىي ئابدۇسالامنىڭ دادىسىغا كاتىپ بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا بولسا مۇشۇلارنىڭ ئۆيىدىن چىقماي «ۋاي ئابدۇسالامجان ، بەك ئەقىللىق چوڭ بولدى جۇمۇ بۇ ساقام» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇنى ئۆزىدە يوق تەرەپلەر بىلەن ماختاپ يۈرگەن ئادەم ئىدى . ئەمدى مانا جاهان سەل قالايمىقانلىشىۋىدى ، ئېتەكلەر ياقا ، ياقىلار ئېتەك بولغاندەك… ئابدۇسالام ئەلەم بىلەن ئاشۇ غۇبارسىز بالىلىقىنى ئەسلىگىنىدە كۈرەشجانىنىڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان چىرايى بىردىنلا كۆز ئالدىغا كەلدى .

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ئەمدى باشلىق ، ئابدۇسالامجان تېخى كىچىك بالا تۇرسا ، ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا ئاندىن قاتتىقلىق قىلسىلىمۇ كېچىكمەيلا ئەمەسمۇ ، ماشىنىغا چىقىۋالسا نېم بوپتۇ ، بەربىر ماشىنا مەكتەپ يېنىدىن ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ .

نەدىن كەلگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمايدىغان سەمەت ئابدۇسا-

لامىنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپلا ئۇنىڭغا بولۇشۇپ سۆزلەشكە كىرىشەت-
تى. چۈنكى ئابدۇسالام دادىسى ھەر كۈنى ئولتۇرۇپ ئىشقا بارى-
دىغان ھېلىقى «قوڭغۇز پىكاپ»قا ئالاھىدە ھەۋەس بىلەن قارايت-
تى، شۇڭا ئۇ مەكتەپكە ماڭاشىدا دادىسىنىڭ ماشىنىسىدا مەكتەپ-
كە بېرىۋېلىشنى نىيەت قىلىپ دادىسىغا يالۋۇراتتى، ھەتتا تالاغا
چىقىپ ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېلىپ جېدەلمۇ قىلاتتى.

— بالام، ئۇنىداق قىلما، بۇ مېنىڭ شەخسىي ماشىنام
ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسىدا بالىمىزنى مەكتەپكە ئاپارساق
توغرا بولمايدۇ.

دەل مۇشۇ دەتالاش ئۇستىگە خۇددى ئۇچۇپ كەلگەندەكلا
سەمەت پەيدا بولاتتى-دە، سۇلھى-سالا قىلىپ ئۇنى ماشىنىغا
چىقىرىپ ئۆزىمۇ ئولتۇرۇۋالاتتى.

— سىلى ئىدارىغا كىرىپ كېتىۋېرىلا، مەن بالىنى سىنىپقا
ئەكىرىپ قويۇپ، ئاندىن ئىشقا بارىمەن. خاتىرجەم بولسىلا،
ئىشقا زىنھار كېچىكمەيمەن. ماشىنا دېگەن تۆت قەدەم ئارتۇق
ماڭغانغا ئۇپراپ كەتمەيدۇ، باشلىق.

— مەن بالىنى مۇنداق يامان ئۆگىنىشكە قارشى، ئۇقۇپ
قويۇڭ، كىچىك بالا خۇددى يېڭى تىككەن كۆچەتكە ئوخشاش،
ئۇنى ئېگىپ قويساق ئەگرى چوڭ بولىدۇ، داۋاملىق تۈزلەپ
تۇرساقچۇ، ئەلۋەتتە تۈز ئۆسۈپ يارامىلىق ماتېرىيال بولىدۇ.
شۇڭا، بالا دېگەن كىچىكىدىنلا ئۆز يولىنى ئۆزى مېڭىپ، ئۆز
ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلغىنى ياخشى. مۇستەقىل تۇرمۇش كە-
چۈرۈش ئادىتىنى مۇشۇنداق چاغدىن باشلاپ يېتىلدۈرۈش كې-
رەك، ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ يارامسىز كۆچەت بولۇپ قېلىش
مۇمكىنچىلىكى چوڭ بولىدۇ.

— توغرا گەپ قىلدىلا باشلىق، لېكىن ماشىنا بەرىبىر قۇرۇق
ماڭىدىغۇ، مەكتەپمۇ يول تۆپىسىدىلا، ئابدۇسالامجان دېگەن
ئەقىللىق بالا، ياخشى-ياماننى پەرقلەندۈرەلەيدۇ، دادىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ماشىنىسىغا چىقىۋالغانغا ئەقىلسىز بولۇپ قالمايدۇ، شۇنداقمۇ ئەقىللىق ئۇكام؟

ئابدۇسالام دادىسى بىلەن مۇنۇ ئۆزگە ئاكىسىدەكلا كۆيۈنىدىغان سەمەتنىڭ سۆزلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈشكە قادىر ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئەمدىلا باشلانغۇچنى ئوقۇۋاتقان بىر سەبىي ئۆسمۈر. لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزگە بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلىدىغان مۇنۇ سەمەتتىن رازى بولۇپ قالدۇ. چۈنكى ئۇ دادىسى جاھىللىق قىلىپ ماشىنىسىغا سېلىۋالمىسا ئۆزى ئۇنى يېتىلەپ قىزىق پاراڭلار بىلەن ئۇنى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگۈزۈۋېتىپ ئاندىن ئىشقا بارىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ بۇ خىسلەتلىرى ئۆز ئاتىسىدىمۇ كەم. لېكىن، ئاشۇ كۆيۈمچان سەمەتجان ئىسمىنى كۆرەشجانغا ئۆزگەرتىش بىلەنلا باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى، مانا ھازىر ئۇ ئاجايىپ بىر خىل سۆرۈن چىراي بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا قېتىپ تۇرماقتا. ھېلىقى ئۆزى كىچىك چاغلاردىكى مېھرىبانلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، چوڭلارنىڭ تەرىپلىشىچە، ئۇ ئاشۇ ئۈچ يىللىق مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلغان مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ناتىقلىقى بىلەن تېزلا كۆتۈرۈلۈپ بىر تەرەپنىڭ خېلىلا غوللۇق ئادىمى بولغانىكەن، مانا ئەمدى چۈجە خورازلاردەك بىر ـ بىرىگە يول بەرمەي ئېلىشقان ئىككى تەرەپ بىرلەشكەندە قۇرۇلغان ئىنقىلابىي كومىتېت ئەزالىرى قاتارىغا كىرىپ، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى مۇنۇ مۇھىم بىر ئىشخانىنى ئۇڭچە پىرقىرىتىپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن زىيالىي ياشلارنى تەقسىملەشتىن ئىبارەت شەرەپلىك بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇرۇنلاردا دائىم ھىجىيىپلا تۇرىدىغان ئاغزى ھازىر چىڭ يۇمۇلغان، داۋاملىق كۈلكە ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە بىر خىل سۇر ئولاشقان، ئەمدىلا يىگىرمە يەتتە ياشقا كىرگىنىگە قارىماي قوشۇمىسىدا بىر تال تۈز سىزىق پەيدا بولۇپ ئىككى قېشى ئوتتۇرىسىدا

بىر كىچىك ئېرىقچە ھاسىل قىلغان . مانا مۇشۇ تۇرۇلۇپ تۇرىدى-
غان قاپاقلار ئاستىدىكى كۆزلەردىن بىر خىل تەئەددى ئارىلاش
سوغۇق نۇر چاقناپ تۇراتتى .
— ھەي ئابدۇسالام ، ماڭا قارىغىنە خىيال بىسىپ
تۇرماي ،— ئۇنى يېنىنك تۇرتۇپ چەكسىز خىياللار قوچىقىدىن
سۇزۇۋالغان دوستى ئابدۇراخمان يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق-
ۋاش چوققىنى كۆرسەتتى ، — بىز ئاشۇ چوققىنىڭ يېنىدا ئىش-
لەمدىكەنمىز ؟ — تراكتورنىڭ ئەنسىز تاتىلدىشى ئۇنىڭ ئاۋازىنى
ئالللىقاياقلارغا ئاقاچتى .
— شۇنداقكەن ، بىز ئاشۇ چوققىنىڭ يېنىدا ئىشلەيدىكەن-
مىز ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ يېنىغا ئەسكەرچە تېڭىلغان يوت-
قان - كۆرپىسىنى سۆرۈپ كېلىپ ، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان
قىش - ياز مۇزى ئېرىمەيدىغان بۇ ئاقۋاش چوققىغا قىزىقىش
بىلەن قاراپ ،— قانداق ، ئەڭ گۈزەل تاغنىڭ باغرىدا ئىشلەيدى-
كەنمىز دەپ خۇشال بولۇۋاتقان ئوخشىمامسەن ؟ !
— چارۋىچىلىق مەيدانىغا ماڭغىنىمىز ياخشى بولدى
ئاداش ، — دېدى ئابدۇراخمان يەنىلا ئاشۇ ئاقىرىپ تۇرغان تاغ
چوققىسىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ، — ئەگەر يىراقتىكى بىرەر
سەھراغا بارغان بولساق ئېتىزغا چىقىپ كەتمەن چېپىپ ، ھەر
كۈنى بېشىمىزغا توپا سورۇپ تېپىك سەھرا چىراي بولۇپ ئولتۇ-
راتتۇق - دە...
— ھەممىسى ئوخشاش سەھرا ئاداش ،— دېدى ئابدۇسالام
ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — ئۇ يەردە كەتمەن چاپساڭ بۇ يەردىمۇ
ئوخشاشلا گەپ ، ئاشۇ چارۋىلارنى بورداپدىغان يەم - خەشەكنىمۇ
ئېتىزدىن چىقىدۇ دەيدىغۇ .
— ما ساراڭنى ، ھىي ، بىكارغا سېنى كىتاب خالتىسى
دېمەيمىز جۇمۇ . مال - چارۋا دېگەننىچۇ يايلاقتا باقىدۇ ، يايلاق-
تا ، شۇنىمۇ بىلمەمسەن ؟ ئۇقۇپ قوي ، چارۋىچى دېگەنچۇ ياخشى

www.uyghurkitap.com

ئاتتىن بىرنى مىنىپ ئات ، كالا ، قويلارنى يايلاقتا ھەيدەپ بېرىپ ئۆلارنى يايلاقتا قويۇپ بېرىپ ئۆزى قارىغاي سايىسىدە ئۇخلايدىغان گەپ ، ئىشەنمىسەڭ ئەخمەتجاندىن سوراپ باقە ، ئۆلارنىڭ بىر تۇغقىنى نومدىكى ئات فېرمىسىدا ئىشلەيدىكەن ، شۇ ئادەم بىزگە ئات بېقىشنىڭ ئۇسۇلىنى دەپ بەرگەن .

ئۆلار ئىتتىكلا كوزۇپىنىڭ ئالدى تاختىيى يېنىدا تۆت بۇرجەك قىلىپ تېكىلگان يوتقان - كۆرپىسىنىڭ ئۈستىدە بىر - بىرىگە يۆلەنگىنىچە ئۆيقۇغا كەتكەن ئەخمەتجان بىلەن ئىبراھىمجانغا قارىدى . ئۆلار ھازىر گويا بۆشۈكتە ياتقان بوۋاقتەك ناھايىتى خاتىرجەم ئۆيقۇغا چۆشكەن بولۇپ ، شۇ تاپ تراكتورنىڭ نېرۋىلارنى تىترەتكۈدەك سەت تاتىلداشلىرىمۇ ، شېغىل يولدا ئەلگەكتەك چايقىلىپ كېتىۋاتقان تراكتور كوزۇپىنىڭ ئەنسىز تارسىلداشلىرىمۇ ئۆلارنىڭ بۇ شېرىن ئۆيقۇسىغا تەسىر يەتكۈزەلمىگەنىدى .

— ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان ئاغىنىلەر - دە بۇ ، — دېدى ئابدۇسالام ئۆلارنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئەنسىرىگەن ھالدا ،— مەن شۇ تاپ قايتا ئوقۇيالماي ھېچ بولمىسا تولۇقسىزنى بولسىمۇ تولۇق ئوقۇيالماي قالغىنىم ئۈچۈن سىرتماقتا قىسىلغاندەك بوغۇلۇپ كېتىۋاتىمەن ، لېكىن ماۋۇ ئاغىنىلەر بولسا خۇددى پەرىشتىلەر ھۇزۇرىغا كېتىۋاتقاندەك بەھۇزۇر ئۆيقۇدا .

— ۋاي ئاداش ، «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دېگەن گەپ بار ، ئەمدى ئوقۇشنىڭ گېپىنى قىلماي ئالدىمىزدىكى نەق گەپنى قىلە ، ئوقۇيالماي قالدۇق دەپ قويغىنىڭغا ھېلىقى كۆرەشچان بىر مۇنچە قالپاق تەڭلەپ قورقىتىپ دېگەن يېرىگە ئەكەلدى ، بىزۋاغۇ ماۋۇ تەكتى ئەسرادا بىر نەچچە ۋاخ ئىشلەپ ، ئەپلەپ - سەپلەپ بىرەر زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ كېلىۋالساقلا ئەڭ چوڭ ئىش شۇ . قارىغاندا ئەمدى بىزگە ئوقۇش پۇرسىتى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئاغىنە .

— ھەرگىز ئۇنداق گەپ قىلما ، ئاداش ، بىز ئالدىراپلا بەل قويۇۋەتمەيلى ، ئوقۇش پۈرستى كەلمەيدىغان ئىش يوق ، بۇنىڭغا تىرىشچانلىق كېرەك ئاداش ، ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن بەل قويۇۋەتكەندەك تۇرىسەن ، شۇڭا مۇشۇنداق ئادەمنىڭ روھىنى چۈشۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن ، مەن ئالدىڭدا گەپنى ئوچۇق قىلىپ قوياي ، سەن قانداق قىلساڭ قىل ، ئىشچى بولامسەن ، چىشچى بولامسەن ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى ، لېكىن مەن قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ھامان ئوقۇيمەن…

— ئوقۇ ئاداش ، ئوقۇ ،— دېدى ئابدۇراخمان سەھراغا كېتىپ بېرىپمۇ يەنىلا تەنتەكلىك قىلىپ كېتىۋاتقان بۇ جاھىل ئاغىنىسىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ ،— سەن ئوقۇماي كىم ئوقۇيدۇ ، جېنىم ئاداش ، ئاشۇ چارۋىچىلىق مەيدانىدا ئات ، كالا ، قويلار بىلەن بىرگە ئوقى ئەمدى…

— ھۇ ، سەندەك ئاغىنىنى ،— ئۇ دوستى ئابدۇراخماننىڭ گېپىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئۇنى سىلكىگەن ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى ، — سەن بىلەن مەن نەچچە يىللىق ئاغىنە ھە ، بىر ناننى تەڭ يەپ ، بىر يوتقاننى تەڭ يېپىنىپ چوڭ بولغان ئاغىنە تۇرۇپ ئاشۇنداق گەپ قىلىشتىن ئۇيالمامسەن ھە ، شۇنداق بولغاندىكىن سەن ھېچبولمىسا كۆڭلۈمنى بولسىمۇ ياساپ بىزگە ئوقۇش پۈرستى چوقۇم كېلىدۇ ، خاتىرجەم بول دېيەلمەمسەن . ئويلاپ باقە ، ئاداش ، تېخى ئەمدىلا ئون بەش - ئون ئالتە ياشقا كېتىۋاتىمىز ، بىزنىڭ تازا بىلىم ئالىدىغان ، بىلىم ئۈچۈن قانات قاقىدىغان ۋاقتىمىز ئەمدى كەلدى ، بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان ، ئىش دېگەننى ئالدىرىماي قىلىۋالغىلى بولغان بىلەن ، بىلىمنى ئالدىرىماي ئۆگىنىمەن دېگىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، «ياشلىقتا ئالغان بىلىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ، قېرىغاندا ئالغان بىلىم قۇمغا سۇ سەپكەندەك » دېگەن گەپ بار ، بۇندىن كېيىن يەنە نېمە ئىشلار بولىدىغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ، بىزچۇ ئاداش ، ئەڭ ياخشىسى

بۇ تاغچىلارنىڭ ئىنساپىنى تىلەيلى، ئۇلارغا سەت كۆرۈنسەكمۇ، چىرايلىق كۆرۈنسەكمۇ ئىشقىلىپ بىزنى ئىتتىكرەك بىر يەرگە ئۆزىتىپ قويۇشىنى تىلەيلى، ئەگەر تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ قالسا ناھايىتى تېزلا بۇ تاغچىلار بىزنى بىرەر مەكتەپكە ئۆزىتىپ قويار.

ئابدۇراخمان دوستىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان سۆز قىلىپ قويغانلىقىدىن ئۆكۈنگەندەك جىممىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى، دېمىسىمۇ ئابدۇسالام سىنىپتىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. مۇشۇ ئىنقىلاب بولمىغىنىدا ئۇ يەنە بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن بىرەر داڭلىق ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. مەكتەپمۇ ئۆزىنىڭ بۇ تىرىشچان ئوقۇغۇچىسىغا ئالاھىدە كۆز بىلەن قارايتتى. مانا ماۋۇ تۆت دوست ئاشۇ شەھەرنىڭ بۇرجىكىدىكى تار كوچىدا بىر بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، بىر ئۆستەڭدە سۇغا چۆمۈلۈپ چوڭ بولغان، مەكتەپكىمۇ بىللە بارغان، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلار دەرسلەردە مۇنۇ دوستى ئابدۇسالامغا يېتىشەلمەي قالغانىدى.

— ئابدۇسالامدىكى سەزگۈرلۈك بىلەن تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى مېنىڭچە بىر تۇغما قابىلىيەت، — دەيتتى ئۇلارنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى مۇھەممەتجان، — مەن سۆزلىگەن ھەر بىر يېڭى دەرس ئۇنىڭ كاللىسىغا خۇددى قاپارتما نەقىشتەك چىڭ چاپلىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەي قالماي دەپ بىر سائەتلىك دەرس ئۈچۈن ئىككى سائەت تەييارلىق قىلىمەن ئەمەسمۇ.

ئابدۇسالام بۇ گەپتىن ئانچە خۇشال بولۇپمۇ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى پەقەت تىرىشىپ ئوقۇش ئۈچۈن يارالغاندەكلا ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ تولۇقسىزغا ئوقۇشقا كىرگەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپلا سەھەردە چېنىقىپ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن

ئاندىن دەرسكە قاراشقا ئادەتلەنگەن . ئۇ سەھەردە چولپان يۇلتۇز كۆتۈرۈلگەندىلا ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كىيىملىرىنى ئالدىراش كىيىپ سىرتقا — جاھاننىڭ ئەڭ ھۇزۇرلۇق سەھىرىگە كىرىپ كېلىدۇ . لېكىن ئۇ شۇنچە سەھەر تۇرغان بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىدىن بالدۇر تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى سىرتقا چىقىش ھامانلا ھېس قىلىدۇ . چۈنكى سەھەردىكى جىمجىتلىقنى ئۆزىنىڭ قوـ مۇش سۈپۈرگىسىنىڭ ئاۋازى بىلەن بۇزۇپ ، شەھەرنىڭ تاڭ سەھىرىنى پاكىزلىقتا ئايلاندۇرغۇچى پەرىشتىلەر — تازىلىق ئىشـ چىلىرى ئىگىلەپ بولغان بولىدۇ .

— ھارمىغايلا ، ئاچا ، — دەيدۇ ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى شەھەر بىلەن سەھرانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ، ھەر كۈنى تازىلاپ سۇ چېچىپ تۇرسىمۇ بىرەر ماشىنا ياكى تراكتور ئۆتسە كەينىدىن توپا پۇرقىراپ ئەتراپقا ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن يېيىلىپ ، بىر قەـ ۋەت توپىغا كۆمۈلۈپ تۇرىدىغان ئاسفالت يولنى قومۇش سۈپۈرـ گىسى بىلەن شارتىلدىتىپ سۈپۈرۈۋاتقان ئىللىق چىراي تازىلىقـ چى ئايالغا ئادىتى بويىچە سالام قىلىپ .

— ھە ، ياخشى ، چېنىققىلى چىقىپسىز ـ دە ، — دەيدۇ ئۇ ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەمدىلا ئون ياشتىن ئاشقىنىغا قارىماي گەپلىرى يېقىملىق ، خۇش چىراي ئابدۇسالامغا ئانىلىق مېھرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن مېھرىبانلىق بىدـ لەن ، — سىزدەك قەيسەر ، تىرىشچان باللار بەك ئاز جۇمۇ . ھەرىكەتۇ بەرىكەت دەپتىكەن كونىلار ، ئەتىگەنكى ھەرىكەتنىڭ خاسىيىتى بەك كۆپ ، ياخشى ئادەمنىڭ بالىسىدە سىز ، بېرىڭ ، ئوبدان چېنىقىپ ساغلام ئادەم بولۇڭ...

ئۇ ئايال بويىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي خۇددى تەنھەرىكەتچىدـ لەردەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئابدۇسالامغا قىزىقىش ـ ھەۋەس بىلەن قارىغىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قالىدۇ . ئابدۇسالام شەھەر بىلەن سەھرانى ئايرىپ تۇرغان ئېگىز كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ، بىپاـ

يان سەھرانىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان سەھرا يولىـ
نى بويلاپ بۇككىدە ئورمان بىلەن قاپلانغان ئۆستەڭ بويىغا كېلىـ
دۇ ـ دە ، چېنىقىشنى — يەنى دوستى ئابدۇراخماننىڭ ئاكىسى
ئۆگىتىپ قويغان چامباشچىلىقنى مەشىق قىلىشقا كىرىشىدۇ .
ئابدۇسالام «چامباشچىلىق ھەم ماھارەت يېتىلدۈرىدىغان ، ھەم
تەننى ساغلاملاشتۇرىدىغان بىر خىل تەنھەرىكەت تۈرى ، بۇنى
ئۆگەنگەندە ھەم يامان كىشىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۇنۇملۇك قوغـ
دانغىلى ، ھەم تەننى ساغلاملاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىـ
دۇ» دېگەن گەپنى قىلغان بەستلىك ۋە گەۋدىلىك كەلگەن ئابدۇـ
غېنى ئاكىنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپ «جېنىم ئاكا ، ماڭا
ئاشۇ چامباشچىلىق ھۈنىرىڭىزنى ئۆگىتىپ قويۇڭ ، سىزگە بىر
ئۆمۈر سادىق شاگىرت بولاي» دەپ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنىڭ
ماقۇللۇقىنى ئالغانىدى ، مانا ئۇ ئابدۇغېنىنىڭ بىر نەچچە ھەردـ
كەتنى ئۆگىتىپ قويۇشى بىلەنلا بىر كىچىدىلا چوپچوڭ ئادەم
بولۇپ قالغاندەك روھلىنىپ قالدى . شۇڭا ئۇ مۇشۇ بىر يىلدىن
بۇيان ھەر كۈنى سەھەردە تۇرۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىپ ، مۇشۇ
ئورمانلىقتا سەھەر قۇشلىرىنىڭ تاڭ پەيزىنى سۈرۈپ قىزغىن
سايراشلىرىغا مەپتۇن بولغان ھالدا مۇشۇنداق چېنىقىپ كېلىۋاتىدـ
دۇ . ئۇنىڭ مۇشۇنداق جاپالىق چېنىققانلىقىغا قاراپ دوستلىرى
باشقىچە بىر خىياللارنى — يەنى ئۇنى بىرەر مۇشتلاش سورۇنىغا
ئاپىرىپ بىرەر نوچى بىلەن مۇشتلاشقا سالماقچىمۇ بولۇشىدۇ ،
لېكىن ئۇ دوستلىرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى چىرايلىق رەت قىلىپ ،
ئۆزىنىڭ بۇ ماھارەتلەرنى بىرەر نوچى بىلەن مۇشتلىشىش ئۈچۈن
ئەمەس ، بەلكى تەننى ساغلاملاشتۇرۇش ، ھەرىكەتتە چىددىي ، تېز
بولۇش ئۈچۈن ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى شىپى كەلتۈرۈپ تۇرۇۋالىدۇ .
شۇڭا ئۇ ئۇنداق قالايمىقان ئىش قىلىشقا زادى رازى ئەمەس ،
شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن تاڭ سەھەرنى
باغاشلاپ بولۇپ مۇزدەك ئۆستەڭ سۈيىدە يۈزىنى يۇيغىنىدا ئۆز

تېنىدە بىر خىل قاراملىق ئەمەس ، بەلكى غايىبانە جەسۇرلۇقنىڭ يارقىن سىيماسى جۇلالىنىدۇ . ئۇ راھەتلەنگەن ھالدا ئۆز مەھەللىسىگە قايتىپ كەلگىنىدە كوچىلار پاكىز سۇپۇرۇلۇپ ، كۆپكۆك سۇ چېچىلغان ھالەتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ . ئۆيگە كىرگىنىدە بولسا ئانىسى تىللاخان چاي تەييارلاپ بولغان ، دادىسى ئابدۇساھىب گېزىت كۆرۈپ ئوغلىنى ساقلاۋاتقان بولىدۇ .

— قايتىپ كەلدىڭمۇ ، بالام ، — دەيدۇ تىللاخان ئۇنىڭ كىيىملىرىدە توپا بولمىسىمۇ لۆڭگە بىلەن قېقىشتۇرۇپ ، چاپىنىنى سالغۇزۇۋېتىپ ، — ئىتتىكرەك چېيىڭنى ئىچىپ مەكتىپىڭگە ماڭ ، بالام ، كېچىكىپ قالما يەنە .

— خاتىرجەم بول ، ئاپا ، ھەرگىز كېچىكىپ قالمايمەن ، — ئابدۇسالام پىسىڭگىدە كۈلۈپ ئانىسىغا ئەركىلەيدۇ ، ئاتا تىرىشچان ئوغلىنىڭ بۇ ئەركىلىشىدىن ئالەمچە ھۇزۇر ھېس قىلىپ ئوغلىنىڭ يىرىك چاچلىرىنى مېھىر بىلەن سىلاپ قويۇپ ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان ئوغۇللىرىنىڭ يېنىغا ماڭىدۇ . ئاتا ـ بالا كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ ئەتىگەنلىك تاماققا تۇتۇش قىلىدۇ . تەبىئىيكى ، ئابدۇسالام سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ ئالغا سىلجىشىدىن مەكتەپكە بېرىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ قالغىنىنى ھېس قىلىپ تاماقنى تېزلىك بىلەن يېيىشكە كىرىشىدۇ . تەلەپچان ئاتا ئوغلىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىشى ھامانلا بۇرۇنقى ئەركىلىكلىرىنىڭ بىراقلا يوقالغانلىقىدىن ، بۇرۇنقىدەك ماشىنا يېنىغا كېلىۋېلىپ خەقىشلىك قىلىشلاردىن بىراقلا قېپقالغانلىقىدىن سۆيۈنىدۇ .

مەكتەپ ئابدۇسالامغا ئاجايىپ يېڭى بىر دۇنيا تەرىقىسىدە تەسىر قىلغان جايلارنىڭ بىرى . ئۇ تىلى چىققان ۋاقتتىن باشلاپلا دادىسى ياكى ئاپىسى ناھايىتى چىرايلىق رەسىملەر سىزىلغان كىتابلاردىن ئوقۇپ بەرگەن چۆچەكلەر ئۇنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدىدا ناھايىتى سېھىرلىك بىر دۇنيانى ۋە ئۇنىڭدىكى مۆجد-

ـزاتلارنى بايان قىلىپ بەرگەنىدى . ئۇ ئاشۇ سىرلىق دۇنيانى بايان قىلىدىغان بۇ كىتابلارغا ھەمدە شۇ كىتابلارنى ناھايىتى قىزىقار-لىق قىلىپ ئوقۇپ بېرەلەيدىغان دادا ، ئاپىسىغا ھەۋەس قىلاتتى .
— مەن ئاشۇ چۆچەكلەرنى قاچان ئۆزۈم ئوقۇيالايدىغان بولىـ-مەن ، دادا ؟
— چوڭ بولۇپ مەكتەپكە كىرگەندە ئاندىن ئوقۇيالايدىغان بولىسەن ، بالام .
— ئۇنداق بولسا مەن قاچان چوڭ بولىمەن ؟
— يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن چوڭ بولىسەن ، مەكتەپ يېشىغا يېتىسەن .
— ئۈچ يىل دېگەن قانچە كۈن ؟ !
— مىڭ كۈندىن ئوشۇق .
— مىڭ دېگەن قانچە كۈن ؟ !
— بۇنداق سوئال سورىساڭ بولمايدۇ ، بالام ، — دېدى ئابدۇساھىب كۈلۈپ تۇرۇپ ، — مىڭ دېگەن مىڭ ، سەن ئۇنىغىچە سانايسەنغۇ ، ئەنە شۇنداق ئوندىن يۈزى بولسا مىڭ كۈن بولىدۇ .
— ئۇ بەك جىق سانكەن ھە !
— شۇنداق ، ئۇ بەك جىق سان ، لېكىن سەن ئاشۇ جىق سان بار كۈنلەرنى مەن ۋە ئاپاڭنىڭ ئوقۇپ بەرگەن كىتابلىرىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتكۈزىسەن ، كېيىن مەكتەپكە بارساڭ ، ئاندىن سەن ئوقۇيسەن ، بىز ئاڭلايمىز .
ئابدۇسالام مەكتەپ يېشىغا يەتكۈچە ئۆزىنىڭ بۇدرۇقىنە بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناق ساناپ مىڭغىچە سانىيالايدىغان بول-ـدى . شۇڭا ، ئۇ تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مەكتەپ ھاياتىنى چۈشلىرىدە باغاشلاپ ناھايىتى تاتلىق سېزىملار بىلەن مەكتەپ يېشىغا يەتتى . ئۇ تا ھازىرغىچە دادىسى ئۇنى مەكتەپكە ئەكەلگەن ئاشۇ چاغدىكى ھاياجانلىق مىنۇتلارنى پەقەت ئەستىن چىقىرالماي-ـدۇ .

ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق، سىنتەبىرنىڭ كۆڭۈللەرگە ئارام، دىللارغا ھۇزۇر بەخش ئەتكۈچى سەلكىن شامىلى سەھەر ئاسمىنىنى مېھىرلىك يەلپۈپ تۇرغان بىر خۇشناۋا سەھەر ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتىلا دادىسى بازاردىن ئېلىپ بەرگەن لاتا سومكىغا قەلەم قۇتىسى، بىر نەچچە قېرىنداش، ئۆچۈرگۈچ، سىزغۇچلارنى سېلىپ قويۇپ ئۇنى ياستۇقىنىڭ يېنىغا قويۇپ ئۇخلىغانىدى. سەھەردە خورازلارنىڭ يېقىملىق چىللاشلىرى ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ دېرىزىگە قارىدى. يورۇقلۇقتىن ئەسەرمۇ بولمىغاچقا سومكىسىنى سىلاپ قويۇپ يەنە ئۆرۈلۈپ ئۇخلىماقچى بولدىيۇ، لېكىن پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ خىيالىدىكى مەكتەپ ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى. مەھەللىدە ئويناپ يۈرگىنىدە ئۇچرايدىغان ئىبادەت توختى مۇئەللىم ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلاۋاتقاندەك بىر خىل سېزىم ئۇنى ئۇخلاتمايۋاتاتتى.

«تېزرەك چوڭ بول، ئابدۇسالام، — دەيتتى ئۇ مۇئەللىم رەسىملىك كىتابنى ۋاراقلاپ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغان ئابدۇسالامنىڭ بېشىنى خۇددى ئۆز ئانىسىدەك مېھرىلىك سىلاپ تۇرۇپ،— مەن سېنى ئۆزۈمنىڭ سىنىپىغا ئېلىپ ئوقۇتىمەن. باشلانغۇچنى تۈگەتكۈچە داداڭدەك نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان، تەسىرات ماقالىسى يازالايدىغان ئادەم قىلىۋېتىمەن.»

— دادا، مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقىت بولمىدىمۇ؟!— ئۇيان - بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئۇيقۇسى قاچقان ئابدۇسالام ئاخىر چىداپ تۇرالماي دادىسىنى تارتقۇشلىدى.

— تېخى تاڭ ئاتماپتۇ بالام، ئۇخلا، مەن سېنى ئۆزۈم ئويغىتىمەن جۇمۇ، — دادىسى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ يوتقىنىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ يەنە بىر يانغا ئۆرۈلۈپ ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن ئابدۇسالامنىڭ كۆزى تاڭ يورۇسا يورۇق چۈشىدىغان ئاشۇ دېرىزىگە تىكىلگەن بولۇپ، كۆزلىرىگە ھېچ ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئابدۇسالام ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى . چۈنكى ئاخشام ئابدۇراخمان ، ئەخمەتجان ، ئىبراھىمجان تۆتى سۆپسۇزۇك ئىبقە-ۋاتقان ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشى توغرۇلۇق پاراڭلاشقان ھەمدە بىر سىنىپتا ئوقۇپ قىلى-شى ئۈچۈن ئىبادەت توختى مۇئەللىمگە گەپ قىلماقچىمۇ بولۇشقا-نىدى . لېكىن ، ئابدۇسالام ئابدۇراخماننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بولۇپ باللارغا تەكشى قاراپمۇ ئەخمەتجان بىلەن ئىبراھىمجاننى تاپالمىدى .

— ئەخمەتجانلار بىزنىڭ سىنىپتا ئەمەسمىكەن ؟

— ياق ، ئۇلار 1 - يىللىق B - سىنىپتىكەن . بۇ سىنىپقا كىرەلمەپتۇ . مەن بايا قاراپ باقتىم ، ئۇلار يېنىمىزدىكى سىنىپ-تىكەن .

— بىر سىنىپ بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە !— دېدى ئابدۇسالام تىلىنى چاكىلدىتىپ ،— بىر مەھەللىدە چوڭ بولدۇق ئەمەسمۇ ، ھە .

— مەكتەپتىن بىللە كېتىمىز ، تەنەپپۇستا يەنە بىللە ئويناي-مىز ، قورقمىغىنە ئاداش .

— ھەي ، بىر سىنىپتا بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولات-تى - ھە ؟ !

تراكتورنىڭ جىددىي تورمۇز قىلىپ توختىشى ئۇلارنى ئۇي-قۇدىن ، خىياللار قۇچىقىدىن سۇزۇۋالدى . ئۇلار ئورنىدىن تۇ-رۇپ ئەتراپقا قارىدى . ئەتراپ غىلاڭ ساي ، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان يېشىللىق ئارىسىدىكى كۆجۈم مەھەللە سېرىق توپا دېھقان-چىلىق مەيدانى ، ئابدۇسالام ئۇ يەرگە كۆپ بارغان . تۇغقانلىرى-نىڭ قوغۇنلۇقلىرىدا پاشىغا يەم بولۇشلاردىنمۇ قورقماي ئىسرىق سېلىپ قويۇپ يوتقانغا چىڭ پۈركىنىپ يېتىپ ، تەبىئەتنىڭ سىر-لىق — يېقىملىق مۇزىكىسىغا قۇلاق سالغىنىچە دالا تۇرمۇشىدىن لەززەتلەنگەن جاي . ئەجەبا ، بۇ تراكتور شۇ يەرگە بولسىمۇ بارماي

بۇ قاق سايدا توختىغىنى نېمىسى ئەمدى .

— چۈشۈڭلار ، ھەي ئاقنانچىلار ، — دېدى پاكار ، دوغلاققىنە كەلگەن شوپۇر كابىنكىدىن پەسكە چۈشۈپ ، — پۇت ـ قولۇڭلارنى ھەرىكەتلەندۈرگەچ ئاۋۇ جىلغىدىن سۇ ئەكېلىڭلار .

— سۇنى نېمە قىلىمىز ، ئۇستام ؟ — دېدى ئابدۇسالام كوزۇپتىن سەكرەپ چۈشۈپ .

— ماتور بەك قىزىپ كەتتى ، ئەمدى ماڭغىلى بولمايدۇ . ماۋۇ قارغىش تەگكۈر كۈننىڭ قىزىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرمەيۋاتامسىلەر ؟ بۇنداق كۈندە تراكتور ھەيدىگەن ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي ، — ئۇ قولىدىكى قارىداپ كەتكەن لۆڭگە بىلەن پاتىڭىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ كابىنكىدىن تۆت بۇرجەكلىك چېلەكنى ئالدى ، — ئەنە ، ئاۋۇ جىلغىنىڭ يان تەرىپىدە بىر تاش ئۆستەڭ بار . شۇ يەردىن سۇ ئەكېلىڭلار .

ئۇ چېلەكنى ئابدۇسالامغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ تراكتورنىڭ ئالدى چاقىغا چىقىپ تۇرۇپ ماتور ياپقۇچىنى ئېچىشىغا ، تراكتور ماتورىنىڭ تۇمشۇق تەرىپىدىكى بىر جۈمەكتىن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇچ ھور تىككىدە كۆتۈرۈلۈپ يېلىنجاپ تۇرغان تەبىئەت قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى .

— ئابايا بىر ئۆستەڭنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە نېمىشقا تراكتورنى توختىتىپ سۇ قۇيۇۋالمىدىلا ، ئۇستام ؟ — دېدى ئابدۇراخمان بۇ قارىمۇتۇق شوپۇرغا تەئەددى ئارىلاشقان سۆزلىرى بىلەن جىملەپ تۇرۇپ ، — مەن شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئاشۇ ئۆستەڭ سۈيىنى كۆرۈپ ھەي ، مۇشۇ يەردە توختاتقان بولسا سۇغا چۆمۈلۈۋالغان بولساق قانداق ياخشى بولاتتى ، دەپ قالغانتىم .

— سېنىڭ سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىغۇڭ كەپتىكەندە ھە ، ھەي ئاقنانچى ، بۇ گەپچىزە ، سەن بۈگۈن ساياھەتكە چىقىپسەن ـ دە . ئۇقۇپ قوي ، سەن بىزنىڭ تاش شەھەرگە ئوينىغىلى ئەمەس ئىشلىگىلى كېتىۋاتىسەن جۇمۇ . مۇشۇنداق لامزەللىلىك قىلىپ

تۇرساڭ تاشبالىقتا قاچان يېتىپ بارىمىز . ماڭە ، جىق گەپ قىلماي سۇ ئەكەل . بىر ـ ئىككى چېلەك سۇ بىلەن سوۋۇتقىلى بولمايدۇ ماۋۇ ماتورنى .

ئۇلار — تۆت دوست ئاندا ـ مۇندا ئۆسۈپ قالغان يانتاق ، قامغاق ، لوقاقلار ئارىسىدا ئاچچىقلىرىغا هاي بېرىشىپ ، جىلغىغا قاراپ مېڭىپ كېتىشتى . هېلىقى شوپۇر بولسا تراكتورنىڭ ئاشۇ يوغان چاقى چۈشۈرگەن سايىسىغا خۇددى مايغا چىلاپ ئالغاندەك قارىداپ كەتكەن چاپىنىنى سېلىپ يانپاشلاپ ياتتى .

— ماۋۇ قاسماق چاپان شوپۇرنىڭ قەستەن بىزنى قىيناۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ ؟ ! — دېدى ئابدۇراخمان پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تۆكۈلۈۋاتقان تەرلىرىنى مايكىسىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتكەچ ، — بايا كۆرگەن ئۆستەڭ شۇنداق ياخشىكەنتۇق . شۇ يەردە توختاتسا ماتورنىمۇ سوۋۇتۇپ ، ئۆزىمىزمۇ سۆگەت سايىسىدە يانپاشلاپ يېتىپ ، پۇتىمىزنى سۇغا چىلاپ تازا بىر راهەتلەنگەن بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ هە !

— ئەمدى بىزگە ئۇنداق راهەتلىنىشلەر يوق ئوخشايدۇ ئاداش ، — دېدى ئىبراهىمجان ئاق خەسە كۆڭلىكىنى سېلىپ مۈرىسىگە ئارتىپ ، — تاشبالىق دېگىنىنى غىلاڭ سايلىقتىكى بىر كىچىك مەهەللە دېيىشىدۇ . يوغانلىرى ئۆيدەك ، كىچىكلىرى كالىدەك تاشلار بىلەن ئورالغان بىر يېزىمىش ئۇ . شۇڭا تاشبالىق دەيدىكەن ئۇ يەرنى .

— ئىشقىلىپ بىز ئۇ يەرگە ئوينىغىلى ئەمەس ، ئىشلىگىلى كېتىۋاتىمىز ، — دېدى ئابدۇسالام چېلەكنى ئوڭ قولىدىن سول قولىغا يۆتكەپ ، — ماۋۇ قاسماق چاپان شوپۇر تراكتورنى قەستەن مۇشۇ يەرگە توختىتىپ دەسلەپكى چېنىقتۇرۇش ئىشىنى سۇ توشۇشتىن باشلىۋەتتى . قاراڭلار ، تۈپتۈز يولكەن ، تراكتورنى ئۆستەڭ بويىغا هەيدەپ كەلسىمۇ بولىدىغان ئىشكەنتۇق . بىزنى قىيناش ئۈچۈن قەستەن ئاشۇ يەردە توختىتىپ سۇ توشىغىلى سېلىۋاتىدۇ . شۇنچە يىراق يەردىن نەچچە چېلەك سۇ ئەكېلىدىغان ئىش بولدى ئەمدى .

ئۇلار ئاخىر ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كېلىشتى. شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بۇ تاش ئۆستەڭدىن سۇپسۇزۇك تاغ سۈيى شارقىراپ ئېقىۋاتاتتى. مۇشتۇمدەك تاشلارنى بىر - بىرلەپ تىزىپ سېمونت بىلەن قاتۇرغان بۇ ئۆستەڭنىڭ ئاخىرلىشىدىغان بۆلەكلىرىدە چۆرىسىگە تال سۆگەتلەر ئۆستۈرۈلگەن سالا ئېتىزلار بار بولسا كېرەك، لېكىن بۇ جاي مۇشۇ كۆز يەتكۈسىز غىلاڭ سايىنى كېسىپ ئۆتكەن مۇشۇ بىر ئۆستەڭ سۈنىڭ شاراپىتىدىن بەھرە ئالالمىغاندەك قاغجىراپ ياتاتتى.

— ئۆستەڭ كەڭرەك بولغان بولسا سۇغا چۆمۈلگىلى بولاتتىكەن، — دېدى ئابدۇراخمان شارقىراپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىگە قاراپ ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا، — مۇنداق تېز ئاققان سۇ ئادەمنى ئېقىتىپ كەتكۈدەك.

— تاغ سۈيىگە چۆمۈلگىلى بولاتتىمۇ ھەي ئەخمەق، — دېدى ئەخمەتجان سۇ ئالىدىغان ئەپلىكرەك بىر جاي ئىزدىگەچ ئابدۇراخماننىڭ خۇرسىنىشلىرىغا تەنبىھ بېرىپ، — بۇ دېگەن ئاشۇ تاغدىكى قار - مۇزلاردىن ئېرىپ چۈشۈۋاتقان سوغۇق سۇ تۇرسا.

ئۇلار ناھايىتى تەستە بىر چېلەك سۇ ئالدى. لېكىن چېلەكنى تولدۇرۇپ ئېلىشنىڭ پەقەتلا ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. بىرەر تۇغان بار بولسا چېلەككە تولدۇرۇپ سۇ ئېلىش مۇمكىن ئىدى. لېكىن، تېز ئېقىۋاتقان سۇدىن چېلەك تولدۇرىمەن دېسە چېلەك بىلەن تەڭلا سۇغا دومىلايدىغان گەپكەن.

— بىرىمىز سۇ توشۇساق، قالغىنىمىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاچ تۇرايلى، — دېدى ئابدۇسالام ئاغىنىلىرىگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، — بىر چېلەك سۇغا ھەممىمىز مېڭىپ يۇرمەي ئۆچىرەت بىلەن توشۇيلى.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئۇلار بىردەكلا.

ئابدۇسالام يېرىم چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ تراكتورنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە شوپۇر چاقنىڭ سايىسىدە خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇستام ، سۇنى نەگە قۇيىمەن ؟ — دېدى ئابدۇسالام شوپۇرنىڭ بىلىكىدىن بوش سىلكىپ .

— نېمە ؟ ! — دېدى ئۇ كۆزىنى قىيا ئېچىپ .

— سۇنى ئەكەلگەنتىم ، ئۇنى نەگە قۇيىمەن ؟

— ئاۋۇ ئالدى چاقنى دەسسەپ چىقىپ هور چىقىپ تۇرغان جۇمەككە قۇيىماسەن ئاقىنانچى ، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ ، تازا بىر ... ، — ئۇ غۇدۇراپ تۇرۇپ يانغا ئۆرۈلدى - دە ، ئۇيقۇسىنى قايتا باشلىدى .

ئابدۇسالام ئىنجىقلاپ تۇرۇپ تراكتورنىڭ ئالدى چاقىغا چىقتى - دە ، سۇنى هور چىقىپ تۇرغان جۇمەككە قۇيۇشقا باشلىدى . ئۇ مۇنداق ئىش قىلىپ باقمىغاچقىمۇ ئاران ئەكەلگەن سۇنىڭ يېرىمى سىرتقا ، يېرىمى جۇمەككە قۇيۇلدى . بۇ ئىشتىن ئابدۇسالامنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى . چۈنكى شۇنچە يىراق يەردىن ئەكەلگەن سۇنىڭ يېرىمى زايە بولۇپ يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى .

ئۇلار بىرەر سائەت ئەتراپىدا سۇ توشۇپمۇ هېلىقى هور چىقىپ تۇرغان جۇمەكنى تولدۇرالمىدى . چۈنكى ئۇلار قۇيغان سۇ ئۇستىدىكى جۇمەكتىن قۇيۇلسا تېگىدىكى جۇمەكتىن يەرگە ساقىپ چۈشۈۋاتاتتى .

— ئۇستام ، هەي ئۇستام ، — خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلاۋاتقان شوپۇرنى دوقۇپ ئويغاتتى ئابدۇراخمان جىلە بولۇپ ،— ماۋۇ ماتورىڭىز نېمانداق تويمايدىغاندۇ دېسەك ، تېشىلىپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ . قارىڭە ، تېگىدىن سۇ ئېقىۋاتىدۇ . ئۇن چېلەك سۇ قۇيۇپ بولدۇق . توشاي دېمەيۋاتىدۇ ، قاراپ بېقىڭە .

— نېمانداق تولا گەپ قىلىسىلەر دەيمەن ،— دېدى ئۇ جىلە بولغان هالدا ئۇ يانغا ئۆرۈلۈپ ،— ماتور سوۋۇمىسا بولمايدۇ . سوۋۇغاندا توشىدۇ ئۇ .

— بىز ئۇستىدىن قۇيساق تېگىدىن ئېقىۋاتىدۇ دەۋاتىمەن

سىزگە ،— دېدى ئابدۇراخمان يەنە ئۇنى نوقۇپ ،— يا بىزنى كىچىك بالا كۆرۈپ ئەخمەق قىلىپ ئويناۋاتامسىز ؟ !

— تېگىدىن ئاقمىسا قانداق سوۋۇيدۇ ئۇ ماتور ،— دېدى ئۇ لىككىدە ئۆرە بولۇپ ،— ئەجەب گېپىڭ تولا يېتىم ئاقساقال-كەنسەن جۇمۇ ، مۇشۇنداقلا مىجەزىڭ بىلەن تاشبالىققا بارىدىغان بولساڭ ئىككى كۈندىلا سېسىيسەن . چارۋىچى دېگەن ئىچ مىجەز كېلىدۇ . گەپنى ئاز ، ئىشنى ساز قىلىدۇ . مۇشۇنداقلا كوتۇلدى-غىلى تۇرساڭ بىراقلا تاغقا ھەيدەيدۇ سېنى . ئىككى - ئۈچ يۈز مالنىڭ كەينىدىن كەچكىچە سوكۇلدايسەن ، شۇنىڭ بىلەن ئىشىڭ تامام ۋەسسالام ، ئەتىدىن كەچكىچە گەپ قىلىدىغان ئادەم تاپالماي بېقىۋاتقان قوي - ئۆچكىلىرىڭگە ، كەينىڭدىن سوكۇلداپ يۈرگەن ئىتىڭغا گەپ قىلىپ ئولتۇرىسەن شۇ .

شوپۇر كوتۇلدىغىنىچە ئورنىدىن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ كابىنىكى-گە چىقتى . ماتورنىڭ بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان سائەتكە قاراپ قويۇپ پەسكە چۈشتى - دە ، ھېلىقى سۇ ئېقىۋاتقان جومەكنى ئامبۇر بىلەن قىسىپ تولغاپ سۇنى توختاتتى .

— ماتور سوۋۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ ، ئەمدى ئىككى چېلەك سۇ ئەكېلىپ قۇيساڭلار ماڭىمىز ، تېز بولۇڭلار .

ئۇلار غۇدۇراپ يۈرۈپ يەنە ئىككى چېلەك سۇ ئەكېلىپ قۇيدى - دە ، مېڭىپ كېتىشتى .

بۇ تراكتور بىر نەچچە چېلەك سۇ «ئىچكەن» دىن كېيىن روھلىنىپ ، ئاۋازىمۇ سازلىشىپ ، مېڭىشىمۇ سەل ئىتتىكلەپ قالغاندەك تۇراتتى . ئەمدى كوزۇپ ئىچىدە ئولتۇرغانلار بىر ئاز تېتىكلىشىپ قالغان بولغاچقا تۆتىلىسى كوزۇپنىڭ ئالدىغا كېلىپ بالداق تۆمۈرنى چىڭ تۇتقان ھالدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تاغ چوققىلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراشقا باشلىدى . چۈنكى ئۇلار-نىڭ كۆزىگە يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاقۋاش چوققىلار ئەمدى يېقىنلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى . تاغ باغرىدا چېكىتتەك

كۆرۈنۈپ تۇرغان يېشىللىق بارا ـ بارا يوغىناشقا باشلىغانىدى . باياتىن زېرىكىش ئىچىدە كۆرۈپ كېلىۋاتقان غىلاڭ ساي بىردىنلا كىچىكلەپ ، كەڭ كەتكەن يول ياقىسىدا قاراۋۇللاردەك چوقچىيىپ تۇرغان قورام تاشلار بارا ـ بارا كۆپىيىشكە باشلىغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بايىلا تېخى تونۇر تەپتىدەك ھارارەت چېچىپ تۇرغان قۇياش بىردىنلا ئۆز تەبىئىتىنى ئۆزگەرتكەندەك تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان سالقىن شامال ئۇلارنى دەسلەپ راھەتلەندۈرۈپ ، كېيىن قورۇغىلى تۇرغانىدى .

— پاھۇي ، تاغ ھاۋاسى نىمىدېگەن پەيزى ، ھە ،— دېدى ئەخمەتجان بالداق تۆمۈرنى چىڭ قاماللاپ تۇتقان ھالدا ئالدىغا قاراپ ، — قاراڭلار ، مەھەللىگە يېتىپ كەپتۇق . تاشبالىققا كەپتۇق ، — ئۇ ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇددى دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقان شائىرلاردەك توۋلاپ كەتتى ، — ئاھ ، تاشبالىق ، تاشبالىق ، شەھەرنىڭ ئەڭ ئەركە ، ئەڭ شوخ ئوغۇل بالىلىرى يېتىپ كەلدى . قۇچىقىڭنى كەڭ ئاچ ، بىزنى قىزغىن قارشى ئال . بىز سەندە چېنىققىلى ، سېنىڭ قۇچاقلىرىڭدا يايرىغىلى كەلدۇق…

قالغان ئۈچەيلەنمۇ ئەخمەتجان كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىغىنىچە كوزۇپنىڭ ئالدى تاختىيىغا چىڭ چاپلاشتى . ئۇلار ئەخمەتجاننىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرىغا تېلىقىپ كۈلگىنىچە ئۆزى چېنىقىدىغان ماكانغا قىزىقىش ئىچىدە قارىدى ، دەرھەقىقەت ئۇلارنىڭ ئالدىدا — ئۆيدەك يوغان قورام تاشلار ئارىسىدا بىر كۆجۈم مەھەللە مۆكۈنىپ ياتاتتى .

تاشبالىقنىڭ يوللىرى ،
يوغان ـ يوغان قورام تاش .
تاش ئۈستىدە ئۇخلايدۇ ،
بىكار تەلەپ يوغان باش .

ئابدۇسالام ئەخمەتجاننىڭ ۋارقىراشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن قاچىلانلاردىدۇر بىرىدىن ئاڭلىنۇالغان بۇ تاغ بېيىتىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلدى .

— پاھۇي ، قىيقاس ، قىيقاس دەڭلار ئاغىنىلەر قىيقاس ،— دېدى ئەخمەتجان ئابدۇسالامنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ قويۇپ ،— مانا شائىر دېگەن ، ياشاڭ ، ھە ، ياشاپ كېتىڭ ، مۇندىن كېيىنزە ئاشۇ تاش ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغانلارنى بىكار تەلەپ ، يوغان باش دېسەك بولىدىكەندە ئەمدى . كىم بىلىدۇ ، بىزلەرمۇ ئاشۇ تاش ئۈستىدە ئۇخلايدىغان بىكار تەلەپ يوغان باشلاردىن بولۇپ قالامـدۇق تېخى .

— ئەلگەكتەك تاسقىلىۋاتقان تراكتور كوزۇپىدا بەھۇزۇر ئۇخلىيالىغان ئادەم جىمجىت ياتقان تاش ئۈستىدە بەخىرامان ئۇخلايسەن ـ دە ئەمدى ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ،— ھېلى مەن ئوقۇغان بېيىتنى مۇشۇ تاغچىلار نەق مەيداندا توقۇغان قوشاقلار جۇمۇ ، ئاڭلىشىمچە ئۇلار پات ـ پات مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدىكەن ، ئاشۇ مەشرەپلەردە ئەنە شۇنداق بېيىت ئېيتىش شەكلى بىلەن بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىدىكەن . كىمكى بېيىت ئېيتىشتا يېڭىلىپ قالسا يېڭىۋالغان كىشىنىڭ تەلىپىنى ئورۇندايدىكەن .

— ۋاھ ، بۇ بەك قىزىق ئىشكەنغۇ ، — دېدى ئابدۇراخمان قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ، — بىزدىمۇ توي ـ تۆكۈنلەردە بېيىت ئېيتىدىغۇ ، ئۇنىڭدا بۇنداق بەسلىشىدىغان ئىشلار يوققۇ دەيمەن يا ئۇنداق زىل يەرلىرىنى بىز بىلمەي قالدۇقمىكىنە .

— بىزنىڭ توي ـ تۆكۈنلەردىكى بېيىت ئېيتىش تاغچىلارـنىڭ مەشرەپلىرىدىكى بېيىت ئېيتىشىشقا ئوخشاشمايدىكەن ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويغۇسى كېـلىپ ،— مەن سېرىق توپا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئېلى ئاكامـلارنىڭ ئۆيىگە چىققاندا ئۇلار تاغ مەشرىپىنى ماختاپ بەرگەنتى .

بۇنداق بېيىت ئېيتىشلاردا بېيىت ئېيتقۇچى چوقۇم ھازىر جاۋاب بولغاندىن سىرت يېڭى توقۇلغان بېيىتلەرنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلىنىدىكەن .

— ئۇنداق بولسا ئاشۇ تاغچىلارنىڭ ھەممىسىلا شائىركەن دېگىنە ، — دېدى ئابدۇراخمان پىسىڭگىدە كۈلۈپ .

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەقىقىي جەۋھەرلىرى مانا مۇشۇ تاغدا ، ئۇلارنى خەلق قوشاقچىلىرى ، مەدەنىيەت غەزىنىمىزدىكى گۆھەرلەر دېيىشكە ھەقلىقمىز .

— بولدى ، نەدىكى گەپنى تالاشمىساڭلارچۇ ئەمدى ، — دەپ ۋارقىرىدى ئىبراھىمجان ئۇلارغا قاراپ ، — گۆھەر بولامدۇ ، بولمامدۇ بىزگە نېمە پايدىسى ، ئالدىڭلارغا قاراڭلار ، مانا مەھەللىگە كىردۇق ، قاراڭلار ئاۋۇ بالىلارغا ، مەدەنىيەت غەزىنىمىزدىكى گۆھەرلەر تۇرۇپ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ ، يالىڭاچ يۈرىدىكەنغۇ بۇ ياۋايىلار .

ئابدۇسالام بىلەن ئەخمەتجان ئۆزلىرىنىڭ تاغچىلار ھەققىدىكى تەھلىللىرىنى توختىتىپ ئالدىغا قارىدى . ئىبراھىمجان دېگەندەك قورام تاشلار ئارىسىدىكى كىچىككىنە بوشلۇقتا يېرىم يالىڭاچ ئىككى بالا ئىككى ئېشەكنى ياۋىداق مىنگەن ھالدا تارسىلدىتىپ چاپتۇرۇپ يۈرەتتى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن بالىلار ھەدەپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ ۋارقىراشماقتا ئىدى . دەرھەقىقەت بۇ بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قولدا تىكىلگەن كالتا ئىشتان بىلەن بەدەنلىرىنى تۈزۈكمۇ ياپالمايدىغان خالتا كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ ، بەزىلىرى تېخى كۆڭلەكمۇ كىيمىگەن يېرىم يالىڭاچ بالىلار ئىدى .

— ئۇلار مۇسابىقىلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ ، — دېدى ئابدۇسالام ئېشەك چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان يېرىم يالىڭاچ بالىلارنىڭ قولىدىكى تاياق بىلەن ئېشەكنىڭ تېقىمىنى توختىماي ساۋاپ مېڭىشـ

لىرىغا مەسىلىكى كەلگەن ھالدا قاراپ ، — قاراشلار ، ئۇلار نىمە-دېگەن باتۇر ، قەيسەر ھە ، ئەمدىلا يەتتە - سەككىزگە كىرگەن باللاردەك قىلىدۇ ، لېكىن ئىشەك چاپتۇرۇشلىرى خۇددى چە-ۋەندازلاردەكلا قالتىس .

— سەھرا باللىرى دېگەن ئەنە شۇنداق قارام ، شوخ كېلىدۇ ئاداش ، بولۇپمۇ تاغچىلارنىڭ باللىرى تېخىمۇ شۇنداق ، چۈنكى ئۇلار كىچىكىدىنلا ئاشۇ ئات - ئىشەكلەر بىلەن ھەپىلىشىپ چوڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ .

توساتتىن ھېلىقى ئىككى ئىشەكلىك ئىككى چەۋەنداز تاتىل-دىغان تراكتور ئاۋازىنى ئاڭلىدى - دە ، ئىشەكلىرىنىڭ بېشىنى تراكتور تەرەپكە بۇراپ چېپىشىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ يۈرگەن باللارمۇ چۇرقىراشقىنىچە ئۇلارغا ئەگەشتى . ئۇلار ناھايىتى تېزلا تاتىلداپ كېتىۋاتقان تراكتورغا يېتىشىۋال-دى . شۇ تاپتا ئۇلار خۇددى مۇنۇ ماتورلۇق «ئات» بىلەن مۇسابى-قىگە چۈشكەندەك قولىدىكى تاياقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۈچەپ چېپىۋاتقان ئىشەكلەرگە ھەيۋە قىلىپ كېلىۋاتاتتى . بۇ ئىشەكلەر-گە توقۇم تۇرماق ، ھەتتا بېشىغا ئارغامچىمۇ سېلىنمىغان بولۇپ ، بۇ كىچىك باللارنىڭ قولىدىكى تاياقلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن خۇددى ئۈستىدە چوڭ ئادەم ئولتۇرغاندەك ناھايىتى رايىش-لىق بىلەن چېپىشىپ كېتىۋاتاتتى . ئابدۇسالام بۇ باللارنىڭ ئاشۇ قىياپىتىگە مەسىلىكى كەلگەن ھالدا قاراپ ئۇلارنىڭ غەم-سىز ، بىغۇبار تۇرقىغا ھەۋىسى كەلدى . ئۇلارنىڭ تراكتور كەي-نىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان توپا - تۇمانغىمۇ پەرۋا قىلماي ئىشەكلىرى-نى چاپتۇرۇپ مېڭىشلىرىدىن بىر خىل جەسۇرلۇق ، تاغ يىگىتلى-رىگە خاس قاراملىق چىقىپ تۇراتتى .

تراكتور بىر يوغان قورام تاشتىن ئەگىلىپ ئۆتۈپلا توختى-دى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا سوقما تاملىق بىر ئۆي قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بوۋايدەك مۆكچىيىپ تۇراتتى . بۇ ئۆينىڭ شەرق تەرىپىدە

خۇددى بىرى تاراشلاپ قويغاندەك سىلىق بىر قارا تاش «مەن سەندىن چىرايلىق جومۇ» دېگەندەك تۇيغۇ بېرىپ تۇراتتى . ئەسلىدە هويلا چۆرۈمەكچى بولۇپ كېيىن مادارى يەتمەي تاشلاپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان ، يەردىن ئازراق كۆتۈرۈلگەن قورۇنىڭ تاش تېمى ئۇ يەر ، بۇ يەرلەردە ئۇنۇپ قالغان چۇگا ـ چاتقاللار ئارىسىدا يوقاپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى .

— چۇشۇڭلارەي ، ئاقنانچىلار ، — دېدى هېلىقى شوپۇر كابىنكىدىن پەسكە سەكرەپ چۈشۈپ ،— مانا مۇشۇ سىلەرنىڭ ياتىقىڭلار ، كەم ـ كۇتە نەرسىلەر بولسا سۇلايمان دۇيجاڭغا دەپ ئالىسىلەر ، بۇندىن بەش يىل بۇرۇن رەهمەتلىك سەيدۇلكام ئولتۇرغان ئۆي ئىدى بۇ . رەهمەتلىك بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ئىدىغۇ . لېكىنىزە ، ئۇنىڭ يۇرىكىدە پاتمانلاپ ئىشق ئوتى بارتى ـ دە ، ئاشۇ قارا تاشنىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ غىجەك چېلىپ مۇقام ئېيتقىلى تۇرسا پۇتۇن مەهەللە تىترەپ كېتەتتىغۇ ، هە ، نېمىگە هاڭۋېقىپ تۇرىسىلەر دەيمەن ، ئىشىم بار ئادەم مېنىڭ ، يۈك ـ تاقلىرىڭلارنى ئېلىپ يەرگە چۇشۇڭلار ئەمدى .

ئۇلار تۆتبۇرجەك قىلىپ هەرىبىيچە تېڭىلغان يوتقان ـ كۆرپىسى بىلەن سومكىلىرىنى ئېلىپ پەسكە چۈشتى . هېلى ئىشەكلىرى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى بالا ئىشەكلىرى ئۇستىدە سىڭايان ئولتۇرۇپ بۇ يېڭى كەلگۇندىلەرنىڭ هالىتىنى تاماشا قىلماقتا ، ئۇلارنىڭ يېنىدا يۈزلىرى قاسماقلىشىپ كەتكەن باللار خۇددى ناهايىتى قىزىق بىر ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك ئۇلارنىڭ هەر بىر هەرىكىتىگە قىزىقسىنغان هالدا قاراپ تۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ چىرايىدىن قىزىقىشتىن كۆپرەك ئەجەبلىنىش تۇيغۇسى تەپچىرەپ تۇراتتى . توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن كىيىملىرىمۇ رەتسىز ، يەنە بەزىلىرى كالتە ئىشتان بىلەنلا كەلگەن بولۇپ ئۇلارنىڭ توپا باسقان چىرايلىرىدا بىر خىل قىزىللىق — تاغچىلارغا خاس قىزىقىش تەپچىرەپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ هەممىسىلا ئاياغ كىيمىگەن ،

قارىداپ چاك - چاك يېرىلغان تاپانلىرى خۇددى تۆگىنىڭ تاپىنىدەك قېتىپ كەتكەن بولۇپ، تاش - تىكەنلەرگە ئانچە پەرۋا قىلمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— سىلەر توخىمامسىلەر؟! — دېدى ئابدۇسالام بايا تاغ يولىغا كىرگەندىلا كىيىۋالغان چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ تۇرۇپ.

بالىلار بۇ سوئالدىن گويا غەيرىي بىر گەپنى ئاڭلاپ قالغاندەك ئەجەبلەنگەن هالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ پىخىلداپ كۈلۈشتى.

— نېمىگە كۈلىسىلەر؟! — دېدى ئابدۇسالام تېرىككەن هالدا.

— بۇ قانداق ئۆي بولدى ئەمدى، گۆردەك قاراڭغۇ، — ئەخمەتجاننىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى ئابدۇسالامنى بالىلاردىن ئايرىدى.

— نېمە بولدى، نېمىگە مۇنچە ۋارقىرايسەن؟! — دېدى ئابدۇسالام ئۆيدىن قايتىپ چىقىۋاتقان ئەخمەتجاننىڭ يېنىغا كېلىپ.

— قاراپ باققىنە، مۇشۇمۇ ئۆي بولدىمۇ ئەمدى يا بىر دېرىزىسىمۇ يوق، بۇ ئۆيدە ئادەم ئەمەس هايۋانمۇ تۇرالمىغۇدەك.

— تۈڭلۈكنى ئېچىۋەتسە ئۆيگە يورۇق چۈشىدۇ، — دېدى بىر بالا ئۆگزىنى شەرەتلەپ.

— ئۆگزىگە چىقالامسەن، ئۇكام؟ — دېدى ئابدۇسالام هېلىقى بالىغا قاراپ.

— ئۆگزىگە چىقماق قانچىلىك ئىش، — دېدى ئۇ بالا بۇرنىدا سەل - پەل كۆرۈنۈپ قالغان پوتلىسىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېرتىپ قويۇپ، — ئۇ ئۆگزىگە مېنىڭ ماۋۇ ئۇكامۇ چىقالايدۇ تېخى، — دېدى ئۇ يېنىدا تۇرغان بەش ياشلار چامىسىدىكى دوغىلاققىنە كەلگەن بالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولسا ئۆگزىگە چىقىپ ئاشۇ تۈڭلۈكنى بىر ئېچىۋەتكىنە ئۇكام، ماۋۇ گۆرگە بىر يورۇق چۈشۈپ باقسۇن، ئادەم ئولتۇرغىلى بولامدۇ، يوق كۆرۈپ باقايلى،— دېدى ئەخمەتجان ھېلىقى بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئۇ بالا ئۆينىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئېغىلنىڭ تاختايلىرى ئاجراپ كەتكەن سەپلىمە ئىشىكىنىڭ ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسالغان يان ياغىچىغا يامىشىپ، ئۆي تېمىدىن يېرىم مېتىر پەس قوپۇرۇلغان ئېغىل تېمىغا چىقتى ـ دە، مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن ئۆگزىنىڭ تام سىرتىغا چىقىپ تۇرغان بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى بادرىسىغا ئېسىلىپ ئۆگزىگە چىقتى. ئۇ بىر ھازا ھەپىلىشىپ تۆت تەرىپى تاش بىلەن باستۇرۇپ قويۇلغان چىغ توقۇلما تۈڭلۈك ياپقۇچنى ئاچتى.

شۇ ھامان تۈڭلۈكتىن پۇرقىراپ چۈشكەن توپا ئۆي ئىچىنى ئاچچىق چاڭغا توشقۇزۇۋەتتى. ئۇلار ئىشىك يېنىدا بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، تۈڭلۈكتىن چۈشكەن يورۇقلۇقتىن ئۆي ئىچىنى ئاران ئىلغا قىلدى.

بۇ ئۆي ئىچكىرى، تاشقىرى ئىككى ئېغىز بولۇپ تېشىدىكىسىگە تېگىدىن ئىسسىيدىغان كاڭ قوپۇرۇلغانىكەن، سامان سۇۋاقلىرى ئاجراپ كەتكەن بۇ كاڭ ئۆينىڭ ئۇچتىن بىرىنى ئىگىلىگەنىدى. بۇ ئۆينىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئۆي بىر قازناق بولۇپ، تامغا ھەر خىل چوڭلۇقتىكى ياغاچ قوزۇقلار قېقىلغان، ئۇنىڭمۇ تۈڭلۈكى بار ئىدى. ھەر ئىككى ئۆيگە دېرىزە قويۇلمىغان بولغاچقا بۇ ئۆي ئادەمگە ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر جەسەت ساندۇقىنى ئەسلىتەتتى. تاشقىرىقى ئۆينىڭ جەنۇب تەرىپىدە كاڭغا چاپلانغان ئوچاق ئالدى يىگىرمە سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئويۇلغانىدى. قانداق رەڭدىكى تۇۋاق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر تۇۋاق قىيسىيىپ قالغان بولۇپ ساپسېرىق داتلاشقان قازاننىڭ بىر بۇرجىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى، تۇۋاق ئۇستىدە قۇرۇپ

قالغان بىر قازانيۇغۇچ بىلەن بىر بۇرجىكى ئۇچۇپ كەتكەن چۆ-
مۇچ تۇراتتى ، شۇ تاپتا بۇ قازاننىڭ ئىچى خۇددى پىلىكىدە
يىگىلەپ قالغان خەمەكتەك سارغىيىپ تۇراتتى . بۇ ئۆيدە بىسات
دېيىشكە توغرا كەلسە مۇشۇ قازان ، كاڭغا سېلىنغان قومۇش
پالاس ، قېتىپ شور باغلاپ كەتكەن دەسمال ، تاملارغا ئاللىقانداق
زۆرۈرىيەت نۇقتىسىدىن قېقىلغان ھەر خىل ياغاچ قوزۇقلارنى
تىلغا ئېلىش مۇمكىن ئىدى ، بىر قوزۇقتا نېمىلىكىنى بىلگىلى
بولمايدىغان بىر باغلام چۆپ ئېسىپ قويۇلغانىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب ئېھ، ئانىلار

«كەمبەغەلنىڭ تامىقى چىشقا دورا»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

— ئاكاۋۇي، — ئىبراھىمجان ھېلىقى شوپۇرنىڭ تراكتور- نى ھەيدەپ مېڭىشقا تەمشەلگىنىنى كۆرۈپ جىددىيلەشكەن ھالدا يۈگۈرۈپ تراكتورنىڭ يېنىغا باردى، — بىزنى مۇشۇنداق قوتانغا مال سولىغاندەك تاشلاپ قويۇپلا كېتەمسىزا، سىز كەتسىڭىز بىزگە كىم ئىگە بولىدۇ ئەمدى؟!

— مەن دېگەن بىر ھارۋىكەش، مېنىڭ ۋەزىپەم سىلەرنى شەھەردىن مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇش، — دېدى ئۇ ماتور ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ تۇرۇپ، — قالغان ئىشىڭلارغا ئەترەت باشلىقى بىلەن كاسسىر ئىگە. تولا يولۇمنى توسۇپ چىشىمغا تەگمەي ئۆيۈڭنى تازىلا ئاقىنانچى، ئەمدى مېنىڭ ئىشىم تامام- ۋەسسالام، بۈگۈن كەچ يا ئەتە ئەتىگەن سىلەرگە ئىگە بولىدىغان ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالىسىلەر، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ تراكتورنى بىرىنچى خوتقا چۈشۈردى.

— توختاڭ دەيمەن، ھەي ھارۋىكەش، — دېدى ئىبراھىم- جان خۇددى تراكتورنىڭ ئاشۇ يوغان چاقىنى تىرەپ تۇرۇۋالسا ئورنىدىن قوزغىلالمايدىغاندەك ئۇنىڭغا چىڭ تىرەجىگەن ھال- دا، — بىزنى ئەكەلگەن ئادەم ئىگە بولۇپ ئاشۇ ئەترەت باشلىقىغا ئۇچراشتۇرۇپ قويمايلا تىكىۋەتسىڭىز بىز بۇ يەردە قانداق قىلى- مىز دەيمەن، ماقۇل، سىزغۇ ئۆيىڭىزگە كېتىپ بەخىرامان ئۇخ- لايسىز. لېكىن بىزچۇ؟ ماۋۇ ئىشەك ئىغىلىڭىزدا بىر پارچە

ئەسكى پالاستىن باشقا بىر نەرسە بولمىسا مۇشۇنداقلا كېتەمسىز ، ئەتىگەننىڭياقى يول ماڭدۇق ، ئاغزىمىزغا بىر بۇردا نان ، بىر يۇتۇم سۇ كىرگىنى يوق ، بىز كەچتە نېمە يەيمىز ؟ !

— ئۆيۈڭلاردىن نان - پان ئالغاچ چىقمىدىڭلارمۇ ؟ !— دېدى ئۇ سەل جىددىيلىشىپ ،— ساياھەتكە چىققان ئادەممۇ يەيدىغاننى ئېلىپ ماڭىدىغۇ .

— ناننىغۇ ئاچىقتۇق ، لېكىن ئۇنى نەمدەپ ئىچىدىغان چاي نەدە ؟ !

— ۋاي - ۋۇي ئەتىگەندىن نېمە دەيدىكىن دېسەم شۇ گەپمىدى ، ماۋۇ ئەخمەقنىڭ دېگەن گېپىنى قارا ، — دېدى ئۇ ماتور ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ تۇرۇپ ، — چاي ئىچمىز دەۋاتقىنىنى قارا خىجىل بولماستىن ، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئوبدان ئاڭلىۋال ئاقنانچى ، بۇ سېنىڭ شەھەردىكى ھېلىقى كەلسەڭلا چېيىڭ تەييار تۇرىدىغان ئۆيۈڭ ئەمەس . سەھرايى قىيامەت دەپ ئاڭلىغان بولغىيتىڭ ، سەھرا دېگەندە شەھەردىكى ئاقنانچىلاردەك ئۇنداق نازلىنىپ ئولتۇرۇپ چاي دەملەپ ئىچىدىغان ئادەت يوق دېيەرلىك ، چاي بولسا چاي ئىچمىز ، بولمىسا داغ سۇمۇ چايغا ھېساب ، ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان سۆگەتلىك ئارىسىدا بىر ئۆستەڭ سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى شارقىراپ ئاقىدۇ ، ئاشۇ سۇ بىلەن بىرەر قېتىم نان يېسەڭ ئۆلۈپ قالامتىڭ ، تولا يولۇمنى توسۇماي ماۋۇ ھويلا - ئارامىلارنى تازىلاپ ئادەم ئولتۇرغۇدەك قىلىڭلار . ئۆتە ماياقىا ! — ماخمۇت ئىبراھىمجان تراكتور چاقى يېنىدىن سەل داجىشى ھامانلا تراكتورنى قوزغاتتى .

— ۋۇ ، بېشىڭنى قاغا چوقۇۋالغان قاسماق چاپان ، — ئىبراھىمجان تراكتور توزۇتقان چاڭ - توزانغا قاراپ لاسسىدە سولاشقان ھالدا كەينىگە ياندى . پەقەت مۇشۇنىلا كۈتۈپ تۇرغان شوپۇر ماخمۇت ماينى بولۇشىغا بېرىپ تاتىلدىغان ھالدا ئۆز ئۆيى تەرەپكە ماڭغان بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى شۇتاپ قاتتىق بۇزۇلۇۋاتاتـ

www.uyghurkitap.com

تى . چۈنكى ئۇ ئاشۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان باللار-
نىڭ مەيۇس چىرايىنى كۆرمەسكە سېلىپ ماڭغىنى بىلەن تاغ-
چىلارغا خاس مېھرىبانلىقى بىلەن مېھماندوست خاراكتېرى ئۇنى
قامچىلاشقا ئۈتكەنىدى .

«ھەي ماخمۇت ، ھەي ماخمۇت ،— دېدى ئۇ مەھەللە يولىغا
كىرگەندىن كېيىن مايىنى سەل ئازايتىپ تراكتور سۈرئىتىنى
ئاستىلىتىپ كېتىۋېتىپ ، — بۈگۈن ئۇ بىچارە باللارغا ئەجەب
قاتتىقلىق قىلدىڭا ، ئانىسىنىڭ سۈتى ئاغزىدىن تېخى تولۇق كەت-
مىگەن ئاشۇ باللارغا نېمانچە ئۆچلۈك قىلغانسەن ھە ، بۇ يەرگە
چېنىقىمەن دەپ كېلىش يا ئۇلارنىڭ مەيلىچە بولغان ئىش بولمى-
سا ، ئەگەر تاللاشنى شۇ باللارنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بەرسە ئىسسىق
ماكانىدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كېلەتتىمۇ ھە ، ھەي ، مېنى ئاشۇ
گۇناھسىز باللارغا ئاشۇنداق قاتتىقلىق قىلدۇرغىنى ئاشۇ ئەترەت
باشلىقى سۇلايمان پالكۆزنىڭ ئىشىغۇ بۇ ، ‹تاپقىنىمىز ئۆزىمىزگە
يەتمەيۋاتسا بىزنى تەتۈر قىيناپ شەھەردىن تۆت ئاقنانچىنى بىزگە
ئەۋەتكىنى نېمىسى ئەمدى ، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال › ، دې-
گىنى مۇشۇ ئەمەسمۇ ـ ھە ، قايتا تەربىيە ئالىمىش تېخى ،
بۇغداي بىلەن كۆدىنى ، قوناق بىلەن قىياقنى پەرقلەندۈرەل-
مەيدىغان ئۇ سويمىلارنى بىز نېمىمۇ قىلارمىز ئەمدى ؟ ! بې-
شىمىزغا پىت سېلىپ بىزگە ئىش تېرىپ بېرىشتىن باشقىنى
بىلمەتى بۇ كىسپۇرۇچلار › ، دەپ قاقشاپ كەتمىگەن بولسا مەنمۇ
ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمەيتىمغۇ ، ئەگەر مېنىڭ باللىرىم ئاشۇ
كۈننى كۆرسە كۆڭلۈم قانچىلىك يېرىم بولاتتى ـ ھە ! »

ئۇ خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىپ بولغۇچە ئاپىسىنىڭ
ھويلىسى ئالدىغا كېلىپ قالدى . بارلىق سەھرا ئۆيلىرىگە ئوخ-
شاش پاكار سوقما تاملىق ھويلا ئىشىكى قوش قاناتلىق بولۇپ ،
ئېشەك ھارۋا بىمالال كىرىپ ـ چىقىدىغان بۇ ھويلا خېلىلا
كەڭرى ئىدى . مانا مۇشۇ ھويلىدا ئۇلار سەككىز جان—

ئاتا ـ ئانا ، ئالته بالا بىرلىكته ياشىغان . مانا هايات كەچمىشلىرى بۇ سەككىز جاننى ئاستا ـ ئاستا پارچىلاپ چىقىرىدىغاننى چىقىرىپ ، ئۆيلەيدىغاننى ئۆيلەپ ئاخىر بوۋاي ـ موماي بۇ قورۇدا قالغىنىدا بولسا بۇ هويلا ئۇلارغا بىردىنلا ناهايىتى كەڭرىپ كەتكەندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇلتۇر رەهمەتلىك مىراۋۇل مەرگەن ئالەمدىن ئۆتكىنىدە ئالته بالىنىڭ ئانىسى — سىپىرىخان بۇ هويلىدا تىكەندەكلا يالغۇز قالدى . باللارنىڭ كەنجىسى ماخمۇت تېخى يېقىندىلا ئۆي ئايرىپ چىققان بولغاچ تەبىئىيلا ئانىسىنىڭ بىردىن بىر هامىيىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىشنى زىممىسىگە ئالغانىدى . ئۇنىڭسىزمۇ ئالته بالىدىن سىرىق توپا دېهقانچىلىق مەيدانىغا ئىچ كۆيئوغۇل بولۇپ كەتكەن چوڭ ئاكىسى سۇلتان مۇراتتىن باشقا هەممىسى قىز بولغاچقا ئۇلار ياتلىق بولۇپ هەريەر ، هەرقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى . شۇڭا ، ماخمۇت كۆڭلى نازۇك ئانىسىنى بۇ يوغان قورۇدا تىكەندەكلا يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئەكېتىشنىڭ گېپىنى قىلغىنىدا ، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ :

— جېنىم بالام ، ئىنساپىڭغا مىڭ مەرتىۋە ، تۈمەن مەرتىۋە رەهمەت ،— دېدى سىپىرىخان ئوغلىنىڭ بېشىنى مېهرىبانلىق بىلەن سىلاپ ، — مېنى هازىرچە مۇشۇ داداڭ تۇتقان ئۆيدە داداڭنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ياتقىلى قوي ، ئارا يىراق بولمىغاندىكىن هەر كۈنى كېلىپ يوقلاپ تۇرساڭلا بولىدىغۇ . مۇسىبەت بولغان ئۆينىڭ چىرىغى بىر يىلغىچە يورۇپ تۇرمىسا ، ئاز ـ تولا ماي پۇراپ تۇرمىسا بولمايدۇ ، بالام ، هۇددەس كۆڭلۈڭ ئۇنىمايدىغان بولسا داداڭنىڭ يىل نەزىرىنى بېرىپ بولغاندا بىر گەپ بولار ، بالام .

لېكىن ، سىپىرىخان ئانا مىراۋۇل مەرگەننىڭ يىل نەزىرى بېرىلىپ بولغاندىمۇ يەنىلا ئوغلىنىڭ ئۆيىگە بارغىلى ئۇنىماي تاش چىشلەپ تۇرۇۋالدى .

— جېنىم بالام ، داداڭ بىلەن ئىككىمىز ئەللىك يىل تۇتقان

ئۆي بۇ، — دېدى سېپىرىخان ئوغلى بىلەن كېلىنىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ يىغلامسىرىغان هالدا، — مۇنداق تەۋەررۈك ئۆينى شۇنداقلا تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ. مېنى يالغۇز تاشلاشقا كۆڭلۈڭ ئۇنىمىسا سىلەر كۆچۈپ كېلىڭلار. ئۇنىڭغىمۇ كۆنمەسەڭلار نەۋرىلەردىن بىرەرىنى ئەۋەتىڭلار، ئاخشاملىرى ماڭا هەمراھ بولسۇن. مەندىن سىلەرگە ۋەسىيەت! مېنىڭمۇ ئۆلۈكۈم مۇشۇ ئۆيدىن چىقسۇن، بولمىسا رەھمەتلىك داداڭنىڭ روھى تېنەپ قالىدۇ.

ماخمۇت ئۆي ئايرىپ چىققان چاغدا سالغان ئۆي جىلغىنىڭ يېنىدىكى ئۆستەڭ بويىدا بولغاچقا ئۆينى كەينىگە بىرەر مو كەلگۈدەك باغ قىلىپ، هەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى قويغاندىن باشقا هويلىسىغا ئۈزۈم قويۇپ خېلى ئوبدانلا ئىگىلىك تىكلىۋالغانىدى، شۇڭلاشقا ئۇ بۇ كەڭرى هويلىدىن، بولۇپمۇ ئۆز قولى بىلەن تۇجۇپىلەپ ئەل قاتارى ياساپ قويغان ئۆيدىن ئايرىلىپ ئاپىسى تۇرۇۋاتقان بۇ هويلىدا تۇرۇشقا تازا چىداپ كېتەلمەيتتى. ئۇنداق بولغاندا ئادەم ئولتۇرمىغان ئۆي قۇشقاچ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ ناهايىتى تېزلا كېرەكتىن چىقىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئەينەكتەك ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇ چوڭ ئوغلى ئون ئىككى ياشلىق باستىنى مومىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا ئەۋەتىپ قويۇپلا ئۆزى ئىشىنى قىلىپ يۈرىۋەردى، لېكىن هەر كۈنى بىر قېتىم ئانىسىنى يوقلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. مانا ئۇ ئەتىگەن بامدات نامىزىدىن كېيىنلا شەهەرگە ماڭىمەن، دەپ ئانىسى بىلەن خوشلاشقىلى بارغىنىدا، ئەمدىلا جاينامازدىن تۇرغان ئانا ئاق خەسىگە كۆك يىپ بىلەن جىيەك تۇتۇلغان باش ياغلىقىنى ئېڭىكىدىن چىڭ چىگىپ ئولتۇرۇپ باستىنىڭ سومكىسىنىڭ يىرتىلغان جايىنى تىكىۋاتاتتى.

— شەهەردىن تۆت زىيالىي بالا ئەچىقىپسىلەر بالام، زىيالىي دېگىنىڭ نېمە گەپ ئۆزى، ئوقۇغۇچى بالىلارما؟ ۋاي خۇدايىمەي،

ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىتىزدا ئىشلەمدىكىنا ، ۋاي بىچارە بالد-
لار ، كىچىككىنە تۇرۇپلا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ بۇ ياقا
يۇرتلاردا نېمە سورۇقچىلىق بۇ ئەمدى ، ئۇلارنى بۇ يەرگە ئاچد-
قىپ نېمە ئىش قىلار بولغىيتتىلار بالام ، — دېدى سېپىرىخان
ئانا قولىدىكى ئىشىنى قويۇپ ئوغلىغا جىددىي تىكىلگەن ھالدا .
— مەركەزدىن چىقارغان يېڭى سىياسەتكەن ، بۇ ، — دېدى
ماخمۇت ئورنىدىن تۇرۇپ مىڭىشقا تەمشەلگەن ھالدا ، — بۇندىن
كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرگەن شەھەر بالىلىرى يېزىغا چۈشۈپ كەت-
مەن چېپىشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ، ئاندىن يۇقىرى مەكتەپلەر-
گە ، زاۋۇت - كانلارغا بارىدىكەن ، ئىشقىلىپ دېھقان بولماقنىڭ
تەمىنى تېتىپ بېقىش ئۇچۇن شەھەر بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى
يېزىغا چۈشۈرىدىكەن ، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىتىزغا چىقىپ
كەتمەن چاپىدىكەن ، ئوتلاقلا بېرىپ چۆپ ئورۇيدىكەن ، يايلاققا
چىقىپ پادا باقىدىكەن . ئىشقىلىپ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قايتا
تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىدىكەن دەيدۇغۇ ئەيتاۋۇر .
— ئاشۇ شەھەرنىڭ ئەركە بالىلىرى بۇ سەھرانىڭ ئىشلىرىغا
چىدارمۇ ، بالام .
— چىدىمىسا ئامال يوقكەن ئاپا ، يېڭىدىن چىققان بۇ سىيا-
سەتتە بۇندىن كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرگەن ھەرقانداق بىر بالا
يېزىغا چۈشۈپ چېنىقمىسا ئۇلارنى ئىشقىمۇ ئالمايدىكەن ، ئالىي
مەكتەپكىمۇ ئالمايدىكەن دەيدىغۇ ، ھەتتا دېھقان - چارۋىچىلار
ياخشى ئىشلىدى ، دەپ سايلاپ بەرمىسە ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغد-
مۇ قايتالمايدىكەن دەيدۇ شۇ . ئاۋۇ يۇقىرى مەھەللىدىكى سادىق
قاۋاننىڭ كەنجى ئوغلى ئۆمەرنى بىلىسەنغۇ ، چوڭ ئوقۇيمەن دەپ
شەھەرگە كىرىپ كېتىۋىدى ، مانا يېزىدا چېنىقمىسا بولمايدۇ ،
دەپ ئۇنىمۇ قايتۇرۇۋېتىپتۇ ، بۇنى كۆرگەن سادىق قاۋان «مەن
دېمىدىممۇ ، دېمىدىممۇ ‹ئۇزۇم ياغىچى بادرا بولماس ، دېھقان
بالىسى كادىر بولماس › دېگەن گەپ بار ، شەھەرگە بېرىپ چوڭ

ئوقۇيمەن دەپ ئۆزۈڭنى قىينىما ، تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈۋالدىڭ ، مۇشۇنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش ، بولدى قىل ، دېسەم ئۇنىماي كەتكەن-تىڭ ، مېنىڭ دېگىنىم كەلدىمۇ مانا ، خوپ بولدىمۇ ئەمدى » دەپ يۈرگۈدەك .

— ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن دېھقان بالىسى ، ئېتىز - ئېرىقنىڭ ھەرقانداق ئىشى ئۇنى بىر نەرسە قىلالمايدۇ ، ئەمدى ماۋۇ بالىلار-چۇ ، ئۇچۇشنى بىلىپ قونۇشنى بىلمەيدىغان قۇش بالىلىرى دې-سەڭچۇ ئۇلارنى ، ئاشۇ بىچارە بالىلارنىڭ ھالىغا ۋاي . ھەسسىنە ، ئۇلارنى قىينىمايلا شەھەردە ئىش بەرسە بولمامدىغاندۇ شۇ بىچارى-لەرگە - ھە !

— ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئاپا ، ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشمىغۇ-لۇق ، سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ ئۆتكەن ياخشى . ئۇلارنىڭ ئىشىنى ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغاندىكىن يەنە شۇ ھۆكۈمەت ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ ئاپا ، ھەممە بالىغا كۆيۈنسەم بولاتتى ، دەپ ئۆزۈڭ-نى قىينىما . مەن ماڭاي ئەمىسە ، خۇدايىم بۇيرۇسا كەچكىچە قايتىپ كېلىمەن .

— ئەمىسە ، خۇدايىمغا ئامانەت بالام ، ئاشۇ پوت - پوتىڭنىڭ ئۇنىنى ئاڭلىسا ملا تېنىم سىرقىرايدۇ مېنىڭ ، ئالدىرىماي ماڭ ، شەھەر دېگەندە ئادەم جىق ، يول ئۇزۇن ، توۋا دەيمەن بالام ، بىر رەھمەتلىك داداڭ بىلەن ئىشەكلىك ئىككى كۈن ماڭىدىغان يولتى-غۇ ئۇ ، مانا سىلەر ھازىر بىر كۈندە بېرىپ كېلىۋاتىسىلەر ، شۇڭا سەن يولغا چىقساڭ تېنىم سىرقىرايدۇ ، تالاغا چىقىمەن ، ئۆيگە كىرىمەن ، قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەي قالىمەن ، خۇدايىم ئاشۇ كۆيۈمچان ئوغلۇم بىلەن مېنى ساق - سالامەت كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلغايسەن ، دەپ جايناماز دا بىر - ئىككى ئاش پىشىم ئولتۇرۇپ كېتىمەنغۇ ، ئاخىر .

ماخمۇت ھويلا ئالدىدا تراكتورىنى توختىتىپ بازاردىن ئاند-

سىغا ئېلىنغان بىر خىش چاي بىلەن ئىككى بولاق چاقماق قەنتنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرگىنىدە، سىپىرىخان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ سايىسىغا قويۇلغان كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خىمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى، كۈنچىقىش تەرەپ بۇلۇڭدىكى يازلىق ئوچاقنىڭ يېنىدىكى ئەمبەل ئۈستىدە پاكىز تازىلانغان يۇمران يازلىق كۆك يېسىۋىلەك دۆۋىلەنگەنىدى.

— مەن كەلدىم، ئاپا، — دېدى ئۇ ئادىتى بويىچە گېلىنى قىرىپ سۆزلەپ.

— تىنچ - ئامان قايتىپ كەلدىڭمۇ، جېنىم بالام، — دېدى سىپىرىخان ئانا لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ يانغا سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان لېچەكنى تۈزەشتۈرگەچ ئوغلىغا قاراپ، — ھە كېلە، مانا مەيەرگە كېلىپ بىردەم ئولتۇرۇۋال، جېنىم بالام، ھېرىپمۇ كەتكەنسەن - ھە، ئۇسسىغان بولساڭ قاپاقتا چاي بار، ئۆزۈڭ قۇيۇپ ئىچ، مانا قارا، قولۇم خىمىردا بولۇپ قالدى بالام، ھە راست، ھېلىقى باللارنى ئېلىپ چىقتىڭمۇ؟

— ئېلىپ چىقتىم، ئاپا، — دېدى ماخمۇت ئورۇك تۈۋىدىكى ئورەككە قويۇپ قويۇلغان، ساپسېرىق سارغىيىپ كەتكەن قاپاقتىكى مۇزدەك چاينى پىيالىگە قۇيۇۋېتىپ.

— ئۇلار نەدە قالدى ئەمسە؟!

— سۇلايمان ئۇلارنى سەيدۇللاكامنىڭ ھېلىقى ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي دېۋىدى، شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ كەلدىم.

— نەچچە يىلنىڭياقى ئادەم ئولتۇرمىغان ئۆي تۇرسا ئۇ، — دېدى سىپىرىخان خىمىر دىسلاشتىن توختاپ، — ئاشۇ بىچارە باللار ئۇنى قانداق تازىلاپ بولىدۇ ھە. سەھراغا چىقىپلا بۇ جاپانى كۆرسە نېمە بولۇپ كېتىدۇ ئۇ باللار، يا ئۇلار سەن بىزدەك سەھرادا چوڭ بولمىغان تۇرسا، قاتتىق - يۇمشاق ئىشلارنى قىلىشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ ئۇ بايقۇشلار. بىچارە باللارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ سورۇقچىلىق تارتقىنى يەتمىگەندەك

ئۇلارنى ئاچ قورساق ئاشۇ خارابىلىقتا تاشلاپ قويۇپ كەلدىڭمۇ؟ ئېنى باركەن دەۋاتامسەن خىجىل بولماي ، ماڭە ، بېرىپ ئۇلارنى ئەكەل ، بۈگۈن مۈشۈ ئۆيدە ياتسۇن . ئەتە ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئۆزۈم تازىلاپ بېرەي ، ئاندىن بارار ئۇ يەرگە .

— ئۇلار دېگەن مۈشۈنداق ئاچچىق - چۈچۈك ئىشلارنى تېتىپ باققىلى چىققان بالىلار تۇرسا ، ئاپا ،— دېدى ماخمۇت قولىدىكى پىيالىنى ئەمبەل ئۈستىگە قويۇۋېتىپ ،— بىز بۇنداق ئەتىۋارلاپ كەتسەك سۇلايمان خاپا بولۇپ قالارمىكىن ، سەنمۇزە ، يوق ئىشلارغا ئارىلىشىپ...

— نېمە دېدىڭ ؟ ! — سېپىرىخان ئانا ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى ،— مىراۋۇل مەرگەنىنىڭ ئوغلىدەك گەپ قىل جۇمۇ ، مەن ئاشۇنداق يوق ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان مومايمەن ، سۇلايمان پالكۆزدىن سەن قورققىنىڭ بىلەن مەن قورقمايمەن ، قېنى مۈشۈ ئىشىمغا خاپا بولغىنىنى مەن بىر كۆرەي . ئۇنىڭمۇ بالا - ۋاقىسى بار ئادەمغۇ ، قېنى ، بىرەر بالىسىنى مۈشۈنداق تونۇمايدىغان بىرەر يۇرتقا ، ئاشۇنداق ئەسكى ئۆيگە ئاپىرىپ قو- يۇپ باقسۇنچۇ ، يۈرىكى چىدامدىكىن ئۇ پالكۆزنىڭ . ماڭە ، گەپنى ئاۋۇتماي بېرىپ ئەكەل ئۇلارنى .

ماخمۇت ئانىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ . بالا دېسە مانا مۈشۈنداق جاننى تىكىدۇ . بىر ئۆمۈر بالا - نەۋرە دەپلا چاچلىرى ئاقاردى . ئۆز بالىلىرىغۇ مەيلى ، قوشنىلارنىڭ بىرەر بالىسى ئىشىك ئالدىدىن يىغلاپ ئۆتسىمۇ قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ تالاغا يۈگۈرەيدۇ . ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ ، كىيىملىرىنى قېقىش- تۇرۇپ نېمە بولغىنىنى سۈرۈشتۈرىدۇ . يانچۇقىدىن بىرەر تال كەمپۈت ئېلىپ تۇتقۇزۇپ ئاشۇ بالىنى خۇشال قىلىدۇ ، ئۇ تېخى قۇربى يەتسە ئۆز ئۆيىدە يېتىم بالىلار ئۆيى قۇرۇپ ھېچنېمىسى يوق قارا يېتىملارنى ئۆزىنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىپ باققۇسى كېلىدۇ . لېكىن ، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق بولغاچقا ، بۇنداق

قىلىشقا ئامالسىز ، ئەمما ئۇنىڭدا ئاشۇ يېتىملارنىڭ كۆزىدىكى ئىسسىق ياشنى سۈرتۈۋەتكىدەك كۈچ ، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئۆزىگە رام قىلغۇدەك پاساھەتلىك تىل بار . شۇڭلاشقىمىكىن سىپىرىخاندىنىڭ بۇ يۇرتتىكى ئىناۋىتى بەك چوڭ ، شۇڭا بەزى چاغلاردا ئەترەت باشلىقى سۇلايمانمۇ ئۇنىڭغا چىش يېرىپ قاتتىق ـ يىرىك گەپ قىلىشقا پېتىنالماي قالىدۇ .

ماخمۇت ھېلىقى تۆت بالىنى ئېلىپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە ، سىپىرىخان ئانا بايا يۇغۇرغان خېمىرنى يېيىپ ، بايىقى يازلىق كۆك يېسىۋېلەكنى چالا ـ بۇلا چاناپ ئەبجەش مايدىن ئازراق ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلغان خېمىر ئۈستىگە تەكشى يېيىتىپ تۈرمەللەۋاتاتتى .

— بىز يېتىپ كەلدۇق ، ئاپا ،— دېدى ماخمۇت ئانىسىغا ئىشىكتىن كىرە ـ كىرمەيلا شەپە بېرىپ ،— مانا ، بالىلارنى ئەكەلدىم .

— كېلىڭلار ، ھە كېلىڭلار ، ۋاي ـ ۋۇي جېنىم بالىلىرىم ، سۈيىگە قانمىغان ياش نوتىكەنسىلەرغۇ تېخى ،— دېدى سىپىرىخان ئانا ئاق لېچەكنى تۈزەشتۈرگەچ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ،— مانا ماۋۇ سۇپىغا كېلىڭلار ، ھە جېنىم بالىلىرىم ، ھەي ماخمۇت ، ھاڭۋېقىپ تۇرماي سۇپىنىڭ ئۈستىنى تۈزەشتۈرسەڭچۇ ، كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ ئاۋۇ دالاندىكى كۆرپىلەرنى ئاچىقىپ سال . قورۇنمىساڭلارچۇ بالىلىرىم ، ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇڭلار ، كىچىككىنە تۇرۇپ سىلەرگە نېمە دەرد ئەمدى بۇ ، سورۇقچىلىق تارتىپ ، ئاپاڭ ـ داداڭلار قانداق چىدىغاندۇ جېنىم بالىلىرىم ، ھە ، يەنە تۇرىسىلەرغۇ ، سۇپىغا چىقىڭلار دەۋاتىمەن سىلەرنى .

ئابدۇسالاملار بايا ماخمۇت ئۆيىگە چاقىرغىلى بارغاندىلا گاڭگىراپ قالغانىدى . ئەمدى ھويلىغا كىرىپ مۇنۇ چىرايلىرىغا قورۇق چۈشكەن بولسىمۇ مېھرى ئىللىق ، تىلى تاتلىق بىر

www.uyghurkitap.com

ئاندىن ئاجايىپ بىر ھىممەتنى، كۆيۈنۈشنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھودۇقۇشتى. گەرچە ماخمۇتقا ئەگىشىپ كېلىۋاتسىمۇ ئۆزلىرىنى يەتكۈچە قىيناپ كەلگەن مۇنۇ ماي چاپاننىڭ تۇرۇپلا ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن بىر ئاز گۇمانمۇ قىلىشقانىدى. بەلكىم ئەترەت باشلىقى خاپا بولغان بولسا شۇ خاتاسىنى يۇيۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپمۇ ئويلاشقانىدى، بىراق ئەكسىچە بۇ يەردە بىر مېھرىبان ئانا ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلغان، ئەسلىدە بۇ پەرىشتە سۈپەت ئانا نىيىتى ئالا بالىسىنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى يەملەپ قېلىپ ئۇنى مۇشۇ ئۇسۇلدا كەچۈرۈم سوراشقا ئەۋەتكەنىكەن ـ دە.

ئۇلار سۈپىغا چىقىپ ئولتۇرۇشىغا ماخمۇت دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن ئۇلار يەنە ئامانلىق سوراشتى.

— ماخمۇتجان بالام، — دېدى سېپىرىخان ئانا دۇئادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — سەن بۇ باللارغا ئاۋۇ قاپاق چايدىن بولسىمۇ قۇيۇپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ تۇر. مەن مۇنۇ تۇرمەلنى جىمبىلگە سېلىۋېتىپ كېلەي، ئاندىن پاراڭلىشايلى، ۋاي جېنىم باللىرىم، كىچىككىنە تۇرۇپ ھە، سورۇقچىلىق تارتىپ.

ئابدۇسالام بۇ موماينىڭ تۇرقىدىن ئۆزىنىڭ موممىسى تۇرسۇنخاننىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدى. موممىسى تۇرسۇنخانمۇ بىر ئۆمۈر بالا بېقىپ ئۆتكەن ئايال، ئۇ ھەتتا ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ يەسلىخانىسىدا بەگ، تۆرىلەرنىڭ بالىلىرىنىمۇ باققان. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ يەنىلا يەسلىدە بالا بېقىش ئۇنىڭ كەسپىگە ئايلىنىپ قالدى. ھەرقانداق يىغلاڭغۇ بالىمۇ ئۇنىڭ قولىدا بىر نەچچە كۈندىلا ياۋاشلىشىپ قالىدۇ. بالىلاردىكى تۇمۇ، يۆتەل، باش ئاغرىقى، قىزىتما، ئىچ سۈرۈش، تەرتى قېتىپ قېلىشلارغا ئۇنىڭ يەرلىك دورىسى تەييار. بەزىلىرىنى ھەتتا دورا ئىشلەتمەيمۇ تاماق بىلەن داۋالاپ ساقايتىۋېتىدۇ. ئۇ-

نىڭ قولىدا مەكتەپ يېشىغا يەتكۈچە بېقىلغان بالىلار تىمەن ، ساغلام چوڭ بولغاچقا كىشىلەر بالىلىرىنى ئاشۇ يەسلىگە بېرىشكە ئالدىرىشىدۇ . مانا ھازىر ياشقا چوڭىيىپ قالغان بىلەن ئۇ يەنىلا يەسلىنى سېغىنامدىكىن ، پات ـ پات ئۆزى ئىشلىگەن ئاشۇ يەسلىگە بېرىپ چۆرگىلەپ كېلىدۇ . ئابدۇسالامۇ تۇغۇلۇپ نەچچە ئاي ئۆتمەيلا ئانىسى تىللاخان دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كەتكىنىدە مۇشۇ مومىسى ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان . شۇڭلاشقىمىكىن ئابدۇسالام مومىسىغا بەك ئامراق . ئاتا ـ ئانىسى ئارقا ـ ئارقىدىن تارتىپ چىقىرىلىپ يېزىغا سۈرگۈن قىلىنغىنىدا ، ئۇ يېزىغا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە كېتىش قارارىنى مۇشۇ مومىسى ئېسىگە كېلىپ قېلىپ بىتچىت قىلىۋەتكەن . ئۇ گەرچە ئازابلىق بىر ئىش بولسىمۇ ، ئابدۇسالامنىڭ قەلبى ھازىرمۇ ئاشۇ ئىشنى رىتىملىق زىكرى قىلىدۇ .

ئۇ بۇندىن بەش يىل ئىلگىرىكى بىر كۈز كۈنى ئىدى . دادىسى ئابدۇساھىپ خىزمىتىدىن توختىتىلىپ يېزىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن ، بۇ ئائىلە خۇددى بوراندا قالغان مۇساپىرنىڭ كەپسىدەك بىر خىل سوغۇق كەيپىيات ئىچىدە قالغانىدى . تىللاخان گەرچە ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەپ يۈرگەن بىلەن ئىدارىدە ، جەمئىيەتتە ئۆزى ھەققىدە بەزىبىر كۈس ـ كۈس پاراڭلار كۆپىيىپ قالغانىدى .

— ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرنىڭ ئايالى تۇرۇپ قاراڭلار ، ئاشلىق ئىدارىسىدە ئىشلەپ يۈرگىنىنى .

— ئەكسىيەتچىنىڭ خوتۇنى تۇرۇپ مۇشۇنداق مۇھىم ئورگاندا ئىشلىسە بولمايدۇ جۇمۇ .

— ...

تىللاخان بۇ سۆزلەردىن ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئاپەتنىڭ شەپىسىنى سېزىپ تۇراتتى ، لېكىن ئۇ چوڭى ئون ياش ، كىچىكى ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن مۇنۇ بەش بالىنى تۇمشۇقلۇققا

www.uyghurkitap.com

چوقۇتماي، قاناتلىقلا سوقتۇرماي چوڭ قىلىشنى ئارمان قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا ھەرقانچە بالا ـ قازا كەلسىمۇ مۇنۇ باللار سىزىپ قالمىسۇن دېگەن پرىنسىپ بويىچە ياشاپ كەلگەچكە ھەممە يىغىنى خالىي جايدا يىغلىۋېلىپ، باللارنىڭ ئالدىدا كۆلكە چىراي يۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغانىدى، بىراق «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەندەك ئاخىر تىللاخانمۇ خىزمىتىدىن توختىتىلىپ بەش بالا بىلەن بىراقلا يولدىشى ئابدۇساھىپ تۇرۇۋاتقان يېزىغا ھەيدەلدى. بۇ ئېغىر زەربىدە تىللاخان گاڭگىرىدى، دەريا ـ دەريا ياش تۆكتى، بىراق بۇ رېئاللىقتىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ئىلگىرى نۇرغۇن ئىشلارنى باللارغا بىلىندۇرمەي ئۆتۈپ كەتكەنىدى، لېكىن بۇ ئىشنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بۇنى ئۇلارغا زادى قانداق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؟ تىللاخاننىڭ كاللىسىغا كەلگەن بىرىنچى مۇشكۈلات بۇ ئىشنى ئابدۇسالامغا زادى قانداق چۈشەندۈرۈش مەسىلىسى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مەكتەپنى، ئوقۇتقۇچىلارنى تاڭ قالدۇرۇپ ئوقۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئابدۇسالامنى كەلگۈسىدىكى ئالىم، پروفېسسورلار سىياقىدا تەسەۋۋۇر قىلىشاتتى. ئۇ سورىغان بەزى مۇشكۈل سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەپ كېيىنكى سائەتلىك دەرسلەردە ئۇ قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ۋەدىلەر بېرىشەتتى. ئابدۇسالاممۇ گويا ئۆگىنىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك ھارماي كىتاب ۋاراقلايتتى. ئەمدى مۇشۇ بالىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە يېزىغا ئەكېتىش ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەنلىك بولاتتى، ئەلۋەتتە. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاخىر ئۇ يولدىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىش مەقسىتىدە سەھرادىن شەھەرگە كىرگەن بىرەيلەندىن ئابدۇساھىپقا مۇشۇ ئىشنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. شۇ كۈنى نامازشام مەزگىلىدە ئابدۇساھىپ چىرايى تاتارغان ھالەتتە يېتىپ چىقتى، باللار دادىسىنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭغا چىڭ چاپلاشتى، چۈنكى باللار

دادىسىنى كۆرمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغانىدى ، تەلەپچان ئاتا بالىلارنىڭ بۇ ئەركىلەشلىرىدىن يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى ، لېكىن ئۇ زورىغا يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ـ دە ، چوڭ ئوغلى ئابدۇسالامنىڭ يىرىك چېچىنى سىلاپ تۇرۇپلا قالدى ، چۈنكى ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئوغلىغا دەيدىغان ناھايىتى نۇرغۇن سۆزلىرى بار ئىدى ، لېكىن ئۇنىڭ گەپلىرى بوغۇزىغا كەپلىشىپ تۇرۇۋېلىپ ئۇنى رەھىمسىزلەرچە قىيناۋاتاتتى .

— بالىلىرىم ، — دېدى تىللاخان ئابدۇسالامنى دادىسىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ تۇرۇپ ، — سىلەر تالاغا چىقىپ بىردەم ئويناپ تۇرۇڭلار ، مېنىڭ داداڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىشىم بار ، ھېلى مەن چاقىرغاندا كىرىڭلار جۇمۇ ، بالام ئابدۇسالام ، سەن چوڭ بولغاندىكىن ئۇكىلىرىڭنى ئېلىپ بوۋاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىردەم ئوينىتىپ كەل بولمىسا ، بىرەر سائەتتىن كېيىن كەلسەڭلار بولىدۇ جۇمۇ بالام .

ئابدۇسالام ئاپىسىنىڭ ئاۋازىدىكى تىترەڭگۈلۈكتىن بىرەر شۇملۇقنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدى . چۈنكى دادىسىنىڭ روھىي ھالىتىمۇ تازا نورمال ئەمەس بولۇپ ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك چىرايى ئۆمسە ئىدى . ئابدۇسالام تالاغا چىقىپلا ماڭغۇسى كەلمىدى . «زادى ئۇلار نېمىنى مەسلىھەتلىشىدۇ ، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ ، نېمىشقا ئۇلار ئايرىم سۆزلىششنى خالاپ قالدى ، دادام نەچچە ئايدا بىر قېتىم ئاران چىققاندا ھەممىمىز بىرگە پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق بولاتتىغۇ .» ئابدۇسالام ئۇكىلىرىنى ئالداشتۇرۇپ بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭغۇزۇۋېتىپ ئۆزى شەپە چىقارماي مېڭىپ ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى ، ئۆيدىن دادىسىنىڭ تىترىككەن ھالدا سۆزلەۋاتقان بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى .

— نېمىگە يىغلايسەن ، سەھرادا ياشىغان خەق ئۆلۈپ قاپتىمۇ ، مانا مەن بىر يىلنىڭياقى ئىشلەۋاتىمەن . ھېچنېمە بولغىنىم

يوققۇ ، ئادەم دېگەن دۇنيادىكى ئەڭ چىداملىق هايۋان ، ئۇ هەر-قانداق بىر ئىشقا ، هەرقانداق يەرگە كۆنەلەيدىغان بىر مەخلۇق ، «باشقا كەلگەندە باتۇر» دېگەن گەپ مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان ، بىلەمسەن ؟

— بىزگىمۇ هېچ گەپ يوق ، مەن باللار زادى قانداق قىلار ، ئۇلار ئاشۇ سەھرانىڭ جاپاسىغا چىدارمۇ ، دەۋاتىمەن ، سەھراغا بارسا ئۇلار نېمە كۈننى كۆرەر ئەمدى .

— ئۇلارغىمۇ هېچ ئىش بولمايدۇ ، بىز نېمە كۈننى كۆرسەك ئۇلارمۇ شۇ كۈننى كۆرۈپ چوڭ بولىدۇ شۇ ، مەن «بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ ئەڭ بەختسىز بالىلىق چاغلىرى بولىدۇ» دېگەن هېكمەتلىك سۆزگە مۇتلەق ئىشىنىدىغان ئادەممەن ، بۇ ئىشتىنمۇ ئانچە چۆچۈپ كەتكۈلۈك ئەمەس ، قورقما ، ئۇ سەھرادىمۇ ناهايىتى تۇرساق بىر نەچچە يىل تۇرارمىز ، باللارمۇ بىر نەچچە يىل سەھرادىكى جاپانىڭ تەمىنى تېتىپ ئوبدان پىشىپ قالىدۇ ، سىياسەت ئەمەلىيلەشسە بەربىر قايتىپ چىقمىز ئەمەسمۇ .

— چىققان كۆزنى ئورنىغا سالغىلى بولاتتىمۇ دادىسى ، يېزىغا چۈشتۇقمۇ بولدى ، قايتىپ چىقىش دېگەن يوق گەپ . ئۇنداق ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەيدىغان ئەخمەقنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى ، دادىسى .

— ئۇنداق ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە ، هۆكۈمەت ئۆزى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن كادىرلىرىنى مۇنداقلا تاشلىۋەتمەيدۇ ، ۋەزىيەت چوقۇم ئوڭشىلىپ زىيالىيلارنىڭ قەددى رۇسلىنىدىغان چاغلار چوقۇم كېلىدۇ ، ئۇمىد بىلەن ياشا ، دەپ تالاي نەسىهەت قىلدىمغۇ ساڭا ، بىز مۇنداق ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتسەك باللار تېخىمۇ تۇگىشىپ كەتمەمدۇ .

— ئەمدى بولغاندا بۇنداق چىرايلىق گەپلەر نېمىگە ئەسقاتاتتى ، — دېدى تىللاخان مىشىلداپ يىغلىغان هالدا ، — مەن مۇشۇ

ئابدۇسالامغا چىدىماي قېلىۋاتىمەن دادىسى ، ئۇنىڭ ئوقۇشى بەكلا ياخشى ئىدى ، ئەمدى ئاشۇ سەھراغا بارسا قانداقمۇ قىلار ئۇ بالا ، سەھرا ئۇنىڭ ئەقلىنى ، زېھنىنى يەپ كېتىدىغان بولدى ، ئىس-تىقبالى بار بالا ئىدى ، بىكاردىن بىكارلا نابۇت بولىدىغان بولدى ئەمدى .

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن ؟ ! سەن بارىدىغان يېرىڭنى بىر قاراڭغۇ جاڭگالمىكىن دەۋاتامسەن ، قورقما ، ئۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا مەكتەپ بار ، ئۇ تىرىشىپلا ئوقۇسا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئىستىقبا-لىنى تاپالايدۇ .

— سەھرا مەكتىپى قانچىلىك بولاتتى ، بۇنداق دېسەم خاپى-لاپ كەتمەي گېپىمنى توغرا چۈشەنسىلە دەيمەن ، مېنىڭ دېمەك-چى بولغىنىم ئابدۇسالامنىڭ ھازىرقى مەكتىپى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ، ئۇ تەكتى ئەسرانىڭ مەكتەپلىر-ىدە مۇشۇ مەكتەپتىكىدەك غوللۇق ئوقۇتقۇچىلار يوق ، شۇڭا...

— يوق گەپ ، ئاغزىمغا كەلدى دەپ خىيالىڭغا كەلگەننى دەۋېرىدىكەنسەن ، ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ بالاڭنىڭ تىرىشچانلىقىدا ، تىرىشىدىغانلار ھەرقانداق يەردە ئوقۇسىمۇ ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىۋېرىدۇ .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئابدۇسالامنىڭ بېشىغا مۇزدەك سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى ، دېمەك ئاپىسىنىڭ بېشىغىمۇ سەھراغا ھەيدىلىش تامغىسى بېسىلغانىكەن - دە ! تېخى بەش بالىنى بىراقلا ھەيدەش ، لېكىن بالا دېگەن ئاتا - ئانا نەدە بولسا شۇ يەردە تۇرۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بىر ئىش . بۇ ھېچبولمى-سا ئاشۇ بالىلارنىڭ قانات - قۇيرۇقى يېتىلىپ ئۇچۇرما بولغۇچە شۇنداق . لېكىن ئۇ قانداق قىلىدۇ . ھازىر ئوقۇۋاتقان مەكتىپى ئاپىسى دېگەندەك نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ . ئوقۇتقۇچىلار قو-شۇنىمۇ سەر خىل ، ئەگەردە راستىنلا بۇ مەكتەپتىن كەتسە سەھرا مەكتىپى دېگەندە ئۇنداق ئوقۇتقۇچىلارغا ئۇچراش دېگەن

مۇمكىن ئەمەس . بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلى-
رى ، غايىسى ، كەلگۈسى ئۈمىدلىرىنىڭ ھەممىسى بۆشۈكىدە
تۇنجۇقتى دېگەن گەپ . ئۇ ئاخىر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دەتالاشلىرىغا
چىداپ تۇرالمىدى ـ دە ، قاياقتىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلگىلى
بولمايدىغان بىر خىل كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئىشىكنى تاراقلىتىپ
ئېچىپ ئۆيگە ئۇسۇپلا كىردى .

— ياق ، مەن سەھراغا بارمايمەن . مەن مۇشۇ يەردە قېلىپ
ئوقۇيمەن .

كۆزىدىكى ياشنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ
سۆزلەۋاتقان ئانىمۇ ، چىرايى يېتەرلىك تاتىرىپ ، كۆرۈنەرلىك
دەرىجىدە ئورۇقلاپ كەتكەن تەلەپچان ئاتىمۇ ئوغلىنىڭ بۇ ھەرد-
كىتىدىن داڭ قېتىپ قېلىشتى .

— ۋاي جېنىم بالام ، شور پېشانە بالام ، — دېدى تىللاخان
ئورنىدىن لىككىدە قوپۇپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىغان ھالدا يىغلاپ
تۇرۇپ ، — ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپسەن ـ دە . قانداق قىلى-
مىز بالام ، بېشىمىزغا مۇشۇنداق كۈننى كۆرۈش نېسىپ بوپتۇ .
ئامالىمىز يوق بالام . ئۇنداق تەتۈرلۈك قىلىپ بىزنى قىينىما .
داداڭنىڭ قالپىقى بولغاچقا بىزنىمۇ قوشۇپ يېزىغا ھەيدىدى ،
سەن دېگەن ناھايىتى تىرىشچان ، ئەقىللىق بالا ، قەيەردىلا بولساڭ
ئوخشاشلا تىرىشىپ ئوقۇيسەن ، ياخشى ـ يامانني پەرقلەندۈرەلەي-
سەن . شۇڭا بۇ ئىشنى توغرا چۈشەن ، ئۇنداق تەتۈرلۈك قىلما ،
سەن چوڭ تۇرۇپ مۇنداق تاش چىشلەپ تۇرۇۋالساڭ ئۇكىلىرىڭ
قانداق قىلىدۇ ، جېنىم بالام . چىدايلى ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ
كېتەر .

— ياق ، مەن بارمايمەن دېگەندىكىن بارمايمەن . مۇشۇ يەردە
قالىمەن .

— ھــەممىمىز سەھراغــا كــەتسەك ساڭــا نېمە بار بۇ
يەردە ، — دېدى ئابدۇساھىپ ئاچچىقلانغان ھالدا ، — قالىمەن دەپ-

لا قالىدىغان ئىش بولسا ئاپاڭمۇ قالاتتى ئەمەسمۇ . ئەگەر ئاپاڭنى خىزمىتىدىن ھەيدەپلا قويغان بولسا مەيلىتى . چوقۇم يېزىغا بېرىپ ئىشلىسۇن دەپتۇ ئەمەسمۇ . ئۇنداق بولغاندىكىن يوق جېدەلنى قىلىپ نېمە قىلىسەن زادى ، ئۇكاڭلارغا سەن ئۈلگە بول بالام ، ئوقۇپ قوي ، بىز نەدە بولساق سىلەرمۇ شۇ يەردە بولۇشۇڭلار كېرەك .

— ئىشقىلىپ ، مەن بارمايمەن ، — دېدى ئابدۇسالام ئاپىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ ، — مەن بوۋام - موماملارنىڭ يېنىدا قېلىپ ئوقۇيمەن .

— ۋاي جېنىم بالام ، ئەقلىڭدىن ئۆرگىلەي ، نەدىن كەلدى بۇ ئەقىل ساڭا بالام ، — دېدى تىللاخان تۇيۇقسىز تېتىكلىشىپ ئابدۇسالامنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ ، — باياتىن بېرى نېمىشقا مۇشۇ ئەقىلنى بىز ئويلىمىدۇق دادىسى . نوپۇسلارنى ئەتە سۆكەتتۇق ئەمەسمۇ ، بوۋا - مومىسىغا قارايدۇ ، دەپ ئابدۇسالامنىڭ نوپۇسىنى مۇشۇ يەردە قويۇپ قويايلى ئەمدى . دېمىسىمۇ بىز كەتسەك ئۇلارغا ھەمراھ بولىدىغان ئادەم كېرەك ئىدى ئەمەسمۇ . ئۇ مۇشۇ يەردە قېلىپ ئوقۇشنى ئوقۇسۇن ، ۋاي ئەقىللىق بالام ، تاپقان ئەقلىڭدىن ئايلىناي ، دادىسى ، ئەمدى مۇشۇنداق قىلساق بولىدىغاندۇ .

— بۇ بولىدىغان ئەقىلدەك تۇرىدۇ ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ئامال دېگەن مانا شۇ ، بوپتۇ ، ئابدۇسالامنىڭ ئىشىنى مۇشۇنداق بېكىتەيلى ، — دېدى ئابدۇساھىپ بىر ئورام تاماكىسىنى ئوراپ ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شورىغاچ ،— لېكىن بىر ئىشتىن ئەنسىرەۋاتىمەن ، ئۇلار بۇنىڭغا ئۇنارمۇ ؟

— ئۇنىمايدىغان نېمىسى بار ، ئابدۇسالامنى بوۋا - مومىسى بېقىپ چوڭ قىلغان . بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ . گۇناھكار دېسە بىز ، بالىلار ئەمەس ، بالىلاردا نېمە گۇناھ بار ؟ مەن ئەتە نوپۇس

يۈتكىگىچە بۇنى چۈشەندۈرىمەن .

راست دېگەندەك ئانىسى تىللاخاننىڭ يىغلاپ ـ يالۋۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە ئابدۇسالامنىڭ نوپۇسى شەھەردە قالدى . لېكىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۇنىڭغا ئوقۇش پۇرسىتى بەرمىدى . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا يۇقىرى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىككى تەرەپ بولۇۋېلىپ دەسلەپ مۇنازىرىلىشىپ كېيىن قوللىرىغا قورال ئېلىپ پاراسلاپ ئۇرۇشۇپ كەتكەندە ئۇ بوۋا ـ مومىسىنىڭ يېرىقىنى يېقىن ، ئېغىرىنى يېنىك قىلىپ ئۈچ يىلنى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدى . بىراق ، مەكتەپتە ئوقۇشلار ئەسلىگە كەلگەندە بولسا ئۇلار تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا «زىيالىي ياشلار تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىپ كەمبەغەل دېھقان ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىشى زۆرۈر» دېگەن چاقىرىققا ئاساسەن مانا مۇشۇ تاغلىق يېزىغا — تاغچىلار دېيىلىدىغان بىر قوۋم ئىچىگە قايتا تەربىيىگە ئەۋەتىلدى . «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ ؟» دېگەندەك مۇنۇ ئىنقىلاب بۇ بىر بەختلىك ئائىلىنى مۇشۇنداق سورۇقچىلىق بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىۋەتتى .

— جېنىم بالام ، — دېگەنىدى ئابدۇسالام ئەتىگەن يولغا چىقىش ئالدىدا مومىسى تۇرسۇنخان ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ ، — ھەر كىم ئۆز پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي ئىلاجى يوقكەن . ئۇنى قانچە قىلساڭمۇ توسۇيالمايدىكەنسەن بالام ، بوپتۇ ، سەھرادا قاتتىق ـ يىرىك ئىشلارنى قىلىپ بېجىرىم بىر ئادەم بولۇپ كېلەرسەن . ئادەم دېگەن مۇشۇنداق جاپالىق تۇرمۇشنىڭ قېقىنىدى ـ سوقۇندىلىرى ئارىسىدا ياشاپ باقسا ھەقىقىي ئادەم بولۇپ چىقىدۇ . ئۆزۈڭگە پۇختا بول ، دېھقان خەق دېگەن ساددا ، تۈز كېلىدۇ . بولۇپمۇ تاغچىلار بەك ئاق كۆڭۈل ، مېھماندوست خەق . ياخشى ئىشلىسەڭ بىرەر يەرگە خىزمەتكە ئېلىپمۇ قالار ئىگە كىم .

— مەن ئوقۇيمەن موما ، — دېدى ئابدۇسالام خۇددى چوڭ

ئادەملەردەك مومىسىنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ ،— سەن قاراپ تۇر ، مەن ئۇنداق قارا ئىش قىلىدىغان خىزمەتچى ياكى ئىشچى ئەمەس ، ناھايىتى چوڭ بىرەر تېمىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم بولغۇچە ئوقۇيمەن .

— خۇدايىم دېگەن ئاشۇ كۆڭۈلگە يەتكۈزگەي ئىلاھىم . قېنى بوۋىسى ، ماۋۇ نەۋرىلىرىگە دۇئا قىلىسىلا .

— ئامىن ،— بوۋىسى سوپاسۆبۈر دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بەخت ـ تەلىيى ، ئاشۇ تاغدا ئاق كۆڭۈل بىرەر ئادەمنىڭ دىلىغا ئىنساپ بېرىپ ئۇنىڭ جاپاسىنى يېنىك قىلىشى ئۈچۈن ئۇزۇنغىچە دۇئا قىلدى .

مومىسىنىڭ «تاغچىلار بەك ئاق كۆڭۈل ، مېھماندوست خەق» دېگىنىدەك مانا ھازىر پەرىشتە سۈپەت بىر ئايال ئۇنىڭ ئاشۇ كۆيۈمچان مومىسىنىڭ سۈرىتىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ .

— تاماق تەييار بولدى ، بالام ، ماۋۇ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەر .

ئابدۇسالام چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدى . ماخمۇتجان ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىش ئۈچۈن مىس ئاپتۇۋىغا سۇ قۇيۇۋاتاتتى . سېپىدىرىخان ئانا قازان بېشىدا ئاپئاق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۇرمەللەرنى لېگەنگە ئېلىۋاتاتتى . ماۋۇ ئۈچ ئاغىنىسى بۇ ئائىلىنىڭ غەمخورلۇقىدىن مەڭدەپ قالغاندەك بىردە ماخمۇتجانغا ، بىردە سېپىرىخان ئانىغا قارىغىنىچە گاڭگىراپ ئولتۇرۇشاتتى .

— قولىمىزنى يەرگە چۈشۈپ ئۆزىمىز يۇيۇپ چىقايلى ،— دېدى ئابدۇسالام يېنىدىكى ئابدۇراخماننى نوقۇپ ،— چوپچوڭ ئادەمگە سۇ قۇيدۇرساق قانداق بولىدۇ .

— توغرا ، شۇنداق قىلايلى .

ئۇلار لىككىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ مەخمۇتجاننىڭ يېنىغا باردى .

— ئولتۇرىۋەرسەڭلار بولمامدۇ ،— دېدى ماخمۇتجان ئۇلار-

www.uyghurkitap.com

غا قاراپ ، — قولنى شۇ يەردىلا يۇيساڭلار بولاتتى ئەمەسمۇ .

— ياق ، مۇشۇ يەردە يۇيايلى ، — دېدى ئابدۇسالام ماخمۇتجاننىڭ قولىدىكى ئاپتۇۋنى ئېلىپ ،— ئەكېلىڭ ، ئۆزىمىز يۇيايلى .

— ۋاي ياق ، قۇيۇپ بېرىمەن . سىلەر دېگەن مېھمان .

— ياق ، ئۇنداق دېمەڭ . سىز دېگەن بىزدىن چوڭ ، ئەسلي بىز سىزنىڭ قولىڭىزغا سۇ بەرسەك ئاندىن ئوڭ بولىدۇ ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ قولىدىكى ئاپتۇۋنى ئېلىپ ،— ئەكېلىڭ ، مەن قولىڭىزغا سۇ بېرەي .

— ياق ، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ ،— دېدى ماخمۇت ئۆزىنى قاچۇرۇپ ،— بوپتۇ ، ئەمىسە ئۆزۈڭلار يۇيۇۋېرىڭلار .

— ئەسلي مېھمان دېگەنگە جايىدىن قوزغىماي سۇ بەرسە ساۋابى ئالەمچە بولىدىكەن ، — دېدى سېپىرىخان ئانا بىر لېگەن تۇرمەلنى سۇپىدىكى داستىخانغا قويۇۋېتىپ ، — بوپتۇ . بىز كىچىك دەپ ئاكا سۇپەت ئادەمگە سۇ قۇيدۇرغىسى كەلمەپتۇ . ئەقىللىق بالىلاركەنسىلەر ، ئىلاھىم بەخت - تەلىيىڭلار كېلىپ بۇ يەردىن تېزرەك كەتكىلى نېسىپ قىلار خۇدايىم . ئاتا - ئاناڭلار سىلەرنى بۇ يەرگە يولغا سېلىپ قويۇپ قانداق چىدىغاندۇ ، ۋاي بايقۇشلىرىم . تۇخۇمدىن ئەمدىلا چىققان چۇجىلەركەنسىلەرغۇ تېخى . نېمە سورۇقچىلىقتۇ بۇ ، ۋاي - ۋاي جېنىم باللىرىم .

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ ئىككى چېتى يېشىل يىپتە چۆچا چىقىرىلغان سېرىق لۆڭگىدە قوللىرىنى ئېرتىپ سۇپىغا چىقتى . ئايئاق هور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۇرمەلنىڭ ئىچىدىكى يازلىق كۆك يېسىۋىلەكنىڭ ئالاھىدە جۇلالىنىشى بىلەن نېپىز يېيىلغان خېمىر كۆرۈنمەيلا قالغانىدى .

— سەھرا دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ ، باللىرىم . قېنى ئېلىڭلار ، ئوخشىمىغان بولسىمۇ «كەمبەغەلنىڭ تامىقى چىشقا دورا» دەپتىكەن . ئاچقان يېرىڭلارغا بارسىلا بولدىغۇ . بالام ماخـ

مۇتجان ، ھە ، قاراپلا ئولتۇرماي مېھمانلارنى تاماققا زورلا . مەن
چاي تەييارلاي .
— ھە قېنى ، ئىسسىققىنە يەڭلار . سوۋۇپ قالسا تەمى
كېتىپ قالىدۇ ،— دېدى ماخمۇتجان ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىردىن
كىچىك تەخسە قويۇپ ،— ئاپامنىڭ بۇ تامىقى ھاردۇق چىقىرىدى-
غان تاماق ،— ئۇ بىر پارچە تۇرمەلنى ئېلىپ ئۆز تەخسىسىگە
سالدى ـ دە ، لېگەندىكى تۇرمەلگە قاراپ ئولتۇرغانلارنى زورلى-
دى ،— سىلەرنىڭ تامىقىڭلارغا ئوخشىمايۋاتامدۇ قانداق ، قاراپلا
قالدىڭلارغۇ ، بۇ دېگەن تاغ تۇرمىلى ، تاغدا ئۆسكەن كۆك بۇ ،
شەھەر قالدى ئەمدى كۈندە گۆش چاينايدىغان ، سەھرادا بۇنداق
ئىش يوق . ھە ، ئېلىڭلار .

ئۇلار ماخمۇتنىڭ زورى بىلەن بىر پارچىدىن تۇرمەلنى
ئېلىپ تەخسىلىرىگە سالدى . ئابدۇسالام بۇ خىل يېمەك-
لىكنى ئۆمرىدە يەپ باقمىغانىدى . ئۇنىڭغا مومىسى قازان پۆرىسى
سېلىپ بېرەتتى . لېكىن ئۇ كۈدىنى قىيما قىلىپ مايدا پۇشۇر-
غاچقا شۇنداق تەملىك ئىدى . ئەمدى بۇ كۆك يېسىۋىلەكنىڭ
پۆرىسى قانداق بولار ، لېكىن تەخسىدىكى تۇرمەلدىن بىر خىل
ئىلىلىق پۇراق — يەنى ھىدىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر
خىل مەززىلىك پۇراق ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يايرىتىپ باياتىن-
دىن بېرى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەن قورسىقىنى غولدۇرلىتى-
ۋەتتى . ئۇ تۇرمەلدىن بىر چىشلەم چىشلەپلا بۇ تاماقنىڭ ھەرقان-
داق بىر خىل تاماقتىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ
دوستلىرىغا قارىۋىدى ، ئۇلارنىڭ خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك
تاماق يېيىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى . دېمەك ، بۇ تاغ تۇرمىلى ھەقى-
قەتەن ئوخشىغانىدى ، ئۇلار شۇ تاپ ھېچنېمىنى ئويلىماي تۇرمەل-
گە ھۇجۇم قىلىپ بىردەمدىلا لېگەننى بىكار قىلىپ قويدى ـ دە ،
ئازراق تۇز سېلىنغان قارا چاينى ئىچكەندىن كېيىن بولسا پېشانى-
سى بۇژژىدە تەرلەپ ئوبدانلا راھەتلىنىپ قالدى .

«توۋا ،— دېدى ئابدۇسالام سېپىرىخان ئانىنىڭ ۋىجىك بەس-

www.uyghurkitap.com

تىگە، تۇرۇم ـ تۇرۇم قورۇق چۈشكەن چىرايىغا، تومۇرلىرى
ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان، خۇددى قاقشال تېرەكنىڭ ئىنچىكە
نوتىلىرىغا ئوخشاپ قالغان قوللىرىغا قاراپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىر-
لاپ، — ئاشۇ قۇرت غاجاپ ئۆتمىستۆشۈك قىلىۋەتكەن كۆك يېسى-
ۋىلەكتىنمۇ مۇشۇنداق مەززىلىك تاماق ئەتكىنىنى نېمە دەي ئەم-
دى، چىرايى قورۇلغان بىلەن يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ.
پەرىشتە سۈپەت ئانا دېگىنى مۇشۇ دە، گېپىنىڭ تاتلىقلىقى مو-
مامنىڭ ئۆزى. بارلىق ئانىلارنىڭ سىيماسى مۇشۇنداق بولامدىغاد-
دۇ؟»

— تاماقنى ئاز ئېتىپ قويۇپتىمەن بالىلىرىم، — دېدى سې-
پىرىخان ئانا ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئوڭايسىزلانغان
هالدا، — بوپتۇ، «ياتار قورساق كېتەر قورساق دەپتىكەن» بۇ-
رۇنقىلار، كەچتە تاماقنى جىق يەۋالسا زەردىسى قايناپ قالىدۇ
ئادەمنىڭ، لېكىن سىلەر ئۇنداق ئەمەس جۇمۇ، مانا هازىر تازا
تەن قويۇپ بېرىدىغان، يەپ ـ ئىچىپ تويمايدىغان ۋاقتىڭلار
مۇشۇ، تەن قويۇۋاتقان باللار دېگەن تويغىنىنى بىلمەي قالىدۇ،
قۇرۇق گەپ بىلەن بىزنى ئاچ قويدى دەپ قالماڭلار باللىرىم،
مانا ماۋۇ ناندىن بولسىمۇ يەپ قورسىقىڭلارنى ئوبدان تويغۇزۇڭ-
لار، زاغرا بولغان بىلەن خېلىلا تەمى بار، قېنى تارتىنماڭلار
باللىرىم، — سېپىرىخان ئانا سۆزلەۋېتىپ چاك ـ چاك يېرىلىپ
پىشقان سېرىق قوناقنىڭ زاغرىسىنى ئۈشتۈپ باللارنىڭ ئالدىغا
قويدى ۋە ئابدۇسالامغا قاراپ، — ئۆزلەنى جېنىم بالام، باياتىن
بىرىگە ئوخشىتىمەن، يەنە شۇ هېچ بىر يەرگە قويالمايمەن، ئادەم
دېگەن قېرىغانچە مۇشۇنداق ئۇنتۇغاق بولۇپ قالىدىغان ئىشكەن
بالام، كۆڭۈللىرىگە كەلسىمۇ سوراپ باقاي، ئۆزلىرى كىمنىڭ
بالىسى؟

— مەن شورلار جەمەتىدىكى ئابدۇساھىپنىڭ چوڭ ئوغلى،
ئىسمىم ئابدۇسالام.

— ۋاي جېنىم بالام، — دېدى سېپىرىخان ئانا ئۆزىگە ماس

كەلمىگەن چاقچاقلىق بىلەن ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ، — نېمە كۆزۈمگە ئىللىق كۆرۈنىدىكىن دېسەم ئۆزلىرى ئابدۇساھىپ كا-تىپ بالامنىڭ ئوغلىكەنلا ئەمەسمۇ . ھە ، دادىلىرى تىنچلىقمۇ بالام ، ئاپىلىرى تىللاخاننىڭ تېنى ئامان ـ ئېسەن تۇرغاندۇ ، ھەي ماخمۇت مەيەرگە كەل ، كۆردۇڭمۇ ، بۇ گاڭ بالام ھېلىقى يىلى مۇنۇ تاش ئۆستەڭنى باش بولۇپ چاپتۇرغان بىزنىڭ ئابدۇساھىپ كاتىپنىڭ ئوغلىكەن ئەمەسمۇ ، ۋاي جېنىم بالام ، دادىلىرى كۆپ-نىڭ دۇئاسىنى ئالغان شۇنداق ئېسىل ئادەم ئىدى جۇمۇ ، كادىر بولار شۇنچىلىك بولار ، ھە ، دادىلىرى ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتى-دۇ ، بالام ؟ !

ئابدۇسالام سېپىرخان ئانا ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىغان چاغ-دىلا يۈرىكى ئاغقاندەك بولغان ، ئەمدى ئۇ دادىسىنى تونۇيدىغان ئادەم بولۇپ چىققىنىدا ، ھەتتا دادىسىنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىل-غاندا بولسا ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ پەقەتلا گەپ قىلالماي قالدى . كۆزىگە بولسا شورلۇق سۈيۈقلۇق يىغىلىپ ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ كەلگەن يىغا ئۇنى جاۋاب بەرگۈدەك مادارىنىمۇ كەتكۈزۈۋەتكەنىدى .

— ئۇنىڭ دادىسى ناھىيىگە ھاكىم بولغان ئىدى ، — دېدى ئابدۇراخمان ئابدۇسالامنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ ئۇنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ ،— مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلان-غان چاغدا يېزىغا سۈرگۈن قىلىنىۋەتتى .

— ۋاي ، نېمە دەيدىغانلا بالام ،— دېدى سېپىرخان ئانا چۆچۈگەن ھالدا ،— ئاشۇنداق كاتتا ، دېھقان ئۈچۈن يىغلايدىغان ئادەمنى سۈرگۈن قىلىۋەتسە قانداق بولىدۇ . ئۇنىڭ بىزنىڭ يۇرت-قا قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىنى سۆزلىسەكلا بىر كىتاب بولىدىغان تۇرسا . كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا جېنىم بالام ،— دېدى سېپىر-خان كۆزىگە ياش ئالغان ئابدۇسالامنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ ، يېشىنى ئاق لېچەكنىڭ پېشى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ ، — دادىلىرى ناھايىتى ياخشى ، كاتتا ئادەم ، ئۇنداق ئادەمنى ھۆكۈ-

مەت پەقەت تاشلىۋەتمەيدۇ ، يەنە ئىشلىتىدۇ . ھە ، ئاپىلىرى تىللا-خانچۇ ؟ ئۇنىڭ ئالتۇن بويى ئامان تۇرامدۇ ؟ !

— ۋاي چوڭ ئاپا ، ئۇنىڭ ئاپىسىنىمۇ تۆت بالا بىلەن قوشۇپ يېزىغا ھەيدىۋەتتى ، — دېدى ئابدۇراخمان يەنە ئابدۇسالامغا ۋاكا-لىتەن جاۋاب بېرىپ ، — بۇلارنىڭ ئۆيىگە بار كەلگۈلۈكنىڭ ھەم-مىسى كەلدىغۇ ـ تاڭ ، ئابدۇسالامنىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ھەيدى-مەكچى بولۇۋېدى ، ئوقۇيمەن دەپ شەھەردە بوۋىسىنىڭ يېنىدا قالغان . ئوقۇش نەدە ، مانا ئەمدى ئابدۇسالاممۇ ، بىزمۇ ئوخشاشلا سۈرگۈن بولدۇق .

ئابدۇسالام ئابدۇراخماننىڭ ئېزىپ چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئەم-دى چىداپ تۇرالمىدى . ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ سۇپىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، يۈگۈرگىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى .

— ئابدۇسالام ، توختا ، نەگە بارىسەن ؟ ! — ئابدۇراخمان ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى .

— سەنمۇزە ، تازا بىر ئاتىكارچى ، نېمە قىلىسەن ئۇنىڭ يىغىرىنى تاتىلاپ ، — دېدى ئىبراھىمجانمۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ .

— ئولتۇرۇۋالسىلا ، بالام ، — دېدى سىپىرىخان ئانا ئابدۇ-راخماننىڭ پېشىدىن تارتىپ ئۇنى جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، — كۆڭلى يېرىم بولۇپ چىقىپ كەتتى ئۇ بىچارە بالام ، كەينىدىنلا چىقسىلا يارا ئۈستىگە تۇز چاچقاندەك بىر ئىش بولىدۇ ، ئۇ بالامنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارنى مەن بىلمىگەندىكىن باياتىن شۈپۈك ئېغىزلىق قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى تاتىلاپ قويۇپتىمەن ، ئەمدى ئۇنى بىردەم بولسىمۇ ئۆز ئارامىغا قويۇپ بەرسىلە بالام ، بولمىسا ئىچى تېخىمۇ ئاچچىق بولىدۇ ، ئاچچىق يۇتۇۋالغان بەك يامان ئىش بالام ، بىردەم يىغلىۋالسا ئىچى بوشاپ ئوڭشىلىپ قالىدۇ ، بالام ماخمۇتجان ، سەن چىقىپ قاراپ باق ، يىراقتا كېتىپ قالمىسۇن ، بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى كۆپ ، ئابدۇسالام بالام تېنەپ ـ تارتىپ قالمىسۇن يەنە .

ماخمۇت تالاغا چىققىنىدا ئابدۇسالام مەھەللىنىڭ شەرقىدىكى كەڭرى كەتكەن ئېكىنزارلىقتا قارىغىنىچە يول ياقىسىدىكى بىر تۈپ ئۈجمىگە يۆلىنىپ تۇراتتى ، تاغنىڭ سالقىن شامىلى ئۇنىڭ بايا شىكەستىلەنگەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ قويماقچى بولغاندەك چېكە چاچلىرىنى يېنىك يەلپۈپ تۇراتتى . يىراقتىن قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ، ئەترەتنىڭ مالچىسى سادىق قويچى كۆل رەڭ قېچىرغا مىنىپ ، قولىدىكى قامچىسىدىن قارس چىقىرىپ يول ياقىسىدىكى سارغىيىپ پىشقان بۇغداي ئېتىزلىقىغا قويلارنىڭ كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى . تىمتاس گۈگۈمنى باشلاپ كېلىۋاتقان قاراڭغۇلۇق مۇنۇ تاغ باغرىدىكى كەنتنى ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئىلكىگە ئالماقتا ئىدى . قەيەردىندۇر بالىلارنىڭ چۇرقىراشقان ـ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى كەلمەكتە . تاشبالىقنىڭ يېڭى بىر كېچىسى باشلىنىش ئالدىدا تاغنىڭ مۇزدەك سوغۇقى ئاستا ـ ئاستا شىپقاپ كەلمەكتە ئىدى . تۇيۇقسىز سادىق قويچى ناخشا باشلىۋەتتى :

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز ،
باغداش دېگەننىڭ تاغلىرى .
ئۈستىدە قارلار ياغادۇ ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب سادىق قويچى

«ياخشىنىڭ سۆزى قايماق، يامانىنىڭ سۆزى توقماق»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

1971 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇست، كەچ ئاخىر تاغلىق يېزا
تاشبالىقتا يېتىپ كەلدۇق. ئاجايىپ ئىش، سىپىرىخان ئانا،
ماخمۇتجانلار ماڭا خۇددى ئۆز تۇغقانلىرىدەك مۇئامىلە قىلىشتى.
ئەسلىي مەن ۋە دوستلىرىم يولدىلا ماخمۇتجانغا ئۆچ بولۇپ قالغاندـ
ئۇق. بىراقىزە، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇمۇ ياخشى ئادەم بولۇپ
چىقتى. بۇنداق بولۇشىنى كىممۇ ئويلىغان...
— مەن ئەسلىي سىلەرگە ئۇنچە قوپاللىق قىلىپمۇ كەتمەيتـ
تىم. ھەممىنى قىلغان ئاشۇ سۇلايمان. سىلەرنى ئېلىپ چىقىش
ئۈچۈن ماڭغىنىمدا ئاستىغا سۆكسۆك ئوتۇن قالىغان تۆت باڭلىق
قازاندەك قايناپلا كەتتى: «ئۆز ئادەملىرىمنىڭ يېرىم نېنىنى
پۈتۈن قىلالماي يۈرسەم ئەمدى شەھەردىن تۆت ئاقىنانچىنى چېنىدـ
قىدۇ، دەپ بىزگە ئەۋەتىپتۇ. ياق، دېسەم زىيالىيلار سىياسىتىدـ
گە قارشى چىقتى، دەپ ئۆز پۈتۈمگە ئۆزۈم پالتا چاپقاندەك ئىش
قىلغان بولىمەن. ئېلىپ چىقسام ئۇ ئاقىنانچىلار بىزگە نېمە
قىلىپ بېرىدۇ. دېھقان باللىرى بولغان بولسىغۇ ئۆز ئىشىنى
ئۆزى تېپىپ بىر ئىش قىلالايتتى. بىراق مۇنۇ ئاقىنانچىلىرىڭ
يەپ قورساق بىكارلاپ، دەپ كوچا بىكارلاپ يۈرىدۇ شۇ. بوپتۇ،
ئۇلارنى تازا قىيناپ مۇشۇ يەرگە چىققىنىغا داد دېگۈزۈپ يولغا
سالارمىز بولمىسا» دېۋىدى، شۇڭىزە يولدا سىلەر بىلەن قەستەن
قېرىشىپ كۆڭلۈڭلارغا ئازار بېرىپ قويدۇم، زىنھار خاپا بولمىـ

سىلا جۇمۇ ئۇكام. ئۆزلىرىنى ئاپام «بەك ياخشى كۆزدە قارىمىساق بولمايدۇ. ئوبدان ئادەمنىڭ بالىسىكەن» دەۋاتىدۇ.

ماخمۇتنىڭ بۇ سۆزلىرى مېنى ئوبدانلا ئويلاندۇرۇپ قويدى. جاھاندا ياخشى ئادەم دېگەن نۇرغۇنىكەن. «ۋاي بالام، مۇشۇ ئۆينى ئۆزۈمنىڭ ئۆيى دەپ تۇرىۋەرسىلە. ئاداشلىرىدىن ئايرىلمايمەن دېسىلە بوپتۇ، ھەممىسى مۇشۇ ئۆيدە تۇرسۇن. ئاش - تاماقلىرىنى مەن ئېتىپ بېرەي، كىر - قاتلىرىنى مەن يۇيۇپ بېرەي» دەپ كەتتىغۇ، ئۇنىڭ سۆزىدە قىلچە ياسالمىلىق يوقكەن. لېكىن ئەخمەتجانلار بۇ يەردە تۇرۇشقا قوشۇلمىدى. ئاخىر ئۇلارغا قىيماي قايتىپ كەلدىم. مانا ئۇلار ھازىر ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاقتەك ئۇخلاۋاتىدۇ. بايىقى تۇرمەل تازا ھاردۇق چىقارغان چېغى، پۇشۇلداشلىرىمۇ ناھايىتى رىتىملىق. مەن ھازىر ئەتىنى ئويلاشقا پېتىنالمايمەن. ماخمۇتنىڭ دېيىشىچە، ئەتە ئەتىگەن ئەترەت باشلىقى سۇلايمان بىزنى ئىشقا تەقسىم قىلارمىش. بىزنى نېمە تەقدىر كۈتۈپ تۇرغىنىنى بىلمەك تەس.

ئابدۇسالام سۇس يورۇپ تۇرغان لاپما چىراغنىڭ يورۇقىدا مۇشۇ بەش يىلدىن بۇيان يېزىپ كېلىۋاتقان كۈندىلىك خاتىرىسىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ يېزىۋاتاتتى. قەيەرلەردىندۇر ئىتلارنىڭ تۇيۇقسىز ھاۋشىشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ سوزۇپ ھاڭراشلىرى ئاڭلىنىپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا تاغلىق يېزىنىڭ جىمجىت كېچىسى ئابدۇسالامنىڭ خاتىرە يېزىشىغا تەسىر يەتكۈزمەيلى دېگەندەك ناھايىتى تىمتاس ئىدى. ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن يۇلتۇزلارغا تويۇنغان ئاسمان بۇرجىكى ئېنىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئىشىك كەينىدىكى كىچىك كاماردىن كىتىرلىغان ئاۋاز پات - پات ئاڭلىنىپ ئابدۇسالامنىڭ مىسكىن ۋۇجۇدىغا بىر خىل قورقۇنچ سېلىپ تۇراتتى.

«چاشقان، — دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئابدۇسالام قولىدىكى خاتىرىسىنى يېپىپ سومكىسىغا سېلىۋېتىپ، — ئادەم

ئولتۇرمىغىلى ئۇزۇن بولغان بۇ ئۆيدە چاشقان نېمىش قىلىدىغان-دۇ ؟ يا ئۆمۈچۈك تور توقۇۋاتامدىغاندۇ ، بايا بىر نەچچە ئۆمۈچۈك-نى توقۇغان تورلىرى بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلىغان تۇرساق يەنە بار ئوخشىمامدۇ . يەنە قېلىپ قالغانلىرى بولسا ئۇخلاپ قالساق بىز-نى چېقىۋالمىسا بولاتتىغۇ ، ماۋۇ ئاداشلارنىڭ كۆڭلىنى دېمىسەم سىپىربخان ئانىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتىم - دە . دادام - ئاپام-لارنى تونۇيدىكەن . «بىر كۆرگەن تونۇش ، ئىككى كۆرگەن تۇغ-قان » دەيدىغان گەپ بارغۇ ، پەرىشتە سۈپەت ئانىنىڭ غەرەزسىز تەكلىپىنى رەت قىلىپ قايتىپ كەلدۇق ماۋۇ تاشلاندۇق ئۆيگە . بىلمەن ، ئەخمەتجان بىلەن ئابدۇراخمان ئۇ ئۆيدە تاماكا چېكەل-مەيمىز دەپ قايتىپ كەلدى ھەرقاچان . »

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان «چىر - چىر» قىلغان ئاۋازدىن ئابدۇ-سالام دىڭگىدە چۆچىدى . ھېلىقى ئىشىك كەينىدىكى كاماردىن چىقىۋاتقان بۇ ئاۋاز ئىككى چاشقاننىڭ بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىدىن چىققان ئاۋاز ئىدى . ئۇلار شۇ تاپ بۇ ئۆيگە يېمەكلىك كىرگىنىنى سەزگەن بولغاچقا كامارنىڭ ئالدىنى تالىشىپ ئاشۇ لامپا چىراغ ئۆچۈشى ھامان ئولجىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىۋاتاتتى . ئابدۇسالام ئاۋاز چىققان كامارغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى . كاماردىن تۇمشۇقىنى چىقىرىپ تۇرغان چاشقان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئابدۇسالامغا قاراپ تۇراتتى .

— ئەخمەتجان ، ھەي ئابدۇراخمان ، تۇرۇڭلار ، ماۋۇ ئۆيدە چاشقان باركەن ، — ئۇ دوستلىرىنىڭ پۇتلىرىنى تارتقۇشلاپ ئۇلارنى ئويغاتتى .

— بىردەم بولسىمۇ ئۇخلىغىلى قويساڭچۇ ، ئاداش ،— دېدى ئابدۇراخمان ئوڭ يېنىدىن سول يېنىغا ئۆرۈلۈپ .

— چاشقان باركەن دەۋاتىمەن سىلەرگە .

— چاشقان بولسا بولمامدۇ ، سېنى يەۋالامتى ئۇ ، ئۇخ-لىغىنە .

ئابدۇسالام يەنە بايىقى كامارغا قارىدى . ھېلىلا تۇمشۇقىنى

چىقىرىپ تۇرغان چاشقان بايىقى ئاۋازدىن چۆچۈپ يوقالغانىدى . ئابدۇسالامنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەن بىلەن قورقۇنچى تېخى بېسىلمىغانىدى . ئۇ لامپىنى كۆتۈرۈپ كاڭدىن پەسكە چۈشتى ـ دە ، كامارنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، سوقما تامنىڭ سوـ يۇلۇپ چۈشكەن سۇۋاق پارچىسىدىن بىر پارچە ئېلىپ ھېلىقى كامارغا تىقتى ـ دە ، كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ ئورنىغا قايتىپ كەلدى . ئۇ بايىلا سېلىپ قويغان يوتقىنىنىڭ بۈرجەكلىرىنى كۆرپە ئاستىغا تىقىپ ئۆزىنى خۇددى تاغارغا سولىۋالغاندەك ھىمـ لىۋالغاندىن كېيىن لامپا چىراغنىڭ لامپىسىنى سەل كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇنى پۈۋدەپ ئۆچۈردى ـ دە ، بىردىنلا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئورالغان بۇ ئۆيگە ئەنسىزلەرچە قاراپ ياتتى .

جاھان ھېكمەتلىرى ئاجايىپ رەڭدار ھەم جەزبىدار . سەن ئۇنىڭ مەڭگۈ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىر ـ سېھىرلىرى ئىچىدە ياشايسەن . دەرھەقىقەت تۇنۇگۇن يىغلىغان ئادەمنىڭ بۈـ گۈن كۈلمىكى بەرھەق بولغىنىدەك ، بۈگۈن كۈلگەن ئادەمنىڭ ئەتىلا يۈرەكلىرى لەختە ـ لەختە قانغا توشقىنىدەك ئازابلارغا دۇچار بولمىقىمۇ بەرھەق . «ئالدىرىماڭ يارەي ، سىزگىمۇ باـ رەي » دېگەن گەپ بەلكىم مۇشۇ نۇقتىدىن چىققان بولسا كېرەك . ئابدۇسالام ئۆزىنىڭ شوخ ۋە ئەركىن ، سەبىي چاغلىرىدىكى ئاشۇ شاد ـ خۇراملىقىنى مانا مۇشۇ بەش يىلدىن بۇيان بەكمۇ سېغىنىـ دىغان بولۇپ قالغانىدى . ئون بەشتىن ھالقىپ ئون ئالتىگە قەدەم قويۇۋاتقان مەزگىللەردىكى بۇ سورۇقچىلىق بەلكىم ئۇنىڭ ئاشۇ سەبىي ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە كۆرگەن راھەتلىرىنىڭ ئەكسىدۇر . بەلكىم بۇمۇ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىنى تېخى تېتىپ باقمىغان بىر ياشقا مۇشۇنداق تۇرمۇشلارنىڭمۇ جاھاندا بار ئىكەنـ لىكىنى ، تۇرمۇش يولىنىڭ مۇشۇنداق ئەگرى ـ توقايلىقلاردىن تەشكىل تاپىدىغان سانسىزلىغان چىغىر يوللارنىڭ بىرىكىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بولۇۋاتقان قايتىلانما

ھايىتىنىڭ شەكىلسىز ، قىممەتسىز بىر كۆرۈنۈشىدۇر . مانا بىر ئائىلە — يەتتە جان ئادەمنىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئاشۇ دادىسىنى يېزىغا ماڭغۇزۇش بىلەنلا باشلاندىغۇ ؟ بۇنداق ئائىلىلەر ھازىر پەقەتلا ئابدۇسالامنىڭ ئائىلىسىلا ئەمەس-قۇ ؟ ئاھ ئۇرۇش ، يىغلاش بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس . ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ يەردە ياخشى ئىشلەپ ، ئاشۇ دېھقانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەندىلا مەكتەپلەرگە ، زاۋۇتلارغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېلىقى كورەشجان قايتا - قايتا تەكىتلەپ كەتتىغۇ ، بىزغۇ چېنىقىشقا بارىمىز ، بارمايمىز دەپ بىر يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق . بىزدىن بۇرۇن يېزىغا چۈشكەن-لەرنىڭ كۆپىنچىسى بەش - ئالتە ئاي ئىشلەپلا زاۋۇتلارغا ئىشچى بولۇپ كىرىپ كەتتىغۇ ، مېنىڭغۇ ئىشچى بولغۇم يوق . ئەگەر ئىشچى بولغان تەقدىردىمۇ ھەقىقىي تېخنىكا بىلىدىغان ئىنژېنېر بولۇشۇم كېرەك ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئوقۇشۇم كېرەك . ئوقۇشقا بېرىش ، ئالىي مەكتەپلەردە ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھ-سىل قىلىش مېنىڭ ئۆمۈرلۈك نىشانىم . لېكىنزە ، مۇشۇ يەردە ئىشلەشنىڭ چېكى زادى قانچىلىك...

ئۆزۈنغا سوزۇلغان خىياللار ئۇنى ئاخىر چارچاتتى . تۈڭ-لۈكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلار تۇركۇمىنىڭ ئورنى ئۆزگەر-گەندەك تۇراتتى ، بۇنى ئۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن ھازىرقى تۇرمۇشىغا باغلاپ تەھلىل قىلغان ئابدۇسالامنىڭ خىيالى ئاللىقاياقلارغىدۇر پەرۋاز قىلغاندەك تۇراتتى ، ئۇ ئاشۇ گاراڭلىق ئىچىدە قانداقلارچە ئۇخلاپ قالغىنىنىمۇ سەزمەيلا قالدى .

«جاڭ - جاڭ - جاڭ !» ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن چۆچۈگەن ئابدۇسالام كۆزىنى ئاچتى . تۈڭلۈكتىن يورۇق چۈش-كەندى . دېمەك تاغلىق يېزىنىڭ سەھىرى ، بۇ چېنىقىشقا كەل-گەن ياشلارنىڭ يېڭى سەپىرى باشلانغاندى .

«جاڭ - جاڭ - جاڭ !» تاختايلىرى بوشاپ كەتكەن ئىشىك

هازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ئۇرۇلماقتا ئىدى .
— كىمۇ ؟— دېدى ئابدۇسالام چاپىنىنى كىيىۋېتىپ .
— ئۇخلاۋېرەمسىلەر ئاقنانچىلار ، ئاپاڭلارنىڭ قۇچىقىدا ياتـ.
قاندەك بەھۇزۇر ھە ، تېزرەك قوپۇپ ئەترەت ئىشخانىسى ئالدىغا
بېرىڭلار ،— بوغۇق ، ئەمما قوپال ئاۋازدىن ئۇلار ئۇز بېشىغا
كەلگەن قىسمەتنى ھېس قىلىشقاندەك ئولتۇرۇپ قېلىشتى .
— مانا ھازىرلا بارىمىز ، — دېدى ئابدۇسالام .
— نېمە بالاغا قالدىم ئەمدى ، — ئۇ ئادەم غودۇڭشىغانچە
ئىشىك يېنىدىن يىراقلاشتى .
— ھېلىقى ئەترەت باشلىقى ئوخشايدۇ ، ھە ،— دېدى ئابدۇـ.
راخمان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ،— تاڭ سەھەردە ئادەمنىڭ ئۇيقۇـ.
سىنى بۇزۇپ .
— مەيلى ئەمەسمۇ ، سەھرا دېگەندە مانا مۇشۇنداق چېنىقىـ.
دىغان گەپ ، مەن ھەر كۈنى سەھەر تۇراتتىم ، بۈگۈن ئەجەب
ئۇخلاپ كېتىپتىمىنا . بولۇڭلار ، تېزرەك بارايلى ، بەلكىم بىزنى
بۈگۈن ئىشقا تەقسىم قىلىشار . بىزنى نېمە ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدۇ
تېخى ، قېنى كۆرمەيمىزمۇ ، قولىقىمىزنى يۇمشاق قىلىپ نېمە
قىل دېسە شۇنى قىلىپ بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشنىڭ ئامالىنى
قىلمايمىزمۇ ،— دېدى ئابدۇسالام پايپىقىنى كىيىۋېتىپ .
— ئەستا ، چايمۇ ئىچمەي ئىشقا ماڭامدۇق ئەمدى ،— دېدى
ئىبراھىمجان پۇشۇلدىغىنىچە ئىشتىنىنى كىيىۋېتىپ ،— ھېلىقى
سېپىرىخان مومايىنىڭ ئۆيىدە تۇرساقمۇ بوپتىكەن . ئەتىگەندە
ھېچبولمىسا ئىسسىق بىر چىنە چاي بولسىمۇ ئىچەتتۇق ـ دە .
— ئۇ سېنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرسۇن دېمىدى ، — دېدى
ئابدۇراخمان ئۇنىڭ يەلكىسىگە مۇشتلاپ قويۇپ ،— ئەسلىي ئابـ.
دۇسالامنى ئېلىپ قالغۇسى باركەنتۇق شۇ . ئۇ مومايىنىڭ گېپىدـ.
نىڭ ئورانىدىن قارىغاندا ئابدۇسالام ئۇلارغا تۇغقان كېلىدىغاندەك
تۇرىدۇ .

www.uyghurkitap.com

— يوق گەپ قىلما، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ، — ئەگەر تۇغقان بولسا ئۇدۇللا دەۋەرمەمتى.

— ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قورققان گەپ، — دېدى ئابدۇراخمان.

— بولدى تالاشماڭلار، — دېدى ئەخمەتجان يوتقانىنى قاتلاپ يىغىۋېتىپ، — «بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەندەك، ئەگەر ئابدۇسالام شۇ ئۆيدە تۇرغان بولسىلا بىزگىمۇ تاماق بار بولاتتى ئەمەسمۇ. ھە راست! ئەتىگەندىغۇ سوغۇق سۇ بىلەن نەمدەپ نان يەپ تۇرارمىز، لېكىن چۈشتىچۇ؟ كەچتىچۇ؟ قۇرۇق ناننى يەۋەرسەك بولماس ئاغىنىلەر. بىرەر ئامال تاپقاچ تۇرايلى.

— ئەمدى تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىمىز ئاغىنىلەر، — دېدى ئابدۇسالام ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — چېنىقىش دېگەن شۇغۇ، ئۆي دېگەن يىراقتا قالدى ئەمدى، ھېلىقى قاراڭغۇ بازار مەھەللىسىدىكى تۇرسۇننى بىلىسىلەرغۇ، ئۇلار يېزىغا چۈشكەندە ھەر كۈنى بىرەيلەن ئۆچىرەت بىلەن تاماق ئېتىپ يەيدىكەن.

— مەن ئالدىن دەپ قوياي، مەن تاماق ئېتىشنى زىنھار بىلمەيمەن، — دېدى ئىبراھىمجان يوتقىنىنى تۇرمەللەپ بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇپ.

— مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى ئەخمەتجان.

— مەن پەقەت چايلا قايناتالايمەن، — دېدى ئابدۇراخمان ئابدۇسالامغا قاراپ، — بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان مۇشۇ ئاغىنىمىزلا بار. بوۋا ـ مومىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن دەپ ھەممە ئىشنى ئۆگەنگەن، ئابدۇسالام ئاداش، بولدى، ساڭا بۆلۈنگەن ئىشنى بىز بىرلىشىپ قىلىشىۋېتەيلى، سەن ئۆيدە قېلىپ بىزگە ئاشپەزلا بولغىنە زادى.

— مەنمۇ خېمىر يۇغۇرالمايمەن شۇ، — دېدى ئابدۇسالام

ئۇلارغا قاراپ ، — موماملىڭ ئۆيىدە چۆچۈرە تۈگۈش ، قورۇما قورۇشلارنى ئاز ـ تولا ئۆگىنىۋالغان . ھە راست ! ئۇماچ ئېتەلەيـ مەن . چامغۇر ياكى ياڭيۇ سېلىپ ئەتسە بەك تەملىك بولىدۇ .

— بىزگە شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئاداش ، — دېدى ئەخمەتجان دىقماق قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ، — بىزگە تاماق ئەتكەچ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرىدىغان بولدۇڭ ـ دە ، يەنىلا ھەممە ئىش قولدىن كەلسە ياخشىكەن ، شۇنداق كېلىشتۇق ئەمىسە .

— ئاۋۋال ئەترەت ئىشخانىسىغا بىر بارايلى ، قېنى بىزنى قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدىكىن ، شۇ چاغدا ئەھۋالغا قاراپ بىر نەرسە دېيىشەرمىز ، بىزدە «ئۆيدىكى ھېسابات بازارغا توغرا كەلمەيتۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ،— دېدى ئابدۇسالام ئايىغىنى كىيىپ ئىشىكنى تىرەپ قويغان تاشنى بىر يانغا سۈرۈپ ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ .

— پاھوي ، كۆن چىقىپ كەتكەن گەپكەنغۇ ،— دېدى ئەخـ مەتجان كاڭنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ ئايىغىنى كىيىۋېتىپ ،— ماۋۇ ئۆينىڭ دېرىزىسى يوق بولغاندىكىنزە كۆن چىققىنىنى تۇيماي تازا ئۇخلاپتۇق ئەمەسمۇ .

— شۇڭىزە ھېلىقى قاپىقى يامان ئەترەت باشلىقى ئىشىكنى مۇشتلاپ «ۋۇ بېلى بوش ئاقسـنانچىـلار» دەپ تىـللاپ كېتىپتىـ كەن ـ دە ،— دېدى ئابدۇراخمان يوتقىنىنى كۆرپىسى بىلەنلا تۈرمەللەپ سۈۋاقلىرى سويۇلۇپ تۇرغان تامنىڭ يېنىغا قويۇۋېـ تىپ .

— ئـۆزىنى كـۆرمەي قـاپىقىنىڭ يـامـانلىقىنى قانداق بىلىسەن ؟— دېدى ئەخمەتجان ئابدۇراخمانغا قاراپ .

— ئىشىكنى خۇددى بىرىدە ئېلىشى باردەك جالداقشىتىپ مۇشتلاشلىرىدىن ، ئەنسىز ۋارقىراشلىرىدىن بىلمەمسەن ، — دېدى ئابدۇراخمان تەن بەرگۈسى كەلمەي .

— بولدى ، يوق گەپنى تالاشماڭلار ، ئىشقىلىپ ئەمدى پـاتـ

ـاڭغا كـۆن چـۆشكىچە ئـۇخلايدىغان ئىشلار تۇگەپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، — دېدى ئىبراھىمجان ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىـ دىن تۇرۇۋېتىپ .

— دادامـۇ دائىم «ئەتىگەن تۇرغان ئىتنىڭ قارنى توق» دېگەن گەپنى بەك تەكرارلايدىغان ، سەھەرادا مۇشۇ گەپنىڭ تەمىنى بىلىۋاتىمەن ، مانا ئاچ قورساق ئىشقا ماڭىدىغان بولدۇق ، ئىتـ تىك بولايلى ئاغىنىلەر ، ھېلىقى باشلىقنىڭ ئاۋازىدىنلا خېلى ئاچچىقى بار ئادەملىكىنى بىلىۋالدىم ، — ئابدۇسالام ئاخشام سېپىرىخان ئانىنىڭ ئۆيىدىن ئەكەلگەن چېلەكتىكى سۇدىن بىر كۇرۇشكا ئېلىپ سىرتقا چىقتى ـ دە ، يۈزىنى يۇيدى . چىشىنى چوتكىلىدى . ئاندىن دوستلىرى يۈزىنى يۇيۇپ بولغۇچە ئاندا ـ ساندا ئۆسۈپ قالغان يانتاق ، قامغاقلار ئارىسىدا بىر پەس ھەرىـ كەت قىلدى ـ دە ، ئۆيگە كىرىپ سومكىسىدىن ئازراق ئاق قوناق ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېقىلغان ناننى تۆت پارچە قىلىپ گېزىت قەغىزى ئۈستىگە قويدى ،— نېمىلا بولسا بولسۇن ئاغىنىلەر ، ئازراق ناشتا قىلىۋالايلى ،— دېدى ئابدۇسالام چېلەكتىكى سۇدىن بىر كۇرۇشكا ئېلىپ ،— بەلكىم ئەترەت ئىشخانىسىغا بېرىشىمىز بىلەنلا ئىشقا بۆلىدۇ ، ئاچ قورساق تېخىمۇ چىدىماي قالىمىز ھەرقاچان .

— ئازراق ئوتۇن تېپىپ چاي قاينىتىپ ئىچىۋالساق ياخشى بولاتتى ،— دېدى ئابدۇراخمان ناندىن بىر پارچىنى ئېلىپ چىشلەـ ۋېتىپ ،— سوغۇق سۇ بىلەن تازا بىر•••

— كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە ھەممىمىز بىرەر قۇچاقتىن ئوتۇن تېرىپ ئالغاچ كېلەيلى ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇلارغا قاـ راپ ،— ئەتىسى ـ ئاخشىمى ئىسسىقراق بىر نەرسە يەيمىز دەيدىـ كەنمىز ، بىزگە ئوتۇن بولۇشى كېرەك .

— كۆمۈر بولسا تازا ياخشى بولاتتى ـ دە ، كاساپەتنىڭ . بۇدا ئۆيگە بارغاندا ھەممىمىز بىرەر تاغاردىن كۆمۈر ئەكېلەيلى .

تاغ هاۋاسىنى كۆردۇڭلارمۇ؟ مانا هازىرلا ئادەم توڭلىغىدەك سوغۇق بولىدىكەن . بۇ يەردە دېسەم ـ دېمىسەم 10 ـ ئاي كىرىشى بىلەنلا قار ياغىدۇ .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ،— ئۇلار دىڭگىدە چۆچۈپ كەينىگە ئۆرۈلدى . ماخمۇتجان ئۇلارغا قولىنى سوزغان هالدا ئىشىكتىن كىرىۋاتاتتى ،— هە ، قانداقراق تۇردۇڭلار ،— ئۇ باللار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقتى ،— بىز تاغچىلارنىڭ ئادىتى شۇنداق ، بىر ئۆيدە ياتساقمۇ ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرۇپلا بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئەهۋاللىشىمىز ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشىمىز . چۈنكى ئۇيقۇ دېگەن يېرىم ئۆلۈم بىلەن باراۋەر دېگەن گەپ بار . ئاخشاملا ساق تۇرۇۋىدى ، توۋا خۇدايىم ، مانا خۇدا ئامانىتىنى ئاپتۇ ، دەيدىغان گەپ نۇرغۇنغۇ بىزدە . خېلىلا ئۇخلىغان ئوخشايسىلەر هە ، سۇلايماننىڭ ئەرۋاهى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ ، «بايا باردىم ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقاندەك بەخىرامان ئۇخلاۋېتىپتۇ ، ئويغىتىپ قويۇپ كەلگىلى نەۋاق ، هازىرغىچە يوق بۇ ئاقنانچىلار» دەپ تەتۈر تۇكۇرۇپ ئولتۇرىدۇ ، يۇرۇڭلار ، مەن سىلەرنى ئالغىلى كەلدىم . توغرىسى سۇلايمان مېنى ئەۋەتتى . ئەمدى تېزرەك بارمىساق ئىشىڭلار چاتاق .

ئۇلار ماخمۇتجانغا ئەگىشىپ ئەگرى ـ بۈگرى مەهەللە يولىنى بويلاپ مېڭىپ كېتىشتى . شۇ تاپ ئابدۇسالام تاشلار ئارىسىدا مۆكۈنۈپ ياتقان كۆجۈم مەهەللىگە تازا زەن سېلىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ بىر پەس مېڭىپلا بۇ مەهەللىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئوبدانلا چۈشىنىۋالدى . ئەسلىدە بۇ يەردە مەهەللە پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا مۇنۇ يوغان قورام تاشلار بۇ سايلىقنىڭ خوجايىنلىرى بولسا كېرەك . بۇ مېهنەتكەش تاغچىلار بۇ يەرگە ئۆي سېلىشقا كىرىشكەندە كۆچى يېتىدىغان تاشلارنى يۆتكەپ ، كۈچى يەتمەيدىغانلىرىنى بولسا ئۆز هالىتىدىلا تاشلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي سوقما تاملىق ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلىرىنى سېلىشقان بولسا كېرەك .

www.uyghurkitap.com

شۇڭا مەھەللە يولىمۇ يىلان باغرى بولۇپ تۈز ئېلىنغان يولنى تېپىش تەس ئىدى . ھەممىلا ئائىلىنىڭ چىت تاملىق ياكى پاكار تاش قۇرۇلمىلىق قورۇ تاملىرى ئىچىدە ئاددىي دېھقان ئۆيلىرى تاشلار بىلەن بەسلەشكەندەك مۆكچىيىپ ياتاتتى . پاكار تۇرخۇنلار-دىن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇچ ئىس ئېرەنسىزلىك بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈ-لۈپ ساپ تەبىئەت قوينىغا سىڭىشىۋاتاتتى . ھەممە ئائىلىدە ئىت بېقىلسا كېرەك ، بىرەر ئىت قاۋاپ قويسا پۈتۈن مەھەللە ئىتلىرى مۇسابىقىگە چۈشكەندەك بەس - بەستە قاۋاپ بۇ مەھەللە خۇددى ئىت بازىرىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بىر خىل تۇيغۇ بېرىپ تۇراتتى . ئورغاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئەرلەرنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئاياللارنىڭ بىر قولىدا قاپاق ، يەنە بىر قولىدا ئەيتاۋۇر نېمە يۆگىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان داستىخان كۆتۈرۈشۈۋالغا-نىدى . ئۇلار سىرتتىن كەلگەنلەرنى ئوڭايلا بىلىۋالسا كېرەك ، ماخمۇتجانغا سوڭدىشىپ كېلىۋاتقان تۆت بالىغا ئەجەبلىنىش نەزە-رىدە قارىشىپ ئۆتۈپ كېتىشىۋاتاتتى .

— ياخشىمۇسىز سوپاخۇنكا ، ئورمىغا ماڭغان ئوخشىما-سىز ؟

— شۇنداق بالام ، ئۆزۈڭچۇ ؟ نەگە كېتىۋاتىسەن ؟

— بىزگە شەھەردىن ماۋۇ تۆت بالىنى چېنىقىشقا ئەۋەتىپتى-كەن ، — دېدى ماخمۇتجان چارلاشقان كەكە ساقىلىنى تىترىتىپ سۆزلەۋاتقان چىرايى مىستەك پارقىراپ كەتكەن ۋىجىك ئادەمگە قاراپ ، — ئەترەت ئىشخانىسىغا ، سۇلايمان ئەترەت باشلىقىنىڭ قېشىغا ئەكېتىۋاتىمەن .

— ۋاي ، بىچارە بايقۇشلار ،— دېدى ئۇ ئادەم بالىلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن تىللىرىنى يېنىك چاكىلدىتىپ تۇرۇپ ،— سىلەرنى چېنىقتۇرۇپ نېمىمۇ قىلار بولغىيتتى ، بۇ سەھرانىڭ دەردلىرىنى بىزلا تارتىپ تۈگەتسەك بولمامدۇ . بۇ ئۇستىخىنى قاتمىغان بالىلار بىزنىڭ ئىشىمىزغا چىدالارمۇ ؟

— قانداق قىلىمىز سوپاخۇنكا ،— دېدى ماخمۇتجان دىقماق قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ،— ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە بويۇن تولغىغىلى بولمايدۇ . بۇ باللار مۇشۇنداق سەھرادا چېنىقمىسا ئۇلارغا شەھەردىن ئىش بەرمەيدىغان ئىشكەن . شۇڭا چىقتىغۇ بۇ باللار ، ھە راست ، سوپاخۇنكا ، ماۋۇ بالا ، — دېدى ئۇ ئابدۇسا-لامنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ، — بىزنىڭ تاش ئۆستەڭنى چاپتۇرغان ھېلىقى ئابدۇساھىپ كاتىپنىڭ ئوغلىكەن .

— ھە ، مۇنداقمۇ گەپ بار دېگىن تېخى ، — ئۇ ئادەم ئابدۇسالامغا ياشاڭغىرىغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ كەكە ساقىلىنى سىلىدى ، — ئوخشايدىكەن ، سويۇپ چاپلىغاندەكلا ئوخشايدىكەن . ۋاي گاڭ بالام ، دادىلىرى بىزگە سۇ ئەمەس ھە-رەمنىڭ زەمزەم سۇيىدەك شىپالىق سۇ باشلاپ ئەكېلىپ بەرگەن كاتتا ئادەم جۇمۇ ، مانا ئاشۇ زەمزەم سۇنىڭ شاراپىتىدىن تاشبا-لىقتا بىر نەچچە يۈز مو يەرنى ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرۇۋالدۇققۇ ، ئاجايىپ بىر كادىر ئىدى جۇمۇ ، دېھقانىنىڭلا غېمىنى يەيدىغان ، بۇيرۇتۇپ ، قېلىپ بىلەن سوقتۇرۇۋالغاندەكلا . ھە بالام ، دادىلى-رىنىڭ مۇبارەك بويى ئاماندۇ ، ھازىر نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ ئۆزى ؟

— تىنچلىق تاغا ،— دېدى ئاخشامقى سوئالنىڭ يەنە تەكرار-لانغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان ئابدۇسالام كۆزىنى بوۋاينىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ ، — ھەممىلىرىگە دادام سالام ئېيت-تى .

— ئۆزىمۇ سالامەت بولغاي ئىلاھىم ،— دېدى ئۇ ئادەم قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ ،— ئىبارا ! خۇدايىم ئاشۇ ئاغزى يۇم-شاق ، تىلى تاتلىق ئابدۇساھىپ كاتىپ بالامنىڭ ئالغان تۇپىسى ئالتۇن ، باسقان يولى كۈمۈش بولغاي .

— بىز ئەترەت ئىشخانىسىغا ماڭغان ، — دېدى ماخمۇتجان ئاخشامقى گەپنىڭ يەنە تەكرارلىنىپ ئابدۇسالامنىڭ كۆڭۈل يارى-

www.uyghurkitap.com

سىنى قايتا تاتلاپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، — شۇ يەرگە ئىتتىكرەك بارايلى، بىكار سۇلايماننىڭ تىلىغا قالمىسۇن بۇ باللار، ئەته ـ ئۆگۈن ۋاقىت چىقىرىپ مەن بۇ باللارنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە باشلاپ باراي.

— ۋاي ئاغزىڭغا ناۋات سالغۇدەك گەپ قىلىسەن جومۇ، بولسا شۇنداق قىلسىنا ئاخۇن بالام، — دېدى سوپاخۇن مېڭىشقا تەمشىلىپ، — باشلاپ بارساڭ ئابدۇساھىپ كاتىپنىڭ بالىسىنى ئاغىنىلىرى بىلەن بىر مېھمان قىلىۋالاي زادى.

ئابدۇسالام گەپلىرى يېقىشلىق بۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن بىر پەس قاراپ تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ كاللىسىدا دادىسىنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ نۇرلىنىشقا، يوغىناشقا باشلىغانىدى.

— ئىشخانىغا يېتىپ كەلدۇق مانا، — دېدى ماخمۇتجان ئابدۇسالامنى خىيالدىن ئويغىتىپ، — ئەنە، ئاۋۇ ئەترەت باشلىقى سۇلايمان.

ئابدۇسالام ئالدىغا قارىدى. ئادەتتىكى دېھقان ئۆيلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئالدىدا ئېگىز بويلۇق، قارىمۇتۇق، ياپما قاپاق، قوۋۇز گۆشلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان، يۈزىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى قويۇق يىرىك ساقال ـ بۇرۇت قاپلىغان بىر ئادەم تاماكا چېكىپ تۇراتتى. ئۇ كۆك تېرىكە ئىشتان بىلەن بالداقلىق قىزىل مايكا كىيگەن بولۇپ، مايكا ئۇستىگە كىيىۋالغان سېرىق ھەربىي چاپىنىنىڭ ئالدى تۈگمىلىرى ھەم ئېتىلگەن، بېشىغا كىيگەن سېرىق ھەربىي شەپكىسىنىڭ چېكىلىكى قىيسىيىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى كۆرۈنۈشى كۆرەشجاننىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى سىياقىغا ئوخشاپ قالغانىدى. كەم قالغىنى ھەربىيچە كەمەر ئىدى، خالاس.

— ئەترەت باشلىقى، مانا، بىزدە چىنىقىدىغان زىيالىي باللارنى ئەكەلدىم، — دېدى ماخمۇتجان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ.

سۇلايمان گەرچە يىراقتىنلا ئۇلارنى كۆرگەن ۋە دىققەت

قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ھازىر ئۇلارنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتـ قاندەك ھەممىسىنىڭ چىرايىغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى ـ دە ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ماخمۇتجانغا يۈزلەندى .

— سەن ئاچىققان زىيالىي ياشلار مۇشۇما ؟ ئەمدىلا پىلەك ئارىسىدىن كۆرۈنگەن توك خەمەكلەر ئىكەنغۇ ؟ قاراپ باقە ، ئۇلارـ نىڭ كۆكەرمىگەن ئېڭەكلىرىگە ، بۇلار كەتمەن چاپالامدۇ ھە ؟ ئورغاق تۇتالامدۇ ؟ ! مۇشۇلارنى بەرسە ماقۇل دەپ ئاچىقتىڭما ۋۇ كالۋا...

— ھەممىسى تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن باللاركەن ئەترەت باشلىقى .

— نېمىشقا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئەكەلمىدىڭ . كۆزۈڭ كورمۇ سېنىڭ ھە ؟ ! — ئۇ چېچىلغان ھالدا ماخمۇتنى سوتلاپلا كەتتى .

بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلىپ تۇرغان تۆتەيلەننىڭ كاللىسىدا بىردەمدىلا ھەر خىل خىياللار ئەگىشكە باشلىدى ، ئابدۇسالامدىن باشقىسى بىراقلا ماۋۇ قاپىقى يامان باشلىقنىڭ بۇ ئىشىغا ئاچچىقـ لىنىپ ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلماي كەتكۈزۈۋېتىشىدىن ئەنسىرىسە ، ئابدۇسالام «مەن مۇنداق كىچىك باللارنى ئالمايـ مەن ، دەپ كەتكۈزۈۋەتسە بىر ئامال قىلىپ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇپ قالسام قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى .

— خاپا بولمىسىلا ئەترەت باشلىقى ، ماڭا ئانى بېرىسەن ، مانى بېرىسەن دېگىلى بولمايدىكەن ، ناھىيىدىن بىزگە تەقسىم قىلغىنى مۇشۇلاركەن ، شۇڭا ئەكەلدىم ، ھە راست ، — ماخمۇتجان سۇلايماننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىقىغا بىرھازا پىچىرلىغاندىن كېيىن سۇلايمان چېكىۋاتقان تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ ئۇنى دەسسەپ ئۆچۈردى ـ دە ، ئۇلارغا قارىدى .

— بوپتۇ ، بۇ بىر سىياسىي ۋەزىپە بويۇنتاۋلۇق قىلساق بولمايدۇ ، ناھىيە ئەۋەتكەندىن كېيىن سىلەرنى ئېلىپ قالايلى .

www.uyghurkitap.com

لېكىننزه ، بۇندىن كېيىن بۇگۇنكىدەك كۈن چۈش بولغۇچە ئۇخ-
لايدىغان ئىش بولمىسۇن . دېھقان خەق دېگەن سەھەردە تۇرىدۇ .
سىلەر بۇگۇن ئەتىگەنلىك ئەمگەككە قاتناشمىدىڭلار ، ئەتىدىن
باشلاپ قاتناشمىساڭلار زادى بولمايدۇ . كەمبەغەل دېھقان ،
تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىش ئۈچۈن
ئۇلار بىلەن ھەممە ئىشتا بىرگە بولۇش كېرەك . ھە ، ئابدۇسالام
دېگىنىڭ قايسى ؟ !

— مەن ، — دېدى ئابدۇسالام ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ .

— سەن بۇگۇندىن باشلاپ سادىق قويچى بىلەن جاڭگالدا مال
باقىسەن . ئۇ يالغۇزچىلىق تارتىپ قالغانتى . بويۇڭمۇ جوغايدەكلا
كىچىك ، يىگلەپ قالغان قوغۇندەك ئورۇق نېمىكەنسەن . كەتمەنگە
كۈچۈڭ يەتمەيدۇ سېنىڭ ، داداڭ نان بەرمىگەنمۇ ساڭا ، ھە ئەمدى
ماۋۇ ئۈچىڭلارغا كەلسەك سىلەر بۇگۇندىن باشلاپ ئورمىغا چىقىد-
سىلەر . تاغ يېرى دېگەندە ئورما مۇشۇنداق كېيىنكە قالىدۇ . ياز
قىسقا ، قىش ئۇزۇن بۇ يەردە ، ئورمىنى تېزرەك تۈگەتمىسەك
خامان قارغا كۆمۈلىدۇ .

— ۋاي باشلىق ، مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى ، —
دېدى ئەخمەتجان ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ چىقىپ ، — ھەممە
ئىشنى ناھايىتى بەك ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتتىڭىز . لېكىننزه ،
ماۋۇ تۆتىمىزنىڭ قورساق مەسىلىمىزنى ئورۇنلاشتۇرمايسىزغۇ ؟

— ئۇنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىمەن ئاقىنانچى ، — دېدى سۇلاي-
مان يانچۇقىدىن بىر پارچە گېزىتنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن بىر
پارچە يىرتىپ موخۇركا يۆگىگەن ھالدا ، — ئامبارچىغا دەپ قوي-
دۇم ، ئامبارغا بارساڭلار بىر ئايلىق نورماڭلار ئۈچۈن بۇغداي ،
قوناقمۇ ئىشقىلىپ نورماڭلارغا تۇشلۇق بىرنېمە بېرىدۇ ، يەنە
ئازراق سۇمايمۇ بار . شۇنى ئەكېتىپ ياغۇنچاقتا تارتىپ ئۇن
قىلىپ يەمسەن ياكى كۆجە قاينىتىپ ئىچەمسەن ئۆزۈڭنىڭ ئىخ-
تىيارى ، تاماق ئېتىپ يېيىش دېگەن ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى تۇرسا

ئۇنى ماڭا دېگىنىڭ نېمىسى ئەمدى ، يا سەن بۇ يەرنى بىرەر ئاشپۇزۇلغا ئوخشىتىپ چىققانمىدىڭ ، ئۇنداق ئويلىغان بولساڭ زور خاتالاشتىڭ دېگەن گەپ ، ئوبدانراق بىلىۋال ، سەن ھازىر شەھەردىكى ھەممە نېمەڭ تەل ئۆيۈڭدە ئەمەس تاشبالىق ئاتلىق سەھرادا تۇرۇۋاتىسەن ، چېنىقىش دېگەننى مۇشۇنداق باشلايدىغان گەپ .

— سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن بىز يا تاماق ئېتىشنى بىلمىسەك ، — دېدى ئەخمەتجان تېخىمۇ تېرىكىپ .

— ئۆگەنمەمسەن ؟ سەن تاماق ئېتىشنىلا ئەمەس ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىقنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىسەن . ئۇقۇپ قوي ، بۇ يەرگە بىلمىگەننى بىلىش ، قىلمىغاننى قىلىش ئۈچۈن كەلدىڭلار . يا سىلەرگە بىرەيلەننى ئاشپەزلىككە توختىتىپ بەرسەم بولامتى ؟ ۋۇ ئاقنانچىلار ، ئاشخانىدا تاماق يەيمىز دەپتىكەنسىلەردە .

— ھەئە ، شۇنداقراق ئويلىغانتۇق ، — دېدى ئىبراھىمجان سۆز قوشۇپ ، — بىز ئەسلىي ئابدۇسالامنى تاماق ئېتىشكە سالايلى دېيىشكەنتۇق ، ئۇ تاماق ئېتەلەيتتى .

— بۇ گەپچىزە ، مەن سىلەرگە بىر ئەمگەك كۈچىنى ئاجرىتىپ تاماق ئەتكۈزۈپ بەرسەم سىلەر شەھەردىكى ئۆيۈڭلەرگە ئوخشاش ئىشتىن كېلىپلا تاماق يەپ ئۇخلىساق دەيدىكەنسىلەر ـ دە . بۇنداق خىيالنى قىلماي ئىشقا بېرىڭلار . بۇ يەردە ھەممە ئادەم ئىشنى تۈگىتىپ كېلىپ ئۆيدە تاماق ئېتىپ يەيدۇ . سىلەرمۇ ئوخشاش .

— بولدى ، بولدى ئۇكىلار ، — دېدى ماخمۇتجان ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ ، — ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىشى كۆپ ئادەم . ئۇنى ئاۋارە قىلىۋەرمەڭلار ، ئىشقا ماڭايلى ئەمىسە ، قانداق دېدىم ئەترەت باشلىقى .

— ھەئە ، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە ، ماخمۇت ، سەن بۇلارنى

www.uyghurkitap.com

ئەگەشتۈرۈپ بىرىپ ئامبارنىڭ ئورغاق ، گۈرجەك ھەم بۇغداي ، قوناقلىرىنى ئېلىپ بەر . بۇلارنى يېرىم كۈن قويۇپ بەردىم ، چۈشكىچە شۇ ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن . چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارسۇن . ئابدۇسالام ، سەن كەچتە سادىق قويچى ماللىرىنى ياندۇرۇپ كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەتە بىللە مال باققىلى چىقىسەن ، مالچى دېگەن سەھەر تۇرىدۇ ، ئۇخلاپ قالما ھە ،— ئۇ گېپىم تۈگىدى دېگەندەك يەرگە «چىرتتىدە» بىرنى تۈكۈرۈپ قويۇپ بايىقى ئاچچىقىدا يۈگىيەلمەي قالغان تاماكىسىنى قايتا ئوراشقا باشلىدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىدىن گەپنىڭ تۈگىگەنلىكى ، ئەمدى قايتا گەپ كوچىلاشنىڭ ھاجەتسىزلىكى چىقىپ تۇراتتى .

— يۇرۇڭلار ئۇكىلىرىم ، — دېدى ماخمۇت ئۇلارنى ئالدىرىتىپ ، — سىلەرنى مەن ئامبارغا باشلاپ باراي ، ئاندىن تراكتورنىڭ قېشىغا بارمىسام بولمايدۇ . مۇشۇ ئەتىرەتتە ئىشلەۋاتقىلى ئون كۈن بولدى . مۆھلەت توشتى دېگەن گەپ ، ئەتە تراكتور پونكىتىغا قايتىمەن . بەلكىم ، غولىنىڭ ئۇ قېتىدىكى مەھەللىگە خامان تەپكىلى بارارمەن . بۇلارنىڭ خامىنى تەييار بولغۇچە شۇ يەردە ئىشلەيدىغان گەپ ئەمدى ، ھارۋىكەش ئاۋارىكەش دېگەن شۇ .

— ئابدۇسالام ، سىنىڭزە خېلىلا تەلىيىڭ باركەن جومۇ ئاداش ،— دېدى ئەخمەتجان يولدا كېتىۋېتىپ ،— بىزلەر ئەمدى مانا پاشا - كۆمۈتىغا يەم بولۇپ ئورما ئورىدىغان بولدۇق . سەن بولساڭ ماللارنى ياپلاقتا ھەيدەپ قويۇپ قارىغاي سايىسىدە ئارام ئالىسەن . نېمىدېگەن پەيزى - ھە ، ئىشقىلىپ بىزنىڭ ئىچىمىزدە سەن تەلەيلىك .

— كۈچۈڭ يەتسە ئاۋۇ سۆرۈن تەلەت باشلىقتا دەپ ئالماشتۇرە ، — دېدى ئابدۇسالام ئاچچىقلاپ ، — شۇ تاپ مېنىڭ سىلەردىن پەقەتلا ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتسا ، نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ مېنى جىلە قىلمىغىنە ئاداش .

— بولدى ، بولدى ، خاپا بولمىغىنە ئاداش ، چاقچاق قىلىپ قويدۇم ساڭا . ئىشقىلىپ بىزنىڭ ئىشىمىزدىن سىنىڭ ئىشىڭ بىر ئاز ئاسانراق دەيمەنغۇ شۇ .

— نەدىكىنى ،— دېدى ماخمۇت ئۇلارنىڭ گېپىنى ئارىلاپ ،— مال بېقىش سىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ، ئەتىگەن بىر چىقىپ كەتسە كەچتە بىراق كېلىدىغان گەپ . يالغۇز بولغاچ يېتىشەلمەيدۇ دەپ ئەترەتنىڭ قېچىرىنى بەرگەنتى . ئەمدى ئەتىدىن باشلاپ مال باقىدىغان ئادەم ئىككى بولدى دەپ قېچىرىنى تارتىۋالىدۇ . ئاشۇ تاغ باغرىغا ئاپىرىپ باقىدىغان گەپ ، ئالاھازەل ئون نەچچە چاقىرىم يەرگە پىيادە بارىدۇ دېگەن گەپ . تاغ يېقىنلا كۆرۈنگەن بىلەن ماڭساڭ خېلى يول ئۇ .

راست دېگەندەك تاغ باغرى يېقىنلا يەردە كۆرۈنگەندەك قىلىغان بىلەن خېلىلا يول ئىكەن . ماخمۇتنىڭ دېگىنى توغرا چىقتى . سادىق قويچى ئۆزىگە بىر ھەمراھ قوشۇلغىنىدىن خۇش بولغاندەك قىلغان بىلەن ھەر كۈنى ئۇستىدىن چۇشمەي تاراسلىتىپ چېپىپ يۈرگەن قېچىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ناھايىتى خاپا بولغاندەك كۆرۈنەتتى .

— مەن ماۋۇ ياقتىن ھەيدەپ ماڭاي ، سەن ئاۋۇ ئېتىزلىق تەرەپتىن ماڭ ،— دېدى سادىق قويچى ماللىرىنى قوتاندىن ئەپچىقىپ يولغا چۈشكەن ھامان قاپقىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا تىك تېگىپ ،— يول ياقىسىدىكى زىرائەتلەرگە بەكرەك چاپىدۇ مال دېگەن ، سەن ماڭا قارىغاندا ياش بولغاندىكىن ئايىغىڭنى ئىتتىكرەك قىل بالا...

ئابدۇسالام ئۇنىڭ بۇ قوپاللىقىدىن ئانچە ھەيران قالمىدى . چۈنكى ھەر كۈنى قېچىردا مېڭىپ يۈرگەن ئادەم بىردىنلا پىيادە مېڭىپ قالسا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەشقولدەك ئايان ئىدى .

ئابدۇسالام ئەتىگەن قولىغا تۇتقۇزۇلغان بارماقتەك چوڭلۇقتىكى يۇلغۇن تايىقنى شىلتىپ يول ياقىسىدىكى كىچىك ئېرىق قىرىدا مېڭىشقا باشلىدى . دېگەندەك ماللار ئېرىق بويىدىكى يۇمران قىياق ، چىغىرتماق قاپلىغان قىرغا يۇگۇرۇشەتتى . بىرىنى قوغلىسا بىرى يۇگۇرۇپ تۇرغاچقىمۇ ، كىچىك ئېرىقتىن تولا سەكرەپ ئۆتۈپ مەھەللە سىرتىغا چىققۇچە ئۇ چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ماللارنىڭ تۇياق ئاستىدىن كۆتۈرۇلگەن شور ئارىلاش توپىنىڭ قويۇق چاڭ - توزانلىرى تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان سەلكىن شامالدا ئۇنى توپا - چاڭ ئىچىگە كۆمۈپ تۇرغاچقا ئۇنى بىردەمدىلا توپا چىراي ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى . ئۇلار مەھەللە سىرتىدىكى سايلىققا يېتىپ چىققاندا كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولۇپ ، ماللار ئەمدى لوقاق ، قامغاق ، يانتاق ، يۇلغۇنلار بىلەن ياسانغان كەڭرى سايلىققا چېچىلىپ كەتكەنىدى . ئۇلار ئەمدى بىر تەرەپتىن ئۆزىگە كېرەكلىك يېمەكلىكنى يېيىشىپ ، بىر تەرەپتىن تاغ تەرەپكە ئاستا سىلجىپ مېڭىشقا باشلىغان بولغاچقا بايىقى جىددىيلىك پەسەيگەنىدى . ئابدۇسالام سادىق قويچىغا قارىدى . ئۇ رەڭگىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان تامبىلىنىڭ ئىشتان بېغىنى ئىككى يانغا قىستۇرۇپ ئالغان بولۇپ ، پۈرلىشىپ ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان چاپىنىنىڭ تېشىدىن كۆك بەلۋاغ باغلىۋالغانىدى . بېشىدىكى كۆك شەپكىسىنىڭ يان تەرىپىدىن مايلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنىڭ بۇرجىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . قولىدىكى قومۇش ساپلىق قامچىسىنىڭ دەستىگە ھەر خىل رەڭلەردە بوياق بېرىلگەن بولۇپ قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پەسكە بىر شىلتىسا خۇددى مىلتىق ئوقىدەك «قارس» قىلغان ئاۋاز چىقاتتى . ماللار بۇ ئاۋازنى ئاڭلىسا دىڭگىدە چۆچۈپ يەردىن باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىگىسىگە قاراپ قوياتتى - دە ، يەنە باشلىرىنى چۆكۈرۈپ يۇمران چۆپلەرنى يالماپ يۇتۇشقا كىرىشەتتى . ئۇنىڭ قارىداپ كەتكەن چىشلىرى بىلەن

چىرايىدىكى قارامتۇللۇق گويا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن قاشلىرى تۈرمەكلىشىپ كۆز بىلەن پېشانە
ئوتتۇرىسىدا قويۇق بىر ئورمانزارلىقنى پاسىل قىلىپ قويغاندەك
كۆرۈنەتتى . گەپنى قوپالراق قىلسىمۇ ، لېكىن كەم سۆز بۇ ئادەم
ئابدۇسالامنىڭ كۆز مۆلچىرىدە ئەللىككە يېقىنلاشقان ئادەم سىنيا-
قىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . شۇ تاپتا ئۇ بۇ سايلىقتىكى ئېگىزرەك
بىر دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قېرى توغراقنىڭ يېنىغا
كەلدى ـ دە ، قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ ماللارنىڭ ئەھۋالى-
نى كۆزەتكەندىن كېيىن توغراقنىڭ يەر پوستىنى يېرىپ چىققان
يىلتىزىغا كېلىپ ئولتۇردى .
— ھەي ئابدۇسالام ،— ۋارقىرىدى ئۇ بىر تۈپ باراقسان-
لىغان يۇلغۇن سايىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ ياتقان ئابدۇسالام-
غا ،— ئاۋۇ تۆۋەن تەرەپتىكى ماللارنىڭ بېشىنى تاغ تەرەپكە
بۇرىۋېتىپ مايەرگە كەل .
ئابدۇسالام ئەمدىلا شۇياققا مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى ، ئەتىگەن-
دىن بېرى ماللارنىڭ كەينى تەرىپىدىن ھەيدەشنى داۋام قىلىپ
كېلىۋاتقان تۇمشۇقى ئاق ، تېرىسى قوڭۇر ئىت ئابدۇسالامنىڭ
ئىشىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەن تەرەپكە مېڭىپ كەتكەن
ماللارنى ھەيدەپ تاغ تەرەپكە قاراتتى ـ دە ، يوغۇرگىنىچە دۆڭگە
چىقىپ سادىق قويچىنىڭ قوللىرىغا تۇمشۇقىنى سۈركەپ بىردەم
يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن ئارقا پۇتلىرىغا كاسىسىنى قويۇپ
زوڭ ئولتۇردى ـ دە ، ماللارغا قارىغىنىچە ئۇزۇن تىلىنى ساڭگى-
لاتتى .
«ئەجەب ئەقىللىق ئىتكىنە ئۇ ،— دېگەنلەرنى خىيالىدىن
ئۆتكۈزگەچ دۆڭگە ياماشتى ئابدۇسالام ، — قارا ، مەن ماڭغۇچە
ئۇ بېرىپ بولدى . ‹ئىت ۋاپا ، خوتۇن جاپا › دېسە نېمىدېگەن
گەپتۇ بۇ دەپتىكەنمەن ، ئەسلىي ئىت دېگەننىڭ مۇشۇنداق ئادەمگە
ئەسقاتىدىغان يەرلىرى بار ئىكەن ـ دە .»

— ماۋۇ يەردە ئولتۇرە ،— دېدى سادىق قويچى ئابدۇسالامغا يان تەرىپىدىكى كىچىك تاشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ،— ئەمدى ماللار ئاستا - ئاستا تاغ باغرىغا ماڭىدۇ . مال دېگەن چېچىلىپ كەتمىسىلا بېقىش ئاسان . ھە ، ئولتۇرە ، تازا قوپال نېمىكەن دەپ قالغانسەن ھەرقاچان . بىلىمەن ، سەن مەندىن خاپا ، نېمىشقا خاپا ؟ ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق ماڭا قوپاللىق قىلىۋاتىدۇ دەپ خاپا ، ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە بىلەمسەن ، چۈنكى مەن قېچىرىم- دىن ئايرىلدىم . بىلسەڭ مەن مۇشۇنداق مال بېقىۋاتقىلى ئون بەش يىل بولدى . مالچى دېگەننىڭ بىر ئات ياكى ئېشەك بولسا جىق ياردىمى بولىدۇ . ئۈچ يىل بولغان مۇشۇ قېچىرغا ئۇلاشقىد- لى ، مانا سېنى ماڭا ياردەمچى قىلىپلا بىر ئوبدان قول - قانىتىمنى سۇندۇرۇۋەتتى . بۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالما . ئوبدانراق قارىغىنە ماۋۇ قورۇلۇپ كەتكەن چىرايىمغا ، ناھايىتى ئوبدان تورلاشقان قوغۇنىنىڭ ئۆزىغۇ ھە ، دەپ باقە ، مەن شۇ تۇرقى نەچچە ياشقا كىرگەندىمەن ؟ !

ئابدۇسالام نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى . چوڭ دەۋەتەي دېسە خاپا بولىدۇ . كىچىكرەك دەي دېسە مەسخىرە قىلىدۇ .

— قورقماي دەۋەر ، — دېدى ئۇ ئابدۇسالامغا كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىچە ، — مەن ياش يوشۇرىدىغان خوتۇن كىشى بولمىغاندىد- كىن خاپا بولمايمەن .

— قىرىققا كىردىڭىز ھەرقاچان ،— دېدى ئابدۇسالام ئۆز پەرىزىدىن بىر نەچچە ياش كېمەيتىپ .

— ھا - ھا - ھا ،— سادىق قويچى كۈلۈپ كەتتى . يانچۇقىد- دىن مىستەك پارقىراپ كەتكەن ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ ئالىقىنىد- غا ئازراق ناس تۆكۈپ ئۇنى كالپۇكىنىڭ ئاستىغا يەم بىلەن تاشلاپ يەرگە چىرتىندە تۈكۈرۈۋېتىپ ئابدۇسالامغا قارىدى ، — سەندە گۇناھ يوق . خاپا بولمايمەن دېدىمغۇ مەن ساڭا ، مېنىڭ

مۇشۇ چىرايىم ئەللىك ياشلىق ئادەمنىڭ چىرايىغا ئوخشايدۇ . لېكىن ، مەن ئەمدىلا ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىردىم . مۇشۇ جاڭگال دەرد ـ ئەلىمى قېرىتتى مېنى . قانداق قىلىمىز . جان باقماق مۇشۇنداق تەسكەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈممۇ مۇشۇ جاڭگالغا كۆنۈپ قاپتىمەن . مال بېقىشتىن باشقا ئىشقا چىدىمايمەن . يول جاپاسىنى ، چۆل جاپاسىنى دېمىسەڭ بۇمۇ ياخشى ئىش . يازنىڭ خوۋلۇقىنى ئوبدانلا كۆرىسەن . ئولتۇر دېدىم مەن ساڭا ، يا كىيىد ـ مىم پاسكىنا بولمىسۇن دەۋاتامسەن ، ئەمدى ئۆزۈڭنى ياساپ يۈرىدىغان شەھەر يىراقتا قالدى . ئىشتىنىم توپا بولۇپ كېتىدۇ دەپ خالىغان يەردە ئولتۇرمايمەن دېگىنىڭ بىلەن ئەتىلا ھەممە كىيىم ـ كېچىكىڭ بۇلغىنىدۇ . ھەببەللى ، توپا بولسا ھېچ گەپ يوق . مانا ئولتۇردۇڭ راھەت كۆردۇڭ دېگەن گەپ . كىيىم دېگەن پاسكىنا بولسا يۇيساق چىقىدۇ . لېكىنزە ، كۆڭۈل كىر بولسا ئۇنى چىقارماق تەس ئۇكام . ھە ، گەپنى مەنلا قىلماي . دەپ باقە ، ئۆزۈڭ نەچچە ياشقا كىردىڭ ؟

— ئون ئالتىگە كىردىم ئاكا ، — دېدى ئابدۇسالام بېشىنى قاشلاپ قويۇپ .

— ئون ئالتىگە كىردىم دە ، يىگىت يېشىغا يېتىپسەن مانا . سەھرا دېگەندە ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلاردىلا ئۆيلەپ قويىدۇ . مانا مېنىڭ بەش بالام بار . چوڭى ئون تۆت ياشقا كىردى . ئاشۇ بەش بالىنىڭ دەردى قېرىتتىغۇ مېنى . ھە ، ئەمدى سەن گەپ قىلە ، ئۆزۈڭ كىمسەن ؟ ! كىمنىڭ ئوغلىسەن ؟ ! شەھەردىن كەل ـ دى دەيدۇ ، نېمە ۋەجىدىن بۇياقلارغا كېلىپ قالدىڭ ؟

— بۇلتۇر ئەتىيازدىن باشلاپ مەركەزدىن يېڭى يوليورۇق كەلدى ، — دېدى ئابدۇسالام يىراقلارغا تىكىلگەن ھالدا ، — ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ھەرقانداق ئوقۇغۇچى تاغ ۋە يېزد ـ لارغا چۈشۈپ چېنىقىدۇ دېگەن . شۇڭا بۇ يەرگە قايتا تەربىيە ئالغىلى چىقتىم .

— ۋاھ ، كىم چىقارغان سىياسەتتۇ بۇ ؟ ! — دېدى سادىق
قويچى كالپۇكى ئاستىدىكى ناسنى توغراق يىلتىزى يېنىغا تۆكۈ-
رۈپ تۇرۇپ ، — ئەجەب بەلەن گەپكىنا بۇ . دېمىسىمۇ شەھەردىكى
ئاقنانچىلار يېزىنىڭ دەردۇ جاپاسىنى بىلمەيدۇ . شۇڭا شەھەرگە
كىرىپ قالساق ياۋا مەخلۇققا قارىغاندەك سەت قارىشىدۇ . ئالىيد-
دۇ ، تۇمشۇقلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ مەسخىرە قىلىشىدۇ . كىيىمى-
مىزگە نجاسەت يۇقۇپ قالغاندەك بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ،
ناھايىتى بىزنىڭ ئۇلاردىن بىرەر - ئىككى قۇر يېڭىراق كىيىمى-
مىز كەمغۇ شۇ . بار بولسىمۇ كىيىملىرىمىز سەل رەتسىزرەك ،
پاسكىنىراق يېرىلا بار شۇ . شۇنىڭغىمۇ ئاشۇنداق قىلىش كېتەمە-
دۇ دەپ ئاچچىقىم كېلىپ چىڭقىلىپ كېتەتتىم . ئۆز - ئۆزۈمگە :
«بىز تېرىغان ئاشلىقنى يەيسىلەر ، بىز ئۆستۈرگەن پىياز -
چامغۇرنى يەيسىلەر ، شۇنداق تۇرۇپ يەنە بىزنى كەمسىتىسىلەر ،
بىز بولمىساق سەنلەرگە ئاق نان نەدە» دەپ سۆزلەپ كېتەتتىم .
شۇڭا مەن مۇشۇ گەپلەرنى ساڭا قىلىپ كېتىۋاتىمەنغۇ . دېمەك-
چى ، ھەر قانداق بىر ئادەم مانا مۇشۇنداق دېھقانلار ئارىسىدا
دېھقان بولۇپ باقسا ئاندىن دېھقانىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان شەھەرلىك
كادىر بولىدۇ . قارا ، ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ يېزىغا
بىر كادىر خىزمەت گۇرۇپپىسى باشلاپ چۈشكەنتى . ئىسمى نېمى-
دا ئۇنىڭ ، ھە ، ھە ، ئابدۇساھىپ . ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە چوڭ
بىر باشلىقكەنمىش ، ئاجايىپ ئادەم ئىدى ئۇ ، مەنمۇ دېھقان بالد-
سى جۇمۇ ، مېنى يات كۆرمەڭلار ، دەپ ھەرقانداق ئۆيگە ئۇسۇپلا
كىرىپ كېتەتتى . دېھقانلارنىڭ چاك - چاك يېرىلغان قوللىرىنى
چىڭ قاماللاپ كۆرۈشۈپ ، توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان كىگىزلەرنىڭ
ئۈستىدە دومىلاپ يېتىپ دېھقانىنىڭ ھال - كۈنىنى ياخشىلاشنىڭ
خىيالىنى سۈرۈپلا يۈرەتتى . كېيىن قاندىقى - قانداق بولدى
ئۇقمايلا قالدۇق . ئاشۇ بىكاردىن - بىكار ئىقىپ كېتىۋاتقان تاغ
سۈيىنى مەھەللىگە باشلاپ كېلىپ تېرىلغۇ يەرنى كۆپەيتسەك
دېھقانىنىڭ ھال - كۈنى ياخشىلىنىدۇ ، دەپ بىر تاش ئۆستەڭنى

بىر يىل چاپتۇردى . شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ جىلغىدىن سۇ توشۇپ ئىچىدىغان ئىشلار تۈگەپ ئوبدانلا ھاللىنىپ قالدۇق . مانا ، بول- مىسا بىزدە تېرىقچىلىق دېگەن يوق گەپتى . بۇغداي ، قوناق دېگەننى ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم ئاشلىقى بىلەن تەمىنلەيتتى . شۇ چاغلاردا ئۇ ئادەم بىز بىلەن بىللە تاش توشۇپ دېھقان بولۇپ كەتكىلى تاس قالغان جۇمۇ . كېيىن تەشكىل ئۇنى ئېلىپ كەتتى . يەنە ئۈستۈرۈپتۇدەك دېگەنلەرنى ئاڭلىدۇق . شۇندىن كېيىن بۇ ئادەمدەك بىرەر كادىر بىزنىڭ بۇ تاغقا كېلىپ باقمىدى . سەن ئۇ چاغدىكى ئىشلارنى بىلمەيسەن ، ئۇ ئادەم كېتىدىغان چاغدا پۈتۈن يۇرت قوزغىلىپ كەتكەن . ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان ئادەملەر تاس قالغان سېرىق توپا دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەتكىلى .

— سىز ماختاۋاتقان ئۇ ئادەم ھازىر راستتىنلا دېھقان بولۇپ كەتتى ، — دېدى ئابدۇسالام كۆزىدىكى ياشنى ئېرتىۋېتىپ .

— نېمە دېدىڭ ؟ ! — دېدى سادىق قويچى ئابدۇسالامغا قاراپ ، — دېھقان بولۇپ كەتتى دېدىڭما ؟ سەن كىمنى دەۋاتىسەن زادى .

— سىز ماختاۋاتقان ئاشۇ ئابدۇساھىپنى دەۋاتىمەن .

— سەن ئۇ ئادەمنى تونۇمسەن ؟ !

— تونۇيمەن . ئۇ مېنىڭ دادام بولىدۇ ، — دېدى ئابدۇسالام چاناقلىرىغا لىققىدە توشقان يېشىنى يېڭىنىڭ پېشى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ .

— نېمە دەۋاتىسەنۇي ئادەمنى ئىلەشتۇرۇپ ،— دېدى سادىق قويچى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ،— سەن راستتىنلا ئاشۇ ئابدۇسا- ھىپ كاتىپنىڭ ئوغلىما ؟ !

— شۇنداق ،— دېدى ئابدۇسالاممۇ ئورنىدىن تۇرغان ھالدا ،— مەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇسالام بولىمەن . دادام بۇندىن بەش يىل ئىلگىرى قالپاق كىيدۇرۇلۇپ يېزىغا سۈرگۈن قىلىندى .

— نېمە دەۋاتىدۇي ماۋۇ بالا ، ئېلىشىپ قالمىغانسەن ، ھە ؟

ئۇ ئادەمگە قالپاق كىيدۇرگۇدەك نېمە ئىش قىپتۇ؟ مەن ئىشەنـ-مەيمەن. ئۇنداق دېھقان بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولالىغان ئادەم ھەرگىز خاتالاشمايدۇ. سەن مەن بىلەن چېقىشىۋاتىسەن ھە بالا. ۋاي توختىغىنە، نېمانداق تونۇش چىرايدۇ دېسەم بايا سەن ئابدۇساھىپ كاتىپنىڭ ئوغلىكەنسەن ئەمەسمۇ. تونۇدۇم، ماۋۇ قاڭشارلىرىڭ، ماۋۇ بۇرنۇڭ، ھە، يەنە ماۋۇ كۆزلىرىڭ داداڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن ئەمەسمۇ. بولدىلا، ئوغۇل بالا يىغلىسا مەن بەك ئۆچ كۆرۈپ قالىمەن. يىغلىما، كۆلسەڭچۇ ھەي، داداڭ بىزنىڭ ئۆيدە — چوڭ ئۆيدە بىر نەچچە كۈن تۇرغان. بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئۆتكەنتۇق. كەچتە سېنى دادامنىڭ يېنىغا باشلاپ باراي. خۇش بولۇپ قالىدۇ. بولدى، داداڭنىڭ نېمە سەۋەبتىن يېزىغا چۈشكىنىنى سۈرۈشتۈرمەيلى، ئىشقىلىپ بۇنداق دەرد تارتقان كادىرلار ھازىر خېلى بارمىش. دېسەم ـ دېمىسەم بۇ بىر شامالغۇ، غايىبتىن كەلگەن شامال سوقۇپ ئۆتۈپ كەتتى دەپ يۈرۈۋەر. شامال ئۆتۈپ كەتسە ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. داداڭدەك ياخشى ئادەم ھېچقاچان يەردە قالمايدۇ. قاراپ تۇر، ئاشۇ سادىق قارىۋاي راست دەپتىكەن دەپ قالىسەن.

ئابدۇسالام سادىق قويچىنىڭ كېيىنكى گەپلىرى بىلەن خېـ-لىلا يېنىكلەپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئەتىگەن يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان قوپاللىقلىرىدىنلا بۇ ئادەم بىلەن چىقىشىپ ئىشلەپ كېتەلەيدىغانلىقىغا پەقەتلا كۆزى يەتمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ دادىسىنىڭ بۇ يەردىكى ھۆرمىتى بىلەن بىردەمدىلا ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلە ئوڭ ـ تەتۈر بولۇپ كەتتى. شۇ تاپ سادىق قويچى ھەدەپ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلماقـ-تا. ئابدۇسالام كىچىك چاغلىرىدا دادىسىنىڭ پات ـ پات يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى تازا ئاڭقىـ-رالمىغانىدى. مانا ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. ئەسلىدە دادىسى مۇشۇنداق يەرلەردە دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا دېھقانلارنىڭ

كەتمىنىنى چېپىپ يۇرگەنىكەن ئەمەسمۇ. دادام شۇنداق ئېسىل سۇپەتلىك ئادەم نېمىشقا خاتالىشىپ قالغاندۇ؟! دېگەن سوئال ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ ئارامسىز كۆڭلىنى يەنىمۇ غىدىقلىغىلى تۇردى. لېكىن دادىسىنىڭ ئانىسىغا بەرگەن ھېلىقى جاۋاب خاراكتېرلىك سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندا، دادىسىنىڭ ئۇلۇغ سىيماسىنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەندەك بولدى: «مەندە قىلچە گۇناھ يوق، بىر نائەھلىنىڭ تۆھمىتى بىلەن خاتا ئەيىبلەندىم. قاراپ تۇر، ۋەزىيەت چوقۇم ئۆڭشىلىدۇ. يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام دېگەندەك ئۇنداق پىتنىخورلارنىڭ كۈنى ئۇزاققا بارمايدۇ، جاھاندا ئۈمىد بىلەن ياشاش كېرەك. ھەقىقەت ئېگىلىدۇ سۇنمايدۇ، قاراپ تۇر، ئۇ نائەھلى ئاخىر ئۆزى ياش تۆكىدىغان كۈنگە قالمىسا مېنىڭ يۈزۈمگە تۈكۈر، مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمغا ئىشەنسەڭ پەقەت ياش تۆكمە...»

— ئۇكام ئابدۇسالام، — دېدى سادىق قويچى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، — بۈندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئەمدى ماڭا قويۇپ بەر. سەن پەقەت ماڭا ھەمراھ بولساڭلا بولدى. باھالاپ بېرىش توغرا كەلسە مەن سېنى تونجى بولۇپ باھالاپ بېرىمەن. ئوقۇشقا بارامسەن، ئىشچىلىقىمۇ ئۆزۈڭ تاللايسەن، خاتىرجەم بول جۇمۇ، بۈندىن كېيىن مېنى ئۆزۈڭنىڭ بىر قېرىنداش ئاكاڭ ئورنىدا كۆرىۋەر.

— رەھمەت سىزگە سادىق ئاكا، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ يىرىك قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب شىۋىرغاندىكى ئارمانلار

«ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

سەھەرنىڭ ئاچچىق سوغۇقى خۇددى گالغا تاقالغان پىچاق بىسىدەك قەھرلىك ۋە ئاچچىق، تېخى ئاخشاملا ئىللىق تۇرغان تاشبالىق گويا بىرى يىراقتىن باشلاپ كەلگەندەك بىر كېچىدىلا قىشنىڭ شىۋىرغانلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ سوغۇق نەشتىرىنى يىڭنىدەك سانجىماقتا، بۇ تاغلىق يېزىنىڭ كۆز پەسلىنى بىر كېچىدىلا قىشقا ئالماشتۇرۇۋەتكەن سېھىرلىك تەبىئەتنىڭ قار ئارىلاشقان شىۋىرغىنى ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق مۇزىكىسىنى ئورۇنداۋاتقاندەك ئەنسىزلەرچە ھۇشقىيتماقتا. تاغ تەرەپتىن رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇلۇۋاتقان بۇ ئاچچىق شىۋىرغان چاك - چاك يېرىلغان يۈزلەرگە يىڭنىدەك سانجىلماقتا. زېمىن گويا تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك يېقىمسىز ئىڭرىماقتا، ئۇنىڭ ئىڭراشلىرىنى ئاڭلاپ بەخىرامان ئۇخلاپ ياتقان تاشبالىقلارنىڭ قۇلىقى يەنىلا سەگەك ئىدى، چۈنكى تاڭ يورۇش بىلەنلا ئەترەت ئىشخانىسى ئالدىدىكى قېرى جىگدىنىڭ ئاچىماق شېخىغا ئېسىلغان داڭنىڭ ئاۋازى ھەممە ئادەمنى ئويغىتىۋەتكەنىدى. چۈنكى، چارۋىچىلار بۇنداق شىۋىرغانلارنىڭ بولۇپمۇ مۇشۇنداق بىمەھەل چۈشكەن سوغۇقلارنىڭ ئۆزىگە قانداق سورۇقچىلىقلارنى سالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— ئەر - ئايال، قېرى - ياش ئەزالارنىڭ ھەممىسى خامانغا بېرىڭلار.

ئەترەت ئىشخانىسىنىڭ يېنىدىكى قېرى توغراقنىڭ قۇرۇپ
قالغان شېخىغا ئېسىلغان كانايدىن ئەترەت باشلىقى سۇلايماننىڭ
بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى . گاژىلدىغان ، غوڭۇلدىغان ئاۋازلارنىڭ
بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بۇ بۇيرۇق شۇ تاپ ئىسسىق ئورۇندا
ياتقان تاشبالىقلارنى ئورنىدىن لىككىدە تۇرغۇزۇۋەتكەنىدى . سېنـ
ـتەبىر ئايلىرى باشقا يەرلەردە بولسا تازا مەمۇرچىلىق مەزگىل
ھېسابلانسىمۇ ، لېكىن بۇ تاغلىق يېزىدا مانا بىر كېچىدىلا ھاۋا
ئۆزگىرىپ قىشنىڭ شەپىسىنى بېرىپ دېرىزە روجەكلىرىنى قاقـ
ـماقتا ئىدى . تېخى تۈنۈگۈنلا ئوچۇق تۇرغان كۆك ئاسمان بىر
كېچىدىلا شىۋىرغانلىق جۇدۇنغا ئايلىنىپ نەشتەردەك سانجىلىدىـ
غان سوغۇق مەزگىلسىزلا يېتىپ كەلگەندەك تۇراتتى .
ئابدۇسالام تۈنجى داڭ ئاۋازىدىلا ئويغىنىپ كەتكەنىدى ، كاـ
نايدىن ئىشقا مېڭىش بۇيرۇقى چۈشكەندە بولسا ئورنىدىن لىككىدە
تۇرۇپ سوۋۇپ كەتكەن ئۆيدە جالاقشىپ تىترىگىنىچە كىيىملىرىـ
ـنى كىيىۋالدى .
— تېز بولۇڭلار ئاغىنىلەر ، — دېدى ئۇ يوتقان ئىچىگە
باشلىرىنىمۇ قوشۇپلا چۈمكەپ يېتىۋالغان دوستلىرىنى ئويغىـ
ـتىپ ، — سۇلايمان ئەترەت باشلىقى داڭ چالغىلى نەكەم ، ئۇنى
ئاز دېگەندەك ئاۋۇ بۇزۇق كانايدىمۇ نەچچە قېتىم سۇرەن سالدى ،
قارىغاندا بۈگۈن سەل جىددىي ئىش باردەك قىلىدۇ ، ھېلى بىكار
ئازراق ئۇيقۇنى دەپ سۇلايماننىڭ تىلىغا قالماڭلار يەنە .
— جېنىم ئاداش ، تولا گەپ قىلىپ بېشىمىزنى ئاغرىتماي
ئاۋۇ ئوچاققا ئوت ياقساڭچۇ . ماۋۇ گۆر ئەجەب سوغۇققۇ
بۈگۈن ، — دېدى ئەخمەتجان بېشىنى يوتقاندىن سەل چىقىـ
ـرىپ ، — ئىسسىق يوتقاندىن چىقماي تازا ئۇخلايدىغان كۈن بوپتىـ
ـكەن زادى .
— كىيىمڭلارنى ئىتتىك كىيىۋالساڭلا ھېچ گەپ يوقكەن
ئاداش ، — دېدى ئابدۇسالام ئورنىنى تېزلىكتە يىغىۋېتىپ ، —

ئوت قالاپ ئىسسىنايلى دىگەن بىلەن ئىشقا كىچىكىدىغان گەپ ، بولدى ، تېزرەك قوپۇڭلار ، مەنمۇ قوتانغا ئىتتىكرەك باراي ، مەنغۇ مەيلى ئاغىنىلەر ، لىكىن سىلەرگە چاتاق بولىدۇ ، چۈنكى سىلەر سەللا كىچىكسەڭلار ئاۋۇ سۇلايمان دىگەن پالكۆز نومۇر تارتىمەن دەپ ئارانلا تۇرىدۇ ھەرقاچان .

— تارتسا تارتىۋەرمەمدۇ ،— دىدى ئىبراھىمجان يوتقىنىنىڭ پەشلىرىنى تارتىپ يەنىمۇ ئوبدانراق چۈمكىلىپ يېتىپ ،— بەربىر كېتىمىز بۇ يەردىن ، ئۇنداق نومۇرلىرىغا كېلىدىغان تەقسىماتنى ساقلاپ ياتىدىغان ئىش يوق .

— ياخشى ئىشلىمىدى ، دەپ قېرىشىپ قالسا نەگە كېتەلەيسەن ، — دىدى ئابدۇسالام ئايىغىنى كىيىپ ئوچاق ئالدىغا بېرىۋېتىپ ،— ھازىر ئۇلار نىمە دىسە ماقۇل دەپ ماڭمىساڭ بولمايدۇ . باھالاش قەغىزىگە يامان گېپىڭنى يېزىپ قويسا تۇگەشكىنىڭ شۇ .

— شۇ چاغدا بىر گەپ بولار ، ئوچاقتا ئوت ياققىنە ئاداش ،— دىدى ئىبراھىمجان جىلە بولۇپ ،— بۇ يەردە بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈن ھىساب ، بىزگە نىمىتى ئۇ نومۇر ، سايلاپ بېرىش دىگەنلەر ، بىز بىر كۈن تۇرساق بىر كۈن زىيانكەن ئۇلارغا...

— كىم شۇنداق دەيدۇ ساڭا ، — دىدى ئەخمەتجان ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ .

— ھېلىقى بىزنى ئېلىپ چىققان شوپۇر شۇنداق دىدىغۇ ، سۇلايمان بىكارغا قاقشىمايدۇ ، بىزدە يەيدىغان تۆت ئېغىز كۆپەيدى ، يەۋاتقان قۇتقۇزۇش ئاشلىقىم ئۆزىمىزگە ئاران يېتىۋاتسا دەپ قاقشايدىكەن شۇ .

— ئۇنداق بولسا بىزنى ئىتتىكلا يولغا سالغۇدەك ،— دىدى ئابدۇراخمان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ،— شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالمايلى ئاغىنىلەر .

— ھە ، ماۋۇ گېپىڭ خېلى جايىدا ،— دىدى ئىبراھىمجانمۇ

ئورنىدىن تۇرىۋېتىپ ، — سان كەلسە مۇشۇ يەردىكى دېھقان بالىلىرىنىمۇ سايلاپ بەرسە كېتىۋېرىدىغان گەپكەن ، شۇڭا دىككىدە ئىشقا ماڭايلى .

ئابدۇسالام ئاخشام ئەكىرىپ قويغان جىگدە شاخلىرىنى ئوچاققا تىقىپ ئۇنىڭ ئاستىغا بىر پارچە قەغەزنى تىقتى - دە ، ئوت ياقتى . لېكىن چالا - چۇرۇش قۇرۇغان بۇ تەمەچلەر بىر پەس گىژىلداپ ئاچچىق ئىس چىقىرىپ ئۆي ئىچىنى بىردەمدىلا ئىسقا توشقۇزۇۋەتتى .

— پۇۋدىسەڭچۇ ئاداش ،— دېدى ئابدۇراخمان كىيىمىنى ئالدىراش كىيىۋېتىپ ،— بۇ ئاچچىق ئىستا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرەي دەمسەن بىزنى .

— پۇۋدەۋاتىمەنغۇ مانا ، — دېدى ئاچچىق ئىستىن كۆزلىرى ئېچىشقان ئابدۇسالام كۆزىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ ، — كېچىدە نەم تارتىپ قالغان ئوخشايدۇ بۇ كاساپەت . قەغەز بولسا ئەكېلىۋېتە .

— مانا قەغەز ، — دېدى ئابدۇراخمان ئاچچىق ئىستىن قېقىلىپ يۆتەلگەن هالدا ئۇنىڭغا بىر ۋاراق قەغەزنى تەڭلەپ .

— قايسى كىتابنى يىرتتىڭ هەي ، — دېدى ئابدۇسالام بۇ بىر ۋاراق پۇرلەنگەن قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇپ ،— مېنىڭ كىتابىمنى يىرتقان ئوخشىمامسەن ؟

— ئۇقمىدىم ئاداش ،— دېدى ئابدۇراخمان مۇرىسىنى قىسىپ تۇرۇپ ، — ماۋۇ يوتقاننىڭ ئارىسىدىن چىقتىغۇ .

— مانا دېمىدىممۇ ، مېنىڭ هېكايە كىتابىمكەن . لۇشۈننىڭ «بەخت تىلەش» دېگەن هېكايىسىنى يىرتقان ئوخشايسىلەر . قايسىڭلارنىڭ قىلىقى بۇ ؟

— ۋاي بولدىلا ،— دېدى ئىبراهىمجان كاڭنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ ئايىغىنى كىيىۋېتىپ ،— ئاشۇنچىلىك ئىشقىمۇ چېچىلامسەن ئەمدى . ناهايىتى بىر كىتابنىڭ بىر ۋارىقىغۇ ئۇ ، مىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇغان بىلەنمۇ كۆرگەن كۈنىمىز مۇشۇغۇ .

— نېمىشقا بولدى قىلىمەن زادى ،— ئابدۇسالام ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى ،— بۇ دېگەن كىتاب ، مەنىۋى بايلىق . مەن ھەرقانداق خورلۇققا چىدىسامىمۇ كىتابىمنى يىرتقان خورلۇققا چىداپ تۇرالمايمەن ، كىتاب دېگەن ھەرقايسىلىك يىرتىپ پاخپاق ئوينايدىغان ، تاماكا چېكىدىغان سامان قەغىزىلىك ئەمەس . كىم قىلدى بۇنى ، كىتاب قېنى ؟ !

— بولدى قىلغىنە ئاداش ، — دېدى ئابدۇراخمان يەرگە چۈشۈۋېتىپ ، — ئۇقماستىن يىرتىپ سالغان ئوخشايدۇ .

— بىلىمەن ، بۇ سەن بىلەن ئەخمەتجان بەڭگىنىڭ ئىشى . ئىككىڭ تاماكا چېكىدىغان قەغەز تاپالماي مۇشۇ كىتابنى يىرتقان گەپ .

— مەن ئەمەس ، — دېدى ئەخمەتجان ئورنىدىن دەس تۇ-رۇپ ،— ئابدۇراخمان يىرتقان .

— سەنمۇ ؟— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ ئاپتاپتا قارىيىپ چاك - چاك يېرىلغان چىرايىغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ ،— بۇ كىتابلارنى مەن سىلەرنى تاماكا چېكىش ئۈچۈن ئەمەس ، ئوقۇش ئۈچۈن ئەكەلگەن .

— قەغەز تۈگەپتىكەن ، پەقەت ئامال بولمىدى ئاداش ، — دېدى ئابدۇراخمان دادىسىنىڭ ئالدىدا يالغان گەپ قىلىپ قويۇپ تۇتۇلۇپ قالغان بالىدەك قىزارغان ھالدا ، — خاپا بولما . مەن شەھەرگە بېرىپلا ساڭا بىر ئەمەس ئىككى كىتاب تۆلەپ بېرىمەن .

— بۇ تۆلەپ بېرىش مەسىلىسى ئەمەس ، كىتابقا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى . ھەممىمىز ئوقۇغان ئادەملەر ، كى-تابنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك . ھېلىقى كىتاب كۆي-دۈرگەن چاغلاردا قازناققا ئورا كولاپ تىقىپ قويۇپ ساقلىغان كىتابلار بۇ . ئەمدى سىلەر ئۇنى ئاشۇ سېسىق تاماكاڭلارنىڭ بىردەملىك ھۇزۇرى ئۈچۈن كۆيدۈرگىلى تۇرۇپسىلەر . ئاشۇ كى-

تابنى يېرتقان چېغىڭلاردا قولۇڭلار تىترىمىدىمۇ ، سىلەرمۇ ئادەممۇ ھە…

ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشى ئابدۇسالامنى گەپتىن توختاتتى .

— ئابدۇسالام ، ھەي ئابدۇسالام ،— سادىق قويچىنىڭ جىددىي ئاۋازىدىن بىرەر كېلىشمەسلىكنى سەزگەن ئابدۇسالام ئىشىكنى ئاچتى .

— تېخىچە ئۇخلاپ ياتقان ئوخشىمامسىلەر ،— دېدى سادىق قويچى ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ .

— ياقەي ،— دېدى ئابدۇسالام سادىق قويچىنىڭ ئەنسىزلىك قاپلىغان چىرايىغا قاراپ ،— نېمە ئىش بولدى سادىق ئاكا ، ماللارغا بىرەر ئىش بولدىمۇ ـ يە ؟

— كۆرمەمسەن بۇ جۇدۇننى ، — دېدى ئۇ چىگە يىپ بىلەن چىگىۋالغان پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئالدى پەشلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۆتتۈشتۈرۈپ تۇرۇپ ،— سەن تېزرەك قوتانغا بار . بىر نەچچە ساغلىق توڭلاپ قالغاندەك قىلىدۇ . ھە راست ، ئۆزۈڭمۇ قېلىنراق كىي ، مەن ئەترەتكە بېرىپ سۇلايمانغا دوكلات قىلىۋېتىپ ئاندىن باراي ، تېز بول ھە .

— چاي ئىچىۋېلىپ ماڭمامسىز سادىقكا .

— بولدى ، چاي ئىچكۇدەك ۋاقىت يوق ، تېز بول ھە .

سادىق قويچى ئالدىرىغان ھالدا سىرتقا چىقتى ، ئىشىك ئېچىلىش بىلەنلا ئۆي ئىچىگە بۇسۇپ كىرگەن ئاچچىق سوغۇق ئابدۇسالامنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى . ئۇ بىر قۇلىقى يىرتىلغان قارا چىبەرقۇت قۇلاقچىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ، قىسقا جۇۋىسىنىڭ بېلىدىن باغلىۋالغان سادىق قويچىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئىتتىك ئىشىكنى ياپتى .

— ۋاي ئاغىنىلەر ، بۈگۈنكى سوغۇقنىڭ ئاچچىقى بەك يامان ،— دېدى ئابدۇسالام تىترىگىنىچە كاڭغا چىقىپ سومكىسىنى

www.uyghurkitap.com

ئاختۇرۇۋېتىپ ،— بۈگۈن زادى شەھەردىكى 11 ـ ئاينىڭ سوغۇ-قى بۇ يەردە بولغاندەك تۇرىدۇ . قېلىنراق كىيىنمىسەك بولمىغىدەك .

— ئاپلا ، مەن قىشلىق كىيىملىرىمنى ئاچىقماپتىمەنكەن ئەمەسمۇ ، — ئىبراھىمجان شۇنداق دېگىنىچە قايتىدىن يوتقانغا كىرىۋالدى ،— ئەترەت باشلىقىغا دەپ قويۇڭلار . مەن بۈگۈن ئىشقا چىقمايمەن . بىر ـ ئىككى كۈن رۇخسەت بەرسۇن ماڭا ، ئۆيگە بېرىپ قىشلىق كىيىملىرىمنى ئەكېلىمەن .

— مەنمۇ ئاران بىر پوپايكا ئاچىقىپتىكەنمەن . بۇ پوپايكا ھېچنېمىگە دال بولمىغىدەك . قانداق يەر بۇ . ئاخشاملا بىر ئوبدان تۇراتتى . بىر كېچىدىلا نەس باسقاندەك سوغۇق چۈشۈۋالغىنى نېمىسى زادى ، — ئەخمەتجان شۇنداق دەپ غۇدۇرىغىنىچە سومـ-كىسىدىن پوپايكىسىنى ئېلىپ كىيىشكە باشلىدى ، — پوپايكا كىيگەن بىلەن ئىشتان يېلىڭ تۇرسا قانداقمۇ قىلارمەن ، ۋاي بولمىغىدەك ، ئىبراھىمجان دېگەندەك ئۆيگە بېرىپ كىيىم ئاچىق-مىساق ئىشقا چىقالمىغىدەكمىز ، بىزگە رۇخسەت بەرمىسە زادى بولمىغىدەك .

— مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئاغىنىلەر ، — دېدى ئابدۇراخ-مانمۇ ئۇلارنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ كاڭغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ، — بىزنىڭ ئارىمىزدا پەقەت ئابدۇسالامنىڭلا قىشلىق كىيىمى بار-كەن ، ئۈچىمىز شەھەرگە كىرمىسەك بولمىغىدەك زادى .

ئابدۇسالام ئۇلارنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى ، ئۇلار دېگەندەك ئابدۇسالام ھەقىقەتەن بەختلىك ئىدى . ئۇ گەرچە ئۆيـ-دىن يۇڭ پوپايكا ، يۇڭ توقۇلما ئىشتان ئاچىققان بولسىمۇ (بۇند-مۇ ئۇ مومىسىنىڭ قاتتىق تۇرۇشى بىلەن ئالغانىدى ) سېپىرىخان ئانا ئۇنىڭغا يولدىشى مىرۇل مەرگەن ئۇزۇن يىل كىيگەن كۆك پاختىلىق شىرما چاپاننى بەرگەنىدى .

— كونا دېمەي ئېلىۋالسىلا ، بالام . بىزدە «قىشنىڭ كۆزى

يوق » ، «قىشتا يېپىنچا ، يازدا سېلىنچا» دېگەندەك گەپلەر بار .
تاغ ھاۋاسى جاڭگال ھاۋاسى دېگەن گەپ . ئەتىگەندە ساق تۇرغان
ھاۋا كىچىككىنە شامال بىلەن چۈشتىن كېيىنلا بۇزۇلىدۇ . بىرەر
پارچە بۇلۇتنى كۆرسىلا يامغۇر ياغىدۇ دەۋەرسىلە خاتالاشمايلا
بالام ، بۇ تاغنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىلمىگەن ئادەم ئۆزىنى ـ
ئۆزى جاپاغا قويىدۇ ، مال باققان ئادەم ئەلدىن يىراقلاپ كېتىد-
غان گەپ ، شۇڭا بىز كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق دەيمىز
ئەمەسمۇ جېنىم بالام ، چاپان دېگەننى مورىلىرىگە تاشلىۋالسىلا
كېتىۋېرىدۇ .
خېلىلا كونىرىغان بۇ چاپاننىڭ يىرتىلغان جايلىرىغا سېپىرد-
خان ئانىنىڭ ئەپچىل قوللىرى ئارقىلىق چىرايلىق ياماق سېلىند-
غانىدى ، ئۇ كۆرۈنۈشكە سەترەك بولغان بىلەن بىر نەچچە قېتىم
ئوبدانلا ئەسقاتتى . شۇندىن بۇيان ئابدۇسالام بۇ چاپاننى چىرايلىق
قاتلاپ چىگىپ مورىسىگە ئارتىۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى . مانا
بۈگۈن بۇ چاپاننىڭ تازا ئەسقاتىدىغان ۋاقتى كەلگەنىدى . ئابدۇسا-
لام چاپاننى ئېلىپ كۆزلۈك چاپىنىنىڭ تېشىغىلا كىيىپ چىمچى-
لاق قول چوڭلۇقىدىكى چىگە ئارغامچا بىلەن بېلىنى باغلىۋىدى ،
ھەقىقىي بىر پادىچىغا ئوخشاپ قالدى . بېشىغا ماش رەڭ ھەربىي
شەپكىسىنى كىيىپ ئىشىكتىن چىقىشقا تەمشەلگەن ئابدۇسالامغا
ئابدۇراخمان چىڭ چاپلاشتى .
— جېنىمغىنە ئاغىنەم ، — دېدى ئۇ ئىشىكنى گەۋدىسى
بىلەن توسۇپ تۇرۇپ ، — دىككىدە سېپىرىخان ئانىنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ بىر قۇلاقچا ، بىر پاختىلىق چاپان ئەكەپ بەرگىنە . كونا
بولسىمۇ مەيلى ، ئىشقىلىپ مۇنۇ جۇت سوغۇققا دال بولسىلا
بولدى . بۇ تۇرقۇم بىلەن خامانغا بارسام مۇزلاپ قالىمەن ئاداش .
— بېرىپ ئەكەپ بەرسەم بولاتتى ئاداش ،— دېدى ئابدۇسالام
ئۇنىڭغا قاراپ ،— بايا سادىقكام دېگەن گەپنى ئاڭلىدىڭغۇ ، مەن
قوتانغا تېزرەك بارمىسام بولمايدۇ . بىر نەچچە ساغلىق توڭلاپ

ئۆلۈپ قاپتۇ . قالغانلىرىنىمۇ جىددىي قۇتقۇزۇش كېرەككەن . بىر مال ئۆلسە ئەترەت باشلىقىدىن تىل ئاڭلايدىغان گەپ ، سەن سېپىرىخان ئانىنى تونۇمايدىغان ئادەم بولمىغاندىكىن ، بېرىپ ئالساڭ بولىدىغۇ .

ئابدۇسالام گېپىنى تۈگىتىپ ئابدۇراخماننىڭ يېنىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ سىرتقا چىقتى - دە ، يۇگۈرگىنىچە مەھەللە سىرتىدىكى قوتانغا قاراپ كەتتى . مەھەللە ئىچى بىلەن مەھەللە سىرتىنىڭ ھاۋاسىدا ئۇبدانلا پەرق بولغاچقا ئابدۇسالام قوتانغا يېتىپ بارغىنىدا يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ بارماقلىرى خۇددى چوكا مۇزدەك قېتىپ كەتكەنىدى . ئۈستى ئوچۇق قوتان ئىچىدە سادىق قويچى بىر - بىرىگە يۆلىنىپ جىپسىلىشىۋالغان ، بۇرۇنلىرىدىن كۆك ماڭقا ئېقىپ تۇرغان قويلار ئارىسىدا يىقىلغاننى يۆلەپ ، قىسىلغاننى تارتىپ دېگەندەك بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى . ئابدۇسالام قوتاننىڭ شادا ئىشىكىنى ئىتتىك ئېچىپ قوتان ئىچىدگە كىردى - دە ، ئىشىكنى يېپىپ ئىلغۇچنى ئىلىپ قويدى .

قوي - ئۆچكىلەر ئەنسىز مەرەشمەكتە . ئۇلارنىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىدىن بىر خىل يىلىنىش - ئىلتىجا يالت قىلىپ ئۆتمەكتە . ئاخشام قوتانغا سولاپ قويۇلغان قوي - ئۆچكىلەر گەرچە دىر - دىر تىترەپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ بەھۇزۇر يايلايدىغان ماكانى بولغان كەڭ دالىغا پاتراق چىقىپ سارغىيىشقا باشلىغان چۆپلەر بىلەن قورسىقىنى ئەستەرلىۋالسىلا بۇ سوغۇق ئۆزلىرىگە ئەكەلگەن ئاپەتنى تېزلا ئۇنتۇپ ، بىپايان دالىدا بۇرۇنقىدەكلا قىيغىتىشقا تەشنا بولۇۋاتقاندەك ئەنسىز مەرىشىپ تۇراتتى .

— ماياققا كەل ، ئابدۇسالام ،— دېدى سادىق قويچى بىر قوينىڭ مۈڭگۈزىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ،— ماۋۇ كاساپەت تىرەجەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ ، ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىۋېتەيلى ، بۇنىڭ تۇرقى يوغادراق بولغان بىلەن قىشتىن چىقىشقا ئىشەنچ يوق مال ، مۇشۇنداق

ئۆلەرمەن قويلارلا سوغۇقفا چىدالماي مانا مەن دەپ ئۆزىنى ئاشكا-رىلايدۇ .
ئابدۇسالام بىر يەرگە غۇجمەكلىشىپ بىر - بىرىگە يۆلىنىد-ۋالغان قوي - ئۆچكىلەر ئارىسىدىن يول ئېچىپ سادىق قويچىنىڭ يېنىغا باردى . كۆك ماڭقىسى تۇمشۇقى ئۈستىدە ساڭگىلاپ قال-غان ياپما قۇيرۇقلۇق قارا ساغلىق سادىق قويچىنىڭ قولىدا ھېلىلا بوغۇزلىنىدىغاندەك دىر - دىر تىترىگىنىچە يەر تىرەجەپ تۇراتتى .
— مۇنۇ ساغلىقمۇ قىشتىن چىقالمايدىكەن ، ئابدۇسالام ، — دېدى سادىق قويچى ئابدۇسالامغا قوينى تۇتقۇزۇپ يەنە بىر قوينى تۇتقان ھالدا ،— بۇلارنى ئۆيگە ئەكىرىۋېتەيلى . مۇشۇنداق قىش-تىن چىقالمايدىغان ئورۇق ، ئاجىز ماللارنىڭ ھالى كەچ كۈزدىكى تۇنجى شىۋىرغاندىلا مەلۇم بولىدۇ . مۇشۇنداقلارنى تالالاپ ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپ قالغان ماللارنى يايلاقفا ئەچىقساق بولىدۇ . ھە راست ! سەن بۇگۇن ماللارنى ئۆزۈڭ يالغۇز ئاپىرىپ بېقىپ تۇرىدىغان بولدۇڭ ، سۇلايمان بۇيرۇق قىلدى ، مەن قىشتىن چىقالمايدىغان ماللارنى يىغىپ مال دوختۇرخانىسىدىن ئادەم باش-لاپ كېلىپ ئۇلارغا باھالىتىپ ئەترەت باشلىقىغا تاپشۇرىمەن .
ئۇ تەكشۈرگەن قەغەزگە قول قويسا ، ئاندىن ئۇلارنى سويۇپ ئەترەت ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىدىغان گەپ ، ھەر ھالدا بۇگۇن كەچ ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئاغزى بىرەر چىشلەمدىن گۆش چايناي-دىغان بولدى .
— بۇلارنى ئۆلتۈرەمدۇق ؟ ! — قوي بېقىش جەريانىدا مال-لارغا ئوبدانلا ئىچىكىشىپ قالغان ئابدۇسالام گۆشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزى بېقىپ يۈرگەن قويلارنىڭ سويۇلۇشىدىن تازا رازى ئەمەسلىكى ئەينەكتەك ئايان ئىدى ،— سادىقكا ، ئۇلارنى ئۆيدە بېقىپ بولسىمۇ قىشتىن چىقار-ساق بولمامدۇ ؟ نېمىشقا سويىمىز زادى .

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ ، ئۇكام ،— دېدى سادىق قويچى ماللارغا سىنچىلاپ قاراۋېتىپ ، — بولىدىغان مال تۇيىقىدىن مەلۇم دېگەندەك گەپ بولىدىغان . هازىرقى مۇشۇ سوغۇققا چىدى-مىغان مال قىشنىڭ قارا سوغۇقىغا قانداق چىدايدۇ . سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلسىمۇ ئىشقىلىپ ئۇنىڭ گۇناهى ئۆزۈڭگە بولىدۇ . ئالته ئاي ياز جاپا تارتىپ مال باققىنىڭ بىكار بولىدۇ . گەدىنىڭگە قەرز يېزىلىدىغان گەپ ، هه ، بوله ، ماۋۇ ساغلىقنىڭ كەينىدىن ئىتتىرىپ قوي ، مەن سۆرەي . هه ، توغرا ، ئىشقىلىپ مال دېگەننى باقىمىز ، سەمرىگەندە ياكى مۇشۇنداق جۇتتىن چىقالمىسا سويىمىز ، بىر مالنى مەڭگۇ باققىلى بولمايدۇ . كىچىكى چوڭىيى-دۇ ، چوڭى مۇشۇنداق سوغۇققا چىدىماي ئۆلىمەن دەپ يېتىۋال-دۇ . ئىشقىلىپ جاهاننىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداقكەنغۇ ، ياخشى كۆرگەن نەرسەڭ يوقالسا قايغۇرىسەن . لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈ-شى بىلەن ئۇنى ئۇنتۇيسەن . يېڭــىسى كونىنىــڭ ئورنىنى ئالىدۇ ، — سادىق قويچى بىر تەرەپتىن سۆزلەپ ، بىر تەرەپتىن تىرەجەپ تۇرۇۋالغان ساغلىقنى سۆرەپ شادا ئىشكىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى . ئۇلار ئىككى ساغلىقنى سۆرەشتۇرۇپ يۇرۇپ قوتان تېمىغا يۆلەپ سېلىنغان ئۆيگە ئېلىپ كىردى . ئەتىگەندىلا ئوچاققا ئوت يېقىلغاچقا بۇ ئۆي ئوبدانلا ئىسسىپ قالغانىدى . باياتىن كاڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇلغان ئۈچ ساغلىق خۇددى تامغا يۆلىنىۋال-مىسا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك سۇۋاقلىرى ئاجراپ كەتكەن سوقما تامغا يۆلەنگىنىچە تىرەجەپ تۇراتتى . يۇڭلىرى بىر هەپتىنىڭ ئالدىدىلا قىرقىلغان بۇ قويلارنىڭ تۇرقى بەئەينى قۇرۇپ قالغان جىگدە شېخىدەك بەكمۇ ئاۋاره بولۇپ ، خۇددى ئىسكىلىتقىلا ئوخ-شاپ قالغانىدى .

— بولدى ئابدۇسالام ، ماللارنى سەن ئەچىقىۋەر ،— دېدى سادىق قويچى كاڭنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ ناسۋال قاپىقىدىن بىر چېكىم ناس ئېلىپ كالپۇكى ئاستىغا تاشلاپ تىلى بىلەن ئۇنى

تۇجۇپىلەپ باستۇرغاندىن كېيىن ،— جاڭگالغا چىققاندا ماللارنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىغا بەكرەك دىققەت قىل . مەن ھازىرچە قىشتىن چىقالمايدۇ دەپ مۇشۇ بەشنى بېكىتتىم . كەچكىچە يەنە نەچچىسى چىقىدۇ ئۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ . بىرەرسى يىقىلىپ قالغۇدەك بولسا ياكى يىقىلىپ ئورنىدىن تۇرالمىسا دەرھال پىچاق سىڭىدۋەت . بولمىسا ھارام بولۇپ قالىدۇ . قوتاندا ئۆلسە بىزگە ھېساب ، دالىدا ئۆلسە ئەترەتكە ، لېكىن ئۇنىڭ تېرىسى بىلەن باش - پاچىقى ئەترەت ئىشخانىسىغا كېلىشى كېرەك . ئۇقتۇڭمۇ ؟

— ۋاي سادىقكا ، — دېدى ئابدۇسالام قورقۇمسىرىغان ھالدا سادىق قويچىغا قاراپ ، — مەن ھازىرغىچە قوي تۇرماق قۇشقاچمۇ بوغۇزلاپ باققان ئەمەس .

— ئۆگىنىسەن ،— دېدى سادىق قويچى بەلۋىغىغا قىستۇرۇۋالغان پىچىقىنى غىلىپى بىلەنلا سۇغۇرۇپ ئېلىپ ، — ھېچكىم تۇغۇلۇپلا مال سويۇشنى بىلگەن ئەمەس ، ھەممە ئىشنى مۇشۇنداق ئۆگىنىدىغان گەپ ، دەسلەپتە پىچاق تۇتۇشتىن قورقىسەن . لېكىن باشقا كەلسە باتۇر دېگەندەك كېيىن ئۆگىنىپ كېتىسەن . كۆز ئالدىڭدا بىرەر مال ھارام بولۇپ ئۆلۈپ قالسا بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولىدۇ ئۇكا . تۇتە ماۋۇ پىچاقنى ، بېلىڭگە چىڭ قىستۇر . ئوغۇل بالا دېگەننىڭ پىچاق ھەمراھ جۇمۇ .

ئابدۇسالام كۆن غىلاپلىق ، ئەگرى ساپلىق پىچاقنى قورقۇمسىرىغان ھالدا ئېلىپ كۆك پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئالدى پەشلىرىنى ئۆتكۈزۈپ باغلىۋالغان چىگە ئارغامچا ئارىسىغا قىستۇردى - دە ، بىردىنلا يۈرەكلىنىپ قالغاندەك ، گويا مۇشۇ پىچاقنى بېلىگە قىستۇرۇش بىلەنلا نەچچە ياش چوڭىيىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى .

— مانا قارا ،— دېدى سادىق قويچى ئۇنىڭ شەپكىسىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ ، — ئەمدى ھەقىقىي تاغ يىگىتلىرىگە ئوخشىدىڭ . ھە راست ، بۇنداق ماڭساڭ بولمايدىكەن ، ئەسكى بولسى-

www.uyghurkitap.com

مۇ ماۋۇ قۇلاقچىنى كىيىۋال ، كونا بولسىمۇ خېلىلا ئىسسىقى بار . شەپكەڭنى مەن كىيىۋالاي . جاڭگالنىڭ سوغۇقى بەك يامان ، ئىشقىلىپ بۈگۈن ماللارنى بەك يىراققا ئەكەتمە . ھە راست ، تېخى تاماق يېمىدىڭ ھەرقاچان . مەن نان ئالغاچ كەلگەنتىم ، ئەنە ئاۋۇ سومكىدا ، قازاندىكى سۇمۇ قايناپ قالغاندۇ . شۇنىڭ بىلەن ناشتا قىلىۋېلىپ ئاشقان ناننى بېلىڭگە چىگىۋال . مەنمۇ چۈش پېشىن-گىچە ئىشلارنى پۈتتۈرۈپلا سېنىڭ يېنىڭغا يېتىپ بارىمەن . ناۋادا يېنىڭغا بارالماي قالسام ناماز ئەسىر بىلەن كەينىڭگە يان ، مەن ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئەترەت ئىبغىلىدىن بىر نەچچە ھارۋا چۆپ ئالغاچ كېلىمەن . تويمىغان يېرىگە شۇنى يە بولمىسا . ھە ، ھاڭۋېقىپلا قاراپ تۇرسەنغۇ ، چېپىڭنى تېزرەك ئىچىپ ماللارنى چىقىرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلمامسەن دەيمەن . مەن دىككىدە مال دوختۇرخانىسىغا بېرىپ ئىمىن دوختۇرنى چاقىرىپ كېلەي .

— ئۇنى نېمە قىلىسىز ؟ !

— نېمە قىلاتتىم ، ماۋۇلار قىشتىن چىققالامدۇ ، يوق ، شۇ-نىڭغا خەت قىلدۇرىمەن . ئۇنىڭ خېتى بولمىسا بىرەر مالنىمۇ سويغىلى بولمايدۇ .

سادىق قويچى ئابدۇسالامغا يەنە بىر مۇنچە ئىشلارنى تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى ، ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇسالام قازان بېشىغا قويۇپ قويۇلغان سېرىق بىرىزېنت سومە-كىنى ئاچتى . ئۇنىڭ ئىچىدە ئاق ئۇن بىلەن ئاق قوناق ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلغان بىر جۈۋەندە نان بىلەن بىر سىرى چۇ-شۇپ كەتكەن كۇرۇشكا تۇراتتى . ئابدۇسالام كۇرۇشكىنى ئېلىپ رەڭگىنى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن تۇۋاقنى ئاچتى . لەپپىدە كۆتۈرۈلگەن ھور ئۆي ئىچىگە يېيىلىپ خۇددى نېپىز بۇلۇت قاتلىمىدەك بىر قەۋەت تۇمان ھاسىل قىلدى . تام تىرەجەپ ئەجەل كۇتۇپ تۇرغان قويلار يېمەكلىك شەپىسىنى سېزىپ قالدىمۇ ئەتى-مالىم مەرىشىپ كەتتى . ئابدۇسالام لەپپىدە كۆتۈرۈلگەن ھور

تەپتى سەل يوقىغاندىن كېيىن قازان ئىچىدىكى سۇنى ئىلغا قىلدى . سۇ قاينىغاندەك ئەمەس ئىدى . لېكىن ئۇنىڭ گرادۇسى ئازراق ئۆرلىگەنلىكى ئېنىق ، ئۇ بۇ سۇنى تولۇق قاينىتىش ئۈچۈن ئوچاققا قوناق مەدىكىنى تاشلىدى . نەم تارتىپ قالغان مەدەكلەر ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغان ئوتتا كۆيىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇ كىچىككىنە جىگدە ياغىچى بىلەن ئوچاق ئىچىنى بىر قۇر مالتىلىۋىدى ، ئۈستىنى بىر قەۋەت كۈل قاپلىۋالغان چوغلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇ ئاشۇ چوغ ئۈستىگە بىر نەچچە تال قۇرۇق تەمەچ تاشلاپ ئۇنى پۈۋدەشكە باشلىدى . لېكىن ئۇ تۇتىشىدىغاندەك ئەمەس ، كۆزىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقان ئىسنىڭ دەردىدىنمۇ ياكى تۇيۇقسىزلا باشلانغان ئاچچىق سوغۇقنىڭ تەسىرىمۇ ، ياكى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ مۇشۇ تاغلىق يېزىدا بىر مالچىنىڭ ئەسكى كەپىسىدە ئىسسىققىنە بىر چىنە چايغا زار بولۇپ قوناق مەدىكىنى ئوڭلاپ قالىيالماي ئولتۇرغىنىدىن جىلە بولۇپمۇ ئەتىمالىم ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى . ماۋۇ ئۆلەرمەن قويلارنىڭ جانسىز مەرەشلىرىنى ئاڭلاپ قالغانمۇ ياكى يايلاققا چىقىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن زارلىنىپمۇ ئەتىمالىم قوتاندىكى قويلار خۇددى ئومۇمىي خورغا چۈشكەندەك مەرىشىپ كېتىۋاتاتتى .

— ۋاي بولدىلا ، — دېدى ئابدۇسالام ئىس تۇتەپ تۇرغان ئوچاققا قاراپ جىلە بولغانلىقتىن قولىدىكى ھۆل جىگدە ياغىچىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ ،— سوغۇق سۇنىمۇ ئىچىمىزغۇ . قايىنىمىسا نېمە بوپتۇ زادى ،— دېگىنىچە كورۇشكىسىنى قازانغا تىقىپلا بىر قاچا ئىسسىغان سۇدىن ئېلىپ ناندىن بىر پارچە ئۇشتۇپ يېيىشكە باشلىدى . قورساق ئاچقاچقىمۇ ئىشقىلىپ ئىلمان سۇ بىلەن يېگەن بۇ ناشتىلىق ئۇنىڭغا ئوبدانلا تېتىدى . ئۇ ئاشقان ناننى قولياغلىققا چىگىپ پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقتى . كورۇشكىنى بېلىنى باغلىۋالغان چىگە ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا چې-

ىگىپ يېنىغا ئاستى . سادىق قويچى بەرگەن قارا قۇلاقچىنى چۆكۈ-
رۈپ كىيىپ ، ئوچاق ئالدىدىكى مەدەكلەرنى بۇلۇڭغا سۈرۈپ
قويغاندىن كېيىن قازاننىڭ تۇۋىقىنى يېپىپ قويۇپ تالاغا چىقتى ،
ئۆي ئىشىكىنى يېپىپ ئىلغۇچىنى ئىلىپ ئۇنىڭغا بىر جىگدە
ياغىچىنى قىستۇرغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ قوتانغا ماڭدى .
ئۇ بىرەر مودىن ئوشۇقراق يەرنى سوقما تام بىلەن قاشاداپلا
ياساپ قويغان قوتاننىڭ جىگدە ، دەرەخ نوتىلىرىدىن توقۇلغان
شادا ئىشىكىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگىنىدە قوي ـ ئۆچكىلەر
گوياكى ئۆزىنىڭ قېرىنداشىنى كۆرگەندەك ئەنسىز مەرىشىپ
كەتتى ، ئابدۇسالامنىڭ گەرچە تىلسىز بولسىمۇ ئۆزىنىڭ مەقسى-
تىنى ، نىيىتىنى ئاشۇ مەرەشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بۇ
جانىۋارلارغا ئىچى ئاغرىپ قالدى . چۈنكى كېچىچە چىققان ئاچ-
چىق شىۋىرغان ئۇلارنى بىر كېچە قىينىغان ، قىسقىسى تۈيۈقسىز
كەلگەن جۇدۇننىڭ تەسىرىدە ئاچلىق ۋە سوغۇقنىڭ جاپاسىنى بىر
كېچە يەتكۈچە تارتقانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كېچە بىرەر پارچە
يوپۇرماقمۇ يېيەلمىگىنى ئاز كەلگەندەك ئوتلاقتا چىقىش ۋاقتى
ئۆتۈپ كەتسىمۇ تېخىچە مۇشۇ ئۈستى ئوچۇق قوتاندا تىترىشىپ
تۇرغانلىقى ئۇچۇنمىكىن ، ئەنسىز نالە قىلىشىپ ، ئۆزلىرىنىڭ
بىر تىرىك جان ئىكەنلىكىنى ، باشقىلارغا ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭمۇ
كۈتۈنۈشكە ، كۆيۈنۈشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئاشۇ مەرەشلىرى
ئارقىلىق ئۇقتۇرۇۋاتاتتى . ئابدۇسالام بىر دەمدىلا چوكا مۇزدەك
قېتىپ كەتكەن قولىنى قولتۇقىغا تىقىپ ئىسسىتىۋالغاندىن كې-
يىن قوتاننىڭ قاشا ئىشىكىنى ئاچتى . ئىشىك يېنىغا قاپسىلى-
شىپ تۇرغان قوي ـ ئۆچكىلەر گوياكى تۇرمىدىن قويۇپ بېرىل-
گەن مەھبۇسلاردەك بىر ـ بىرىنى قىستاشقىنىچە قوتان ئىشىكى-
دىن يوپۇرۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى ، ئابدۇسالام قولىدىكى قامچى-
سىنى قارسىلدىتىپ ھەيۋە قىلىپ ھەر تەرەپكە چېچىلىشقا باشلى-
غان قويلارنى ئۆز يۆنىلىشىگە باشلاپ قويغاندىن كېيىن ، قوتان

ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ بىرەر قوينىڭمۇ قوتاندا قالمىغانلىقىغا
ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن قاشا ئىشىكىنى تاقاپ ماللارنىڭ كەينى-
دىن ئەگەشتى.

مەھەللە سىرتى كەڭرى كەتكەن كەڭ دالا بولۇپ ئۇنىڭ
شىمالىدىكى تەڭرىتاغ تىزمىسى شەرقتە ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشى-
يا)دىن باشلىنىپ غەربتە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغىچە
سوزۇلاتتى. ئۇنىڭ كۆز يەتكۈسىز قىر - چوققىلىرىدا خۇددى
ئاق سەللە ئوراپ جاينامازدا ئولتۇرغان خىزىر سۈپەت بوۋاي
سىياقىدا كۆرۈنىدىغان بىر مۇز چوققا مانا مۇشۇ تاشبالىقىنى
كۆزىتىپ ئولتۇرغاندەك كۆزگە ئالاھىدە تاشلىناتتى. مەھەللىدى-
كى يېشى يەتمىش — سەكسەندىن ھالقىغان مۆھتىرەم بوۋايلار
بۇ مۇز چوققا توغرىسىدا ھەر خىل ھېكايىلەرنى سۆزلىشەتتى.
بۇ ھېكايىلەر شۇنداق سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ئاڭلى-
غان كىشىنىڭ تېنى ئاشۇ چوققا ئۈستىدە تۇنەپ قالغان كىشىدەك
شۈركىنىپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىدىكى سىرلىق رىۋا-
يەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ مەڭگۈ ئېرىمەس مۇز چوققىنىڭ
ھەقىقىي سىرىنى ئاچىدىغان ئادەم تېخى دۇنياغا تۆرەلمىگەنمىش.
چۈنكى بۇ مۇز چوققىغا چىققان ھەرقانداق ئادەم خۇددى ئاشۇ مۇز
چوققىدەك مەڭگۈلۈك قېتىپ قالارمىش. مۇشۇ زېمىننى باغاشلاپ
ئاقىدىغان ئاشۇ مۇزدەك تاغ سۈيىمۇ ئاشۇ مۇز چوققىنىڭ ئىنسان-
لارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ بىرسىمىش. لېكىن ئادەمنى
خۇش قىلىدىغىنى ئاشۇ چوققىلاردىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان مۇز-
دەك تاغ سۈيى ھەققىدىكى ھېكايەت ئىدى، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە،
بۇ تاغ سۈيىدە ئادەم تېنىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل
دورىلىق ماددىلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن
بۇ جايدىكى خەلقنىڭ مىجەزى مۇشۇنداق ئوچۇق، ئاق كۆڭۈل،
مېھرىبان بولۇپ قالغانمىش، ھەتتاكى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش
چولپانلىرىنىڭ بۇ جايدا ئەڭ كۆپ بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئاشۇ

www.uyghurkitap.com

تاغ سۈيىگە مۇناسىۋەتلىككەن .

ئىتنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى ئابدۇسالامنى مۇز تاغ ، مۇز چوققا ھەققىدىكى خىياللىرىدىن ئويغاتتى . مالچىلارغا ياخشى يار-دەمچى بولۇپ كېلىۋاتقان ئاق تۇمشۇق ئىت جەنۇب تەرەپتىكى سالا ئېتىزلارغا سۈرۈلۈۋاتقان قويلارنى شىمال تەرەپتىكى ئوتلاق تە-رەپكە ھەيدەپ يۈرەتتى . ئۇ شۇتاپ ئابدۇسالامنىڭ يالغۇز قالغىنى-نى ھېس قىلىۋاتقاندەك ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىزلا ئۆز مەجبۇرىيە-تىنى ئادا قىلىپ يۈرەتتى . « ‹ئىت ۋاپا ، خوتۇن جاپا › دېگەن ماقالنى كۆپ تەھلىل قىلاتتىم . لېكىنزە ، ئىت قانداق ۋاپادار بولىدۇ دېگەننى بەك ئويلايدىغان ، ئەسلى ئىت دېگەن مانا مۇشۇن-داق ۋاپادارلىقى بىلەن ئىنساننىڭ ئېغىرىنى يېنىك قىلىدىكەن ئەمەسمۇ . » ئابدۇسالام ئاچچىق توپىنى دىماغقا ئۇرۇپ ئىزغىرىن شامالدا قۇيۇندەك تېز يۈگۈرۈپ يۈرگەن بۇ ئىتقا بەك ھەۋىسى كەلدى . «مۇشۇنداق بىر ئىتنى بېقىپ قويغانمۇ ياخشىكەن . نېمىشقا بۇ مەھەللىدە ھەممە ئادەم ئىت باقىدىغاندۇ دەپتىكەنمەن . ئەسلى ئۇ ئۆزىگە لايىق ئىشلارنى قىلغاندىن باشقا ئىگىسىنىڭ ئېغىرىنى يېنىك قىلىدىكەن ئەمەسمۇ . » ئابدۇسالام سادىق قوي-چىنىڭ مالنى بەكمۇ يىراققا ئاپارماسلىق توغرىسىدىكى سۆزىنى يادىغا ئېلىپ شىمال تەرەپتىكى تاغ باغرىغا سۈرۈلۈۋاتقان قوي پادىسىغا قارىغىنىچە ئاستا مېڭىپ ، خۇددى بۇ مەھەللىنىڭ زەبەر-دەس قاراۋۇلىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان قوڭۇر تاشنىڭ يېنىغا كەلدى . بۇ ئالاھازەل ئىككى ئۆي چوڭلۇقىدىكى قارامتۇل قو-ڭۇرتاش بولۇپ ، ئۇ خۇددى بىرى تاراشلاپ قويغاندەك سىلىق ھەم يالتىراق ئىدى . كۆپ ھاللاردا سادىق قويچى مانا مۇشۇ تاش ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ كەڭرى كەتكەن سالا ئېتىزلارغا ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تەڭرىتاغنىڭ غۇچچىدە قارىغاي ، ئارچا بىلەن قاپلانغان كەڭرى ئېتەكلىرىگە ، خۇددى بەكمۇ سىلىق توقۇلغان گىلەمدەكلا كۆرۈنىدىغان يايلاقلارغا ، ئۆزىگە بەكلا يې-

قىن كۆرۈنىدىغان ئاشۇ ئاقۋاش چوققىغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى . بۇنداق چاغدا ئۇ ھەممىنى ، ھەتتا تاغ تەرەپكە يېپىلىپ ماڭغان ماللىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر دىنبىر سىردىشى مۇشۇ قوينى كەڭرى تەبىئەت ، ئاستىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەتكە گۇۋاھچى بولۇپ ئولتۇرغان قوڭۇر تاش ، ئاق تۇمشۇق ئىتى ئىدى خالاس . مانا ، ئابدۇسالام ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇپ كېلىۋىدى ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ ئولتۇرىدىغان بۇ ئىچ مىجەز يىگىت ئەمدى ئوبدانلا سۆزمەن بولۇپ قالدى . ئېيتىدىغان سۆزلىرى كۆپىيىپ ، ناخشىلىرى ئازلاپ قالدى . چۈنكى ئابدۇسالام سادىق قويچىنى «نېمىشقا ؟ نېمە ئۈچۈن ؟» دېگەن سوئال دۆۋىسىگە كۆمۈپلا تاشلايتتى . نۇرغۇن نېمە ئۈچۈنلەرگە راستىنى ئېيتقاندا سادىق قويچى جاۋاب بېرەلمەي قالاتتى ، چۈنكى ئۇ ئارانلا باشلانغۇچنىلا پۈتتۈرگەن يېرىم ساۋاتلىق ئادەم ئىدى . ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشىنى ، مال - ۋاراننىڭ پەيلىنى ئوبدان بىلگىنى بىلەن مىللىي خاسلىقا ئىگە ئۆرپ - ئادەت خاراكتېرلىك بەزى زىل سوئاللار ئالدىدا تەمتىرەپ قالاتتى . «دادىسىنىڭ ئۆزىكەنغۇ بۇ بالا ،— دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتى سادىق قويچى سوئال سوراپ ھارمايدىغان ، بەزىدە ئادەم ھودۇققۇدەك گەپلەرنى قىلىۋېتىدىغان بۇ بالىغا قارىغىنىچە خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ ،— ئەقىللىق ئادەمنىڭ بالىسى - دە ، ئۆزىگە ئوخشاش تەربىيىلەنگەن . لېكىنزە ، تازا ئوقۇيدىغان چېغىدا بۇ يەرگە ئەۋەتىپتۇ . بولمىسا چوڭ شەھەرلەردىكى يوغان مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئالىم بولاركەن . ھېلىمۇ ئوقۇيمەن ، ئوقۇيمەنلا دەيدىكەن . نىيەت - ئىقبالىغا يەتكىلى نېسىپ قىلار خۇدايىم . مۇشۇ بالىنىڭ بەخت - تەلىيى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى مۇشۇ دىشۋارچىلىقتىن تېزرەك قۇتۇلغىلى قويغايسەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپمۇ قالاتتى . ئابدۇسالاممۇ سادىق قويچىنى بىر تۇغقان قېرىندىشى قاتارىدا كۆرۈپ قالغانىدى . ئۇ سادىق قويچىنىڭ دادىسىنىڭ نامىنى ھاياجانلىنىپ تىلغا ئالغىنى-

www.uyghurkitap.com

ـدىلا ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلىغۇسى ، ئۆزىنىڭ كاج تەلىيـ
ـدىن زارلانغۇسى كەلگەن . بىراق ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى ئۇنى
بۇنداق يەڭگىللىك قىلىشتىن توسۇپ قالغانىدى . چۈنكى ئۇ ئەمـ
ـدى ئۆزىنى كىچىك بالا دەپ قارىمايتتى . ئۇ مۇشۇ زېمىندىكى
خەلققە ياخشى نام قالدۇرغان بىر كادىرنىڭ بالىسى تۇرۇپ كىـ
ـچىككىنە بىر ئىشقا ياش تۆكۈپ يۈرسە بولمايتتى . سادىق قويچىـ
ـنىڭ تەسۋىرلەپ بېرىشىچە ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇساھىپ ئەينى
دەۋردە ئۆزىنىڭ يېتىلگەن بىلىمى ۋە يەرلىك چارۋىچىلارنىڭ
بەزى سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدە كەسكىن قارارغا كېلىپ ، ناھىيىدىـ
ـكى ئاشۇ رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ
مۇشۇ تاشبالىقتىكى دېھقان ، چارۋىچىلارغا ئەڭ ياخشى تەسىر
قالدۇرغان ھەم ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەن بىر كادىر ئىدى .
ئۇ ھەرقانداق بىر دېھقاننىڭ ئاددىي كەپىسىگە بىمالال كىرەتتى .
توپا پۇرقىراپ تۇرغان كىگىز ياكى ئەدىياللىرىنىڭ ئۈستىدە بەـ
ھۇزۇر ئولتۇرۇپ داغ سۇدىن سەللا پەرقلىنىدىغان سېرىق قوناق
ئۈمىچىنى خۇددى شورپا سۈمۈرگەندەك ھۇزۇرلىنىپ ئىچەلىگەن
كادىر ئىدى . ئاشخانىدا كادىرلار ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان
تاماقنىڭ خېرىدارى تولا ھاللاردا ئاددىي نىمكەش چاپان ئىچىدە
تىترەپ تۇرسىمۇ سارغايغان چىشلىرىنى تۇگەل چىقىرىپ كۈلۈشـ
ـكە ئادەتلەنگەن چارۋىچىلار بولۇپ قالاتتى .

— بۇ تاماقلارنىچۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلىغانتۇق
باشلىق ، — دەيتتى ئەترەتنىڭ بوغالتىرى قىلچە تەپ تارتماي
كادىرنىڭ تامىقىنى يەۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ جىددىيلەشكەن
ھالدا ، — بۇ تاماقنى ئۇلار يەپ كەتسە ئۆزلىرى نېمە يەيلا
ئەمدى ؟ !

— ماڭا بۇنداق ئالاھىدە تەييارلانغان تاماقنىڭ كېرىكى يوق ،
دەپ نەچچە دېدىم سىلەرگە ، — دېگەنىدى ئۇ بوغالتىرغا تەئەددى
ئارىلاش سۆزلەپ ، — مەن ئالاھىدە بولۇۋېلىشنى ياقتۇرمايمەن ،

مەنمۇ بىر دېھقان بالىسى، دېھقانلار نېمە يېسە مەنمۇ شۇنى يەيمەن.

— بۇ... بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ، كادىر ئەپەندىم، — دېدى ئۇ گىرۋىكى مايلاشقان شاپاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، بېشىنى قاشلىغان هالدا، — ئۆزلىرىنى ياخشى كۈتمىسەك مۇدىرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىمىز. بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز يېرىم بولۇپ قالىدۇ. بىز هەرقانچە كەمبەغەل بولساقمۇ ئۆزلىرىدەك تاشبالىقلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتقان بىر كادىرنى ئاچ - زېرىن قويساق قانداق بولىدۇ.

— مۇشۇ ئۈچ يۈز ئائىلىنى ئاچ - زېرىن قويمىساق ناهايىتى ئوبدان بولىدۇ. هېلىمۇ بۇرنۇڭلارنىڭ ئۈچىدا تۇرغان بايلىقنى بىلمەي ياشاپ كەپسىلەر. ئايىغىڭلارنىڭ ئاستىدا سۇ ئېقىپ تۇرسىمۇ شۇنچىۋىلا بوز يەر قاغجىراپ يېتىپتۇ. مۇشۇ ئۆستەڭ پۈتسە هەممىمىزگە ياخشى، خىجىل بولىدىغان هېچقانداق ئىش يوق.

ئابدۇساھىپ ئەنە شۇنداق نىيەت بىلەن مۇشۇ ئۈچ يۈز ئائىلىنى هەرىكەتلەندۈرۈپ، ناھىيىدىن مىڭ بىر جاپادا هەل قىلغان ئازراق مەبلەغ بىلەن مەهەللىنىڭ شەرقىدىكى جىلغىدا شارقىراپ ئېقىپ، سېرىق توپا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇققا ئۇن - تۈنسىز سىڭىپ كېتىدىغان سۇنىڭ يېرىمىنى مۇشۇ تاشبالىققا باشلاپ كەلدى. تاشبالىق دېگەندە تاش دېگەن جىق گەپ. شۇڭا ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ تاش ئۆستەڭ ئاشۇ مۇشتۇمدەك، سويما قوغۇندەك تاشلارنى رەتلىك تىزىپ يەرلىك سېمونت بىلەن قاتۇرۇپ ياسالغاچقا ناهايىتى پۇختا ئىدى. مانا ئەمدى دېھقانلار ئېتىزلىرىنىڭ سۇسىز قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيلا قالماستىن، بەلكى ئىككى چاقىرىم يول يۈرۈپ مەهەللە سىرتىدىكى جىلغىدىن سۇ ئەكېلىشتىنمۇ قۇتۇلغانىدى. بۇ قوش خۇشاللىق تاشبالىق خەلقىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغاچقىمۇ ئاشۇ دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن سۆزلەيدىغان دېھقان سۈپەت ناهىيە

كادىرىغا بولغان قايىللىق، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاس، ئەقىدە ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئوت بولۇپ ياناتتى. سادىق قويچىمۇ تولا ھاللاردا مۇشۇلارنى ھېكايە قىلىپ ئابدۇسالامنى ئۆزىنىڭ يېتىلىۋاتقان يىگىتلىك غۇرۇرىغا زىت سوئاللار دۆۋىسىگە كۆمۈپ قوياتتى. ئابدۇسالام دادىسىنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىۋاتقان بۇ قارا قۇمچاق، دوغىلاق، گەپنى سەل ئېزىپىرەك سۆزلىسىمۇ ئىدىتلىق مىساللار بىلەن كىشىنى قايىل قىلالايدىغان ئىچ مىجەز مالچىغا تىكىلگىنىچە خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا پۈتكۈل تەبىئەت سىرلىق سۈكۈناتقا چۆمۈپ، تاغلار چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرغاندەك مۈگىلىنىپ قالاتتى. قوي - ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرىمۇ، ئاق تۇمشۇق ئىتنىڭ قاۋاشلىرىمۇ توختاپ قالغاندەك گويا بارلىق مەۋجۇدات ھەرىكەتتىن توختاپ، جاھان سىرلىق سۈكۈناتقا چۆمگەندەك بىر سېزىم ئىلكىدە مۈگىلىنىپ قالغان ئابدۇسالامنىڭ يۈرىكىدە سانسىزلىغان «نېمە ئۈچۈن؟»لەر پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىنى رەھىمسىزلەرچە مۈجۈيتتى. «تۈۋا، دادام شۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلغان تۇرۇقلۇق نېمىشقا خاتالىشىپ قالغاندۇ»، «ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز مەسئۇد ۋاھىدنىڭ بېشىغا ئىككى مېتىرلىق قەغەز قالپاق نېمىشقا كىيدۈرۈلدى»، «ھېلىقى قاپىقىدىن بىر خىل سۇر چىقىپ تۇرىدىغان مەكتەپ مۇدىرىمىزنىڭ گۇناھى نېمە»... ئۇ بۇنداق سوئاللارغا مەڭگۈ جاۋاب تاپالمايدىغاندەك ئولتۇرۇپ قالاتتى.

— ئوغلۇم، — دېگەنىدى دادىسى ئۇنى شەھەردە قالدۇرغان ھېلىقى كۈنى، — ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشما، دوست تۇتمەن دېسەڭ پەقەت كىتابىنلا دوست تۇت. ھازىر بولۇۋاتقىنى بىر شامال، ئۇ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شامال گەرچە بەزى ئىشلارنى ئوڭ - تەتۈر قىلىپ قويسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھەقىقەت ھەممە ئادەمگە كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ. سەن پەقەت مېنىڭ مۇشۇ بىر

قېتىملىق تەتۈر چىققان شامالنىڭ قۇربانى ئىكەنلىكىمنى، بۇ شامال ئۆتۈپ كەتكەندە بولسا ھەممە ئىشنىڭ ئوڭشىلىدىغانلىقىنى، مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى بىلىپ قالساڭلا بولدى. لېكىن بۇ گەپلىرىمنى تالادا بىرەرىگە دەپ يۈرمە. چۈنكى مۇشۇ سۆزۈممۇ ئوخشاشلا ھازىرقى ئىنقىلابقا قارشى چىققانلىق بولۇپ گۇناھ يېزىلىدۇ.

ئابدۇسالام ئۇ چاغدا كىچىك بولغاچقا بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىگە يېتەلمىگەن. ئوقۇغۇچىلاردىن تارتىپ ئىشچىلارغىچە ئىككى تەرەپ بولۇپ ۋارقىراشقاندا، مۇنازىرىلەشكەندە، ھەتتا قولىغا قورال ئېلىپ بىر ـ بىرىنى قىرىشقا چۈشكەندە بولسا قورقۇپ قالغانىدى. چۈنكى دادىسى دېگەن شامال توختاش تۈرماق تەتۈر قۇيۇنغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئېتىشىشلار توختاپ ئىككى تەرەپ ياراشقاندا ئابدۇسالام «ئۇھ» دېدى. دادىسى دېگەندەك بۇ تەتۈر شامال ئۆتۈپ كەتكەندەك ھەممە ئىشلار ئەمدى ئۆز جايىغا، ئۆز قېلىپىغا چۈشىدىغاندەك ھاياجانلانىدى. ئوقۇشلار ئەسلىگە كېلىدىكەن، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە يىغىدىكەن دېگەن سۆزلەر ئۇنى ئەڭ خۇشال قىلغان ئۇچۇرلاردىن بىرى ئىدى. ئەپسۇس، تولۇقسىزدىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇغان بارلىق بالىلارنىڭ ھەممىسى تاغ ۋە يېزىلارغا چۈشۈپ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىش زۆرۈر دېگەن چاقىرىقنىڭ ئابدۇسالامنىمۇ مانا مۇشۇ تاغلىق يېزىغا ئەكېلىپ تاشلىشى ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىيات ـ ھاياجانلىرىنى توزغاقتەك توزۇتۇۋەتكەنىدى.

شىگشىگشا ئۆزى چۆلدۈر جېنىمەي،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
قۇمۇل يولىغا قاراپ دوستلار ئامانەي،
ئاقتى كۆزنىڭ قاراسى.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇسالامنىڭ خىياللىرىنى بۇ ناخشا ئاۋازى چورتلا ئۈزدى . ئۇ ناخشا ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە قارىدى . مەھەللە تەرەپتىن كېلىۋاتقان سادىق قويچى ئۆزىنىڭ سۇر ھاڭگىسىغا يانتۇ مىنىپ ، قامىسى ئاجراپ كەتكەن قارا مالخىيىنى قىيسايتىپ كىيگەن ھالدا ناخشا توۋلاپ كەلمەكتە ئىدى . ئىگىسىنىڭ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاق تۇمشۇق ئىت يانتاق - قامغاقلار ئارىسىدىن قۇيۇندەك چېپىپ سادىق قويچىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى - دە ، ئۇنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان پۇتلىرىغا سۈۋىشىپ ، ئۆز ئىگىسىگە بولغان ھۆرمەت ئىشارىسىنى تولۇق بەجا كەلتۈردى . قوي - ئۆچكىلەرمۇ ئىگىسىنىڭ تىۋىشىنى سەزگەندەك باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ناخشا ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قارىشىپ قويۇپ قايتا ئوتلاشقا كىرىشتى .

«چوقۇم بىر خۇشاللىق بار ، — دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرگەن ئابدۇسالام بۇ يالتىراق تاشنىڭ شامال سوقمايدىغان كاۋىكىدىن چىقتى ،— بۇ ئادەم يا خۇشال بولسا ، يا ئىچى پۇشسا ناخشا ئېيتاتتى ، قارا ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى . »

— ھە ، قانداقراق مالچى ئەپەندىم ،— دېدى سادىق قويچى ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلە - كەلمەيلا چاقچاق قىلىپ ،— ماللار بۇگۈن بوزەك قىلمىغاندۇ ؟ بۇ سوغۇقتا تاشقا دۈمبىنى چاپلاپ تۇرغۇلۇق ئەمەستى . بۇنداق جۇدۇنلۇق كۈنلەردە ئاۋۇ چۇگا - چاتقاللارنى يىغىپ گۈلخان يېقىپ ئولتۇرىدىغان گەپ ئەمەسمۇ . «بالا — قىلغان ئىشى چالا» دېگەن مۇشۇدە . پاھ ، شۇمشىيىپ سۇغا چۈشكەن چاشقاننىڭ ئۆزىلا بوپسەنغۇ .

ئابدۇسالام سادىق قويچىنىڭ مۇشۇ گېپىدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن توڭلىغانلىقىنى ھېس قىلدى .

— مەندە سەرەڭگە يوقتى ، شۇڭا ...— دېدى ئابدۇسالام چوكا مۇزدەك قېتىپ كەتكەن قولىنى ئىچىگە تىقىپ تۇرۇپ .

— ئەتىگەن دەپ قويىمەن دەپ ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ .

جاڭگال دېگەنگە پۇختا تەييارلىق بىلەن چىقىمىز . يۇرە ، ئازراق چۇگا ـ چانقال يىغىپ ئوت ياقايلى .
ئۇلار بىرلىشىپ سوغۇقتا دىردىيىپ قالغان يانتاق ـ قامغاقلارنى يىغىپ كېلىپ ھېلىقى يالتىراق تاشنىڭ يېنىغا دۆۋىلىدى . قۇرۇپ قالغان چانقاللاردىن ئەكېلىپ تۇتروۇق قىلىپ ئوت ياقتى . دەسلەپ پۇژۇلداپ تۇرغان يانتاق ـ قامغاقلار بىردەمدىلا پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى .
— سوغۇقتا جاننىڭ راھىتى ئوت ئۇكا ، — دېدى سادىق قويچى قولىنى ئوتقا قاقلاپ ئولتۇرۇپ ،— شۇنداق قىلىپ ھېلىقى بەش ساغلىققا قىشتىن چىقالمايدۇ ، دەپ ئەن سالدى . ھۆسۇيۇن قاسساپ ئۇلارنى سويۇۋاتىدۇ . ھېسابلاپ باقسام ئادەم بېشىغا ئىككى يۈز گىرامدىن گۆش تېگىدىغاندەك تۇرىدۇ . شۇنداق قىلىپ بۈگۈن كەچ ھەممە ئۆيدە شورپا قاينايدىغان بولدى . ھەممە ئادەم بىرەر لوقمىدىن گۆشكە ئېغىز تېگىدىغان بولدى ئەمدى .
ئابدۇسالامنىڭ ئاغزىغا شۇ ھامان سېرىق سۇ يىغىلدى . دېمىسىمۇ مۇشۇ ئىككى ئايدىن بۇيان ئۇ گۆش دىدارى كۆرمىگەنلىكىنى ئەلەم بىلەن ئەسلىدى . «توۋا ، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ چارۋىچىلارمۇ گۆش يېيەلمىسە ، بېقىۋاتقان بۇ ماللارنى كىم يەيدىغاندۇ ؟ نېمە ئۈچۈن بۇلارنى باقىمىز زادى » .
— سادىق ئاكا ، — دېدى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك سوئاللار دۆۋىسى ئىچىدە قالغان ئابدۇسالام تۇيۇقسىز سوئال سوراپ ، — بۇ ماللارنى كىم ئۈچۈن باقىمىز زادى ؟ !
— بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن ئۇكا ، ئىشقىلىپ مەن مال بېقىشنى بىلىمەن . يىلدا بىرنى ئىككى قىلىمەن دەپ پالاقشىيمەن . سەل ئەت ئالغانلىرىنى ، پىچاققا يارىغىدەك ئەركەك قويلارنى ئەكېتىدۇ . بازاردا ساتامدۇ ياكى بىرەر يەرگە ئۆتكۈزەمدۇ ئىشقىلىپ بىر نېمە قىلىدۇ . ئاشۇ پۇل ئەترەتكە كىرىم بولسا كۆزدىكى

www.uyghurkitap.com

تەقسىماتتا بىزگە ئازراقتىن بىر نەرسە تېگىدىغۇ دەيمەن .

— يىل ئاخىرىدا ھەممە ئادەمگە بىر نەرسە تېگەمدۇ ؟

— يىل ئاخىرىدا تەقسىماتنى ئېلان قىلىدۇ . بىر گۇڭغا مانچە پۇل دەيدۇ . ئىشقىلىپ جىق ئالغىنى بىرەر ـ ئىككى يۈز كوي ئالىدۇ . جان سانى كۆپرەك ، ئەمگەك كۈچى ئازراقلار قەرزگە بوغۇلىدۇ .

— نېمىشقا ؟ !

— يىل بېشىدىن تارتىپ يىل ئاخىرىغىچە تارقىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دەپتەرگە يېزىپ قويۇپلا تارقىتىلىدۇ ئەمەسمۇ ، بىكاردىن تارقىلىۋاتقان نورما ئاشلىق ، ياغ ، مۇشۇنداق گۆش ، ئىشقىلىپ ئەترەت تارقاتقانلىكى نەرسىنىڭ تەقسىماتتا ھېسابى چىقىرىلىدۇ .

— گۇڭ دېگىنىڭىز نېمە گەپ ئۆزى ، — دېدى ئابدۇسالام سادىق قويچىغا قاراپ .

— گۇڭ دېگىنىمىز بىزگە يېزىلىۋاتقان نومۇر ، مانا بىر بىر كۈن جاڭگالدا مال باقساق بەش نومۇر يېزىلىدۇ . ئون نومۇر بىر گۇڭ ھېسابلىنىدۇ .

— ئۇنداقتا بىر گۇڭغا قانچىدىن تەقسىمات بولىدۇ ؟ !

— بەك زىغىرلاپ كەتتىڭغۇ ، بوپتۇ دەپ بېرەي ، نەچچە يىل بولدى ، بىر گۇڭغا تۆت مودىن تەقسىمات بولۇۋاتىدۇ .

— ۋاي خۇدايىم ، بىز بىر كۈندە ئاران ئىككى موچەنگە ئىشلەۋاتامدۇق ؟

— شۇنداق بولىدىغۇ دەيمەن .

— ئۇنداق بولسا بىز بىر يىل ئىشلىسەك ، — دېدى ئابدۇسالام بارماقلىرىنى پۈكۈپ ھېسابلاپ چىقىرىپ ، — بىر يىلنى 360 كۈن دەپ ھېسابلىساق ، ئاران 180 گۇڭغا ئىشلەيدىكەنمىز . بۇنى پۇلغا سۇندۇرساق ئاران 72 كوي بولىدىكەن . توۋا خۇدايىم ، بىر ئادەم بىر يىلدا ئاران 72 كويغا ئىشلىسە قانداق

بولىدۇ . بۇ ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ ـ ھە !
— ئۇنداق ئالىجوقا سۆزلىمە ، دېھقان خەق دېگەن مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەشكە يارىتىلغان . ئۇلار ئۆز ئەمگىكىدىن زارلانمايدۇ . سۇلايماننىڭ سىلەرگە ئاچچىقلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ، ئەترەتكە تۆت نوپۇس قوشۇلسا يەيدىغان تۆت ئېغىز كۆپەيدى دېگەن گەپ . شۇڭا سەپرالىق قىلىدۇ .
— ھە ، مۇنداق گەپكەن ـ دە ،— ئابدۇسالام ئاللىقانداق خىياللار قۇچىقىغا قايتا بۆلەندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب يۆتكىلىش

«ئۆزگە يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە ،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

ئوخشاشلا بىر سەھەر ، ھەر كۈنى بىر خىللا تەكرارلىنىدىغان تۇرمۇش ئادىتى بويىچە تاشبالىقنىڭ يېڭى بىر سەھىرى يەنە باشلاندى ، خورازلارنىڭ خۇددى ۋاقىتقا توغرىلاپ قويغاندەك ئۈچ قېتىم سوزۇپ چىللاشلىرى ، ھويلا ئىشىكلىرىنىڭ غاچىلداپ ئېچىلىپ - يېپىلىشىدىن ئۆز ئىگىسىنىڭ بامدات نامىزىغا تۇرغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھارامزادە ئېشەكلەرنىڭ چۆپ تەمە قىلىپ ھاڭراشلىرى ، قوي - قوزا ، كالا - موزايلارنىڭ مەرەش - مۆرەشلىرى بىلەن سەھەرنىڭ ئاجايىپ مېلودىيىسىنى ھاسىل قىلىدىغان بۇ كۆڭۈللۈك سەھەر پەقەت تاشبالىقنىڭلا ئەمەس ، بەلكى بارلىق سەھرالارنىڭ سەھەردىكى ئادەت خاراكتېرلىك كۈن تەرتىپلىرى ، قىش - ياز بىر خىل داۋاملىشىدىغان بۇ خىل تۇرمۇش ئەنە شۇنداق تىرىكچىلىكنىڭ ماھىيەتلىك كۈن تەرتىپى بويىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى . بۈگۈنكى سەھەرمۇ ئەنە شۇنداق تەكرار ھاياتلىق ئادىتىنى داۋام ئېتىپ ، خان ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقان ماۋۇ تۆت زىيالىينى تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى . ئۇلار سەھەردىكى بۇ خان ئۇيقۇدىن كېچەلمىسىمۇ ، لېكىن ئورنىدىن تۇرماسلىققا باھانە تېپىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . تۈنۈگۈندىن باشلاپ كاڭغا ئوت يېقىلغاچقىمۇ بۇ ئۆي ئوبدانلا ئىسسىپ قالغاندى . قىشنىڭ جۇدۇنلۇق ئۇزۇن تۈنلىرىدە كاڭنىڭ بوغۇزىنى

تالاشقان بىلەن ھازىر تېخى كەچ كۈزنىڭ شىۋىرغانلىرى ئەمدىلا
يېتىپ كەلگەچكىمىكىن ، ئاخشام قازان بېشىغا توغرا كېلىدىغان
كاڭ بوغۇزىدىكى ئىسسىق ئورۇننى ھېچكىم تالاشمىدى .
ئابدۇسالام سۇبھىدىلا ئويغىنىپ ، ھەر يېرىم سائەتتە بىر
قېتىمدىن چىللاپ ھاياتلىقنىڭ يېڭى بىر سەھىرىنىڭ باشلانغانلى-
قىنى جاكارلايدىغان چار خورازنىڭ ئاخىرقى چىللاشلىرىنى بىر
پەس ئاڭلاپ ياتتى ـ دە ، ئورنىدىن ئالدىراپ تۇرۇشقا باشلىدى .
شەھەردىكى چاغلاردا ئۇ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ چېنىقىشقا
چىقاتتى . سەھەرنىڭ ساپ ۋە سۈزۈك ھاۋاسى ئۇنىڭ يۇمران
مەڭزىنى يېنىك ئەركىلىتەتتى ، ئۇ ئاشۇ سۈزۈك ھاۋانى قانماي
سۈمۈرۈپ بىر نەچچە كىلومېتىر يۈگۈرۈپ بەدەن قىزىتىپ ،
ئاندىن ھەرىكەت ئىشلەشكە باشلايتتى . لېكىن سەھرادا بۇنداق
قىلىشقا ئىمكانىيەتلا ئەمەس ، ھەتتا ماغدۇرىڭمۇ يوقلۇقى ئىككى
كۈن ئۆتمەيلا مەلۇم بولدى .مالنىڭ كەينىدىن ئۇ بىر كۈندە ئون
نەچچە كىلومېتىر يول مېڭىپ كېتىدىغان بولغاچقا سەھەردە ئور-
نىدىن تۇرۇش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن تەس كېلىۋاتاتتى . «مەيلىلا ،
ئەتىگەندە يۈگۈرۈشۈم ساغلاملىق ئۈچۈن ئىدىغۇ ، مانا ھازىر سەھ-
رادا يۈگۈرگەندىن كۆپرەك يول مېڭىپ كېتىۋاتىمەن . يۈگۈر-
گەندە چىقىدىغان ئوغرى تەردىن كۆپرەك تەر مالنىڭ كەينىدىن
پايپاسلىغىنىمدا چىقىپ كېتىۋاتىدۇ . زىيالىي ياشلار تاغ ۋە يېزى-
لارغا بېرىپ چېنىقىڭلار دېگىنى ئەسلىي مۇشۇنداق چېنىقىش
ئىكەنغۇ ، دېھقان خەق نېمانداق بېجىرىم كېلىدىغاندۇ دېسەم ئەس-
لىي ئۇلار ھەر كۈنى گۈرسۈلدەپ كەتمەن چېپىپ چېنىقىدى-
كەن ئەمەسمۇ… »
ئۇ دوستلىرىغا قارىدى . ئابدۇراخمان تۇكلۇك پاچاقلىرىنى
كۆز ـ كۆز قىلغاندەك يوتقاننىڭ ئۈستىگە ئېلىۋاپتۇ ، ئۇنىڭ
كەڭ پەنجىلىك ئالقىنى يېرىم يۇمۇلغان ، قولىنىڭ دۇمبە تەرىپى
ئۇششاق يېرىلغانىدى . ئۇ بېشىنى يانغا قىيسايتىپ خۇددى ئانا

قۇچىقىدا ياتقان بوۋاقتەك پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا . ئۆزىنىڭ يوتقى-
نىنى ئېچىۋېتىپ ئۇيقۇچىلىقتا ئەخمەتجاننىڭ يوتقىنىنى تالىشىپ
قالغان ئىبراھىمجان ئەخمەتجاننىڭ يوتقىنىنىڭ بىر بۇرجىكىنى
مەيدىسىگە ياپقان هالدا ئۇخلاپ قالغانىدى . ئۇ توڭلىغانلىقتىن
بولسا كېرەك ، پۇتىنى يېرىم يىغىپ تىزىنى قورسىقىغا چىڭ
چاپلىغان هالدا ئالدىغا ئېڭىشىپ غۇژمەكلىشۋالغان يۇڭ يىپ
توپىدەك تۇگۈلۈپ ئۇخلاۋاتاتتى . ئابدۇسالام بۇ كۆرۈنۈشتىن هو-
زۇرلىنىپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى ـ دە ، ئىبراھىمجاننىڭ
يوتقىنىنى تارتىپ ئەكېلىپ يېپىپ ئۇنى ئوبدان چۈمكەپ قويدى .
شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ يوتقان سىرتىغا چىقىپ قالغان قوللىرىمۇ
ئوخشاشلا چاك ـ چاك يېرىلغان بولۇپ ، ئۇچ ئايلىق سەھرا هاياتى
بۇ يۇمران كۆچەتلەرنى ئوبدانلا پىشۇرغانىدى . ئابدۇسالام ئۆزى-
نىڭ قولىغا قارىدى . بۇ قوللارمۇ ماۋۇ ئۇچ دوستىنىڭ قولىدىكى
قاپىرىش ، قاناشنى باشتىن كەچۈرمىگەن بىلەن ئوخشاشلا ئۇش-
شاق يېرىلغانىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە شەھەردىن چىققان ۋاقتىدا
خۇددى يېڭى چىققان بىدە مايسىسىدەك كۆرۈنىدىغان يۇمران
چىرايلارمۇ ئاپتاپتا كۆيۈپ ، قوڭۇر رەڭگە كىرگەندىن باشقا بىلى-
نەر ـ بىلىنمەس يېرىلغان بولغاچقىمىكىن ئۇلار هازىر تېپىك
دېھقان چىرايى بولغانىدى .

— قۇيرۇق مايىنى قىزىتىپ قولۇڭلارنى مايلاڭلار ، —
دېگەنىدى سادىق قويچى ئاخشام ماللارنى قوتانغا ئەكىرگەندىن
كېيىن ، — بۇگۇن سىلەرگىمۇ ئەزالارغا ئوخشاشلا گۆش تەقسىم
قىلىنىدۇ . بەلكىم تۆتىڭلارغا بىرەر كىلودەك بىر نەرسە تېگىپ
قالار ، هۆسۈيۈن قاسساپقا «قۇيرۇق مايدىن بىرەر قولاق بېرىڭ ،
يېرىلغان قوللىرىمىزنى داغلايتتۇق» دەپ ئازراق قۇيرۇق ماي
ئېلىۋالساڭلار بولىدۇ . هەر كۈنى ياتار چاغدا ئاشۇ قۇيرۇق مايىنى
قىزىتىپ قولۇڭلارنى مايلاپ ياكى داغلاپ ياتساڭلار ئوڭايلا ساقى-
يىپ قالىدۇ . ئەسلىي سىلەر بۇنداق توپا ـ چاڭدا ياشاپ باقمى-



www.uyghurkitap.com

غان ، گۈپۈلدەتىپ كەتمەن چېپىپ باقمىغان ، شۇڭا سىلەرنى بۇ
يەرنىڭ سۇ - توپىسى مۇشۇنداق ئاۋارە قىلىدۇ . دېھقان باللىرىغا
قاراپ باققىنە ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرسىمۇ ئىش
قىلىشلىرىدىن بىر خىل قاراملىق ، كۈچتۈڭگۈرلۈك چىقىپ تۇ-
رىدۇ . مەن دەسلەپ سىلەرنى ، سىلەرگە ئوخشاش شەھەر بالىلى-
رىنى مۇشۇنداق سەھرايى قىيامەتكە چۈشۈرۈپ بىھۇدە قىيىنىغا-
نىڭ نېمە پايدىسى باردۇ دەپ ئويلىغان . مانا ئەمدى چۈشىنىۋاتى-
مەن . بۇ ئەسلىي ياخشى ئىشكەن . شەھەر باللىرى مۇشۇنداق
جەبىر - جاپانى كۆرسە ، ئۆزىمۇ ئاشۇ جەبىر - جاپادا ئىشلەپ
باقسا ئاندىن دېھقانىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بولۇپ چىقىدىكەن .
دېھقانىنىڭ ئالتە ئاي ياز توپىغا مىلىنىپ ئىشلەپ تاپقان نېنىنى
يەپ تۇرۇپمۇ دېھقانغا قارا سانايدىغان ، ئۇنىڭغا تۇزكۇرلۇق قىلى-
دىغان ئادەملەرنى كۆرسەم بوغۇلۇپ كېتەتتىم ، بۇنداق چېنىقىش
دېگەننى ئەسلىي بارلىق شەھەرلىكلەرگە بولۇپمۇ تۇزىنى يەپ
تۇزلۇقىغا سىيىدىغان ھېلىقىدەك تۇزكورلارغا بىر-رەر يىلدىن
ئورۇنلاشتۇرسا تازا ياخشى بولىدىكەنتۇق ، بىزدە «ئوتنىڭ تېشىدا
كۆيگۈچە ئىچىدە كۆي» دېگەن گەپ بار ئەمەسمىدى . بۇ گەپنى
مۇشۇنداق چېنىقىشقا قاراتقان گەپمىكىن دەيمەن ، مانا سىلەر
ھازىر ئاشۇنداق ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈپ تاۋلىنىۋاتىسىلەر .

ئابدۇسالام تۈڭلۈككە قارىدى . ھازىر ئۇلار بۇرۇنقى تۈڭلۈك
ياپقۇچ ئورنىغا ئەينەك قويۇپ چۆرىسىنى سېغىز لاي بىلەن سۇۋاپ
قويغاچقا تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئۆيگە يورۇق چۈشىدىغان بولۇپ
قالغانىدى . بۇرۇنلاردا ئۆي ئىگىسى سەيدۇللا مۇقام ئىشلەتكەن
شال پاخىلىدا توقۇلغان تۈڭلۈك ياپقۇچنى ئىشلەتكەچكە ئۆي خۇد-
دى گۆردەك قاراڭغۇ بولۇپ كېچە - كۈندۈزنى پەرقلەندۈرگىلى
بولمىغاچقا ، ئۇلار كۈن چىققىنىنى تۈيماي ئۇخلاپ كېتىپ ئەترەت
باشلىقى سۇلايماننىڭ ئاچچىق تىللىرىغا ئۇچرىغانىدى . مانا ئەمدى
تاڭ سۇزۇلۇشى بىلەنلا ئۆيگە يورۇق چۈشۈپ ئۇلارنى ئاشۇ ئاچ-

www.uyghurkitap.com

چىق تىللارنىڭ زەھەردەك چېقىشلىرىدىن ساقلاپ قالغانىدى،
چۈنكى ئابدۇسالام تۆگۈلۈك ئاقىرىشى بىلەنلا ئويغىنىپ ئوچاققا
ئوت يېقىپ چاي قايناتقاچ دوستلىرىنى ئويغىتىپ قويىدىغان بو-
لۇپ قالدى ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن بەكرەك جاپا تارتمۋاتقان دوستلى-
رى ئۈچۈن قىلىۋاتقان بىر تەسەللى ئورنىدىكى ئىشى ئىدى ئەل-
ۋەتتە ، دېمىسىمۇ ئابدۇسالامنىڭ ئىشى ئۇلارنىڭ خىزمىتىدىن
يېنىكرەك ئىدى .
— سەن بىزدەك ئېتىزدا ۋاقىلدىتىپ كەتمەن چاپمىغاندىكىن
بىزگە بەكرەك كۆيۈنمىسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ ئاداش ، — دەيتتى
دوستلىرى ئىسسىق يوتقاندا ئېغىناپ يېتىپ ئېزىلەڭگۈلۈك بى-
لەن ، — تەلىيىڭ تازا بار ئىكەن سېنىڭ . داداڭنىڭ ئەينى
دەۋردە چۈشۈرۈپ قويغان سايىسىدە مانا ھازىر سەن سايداپ بىر
ئوبدان ناھايىتى ئاسان بىر ئىشقا چۈشۈۋالدىڭ . ئېتىزنىڭ بارلىق
جاپاسىدىن قۇتۇلدۇڭ دېگەن گەپ . مال بېقىش دېگەن ئويۇننىڭ
ئورنىدىكىلا بىر ئىش . مانا ، ھەر كۈنى ماللارنىڭ كەينىدىن
مېڭىپلا قويساڭ بولدى . بىزچۇ ، سۇلايمان دېگەن قارىۋاي كەيند-
ىمىزگە كىرىۋېلىپ كەتمەندىن ئورغاققا ، ئورغاقتىن سوقىغا سې-
لىپ ئالەمنىڭ جاپاسىنى تارتقۇزۇۋاتىدۇ . شۇنى چۈشەنگەن بول-
ساڭ لۆمشۈپ ئولتۇرماي چاي قايناتساڭچۇ ئاداش ، بولسا بىرەر
قاچىدىن ئۇماچ ئەتكەن بولساڭ...
راستىنى ئېيتقاندا ، ئابدۇسالام دوستلىرىنىڭ بۇ خىلدىكى
تەنبىھلىرىدىن بەزىدە خىجىل بولۇپمۇ قالاتتى . ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا
ماخمۇتنىڭ ھېلىقى ئىشقا يېگى چۈشكەن كۈنى سۇلايماننىڭ قۇ-
لىقىغا بىر ئېغىز كۇسۇرلىشى بىلەنلا ئېرىشىپ قالغىنىنى ئېتى-
راپ قىلاتتى ، لېكىن ئۇ مال باققاندا گەرچە ئېغىر ئەمگەك
قىلغاندەك ئۇنچە چارچاپ كەتمىگەن بىلەن كەچتە پۇتلىرى ئۇرۇپ
چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ كېتىدىغانلىقىنى ، دوستلىرىدەك جاپا
تارتىپ كەتمىسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭمۇ يېتەرلىك جاپا تارتىۋاتقاذ-
لىقىنى دېگۈسى كەلمەيتتى . دېمىسىمۇ بىر كۈن كەچكىچە مال-

نىڭ كەينىدىن يۈرمەك ئوڭاي گەپمۇ ، ئىشقىلىپ سەھرا ئىشى-
نىڭ ئاسىنى يوق . ئابدۇسالام ئاشۇ خىياللارغا بۆلەنگەن هالدا
چاي قاينىتىپ بىر قوۋلاق نان بىلەن ناشتا قىلىۋېلىپلا يېرىم ناننى
بېلىگە تۈگۈپ مېڭىشقا تەمشەلدى .

— قويۇڭلار ئەمدى ، سىلەر چاي ئىچىپ ئەترەت ئىشخانى-
سىغا بېرىپ بولغۇچە ئىش ۋاقتى توشۇپ قالىدۇ . مەن كەتتىم
ئەمىسە .

ئۇ سىرتقا چىقتى . مۇز تاغ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش
خۇددى قىزىل تاۋاقتەك يالتىراپ تۇراتتى . تۈنۈگۈنلا خۇددى
يامانلىغاق خوتۇننىڭ چىرايىدەك تۇتۇلۇۋالغان ئاسمان بۈگۈن
بىراقلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى ، تېخى ئاخشاملا دۈمبىنى قورۇپ
تۇرغان سوغۇق هاۋا سەل ئاجىزلاشقانىدى . ئابدۇسالام بۈگۈن
نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنىڭ بىردىنلا روهلىنىپ قالغانلىقىنى ، خۇد-
دى سادىق قويچىدەك غىڭشىپ ناخشا ئېيتقۇسى كېلىپ قېلىۋاتقان-
لىقىنى هېس قىلىپ قالدى . ئۇ ئېتىز تەرەپكە پات - پات
يۈگۈرەيدىغان بېزەك ئۆچكىلەرنى قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئۇر-
ۇپ تاغ تەرەپكە هەيدەپ كېتىۋېتىپمۇ ، ئۈستەڭ قىرىدىكى
چاتقال ، ئېشەك تىكەنلىرىنىڭ پاچاقلىرىنى رەهىمسىزلەرچە چى-
قىشىدىن ۋايىسىماي ئۇلارنى پاراسلىتىپ دەسسەپ كېتىۋېتىپمۇ ،
ئاچچىق شور هىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرغان پايانسىز چۆلنىڭ
ئازابلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئاجايىپ مەستخۇشلۇق
ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەنىدى .

— بۈگۈن ئەجەب خۇشالغۇسەن ، — دېدى سادىق قويچى
مالالارنى تاغ تەرەپكە هەيدەپ قويۇپ ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان
ئابدۇسالامغا تىكىلىپ قاراپ ،— قارا ، چىرايىڭ شەلپەردەك قى-
زىل ، كۆزلىرىڭ ئويناپ تۇرىدۇ . ئىچىڭدە پارتلاي دەپ تۇرغان
بىر خۇشاللىق بار . بىرەر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالمىغانسەن -
هە ؟ !

— قويۇڭە ئۇنداق گەپنى ، — دېدى ئابدۇسالام خۇددى

www.uyghurkitap.com

چىلاندەك قىزارغان هالدا ، — ئەمدىلا ئون يەتتىگە كېتىۋاتىمەن سادىقكا ، ئۇنداق ناشايان گەپلەر تېخى مېنىڭ خىيالىمغا كىرىپ چىقمايدۇ . نېمىشقىكىنتاڭ بۈگۈن ئۆزۈمچىلا خۇشلۇقۇم تۇتۇپ ، ناخشا توۋلىغۇم كېلىپ ئەجەب بىر خىل بولۇپ كېتىۋاتىمەنغۇ - تاڭ .

— هەرقانداق بىر خۇشلۇقنىڭ سەۋەبى بولىدۇ جۇمۇ ، — دېدى سادىق قويچى ئابدۇسالامنىڭ خۇشاللىق تەپچىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ، — مەندىن يوشۇرما ، دېسەم - دېمىسەم سەن بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ ، مانا قىزىرىۋاتىسەن ، خىجىل بولما ، مەنمۇ ئون يەتتە يېشىمدىلا توي قىلغان ئادەممەن . سەهرا بالىلىرى كىچىكلا توي قىلىۋالىدۇ دېگەنتىمغۇ ساڭا ، بۈگۈن راست گېپىڭنى قىل ماڭا ، راستىنىلا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭ ماڭا دە ، قانداق ئادەمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىمەن . بىزدە «ئۇستا كۆرۈپ بۆز ئال ، ئاتا كۆرۈپ قىز ئال» دەيدىغان هېكمەتلىك سۆز بار جۇمۇ . ئابدۇساهىپ كاتىپنىڭ بالىسىغا تېگىدىغان قىزنى ياخشى تاللىمىساق زادىلا بولمايدۇ .

— چاقچاق قىلمىغە سادىقكا ، — دېدى ئابدۇسالام چىلاندەك قىزارغان هالدا ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ، — توي قىلىش توغرا كەلسىمۇ مەن دېگەن نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپنى راۋۇرۇس ئوقۇپ بىرەر خىزمەتنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەتىجە ياراتقاندىلا ئاندىن توي قىلىشنى ئويلاشسامۇ كېچىكمەيمەن . ئادەمدەك ياشاشنى بىلمەيلا بىر ئۆيگە كىرىۋېلىپ بالا دۆۋىسىگە كۆمۈلۈپ ياشاشنىمۇ مەنىلىك هايات دېگىلى بولامدۇ زادى . ئادەم دېگەن ئادەمدەك قەدىر - قىممىتىنى ، ئادىمىيلىك هېسسىياتىنى ، ئۆزىنىڭ هەقىقىي ئەقىل - پاراستىنى تونۇپ يەتكەندىلا ، ئاندىن هەقىقىي ئادەم بولغان بولىدۇ .

— نېمانداق چۈشىنىكسىز گەپ قىلىسەنۇي ، — دېدى سادىق

قويچى ئابدۇسالامنىڭ خۇددى نۇتۇق سۆزلىگەندەك ئورنىدىن تۇ-
رۇۋېلىپ تاتىلداپ سۆزلەپ كېتىشۋاتقانلىقىدىن هەيران بولۇپ ، —
ئەمدى بىلدىم ئابدۇسالام ، سەن بۇگۈن چوقۇم بىرەر ئىشنىڭ
تەسىرىگە ئۇچراپسەن ، دېسەم - دېمىسەم سەن بۇگۈن كېچە يا
يامان چۈش كۆردۈڭ ، يا بىرەرىدىن بىرەر ئېغىز خۇش بولغۇدەك
گەپ ئاڭلىدىڭ ، ياكى بولمىسا بىرەر قىزنىڭ ئوت - پىراقى
چاپلاشتى ساڭا ، هە ئېيتە ، نېمىشقا بۇگۈن گەپلىرىڭ ئۆمسە ،
بىر - بىرىگە پەقەت باغلاشمايدۇ ، چۈشەنمىدىم بايا دېگەنلىرىڭنى ،
ئېيتە ، ئاخشام نەگە باردىڭ ؟ !

— نەگە باراتتىم سادىقكا ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ يېنىغا
قايتىپ كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ ، — لېكىن سەن دېگەندەك چۈش
كۆرگىنىم راست ، لېكىن يامان چۈش ئەمەس . چۈشۈمدە ئاپئاق
بىر ئاتقا مىنىپ ئاپئاق بۇلۇتلار ئۇستىدە ئۇچۇپ يۈرگۈدەكمەن ،
بۇلۇتلار ئارىسىدىكى يولمۇ ئاق ، هەتتا پۈتۈن زېمىن ئاقىرىپ
كەتكەندەك هەممىلا يەر ئاپئاق . تۇيۇقسىزلا غايىبتىن بىر ئاۋاز
ئاڭلاندى ، «هەي ئوغلۇم ، سەن ئاز كۈن ئۆتمەيلا سەپەر قىلى-
سەن ، ئۇ سەپىرىڭ مۇشكۇل هەم جاپالىق ، لېكىن يولۇڭ ئاق ،
بۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت» دەۋاتقۇدەك . چۆچۈپ ئويغاندىم ، تاڭ
سەهەر ۋاقتىكەن ، خورازلار بەس - بەستە چىللاۋاتىدۇ ، «تاڭ
سەهەردە كۆرگەن چۈش ئوڭىغا تارتىدۇ بالام» دەيدىغان داۋاملىق
باشقىلارنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئۆرۈپ بېرىدىغان مومام يېشانەمگە
سۆيۈپ تۇرۇپ ، مومامنىڭ شۇ گېپى يادىمغا كېلىپ بۇ چۈشۈمنى
مۇنداق ئۆرۈپ باقتىم . غايىبتىن كەلگەن هېلىقى ئاۋاز خىزىر
ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاۋازى ، ئۇنىڭ سەپەر دېگىنى مۇشۇ قوينىڭ
كەينىدىن مېڭىش سەپىرى ، مۇشكۇل دېگىنى بەلكىم بىز تارتى-
ۋاتقان هازىرقى جاپا ، ئاخىرىدىكى يولۇڭ ئاق دېگىنى ئاخىر
مۇرادىڭغا يېتىسەن ، جاپاغا بەرداشلىق بەر دېگىنى دەپ تەسەۋۋۇر
قىلدىم . بۇ خاسىيەتلىك چۈش تەسىرىدىن ئاجايىپ جانلىنىپ

كەتتىم ، شۇڭلاشقىمىكىن بۇگۈن كۆڭلۈم بۆلەكچىلا ئېچىلىپ قالدىغۇ ، مەيلى ئەمەسمۇ ، ھەرقانچە جاپا تارتسامىمۇ ئاخىر مۇراد ـ مەقسىتىمگە ، يەنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش تىلىكىمگە يېتىدىكەنمەن . شۇڭا ئۇنچە روھسىزلىنىپ كەتمەي خۇشال ياشاپ باقاي دېدىمغۇ سادىقكا .

— ئەمدى ئەقلىڭنى تېپىپسەن جۇمۇ ئۇكا ، — دېدى سادىق قويچى ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ قويۇپ ، — تىرىكچىلىك دېگەندە ئادەم دېگەننىڭ بېشىغا مىڭ تۈرلۈك قىسمەت ـ بالالار كېلىدىغان گەپكەن . ئەنە شۇنداق جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىشكە قادىر بولالمىغانلارنىڭ ئۆمرى ھامان كۆتە بولۇپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلەرچۇ ، ئۇلار ھاياتقا ئۈمىد ـ ئىشەنچ بىلەن قارايدىغانلار تېپىدىن . ئۈمىدسىز شەيتان دېگەن گەپ بار بىزدە ، ئادەمدە ئۈمىد بولمىسا ئۇنداق ئادەمنى ئۆلدى دەۋەرگىن بالا .

— خۇددى دادامدەكلا گەپ قىلدىڭىزغۇ سادىقكا ، — دېدى ئابدۇسالام مالنىڭ كەينىدىن پايپاسلاپ يۈرۈشتىن باشقىنى بىلمىسە كېرەك دەپ يۈرگەن ئادەمنىڭ بۈگۈن بۆلەكچىلا ئېچىلىپ سۆزلەپ كېتىشۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ ، — دادامىمۇ سىزگە ئوخشاش ئۈمىدلىك ياشا بالام ، «ئادەمنى ئۈمىد ياشنىتىدۇ ، غەم قاقشىتىدۇ» دېگەننى كۆپ تەكرارلايدىغان ئادەمتى .

— ھەببەللى ، ماڭچۇ مۇشۇنداق گەپلەرنى تاق سىنىڭ داداڭ ئۆگەتكەن گەپلەر ئىدى ئۇكا ، — دېدى سادىق قويچى خۇددى يىراق ئۆتمۈشنىڭ خىيالىغا كەتكەندەك يىراقلارغا تىكىلگەن ھالدا ، — شۇ چاغلاردا ئۇ ئادەمنى كەچتە يىغىن ئاچىدىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا قالساق قېرى ـ ياش ، ئورۇق ـ ئۇششاقنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ كېلەتتۇق ـ دە ، پاشا ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىم ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تاتلىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتۇق . ئۇ ئادەم ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن بىزنى

ئۇمىدلەندۈرەتتى . سايىنىڭ تېشىدەك چېچىلىپ ياشىماي ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشنى ، هاياتقا ئۈمىد بىلەن قاراشنى ئۆگىتەتتى . ئاجايىپ ئادەم ئىدىغۇ ئۇ ، پەندىن سورىساڭ پەندىن ، دىندىن سورىساڭ دىندىن جاۋاب بېرىۋېرەتتى . پەن بىلەن دىننىڭ ئورتاق ـ لىقلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ كەتسە ئۆزى چۈشەنمەي قارىسىغا سۈرە يادلاپ ، ئۇنىمۇ يامان بولىدۇ ، بۇنىمۇ يامان بولىدۇ دېگەندەك پەتىۋالارنى چىقىرىپ يۈرگەن بەزى مۇتەئەسسىپ ئادەملەر هاڭۋېـ قىپ «هەق راست ، لىللا گەپ بولدى بۇ» دېگىنىچە ئولتۇرۇپلا قالاتتى .

ئابدۇسالام سادىق قويچىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ يەنە خىيالغا كەتتى . دېمىسىمۇ سادىق قويچى مۇشۇ ئۈچ ئاي مابەينىدە ئۇنىڭ دادىسى توغرۇلۇق بەكمۇ كۆپ سۆزلەپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىدىكى ئىپتىخارلىق ، سۆيۈنۈش ، ماختاش ، هاياجاذـ لىق تەرىپلەردىن ئابدۇسالام ئۆز دادىسىنىڭ يارقىن سېيماسىنى ئوبدانلا تونۇۋالدى . ئەجەبا ، ئۇ شۇنداق ياخشى ئادەم تۇرۇقلۇق قانداقلارچە خاتالىشىپ قالپاق كىيىپ قالغاندۇ ؟ مانا هازىر ئاپىـ سى بىلەن ئۇكىلىرىمۇ ئاشۇ خاتالاشقان دادىسىنىڭ تەسىرىدە شەهەردىكى ئۆيىدىن ئايرىلىپ دادىسى بىللە بىلەن مۇشەققەت تاغلىرى ئارىسىدا يانجىلماقتا . چوڭ ئىنىسى ئارمان خەنزۇچە ئوقۇغان بولغاچقا سەهراغا بېرىش بىلەنلا مەكتەپتىن ئايرىلىپ قاپتۇ ، چۈنكى ئۇ يەردە خەنزۇچە مەكتەپ بولمىغاچقا ئوقۇيالماي قاپتۇدەك . ئۇ هازىر ئېشەك هارۋىسى هەيدەپ ئېتىزغا قىغ توـ شۇپ يۈرگۈدەك . ئون تۆت ياشلىق بىر بالىنىڭ ئۇ يەردە تارتىۋاتـ قان جاپاسىمۇ يېتىپ ئاشقۇچە ئىدى ، لېكىن ئۇلاردىن كېيىنكىـ لىرىنىڭ هالى تېخىمۇ ناچار بولغان . نېمە سەۋەبتىندۇر بىر ئوقۇتقۇچى ئابدۇسالامنىڭ بۇ ئىككى ئىنىسىنى ئۈچ كۈرۈپ قېـ لىپ هە دېسىلا ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا «هەي ئۇنسۇرنىڭ بالىسى ، جىم ئولتۇر» ، «هە ، ئۇنسۇرنىڭ بالىسى ، سەن جاۋاب بەر»...

www.uyghurkitap.com

دېگەندەك دەشنامىلار بىلەن تولا ئەدەپلەپ ئۇلارنىمۇ مەكتەپتىن تەزدۇرۇپتۇ . پەقەت سىڭلىسىلا ئۇنداق گەپلەرگە پەرۋا قىلماي ، ئوقۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ . «ئاپىرىن ساڭا سىڭلىم ، — دېگەنىدى ئابدۇسالام سىڭلىسى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ ، — ياخشى ئوقۇ ، ياخشى ئوقۇغان ئادەمنىڭ كېلەچىكى يورۇق بولىدۇ . مەنمۇ چوقۇم ئوقۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرىمەن . »

تىللاخان ئانا بۇ كۆرۈنۈشتىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان . ئابدۇسالام ئانىسىنىڭ كۆزىدىكى ياشتىن ھەممىنى چۈشەنگەنىدى . مانا مۇشۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكىنىگە تېخى بىر نەچچە ئايلا بولدى . لېكىن ئانىسىنىڭ كۆزىدىكى ھەسرەت يېشى ئۇنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالدى . «بىچارە ئاپام ، ھازىر نېمىلەرنى قىلىۋاتقاندۇ ؟ دېسەم - دېمىسەم مېنىڭ غېمىمنى يەۋاتىدۇ ، ‹جېنىم بالام ، ئەقىللىق بالام ، ئەجەب تىلىكىڭگە يەتمىدىڭغۇ بالام › دەپ مېنىڭ يىغامنى يىغلاپ ئولتۇرامدىغاندۇ ؟ مانا ئاپامنى كۆرمىگىلى ساق تۆت ئايدىن ئاشتى . تىرىك ئايرىلىش ئازابى ئەجەب قاتتىق بولىدىكىنە… »

تاتىلدىغان تراكتور ئاۋازى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۇزۇپ تاش- لىدى . سادىق قويچى بىلەن ئابدۇسالام لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ مەھەللە تەرەپتىن توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان تراكتورغا قاراشتى ، كوزۇپى ئايرىۋېتىلگەن تراكتور بۇ ساي يولىدا ئىگىز - پەس چايقىلىپ كەلمەكتە . ئالدىدىكى كىچىك تۇرۇبىسىمان تۇرخۇندىن قاپقارا ئىس كۆتۈرۈلمەكتە . 28 تېپلىق بۇ تراكتورنىڭ ئالدىدى- كى كىچىك چاقلىرى گويا كەينىدىكى يوغان ئىككى چاقنىڭ يېتىشىپ كېلىپ دەسسەپ مىجىۋېتىشىدىن قورققاندەك ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ سوغۇقتا قالغان يولۇچىدەك تىترەپ كەلمەكتە ئىدى .

— ماخمۇتقۇ ئۇ ، — دېدى سادىق قويچى ، — نېمىدەپ كەلگەندۇ ئۇ بۇياققا ؟

— ھە ، شۇكەن ، — دېدى ئابدۇسالاممۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن سۆز قوشۇپ ، — مەھەللىدە بىرەر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ ؟

ئۇلار سۆزلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغۇچە ماخمۇت تراكتورنى ئۇلار تۇرغان دۆڭلۈكنىڭ يېنىغا ھەيدەپ كېلىپ توختاتتى .

— ھاي ئابدۇسالام ،— دېدى ئۇ ئىشكى يوق كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ، — چاققان بول . ئاپاڭ سېنى كۆرگىلى كەپتۇ . مەن سېنى ئالغىلى كەلدىم .

— ۋاھ ، تېخى بايىلا ئاپامنى ئويلاپ تۇراتتىم ، — دېدى ئابدۇسالام خۇشلۇقىدا سادىق قويچىنى چىڭ قۇچاقلاپ ، — كېچە كۆرگەن چۈشۈم ئەسلىي مۇشۇ خۇشاللىق ئۈچۈن ئىكەنغۇ سادىق-كا ، قارىگە ، ئاپام مېنى يوقلاپ كەپتۇ سادىقكا . ئەمدى مەن...

— بارە ئۇكام ، ئىتتىك ماڭ ، — دېدى سادىق قويچى ئۇنى ئۆزىدىن ئاجرىتىپ تۇرۇپ ، — ماللاردىن خاتىرجەم بول . مەن كەچتە ئاپاڭنى يوقلاپ بارىمەن . مەندىن ئاپاڭغا سالام ئېيت جۇمۇ .

— بولىدۇ ،— ئابدۇسالام تراكتورغا قاراپ يۈگۈردى .

— ساڭا يالغۇزچىلىق ئېغىر كېلىدىغان بولدى ،— دېدى ماخمۇت ئاۋازىنى تېخىمۇ قاتتىقراق چىقىرىپ ،— يېتىشەلمەيمەن دېسەڭ ئوغلۇمنى ئەۋەتەيمۇ ؟

— رەھمەت ، كېتىۋېرىڭلار ، ئۆزۈم يېتىشەلەيمەن .

ئابدۇسالام خۇشلۇقىدا يۈگۈرگەن پېتى يېتىپ كېلىپ تراك-تورنىڭ كابىنكىسىغا چىقىپ كەينى چاق توسقۇچنىڭ ئۈستىگە جايلاشتى .

— ئاپام ھازىر نەدە ماخمۇتكا ؟ — دېدى ئابدۇسالام تراكتور-نى ھەيدەپ كەينىگە قايتقان ماخمۇتقا قاراپ .

— بىزنىڭ ئۆيدە بولمامدۇ ، — دېدى ئۇ يولغا تىكىلگەن ھالدا ،— مېنىڭ ئاپام بىلەن سېنىڭ ئاپاڭ ناھايىتى ئوبدان تونۇشىدىكەن . ئاپام شەھەردىكى ئۆيۈڭلەرگە نەچچە بارغانىكەن .

www.uyghurkitap.com

بىر نەچچە كۈن سىلەرنىڭ ئۆيدە ياتقاننىڭمۇ گېپى بار تېخى.

— ھە ،— ئابدۇسالام سىپىرىخان ئانىنى قايتا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . توغرا ئاشۇ ئايال ، ئاددىي نىمكەش كىيىملىرى بىلەن ئۆيىمىزگە كېلىپ ھەممىمىزنىڭ بېشىنى سىلاپ قۇرت ، پىشـ
لاق ، قايماق قاتارلىق تاغ نېمەتلىرىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغان مېھـ
رى ئىللىق ئانا .

— بۇ تاغدىكى يىراق تۇغقانلىرىمىز جۇمۇ بالىلىـ
رىم ،— دەپ تونۇشتۇراتتى ئابدۇسالامنىڭ ئاپىسى تىللاخان بالىـ
لارنىڭ ياتسىراش ئىچىدىكى قورقۇمسىراپ قاراشلىرىغا تەنبىھ بېرىپ ،— ئېلىڭلار ھە ، رەھمەت دەپ ئېلىڭلار .

ئابدۇسالام ۋە ئۇنىڭ ئۇكىلىرى گەرچە بۇ ئايالدىن يېتىرقاپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ قېتىق - قايماقلىرىنى ، قۇرت - پىشلاقلىرىنى بەك ياخشى كۆرۈشەتتى ، ئەجەبا ئاشۇ ئايال مۇشۇ سىپىرىخان بولسا نېمىشقا ئۇلار ھازىرغىچە ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بەرمەي يۈرگەندۇ . مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلى ماخمۇت ئاپىسىنىڭ بىر مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ ئولتۇرۇپتۇ . ئەگەر راستىنلا ئۇلار تۇغقان بولسا ئۇ ئىشلارنى تۈنجى كۆرۈشكەن چاغدىلا ئاشكاـ
رىلىغاننىڭ نېمى يامىنى بار بولغىيتتى ، ئاشۇ تۈنجى كۆرۈشكەندە «مەن كىچىك ۋاقتىڭلاردا سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە بارغان ھېلىقى تاغچى تۇغقىنىڭلار بولىمەن» دېسە نېمە بولىدۇ زادى .

— ماخمۇتكا ،— دېدى ئابدۇسالام چىڭقىلىپ ۋارقىـ
راپ ،— سىلەر بىزگە تۇغقان كېلەمسىلەر ؟ !

— كاۋا پىلىزىدەك تۇغقان كېلىمىز ، يىراقراق تۇغقان .

— يىراقراق بولسىمۇ تۇغقانىكەنسىلەر ، نېمىشقا تۇغقان ئىكەنلىكىڭلارنى تا ھازىرغىچە ماڭا دېمەيسىلەر ؟ !

— ھازىر ۋەزىيەت كەسكىن ئۇكا .

— ۋەزىيەت كەسكىن بولسا نېمە بوپتۇ ؟ كەسكىن بولسا تۇغقانچىلىقتا دەز كېتەمدىكەن .

— بۇنى سەن ئالدىرىماي چۈشىنىسەن .

ئۇلار تراكتورنى تاتىلدىتىپ سىپىرىخاننىڭ ھويلىسى يېنىغا يېتىپ كەلگەندە ، سىپىرىخان ئانا بىلەن تىللاخان ئانا — باللارنىڭ غېمىدە بىر ئۆمۈر سەدپارە بولۇپ خۇددى شامدەك ئېرىپ تۈگەشكە تەييار تۇرىدىغان ئىككى ئۇلۇغ ئىنسان ھويلا ئىشىكى ئالدىدا قاراپ تۇراتتى . جىگەررەڭ باش ياغلىقىنى ئېڭەككىدىن چىگىپ ، تېگى سېرىق ، گۈلى يېشىل چىت كۆڭلەك ئۈستىگە رەڭگى ئۆچكەن ئەت رەڭ پوپايكا كىيىپ تۇرغان ئوتتۇرا بوي ئايال دەل ئابدۇسالامنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ ، سۆيىدە ئاقىدىغان ئانىسى تىللاخان ئىدى . ئۇنىڭ تۆت - بەش يىل ئىلگىرىكى نازاكەتلىك بەستىدىن ، ياراشتۇرۇپ كىيىم كىيىشلىرىدىن قىلچە ئەسەرمۇ قالمىغان ، شۇ تاپ ئۇ تىپىك سەھرا ئاياللىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى .

— جېنىم بالام ، كۆزۈمنىڭ نۇرى بالام ، — ئابدۇسالام تراكتوردىن چۈشۈپ ئۆزىنى ئوڭشاپ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغۇچە ئانا چىداپ تۇرالمىدى . ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئوغلىنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ باغرىغا باسقىنىچە كۆزىگە ياش ئالدى ، — نېمە تۈگىمەيدىغان سەرسانلىق ، نېمە ئاخىرلاشمايدىغان جۇدالىقتۇ بۇ جېنىم بالام···

— بولدى قىلسىلا تىللاخان ، — دېدى سىپىرىخان تىللاخاننى ئابدۇسالامدىن ئايرىپ ، — ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى . ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەن شۇ ، كەتمەنلەنگەن كېلەلمەس ، كەتكەنلەر كېلۇر دەيمىزغۇ ، ئەڭ ئېغىر كۈن كەتمەنلىنىش .

— يۈرە ئاپا ، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى ، — دېدى ئابدۇسالام ئانىسى بايا ئۆزىگە ئېسىلىپ يىغلىغاندا كۆزىگە لىققىدە توشقان ياشنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ،— ئەجەب سېغىنغانتىم سىلەرنى ، تېخى بايىلا سادىقكام بىلەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى قىلىشقانتۇق .

ئۇلار سېپىرىخان ئانىنىڭ ھويلىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قىشلىق ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى . نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا جۇدۇندا سېپىرىخان ئانا مۇشۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ كاڭغا ئوت قالىۋالغاچقا ھۇپپىدە ئىسسىق ئىدى . ئاقارتىلمىغان سامان سۇۋاق ئۆيىنىڭ تېمىغا ئاچ قىزىل گۈللۈك چىتتىن زەدىۋال تارتىلغان بولۇپ ، ئوڭ تەرەپ بۇلۇڭغا يوتقان ـ كۆرپىلەر يىغىلىپ ئۈستىگە رەڭگى ئۆچكەن قىزىل ئەدىيال يېپىپ قويۇلغانىدى .

— كاڭغا چىقىۋالسىلا تىللاخېنىم ، — دېدى سېپىرىخان تىللاخاننىڭ ئالدىدا كاڭغا چىقىپ كاڭنىڭ بوغۇزىغا سېلىپ قويۇلغان كۆرپىنى تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ ، — ھە ، ئابدۇسالام گاڭ بالام ، ئۆزلىرىمۇ ئاپىلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالسىلا ، ئانا ـ بالا بىردەم ھال ـ مۇڭ قىلىپ تۇرغۇچە مەن ئاش قىلاي .

— بولدى ، ئاۋارە بولمىسىلا سېپىرىخان ئاچا ،— دېدى تىللاخان كاڭغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئوغلىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ،— چاي ئىچسەكلا بولىدۇ .

— ھەرگىز ئۇنداق گەپ قىلمىسىلا تىللاخېنىم ،— دېدى سېپىرىخان قازانغا چۆمۈچ بىلەن سۇ قۇيۇۋېتىپ ، — ئۆزلىرى مانا ئابدۇسالام گاڭبالامنىڭ باھانىسىدە ئاران بىر چىقتىلا بۇ تاشلىققا ، كەمبەغەل بولساقمۇ ئالدىلىرىغا بىرەر پىيالە ئاش قويغۇدەك ماغدۇرىمىز بار جۇمۇ بىزنىڭ .

ئۇلار سېپىرىخان ئانىنىڭ چامغۇر بىلەن ياڭيۇ توغراپ ئەتكەن سۈيۈقئېشىنى تەرلەپ ئولتۇرۇپ ئىچىشتى . گەرچە بۇ سۇيۇقئاش گۆشسىز بولسىمۇ ، لېكىن خېلىلا تەملىك ئېتىلگەنىدى . ئابدۇسالام ، يۇزىگە چارلاشقان قوغۇنىدەك قورۇق چۈشكەن بولسىمۇ بوي ـ بەستى ئانچە ئېگىلىپ كەتمىگەن بۇ تىنىمسىز ئانىنىڭ قازان بېشىدىكى سېھىر ـ كاراماتىگە ھەقىقەتەن قايىل بولۇپ قالغانىدى . چۈنكى ئۇ مۇشۇ ئۈچ ئايدىن بۇيان بۇ ئۆيگە بىر نەچچە قېتىم چاقىرتىلىپ تاماققا داخىل بولدى . گەرچە بۇ تاماقلار

مايسىز، گۆشسىز بولسىمۇ ناھايىتى تەملىك ئىدى، ئادەمنىڭ يېگەنچە يېگۈسى كېلەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ چامغۇر بىلەن ياڭيۇ سېلىپ ئەتكەن ئۇمىچىمۇ ئادەمنى خۇددى بەتتە پولۇ يېگەندەك ھۇزۇرلاندۇرۇۋېتەتتى.

— تاماقتا ئەجەب ئۇستىكەنلا سىپىرخان چوڭ ئاپا، — دېدى ئابدۇسالام ئىككىنچى پىيالە ئاشنى زورلاپ بېرىۋاتقان سىپىرخان ئاننىڭ قولىدىن پىيالىنى ئىككى قوللاپ ئېلىۋېتىپ، — ھەر قېتىم مۇشۇ ئۆيگە تاماقتا كەلسەم نېمە ئۈچۈندۇر بۆلەكچىلا يايراپ كېتىمەن، تارتقان قىيىنچىلىق، جاپالارنى بىر قاچا مەززىلىك تاماق بىلەن ئۇنتۇيمەن.

— ئاشۇرۇۋەتتىلە بالام، — دېدى سىپىرخان كاڭنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ داستىخاندىكى زاغرا ناننى سۇندۇرۇپ قېتىپ كەتكەن چوۋات ناننىڭ ئۇستىگە قويۇپ، — تاماق ئېتىش دېگەنمۇ كىيىم تىككەندەكلا بىر ئىش، تۇجۇپىلەپ ئىشلىسە ھەممە نەرسە ئوخشايدۇ جېنىم بالام، بىز تاغچىلارنىڭ ئاياللىرى قازان بېشىغا پىششىق بولمىساق زادى بولمايدۇ، چارۋا يېنىمىزدا بولغان بىلەن پات - پات گۆش يېيەلمەيمىز، بۇرۇنلاردا قىش - قورۇدا ئاز - تولا سوقۇم قىلىپ جاڭ - جاڭ سوغۇقنى كاڭنىڭ بوغۇزىدا ئولتۇرۇپ تەرلەپ تەپچىرەپ ئۆتكۈزەتتۇق، ھازىر جاھان چىڭىپ كەتتى، قىش - ياز ئوخشاش گۆشسىز تاماق، تاغ يېرى دېگەندە ياڭيۇ بىلەن چامغۇردىن بۆلەك كۆكمۇ يوق. ئېرىنمىسەك قۇرت يەپ ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەن كۆك يېسىۋىلەك تاپقىلى بولىدۇ. خۇدانىڭ ئاشۇ پاك سۈيى بىلەن تاغدىكى ئوتياشلار بىزنىڭ بىردىن بىر ئوزۇقىمىز بولغاندىكىن، ئۇنى تۇجۇپىلەپ تاماق ئېتىپ يېيىشنى بىلمىسەك ھەلەپ يەيدىغان كالىغا ئوخشاپ قالىمىز بالام.

ئابدۇسالام سىپىرخان ئاننىڭ كاڭنىڭ قىرىدا يانچە ئولتۇ- رۇپ كىچىك پىيالىگە قۇيۇۋالغان ئېشىنى خۇددى ئىچىدىن گۆش

www.uyghurkitap.com

ئىزدەۋاتقان كىچىك بالىدەك مالتىلاپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشلىرىدىن ئاجايىپ بىر ھېكمەتنى ، يەنى تاغچىلارغا خاس بىر خىل يىمىرىلمەس خىسلەتنى سەزگەندەك بولدى . توغرا ، تاغچىلار تۇرمۇشى مانا مۇشۇنداق جاپالىق تۇرمۇش . ئۇلار يازنىڭ خوۋلۇقىنى پەقەت ئىككى ئاي ئەتراپىدىلا سۇرەلەيدۇ . بۇ چاغلاردا تاغ باغرىدىكى يايلاقلار گوياكى چېۋەر ئۇستىكارنىڭ قولىدىن چىققان رەڭدار گىلەمدەك جۇلالىنىپ كېتىدۇ . رەڭگارەڭ ئېچىلغان تاغ گۈللىرىنىڭ بەرگىدەك رەڭدار كېپىنەكلەر شەبنەمدە ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ كەتكەن تاغ گۈللىرىنىڭ بەرگىگە قونۇۋېلىپ ئاجايىپ چىرايلىق قاناتلىرىنى دىرىلدىتىپ تىترەتكىنىچە ئولتۇرۇشۇپ كەتسە ، جەزبىدار يىڭناغۇچلار خۇددى ئايروپىلاندەك ئۇچۇپ يايلاقنىڭ رەڭدارلىقىغا يەنىمۇ ھۆسن قوشىدۇ ، تاغ چۆپلىرىنىڭ دىماغنى يارغۇچى پۇراقلىرىدىن مەستخۇش بولغان پادىچى قويلىرىنى جىلغا بويىدىكى كۆكۈلمەيدان يايلاقتا باشلاپ قويۇپ ئادەمنىڭ تىزىغا كەلگۈدەك چۆپلۈكتە سوزۇلۇپ يېتىپ ناخشا توۋلايدۇ . ئۇنىڭ ناخشىسى خۇددى تاغ سۇلىرىدەك سۈزۈك ، قىيا تاشلاردەك مەزمۇت ، تاغ قارىغايلىرىدەك بەستلىكمىكىن ، ئىشقىلىپ ماۋۇ تاغ باغرىدا توۋلىسا كۆز يەتكۈسىز يىراقلىقتىكى ئاۋۇ تاغ باغرىدىكى پادىچى ئاڭلايدۇ . ئۇلار بەزىدە بىر ـ بىرىگە سۆز تاشلاپ ناخشا ئېيتىشىپ كەتسە بىر مەھەل تاغ ئىچىنى ناخشىنىڭلا ئەكس ساداسى قاپلايدۇ .

ئاق چەكمەن ، قىزىل چەكمەن ،
رەڭدە بويىغان چەكمەن .
چوكانلاردا ھېچ گەپ يوق ،
يىگىتلەر ئەجەب دەردمەن .

دەردمەن يىگىتنىڭ ناخشىسى تاغ ئارىسىدا جاراڭلىغاندا ئۇنىڭ ئىشقىدا سەدپارە بولۇۋاتقان قىز ئىككى ئۆرۈمە قىلىنغان

تۇم قارا چېچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ ئاجايىپ بىر خىل هاياجان ۋە سېغىنىش ئىلكىدە تولغىنىدۇ . يۈگۈرۈپ يېنىغا بار- غۇسى كېلىپ كىگىز ئۆيدىن ئىتتىك مېڭىپ چىقىدۇيۇ ، لېكىن قارىغاي تۈۋىگە كېلىپلا توختاپ قالىدۇ . چۈنكى تاغ قىزلىرىدا بولىدىغان هايا ئۇنى يولدىن توسىدۇ . ئۇ بېشىدىكى گاز ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۇچىنى يېنىك چىشلەيدۇ - دە ، ناخشىغا دىققەت قىلىدۇ .

ئىشىك ئالدى كۆلچەكتە ،
مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك .
قاچانغىچە يۈرۈيمىز ،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك .

— ناخشاڭغا بوغۇلۇپ ئۆلەرسەن ئىلاهىم ، — دەيدۇ قىز ئۇنىڭدىن رەنجىگەن هالدا ، — ئۇچرىشىپ قالساق قىزلاردىن بەتتەر قىزىرىپ گەپىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايسەن . تېخى «قاچانغىچە يۈرۈيمىز كاككۇك بىلەن زەينەپتەك» دەپ كەتكىنىڭنى قانداق قىلاي . مۇشۇنداق مىجەزىڭ بولسا ساقىلىڭغا ئاق كىرگۈچە يۈرد- سەن تېخى .

— نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن ، بالام ،— دېدى تىللاخان ئابدۇسالامنىڭ ئىككىنچى پىيالە ئاشنى تۇتقىنىچە قېتىپلا قالغى- نىنى كۆرۈپ ،— ئېشىڭ سوۋۇپ قالدى .

— هە ، هېچنېمىنى ،— ئابدۇسالام بايىقى خىياللىرىنى ئانىسى سېزىپ قالغاندەك هۇپپىدە قىزاردى- دە ، ئاشنى ئىچىشكە باشلىدى .

— بالام ،— دېدى تىللاخان تاماقتىن كېيىنكى دۇئانى تۈ- گىتىپلا سۆز باشلاپ ،— باياتىن سېپىرىخان چوڭ ئاپاڭدىن سى- لەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى بىلدىم . تاماقنى ئۆزۈڭلار ئېتىپ يەيدى-

كەنسلەر ، كىيىمنى ئۆزۈڭلار يۇيىدىكەنسىلەر ، شۇنداقمۇ ؟
— شۇنداق بولمايچۇ ، — دېدى ئابدۇسالام ئۆزىچە مۇستە-
قىل تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان ئادەم بولغىنى ئۈچۈن پەخىرلى-
نىپ ، — بىز ھازىر ھەممىلا ئىشقا پىشىپ قالدۇق . بىر ھېسابتا
مۇشۇنداق چېنىققانلىقىمىز يامىنى يوقكەن ، شۇغىنىسى ئوقۇش
يېشىمىز تۈگمەيلا ئىشلەپ كەتكىنىمىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ .
بىزنىڭ تازا ئوقۇيدىغان ۋاقتىمىز ئىدى ، ئاپا . لېكىن ئۆكۈنمەي-
مەن ، نېمە بولدۇڭ ئاپا ، بولدى يىغلىمىغىنە ، ئەگەر ئوقۇشقا
سان كەپلا قالسا ئەترەت باشلىقى سۇلايمان ئاكام ماڭا بېرىشكە
ۋەدە قىلدى .
— قۇرۇق ۋەدىگە ئىشىنىپ ئولتۇرىۋەرمە ، بالام ، — دېدى
تىللاخان بۇ قېتىم ئابدۇسالامغا جىددىي تىكىلگەن ھالدا ، — مەن
داداڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ يەرگە چىقتىم ، سېنى ئەسلىي
ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇيدىغان بولدى دەپ موماڭلارنىڭ يېنىغا
تاشلاپ كەتكەن . لېكىن «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى
بارمۇ» دېگەندەك بۇ ئىنقىلاب سېنىڭ ئۇ ئارزۇلىرىڭنى توزغاق-
تەك توزۇتىۋەتتى . سەھراغا بېرىش پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن ئىش-
كەن بالام ، تەقدىرگە تەن بېرەيلى ، ئەمدى سەھرا مەسىلىسىگە
كەلسەك بالام ، بۇ تاغلىق سەھرا بىز تۇرغان سەھرادىن بەكلا
ناچاركەن . سېپىرىخان ئاچامنىڭ كۆڭلىگە كەلسىمۇ دەۋېرەي ،
بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنگەن تاغچىلارغا بۇ تۇرمۇش ھېچ گەپ
ئەمەس ، لېكىن بىزگە ئېغىر كېلىدۇ ، بۇنى بىلەمسەن ، شۇڭا
بۇدا سېنى ئەكەتكىلى چىقتىم بالام ، مەن بىلەن گۇلباغقا كەت .
يېزىغا چۈشۈش رەسمىيىتىڭنى گۇلباغقا يۆتكىسەكلا ئۇ يەردىمۇ
سەن ئوخشاشلا قايتا تەربىيە ئالىدىغان زىيالىي ياش بولىۋېرى-
سەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز تۇرۇۋاتقان ئەترەت داداڭنىڭ كىندىك
قېنى تۆكۈلگەن يۇرت . داداڭنىڭ ئاكىلىرى ، سىڭىللىرىمۇ شۇ
يەردە . ئوقۇشقا سايلاپ بېرىش بولۇپ قالسىمۇ ئۇلارنىڭ ياردىمى
تېگىدۇ ، بالام .

— تىللاخېنىم ،— دېدى سېپىرىخان ئانا تىللاخاننىڭ گېپىد-
گە رەددىيە بەرمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا جىددىي تىكىلگەن
هالدا ، — ئۆزلىرىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقلىرىنى چۈشەند-
ىم . پەمىمچە بالا يەنىلا مۇشۇ يەردە تۇرسا ئوبدانراق بولارمىكىن
دەيمەن . ئابدۇساھىپ ئاخۇننى قالپاق كىيدۈرۈپ يېزىغا چۈشۈر-
دى دەيلا ، ئۇنداقتا ئابدۇساھىپ ئاخۇن تۆت خىل ئۇنسۇرلار بىلەن
بىرگە ئەمگەك قىلىدۇ دېسىلە .

— شۇنداق قىلىدۇ ، ئەتىگەندە ئىككى سائەت مەجبۇرىي
ئەمگىكى بار تېخى . ئۇنىڭغا نومۇر بەرمەيدۇ .

— مانا ، مانا ، ئويلىغىنىمدەكلا چىقىۋاتىدۇ ، مۇشۇ گەپلىد-
ىرى هۆددە راست گەپ بولسا ئابدۇسالام بالام ئۇ يەرگە بارسا زادى
بولمىغىدەك .

— نېمىشقا ئۇنداق دەيلا ئەمدى ،— دېدى تىللاخان سېپىرد-
خاننىڭ خۇددى سۆگەت تەمچىنىلا ئەسلىتىدىغان قوللىرىنى
شىلتىپ قايناپ سۆزلەشلىرىدىن ئەجەبلىنىپ ، — ئابدۇسالام
دېگەن پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ يېزىغا چېنىققىلى
چۈشكەن زىيالىي ياش ، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قالپىقى بىلەن هېچقاند-
اق ئالاقىسى يوق . بۇنىڭدىن ئەنسىرىمىسەكمۇ بولىدۇ ، سېپىد-
ىرىخان ئاچا .

— ئۆزلىرى ئۇنداق دېگەن بىلەن ئۇ يەردىكى ئىش ئۇنداق
بولمايدۇ ، بۇ ئىشنى ئوبدانراق ئويلاپ بىر ئىش قىلسىلا ، ئابدۇ-
سالام دادىسى ئابدۇساھىپ ئاخۇندەكلا ناهايىتى چىقىشقاق ، كەس-
كىن مىجەز ، تىرىشقاق بالا بوپتۇ ، ئۇنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ ئوت
ئىچىگە ئىتتىرمىسىلە تىللاخېنىم .

— ئۆزلىرىنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا ، بىراق بۇ ئىشنى مەن
دادىسى بىلەن ئوبدان مەسلىهەت قىلىپ چىققان…

— مەسلىهەت قىلغان بىلەن ئۆيدىكى مەسلىهەت تالاغا توغرا
كەلمەيدۇ ، تىللاخېنىم .

www.uyghurkitap.com

ئابدۇسالام بابا ئاپىسى سىنى ئەكەتكىلى چىقتىم دېگەندىلا دېلىغۇل بولۇپ قالغانىدى ، ئەمدى ماۋۇ ئىككى ئانا بۇ ئىش توغرىسىدا تالاش ـ تارتىشنى باشلىۋىدى ، بۇ ئىشنى راستىنىلا جىددىي ئويلاشمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆلگۈردى ، لېكىن ئۇ بۇ ئىككى ئانىنىڭ پىكرىدىن قايسىنىڭ يوللۇق ئىكەن- لىكىنى ئويلاپ يېتەلمەيۋاتاتتى .

— بىزنىڭ بۇ مەھەللىدە مەتنىياز ئىسىملىك بىر پومېشچىك بار ئىدى ،— دەپ قىزىشىپ سۆزلەۋاتاتتى سىپىرىخان ، — مۇشۇ ئىنقىلاب باشلانغاندىن بۇيان سۇلايمان ئۇنىڭ بويىنىغا تاختاي ئېسىپ سۆرەپ سازايى قىلغاننى ئاز دەپ بالىلىرىغىمۇ تازا ئارام- لىق بەرمەيۋاتىدۇ . «ئۇنسۇرنىڭ بالىسى ماۋۇنى ئال» ، «ئۇن- سۇرنىڭ بالىسى نېرى تۇر» دېگەندەك گەپلەر بىلەن بىچارە بالى- لارنى پومېشچىكنىڭ بالىسى بولغانغا تويغۇزۇۋەتتى قارىسىلا .

— ئۇنداق دېسىلىغۇ بىز تۇرغان سەھرادا ئىش بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولۇۋاتىدۇ . ئابدۇسالامدىن كىچىك ئىككى بالا ھازىر مەك- تەپتىمۇ ئوقۇيالماي توختاپ قالدىغۇ .

— نېمىشقا ئەمدى ، — دېدى سىپىرىخان تىللاخاننىڭ بۇ سۆزىدىن چۆچۈپ .

— بىچارە بالىلار ئىككىسى بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى دېسىلە ، مۇئەللىمى نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككىسىگە ئۆچ بولۇپ قالغان ھېچ بىلمىدۇق . كەچكىچە «ئۇنسۇرنىڭ بالىسى ، سەن تۇرە» ، «ئۇن- سۇرنىڭ بالىسى ، سەن جاۋاب بىرە» دەپ ئىسمىنى ئاتىماي ئۇلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزىۋېرىپ بارلىق بالىلارغا خۇددى مۇشۇ بالىلارنىڭ لەقىمى «ئۇنسۇرنىڭ بالىسى» دېگەندەك تۇيغۇ بەر- گەچكە بالىلارمۇ «ئۇنسۇرنىڭ بالىسى» دەپ ئۇلارنى چەتكە قېقىپ ئارىغا ئالماي ئاخىر مەكتەپتىن چېكىنىپ ئۆيگە كېلىۋالدى . ھازىر ئۇلار بالا ئەمگەكچى ھېسابىدا يېرىم ئەمگەك ھېسابلىنىپ ئېتىزدا كەتمەن چېپىۋاتىدۇ .

— ھە مانا، مۇشۇ بالىمۇ ئاشۇنداق كۈنگە قالمىغاي دېسىلە، ئابدۇسالام بالام مۇشۇ يەردە تۇرغىنى ئەۋزەل. ھېلىقى سۇلايمان دۈيجاڭمۇ بۇنىڭغا تېخى يامان كۆزدە قارىغۇدەك بولمىدى. ئۆزىدىن سوراپ باقسىلا، بىللە چىققان باللار ئېتىزدا كەتمەن چېپىۋاتىدۇ، بۇ بالامچۇ، يايلاقتا قوي بېقىۋاتىدۇ، ئىشقىلىپ تولىراق يول ماڭغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىشى يېنىك. بۇ بالامنى ئەكەتسىلە ئاشۇ ئىككى ئۆكسىنىڭ كۈنىگە قالمايدۇ دېيەلەملا، ئويدانراق ئويلاپ بىر ئىش قىلسىلا خېنىم، بالا ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيگەندىن تېشىدىراق كۆيۈپ تۇرغىنى ياخشى، ئوتنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇپ كۆيۈپ پۇچىلانسا ياش تۆككەننىڭ پايدىسى يوق، جېنىم تىللاخېنىم.

تىللاخان سېپىرىخاننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇ يەردىكى تۆت خىل ئۇنسۇرلارنىڭ باللىرىمۇ مەتنىياز پومېشچىكنىڭ باللىرىغا ئوخشاش قىسمەتنى تارتىۋاتقانلىقى بىر ھەقىقەت، لېكىن ئابدۇسالامنى ئۇنىڭغا ئوخشاتقىلى بولاتتىمۇ زادى. چۈنكى ئابدۇسالام پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ يېزىغا چۈشكەن، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىۋاتقان زىيالىي ياش. قولىدا ناھىيىلىك زىيالىي ياشلارنى تەقسىملەش ئىشخانىسى قىلىپ بەرگەن خەت بار. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ئۇنداق مۇئامىلىلەرمۇ بولۇپ كەتمەس، تىللاخان ئۆز خىياللىرىنى مۇشۇ يەرگە جەملىگەندە ئۆزىنىڭ ھەرگىزمۇ خاتا قىلمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئوغلىنىڭ رايىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا قارىغىنىدا ئابدۇسالام خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بىر نۇقتىغا تىكىلگەن ھالدا قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك ئولتۇراتتى.

— بالام، سەن دەپ باقە، — دېدى تىللاخان ئۇنىڭ بىلىكىدىن سىلىكىپ ئۆزىگە قارىتىپ تۇرۇپ، — قانداق قىلساق بولار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— نېمىنى قانداق قىلىمىز ؟ !— دېدى ئابدۇسالام ئۆندەرگەندەك بىر ئانىسىغا ، بىر سىپىرىخان ئانىغا ئىسەنگىرەپ قارىغىنىچە .

— زادى نەدە تۇرماقچىسەن ؟ ! سەندىن شۇ ئىشنى سوراۋاتىمەن .

— مەن ئۇبدانراق ئويلىنىپ باقاي ، ئاپا ،— دېدى ئابدۇسالام ،— مۇنداق ئويلاپ باقسام سىپىرىخان چوڭ ئاپامنىڭ گېپىنىڭمۇ جېنى بار . راستتىنلا ئۇ يەرگە بارسام «ئۇنسۇرنىڭ بالىسى» دەپ يەكلەپ قويسا ئۆزۈڭ بىلىسەن ئاپا ، مەن خورلۇققا چىدىمايدىغان ئادەم بولۇپ قالدىم . بىراۋنى بىكاردىن - بىكار خارلىغان ئادەمنى كۆرسەم چىشىم غۇچۇرلايدۇ . ماڭا كىتاب جېنى چاپلاشقان ، بۇنىمۇ بىلىسەن ، شۇڭا ناھەقچىلىققا تېخىمۇ چىدىمايمەن . سوئالىم تولا ، ئاشۇ سوئالغا لايىق جاۋاب ئالالمىسام يەنە ئۇنىمايمەن . ئەگەر راستتىنلا بېشىمغا ئاشۇنداق كۈنلەر كېلىپ قالسا سىلەرگە ئىش تېپىپ بېرەمدىمەنمىكىن دەپ قورقىمەن ئاپا .

سىپىرىخان «قانداقكەن» دېگەن مەنىدە تىللاخانغا قارىدى . باياتىندىن بېرى ھېچقانداق گەپكە ئارىلاشماي داستىخاننىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدە جىمىمىدە ئولتۇرغان ماخمۇت ئابدۇسالامنىڭ سۆزىدىن غەيرەتلەندىمۇ ئەتىمالىم گېلىنى قىرىپ ئىككى ئانىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ سۆز باشلىدى :

— مېنىڭچە ، ئابدۇسالام مۇشۇ يەردە تۇرغىنى تۈزۈك تىللاخان ئاپا ، ئۇ ئۈچ دوستى بىلەن بىرگە كەلدى . ياتاق - تامىقى بىر . ئىش ئېغىر بولغان بىلەن ئۆزگە يارىشا ئۇلارنىڭ خۇشلۇقلىرىمۇ بار . ھېلىقى ئابدۇراخمان دېگەن ئاغىنىسى ئورۇسلارنىڭ ھېلىقى گىتار دېگەن بىر نېمىسىنى تىرىڭشىتىپ ناخشا ئېيتىپ كەتسە مەھەللىدىكىلەر يىغىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ .

شەھىرىمىزدىن ئايرىلدۇق ،
قاقىر سايدىن قايرىلدۇق .
تەقسىماتقا بويسۇنۇپ ،
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلدۇق .

دەپ توۋلاپ كەتسە بەزىلەر كۆز يېشى قىلىدۇ ، بەزىلەر ئېغىر خۇرسىنىدۇ . ئامال قانچە ، ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇنداق ناچار يەردىمۇ ئەمەس . ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ مۇشۇ يەرلەردە ئىشلەپ يۈرگىنىگە ئىچ ئاغرىتىدىغانلار كۆپ بولغاچقا كوللېكتىپ ئەمگەكلەردە ئۇلارغا ئېتىبار قىلىشىدۇ . ئابدۇسالامنىڭ ئىشىمۇ ئېغىر ئەمگەك ئەمەس ، سەھراغا كەلدى دېگەن بىلەن پېشانىسى تەرلىگۈدەك كەتمەن چېپىپ باقمىدى . بېلى تالغۇدەك ئوما ئوردىغىنىمۇ يوق . مانا سادىق قويچىغا ھەمراھ بولۇپ قوي بېقىپ يۈرىدۇ . كەچكىچە جاڭگالدا يۈرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ ئىشى بەلەن ، شۇنداق تۇرسا ئۇنى ئەكېتىپ نېمىمۇ قىلىلا تىللاخان ئاپا ، بىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرى . ئابدۇسالام بۇ يەردە ھېچقاچان يېلىڭ ـ يوپۇڭ ، ئاچ ـ زېرىن قالمايدۇ ، بولسا بۇ بالىنى مۇشۇ ئۇستىخىنى چۈشكەن يەردىن ئايرىمىسىلا .

— مەن ھەرقايسىلىرىغا ئىشەنمەي بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىم يوق سىپىرىخاچا ،— دېدى تىللاخان ماخمۇتنىڭ سۆزىدىن كېيىن ،— بالام ماخمۇتجانمۇ ناھايىتى ئىدىتلىق گەپ قىلدى . لېكىن بالىنى ئەكېتىشتە مۇنداق سەۋەب بار : بىرى ، بالا يېنىمىزدا تۇرسا ؛ ئىككىنچىسى ، بالىلارنىڭ چوڭى بولغاندىكىن ئۇكىلىرىغا سەل باشپاناھ بولىدۇ . ھازىر دادىسىنىڭ ئۆي ئىشىغا قاراشقۇدەك ھالى يوق ، سەھەردە ئىشقا كەتسە كەچتە كېلىدۇ . تامىقىنى يەپ بولار ـ بولمايلا كەچلىك ئۆگىنىش يا كۈرەش قىلىش يىغىنى دەپلا ئاچقىپ كېتىدۇ . يېرىم كېچىگىچە بولۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن بەك پاراكەندە بولۇپ كەتتۇق . نېمىلا دېگەنبىلەن

لەن بۇ بالا بىزدىن يىراقـتا بولغاندىكـىن ئەنسىرەيدىكەنمىز، ئاچ ـ توق قالغانلىقىدىن دەپ غېمىنى يەيدىكەنمىز . ئۇندىن كۆرە يېنىمىزدا تۇرسا خاتىرجەم بولالايدىكەنمىز دەپ دادىسى بىلەن شۇنداق مەسلىھەتلەرنى قىلىشقانىدۇق . بالام ، ئەگەر ماقۇل دېسەڭ ئەتىگىچە رەسمىيەتنى ئۆتەپ كەتسەكمىكىن دەيمەن .

— ئۇنداق يەرلىرى بولسا مەيلى ،— دېدى سىپىرىخان لاسىسىدە بوشاشقان هالدا ،— بالا ئۆزلەنىڭ ، قانداق ئويلىغان بولسىلا ، شۇنداق قىلىسىلا ئەمىسە .

— بالام ، ئەمدى جاۋاب بەرگىنە ، قانداق قىلىسەن ؟ !

ئابدۇسالام ئانىسىنىڭ سولغۇن چىرايىغا ، مەزگىلسىز قورۇق باسقان پېشانىسىگە ، بالدۇرلا ئاقىرىشقا باشلىغان چېكە چاچلىرىغا قارىدى ـ دە ، كۆڭلى بۇزۇلدى . شۇنچە ئارزۇ بىلەن چىققان ئانىنى قۇرۇق قايتۇرغۇسى كەلمىدى .

— مەيلى ئاپا ، سەن دېگەندەك بولسۇن ، — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا .

# ئالتىنچى باب يىمىرىلىش

«ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا، كەمبەغەلگە پۇتلاش»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

بۇ شەھەرنى ئىككى جىلغا، مۇنداقچە ئېيتقاندا تاغ سۇلىرى بىلەن بۇلاقلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىككى ئۆستەڭ شەرق ھەم غەرب تەرىپىدىن خۇددى قىسماقتەك قىسىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئايروپىلاندا بۇ زېمىنغا نەزەر تاشلاش توغرا كەلسە ناھايىتى كەڭرى ئىككى يېشىل بەلۋاغ شەھەرنى قىسىپ تۇخۇم شەكلىگە كىرگۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. بۇ ئىككى ئۆستەڭ شەھەر مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇپ تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرنى راھەت-بەخش بۇلاق سۈيىگە قاندۇرۇپ گۈلباغ يېزىسى تەۋەسىگە كەلگەن-دە بىرلىشىپ گۈلباغ سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ؛ ئامباردىن قويۇپ بېرىلگەن سۇ ئامبارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يەتتە كەنتنى سۆيۈپ ئۆتۈپ ئاخىر تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي بۇرجەكلىرىگە سىڭىپ كېتىدۇ. سۇ ئەلۋەك بولغاچقىمىكىن گۈلباغ ئىسمى-جىسمىغا لايىق باغ تۈسىنى ئالغان بىر يېزا. ئامبارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى غول ئۆستەڭنىڭ ئىككى ئەتراپى كەڭلىكى ئىككى يۈز مېتىر كەلگۈدەك ئورمان بەلۋىغى، بۇ ئورمانلىق ئارىسىدا تۈمەن-لىگەن بۇلاقلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. گۈلباغلىقلار ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئاخىرلاشقاندا بىردەك ھەرىكەتلىنىپ ئېتى-لىپ قالغان بۇلاقلارنىڭ كۆزىنى ئېچىش، غول ئۆستەڭدە تىنىپ قالغان لاي - لاتقىلارنى تارتىش ئىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلەيدۇ. ئۇ ئىش ئاخىرلاشقاندا — سۈپسۈزۈك سۇ چوڭقۇر

www.uyghurkitap.com

قىزىلغان ئۆستەڭدە شىلدىرلاپ ئاققىنىدا ، باللار تۇرماق
چوڭلارمۇ غول ئۆستەڭنىڭ خىلۋەت بۇلۇڭلىرىغا كېلىپ سۇغا
چۆمۈلىدۇ . باللارنىڭ قىيقاس – سۈرەنلىرىگە تولغان بۇ ئورماز-
زارلىق گوياكى يەرمەنكە مەيدانىدەك قىزىپ كېتىدۇ . ئەتىيازدىن
تارتىپ تاكى كۈزگىچە بۇ يەر مانا مۇشۇنداق سۇغا چۆمۈلۈش
مەيدانى بولۇپ دېھقانلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان جايغا ئايلان-
غان ، شامالباغ كەنتى ئامبارنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ
بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ئىچىدىغان ھەم دېھقانچىلىق قىلىدىغان
سۈيى ئامبار سۈيىگە قاراشلىق ئەمەس ، شەرقىي ئۆستەڭنىڭ
تارماق ئېقىنىدىن كەلگەن ئىككى – ئۈچ تۇگمەنلىك سۇ دەل
مۇشۇ شامالباغ كەنتىنىڭ سۇ مەنبەسى ، ئۇلار گويا گۈلباغ يېزد-
سىنىڭ يانداش قاراۋۇلىدەك شەرق تەرىپى كەڭرى كەتكەن شور-
تاڭلىقا ، غەرب تەرىپى غول ئۆستەڭگە ، شىمال تەرىپى شەھەر-
گە ، جەنۇب تەرىپى چەكسىز كەتكەن قېقىر سايغا تۇتىشىدىغان
بىر ئالاھىدە كەنت . بۇ كەنتنىڭ سېكرېتارى سەلەي دىقماق
كەلگەن ، كۆزلىرى يوغان ، ئاغزى كىچىك ، سارغۇچ بۇرۇتى
دائىملا مايلىشىپ تۇرىدىغان ، يۇرۇش – تۇرۇشى چاققان بىر
ئادەم . ئۇ ئۆزىنىڭ دېھقانلارغا خاس مەزمۇت قەدەملىرى بىلەن
بىر كۈندە مۇشۇ ئالتە – يەتتە يۈز تۇتۇن ئائىلە جايلاشقان كەنتنى
ئالا قالدۇرماي ئايلىنىپ چىقالايدۇ . يەنە شۇ دىقماق ئاياغلىرى
بىلەن چوڭقۇر ئاغدۇرۇلغان ئاختارمىلىقلاردا مۇدۇرۇپ كەتمەي
راۋۇرۇس دەسسەپ مېڭىپ ھەممە ئەترەتنىڭ ئېتىز – ئېرىق
ئەھۋالىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ .

بۈگۈنمۇ ئۇ ئادىتى بويىچە ئىككى تەرىپى ئاسمانغا بوي سوز-
غان كۆك تېرەكلىك يولدا توپا توزۇتقىنىچە ئاياغ مەھەللىگە
يېتىپ كەلدى . ئۇ ئىتتىك ماڭغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر پېشانىسى
بۈژژىدە تەرلىگەنىدى . يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدىكى قوناقلىق يې-
نىك چىقىۋاتقان شامالدا خۇددى ئىچىگە ئادەم كىرىۋالغاندەك

شاراقلايتتى . خامان تەرەپتىن تراكتورنىڭ تاتىلدىغان ئاۋازى كەلمەكتە . ئۇ ئەزالارنىڭ زادى قايسى تەرەپتە ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك يولدا بىر پەس تۇرۇپ قالدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سېكرېتار ،— توساتتىن چىققان بۇ ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى ، سەلەي سېكرېتار كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىگە قاراپ قول سوزۇپ كېلىۋاتقان ئورۇق ، يۈز سۆڭەكلىرى ھەر تەرەپكە بۆرتۈپ چىققانلىقتىن چىرايى قاتاڭغۇر كەلگەن ئابدۇلباسىت ئەترەت باشلىقىنى كۆردى ، ئۇ رەڭگى ئۆڭگەن ئاق دېچۆلياڭ كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كۆك تېرىكىدىن تىكىلگەن تۆت يانچۇقلۇق چاپان كىيىۋالغان بولۇپ ، بېشىدىكى كۆك شەپكىسىنىڭ چېكىلىكى ۋە شەپكىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپى تەر ۋە ماي تەسىرىدىن قارىداپ كەتكەنىدى .

— نەگە بېرىپ كېلىۋاتىسەن ؟ !— دېدى سەلەي سېكرېتار ئۇنىڭ كۆرۈشۈشكە سۇنغان قولىنى مۇنداقلا سىقىپ قويۇپ ، — قوناقلىرىڭ بەك ئۆسۈپ كېتىپتىغۇ ؟ مۇنداق ئۆستۈرىۋەرسەڭ تۇزۇك باش تۇتالمايدۇ جۇمۇ .

— ئامالىنى قىلىۋاتىمىز شۇجى .

— قانداق قىلىۋاتىسەن ؟ تولا سۇغارغانىنىڭ ئىشى بۇ ، قوناق دېگەننى كۆچلىگەندە ئوبدانراق كۆچلىمەي سۇغىرىۋەرسەڭ مۇشۇنداق بويىغا تارتىدىغان كاساپەت بۇ ، سەنمۇ بىر دېھقان بالىسى بولغاندىكىن بۇنى بىلىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ ، بولدى ، بولدى ، بۇ گەپنى قىلىشمايلى ، ماڭا قارا ، سەنچۇ ، ئەتە ئابدۇراخمان راۋاپ بىلەن شەھەرگە كىرىپ بىزگە تەقسىملەنگەن بىر زىيالىي ياشنى ئاچىق ، گۇڭشې (ئۇ چاغلاردا يېزا گۇڭشې دەپ ئاتىلاتتى ) بىزگە بىر زىيالىي ياشنى تەقسىم قىپتۇدەك . مۇدىرنىڭ دېيىشىچە ، سىلەرنىڭ ئەترەتتىكى ھېلىقى ئابدۇساھىپ ئۇنسۇرنىڭ چوڭ ئوغلىمىش . ئەسلىي تاشبالىقتا تۇرۇپتىكەن ، ئۇ يەرنىڭ جاپاسىغا چىدىماي دادا ـ ئاپىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇدەك .

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولسا ئۇنى ھەشەم قىلىپ ، داقا ـ دۇمباق چېلىپ ئاچقىشىنىڭ نېمە كېرىكى شۇجى . مەنچە بولسا ئۇنداق ئۇنسۇرنىڭ بالىسىنى داقا ـ دۇمباق چېلىپ ئاچقىماي يۇك ـ تاقىنى مۇرىسىگە ئارتىپلا ماڭدۇرۇپ ئاچقىساق بولماسمىتى .

— ئۇنداق دەپ ئۆزۈڭگە ئىش تېپىۋېلىشتىن قورقامسەن ، ھەي ئاۋاق ،— دېدى سەلەي سېكرېتار خۇددى ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىـ نى بىرى ئاڭلاپ قالىدىغاندەك ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ،— بۇ دېگەن سىياسىي ۋەزىپە جۇمۇ . ئۇ دېگەن ئۇنسۇرنىڭ بالىسى بولغان تەقدىردىمۇ ناھىيە بىزگە تەقـ سىم قىلغان زىيالىي ياش بولغاندىكىن ئوبدانراق يارىشىغىنى قىلىپ ئەكېلىش لازىم . ئەكەلگەندىن كېيىن قانداق ئىشلىتىش ئۆزۈڭگە باغلىق .

— چۈشەندىم ، ئوبدان سېكرېتار ،— دېدى ئابدۇلباست قىيسىيىپ قالغان كۆك شەپكىسىنى تۈزلەپ كىيىپ ،— مەن بۇ زىيالىي ياشنى شۇنداق بىر داغدۇغا بىلەن يېزىمىزغا ئەكېلەيكى شەھەرلىك ئاقنانچىلار ھەممە بالىلىرىنى يېزىغا زىيالىي ياش قىلىپ چۈشۈرۈشنى ئارمان قىلىدىغان بولسۇن .

— ھەببەللى ، ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ ،— دېدى سەلەي سېكرېتار ئۇنى يول ياقىسىغا تارتىپ ئاچقىپ شىرىلداپ سۇ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق بويىغا زوڭ ئولتۇردى ، — ئولتۇرە مايەرـ دە ، بىرەر ئورام موخوركا چېكەيلى .

ئابدۇلباست كۆك چاپىنىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن گېزىت قەغىزى ئېلىپ بىر پارچە يىرتتى ـ دە ، سەلەيگە تۇتقۇزۇپ ئوڭ يانچۇقىدىن ئاق قەلەيدىن ياسالغان تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭـ دىن سەلەي تۇتۇپ تۇرغان قەغەزگە تاماكا تۆكتى . كۆك يوپۇرماق كۆپرەك ئارىلاشتۇرۇلغان تاماكىدىن دىماغلارنى غىدىقلىغۇچى ئاچچىق پۇراق تارقىلىپ تۇرغاچقا سەلەي سېكرېتار تاماكا يۆگەۋېـ تىپ ئىككى قېتىم چۈشكۈرۈۋەتتى .

— ۋاھ، ۋاھ، دەردىڭ بار ئادەمدەك نېمانداق ئاچچىق تاماكا چېكىدىغانسەن ھە، ئابدۇلباسىت، — دېدى سەلەي سېكرېتار قاتتىق چۈشكۈرۈكتىن كېيىن بۇرنىنى تازىلىۋېتىپ، ئاندىن قولىدىكى تاماكىسىنى يۆگەپ بىگىز بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ بۇراۋېتىپ، — ئاۋاقلىقىڭدىن پۈتنى بوغقان تەخەيدەك ئاران ماڭىسەن، شۇنداق تۇرۇپ چەككەن تاماكاڭ مۇشۇ، سىلەرنىڭ مەھەللىدىكى ھېلىقى لۆم - لۆم ئەپەندىنىڭ ئىسمى نېمىتى ھە، ھە، يۇسۇپ ئەپەندى. ئاشۇنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «ئۆپكە بولۇپ ئۆلەي دېسەڭ سەھەر قوپۇپ تاماكا تارت» بولۇپ قالدىڭغۇ سەن.

— شامالباغدا چىققان شامال ئاياغ مەھەللىدە قۇيۇنغا ئايلىنار دەيسىزغۇ سېكرېتار؟ بىر يۈز نەچچە تۈتۈن ئائىلە بولغان بىلەن مۇرەككەپ بىر ئەترەت بۇ، چوڭ جەمەتتىن ئىككىسى، ئۇششاق جەمەتتىن بىر نەچچىسى بار بۇ ئەترەتتە، ھەممە ماجىرا تەڭلا باش كۆتۈرىدۇ. باشقۇرماق تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پومېشچىك ئۇنسۇرنى ئاز دەپ بىر ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرنى سەپلەپ بەردىڭىز. مانا ئەمدى ئۇنسۇرنىڭ كۈچۈكىنىمۇ بىزگە بۇيرۇپسىز. ئىككى ئۇنسۇرنى سەھەردە ئىشقا ھەيدەيمەن دەپ ئورنۇمدىن سەھەر تۇرمىسام تېخى، ئۇلارنى ئىشقا سەپ قويۇپ ئەزالارنى ئىشقا ھەيدەپ داڭ ئۇرمىسام تېخى. شۇ ۋەجىدىن چېكىپ كېتىمەنغۇ مۇشۇ تاماكا دېگەننى.

— ئۆزۈڭمىچۇ، تازا ئابرۇيپەرەس بىر نېمە، ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭ ئالدىڭغا تارتىۋالماي ئاۋۇ مۇئاۋىنلىرىڭغا، كاسسىر، بوغالتىرلىرىڭغىمۇ ئىش بەرسەڭ بولمامدۇ، — دېدى سەلەي سېكرېتار ئاچچىقىدىن كۈچەپ تارتىۋەتكەن تاماكىسىنىڭ ئۆپكىسىگە كېتىپ قېلىشىدىن يۆتىلىپ كېتىپ، — پاھۇي، مۇشۇمۇ تاماكا بولدىمۇ ئەمدى ھە، تۇتە، ئۆزۈڭ چەك بۇ زەھەرنى، ھوقۇقىنىمۇ خەققە بەرمىگەندەك تاماكاڭنىمۇ باشقىلار چېكەلمەيدىغان قىلىپ

تەڭشىۋاپسەن . ھۆ ئۆلۈكنى ئىت ، تىرىكنى پىت كۆرمەيدىغان لامزەللە .

ئابدۇلباسىت سەلەينىڭ ئاچچىق گەپلىرىگە ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمەي ئۇ بەرگەن تاماكىنى كۈچەپ شوراپ ئۇنىڭغا قاراپ پىخىلداپ كۈلگىلى تۇردى . چۈنكى شۇ تاپ سەلەي سېكرېتارنىڭ مىس رەڭ چىرايى كۆپچۈپ كەتكەن خېمىردەك ئىششىپ كەتكەن بولۇپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى .

— سىزچۇ سەلەي سېكرېتار ، — دېدى ئابدۇلباسىت ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ، — بوش تاماكا چېكىپ ئۆگەنگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرۇپ - تۇرۇپلا پاپىروس چېكىپ قويىسىز . شۇڭا بىزنىڭ بۇنداق ئاچچىق تاماكىغا كۆنەلمەيسىز . يۈرۈڭ ، چۈش بولۇپ قاپتۇ ، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى . سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن پاراڭلىرىم بار ، قاراڭ ، ھېچ ۋاقىت چىقىرالمايمەن شۇ .

— بولدى ، بولدى ، مەن كېتىۋالاي . چۈشتە بىزنىڭ خوتۇن لەگمەن ئېتەي دەۋاتقان ، لەگمەن يېمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ ، ئالدىراشچىلىق .

— مەنمۇ ئەتتۇرەتتىم لەگمەن دېگەننى .

— بولدىلا ، بۈگۈن گۆشسىز لەگمەن يېمەيمەن . شۇڭا چوقۇم ئۆيگە بېرىشىم كېرەك .

— توخۇ سويىمەن سېكرېتار .

— نەدىكى توخۇ ئۇ ؟ !

— بىزنىڭچۇ .

— ھە ، بۇ گەپچىزە سەن يوشۇرۇنچە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغىلى تۇرۇپسەن - دە . بىلىپ قوي ، سەن ئوغرىلىقچە توخۇ باقساڭ ئەزالىرىڭ ئاشكارا ھالدا قوي - ئۆچكە باقىدۇ جۇمۇ ، يوقات ئۇ بىر نېمىلىرىڭنى .

— ئۇنداق ئەمەس ، سامانلىقتا بېقىۋاتقان ئەترەتنىڭ توخۇ-

لىرى ئۇ ، ئەترەتنىڭ بولغاندىكىن بىزنىڭ دەيمەن ـ دە ئەمدى ، بىز ئۇچۇن قول ـ قانات بولۇۋاتقان سېكرېتارغا بىرەرنى سوپ‐ ساق قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولمايمىز .
— مۇنداق دېمەمسەن ، نېمىشقا باقتىڭ ئۇ نېمىلەرنى ؟
— يېقىندا شەھەردىن ئەترەتلەرگە كادىرلار چۈشىدۇ دەيدى‐ غۇ ، شۇنىڭغا تەييارلىق قىلدۇقۇ ، ماخو ئەتراپىدا دانلاپ چوڭى‐ يىپ قالار دەپ بىرەر يۈز چۈجە تاشلاپ قويغان . پىچاققا يارىغۇ‐ دەك بولۇپ قاپتۇ .
— يېيىش ـ ئىچىش ئىشىغا كەلگەندىزە بەكلا ئاكتىپ جۇمۇ سەن ، تېخى دادۇي تەۋرىمەيلا سېنىڭ شاپاشلاپ كەتكىنىڭ قىز‐ زىق ، هە ، بوپتۇ ، بۇمۇ بولىدىغان گەپتەك تۇرىدۇ . تەييارلىقنى سەن باشتا قىلغاندىكىن بىزنىڭ كەنتكە چۈشكەن كادىرلارنى ئۇدۇللا ساڭا يوللاپ بەرسەك ئاش ـ تامىقىدىن خەۋەر ئالساڭ بولغۇدەك .
— ۋاي بولمامدىغان سېكرېتار ،— دېدى ئابدۇلباسىت خۇش‐ لۇقىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ،— مەندە بىر نەچچە نوخۇل‐ سى ئۆسۈپ قالغانلار بار ئىدى ، كادىرلار كەلسە ئۇنداقلارنى ئېپىغا كەلتۈرۈپ راسا ئەدەپلىۋالغىلى بولىدۇ . خورىكى ئۆسۈپ قالغانلارنىڭ خورىكىنى ئالغىلى بولىدۇ . ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بىزگە پايدىسى بار .
— كادىرلار ئاشلىق بېلىتى بىلەن پۇل بېرىدۇ ، بۇمۇ ئەت‐ رەتكە كىرىم دېمەمسەن .
— ساقالغا چۈشكەن چۆپكە قورساق تويمايدۇ سېكرېتار .
— ها ـ ها ـ ها ، — ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ يولغا چىقتى . سەلەي سېكرېتار ئابدۇلباسىتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئەتە ئەكېلىدىغان زىيالىي ياشنىڭ ئىشىنى قايتا ـ قايتا تاپىلىدى . ئابدۇلباسىتمۇ ئۇنىڭ بۇ قايتىلاشلىرىغا ماقۇل جاۋابى‐ نى بېرىپ ناھايىتى تەستە ئايرىلىشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*　　　　　*

شەھەر بىلەن شامالباغنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ ئۆلۈك توپىلىق
يول قاچانلاردا ياسالغان؟ يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدىكى كىچىك
ئېرىقچە بويىدىكى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان ئۈژمىلەرنى كىم
تىككەن؟ مىڭ كۆزنى ئەسلىتىدىغان بۇلاقلارنى كىم چاپقان؟
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ شاخلىرى نېمە ئۈچۈن يەرگە
تەزىم قىلىدۇ؟ بۇنداق سوئاللارغا شامالباغنىڭ ئەڭ مويسىپىت
دېھقانلىرىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بۇ يول دېھقانلارنىڭ شەھەرگە
كىرىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ياسالغانمۇ ياكى شەھەرلىكلەرنىڭ شا-
مالباغنىڭ غەرب تەرىپىدىكى غول ئۆستەڭ بويىدىكى تە-
رەپ - تەرەپكە شاخ ئايرىغان قېرى سۆگەت دەرەخلىرىنىڭ ساي-
ىسىدە يانپاشلاپ يېتىپ يازنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرۈشى ئۈچۈن ياسال-
غانمۇ ئېنىقلىماق بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش تەس، چۈنكى بۇنى بىلىش
ئۈچۈن شەھەر ئاۋۋال پەيدا بولغانمۇ ياكى يېزا ئاۋۋالمۇ دېگەن
سوئالنى ئۆزىمىزگە قويۇپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ نۇقتا
بىزنى يىراق ئۆتمۈشكە شامالباغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئاشۇ
كىچىك شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق بازارلىرىغا ئېلىپ كېتى-
شى مۇمكىن. لېكىن ئاشۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق بازارنى دەل
مۇشۇ شامالباغدىكى تىنىمسىز ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رىس-
قى - نېسىۋىسىنى تېپىپ يەيدىغان دېھقانلار ئاۋاتلاشتۇرىدۇ. مانا
بۈگۈن بۇ توپىلىق يولدا ئاستىغا كونىراپ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتسى-
مۇ، لېكىن پېتىنى يوقاتمىغان كارىۋات گىلىمى سېلىنغان ھارۋا
خۇددى شەھەردىن توي تارتىپ ماڭغاندەك شامالباغنىڭ كونا قەب-
رىستانلىقلارنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يىلان باغرى توپىلىق يولىغا
چۈشتى. ھارۋا ئۈستىدە مەيدىسىگە قىزىل قەغەزدە ياسالغان گۈل
تاقىغان، قولىدا ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرىنىڭ تۆت تومىنى
تۇتۇپ ئولتۇرغان ئابدۇسالام بۇرۇنلاردا شامالباغدىكى تۇغقانلىرى-

ـنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن ماڭغان يولدا ھاياجانلىنىپ كەلمەكـ
تە . ئۆزىنى ئەترەتنىڭ باشلىقى دەپ تونۇشتۇرغان ئورۇق ، قاـ
تاڭغۇر كەلگەن ئابدۇلباسىت قولىدىكى گەردىشى مايماق كەتكەن
داپنى كۆچەپ ئۇرۇپ قارىمۇتۇق كەلگەن ئېگىز بوي راۋاپچىغا
تەڭكەش قىلىپ ناخشا توۋلىماقتا . ئۇلار شەھەردىن چىققۇچە
«شەرق قىزاردى» ، «دېڭىزدا پاراخوت رولچىغا تايىنىپ ماڭار»
دېگەندەك ناخشىلارنى توۋلىغانىدى ، مانا ئەمدى سەھرانىڭ توپىـ
لىق يولىغا چۈشۈۋىدى ، ناخشىنىڭ مۇقامىنى ئۆزگەرتىپ خەلق
ناخشىلىرىنى توۋلاشقا باشلىدى . شۇ تاپ ماۋۇ ئەترەت باشلىقى
ئۆز ئەترىتىگە بىر زىيالىي ياشنىڭ تەقسىم قىلىنغانلىقىغا چىن
دىلىدىن خۇش بولۇۋاتقاندەك ناھايىتى قېتىرقىنىپ ناخشا توۋلىـ
ماقتا . ئۇنىڭ ناخشىسى ھەقىقىي ناخشىچىلاردەك سۇزۇك ھەم
جاراڭلىق ، شۇنداقلا بەكلا يېقىشلىق ئىدى .

ئالتۇن تارتقان تارازاڭدا ،
يامبۇ تارتايمۇ .
كەلمەي ـ كەلمەي كەلگەنىڭگە ،
ئۆزۈمنى ئاتايمۇ .

ئابدۇسالام بۇ ناخشىنىڭ تەسىرىدىن يۈرىكى ئاغقاندەك بولـ
دى . چۈنكى بۇ ناخشىنى دوستى ئابدۇراخمان گىتارىنى تىرىڭشىـ
تىپ ئولتۇرۇپ ناھايىتى ھېسسىياتلىق ئېيتاتتى . بەزىدە تۆت
دوست ئاشۇ تاشبالىقتىكى ھېلىقى ئەسكى ھويلىنىڭ ئالدىدىكى
يوغان قورام تاشنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ گۇگۇم پەردىسى
تارتىلىۋاتقان غەرب تەرەپكە — يەنى شەھەردىكى ئۆيى تەرەپكە
قاراپ ناخشا ئېيتىشاتتى . مانا ئەمدى ئۇلاردىن ئايرىلغىلى تېخى
ئىككى كۈن بولمايلا بۇ ناخشىنى يەنە بىر ناخشىچىنىڭ ئاغزىدىن
ئاڭلاۋاتىدۇ . لېكىن ئۇ بۇ ناخشىنى ئابدۇراخمانغا ئوخشاش مۇڭـ

www.uyghurkitap.com

لىنىپ ئەمەس ، بەلكى ھاياجانلىنىپ توۋلاۋاتىدۇ . قولىدىكى داپ-
نى ئۇرۇشلىرىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ، خۇددى داپتا ئۆچى باردەك ،
توۋا خۇدايىم ، بىر ناخشىنىڭ ئېيتىلىش ئۇسۇلى ئوخشاشمىسا
ئىككى خىل تەسىر بېرىدىكىنە .

ئۇيانمۇ ئۆتەشىم بار ،
بۇيانمۇ ئۆتەشىم بار .
سەن قارىمىساڭ يارىم ،
قۇرغۇيدەك ئاداشىم بار .

ئېشەك ھارۋىسى توپىلاڭ سەھرا يولىدا تىنىمسىز ئىلگىرى-
لىمەكتە . شەپكىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىپ ، تۆت ياذ-
چۇقلۇق كۆك چاپىنىنى بارماقتەك تومۇلۇقتىكى چىگە ئارغامچىدا
بەلۋاغ قىلىپ باغلاپ ، پات ـ پات ئېشىكىنىڭ ساغرىسىغا قولىدى-
كى يۇلغۇن تايىقىنى سانجىپ قويۇپ چېلىنىۋاتقان داپ ، ئېيتىلى-
ۋاتقان ناخشا بىلەن كارى يوق ئولتۇرغان ھارۋىكەشتەك ئالدىغا
تىكىلىپ ئولتۇرغان ئابدۇسالامنىڭ چىرايىدا شادلىق بىلەن بىسە-
رەمجانلىق تەڭلا مەۋجۇت . شادلىنىشىنىڭ سەۋەبى ئۆزىنى مۇنچە
داغدۇغا بىلەن ئەكېتىۋاتقىنى بىر ئەترەتنىڭ باشلىقى ، ئۇ گويا
توي تارتىپ كېتىۋاتقاندەك ناھايىتى ھېسسىياتلىق ، ئەركىن ،
داپ ئۇرۇشلىرى كۈچلۈك ھەم رىتىملىق ، ئېيتىۋاتقان ناخشىسى-
مۇ شۇنچە جاراڭلىق ، خۇددى توىى بولۇۋاتقان يىگىتتەك شوخ
ھەم تېتىك ، توغرا ، ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم يېزىغا
چۈشۈۋاتىدۇ . بىرىنچىسىدە ئۇلار 28 تىپلىق تراكتورنىڭ كوزۇ-
پىدا يېرىم كۈن چايقىلىپ ئاران بارغان . ئۇ چاغدا ئۇلارنى
ئەكېتىش ئۈچۈن ئاشۇ تراكتور شوپۇرى ماخمۇت يالغۇزلا بارغانى-
دى ، ئۇ خۇددى گۇناھكارلارنى ئېلىپ ماڭغاندەك قوپال ھەم
چېچىلاڭغۇ ئىدى . ئەترەت باشلىقى سۇلايماننى ئۇلار ئەتىسى

ئەترەت ئىشخانىسى ئالدىدا ئۇچراتقان . مانا ھازىر ئەترەت باشلىقى ئۆزى داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىپ ئەكېتىۋاتىدۇ . شۇنىڭدىن قارىـ. غاندا تاشبالىقتىكى تاغچىلار زىيالىي ياشلارنىڭ تازا ئىناۋىتىنى قىلمايدىغان دېۋەڭلەر ئوخشىمامدۇ .

تېرىق ئۆزى دان بولۇر ،
ئۆزى قىزىل نان بولۇر .
بۇغدايدىن كېيىن تېرىپ ،
بۇغداي ئۇستىگە خان بولۇر .

ھارۋا ئەمدى بىر خىل سۇر ئەتكە ، يەنى ئېشەكنىڭ مېڭىشىغا چۈشكەندى . داپنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇددى ئۇنىڭدا ئۆچى بارەك ئۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقان ئابدۇلباستىنىڭ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئەتراپىغا ئاپئاق كۆپۈك قايناپ كەتكەندى . ئۇنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىۋاتقان بۇ ناخشىسىدىن چۆچۈگەن قۇشقاچلار يول بويىدىكى قېرى ئۇجمە ـ جىگدە كۆچەتلىرىنىڭ ئارىسىدىن پۇررىدە كـۆتۈرۈلۈپ چىقىپ غـول ئـۆستەڭ بويىدىكى قېرى تال ـ سۆگەتلەرنىڭ شاخلىرىغا قونۇشقا باشلىدى . توپىلىق يول ئەمدى نەم ھەمدە سېغىز توپىلىق كاتاڭسىمان يولغا ئالماشقانـ. دى . غول ئۆستەڭنى ياقىلاپ ماڭىدىغان بۇ ھارۋا يولى شۇ تاپ يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان شامالباغنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتەتـ. تى . ئۆستەڭ بويلاپ تەبىئىي شەكىللەنگەن بەش مەھەللىدىن تەركىب تاپقان بۇ كەنت گويا ئۇزۇنىغا سوزۇلغان بۇ ئىككى تۈگمەنلىك ئۆستەڭنىڭ قاراۋۇللىرىدەك تاكى مەھەللىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قېقىر سايغىچە بولغان ئىككى كىلومېتىر دائىـ. رىغىچە سوزۇلغانىدى . ماۋۇ ناخشىنى دۆڭ تولاپ كېتىۋاتقان ئابدۇلباست دەل ئاشۇ كەنتنىڭ قۇيرۇقىغا جايلاشقان ئاياغ مەـ. ھەللىنىڭ ، توغرىراقى ئاشۇ ئەترەتنىڭ باشلىقى ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇسالام بۇ مەھەللىگە كىچىك چاغلىرىدا كۆپ كەلگەن ، تەنىل بولسىلا بولۇپمۇ يازدا بەزىدە ۋېلىسىپىت بىلەن ، بەزىدە پىيادە مېڭىپ بۇ يەرگە كېلەتتى . بۇ يەردە دادىسىنىڭ ئاكا ـ سىڭىللىرى بار ئىدى . ئۇ ئاشۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇلارمۇ ئابدۇسالامنى ھارۋىلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېتىزلىقلارغا ، قوغۇنلۇقلارغا ئاپىراتتى . قوناقلىقلار ئارىسىدا مۆكىمۆكىلەڭ ئويناش ، غول ئۆستەڭدە سۇغا چۆمۈلۈش ، تاشلاندۇق خامانلاردا گاگار ئويناش ، ئەترەتنىڭ قويىنى باقىدىغان نەۋرە ئاكىسى ئىسمائىل بىلەن بىرگە قوي باقىدىغان ئۆيلەڭگە بېرىپ ، مۈڭگۈزى ئىككى يۆگەلگەن سېمىز قوچقارنى مىنىپ ئويناشلار ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنلىرى ئىدى . مانا ئاشۇ ئۆزىگە بەكمۇ راھەت ھەم خۇشاللىق بېغىشلايدىغان زېمىنغا ئۇ ئەمدى ماكانلىشىش مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىدۇ . بەلكىم بۇ ئاشۇ يەتتە ـ سەككىز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇنداق ئويۇن ـ تاماشىلارنىڭ داۋامىدۇ ياكى ئاشۇ چاغلاردا تېخى ئوينالمىغان ئويۇنلارنى ئەمدى ئويناش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندۇ . ئىشقىلىپ ئۇ ئەمدى ئۇ چاغلاردىكى بالا ئەمەس ، باللىقتا ئوينالغان ئويۇنلار ئەمدى ئۇنىڭ ئاشۇنداق شېرىن ئەسلىمىسى بولۇپلا قالار .

مەن قۇشۇمنى غازغا سالدىم ،
كىم سېلىپتۇ قاغىغا .
ئالتە قاغا بىر بولۇپ ،
ئالدى قۇشۇمنى ئارىغا .

ئېشەك ھارۋىسى ئەمدى شامالباغ كەنتىگە كىرىپ كەلگەندى . كۈن چۈش بولغانلىقىنى جاكارلىغاندەك تىكلەشكەندى . پاكار سوقما تاملار ئارىسىدا مۈكچىيىپ تۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئۆگ-

ـزىسىدە چاتقال ، يانتاق دېگەندەك نەرسىلەر ئاندا ـ ساندا چېلىق۔
قاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۆگزىلەر ئاساسەن قۇرۇق ئىدى . پاكار
تۇرخۇنلاردىن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇچ ئىس كۆك ئاسمانغا ئېرەنسىز۔
لىك بىلەن كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى . ئاشۇ ھويلىلاردا ئۈژمە ، ئۆ۔
رۈك ، شاپتۇل ، ئالما كۆچەتلىرىنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرى
كۆز يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندەك يېنىك چىقىۋاتقان شا۔
مالدا شىلدىرلىماقتا ، تەبىئەتنىڭ لەرزان مۇزىكىسىنى چېلىپ
ماۋۇ ناخشىچىلارغا جور بولماقتا ئىدى . چىتلاق تامنىڭ بۇرجە۔
ـكىدە سىرلىرى ئۆچكەن قوش قانات دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى سۇپە۔
ـلاردا ئولتۇرغان موماي‌لار باشلىرىدىكى ئاق ، كۆك ، قارا لېچەك۔
لىرىنى ئوڭشاپ تويى تارتىپ كېتىۋاتقاندەك تۈيغۇ بېرىدىغان
ھارۋىغا ۋە ھارۋىدىكى ئادەملەرگە قىزىقسىنىپ قاراشتى . شۇ تاپتا
ئۇلارنىڭ يول ـ يول قورۇق چۈشكەن مىس رەڭ چىرايلىرىدا
ئەجەبلىنىش ، قىزىقىش ھېسسىياتى ئەكس ئېتەتتى . ئۇلار
بىر ـ بىرىنى جىملەپ ھارۋىدىكى كىشىلەرنى تونۇۋېلىشقا تىرى۔
شىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .
— ئاياغ مەھەللىدىكى ئابدۇلباستاخۇنكەنغۇ ؟
— شۇكەن ، راۋاپ چالغىنى ئابدۇراخماناخۇن .
— ھارۋىدىكى ئاۋۇ گۈل تاقاپ ئولتۇرغىنى كىم بولدى
ئەمدى .
— تونالمىدىم ، ئوبدانراق قارىسىلاچۇ ، تويىمكىن دېسەم
ئۆچلا ئادەم .
— توي بولمىسا مۇنداق نەغمە قىلىپ ماڭامدۇ ، بىلمەملا ،
ھازىر توي ـ تۆكۈننى ئاددىي قىلىمىز دەپ ماۋجۇشىغا تەزىم
قىلىپلا توي رەسمىيىتىنى ئۆتەيدىغان بولۇۋالدىغۇ .
— ئۇزۇندە يادلاپ ، ناخشا توۋلاپ توي قىلغان ئىشلارنىمۇ
كۆرۈۋاتىمىزغۇ ، توۋا دېگۈلۈك ، توۋا .
— ھازىر ۋەزىيەت شۇنداق كەسكىن ، ئاناڭنى كىم ئالسا

ماشايىقنىڭ شۇ دېگەن گەپ بارغۇ ، ئاياغ مەھەللىدىكى تۇرسۇناخۇن-
نىڭ ئوغلى ئىمىناخۇن ئاشۇنداق توي قىلدىغۇ ئەنە ، ھەربىيدەك
سېرىق كىيىم كىيىپ .
— كېلىن بالىمۇ شۇنداق كىيىپتۇ دەيدىغۇ .
— بىر باللىق بولدى .
— كېچىدە ھۆجرىسىدا مەخپىي نىكاھ ئوقۇتۇپتۇدەك .
مومايلار ئاشۇنداق مۇلاھىزىگە چۆشۈپ كەتكەندە ئابدۇلبا-
ستلار ئاللىقاچان ھەممە كىشىنى تاڭ قالدۇرۇپ بۇ مەھەللىدىن
چىقىپ كەتكەنىدى .
ئابدۇسالام مەھەللىلەر ئارىسىغا كىرىش بىلەنلا ئۆزىنى قو-
رۇنۇپ قېلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرگىنى مەيدىسىدىكى ئاشۇ
قەغەزگۈل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى . چۈنكى ئۇنىڭغا
قارىغانلىكى كىشىدە بىر خىل ئەجەبلىنىش ، ھەيران قېلىش
ئالامىتى كۆرۈلۈۋاتاتتى . ئۇنى ئېلىۋېتەي دېسە ماۋۇ ئابدۇلبا-
ستنىڭ ئاچچىقلاپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتاتتى .
— ئەكەلسىلە ، مەن قىزىلگۈلنى ئۆز قولۇم بىلەن تاقاپ
قوياي ،— دېگەنىدى ئۇ ئەتىگەن كۆرەشجاننىڭ قولىدىن بۇ گۈلنى
ئېلىپ تۇرۇپ ،— مەن بۇ زىيالىينى خۇددى تويى بولغان قىزدەك
جابدۇپ ئەكەتكىلى چىققان .
— تويى بولىدىغان يىگىتلا دېمەملا ،— دېدى كۆرەشجان
پاراقلاپ كۈلگىنىچە قولىدىكى گۈلنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ ،— بۇ
دېگەن ئالامەت تىرىشچان يىگىت جۇمۇ ، قولىدىن ھەممە ئىش
كېلىدۇ . چامباشچىلىق ، كىتاب ئوقۇش يەنە… يەنە… ئىشقىلىپ
بۇنىڭ كارامەتلىرى جىق ، دادىسىغا تارتىشىپ يېنىپ كەلمىگەن
بولسا تاشبالىقتا چاڭ چىقىراتتى بۇ ، بوپتۇ ، دادىسىغا تارتىشقىد-
نىمۇ ياخشى ئىش بولدى ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسكى مىجەزىنى
تارتىپ قالمىسۇن . بىلىۋاتامسەن ؟ ئابدۇسالام ، مەن ساڭا قانچە-
لىك كۆيۈنىمەن ھە ، ئەگەر باشقا ئادەم بولغان بولسا رەسمىيەت

بىجىرىپ بەرمەيتتىم ، ساڭا مەيلى دېدىم . ھە راست ، ئابدۇلبا-
سىت دۇيجاڭ ، پات يېقىندا بىر بۆلەك كادىرلار يېزىلارغا چۈشۈپ
گۇڭشېلاردىكى تۆتنى ئېنىقلاش ئىشلىرىغا ياردەملەشمەكچى بولى-
ۋاتىدۇ ، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا مەنمۇ بارىدىغاندەك تۇرى-
مەن . شۇڭا مەن سىلەرنىڭ يېزىغا ياكى ئۇدۇللا سىلەرنىڭ كەتتى-
كىگە بارايمىكىن دەۋاتىمەن .

— ناھايىتى ئوبدان ئويلاپلا جۇمۇ ، بارىدىغان ئىش بولسا
ئۇدۇل بىزنىڭ مەھەللىگە بارسىلا ، قارشى ئالىمىز . ھەرقايسىلى-
رىنى كېلىدىكەن دەپ قوي - ئۆچكە ، توخۇ - ئۆردەك بورداۋاتى-
مىز ، — ئابدۇلباسىت شۇ گەپلەرنى قىلغاچ كۈرەشجاننىڭ خۇدى
دى خېنىملارنىڭ قولىدەك يۇمشاق ھەم دىقماق قولىنى چىڭ
سىقىپ ئۇلگۇردى .

— ماۋۇ ئابدۇسالامنى ئۇنسۇرنىڭ بالىسىكەن دەپ بوزەك
ئەتمەڭلار جۇمۇ ، خاتالىق ئۆتكۈزمىسىلا ھەممىسى ئىنقىلابىي
يولداش . ھە ، ئابدۇسالام سەنمىچۇ ، ماۋۇ ئەترەت باشلىقى نېمە
دېسە شۇنى قىل . ھە دېسىلا داۋلى سۆزلەيمەن دەپ ئۇلارنىڭ
كۆزىگە كىرىۋالما ، سەھرا دېگەندە قانچە ئاتىكارچىلىق قىلساڭ
شۇنچە بالاغا قالىسەن جۇمۇ .

— شۇنداق ، شۇنداق ،— دېدى ئابدۇلباسىت كۈرەشجاننىڭ
سۆزىنى تەستىقلاپ بولۇپ ئابدۇسالامغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن
كېيىن ،— خاتىرجەم بولسىلا مۇدىر ، مەنمەن دەپ ئاسماندا
ئۇچىدىغاندەك قىلىپ كېتىدىغان بالىلارمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا
يىپتەك تۈزۈلۈپ كېتىدۇ ، بىر ئاي ئۆتمەيلا سەن - پەن دېگۈدەك
ھالىمۇ قالمايدۇ بۇ پوندىلەكنىڭ .

بۇ سۆزلەرنىڭ يا تەنە ، يا چاقچاق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن
ئابدۇسالام ئابدۇلباسىتنىڭ ھېچنېمىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان
قاتاڭغۇر چىرايىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ھارۋا يېنىغا كەتكەنى-
دى . شۇ چاغدا كۈرەشجان بىلەن ئابدۇلباسىت بەش مىنۇت

www.uyghurkitap.com

ئەتراپىدا ناھايىتى قىزغىن سۆزلەشكەن ھەمدە ئابدۇلباست گەپ ئارىلىقىدا ئابدۇسالامغا ئىككى قېتىم قارىغانىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قارىشىدىن «خەپ سېنى» دېگەندەك تەئەددى ئارىلاشقان كۆز تاشلاشمۇ، «خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنى ئۆزۈم توغرىلايمەن» دېگەندەك يوشۇرۇن خەۋپمۇ مەۋجۇتتەك بىر خىل ھالەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يالت قىلىپ ئۆتكەنىدى. مانا ئابدۇسالامنى ھارۋىغا چىقىرىپ ناخشىسىنى باشلىۋالغان ئابدۇلباست خۇددى ئۇزۇن يىل ئېيتالمىغان ناخشىسىنى بۈگۈن ئېيتىپ تۈگىتىۋالمىسا بولمايدىغاندەك بېرىلىپ ناخشا ئېيتماقتا. ئادەتتە راۋاپقا ئەگىشىپ داپ چېلىنىش ئادىتىنى ئۇ بۈگۈن بۇزۇۋەتمەكچى بولغاندەك ناخشا پەدىسىنى ئۆزى يۆتكەپ راۋاپچىغا بوي بەرمەي قويغان ئابدۇلباستقا ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ ـ قاراپ قويۇپ راۋاپنى تەڭكەش قىلىۋاتقان ئابدۇراخمانمۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي قالغان كىشىدەك بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى.

كېلىڭلار يارۇ يارەنلەر،
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.
كۆزىگە ئىلمىغانلارنىڭ،
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

ئەمدى ئۇلار دەل ئاياغ مەھەللىگە يېتىپ كەلگەنىدى. مەھەللە ئىچى ئابدۇسالام بۇندىن نەچچە يىل بۇرۇن كەلگەندىكىگە ئوخشاش بىر خىل مۇڭ ئىچىدە مۈگدەپ ياتقاندەك قىلاتتى. شۇ تاپتا نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان توپا چىراي ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولماي قالغانىدى. ئۆي ـ ئۆيلەردىن يۈگۈرۈپ چىققان كىشىلەر ئىشىك ئالدىلىرىغا يېتىپ چىقىپ ئابدۇلباستنىڭ بىمەھەل چاغدا ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقىنىغا ھەيران قېلىشقان ھالدا قېتىپلا قېلىشقانىدى.

— ئاۋۇ گۇل تاقاپ ئولتۇرغىنى ئابدۇساھىپنىڭ چوڭ ئوغـ
لىغۇ ،— دېـدى بىرەيـلەن تۇيۇقسىز ئابـدۇسالامنى تونۇپ قېـ
لىپ ،— شەھەردە ئوقۇيمەن دەپ قېپقالدى دېيىشىۋاتاتتى ، ياذـ
دۇرۇپ كەپتىغۇ ئۇنى .
— نېمە ئويۇن ئويناۋاتىدۇ ماۋۇ ئابدۇلباسىت .
— تويغا قويېقاندەك ناخشا توۋلاپ…
— يۇرۇڭلار ، بېرىپ باقايلى .
ئۆي ـ ئۆيلەردىن چىققان چوڭلار ، قېرىلار ، ياشلار ئىشقىـ
لىپ ئۆيدە بارلىكى ئادەم هارۋىنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ ئەترەتـ
نىڭ سامانلىقى تەرەپكە مېڭىشتى . ئەترەتنىڭ ئاتخانىسى بىلەن
سامانلىقنىڭ يېنىغا سېلىنغان بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي هازىر
ئابدۇساھىپقا بېرىلگەنىدى . بۇ ئۆي سوقما تاملىق ئۆي بولۇپ ،
ئۆيدە دېرىزە ياكى روجەك قويۇلمىغان بىر ئۆي ئىدى . سەۋەب
ئۇ ئەينى چاغدا مۇشۇ ئەترەت ئاتخانىسىنىڭ ئىسكىلاتى هېسابىدا
سېلىنغان بولغاچقا مۇشۇنداقلا سېلىنىپ ئۇستى ئادەتتىكىچىلا
يېپىلغانىدى . ئابدۇسالام دادىسى ، ئۇندىن كېيىن ئاپىسى ۋە
ئۇكىلىرى يېزىغا چۈشۈرۈلگەندە بىر نەچچە قېتىم كەلگەن ، ئۇ
چاغدا بۇ ئۆي ئۇنىڭغا خۇددى گۆردەكلا كۆرۈنگەنىدى . مانا ئەمدى
ئۆزىگە گۆردەك بىلىنگەن مۇشۇ ئۆيگە ئۆزى خۇددى تويى بولغان
يىگىتتەك كۆچۈرۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ .
ئابدۇلباسىت بۇ ئۆينىڭ قارىسى كۆرۈنەر ـ كۆرۈنمەيلا
ناخشىسىنى چىپ توختاتتى ، هارۋىمۇ ئەمدى يولدىن ئەگىپ يانغا
بۇرۇلۇپ ئەترەتنىڭ ئاتخانىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەنىدى . ئابدۇـ
سالامنىڭ بولغۇسى ماكانى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولغانىدى .
ئىشىك ئالدىدا بايىقى داپ ئاۋازىدىن بىرەر ئىشنى سەزگەن مېهـ
رىبان ئانا — تىللاخان بىلەن ئابدۇسالامنىڭ ئىككى ئىنىسى
قاراپ تۇرۇشاتتى . ئابدۇسالام ئۇلارنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغقاندەك
بىر خىل هېسسىياتتا بىردەم ئولتۇرۇپ قالدى ـ دە ، سەكرەپ
يەرگە چۈشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئاپا ،— دېدى ئابدۇسالام يۇگۇرۇپ كېتىۋېتىپ .
— ئاكا ،— دېدى ئىككى بالا ئابدۇسالام تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ .

ئابدۇسالام ئىككى ئۇكىسىنى قۇچاقلاپ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى . چۈنكى ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يىرتىلغان ، پۇتىدىكى رېزىنكە تاپانلىق لاتا ئاياغلىرىنىڭ ئۇچى يىرتىلغانىدى . ئۇ ئۇكىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىپ ئانىسىنى قۇچاقلىدى .

— ھە ، ئابدۇسالام دېگەن زىيالىي ، تۇغقانلىرىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغان بولساڭ بېشىڭنى كۆتۈر ، ئاۋۇنىڭغا قارا ،— دېدى ئابدۇلباسىت ئابدۇسالامنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراتتى .

ئابدۇسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇلباسىت كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى ـ دە ، بېشى پىررىدە قايغاندەك بولۇپ داڭ قېتىپ قالدى .

ئېغىل ئىشىكىدىن پەرقلەنمەيدىغان ئىشىك گىرەچىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغاندەك تام يان تەرەپكە قىيسايغانىدى .

— بۇ ،— دېدى ئابدۇلباسىت ئابدۇسالامغا زەھەرخەندىلىك بىلەن سۆزلەپ ،— سېنىڭ داداڭنىڭ ئۆيى…

— ساۋاتىڭ بار زىيالىيغۇسەن ، ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلگەنسەن ؟ !— دېدى ئابدۇلباسىت زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ .

ئابدۇسالام بۇ سۆزنى قىلىۋاتقان ئابدۇلباسىتنىڭ تۇرقىغا قاراپ ھەيران قالدى . شۇ تاپتا ئابدۇلباسىت خۇددى بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ئۇنىڭغا ھومىيىپ قارىغىنىچە تاماكا چېكىۋاتاتتى . بايا ھارۋىغا ئەگىشىپ كەلگەن كىشىلەر نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالغاندەك تېڭىرقاپ تۇرۇشاتتى . شۇ تاپ ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بىر

خىل قورۇنۇش ۋە ئابدۇلباستىنىڭ بۇ قىلىقىغا بولغان نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى .

— بايا مەيدەڭگە گۈل تاقاپ ئەكەلسەم كېرىلىپ كەتكەن بولغىيدىڭ ھە ، ئۇ بىر رەسمىيەت ئۇقۇپ قوي ، سەن ئەمدى قانداق ئادەمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىۋالدىڭ . ياۋاشلىق بىلەن ئىشلە جۇمۇ . مەن ئەتە ئەتىگەن كېلىپ ساڭا ئىش تەقسىم قىلىمەن . خوش ، ئۆيۈڭگە ئەكىرىپ قوياي دېسەم ھېچكىمنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىغان ئۆي بۇ ، لېكىن سەن كىرەلەيسەن . چۈنكى سەن ئاشۇ ئۇنسۇرنىڭ كۈچۈكى ئەمەسمۇ ، ھا ـ ھا ـ ھا ،— ئۇنىڭ قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك سەت كۈلۈشىدىن يەردىكى چاتقال يوپۇرماقلىرىنى يەۋاتقان ئېشەكمۇ چۆچۈپ كېتىپ بېشىنى كۆتۈردى .

— سەن... ،— دېدى ئابدۇسالام ئالدىغا يۇلقۇنۇپ چىقىپ ، — كۈرەشجانغا ۋەدە بەرگەنتىڭ ، مەن دېگەن قايتا تەربىيىگە كەلگەن زىيالىي ياش جۇمۇ .

— كۈرەشجان ئالدىڭدا ئۇنداق دېگەن بىلەن ماڭا «ئۇنسۇرنىڭ بالىسى بولغاندىكىن بېسىپراق ئىشلىتىڭلار ، بولمىسا ئۇ سىلەرگە چاتاق تېپىپ بېرىدۇ» دېگەن .

— سەن... سەن...

— جېنىم بالام ، ئاچچىقىڭنى باس ، يۈرە ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى . بىھۇدە گەپ تالاشما ،— ئابدۇلباستىنىڭ ئالدىغا ماڭغان ئابدۇسالامنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ئۆي تەرەپكە ئېلىپ ماڭغان تىللاخان نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان ئىككى بالىغا قارىدى ،— ئاكاڭنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆيگە ئەكىرىڭلار بالىلىرىم .

ئابدۇسالام سۇۋاقلىرى ئاجراپ كەتكەن كاڭنىڭ بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى . ئۆيدىكى ئاز ـ تولا بىساتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ ئۆي ئاشۇ تاشبالىقتىكى تاشلاندۇق ئۆينىڭ ئۆزى ئىدى . ئۇ ئاپىسى يېزىغا چۈشۈش ئالدىدىكى ئۆز ئۆيىنى ئەسلىدى . ئۈچ ئېغىز ئۆيدە سەرەمجان تولۇق ئىدى . ئۇ ئۆيدىن بىر خىل ئىللىق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىق ، قىزغىنلىق چىقىپ تۇراتتى . ھەممە نەرسە گويا مەرۋايىت-
تەك پارقىراپ تۇراتتى . تامغا تارتىلغان پەتنۇس نۇسخىلىق گى-
لەم ئوتقاشتەك يالتىرايتتى . خۇرۇم چامادان ، ئاتا ـ بوۋىسىدىن
مىراس قالغان نەپىس نەقىشلىك ساندۇق ، ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى
قىرما كىيىم ئىشكاپى ، ئۈچ ئىغىز ئۆيگە سېلىنغان بىر ـ
بىرىدىن نۇسخىسى چىرايلىق گىلەملەر ئەيتاۋۇر شەھەردىكى ئۇ
ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئادەمنى سۆيۈندۈرگۈدەك بىسات بىزەك-
لەر كۆزگە چېلىقاتتى . دادىسى شۋېتسارىيىنىڭ تام سائىتى دەپ
تونۇشتۇرىدىغان كاككۇك سائەت ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم
قەپىسى ئېچىدىن چىقىپ سايراپ بۇ سۈنئىي كاككۇكنىڭ يېقىم-
لىق ئاۋازىنى ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە يەتكۈزۈپ تۇرات-
تى . ئەمدىچۇ ئاشۇ بىساتلاردىن بىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ .
ئۆي بولسا تىپىك يېزا ئۆيلىرىدىنمۇ بەتتەر ھالەتتە كۆزگە تاشلى-
ناتتى ، لىم چەڭزىلەر ئىسلاشقان ، تورۇسنىڭ بورىلىرى ساڭگى-
لاپ قالغانلىقتىن ئۆيدە بىر خىل غېرىبلىق ۋە سەرسانلىق ئەگىپ
يۈرگەندەك بىلىنەتتى .

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما جېنىم بالام ،— دېدى تىللاخان
جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتكەن ئابدۇسالامغا ،— ئادەم دېگەن مانا
مۇشۇنداق كۆرمىگەننى كۆرۈپ ، يېمىگەننى يەپ ياشايدىغان گەپ-
كەن . مانا ئۆكىلىرىڭ ھازىر بۇ سەھرانىڭ ئىشلىرىغا ،
جەبىر ـ جاپاسىغا كۆنۈپ كەتتى .

— ئاپا ، — دېدى ئابدۇسالام كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان
ھالدا ، — شەھەردىكى ۋاقتىمىزدا قول ـ ئىلكىمىزدە خېلىلا بار
ئادەملەردۇق ، بۇ ئۆي باشقىچىلا تۇرىدىغۇ ؟ گىلەملىرىمىز ، ساند-
دۇق ، چامادانلىرىمىز ، سائەتلىرىمىز قېنى بىزنىڭ ؟

— ساتتۇق بالام ،— دېدى تىللاخان كۆزىدىكى ياشنى لېچە-
كىنىڭ پېشى بىلەن ئېرتىپ ئولتۇرۇپ ،— ئادەم سانىمىز جىق
بولغان بىلەن ئەمگەك كۈچىمىز ئاز بولغاچ تەقسىمات بىزگە
كەلمەيدىكەن . ھەر يىلى ئەترەتكە قەرز بولىمىز ، شۇ قەرزلەرنى
قايتۇرمىساق بولمايدىكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەترەت بەرگەن ئاش-

لىق يۆلەپ ـ تارتىپ ئاران يىگىرمە كۈن يېتىدۇ. قالغىنىغا ئاشۇنداق ساتىدىغاننى سېتىپ قېتىش ـ قۇراش قىلىپ ياشاۋاتىمىز. ئەمدى سەن كەلدىڭ، ئەمگەك كۈچىمىزدىن بىرى قوشۇلدى دېگەن گەپ، ئۇبدان ئىشلىسەك كۈزدە تەقسىمات كەلمىسىمۇ قەرز بولۇپ قالمىساقلا خۇداغا شۈكۈر دەيمىزغۇ ئەمدى.

تالادا گۈرسۈلدىگەن ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى. تىللاخان گېپىنى توختىتىپ كۆزىدىكى ياشنى باش ياغلىقى بىلەن سۈرتتى.

— داداڭ كەلدى بالام، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئابدۇسالامنىڭ يۈرىكى ئاللىقانداق بىر خىل سېزىم ئىلكىدە يېنىك تىترەپ كەتتى. شەھەردىن مۇشۇ يەرگىچە ئۇ ناھايىتى خۇشال كەلگەنىدى، بىراق ئۆيگە كېلىپلا ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى. شۇ تاپ ئۇ «بولدى، رەسمىيەتنى بېرىڭلار، مەن تاشبالىققا كېتەي» دېگۈدەك ھالغىمۇ كېلىپ قالغانىدى.

كونىرىغىنىدىن تاختايلىرى ئاجراپ، شالاقلاپ كەتكەن ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلدى. سەل ئېگىلگەن بەستلىك گەۋدىسىگە ماس كەلمىگەن كۆك تېرىكە چاپىنىنىڭ بېلىدىن چىگە ئارغامچا بىلەن باغلاپ بېشىغا چىغ تەلپەك كىيىۋالغان ئابدۇساھىپ كىرىپ كەلدى.

— دادا، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئابدۇسالام دادىسىنىڭ بۇ تۇرقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلامسىرىغان ھالدا.

— ھە، قايتىپ كەلدىڭمۇ بالام، — دېدى ئابدۇساھىپ ئۇنىڭ كۆرۈشۈش ئۈچۈن سۇنغان قولىنى مۇزداقلا تۇتۇپ قويۇپ، — بىلىمەن، سەن رازى بولمايۋاتىسەن، ئادەم دېگەن ھەممىگە كۆنىدىكەن بالام، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما.

ئابدۇسالام دادىسىنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان چىرايىغا، ۋاقىتسىز چارلاشقان ساقال ـ بۇرۇتلىرىغا، ياماق سېلىنغان كىيىملىرىگە قاراپ بۇ جايدىكى ئىشنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇلگۈردى. شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ كىچىك سىڭلىسى ئايگۈل كىرىپ كەلدى. ئۇ كونىراق چىت كۆڭلەك ئۈستىگە قارا مەخمەلدە جىلىتكە كىيىۋالغان بولۇپ مۈرىسىدە سومكا بار ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئاكا، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئابدۇسالامنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ، — بىز بىلەن بىللە تۇرغىلى كەلدىڭمۇ؟

— شۇنداق سىڭلىم، سىلەر بىلەن بىللە تۇرغىلى كەلدىم.

— ئەجەب ياخشى ئىش بوپتۇ ئاكا، ئەمدى چۈشىنەلمىگەن دەرسلىرىمنى سورايدىغان ئادەم بار بولدى.

بۇ چاغدا ئابدۇساھىپ بېلىدىكى چىگە ئارغامچىنى يېشىپ چاپىنىنى سېلىشقا تەمشىلىۋاتاتتى. ئابدۇسالامنىڭ كۆزى چاپاننىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئاق لاتىغا چۈشتى. ئۇنىڭدا «ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر ئابدۇساھىپ» دېگەن خەت قارا سىياھدا يېزىلغاندى.

— ئىشىككە چاپلىغاننى ئاز دەپ دۈمبەڭگىمۇ چاپلاپتىغۇ ئاۋۇ گەپنى، — دېدى ئابدۇسالام تېرىككەن ھالدا، — نېمانداق ئادەم بوزەك قىلىدۇ بۇ خەق.

— بولدى ئاچچىقلانما، — دېدى تىللاخان ئوغلىنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ، — بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر.

— بالام، — دېدى ئابدۇساھىپ چاپىنىنى قاتلاپ كاڭنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئابدۇسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — بىلىمەن، ھەممىڭلار مېنىڭ ئۈۋالىمغا كېتىۋاتىسىلەر. مەن خاتالاشمىسام سىلەرگە بۇ سورۇقچىلىق يوقتى، لېكىن ھازىر مېنىڭ ئىشىمنى ئايدىڭلاشتۇرماق تەس. مەن ئەرز قىلىمەن. ناھىيىگە، ۋىلايەتكە، ئاپتونوم رايونغا، ھەتتا مەركەزگىچە ئەرز قىلىمەن. چۈنكى ئۇلار مېنى خاتا ئەيىبلىدى. مېنى يېزىغا سۈرگۈن قىلىشى، قالپاق كىيدۈرۈشىنىڭ ھەممىسى خاتا. لېكىن ھازىر ئامالىڭ يوق. ئىشلار ئالدىرىماي ئوڭشىلىدۇ، شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى داداڭ ھەرگىز يامان ئادەم ئەمەس. لېكىن بۇنى ھازىر ھېچكىم ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

— نېمىشقا ئىسپاتلاپ بېرەلمىگۈدەك؟ — دېدى ئابدۇسالام دادىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — تاشبالىقتا ھەممە ئادەم سېنىڭ ياخشى گېپىڭنى قىلىدىكەنغۇ، سەن شۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلساڭمۇ سېنى جازالىسا قانداق بولغىنى دادا؟

— ئۇنداق ئەپقاچتى گەپ قىلما بالام، ھازىر مەركەزدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە مۇشۇنداق بىر شامال چىقىۋاتىدۇ. بۇ شامال ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ، «ئۈمىدسىز شەيتان» دېگەن گەپنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. ئادەم ئۈمىد ئىچىدە ياشىشى، جاپا تارتقاندا ھالاۋەتنىڭ ھامىنى ئاشۇ جاپاكەش ئىنسانغا نېسىپ بولىدىغانلىقى-نى ئاڭقىرالىشى لازىم. ساڭا نەسىھەتىم، سېنى مەن چوڭ ئوقۇ-تىمەن دەپ ۋەدە قىلغان. لېكىن ئىرادە - تەقدىر بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ دېھقان بولۇپ قالدىڭ. لېكىن روھىڭنى چۈشۈرمە، ساڭا پۇرسەت چوقۇم كېلىدۇ. شۇڭا دېھقانچىلىقتىن بىكار بولغان چاغلىرىڭدا دەرسلىرىڭنى ئوبدان ئوقۇ، بىلىم مەڭگۈ خورىماس بۇلاق، كىتابلاردىن ھەرگىز ئايرىلما. تولۇقسىزنىمۇ تۈزۈك ئوقۇيالمىدىڭ، ئەمدى ئوقۇ، ئۆكىلىرىڭنىڭ كىتابلىرىنى ئېلىپ ئوقۇ. سىڭلىڭ بىلەن بىللە ئۆگىنىش قىل، ئىشقىلىپ كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماي دېسەڭ روھىڭنى ھەرگىز چۈشۈرمە. بىلىمەن، سەن بۇنىڭغا قايىل بولمايسەن، دېسەم - دېمىسەم سەن ھازىر بۇ يەرگە قايتىپ كەلگىنىڭگە خاپا، ئۆكىلىرىڭ كىچىك، شۇلار چېغىدا بۇ ئىشلارغا كۆندى، سەن كۆنەلمەيدىغان ئىش يوق بۇ يەردە.

— ئابدۇلباسىت بالىغا بەك قاتتىق گەپ قىلىۋەتتى دادىسى، — دېدى تىللاخان لېچىكى بىلەن كۆزىدىكى ياشنى ئېر-تىپ تۇرۇپ.

— ئۇ قانچىلىك گەپ ئەمدى، روھىڭنى چۈشۈرمە، قاراپ تۇر، ئۇمۇ كېيىن مۇشۇ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ. ياخشى ئىشلەپلا كەتسەڭ ھېچ گەپ يوق بالام، شۇنداق قىلالامسەن؟!

ئابدۇسالام دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى قىلغاندىكى قەتئىيلىكى ۋە مەردانىلىكىگە قاراپ شۇنچە ئېغىر ئەمگەك ئاستىدىمۇ پۈكۈل-مەي ياشاۋاتقان بىر زىيالىينىڭ مۇكەممەل ئوبرازىنى قايتا كۆرۈ-ۋاتقاندەك قاتتىق ھاياجانغا چۆمدى.

— شۇنداق قىلىمەن دادا، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن.

www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب كۇرەشجاننىڭ ھەيۋىسى

«دوستۇڭ قاغا بولسا يېيىشىڭ پوق»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

كۇرەشجان بۈگۈن ئۆز ئادىتىنىڭ ئەكسىچىلا تاڭ سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ بۈگۈن ئاياغ مەھەللىنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەچ ئاخشام ئۆزىگە بوي بەرمىگەن ئابدۇساھىپنىڭ سەھەردە زادى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى كۆرمەكچى بولغاچقا سەھەردىلا تۇرۇپ كەتكەنىدى.

— تۆت خىل ئۇنسۇرلار سەھەردە ئەزالاردىن بىر سائەت بۇرۇن مەجبۇرىي ئەمگەككە قاتنىشىدۇ، — دېگەنىدى ئەترەت باشلىقى ئابدۇلباست كۇرەش يىغىنىدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ، — لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا نومۇر بېرىلمەيدۇ.

— ئابدۇساھىپ ئۇنسۇرنىڭ ئەمگەكتىكى ئىپادىسى قانداق؟! — دېدى كۇرەشجان يانچۇقىدىن «قىزىل بۇلۇت» ماركىلىق تاماكىسىنى چىقىرىپ ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ ئىسنى غەزەپ بىلەن پۈۋدەپ تۇرۇپ، — بۈگۈن مېنى بەك ئوسال قىلدى جۇمۇ بۇ ئۇنسۇر.

— كۆپ ئوقۇغان ئادەمكەن ئەمەسمۇ، — دېدى ئابدۇلباست گېزىت قەغىزىدە موخۇركا يۆگەۋېتىپ، — ئۇ تېخى ئۆزلىرى كەلگەندىن بۇيان ئازراق ياۋاشلاپ قالدى جۇمۇ. بۇرۇنلاردا بولسا بىزدەك ساۋاتسىز دېھقانلارغا پەقەتلا گەپ بەرمەيتتى. ئۇنى كۇرەش قىلمىسىز دەپ ئۆزىمىز رەسۋالىنىپ قالاتتۇق.

— نېمىشقا گەپ بەرمەيدىكەن ئۇ ئۇنسۇر، — دېدى كۇرەش-

جان تام تەرەپكە قارىتىپ چىرتتىدە بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ ،— سىلەرمىچۇ كۆرەش قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلمەيسىلەر ، ئوبداندىراق ئوقۇغان ئادەملەردىن بىر نەچچىنى يېنىڭلارغا تارتىپ شۇلارنى سالساڭلار بولمىدىمۇ .

— بىزدە تولۇقسىزنى تۈزۈكرەك ئوقۇغانلارمۇ يوق تۇرسا ، ھەممىسى قارىتۇرۇك ئادەملەر ، قارىسىغا گەپ قىلغىلى بولمايدىكەن شۇ .

— بولدى ، بولدى ، بۇندىن كېيىنكى يىغىنلاردا مۇنداق قىلايلى ، ئاۋازى يوغانراق ئادەمدىن بىر ـ ئىككىنى تېپىڭ . ئۇلار پات ـ پات شوئار توۋلىسۇن ، ئەزالار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توۋلىسۇن . تازا بوي بەرمىگەندە تۆيۈقسىز شوئار توۋلىسا تەمتىرەيدۇ . مانا بۇنى بىز ئۇنسۇرلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش دەيمىز .

— نېمىدەپ شوئار توۋلايدۇ ؟ !

— شۇنىمۇ مەندىن سورامسىز دەيمەن ، ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر ئابدۇساھىپنىڭ ئىت كاللىسىنى يانجىپ تاشلايلى ، قېتىقىنى چىقىرىۋېتەيلى ، مىجىپ تاشلايلى دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىساڭلار بولىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ .

— بولىدۇ ، ئەتە كەچتە بولىدىغان كۆرەش يىغىنىغا بىر ئادەم قويايلى .

— بولدى ، كېتىۋېرىڭ ، ھە راست ، ئاشخانىنىڭ ئىشىغا بىر ئۆلەرمەن موماينى قويغىنىڭلار نېمىسى ئەمدى ، ئۇنىڭ ئەتىكەن تاماقلىرى خۇددى ئاشۇ مومايىنىڭ ئۆزىدەكلا يۇمشاق ھەم لاۋزا . ياشراق ، ساۋاتلىقراق بىرەرنى قويۇڭلار بۇ ئىشقا ، تاماق ئەتكەندىن باشقا چاغلاردا مېنىڭ ماتېرىيال يېزىشىمغا ياردەملەشسۇن .

— بۇۋىئايشىخان موماي مەھەللە بويىچە تاماققا بەك ئۇستا ئايال ئىدى ، شۇڭا ئاشۇنى قويغان . سىزگە يارىمىغان بولسا ئالماشتۇراي .

— ھېلىقى نەمەت موزدۇزنىڭ قىزى ھاۋانىسا دېگىنى تولۇق-

www.uyghurkitap.com

سىزنى تۇگەتكەنغۇ، ئاشۇ تاماق ئېتەلەمدىغاندۇ؟

— سەھرا قىزلىرى ئوچاق بېشىغا چەپەر كېلىدۇ كادىرىم، خېلىلا كۆزلىرى باركەن جۇمۇ، مەھەللىنىڭ ئوماق تۇمۇچۇقىغا كۆزلىرى چۈشكەندىكىن ئۇنى ئۆزلىرىدىن ئايىمايمىز دېسىلە. بولدى، بۇ ئىشنى شۇنداق بېكىتتۇق ئەمىسە، ھاۋانىسا ئەتىلا كەلسۇن، مەن ھازىرلا ئۆيگە بېرىپ خەۋەر قىلاي.

— بۇۋىئايشىخان ئانىغىمۇ خەۋەر قىلىپ قويۇڭ، ئەتە ئۇمۇ كېلىپ ئىلىشتۇرۇپ يۈرمىسۇن يەنە.

— بولىدۇ، ھازىرلا خەۋەر قىلاي.

بۇگۇن كۇرەشجاننىڭ سەھەر تۇرۇپ كېتىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ھاۋانىسانىڭ سەھەردىلا يېتىپ كېلىپ تاشقىرىقى ئۆيدىكى پىلىتە ئوچاققا ئوت يېقىش ئۈچۈن يېرىپ تەييارلانغان ئوتۇن پارچىلىرىنى سۇندۇرۇپ ئولتۇرۇشى بولدى. كۇرەشجان بۇ ئاۋازدىن يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى-دە، ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى. ئاشخانا ئۆي ھېسابىدا ئىشلىتىۋاتقان تاشقىرىقى ئۆيدىن بۇۋىئايشىخان مومايىنىڭ يېنىك شىپىرلاشلىرى ئەمەس، ياش بىر قىزنىڭ پاشنىلىق ئايىغىنىڭ تىكىلداشلىرى كېلىۋاتاتتى. كۇرەشجان بۇ يېزىغا مۇنداقچە ئېيتقاندا شامالباغ كەنتىگە ئۆزى تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى كەنت قورۇسىدىمۇ تۇرماي ئاياغ مەھەللىگە كېلىپ مۇشۇ مەھەللىدە نۇقتىدا تۇرماقچى بولۇشىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەلىپى، ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان بىلەن ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەندەك كۆرۈنىدىغان كۇرەشجان بۇ مەھەللىدە بالا كادىر دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ ئىككى باللىق بولغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ. بۇنى ئۇ ئۆز جەمەتىنىڭ «جاغدا مىجەز قوۋم» ئىكەنلىكىگە باغلايدۇ. دېمىسىمۇ بۇ جەمەت ئۆز يېشىدىن ئون — يىگىرمە ياش ئۆپچۆرىسىدە ياش كۆرۈنىدىغان جەمەت بولۇپ كونىلار ئۇلارنىڭ نەسلىدە مەسىلە بار

دەپ قارايتتى . بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى باشقا ـ باشقا مىللەت بولۇپ شالغۇتلاشقان نەسەب دەپ قارىلاتتى . لېكىن ، ئۇلار ئۆز نەسەبىنى ساپ ، پاك دەپ قارايتتى . ئەمما ، ئۇلارنىڭ شامالغا قاراپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان مىجەزى بەزىدە كىشىلەرنى شالغۇت نەسەب دېگەن سۆزلەرگە ئىشەندۇرۇپمۇ قوياتـ تى . بۇ نۇقتىنى مانا ئىسمىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ ئىككىنچى توپنى ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتقان باشلىقىغا ئاتتى . مانا ئابدۇساھىپ يىقىلدى ، لېكىن ئابدۇساھىپنىڭ ئورنى ئۇنىڭغا ئۆتكىنى يوق . شۇڭا ئۇ ئاشۇ ئورۇننى ئېلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلمىسا بولمايتتى . زىيالىي ياشلارنى تاغ ۋە يېزىلارغا چۈشۈـ رۈش ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنى بېجىرىدىغان ئادەتتىكى كادىر بولۇپ ئورۇنلىشىپ قالغان كۆرەشچان ئۆزىگە نېمىدۇر بىر نەرسە يېتىشمەي قالغاندەك داۋاملىق ئىچى سىقىلىپ تۇرغاندا ، تۇيۇقسىز كادىرلار يېزىلارغا چۈشۈپ يېزىلارنىڭ تۆتنى ئېنىقلاش ئىشلىرىغا ھەمكارلاشماقچى بولۇپ قالدى . ئۆزى تەلەپ قىلىۋىدى ، بۇ پۇرسەتمۇ ئۇنىڭغا كەلدى . ئەمدى ئۇ خىزـ مەت كۆرسىتىپ ئۆز ئۇلىنى چىڭدىسا ناھىيىدە بىرەر بۆلۈمگە باشلىق بولۇشىدا شەك يوق . ئاندىن كېيىن پارتكومغا كاتىپ ياكى ئىشخانىغا مۇدىر ، ئاخىرىدا مۇئاۋىن ھاكىم ، ھاكىم ياكى مۇئاـ ۋىن شۇجى دېگەندەك ئۆسۈشلەر بولىدۇ . پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىـ غاندا ئاشۇنداق ھوقۇقلارغا ئېرىشمەك تەس گەپ ، شۇڭا ئۇ ئابدۇـ ساھىپنى ئېغىز ئاچالمايدىغان بىر جىنايەت بىلەن بۇ يەرگە مىخـ لىۋەتمىسە زادى بولمايتتى .

ئۇ كېيىمىنى ئالدىراپ كىيىۋېتىپ ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللارنىڭ پەيزىنى بىر پەس سۈردى ـ دە ، تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئوچىقىدىن چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىك

يېنىغا ئېسىپ قويۇلغان كىچىك ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئاچتى .

— ئۆزلىرىنى ئۇخلاتماي ئويغىتىۋېتىپتىمەن ھە ، سەت بوپ-تۇ ،— دېدى ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرغان ھاۋانىسا تارتىنىپقىنە ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ھەرگىز خاپا بولمىسىلا جۇمۇ .

— ئۇنداق تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەڭ ، — دېدى كۇرەشجان ھاۋانىسانىڭ سەل كونىرىغان بولسىمۇ ، لېكىن پاكىز يۇيۇلغان چىت كۆڭلەك ئىچىدە لىغىلداپ تۇرغان قوشماق ئالمىدەك چىڭ كۆكسىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ ، — مەنمچۇ ئادەتتە سەھەردىلا تۇرۇپ كېتىمەن ، ئىدارىدە ئىشلەيدىغان ئادەم شۇنداق ئادەتلىنىپ قالىدىكەن ، بۈگۈن تېخى ۋاختىراق قوپۇپ قاپتىمەن . ھە ، بۈگۈن سەھەر نېمە يەيمىز ؟ !

— بۈۋئايشىخان چوڭ ئانامدىن سورىدىم ،— دېدى ھاۋانىسا بۇ بالا كادىرنىڭ ئۆزىگە يامان نىيەتتە تىكىۋاتقان كۆزىدىن كۆزد-نى قاچۇرۇپ تۇرۇپ ، — ئۆزلىرى ئەتىگەندە سۈتكە نان چىلاپ يەيدىكەنلا ، ئۆيدىن ئىككى تال تۇخۇم ئالغاچ كەلدىم . شۇنى قورۇپ بېرەيمۇ ياكى پىشۇرۇپ بېرەيمۇ ؟

— بەك جۇۋاپسىزغۇ ، بىز دېھقانلاردىن ياخشى يەۋالساق بولمايدۇ جۇمۇ . مەن بىر كۈنلۈك تامىقىم ئۈچۈن بىر جىڭ بېلەت ، ئىككى مو پۇل تاپشۇرىمەن . شۇنىڭغا لايىق بىر ئىش بولسا بولدى . بوپتۇ ، تۇخۇمنى پىشۇرۇپلا بېرىڭ .

— ئابدۇلباستىكام بالا كادىرىمىز ياداپ قالسا بولمايدۇ ، ياخشى باقسەن ، كىم بىلىدۇ ، ئوبدان خىزمەت قىلساڭ سېنىمۇ شەھەرگە ئەكېتەمدۇ تېخى دەيدۇ .

— بۇ ئىشتا چاتاق يوق ، — دېدى كۇرەشجان ئىشىك يېنىد-دىكى چۆگۈننى قولىغا ئېلىۋېتىپ ، — ياخشى ئىشلىسىڭىز سىد-

فەن مەكتەپلەرگە ئەۋەتسەك بولىدىغۇ . بۇ كەنتتە تولۇقسىزنى تولۇق ئوقۇغان سىزكەنسىزغۇ ؟ ئۇنداق بولغاندىكىن زىيالىي ياشلارغا سان ئەۋەتكەندە سىزگە بىرەرنى توغرىلايمىز .

— ۋاي رەھمەت ، — دېدى ھاۋانىسا تۇخۇمنى كورىغا سېلىپ بىر چۆمۈچ سۇ قۇيۇپ ئوتقا قويۇۋېتىپ ،— قىلغان ياخشىلىقلىرىغا بىزمۇ قاراپ تۇرماسمىز . ھوي ، ئەكەلسىلە ، سۇنى مەن قۇيۇپ بېرەي .

— بولدى ئۆزۈم ••• ،— دېدى كۇرەشجان قولىدىكى چۆگۈننى تالاشقاندەك قىلىپ ، — قىز بالىغا سۇ قۇيدۇرساق ياخشى بولمايتتى . خەير بوپتۇ ، كۆڭلىڭىز يەردە قالمىسۇن .

كۇرەشجان ئىچكىرىكى ئۆيدىكى كارىۋىتى ئالدىغا قويۇلغان پېشىل سىرلانغان خىزمەت ئۈستىلىگە تىزىلغان قۇرۇق يېمىش ، تۇخۇم ، نان ھەمدە بىر چىنە سۈت بىلەن ئوبدان غىزالاندى . غىزالىنىپ ئولتۇرۇپ ھاۋانىسانىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى تۇجۇپىلەپ سورىدى .

— ياخشى ئىشلەڭ ، — دېدى ئۇ چاپىنىنى كىيىپ سىرتقا مېڭىش ئالدىدا ھاۋانىسانىڭ مۈرىسىنى يېنىك سىقىپ تۇرۇپ ،— مەن رازى بولغۇدەك خىزمەت قىلسىڭىز سىزنى چوقۇم شەھەرگە ئەكېتىمەن . سىزدەك گۈزەل قىزلار بۇ سەھرانىڭ توپىلاڭ يوللىرىغا ئەمەس ، شەھەرنىڭ ئاسفالت يوللىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ .

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە ،— دېدى ھاۋانىسا ساددىلىق چىقىپ تۇرغان قوي كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ ،— بىز دېگەن ھەرقانچە قىلساقمۇ شەھەرلىكلەرگە يەتمەيمىز . بىزدەك سەھرالىق تومپايلار شەھەرگە يارىشامتى .

— ئۇنداق ئۆزىڭىزنى چۆكۈرىدىغان گەپلەرنى قىلغۇچى بولماڭ ، — دېدى كۇرەشجان ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتقان ھالدا ،— ھېچقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ كېلىپ چىد-

www.uyghurkitap.com

قىشنى بەلگىلىيەلىگەن ئەمەس، «ئادەم سەت ئەمەس، كىيىم سەت» دېگەن گەپ بار. سىزنى چىرايلىق كىيىندۇرۇپ قويسىلا شەھەرنىڭ گۈزەللىرى سىزنىڭ قولىڭىزغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ.

هاۋانىسا بۇ ماختاشلاردىن خىجىل بولۇپ چىرايى ۋىللىدە قىزاردى. «ئادەم سەت ئەمەس، كىيىم سەت» دېگەن گەپ بىۋاستە ئۆزىگە قارىتىلغاندەك چىت كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرىنى تارتىپ كونىرىغان، قارىگۇل سۇيىدە مايلاپ، تۆپىسىگە قۇيرۇق ماي ئۇرغان بولسىمۇ سەھرانىڭ توپا يوللىرىدا ئوخشاشلا ئاپئاق بىر قەۋەت توپا باسقان پاشنىلىق ئايغىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك يېنىك قىمىرلاپ قويدى.

— مەن كەتتىم ئەمىسە، — دېدى ئۇ هاۋانىسانىڭ مۇرىسىنى قويۇپ بېرىپ، — مەن كەلگۈچە ياتاق ئۆيۈمنى يىغىشتۇرۇپ قويارسىز.

— چۈشتە نېمە تاماق ئېتىمەن؟ — دېدى هاۋانىسا ئىشىك ئالدىغىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقىپ.

— ئۆزىڭىز خالىغان تاماقنى ئېتەرسىز، — دېدى ئۇ سېرىق چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان ھەرىبىچە كەمىرىنى تۈزەشتۈرۇپ.

— كېسىپ لەڭمەن ئېتەي ئەمىسە، — دېدى هاۋانىسا.

— مەيلى.

كۆرەشجان يولغا چىقىپ ئىككى ئەتراپقا قارىدى. سەھەردىكى سەھرا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مۆلك ـ ھەسرەتلىرىنى كۆرەشجانغا بىلدۈرمەكچى بولغاندەك جىمجىت، سەھەرنىڭ ساپ ۋە سالقىن شامىلى تال ـ سۆگەتلەرنىڭ ئەمدىلا پوتلا تارتقان يۇمران شاخلىرىنى لەرزان ئەركىلەتمەكتە. مەھەللە ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەڭ سۈيى ئۆزىنىڭ لىرىك كۈيىنى چالغىنىچە ئاقماقتا. ئۆستەڭ ياقىسىدىكى قىياق، شىۋاقلار يۇمران بىخ تارتقان،

ئۇلار ئەتىيازنىڭ ئەگىز سۇيىنى قېنىپ ـ قېنىپ پۇرىماقچى
بولغاندەك سۇ يۈزىگە ئېگىشكەن ، ئۆستەڭ ياقىلاپ سېلىنغان
ئاددىي كېسەك تاملىق دېھقان ئۆيلىرى چىتلانغان قاشا تاملار
ئارىسىدا بېلى مۈكچەيگەن بوۋايدەك مۆكۈلىنىپ ياتىدۇ . يانتاق ،
قامغاق ، چاتقاللار بېسىلغان ئۆگزىلەردىكى پاكار تۈرخۇنلاردىن
ئاجىزغىنە لەيلەپ چىقىۋاتقان ئاقۇچ ، سارغۇچ ، قارامتۇل ئىسلار
بۇ ئۆيلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئوچاقلىرىغا ئوت قالىغانلىقىنى بىلـ
دۈرمەكچى بولغاندەك كۆك ئاسمانغا ئېرىنچەكلىك بىلەن لەيلەيـ
دۇ . ئۆستەڭ ياقىسىدىكى مەھەللە يولى يىلان باغرى ئۆستەڭگە
ياندىشىپ مەھەللە سىرتىدىكى كەڭرى ئېكىنزارلىققا تۇتاشقان ،
بۇ يول ھەر كۈنى سەھەردە ئىشىك ـ ئىشىكلەردىن چىققان
ئاياللارنىڭ سۈرەن ـ چۇقانلىرى بىلەن بىردەملىككە جانلىنىدۇ .
ئۇلار ئۆزلىرى ئېلىپ چىققان چېلەكلىرىگە ئۆستەڭدىن سۇ
ئېلىپ يولغا چاچىدۇ . بىر كۈن كەچكىچە قوي ، كالا ، ئات
تۇياقلىرىنىڭ ئىزىدىن پېتىقلىنىپ ئۆلۈك توپىغا ئايلانغان يول
يۈزى كۆپرەك سۇ چېچىلغاندىن كېيىن پاكىزلىنىپ ، سىلىقلىـ
نىپ قالىدۇ . ئەگەر سۇ چېچىلىپ يېرىم سائەتكىچە بۇ يەردىن
بىرەر ھارۋا ئۆتمىسە يول ئۆزىنىڭ پاكىز ئىسكەتىنى كەچكىچە
ساقلايدۇ . لېكىن سەھەرا يولىدا ھارۋا كەم دەمسىز ، چوڭ يول
بولغاندىكىن كۆپ سۇ چېچىلغان يول بىر ھارۋا ئۆتۈش بىلەن
پاتقاق بولىدۇ ، چۈشتە قۇرۇيدۇ ، كەچتە ئوخشاشلا ئۆلۈك توپىغا
ئايلىنىدۇ ، خالاس .

كۈرەشجان كۆپ سۇ چېچىلغان يولنى بويلاپ ئەترەتنىڭ ئات
ئېغىلىغا يېتىپ كەلدى . ئاخشام ئابدۇلباستىنىڭ دېيىشىچە ،
بۈگۈن سەھەر تۆت خىل ئۇنسۇرلار ئەترەتنىڭ ئات ئېغىلىدا
ئوغۇت چىقىرىدىكەن . ئۇ ئەترەت ئىشخانىسى ، ئاشلىق ئىسـ
كىلاتى ، ئات ـ كالا ئېغىللىرى ، سامانلىقلار جەملەنگەن كەڭرى
قورۇغا كىرىپ كەلدى . قورۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئات ئېغىلىـ

نىڭ ئالدىدا يېڭىلا چىقىرىلغان قىغ دۆۋىسى ئاقۇچ ھور چىقىرىپ تۇراتتى. قارىغاندا بۇ ئىككى پىگىلو ھارۋىغا توشقۇدەك ئوغۇت ئىدى. ئۇ سېسىق پۇراقتىن سەسكەنگەندەك بۇرنىنى پۇرۇشتۇرۇپ شۇ ياققا ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا قىغ دۆۋىسى يېنىغا يېتىپ كېلىشىگە، ئېغىل ئىچىدىن بىر ھارۋىنى سۆرىگەن ھالدا ئابدۇساھىپ چىقىپ كەلدى.

ئېگىز بوي، تەتۈر ئۆستىخانلىق ئابدۇساھىپ كونىرىغان ئاق خەسە كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كۆك خادانى چاپان كىيىپ بېلىنى چىگە ئارغامچىدا باغلىۋالغان، تىزىغا ياماق سېلىنغان كۆك تېرىكە ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تۇرۇۋالغانىدى. كۈچەپ ھارۋا سۆرىگەچكىمۇ چاپىنىنىڭ ھېلىقى ئاق لاتا چاپلانغان دۈمبە تەرىپى خۇددى سۇغا چىلاپ ئالغاندەك ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ھارۋىنى ئوغۇت دۆۋىسى يېنىغا سۆرەپ كېلىپ كەينى تەرىپىنى ئوغۇت دۆۋىسىگە توغرىلاپ ئالدى تەرىپىنى كۆتۈردى. ئوغۇتنىڭ تۆكۈلمەي قالغان قىسمىنى كەتمەن بىلەن سىيرىپ چۈشۈرۈۋاتقان ئابدۇساھىپ گىدىيىپ تۇرغان كۈرەشجانغا مۇنداقلا قاراپ قويدى ــ دە، ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇردى.

كۈرەشجان ئابدۇساھىپنىڭ خۇددى پىشقان دېھقاندەك كەتمەننى ئەپچىل كۆتۈرۈشلىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. مانا بۇ ئادەم بۇندىن ئالتە يىل ئىلگىرى «قىزىل بايراق» ماركىلىق كىچىك ماشىنىدا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ئىشقا بارغان. كۈرەشجاننى ئۆز يېنىغا تارتىپ ناھىيىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن پىلان تۈزگەن، پات ــ پات يېزىلارغا بېرىپ دېھقانلارنىڭ ھال ــ مۇڭلىرىنى ئاڭلىغان، ناھىيىنىڭ چوڭ ــ چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. ئۇ چاغلاردا بۇ ئادەم ئىنتايىن پاكىز يۈرىدىغان، كىيىم ــ كېچەكلىرىمۇ دەزماللىنىپ، ئىشتانلىرىنىڭ قىرى چىقىرىلىپ، ئاياغلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، ناھايىتى سۈرى بار ئادەم ئىدى. مانا بىردەمدىلا ھەممە ئاستىن ــ ئۈستۈن بولۇپ

كەتتى . كىچىككىنە بىر شامال ئۆنى قامغاقتەك دومىلىتىپ مۇشۇ
سەھراغا ئەكىلىپ تاشلىدى . ئۆنىڭ ھازىرقى كىيىملىرى دېھقان-
لارنىڭ كىيىمىدىنمۇ ئەبگار ، خىزمىتى بولسا ئەڭ جاپالىق ،
سەھەردىكى مۇشۇ مەجبۇرىي ئەمگەكتى ئۇچۇن ئۇ ھەتتا ھەقمۇ
ئالالمايدۇ . كۈندۈزى ئۇ ئەزالاردىن ئايرىم ئىشقا سېلىنىدۇ .
ئاخشاملارغا قارىغاندا ، ئابدۇساھىپنىڭ دادىسى شورىبوساق ھازىر
ئۆنىڭ ئوغلى ئابدۇساھىپ بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان پومېشچىك
ئۈنسۈر ئابدۇلنىڭ مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شورتاڭلىقتى-
كى قوي قوتىنىغا قارايدىغان مالاي بوپتىكەن . بىر ئۆمۈر ئاشۇ
شورلۇقتا قوي بېقىپ بوز يەر ئېچىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ،
ئۇلارنىڭ جەمەتىنىڭ نامى شور ئاتالغانىكەن . مانا شۇ ئابدۇل
پومېشچىك بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان ئابدۇساھىپ ھازىر ئاشۇ
دەۋردىكى ئەزگۈچى بىلەن ئوخشاشلا جازالىنىپ ئېغىر ئەمگەككە
سېلىنىۋاتىدۇ . شۇنىڭدىن قارىغاندا جاھاننىڭ ئىشلىرىنى زادىلا
بىلىپ بولغىلى بولمايدىكەن ، كىم بىلىدۇ ، جاھان يەنە چۆرگى-
لەپ ئاشۇ ھارۋا سۆرەۋاتقان ، ئەبگار كىيىملىرى بىلەن تېخىمۇ
سەتلىشىپ كېتىۋاتقان ئادەم ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېتىپ ، مۇنۇ
گىدىيىپ تۇرغان بايۋەچچە ھاجەتخانىدىن ئوغۇت تارتامدۇ تې-
خى ، بۇ ئىشلارنى ئالدىن پەرەز قىلىش مۇمكىن ئەمەسقۇ زادى .
كۈرەشجان ھەر خىل خىياللارنى قىلىۋېتىپ ئابدۇساھىپنىڭ
ئۆزىگە قىلچە پەرۋا قىلماي ، ھەتتا كۆزگە ئىلىپمۇ قويماي ئۆز
ئىشىغا مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئاچچىقى كەلدى . «قاز-
داق دېگەن بوينى قاتتىقلىق بۇ ھە ، ھەرقانچە بولۇپ كەتسىمۇ
مۇشۇ مەھەللىدىكى ئىشلارنى بىر ئىزغا سېلىپ ھەممە ئادەمنى
ئوڭچە پىرقىرىتىپ يۈرگەن بىر كادىرغا بىرەر ئېغىز گەپ
قىلىشى ، باشقا دېھقانلارغا ئوخشاش ئېگىلىپ سالام قىلىشى
كېرەك ـ دە ، بۇ ئۈنسۈر ، ئەجەب يۈرىكىڭ يوغىناپ كېتىپتا ،
خەپ توختا ، سېنى بىر جايلىمىسام»

www.uyghurkitap.com

كۆرەشجان ئۆزىنىڭ بۇ خىياللىرىنى جەملەپ ئوغۇت دۆۋىسى قېشىغا يېتىپ كەلگۈچە ئابدۇساھىپ ھارۋا ئىچىدىكى قىغنى پاكىز چۈشۈرۈپ بولۇپ كەتمەننى ھارۋىغا تاشلىدى ـ دە ، ھارۋىنى سۆرەشكە تەمشەلدى .

— توختا ، — دېدى كۆرەشجان ئاخشامقى كۆرەش يىغىنىدىكى ھەيۋىسى بويىچە ئۇنىڭ يېنىغا ئىتتىك كېلىپ ، — بىر كادىر ئاتايىن كېلىپ سېنىڭ ئىشلىرىڭنى كۆزىتىپ تۇرسا ئەجەب بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمايسىنا ؟ !

— ھە ، كۆرەشجان كادىرمىتىلە ، — دېدى ئابدۇساھىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ، — مەن تېخى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تۇرۇپ كەتسىلە ماڭا دەيدىغان گېپى يوق چېغى دەپتىمەن . گەپ سېغىنغان بولسىلا سوئال سورىسىلا جاۋاب بېرەي ، لېكىنزە ، ھازىر ئەمەس كەچتە ، كەچتىكى كۆرەش يىغىنىدا جاۋاب بېرەي ، ماقۇلمۇ ؟

— سەن… سەن ، ئۆزگەرمەس ئۇنسۇر…

— خاپا بولمىسىلا ، مېنىڭ ھازىر سىلى بىلەن سۆزلەشكىدەك پەقەتلا ۋاقتىم يوق . چۈنكى بۈگۈن ئەتىگەن قىلىدىغان ئىككى مېتىرلىق مەجبۇرىي ئەمگىكىمىز بار . ئەزالار ئىشقا ماڭغۇچە تۈگەتمىسەك بولمايدۇ ، — ئابدۇساھىپ سۆزىنى تۈگىتىپ ھارۋىسىنى سۆرىگىنىچە ئات ئېغىلى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى . كۆرەشجان ئاچچىقتىن غال ـ غال تىترىگىنىچە تۇرۇپ قالدى . ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ كاچىتىغا ئىككىنى سالماقچى بولدىيۇ ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى . چۈنكى ئەترەت قورۇسى ئىچىگە ئابدۇلباسىت بىلەن ئىسكىلاتچى ھوشۇراخۇن كىرىپ كېلىۋاتاتتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كادىر بالىجان ، — دېدى ھوشۇراخۇن قولىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە كۆرەشجانغا قاراپ ئىتتىك مې-

ڭىپ ، — سەھەردىلا بۇ يەرگە كېلىۋاپلا ، ئۇنسۇرلارنى نازارەت قىلىۋاتامىلا نېمە ؟
— ياخشىمۇسىز يولداش دېيىش كېرەك ، دەپ نەچچە دېدىم سىزگە ، — دېدى كۇرەشجان ئۇنىڭ كۆرۈشۈش ئۈچۈن سوزغان قولىنى سىلكىپ تاشلاپ ، — بىز كونىلىقفا قارشى كۇرەش قىلىۋاتىمىز . سىز بولسىڭىز ئەرەبچە كاپىلداپ ، تازا بىر .
— خاپا بولمىسىلا كادىرىم ، كۆنۈپ قالغان ئېغىزنى يېڭى گەپكە كۆندۇرگىلى بولمايدىكەن .
— كۆنۈپ قالغان دەپ سىلەردەك ئەترەت كادىرلىرى مۇ-شۇنداق دەپ يۇرسەڭلار قالغان دېھقانلار قانداق قىلىدۇ .
— بولدى خاپا بولمىسىلا ، كۇرەشجان ، — دېدى ئابدۇلبا-سىت ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ ، — ھوشۇراخۇنكام شۇ ئاغزى ئىتتىكرەك ئادەم ، لېكىن كۆڭلى قاردەك ئاق .
— شۇنداق ، شۇنداق كادىر ، ماڭا ئىنقىلابىي سۆزلەرنى دېيىش تەسرەك كېلىۋاتىدۇ . لېكىن تېزلا ئۆگىنىۋالىمەن ، كا-دىر يولداش .
— ھەببەللى ، مانا ، مانا ، يولداش دېگەن سۆزنى بەك تاتلىق دېدىڭىزغۇ .
— ئەمدى شۇ ، — دېدى ئۇ بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ .
— ھە ، سەھەردىلا بۇياققا كېلىۋاپلىغۇ ، — دېدى ئابدۇلبا-سىت كۇرەشجانغا سۇركەشكەن ھالدا ، — ناشتا قىلغانمۇيا ؟ !
— ناشتا قىلىۋالغانتىم ، — دېدى كۇرەشجان ئۇنىڭغا قا-راپ ، — ناشتىلا ئەمەس ئەتىگەنلىك چاينىمۇ ئىچىۋېلىپ كەلدىم تېخى ، ھە راست ، ھاۋانىسا خېلىلا بولىدىغان قىزكەن جۇمۇ ، ئۆيىدىن ئىككى تۇخۇم ئەكەپ پىشۇرۇپتۇ ، ھەي ، نېمىلا دېگەنبىلەن سەھرا ئادەملىرىدەك ئاق كۆڭۈل ئىنسان يوق جۇمۇ دۇنيادا .
— مەن شۇنداق تاپىلىغان ئىش ئۇ ، — دېدى ئابدۇلباسىت بىر ماختىنىۋېلىش پۇرستى كەلگەنلىكىنى پەملەپ ، — ئەگەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەترەت ئاشخانىسىدا يوق نەرسە بولسا ئۆيۈڭدىن ئەكېلىپ ئىشـ لەت ، كېيىن ئورنىغا تولۇقلاپ بېرىمەن دېگەنىدىم ، ئۆيۈڭدىمۇ يوق بولسا ھوشۇراخۇنغا دە ، تولۇقلاپ بېرىدۇ ، دەپ ئېزىپ ئىچۈرۈۋەتكەن ئۇنىڭغا .

— كۈرەشجان يولداش كادىرىم ،— دېدى ھوشۇراخۇن كۆـ زىنىڭ ئىككى بۇرجىكىدە قېتىپ قالغان سېرىق چاپاقنى يېڭنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرىتىپ تۇرۇپ ،— ئەترەت باشلىقى ئابدۇلباسىت ئۆزلىرىنى بىزنىڭ ئەترەتكە كېلىدىكەن ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەترەتنىڭ سامانلىقىغا بىر نەچچە چۆجە تاشلاپ قويغانتى ، مانا سامانلىقتا دانلاپ يۈرۈپ ئوبدانلا يوغىناپ قاپتىكەن ، بۈگۈن چۈشلۈك تاماقلىرىغا شۇلاردىن بىرەرنى بوغۇزلاپ ئىشلەتسەكمىـ كىن دەپ كېلىۋىدىم قارىسىلا ، يولدا ئەترەت باشلىقى ئۇچراپ قېلىۋىدى بىللە كەلدۇق ، ئەسلىي ئۆزلىرىگە ئەترەتنىڭ قويىدىن بىرەرنى سويساقمۇ ئازلىق قىلاتتى ، لېكىننزە ، ئاشۇ چىشقاق قويلارنى سويۇش ئۇچۇنمۇ خەت ئالىدىغان ئىش چىقتى ، خەتنىڭ ئىشىنى بىر نېمە قىلىپ بولغۇچە «ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن» دېگەندەك خەتمەيدىغان بىر ئىش قىلغاچ تۇرايلى دەپ ···

— شۇنداق كۈرەشجان ، ھوشۇراخۇن كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ .

— ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىنى ماڭا مەسلىھەت سالماڭلار ، مەن تۈگمەن مىجەز ئادەم ، ئانچە تاماق تاللىمايمەن ، ئۆزۈڭلار بىلىپلا بىر ئىش قىلساڭلار بولىۋېرىدۇ ،— كۈرەشجان شۇنداق دېگىنىچە يانچۇقىدىن سىگارت چىقىرىپ بىرنى ئابدۇلباسىتقا ، بىرنى ھوـ شۇراخۇنغا تەڭلىدى .

— ئىبارا خۇدايا توۋا دېسىلە ، مۇشۇ چاغقىچە بۇ زەھەرنى ئاغزىمغا ئالغىنىم يوق ،— دېدى ھوشۇراخۇن سارغايغان چىشلىـ رىنى كۆرسىتىپ ھىجايغان ھالدا ،— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەللىكـ

تىن ئېشىپتىمەن . بىر تال تاماكا ، بىر ئوتلام هاراق ئىچكىنىم يوق مېنىڭ .

— قانداق تۈزەلمەيدىغان ئادەمسىز ،— دېدى كۈرەشجان ئابدۇلباسىت ياندۇرغان سەرەڭگىدە تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ ،— نېمانداق هە دېسىلا ئاغزىڭىزدىن كونا گەپلەر تۆكۈلىدۇ . دىققەت قىلىڭ دەيمەن ، بولمىسا مۇشۇ گەپلىرىڭىز ئۈچۈن كەچتە كۆرەشكە تارتىلىپ قالماڭ يەنە .

— ۋاي مېنىڭ مۇشۇ شور ئاغزىم ، يېڭىچە گەپكە تىلىم كەلمىگەن كالامپاي ئاغزىم ،— هوشۇراخۇن يىرىك قوللىرى بىلەن ئاغزىنى شاپىلاقلاشقا باشلىدى .

— بولدى ، بولدى ، — دېدى كۈرەشجان ئۇنىڭ راستىنىلا ئۆزىنى شاپىلاقلاپ سېرىق چىشلىرى ئارىسىدىن قان چىقىرىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ ،— بۇندىن كېيىن گەپ ـ سۆزدە دىققەت قىلىڭ . بۇ قېتىم كەچۈرۈۋېتەي ، ئەمدى مۇشۇنداق گەپنى ئاڭلاپ قالماي جۇمۇ .

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، ئوبدان كادىرىم ، يولداش كادىرىم ، ئەمدى ئىككىنچىلەپ مۇنداق كونا گەپلەرنى قىلمايمەن . ئىككىلىرى ئىشقا بېرىۋەرسىلە ، مەن هازىرلا توخۇدىن بىرنى بوغۇزلاپ ، ئىسكىلاتتىن ماي ، ئۇن ئېلىپ هاۋانىساغا ئاپىرىپ بېرەي ،— هوشۇراخۇن پۈكۈلۈپ ، مۈدۈرۈپ دېگەندەك ئۇلاردىن يىراقلاشتى . كۈرەشجان چوپچوڭ بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى كاچاتلاپ يالۋۇرۇشى ۋە پۈكۈلۈپ تۇرۇپ ۋەدە بېرىشلىرىدىن ئۆزىنىڭ سەلئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى هېس قىلدىيۇ ، لېكىن ئابدۇلباسىتنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىققا تىرىشتى . بۇ چاغدا ئابدۇساھىپ يەنە بىر هارۋا قىغنى سۆرەپ ئېغىلدىن چىقتى .

— تېز بولۇڭلار ، ئەزالار ئەمگەككە مېڭىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ . سىلەر تېخىچە مىسلىداپ ئاران مۇشۇنچىلىك ئىش قىپسىلەر ،— دېدى ئابدۇلباسىت هارۋىنى ئۆرە قىلىپ قىغ تۆكۈۋاتقان

ئابدۇساھىپقا قاراپ،— چىقارغان قىغىڭلارنى ھېلى ھوشۇراخۇن ئۆلچەيدۇ، نورما توشمىغان بولسا كەچتە كېلىپ توشقۇزىسىلەر.

— گەپ قىلماي تۇرسەنغۇ؟— دېدى كۇرەشجان ئۇن-تىنسىز ھارۋىدىكى قىغنى كەتمەن بىلەن سىيرىپ چۈشۈرۈۋاتقان ئابدۇساھىپقا قاراپ،— گاچا بولۇپ قالمىغانسەن؟

— يوقسۇ كادىر يولداش،— دېدى ئابدۇساھىپ ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ تۇرۇپ،— مەن گەپ قىلسام ئۇغۇت چۈشۈرگىلى ئادەم چىقمايدۇ. توشمىغان يېرىنى ئەترەت باشلىقى دېدىغۇ، كەچتە يەنە كېلىپ تولدۇرىدىغان گەپ تېخى.

— ئېغىز غېرىچلىماي ئۆيلەڭ ياقىسىدىكى ئېتىزغا تېزرەك بېرىڭلار، تراكتور ئاغدۇرۇپ بوپتۇ، لېكىن ئېتىزنىڭ تۆت بۇرجىكى چالا قاپتۇ، شۇ يەرنى بۈگۈن كەچكىچە كەتمەن بىلەن چاناپ بولىسىلەر، ئەتە سىيالكا كېلىدۇ، تېرىيدىغانغا تەسىر يەتسە بولمايدۇ.

— بولىدۇ، ھازىرلا بارىمىز،— دېدى ئابدۇساھىپ ھارۋىنى سۆرەپ ئېغىل تەرەپكە مېڭىۋېتىپ.

— بۈگۈن ئەجەب رايىش بولۇپ قاپتۇيا ما ئۇنسۇر،— دېدى ئابدۇلباسىت كۇرەشجانغا قاراپ،— باياتىن ئۇنى تازا داپروسقا تارتقان ئوخشىمامدا.

— شۇنداقراق تۇرمىساق بوي بەرمەيدۇ بۇ،— دېدى كۇرەش-جان ئابدۇلباسىتنىڭ ماختاشلىرىدىن خۇش بولۇپ كېرىلگەن ھالدا،— قېنى ماڭايلى ئەمىسە، مەن ماۋۇ ئۇنسۇرنىڭ ھېلىقى كۈچۈكىنى كۆرۈپ باقاي دېگەنتىم. ئۇ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋا-تىدۇ زادى؟ ئۇنى مۇشۇ بىر ئايدىن بۇيان ھېچ كۆرمەيمەنا.

— قايسىنى دەيلا؟— دېدى ئابدۇلباسىت يولنىڭ سۇ ئازراق چېچىلغان يەرلىرىنى تېپىپ مېڭىپ كېتىۋېتىپ،— ئۇنىڭ بەش كۈچۈكى بار، چوڭى ئابدۇسالام، ئۇندىن كىچىكى...

— بولدى، بولدى، ئۇنىڭ بەش بالىسىنى مەن بەشقول-

دەك بىلىمەن، — دېدى كۆرەشجان ئۈنىڭ ئەزمىلىكىدىن زېرىكىپ، — چوڭى، ھېلىقى زىيالىي بولدۇم دەپ يېزىغا چۈشكەن ئابدۇسالام دېگەن ۋاتىلدىقى.

— ئۇنى يىپتەك تۆزلىۋەتتىم باشلىق، — دېدى ئابدۇلباسىت ئىتتىك كۆرەشجان بىلەن ياندىشىپ ماڭغان ھالدا، — تازا تاپقا كىرمەيدىغان ئىككى كالىغا باغلاپ قويۇۋىدىم، خۇددى كالىدەكلا ياۋاشلاپ كەتتى.

— نېمانداق چۈشىنىكسىز گەپ قىلىسىز، — دېدى كۆرەشجان قولىدىكى تاماكىنى يەرگە تاشلاپ ئۇنى پۇتى بىلەن ئېزىۋەتكەندىن كېيىن، — كالىغا باغلاپ قويدۇم دېگەن نېمە گەپ ئۆزى.

— نېمە گەپ بولاتتى ئوبدان كادىرىم، — دېدى ئابدۇلباسىت ئورۇقلۇقىدىن قوناق شېخىنى ئەسلىتىدىغان قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — ئەترەتتە تازا تاپقا چۈشمەيدىغان، ھارۋىغا قوشسا ئالدىغا ئىككى، كەينىگە بىر دەسسەيدىغان ئىككى كالا بولىدىغان، ھېچكىم ئالغىلى ئۇنىمايتتى. ئاشۇ كالىلارنى ئابدۇسالامغا تۇتقۇزدۇم. قىشچە شۇ ئىككى كالا بىلەن بازاردىن ئوغۇت توشىدى. بىر كۈندە ئىككى قېتىم ئەكېلىدۇ، بىر بېرىپ كېلىشكە باشقىلارغا ئۈچ - تۆت سائەت كەتسە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەش - ئالتە سائەت كېتىدۇ. ئۆزى ئورۇق، پاكار بولغاچقا ھارۋىغا بويى يەتمەي ئالەمنىڭ جاپاسىنى تارتىۋاتىدۇ ئۇ جاۋىلداق.

— ئەمدىلا ئون ئالتىدىن ئاشقان بالىغا مۇنداق ئېغىر ئىش بۇيرىغىنىڭىز سەل چەكتىن ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق، — دېدى كۆرەشجان مەھەللە يولىدىن چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان ئېغىزدا توختاپ، — زىيالىي ياشلارنى تاغ ۋە يېزىلارغا چۈشۈرۈپ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىشى زۆرۈر دېگەن چاقىرىق ئىنتايىن دانا بىر سىياسەت جۇمۇ، لېكىن قايتا تەربىيە ئالىدىغان زىيالىي ياشلارنىڭ تۇرمۇش

مەسىلىسىنى، شۇنداقلا ئەمگەكنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنىمۇ ناھايىتى قاتتىق تەكىتلىگەن چوڭ بىر ئىش ئىدى. سىلەرنىڭ بۇ مەھەللىدە ئۇنىڭدىن باشقا چېنىقىشقا چۈشكەن زىيالىيمۇ يوق، ھازىر ئۇنىڭ مۇشۇ مەھەللىدە ئۆيى بولغاچ بەزى ئىشلاردا خاتىرجەم بولۇپ قالدىڭلار. بولمىسا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماق تەس ئىش، ھازىر بەزى ئەترەتلەردە مۇشۇنداق زىيالىيلارنى ئىشلىتىش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ ئېغىر كېلىپ تېزرەك ئاچىقىپ كەتسەڭلار، بىز بۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى، ئەمگىكىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرالمايدىكەنمىز، دەپ ئەرز قىلىۋاتقان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس. شۇڭا بۇلارغا مۇئامىلە قىلغاندا چوقۇم سەل ئەستايىدىل بولمىساق بولمايدۇ.

— ئەمدى، ئۆزلىرى مەن ئۇنى ئېلىپ ماڭغاندا دېگەن ھېلىقى...، — ئابدۇلباستت كۈرەشجاننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قايمۇقۇپ قالغاندى.

— مەن بايا دەۋاتقان ئىشلار بىر پۈتۈن زىيالىيلارنىڭ ئىشىدىكى چوڭ - چوڭ پرىنسىپلار، ئابدۇسالامنىڭ ئىشىدا بولسا ئەمەلىيەتكە ئاساسەن بىر ئىش قىلىدىغان گەپ. چۈنكى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ياخشى ئەمەس، دادىسى ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر، مېنىڭ دەۋاتقىنىم ئۇنىڭ ئۆز يېشىغا ماس كەلمەيدىغان ئېغىر ئەمگەك بولۇپ قالمىسۇن دەۋاتىمەن.

— راستىنى ئېيتقاندا ھارۋا ھەيدەش يېزىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك يېنىك ئەمگەك، — دېدى ئابدۇلباستت تاماكا ئوراۋېتىپ، — يېزا باللىرى ئون ياشقا كىرە - كىرمەي ئېشەك ھارۋىسىنى تاراڭشىتىپ ھەيدەپ ئېتىزغا ئوغۇت توشۇيدۇ. ئابدۇسالام دېگەن مانا يىل ئۆرۈلدى ئون يەتتىدىن ئاشقان يىگىت ئۇ، سەھرا دېگەندە ئون ئالتىدىن ئاشسىلا يىگىت. ئون سەككىز - ئون توققۇزدا توي قىلىدۇ. بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىرىدىغان گەپ.

— ئۇغۇ راست، — دېدى كۈرەشجان يىراقتىكى سالا ئېتىز-

دا تاتاتلاپ يەر ئاغدۇرۇۋاتقان زەنجىر تاپان تراكتورنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ، — لېكىن شەھەر باللىرى ئۇنداق ئىشلارنى كۆرمىگەچ قىيىنىلىشى تۇرغانلا گەپ.

— ئابدۇسالام ھازىر سەھرا باللىرىدىن ئۆتە پىششىپ كەتتى، — دېدى ئابدۇلباسىت كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى قولتۇقلاپ ئېتىزغا ماڭغان دېھقانلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك مەھەللىدىن چىقىپ كېلىۋاتقانلارغا جىددىي تىكىلگەن ھالدا سۆزلەپ، — دەسلەپ تازا كۆنمىگەن، مەن بىلەن گەپ تالىشىپ ئاز - تولا بويۇن تولغاپمۇ باقتى، ھەي ئەيسا، نېمانداق كۈرۈك توخۇدەك شۈمشىيىپ ماڭىسەن دەيمەن. تېز، تېز ماڭ، ھەر كۈنى قوڭۇڭغا ئاپتاپ چۈشكۈچە ئۇخلايدىكەنسەن. ھۇرۇنلۇقۇڭدىن چاپىنىڭ تىزىڭدىن ئاشمىغان نېمىغۇ سەن، ھېلىقى لالما خوتۇنۇڭ يەنە چىقماپتىغۇ ئىشقا؟

— ھازىر چىقىدۇ ئەترەت باشلىقى، — دېدى ھېلىقى ئەيسا دەپ ئاتالغان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، قارامتۇل كەلگەن بىرى گۈرجىكىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، قولىنى يېڭىگە تىقىپ دۈگدىيىپ ماڭغان ھالدا، — باللارنى نېرى - بېرى قىلىۋېتىپلا ئاندىن...

— كەچتە يېرىم نومۇر ئاز يېزىپ قويسا كۆزۈڭنىڭ پاختىسىنى چىقىرىشنى بىلىسەن، ئىشقا چىقىشىڭ ئەمدى، مېڭىشىڭ كېپىنەك كالىنىڭ ئۆزى، بولە چاققان.

ئەيسا ئابدۇلباسىتنىڭ ھېلىقى نومۇر تارتسام دېگەن گېپىدىن سەگىدىمۇ ياكى گەپ تەسىر قىلدىمۇ ئەتىمالىم بايىقىدىن تېزرەك مېڭىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئۇنىڭ مېڭىشىنى كېپىنەك كالىغا ئوخشاتتىڭىز، — دېدى كۈرەشجان ھېلىقى ئەيسا دېگەن كىشى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇلباسىتقا قاراپ، — كېپىنەك كالا دېگىنىڭىز قايسى تىپتىكى كالا زادى؟

— ئابدۇسالامنىڭ ئالدىغا ئىككى، كەينىگە بىر دەسسەيدى-

غان ، پېشانىسىدە قاشقىسى بار ، مۈڭگۈزى كېپىنەكنىڭ قانىتىـ
دەك ئىككى يانغا كېرىلگەن بىر تاغىل كالىسى بار . بىز ھۆرۈن
ئادەملەرنى ئاشۇ كالىغا ئوخشىتىپ سۆزلەيمىز .
— ھا ـ ھا ـ ھا ،— كۇرەشجان تۇيۇقسىز قاتتىق كۈلۈۋەتـ
تى ،— ھەي ئابدۇلباسىت ، ھەي ئاۋاق باشلىق ، مەن ئىچى يامان
ئادەملەر ئاۋاق كېلىدۇ ، سەمرىمەيدۇ دەپ ئاڭلىغانتىم . لېكىن
ئىشەنمىگەن ، ئەمدى ئىشىنىپ قېلىۋاتىمەن . ئىچىڭىزنىڭ يامانـ
لىقىدىن يېگىنىڭىز چىرايىڭىزغا تەپمىگەن ئادەم ئىكەنسىز ئە
مەسمۇ . قارىڭە ، جاھاندىكى پەقەت پىچاققىلا يارايدىغان ، ئۇندىن
باشقىسىغا كېرەككە كەلمەيدىغان بىر ناكەس كالىنى سەھرا ئىشىـ
نىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىلمەيدىغان بىر بالىغا تۇتقۇزۇپ قىيىنـ
غانلىقىڭىزنى نېمە دەي ئەمدى ، قارىغاندا ، مۇشۇ ئائىلىدە بىر
ئۆچمەنلىكىڭىزنى قوزغىغىدەك بىرەر ئىش بولغانىكەن ـ دە .
— نەق تاپتىلا ،— دېدى ئابدۇلباسىت چېكىشۋاتقان تاماكىـ
سىنى كۈچەپ شوراپ ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋدىۋەتكەندىن كې
يىن ،— مېنىڭ ئابدۇساھىپقا ئەمەس ، ئاشۇنىڭ كۈچۈكى ئابدۇـ
سالامدا ئۆچۈم بار ئىدى .
— ھە ، ھە ، گەپ قىلىڭ ، ئەمدى گەپنىڭ قىزىقى چىقىۋاـ
تىدۇ . ئۇ تېخى بۇ يەرگە كەلگىلى بىر يىلمۇ بولمىسا سىزنىڭ
ئۆچلۈكىڭىزنى كەلتۈرگۈدەك نېمە قىلدى زادى ؟
— بۇ يەردە ئەمەس شەھەردە قىلغان .
— شەھەردە ، ھە ، ھە ، — كۇرەشجان بېلىدىكى كەمىرىنى
تۈزلەپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ، — چوقۇم ئۇ ئاشۇ كوللېكتىپ
ھاجەتخانىدىكى ئوغۇتنى ئېلىشىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلغان ، شۇنـ
داقمۇ ؟
— ياق ، ئۇ تاش ئېتىپ مېنىڭ پېشانەمنى يېرىۋەتكەن ، مانا
قاراڭ ماۋۇ يەرنى ،— ئابدۇلباسىت چېكىلىكىنىڭ چەت ـ چۆرد
سى مايلاشقان كۆك شەپكىسىنى ئېلىپ ئوڭ تەرەپ چېكىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

كىچىككىنە تارتۇقنى كۆرسەتتى ، بۇ ئىككى سانتىمېتىر ئۇزۇن-
لۇقتىكى قىيپاش تارتۇق بولۇپ ئاشۇ جايدا چاچمۇ ئۆسمىگەند-
ىكەن .

— بۇ قاچانقى گەپ زادى ؟

— بۇندىن ئون يىل ئىلگىرىكى گەپقۇ دەيمەن .

— ھەي ، ھەي ئابدۇلباسىت ، ئۇ تېخى ئەم-
دى ئون يەتتە ياشقا كىردى . بۇندىن ئون يىل ئىلگىرىكى گەپ
بولسا ئۇنىڭ ئالتە ـ يەتتە ياش ۋاقىتلىرى بولىدۇ . بىر كىچىك
بالا قانداقلارچە بىر چوڭ ئادەمنىڭ پېشانىسىنى يېرىۋېتىدۇ ؟
ئەقىلگە لايىق گەپ قىلايلى ، ئەترەت باشلىقى ، «ئويناپ سۆزلەد-
ىسەڭمۇ ، ئويلاپ سۆزلە» دېگەن گەپ بار .

— ئىشەنمەيۋاتامسىلا ، كۇرەشجان ،— دېدى ئابدۇلباسىت سەل
قىزىشقان ھالدا ،— بۇ يەرنى تاق ئاشۇ ئۇنسۇرنىڭ كۇچۇكى
يارىلاندۇرغان نېمە . ئۇچۇ كىچىك ۋاقتىدا ئاسمانغا پىچاق ئاتىد-
غان بىر شۇم ئىدى ، ھەر كۇنى ئاشۇ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئېگىز
كۆۋرۈك ئۇستىگە بىر مۇنچە كىچىك بالىلارنى يىغىۋېلىپ ھارۋا
ھەيدەپ شەھەرگە ماڭغان يېزىلىقلارنى كۆۋرۈكتىن ئۆتكۇزمەي
غەلۋە قىلاتتى . تېخى بىرەرىنى يارىلاندۇرۇپ قويارمىزمۇ دېگەننى
ئويلىماي تاش ـ كېسەك ئېتىپ بىزنى بەك ئاۋارە قىلاتتى .
«سەھرالىقلارنى شەھەرگە كىرگۈزمەيمىز» دەپ كۆۋرۈكتە تۇرۇ-
ۋېلىپ غەلۋە قىلاتتى . شۇ چاغدا تاق مۇشۇ ئابدۇسالام ئاتقان تاش
پېشانەمنى يېرىۋەتكەن . شۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسى كېلىپ قېلىپ
مېنى دوختۇرخانىغا ئاپارغان ، ئىككى يېپىلىق تىككەندى بۇ جاينى .

— ھە ، ئەسلىدە مۇنداق ئىشمۇ بارتى دەڭە ، — دېدى
كۇرەشجان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىرەر مۇھىم ئىشنى ئانالىز
قىلىۋاتقاندەك بىر پەس تۇرۇپ كېتىپ ،— مانا ئەمدى جاھان
چۆرگىلەپ بۇ ئۇنسۇرنىڭ كۇچۇكىنىڭ ئۆزى سەھرالىق بولدى .
تېخى قاپىقىنى يېرىۋەتكەن ئادەمنىڭ قولىغا چۈشتى دېگەن گەپ

www.uyghurkitap.com

شۇنداقمۇ . پاھ ، پاھ ، بۇ جاھاننىڭ راستتىنلا سورىقى بار جاھان-
كەن جۇمۇ ، لېكىنزە ، ئەترەت باشلىقى ، ئابدۇسالام ئۇ چاغدا
ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايدىغان بىر كىچىك بالا ئىكەنغۇ ، بۇ قىلغى-
نىڭىز سەل ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق ؟

— بالا دېگەنلىرى نېمىسى ، ئادەتتە ئالتە ياشتا باللار مەك-
تەپكە كىرىدىغۇ ، مەكتەپتە ئوقۇغان بالا ياخشى - يامانىنى پەرق-
لەندۇرۇشى كېرەك ـدە ، شۇڭا مەن بۇ شۇمتەكنى ئانىسىدىن
تۇغۇلغىنىغا داد دېگۈزۈۋېتىمەن . بۇرنىدىن بۇلاق چىقارمىسام
ئوغۇل بالا بولماي كېتەي زادى .

— بەك ئۆچمەنلىكىڭىز قاتتىق ئادەم ئىكەنسىز جۇمۇ ،
سىزدىن راستتىنلا ھەزەر ئەيلىسەك بولىدىكەن ،— دېدى كۆرەش-
جان نېمە مەقسەتتە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان تەرزدە
ئۇنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ قويۇپ ، — بوپتۇ ، ئابدۇسالامنىڭ
ئىشىغا مەن ئارىلاشمايمەن ، لېكىن ئۇنىڭ چېنىقىشقا چۈشكەن
زىيالىي ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزگە سەپ قويۇش مېنىڭ مەجبۇرى-
يىتىم ، ئۇنى قانداق ئىشلىتىش ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى ، ھە ، ئۇ
ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ ؟ يەنە ئاشۇ كېپىنەك كالا بىلەن
بازاردىن ئوغۇت توشۇۋاتامدۇ ؟

— ئوغۇت دېگەننى كادىرىم ، — دېدى ئۇ كۆرەشجانغا سۇر-
كىلىپ ماڭغان ھالدا ، — قىشچە توشۇيدۇ . ئەتىيازدا يەرگە
قوش چۈشكۈدەك بولغاندا يەر ئاغدۇرۇشقا باشلايدۇ . ئۇ ھازىر
قوشچىلار بىلەن بىللە ياقىدا يەر ئاغدۇرۇۋاتىدۇ .

— يەنە ھېلىقى كېپىنەك كالىسى بىلەنمۇ ؟

— شۇنداق بولماي ئەمىسە ، بىز بىر جۈپ كالىنى بىرىگە
تەقسىم قىلىمىز ، شۇ كاللار ئۇنى باشقا ئىشقا سالغۇچە ئاشۇنىڭ
ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ . خالىغانچە كالا ئالماشتۇرۇشقا بولماي-
دۇ ، ھە راست كۆرەشجان ، ئابدۇسالامنى بىر كۆرۈپ قويىمىلا ،
ئۇنىڭ قوش ھەيدىشى بەكلا قىزىق ، كاللىرى تاپقا چۈشمەيدۇ .

شۇڭا ساپاننى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ ئاختارمىلىقتا مېڭىپ يەر ھەيدەيدۇ ، ئاجايىپ قىزىق .

— بوپتۇ ، كۆرۈپ قويايلى ، مەن دېگەن بەربىر زىيالىي ياشلارنى تەقسىملەش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى ، زىيالىيلارنىڭ چېـ ـنىقىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشمۇ مېنىڭ ۋەزىپەم دائىرىسىدىكى ئىش . يۈرۈڭ ، بىللە بارايلى .

ئۇلار ياندىشىپ مېڭىپ كېتىشتى .

سەھرا گۈزەللىككە تويۇنغان زېمىن ، ئۇنىڭدا جاپامۇ ، ھالاـ ۋەتمۇ تەڭلا مەۋجۇت . زېمىن بارلىق تەبىئىي گۈزەللىكنى سەھراـ غا بەرگەن . ئۇ جايدا شىلدىرلاپ ئاقىدىغان سۈپسۈزۈك سۇلار ، كىچىك قۇمچاقلىرىنى ئەركىلىتىپ ئۆزىنىڭ كىچىك ئېرىقلىرىدـ ـنى لىرىكىلىق مۇزىكىغا سىڭدۈرىدىغان بۇلاقلار ، باغلاردا شاخلىدـ ـرىنى كۆتۈرەلمەي تىرەك قويۇپ قويىدىغان ھەر خىل مېۋىلەر بار . چەكسىز كەتكەن شاللىقلار ، بۇغداي ئېتىزلىرى ساڭا يېـ ـشىللىقنى ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئەسلەتسە ، باغ ـ ۋارانلار ئاردـ ـلىقىدا مۆكچىيىپ ياتقان كېسەك تاملىق ئۆيلەر سېنى خىيالىي دۇنياغا باشلايدۇ . بۇ زېمىندا سەن قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشـ ـلىرىنى ، تومۇزغىلارنىڭ چىرىلداشلىرىنى ، پاقىلارنىڭ كوركىدـ ـراشلىرىنى ئاڭلايسەن . قوي ، كالىلارنىڭ مەرەش ـ مۆرەشلىدـ ـرى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى ئاڭـ ـلىنىپ تۇرىدۇ . كۆزنى يۇمۇپ دىققەتنى مەركەزلەشتۈرەلىگەن ئادەم مۇشۇ ھەر خىل ئاۋازلاردىن بىر خىل لىرىك سەھرا كۈيىنى ئاڭلىيالايدۇ . بۇنىڭدىكى لەززەتنى پەقەت ئاشۇنى ھېس قىلالايدىـ غان ئادەملا سۈرەلەيدۇ . لېكىن ، كۈرەشجان ئەنە شۇنداق ئاۋازـ لاردىن بىزار ، ئۇ چوڭ يولغا چىقىپ ئەمدىلا مېڭىشى بىلەن تەڭ خۇددى ئاشۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك يول ياقىسىدىكى جىگدىگە باغـ ـلاپ قويۇلغان سۇر ھاڭگا چىڭقىلىپ تۇرۇپ ھاڭراشقا باشلىدى . ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ تاپ مەھەللىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا يەتكۈـ دەك كۈچلۈك ئىدى .

— ئاۋازىڭنى ئۆچۈر ھارامى ، — دېدى كۆرەشجان يول ياقىسىدىكى ئېشەككە ھەيۋە قىلىپ ، — ئەجەب قورقۇتتا ئادەمنى .

— ئېشەك ھاڭرىغانغىمۇ قورقامدۇ كىشى ، — دېدى ئابدۇلباسىت كۈلۈپ تۇرۇپ ، — بىزگە ئېشەك ھاڭرامدۇ ، كالا مۆرەمدۇ بەرىبىر بولۇپ قاپتۇ . ئېشەك ھاڭرىسا ئالدىغا چۆپ تاشلا ، دەيمىز شۇ ياكى بولمىسا بىرەر مادا ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى پۇراپ قالغان گەپ .

— مەن مانا مۇشۇ ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىدىن بىزار ، قاراڭ ، نېمە ئۈچۈنكى ئېشەك ھاڭرىسا يۈرىكىم تىترەپ كېتىدۇ .

— يۈرەكلىرى ئاجىزكەن ئەمىسە ، ئېشەك ھاڭرىغانغا يۈرەك تىترىگىلى تۇرسا يۈرەك توشامدۇ . بۇ ياقتا ماڭسىلا ، كۆرەشجان ، ياقىدىكى ئېتىزغا مۇنداق ماڭساق يېقىن .

ئۇلار ئىككى ياقىسى كۆك تېرەك بىلەن ئورالغان ، خامان تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كېتىشتى . خاماننىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېتىزلىقتا يىگىرمە — ئوتتۇزدەك ئەر - ئايال تىزىلىپ بولغان بۇغداي ئېتىزىنىڭ قىرلىرىنى چېپىپ يۈرگەندەك قىلاتتى . ئۇ ئېتىزنىڭ جەنۇب تەرىپى كەڭرى كەتكەن جىگدىلىك بولۇپ جىگدىلىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر ئۆستەڭ سۇ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقاتتى . ئەنە شۇ ئۆستەڭنىڭ جەنۇبى ، يەنى ئېتىزلىقنىڭ ئاخىرى قېقىرسايغا تۇتىشىدىغان زېمىن ياقا دەپ ئاتىلاتتى . ئاشۇ ياقىدىكى تېخى سالالاشمىغان ئېتىزلىقتا ئابدۇسالام بىلەن بىللە تۆت قوشچى يازلىق قوناق يېرىنى ئاغدۇرۇۋاتاتتى . ئابدۇلباسىت بىلەن كۆرەشجان ئاشۇ جىگدىلىك ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن مېڭىپ جىگدىلىكنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ توختىدى . بەش قوشچى ئېتىزلىقنىڭ قېقىرسايغا تۇتىشىدىغان چەت تەرىپىدە يەر ئاغدۇرۇۋاتاتتى . شەرقتىن غەربكە تارتىلغان تاپ ئۆستىدە بىر قولىدا ساپان دەستىسىنى چىڭ قامالاپ ، بىر قولىدا قامچىسى بىلەن كالىلارغا ھەيۋە قىلىپ كېتىۋاتقان قوشچىلار ئارىسىدىن ئابدۇسالامنى ئىلغا قىلماق ئـانچە تەس ئەمەس ئىدى . ئۇ قوشچىلارنىڭ ئەڭ كەينىدە تاپقا چۈشمەيۋاتقان كالىلارغا ۋارقىراپ قولىدىكى

قامچىسى بىلەن ئۇلارنىڭ سۆڭگەچ ـ پاچاقلىرىغا ئۇرۇپ كېتىۋا-
تاتتى. ئۇ تاپ سىرتىغا قېچىۋاتقان كالىلارنى تاپقا كىرگۈزۈش
ئۈچۈن بەزىدە ئاغدۇرۇلغان يەرگە چىقسا، بەزىدە ئاغدۇرۇلمىغان
يەرگە چىقىپ دېگەندەك تىنىم تاپماي كېتىۋاتاتتى. كۆرەشجان
ئالدىدا كېتىپ بارغان تۆت قوشچىغا قارىدى. ئۇلار خۇددى قاتار-
لىشىپ كېتىۋاتقان ئادەملەردەك بەزى ـ بەزىدە قامچىسىنى شىل-
تىپ قويۇپ شۇنداق ئەركىن مېڭىشىپ كېتىۋاتاتتى. دېمەك،
قوشقا كۆنگەن كالا بىلەن كۆنمىگەن كالىنىڭ پەرقىنى ئۇلارنىڭ
تاپتا قانداق ماڭغانلىقىدىن بىلگىلى بولىدىكەن. كۆرەشجان بۇ
كۆرۈنۈشكە قاراپ ئابدۇسالامغا ئىچى ئاغرىپ قالدىيۇ، لېكىن
ئۆزىدىكى سىياسىي سەزگۈرلۈك ئۇنى بۇ خىيالىدىن تېزلا ۋاز
كەچتۈردى.
— ئوبدان ئىشقا ساپسىز، — دېدى كۆرەشجان ئابدۇلباسىت-
نىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، — زىيالىي دېگەن مۇشۇنداق
چېنىقىشى كېرەك ـ دە، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقتى،
دەپ مۇشۇنى دەيمىز. قانداق دېدىم ئەترەت باشلىقى جانابلىرى.
— شۇنداق بولمامدىغان، — دېدى ئابدۇلباسىت ھىجايغان
ھالدا يانچۇقىدىن تاماكا قەغىزى چىقىرىپ، — ئاۋۇ قىردا بىر
پەس ئولتۇرۇپ تاماكا چېكەيلى. ئۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ
ئولتۇرساقمۇ ھاردۇق چىقىپ قالىدۇ.
— بوپتۇ، ئولتۇرساق ئولتۇرايلى، ئەكېلىڭ موخۇركىڭىز-
نى، مەنمۇ چېكىپ باقاي ئاشۇ كۆك تاماكىڭىزدىن.
ئۇلار ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشتى. يىراقتا ئون يەتتە ياشلىق
بىر يىگىت كېپىنەك لەقەملىك كالىنىڭ ئۆزىگە بوي بەرمەي
تاپتىن قېچىشلىرىنى توسۇپ يەر ئاغدۇرماقتا. ئۇنىڭ كۈچىنىش-
لىرى، بىر غېرىچ يەرنى يېرىپ كېتىۋاتقان ساپاننى باشقۇرۇپ
مېڭىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرى باشقا قوشچىلارغا قارى-
غاندا بىر ـ ئىككى ھەسسە ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ شۇ تاپ
چىپ ـ چىپ تەرلىگەنىدى. ئاغدۇرۇلغان يەردىن نەم تۇپراقنىڭ
ھىدى كۆتۈرۈلەتتى، ئەكچىگەن زېمىن كەلگۈسى ھاياتلىقنىڭ

www.uyghurkitap.com

كاپالىتى بولغان تۆپراق ھىدىنى ھەدەپ دىماغلارغا ئۇرماقتا. قوشچىلار مەستخۇش، لېكىن ئابدۇسالامنىڭ ئاشۇ دىماغ غىدىقلىغۇچى پۇراقتىن ھۇزۇر ئېلىش پۇرسىتى يوق. چۈنكى ئۇ تىنىمسىز، كالىلار تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلارغا ھەتتا تاياقمۇ كار قىلمايدۇ.

— ئەجەب جاھانكىنە، — دېدى كۆرەشجان تاماكا يۆگەۋېتىپ، — ئەگەر مۇشۇلار سەرسان بولۇپ يېزىغا چۈشمىگەن بولسا سىز ئابدۇسالامدىن ئۆچىڭىزنى ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلامتىڭىز؟

— بۇنى بىر نېمە دېمەك تەس، — دېدى ئابدۇلباسىت تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ.

— مېنىڭچە، سىز ھەرىكەت قىلالمايتتىڭىز، — دېدى كۆرەشجان تاماكىنى يۆگەپ بولۇپ ئۈچىنى چىشلەپ ئۈزگەن ھالدا، — چۈنكى دادىسىنىڭ ھوقۇقى سىزنى ئۇنداق قىلىشتىن توسۇپ قالاتتى.

— ئۇغۇ راست، — دېدى ئابدۇلباسىت كۆرەشجاننىڭ تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ بېرىۋېتىپ، — ئۇنداق بولغاندا ئۆزلىرىمۇ ئابدۇساھىپ ئۇنسۇرنى ئەتىگەنكىدەك داپرۇسقا تارتالماي قالاتتىلە.

— ھە … ھە، شۇنداق بولاتتى، شۇنداق بولاتتى، — كۆرەشجان ئابدۇلباسىتنىڭ سۆزىدىن غىدىقىدە بولۇپ قالدى ـ دە، تاماكىنى كۆچەپ بىر شوراپ قېقىلىپ كەتتى، — تاماكىمۇ يا زەھەرمۇ بۇ، — ئۇ قولىدىكى تاماكىنى يەرگە تاشلاپ دەسسەپ مىجىۋەتتى.

— خاپا بولمىسىلا، باشلىق، — دېدى ئابدۇلباسىت ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، — مەن سەل كۈچلۈكرەك تاماكا چېكىمەن، شۇڭا يوپۇرماقتىن جىقراق ئارىلاشتۇرۇپ قويغان. سىلىدىن سورىمايلا ئۇنى تەڭلەپ سېپتىمەن.

— بولدى، بايا تاماكا تەڭلىگەندە دەيدىغان گەپ ئەمەسمۇ ئۇ، — كۆرەشجان ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى ـ دە، كىچىك

ئېرىقتىن سەكرەپ يول تەرەپكە ئۆتتى .

— نەگە بارىلا ، باشلىق ، — دېدى ئابدۇلباسىت تېگىرقىغان ھالدا .

— ئىشخانىغا .

— مەنمۇ بىللە باراي بولمىسا ، — ئابدۇلباسىت ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى .

— بولدى دېدىمغۇ مەن سىزگە ، — دېدى كۆرەشجان قولىنى سىلكىپ قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا ، — سىز ئېتىزغا كېتىۋېرىڭ ، ئىشخانىدا نېمە بار سىزگە .

— ئەمدى…

— تىل چاينىماي ئېتىزغا بېرىڭ دەيمەن .

ئابدۇلباسىت ناھايىتى قاتتىق ئاچچىقلاپ كېتىۋاتقان كۆرەشجاننىڭ كەينىدىن قارىغىنىچە تۈرۈپلا قالدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى ، چۈنكى كۆرەشجاننى رەنجىتكىنى ئۇنىڭ ئاشۇ ئاچچىق تاماكىسى ئەمەس ، ئويلىمايلا دەپ سالغان ھېلىقى بىر ئېغىز گېپى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى .

«ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداقمۇ ئالارمەن ، — دېدى ئۇ ئۆز – ئۆزىگە پىچىرلاپ ، — ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن ئادەمگە ياخشى كۈن يوققۇ زادى . مانا ، ئەينى دەۋردە ئابدۇساھىپقا كاتىپ بولغان ئادەم ، ھازىر ئۇنىڭ بېشىدا ياغاق چېقىۋاتىدۇ ، مېنىڭ بۇ ئىشىم ئۈچۈن ئۇ مېنى نېمە كويلارغا سالار ئەمدى .»

ئۇ تاماكىنى يۆگىدى ، ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ ئىسنى ھۇزۇرلىنىپ تۈرۈپ شورىدى – دە ، كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىپ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى ، «توغرا ، بۇنىڭدىن ياخشىراق چارىمۇ يوق ، زادى شۇنداق بابلاش كېرەك بۇ بۇرنى كۆپكەن دېۋەڭنى . بۇ ئىشتا ھاۋانىسا ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم ، شۇنىڭ بىلەن بابىلايمەنغۇ سېنى» .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

# سەككىزىنچى باب خورلۇق

«ئۆلۈم ئالدىدا ئاغزىڭغا قان تولۇپ تۇرسىمۇ،
دۈشمەن ئالدىدا ھەرگىز تۈكۈرمە»
— ئۇلۇغلار سۆزىدىن

1975 ـ يىل 15 ـ ئاۋغۇست، كېچە. نېمىشقىدۇر بۈگۈن ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس، بۈگۈنكى ئېغىر ئەمگەك تەسىرىدىن بولسا كېرەك، پۇت ـ قوللىرىم خۇددى بىرەرى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن تۆت يىلدىن بۇيان تاشلاپ قويغان تۇرمۇش خاتىرەمنى ۋاراقلاپ ئولتۇرىمەن. مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە چېنىقىش ئۈچۈن يېزىغا چۈشكىنىمگە تۆت يىل بولۇپ قاپتۇ. قوللىرىم دېھقانلارنىڭ قوللىرىدەك قاپىرىپ، يۈزۈم ئاپتاپتا كۆيۈپ مىستەك پارقىراپ كېتىپتۇ. ئەڭ ئېچىنىشلىقى پېشانەمگە مەزگىلسىزلا ئىككى تال ئىنچىكە قورۇق چۈشۈپتۇ. توۋا، ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا قەدەم قويغان، ياشلىقنىڭ ئەڭ جۇلالىق دەۋرىنى كۈتۈۋالغان بىر ياشنىڭ چىرايىغا قورۇق چۈشكىنى نېمىسى ئەمدى، لېكىن بۇنىڭدىن بىر ھەقىقەتنى ھېس قىلغاندەك تۇرىمەن، مەن ئەسلىي دېھقانلار نېمە ئۈچۈن بالدۇرلا قېرىپ كېتىدىغاندۇ، ياپياشلا ئادەملەر بوۋايدەكلا بولۇپ كېتىدىكەنغۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئاللار ئىچىدە قايمۇقۇپ يۈرەتتىم، ئەسلىدە جاھاننىڭ مانا مۇشۇنداق دىشۋارچىلىقلىرى ئۇلارنى ئاشۇنداق قېرى چىراي قىلىپ قويىدىكەن ئەمەسمۇ؟

تۆت يىللىق چېنىقىش جەريانىمنى خۇلاسىلەپ كۆرسەم بىرلا ئېغىز گەپ، ئېتىز ئىشىغا كۆنۈپ قالغاندەك تۇرىمەن. لېكىن

كۆنمەيمۇ ئامال بولمىدى . چۈنكى مېنىڭ بارلىقىم تارتىپ ئېلىن-
دى ، زىيالىي دېگەن قالپاقلىرىم ئاللىقاچان چۆرۈپ تاشلاندى .
مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان كېلىۋاتقان ئىشچى قوبۇل قىلىش ،
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆرسەتكۈچلىرى ئانچە ئوقۇپ كەتمە-
گەن دېھقان باللىرىغا بېرىلدى . ھاۋانىسامۇ يېرىم يىل كۈرەش-
جاننىڭ ئاشپەزلىكىنى قىلىپلا مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتى . «دېھ-
قانلار سايلاپ بېرىدۇ» دېگەن بىلەن ئەترەت باشلىقلىرى ئىسمىنى
ئاتىغان ئادەمگە قول كۆتۈرۈپلا قويسا بولىۋېرىدىغان ئىش بولغان-
دىكىن كېتىۋېرىدىغان گەپكەن . ھېچكىم ھازىرغىچە ئاشۇنداق
كۆرسەتكۈچلەر كەلگەندە مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمى-
دى . شۇنىڭدىن قارىغاندا ، ئابدۇلباستىنىڭ بۇ مەھەللىدىكى ھو-
قۇق دائىرىسى مېنىڭ پەرىزىمدىن خېلىلا يۇقىرى بولسا كېرەك ،
شۇڭا مېنىڭ بۇ يېزىدا مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىشىم بېكىتىلىپ بولغان
ئىش ئوخشايدۇ . لېكىن دادامدىكى ئۈمىدۋارلىققا ئەقلىم ھەيران
قېلىۋاتىدۇ ، ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ خاتا ئەيىبلەنگەنلىكىنى پەش
قىلىپ يۇقىرىغا ئەرز يېزىشتىن توختىغىنى يوق ، بىراق ئاشۇ
ئەرزلەر دېگەن جايىغا يەتمەيۋاتامدىغاندۇ ياكى يەتسىمۇ ئۇنى سو-
رايدىغان ئادەم چىقمايۋاتامدۇ ، بۇنىسى نامەلۇم ، شۇڭا بىرنىڭ
قارىسى مىڭغا دېگەندەك بۇنىڭ جازاسى بىزگىمۇ بولۇۋاتىدۇ ، مانا
ئىككى ئىنىم مەكتەپتە باللارنىڭ تىللاشلىرى ، ھەرقايسى تەرەپ-
لەرنىڭ بېسىملىرى تۈپەيلىدىن مەكتەپتىن رايى قايتتى . ئېتىزدا
يېرىم ئەمگەك كۈچى بولۇپ كۈنىگە ئون سائەت ئىككى ياكى ئۈچ
نومۇرغا ئىشلەۋاتىدۇ . بىر گۈك ئون نومۇر بولغاندا ئۇلار تۆت
كۈندە ئاران بىر گۈڭغا ئىشلەيدۇ . يىل ئاخىرىدا بىر گۈڭغا ئاران
ئوتتۇز ـ قىرىق پۇڭ ئەتراپىدا تەقسىمات بولىدۇ . بۇنىڭدا ئۇلار
بىر كۈن ئىشلەپ ئاران ئون پۇڭ ئەتراپىدا ھەق ئالدى دېگەن
گەپ . سىڭلىم تىرىشچان ، ئۇ مانا ھازىر تولۇق ئوتتۇرىغا چىق-

تى . يەنە ئۈچ يىلدا ئوقۇش پۈتتۈرسە ئۇنىڭ تەقدىرى قانداق بولار؟ دادام ماڭا كەچكىچە تەنبىھ بېرىدۇ : «بىكار چاغلىرىڭدا كىتاب كۆر ، ئۆگىنىش قىل ، بىلىمنىڭ چېكى يوق» دەپ كوتۇلـدىغىنى كوتۇلدىغان ، ئەمدى ئويلاپ باقسام بۇ گەپلەرنىڭ ئاساسى باردەك قىلىدۇ ، شۇڭا تورۇپىلا ئۆز ـ ئۆزۈمگە كايىيمەن ، مېنىڭ تۆت يىل ئىلگىرىكى قىزغىنلىقىم قېنى دەيمەن ، مەن ئوقۇيمەن دەپ جار سالغىنىم ، مەيدەمگە مۇشتلاپ ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇـمىسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي دەپ قەسەم قىلغانلىرىم نەگە كەتتى دەيمەن . ئويلاپ باقسام مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئارزۇلىرىمنى ئاشۇ ئىككى تەپسە تەۋرىمەس كالا يەپ كېتىپتۇ ، بۇ كالىلار باشقا كالىلاردەك تاپتا تۇزۇكرەك مېڭىشنى بىلسە ئىدى ، مەنمۇ بۇنچىـلىك قىينالمىغان بولاتتىم . بۇ كالىلارنى قوشتىن چىقىرىپ هارۋىغا ، هارۋىدىن چىقىرىپ سۆرەمگە سالىدىغان مەن بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلار مېنىڭ بارلىقىمنى يەپ تۈگىتىپتۇ . بىلىۋاتىمەن ، ھەممىنى قىلىۋاتقان ئابدۇلباسىت دېگەن ھېلىقى ئاۋاق ، ئۇنىڭ ماڭا نېمە ئۈچۈن ئۆچلۈك قىلىدىغانلىقىنى تېخى نەچچە كۈن ئاۋۋاللا بىلدىم .

— ھەي ئۇنسۇرنىڭ بالىسى ، — دېدى ئۇ ئەترەت قورۇسىـنىڭ يان تەرىپىدىكى كالا ئېغىلىدىن ئەمدىلا چىقىشىمغا ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ، — سەن بۇگۈن غول ئۆستەڭ بويىدىكى ئارپا ئېگىزىنى ئاغدۇرغىلى بار .

مەن تورۇپىلا قالدىم . ئۇ يەر ئەسلىدە قوي ـ ئۆچكىلەرنى باقىدىغان بىر چىملىق بولۇپ ، كېيىن مۇشۇ ئابدۇلباسىتنىڭ پىكرى بىلەن شاللىق قىلىنغان . بىر نەچچە يىل شال تېرىلىپ بۇ يىل ئارپا تېرىلىدى ، يەردىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈلۈپلا سارغىيىـۋالدى . چۈنكى بۇ زەيكەش يەر ئىدى . شالمۇ تۈزۈك ھوسۇل بەرمىگەن زېمىندا ئارپا قانداق ئوخشىسۇن؟ لېكىن ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان مال ـ چارۋا بېقىلىدىغان

بۇ چىملىق ئۆستەڭ ياقىسىدا بولغاچ تەرەپ ـ تەرەپكە ئۈچ تارتقان
ھەر خىل يىلتىزلار گىرەلەشكەن جاي ئىدى ، ئالاھىزەل ئۈچ مو
ئەتراپىدا كېلىدىغان بۇ جاينى ئاغدۇرۇش بەك تەس ئىدى . بۇلتۇر
بىز بەش قوشچى مۇشۇ يەرنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن يېرىم كۈن
ئاۋارە بولغانىدۇق . مانا ئەمدى تۇرۇپلا ئۇ مېنى يالغۇز ئاشۇ جايغا
ئەۋەتىپ قىينىماقچى .

— ھەممىمىز بارساق بولمامدۇ ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا
يالۋۇرۇپ ، — يالغۇز بولسا مېنىڭ ماۋۇ كالىلىرىمنى تاپقا
چۈشۈرمەكمۇ تەس ، كالا كالىنىڭ كەينىدىن ماڭسا ، ھەر ھالدا
ئوبدانلا مېڭىپ قويىدۇ ئەمەسمۇ .

— ياق ، بۈگۈن قالغان قوشچىلار ياقىغا بارىدۇ . سەن
يالغۇز بارىسەن ئۇ يەرگە .

مەن ئەتراپىمغا قارىدىم . مەقسىتىم تۆت يىلدىن بۇيان بىللە
ئىشلەپ ئىچىكىشىپ قالغان ئادەملەر بەلكىم ماڭا ياردەم قىلار ،
بىللە بېرىپ ئاۋۇ يەرنى ئاغدۇرۇۋېتىپ ئاندىن ياقىغا بىللە چىقاي-
لى ، دەيدۇ دېگەن ئۈمىد مېنى ئۇلارغا قاراتقانىدى . لېكىن ئۇلار
شۇ تاپ ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك بىر ـ بىرلەپ ئېغىلدىن
چىقىپ كېتىشتى . مانا بۇ ئىنسانلاردىكى بۆسۈپ كىرىش مۇمكىن
بولمايدىغان ئاجىزلىقلارنىڭ ئاشكارىلىنىش شەكلى ، شەخسىيەت-
چىلىكنىڭ ئەڭ ئاجىز ئۇچقۇنلىرىمۇ بەزىدە لاپپىدە يالىلداپ
سېنى شەخسىي غەرىزىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا قۇترىتىدۇ ،
ماۋۇلارنىڭ ھەممىسى چوپچوڭلا ئادەملەرغۇ ، ئۇلارنىڭ بەزىدە
ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ «ساڭا بەك ئۇۋال بولدى ، ئەگەر داداڭ
خاتالىشىپ يېزىغا چۈشمىگەن بولسا سەنمۇ بۇ يەردە بېشىڭغا توپا
سورۇپ يۈرمىگەن بولاتتىڭ ، ھەي » دەپ خۇرسىنىپ قويۇشلىرى
يالغانمىدۇ .

— ھە ، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن ؟ تېز ماڭمامسەن ؟ بۇ-
گۈن كەچكىچە ئاغدۇرۇپ بولىسەن ئۇ يەرنى .

— نېمە دەۋاتىسىز ؟ ! — دېدىم مەن غۇزژىدە ئاچچىقىم

www.uyghurkitap.com

كېلىپ ، — بۆلتۈر بەش قوشچى يېرىم كۈن ئاغدۇرغان يەر ئۇ .
— ئۇ دېگەن ئۈچ موغىمۇ توشمايدىغان يەر تۇرسا ، بىر قوشچىنىڭ ۋەزىپىسى ئىككى مودىن ئۈچ موغىچە يەر ئاغدۇرۇش ، بۇنى بىلمىدىغانسەن ؟

— لېكىن ئۇ يەر ئوخشاشمايدۇ ، ھەممىلا يەر يىلتىز ، بەزى يەرلەر پاتقاق ، ئىشقىلىپ ئۇ يەر بىر كۈندە ئەمەس ئىككى كۈندە-مۇ تۈگىمەيدۇ .

— ئىككى كۈندىمۇ تۈگىمەيدۇ ؟ مۇشۇ گەپنى سەن قىلىۋا-تامسەن ئۇنسۇرنىڭ بالىسى ، مەن بىر كۈندە تۈگىتىسەن دېگەندى-كىن چوقۇم بىر كۈندە تۈگىتىسەن ، بولمىسا بۇگۈن ساڭا نومۇر بېرىلمەيدۇ .

— شۇنداقمۇ ؟ قېنى كۆرەرمىز .

— نېمىنى كۆرىسەن ؟

— نومۇر بەرمىگىنىڭنى .

— ھە ، گېپىڭ يوغانغۇ سېنىڭ .

— ئىشلىگەن ئادەمنىڭ گېپى يوغان بولىدۇ ، باشلىق ئەپەن-دىم .

— سەن ، سەن ئۇنسۇرنىڭ بالىسىنىڭ تىلىنى زادى بىر...

— ھە ، تىلىم كېرەكمىدى ؟ لېكىن ساڭا بېرەلمەيمەن ، چۈنكى بۇ تىل ماڭا كېرەك . لېكىن مەن بىر ئىشقا ھەيران . شۇنى سوراپ باقاي ، مەن تۆت يىلدىن بۇيان سېنىڭ تىل - دەشنىمىڭنى ئاڭلاپ كەپتىمەن ، ئەڭ ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىن-نىپتىمەن ، تۇرۇپلا قورسىقىم كۆپۈۋاتىدۇ . دەپ باقە ، سەن ماڭا ئۆچمۇ ياكى دادامغا ؟ بىزدىن ئالالمىغان نېمە ئۆچۈڭ بار زادى ؟

— ھەببەللى ،— دېدى ئۇ يانچۇقىدىن تاماكا قەغىزى چىقى-رىپ ئۇنىڭغا تاماكا سېلىپ ئوراپ تۇرۇپ ،— مۇشۇ سوئالنى مەندىن قاچان سوراركىن دېگەنتىم ، ئاخىر ئېغىز ئاچتىڭ ، مەن ساڭا ئۆچ .

— نېمىشقا ماڭا ئۆچلۈك قىلىسەن ؟ !— دېدىم مەن ھەيران

قىلىپ ،— مەن سىنى مۇشۇ زېمىنغا كەلگەن كۈنى سەن داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىپ كەلگەن كۈنى كۆرگەن تۇرسام ،. سىنىڭ ئۆچلۈكۈڭنى كەلتۈرگۈدەك نېمە قىلغان بولغىيتىم زادى .

— ماۋۇ تارتۇقتا قارا ، — دېدى ئۇ كىرلەشكەن شەپكىسىنى ئېلىپ ماڭلىيىدىكى كىچىككىنە تارتۇقنى كۆرسىتىپ ، — مۇشۇ تارتۇقنى سەن قالدۇرغان .

— نېمە دەۋاتىسەن زادى ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ماڭلىيى بىلەن چېچى ئارىسىدىكى ئۇ تارتۇقتا مۇنداقلا قاراپ ، — مۇشۇ تۆت يىلدىن بۇيان يا مەن سەن بىلەن ئۇرۇشۇپ قالمىسام ، قانداقلارچە بۇنداق بولۇپ قالىدۇ ؟ تۆھمەت چاپلىما .

— تۆھمەت دەۋاتامسەن ؟ ! — دېدى ئۇ ئاچچىق موخۇركى-سىنى پۇرقىرىتىپ چېكىۋېتىپ ، — سەن شۇم كىچىك ۋاقتىڭدا ئېگىز كۆۋرۈكتە تۇرۇۋېلىپ بىزنى بوزەك قىلاتتىڭ ، تاش ئېتىپ شەھەرگە كىرىشىمىزنى توسۇيتتىڭ . شۇ چاغدا سەن ئات-قان تاش مۇشۇ قاپىقىمنى يېرىۋەتكەن .

— يالغان ،— دېدىم مەن ئاچچىقىمدىن بوغۇلۇپ ،— مەن ئۇنداق قىلغىنىم يوق .

— تېنىۋالماقچىمۇ سەن ،— دېدى ئۇ يەرگە چىرتتىدە بىرنى تۈكۈرۈپ ،— شۇ چاغدا داداڭ كېلىپ قىلىپ ، سىلەرگە ۋارقى-راپ بولۇپ مېنى دوختۇرخانىغا ئاپارغان ، دوختۇرخانىدا سەن داداڭنىڭ كەينىدە قورقۇپ تىترەپ تۇرمىغانمىدىڭ ؟ !

— ياق ، ئۇ كۈنى مەن تاش ئاتمىغان . چوڭ بالىلار ئاتقان تاشتا يارىلاندىڭ .

— سەن ئاتقان تاشتا يارىلاندىم . بولمىسا داداڭ مېنى دوخ-تۇرغا ئاپىراتتىمۇ ؟

— دادام ساڭا ئىچى ئاغرىپ دوختۇرخانىغا ئاپارغان .

— مەيلى ، قانداق بولسۇن ، سەن ئاشۇ باشباشتاق بالىلار-نىڭ ئىچىدە بار . شۇ چاغلاردا سىلەر سەھرالىق دەپ بىزنى

www.uyghurkitap.com

ياراتمايتتىڭلار . مانا ئەمدى سەن سېپى ئۆزىدىن سەھرالىق بول-
دۇڭ . تېخى مېنىڭ قول ئاستىمدا ئىشلەيدىغان چاكار بولدۇڭ .
ئەمدى مەن ئاشۇ قىلغانلىرىڭ ئۈچۈن داد دېگۈزمەيدىغان بولسام
ئوغۇل بالا بولماي كېتەي .

— نېمە قىلساڭ قىل ، — دېدىم مەن ئاچچىقىمدىن يېرىلغۇ-
دەك بولۇپ ، — لېكىن جاھان ھەمىشە سېنىڭ قولۇڭدىلا چۆرگى-
لىمەيدۇ . كىم بىلىدۇ ، تېخى سەن مۇشۇ تىرتەكلىكىڭ بىلەن
ئەته ـ ئۆگۈن پايتىماڭغا تەتۈر دەسسەپ قالامسەن تېخى .

— نېمە ؟ ما ئۇنسۇرنىڭ بالىسىنى ، چۈش كۆرۈۋاتامسەن
يا ئۇنسۇرلارنىڭ يامان خىيالىنى قىلىۋاتامسەن ؟ مەن ساڭا دەپ
قوياي ، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن ، سەن مېنىڭ قول ئاستىمدا
مانا مۇشۇنداق ئىشلەيسەن ، قۇرتتەك يانجىلىسەن ، قۇللاردەك
خارلىنىسەن ، بىر ئۆمۈر كەتمەننىڭ قۇلى ، كېپىنەك كالىنىڭ
ھەمراھى بولۇپ ئۆتىسەن . ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، — دېدى
ئۇ قولىدىكى تاماكىنى كۈچەپ شوراپ كۆتىكىنى تاشلاپ ئۇنى
دەسسەپ مىجىۋەتكەندىن كېيىن ، بىگىز بارمىقى بىلەن بۇرنۇم-
نىڭ ئۇچىنى چېكىپ تۇرۇپ ، — ئەگەر سەن مەندىن كىچىككىنە
ئۆتۈپ كەتسەڭ ، مەن ئالا خۇرجۇننى مۈرەمگە ئارتىپ تاغ ئارقى-
سىغا كېتىمەن . تىلەمچىلىك قىلساممۇ مەيلى .

— مۇشۇ گېپىڭ راستمۇ ؟ !

— راست بولماي ئەمىسە .

— بوپتۇ ، مەن بۈگۈن ئۆلۈپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ ئاشۇ
ئۇچ مو يەرنى ئاغدۇرۇپ بولىمەن . لېكىن ، سەن مۇشۇ گېپىڭنى
ئېسىڭدە چىڭ تۇت جۇمۇ .

— گېپىمدىن يانمايمەن .

— بولدى كەتتىم ئەمىسە .

مەن كېپىنەك كالا بىلەن تاغىل كالىنىڭ بېشىنى
چاتتىم ـ دە ، بويۇنتۇرۇقنى ئىككى كالىنىڭ گەجگىسىگە ئورۇن-

لاشتۇردۇم . موللاقچى ساپاننى كۆتۈرۈپ كېلىپ بويۇنتۇرۇققا ئاستىم . «خەپ توختاپتۇر ، — دېدىم ئىچىمدە ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ ، — ئەمدى مەن چوڭ بولدۇم ، يىگىرمە ياشقا كىردى دېگەنلىك ئەقىل چىشى تولۇق يېتىلدى ، دېگەن گەپ . ئەمدى ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزسەم بولمايدۇ ، دادام دېگەندەك كىتابلىرىمە- نى ئەمدى ئوقاي ، ئۇكامنىڭ تولۇقسىزدىكى دەرسلىكلىرىنى يىغىپ قويغان ، شۇنى ئوقاي ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالىم بول- غىلى بولمامدۇ زادى . ئۇنى ئۆگىنىپ بولۇپ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ دەرسلىكلىرىگە قارايمەن . دادام دېگەندەك بىلىم خورىماس بۇلاق ، بىلىملا بولىدىكەن هامان ئەسقاتىدۇ . ئاشۇ ئاۋاق ئەترەت باشلىقى- نىڭ مېنى خورلاشلىرىغا پەقەت بىلىم بىلەنلا تاقابىل تۇرۇش مۇمكىنغۇ ؟ ئەمدى بىكار يېتىشقا ، تەقدىرىم مۇشۇكەن دەپ ئول- تۇرۇشقا بولمايدۇ . تۆت يىل مانا بىكار ئۆتۇپ كەتتى . نېمىگە قېيىداپ شۇنداق قىلدىم - هە ، ياق ، ياق ، مەن ئوقۇيمەن ، چوقۇم ئوقۇيمەن ، بىر زامانلاردا ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىهان بېرىپ ئۆتكەنلەر قوبۇل قىلىنىدىكەنتۇق . هازىر بۇ ئىشلار يوقاپ كەتتى . لېكىن ئۇ تۈزۈملەر ئەسلىگە كەلمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالاي- دۇ . دادام مانا ئەرەب ، پارس ، خەنزۇ تىللىرىغا پىشقان ئادەم بولغاچ ساۋاتسىز ئادەملەرنىڭ كۆرەش قىلىشلىرىغا تاقابىل تۇ- رۇپ كېلىۋاتىدۇ . ئەڭ مۇهىمى ئۇلارنىڭ قالايمىقان سورىغان سوئاللىرىغا رەددىيە بېرىپ ئۇلارنى بەكمۇ ئوسال ئورۇنغا چۈشۈ- رۈپ قويۇۋاتىدۇ . مېنىڭچە بۇلارنىڭ هەممىسى بىلىمنىڭ كۈچى ، ‹بىلىمسىز بىرنى يەڭسە ، بىلىملىك مىڭنى يېڭەر › دېگىنى مۇ- شۇغۇ ، مەنمۇ دادامغا ئوخشاش بىلىمنى كاللامغا چىڭ قاچىلىسام ئاشۇنداق نادانلارغا تەڭ كېلەلىگۈدەك ئادەم بولىمەنغۇ ئاخىر ... »

— بالام ، — تىترەڭگۈ ئاۋازدىن ئېسىمگە كەلدىم . يېنىمدا خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا سەمەت ماخۇ قاراپ تۇراتتى .

بۇ ئادەم ئەترەتنىڭ ئات ـ كالىلىرىغا قارايدىغان ، ئۆمرى مۇشۇ ئەترەتنىڭ ئات ـ كالىلىرى بىلەنلا ئۆتكەندى . ئۇ شۇ تاپ ئاق كۆڭلىكنىڭ پەشلىرىنى كۆك تامبىلنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان بولۇپ ، كىرلەشكەن كۆك بەلۋاغ ئاستىدا تامبىلنىڭ كۆك رەختتىن تىكىلگەن ئىشتان بېغى ساڭگىلاپ قالغانىدى . ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزى پۈرۈم - پۈرۈم قورۇقلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ ، ئاق ئارىلىغان ئۆچكە ساقىلى تارغاق تەگمىگەچكە چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى . بېشىدىكى كۆك جىيەكلىك ، يېشىل گۈللۈك دوپپىسى كىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقانىدى ، شالاڭ سىرىق چىشلىرى ئارىسىغا نان ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ قالغاچقا گەپ قىلغاندا گەپ بىلەن بىرلىكتە نان ئۇۋاقلىرى چاچراپ چىقىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . باشقىلارغا قارىغاندا ماڭا يامان ئەمەس مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز يېنىمدا پەيدا بولۇپ قېلىشى مېنى ئانچە ھەيران قالدۇرمىدى . چۈنكى بۇ ئادەم تولا ھاللاردا ماڭا دېھقانچىلىقنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ، تاپقا كىرمەيدىغان كېپىنەك كالىدەك مەخلۇقلارنى قانداق باشقۇرۇش ، ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى چۈشىنىش جەھەتلەردە كۆپ ياردەم قىلغانىدى .

— ياخشىمۇ ئۆزلە ، سەمەتاخۇنكا ،— دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ ، — بىرەر ئىشلىرى بارمۇ مەن قارىشىپ بېرىدىغان ؟

— يوقسۇ بالام ، — دېدى ئۇ بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزىنى ئېرتىپ تۇرۇپ ،— بايا ئېغىلدا تۇرۇپ ئابدۇلباست بىلەن دېيىشكەن گېپىڭلارنى ئاڭلىدىم . ئۇ نېمە ئۈچۈن سىزگە ئۆچلۈك قىلىدىغاندۇ ، دەپ ئىچىم پۇشاتتى . مانا ئەمدى بىلدىم ، ئۇ ئاشۇنداق قىساسى يامان بىر ئادەم . ئۇ ئۆزىگە پۈت ئاتقان ھەرقانداق ئادەمنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ . ئۆستەڭ ياقىسىدىكى ئۇ يەرنى سىز مۇشۇ ساپان بىلەن بىر كۈندە ئاغدۇرۇپ بولالمايسىز . مەن تۈنۈگۈن سامانلىقتا داتلىشىپ تۇر-

غان ھېلىقى ئىككى چاقلىق ئىككى چىشلىق ساپاننى رېمونت قىلىپ ئىشلەتكۈدەك قىلىپ قويدۇم . چىشلىرىغا قۇم قەغەز سۈرتۈپ پارقىرىتىپ قويدۇم . ئۇنىڭدا ساپاننىڭ تىيىز ياكى چوڭقۇر ئاغدۇرۇشىنى تەڭشىگىلى بولىدۇ . ئاشۇ ساپاننى ئېلىپ بېرىڭ بالام ، تىيىزراق ھەيدەشكە تەڭشەپ قويسىڭىز بۇ ئىككى كالا ئۇنى تارتىپ كېتەلەيدۇ . ئۆزىڭىز كالىلارنى يېتىلەپ تاپقا چۇشۇرۇپ ماڭسىڭىزلا بولىدۇ . ئاشۇ ساپان بىلەن كەچكىچە چوقۇم ئۇ يەرنى ھەيدەپ بولىسىز ، بالام .

— رەھمەت ئاكا ، رەھمەت ، — دېدىم مەن بىئىختىيار ھالدا ئۇنىڭ يىرىك قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ، — سىلىگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى زادى بىلەلمىدىم . خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن ، تەنلىرىنى ساق قىلغاي ئاكا .

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ ، بالام ، دادىڭىز ياخشى ئادەم . ھازىر خاتالاشتى دەپ بۇ يەرگە چۈشۈرۈپ قويغان بىلەن ھامىنى ئۇنى بۇ يەردىن ئاچىقىپ كېتىدۇ . كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ بالام ، بۇنداق كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمايدۇ . ئەلمىساقتىن تارتىپ نادانلار-نىڭ ياخشىلارنى بوزەك قىلىشى بولۇپ كەلگەن ، لېكىن ئۇنداق ئىشنىڭ ئۆمرى كوتا ، ياخشىلار ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى تېپىشى بەرھەق ئىش ، بۇ ۋاقىت مەسىلىسى بالام .

مەن ئاددىي بىر دېھقاننىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ ھېكمەت-لەرگە ھەيرانلىق بىلەن قۇلاق سالماقتىمەن . توۋا ، بىر ئۆمۈر ئات - كالىلارنىڭ تۇيىقى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭلار ئارىسىدا ياشاپ ئۆتكەن ئادەمنىڭ دېگەن گەپلىرىگە قارىغىنە ، مۇشۇ ئادەمدىمۇ ئۇمىد دېگەن تولۇپ يېتىپتۇ . مەن مۇشۇ ئادەم ئالدىدا بىر بىچارە قۇشقۇ ؟ ئۇنىڭ سۆزلىرى دادام كۈندە تەكرار-لايدىغان سۆزلەرنىڭ داۋامىغۇ ؟

مەن شۇ كۈنى ھەقىقەتەن ئاشۇ ئۈچ مو يەرنى ئاغدۇرۇپ بولدۇم . ئەتىسى ئەتىگەن مەندىن ھېسابات ئېلىشقا كەلگەن ئاب-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دۇلباسىت يەرنى ھەيدەپ بولغانلىقىمغا تازا ئىشىنەلمەي تۇرۇپ كەتتى .

— راست ھەيدەپ بولدۇڭمۇ ؟— دېدى ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ .

— راست بولماي ئەمىسە ، خاننىڭ بۇيرىغىنىنى بەجا كەلـتۈرمەي ھەددىممۇ مېنىڭ .

ئۇ يۈگۈرۈپ ئات ئېغىلىغا كىرىپ ، كۆل رەڭ يورغىنى ئاچىقىپ ياۋىداق مىندى ـ دە ، ئاتنى چاپتۇرغىنىچە ئەترەت قورۇسىدىن چىقىپ كەتتى . مەنمۇ كالىلارنى ھەيدەپ قوشچىلارغا ئەگەشتىم . قورۇ ئىچىدە سەمەتاخۇن بىر خىل زوقمەنلىك بىلەن ماڭا قارىغىنىچە پىخىلداپ كۈلدى . مەنمۇ تۇنجى قېتىم يۈرىكىم قېتىدىن چىقىرىپ بىر قېتىم كۈلدۈم .

ئابدۇسالام خاتىرىنى يېزىپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، تۇيۇقسىز ئىشىك ئالدىدىكى ئۈجمىنىڭ ئاچىماق ياغىچىدا ئۇخلايدىغان چار خوراز سوزۇپ چىللاشقا باشلىدى . دېمەك ، باش توخۇ مەزگىلىـگىچە ئۇ خاتىرە يازغان ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىگەنىدى . ئۇ چارچىغانىدى ، خاتىرە يېزىۋېتىپ ئۆزىنىڭ چارچىغانلىقىنى ئۇنۇـتۇپ قالغانىدى . مانا ، باش توخۇ مەزگىلىگىچە شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالغان خاتىرىسىنى قولىغا ئېلىپ ئابدۇلباسىتـنىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى خاتىرىگە چۈشۈرگەندىلا ، ئۆزىنىڭ چارچىغانلىقىنى ، لېكىن مۇشۇ خاتىرە يېزىش بىلەن ئۆزىدىكى تۆت يىللىق چارچاشنىڭ بىردىنلا يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىـنى ھېس قىلدى . ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ بايىلا سېلىپ قويغان يوتقىنىغا كىردى ـ دە ، ئۇخلىسىغا ياتتى . قاراڭغۇ ئۆي ، ھەممىلا يەردىن قاراڭغۇلۇقنىڭ قورقۇنچلۇق ھىدى كېلىپ تۇراتتى . تۇڭـلۇكتىن ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . يۇلتۇزلار گويا ئابـدۇسالام ئۈچـۈن يورۇقلۇق بەرمەكچىدەك سۇس جىـمىرلايتتى . تاڭ يورۇشقا يەنە بىرەر سائەتتىن ئوشۇقراق ۋاقىت

بار ئىدى . لېكىن ئۇنىڭغا ئۇيقۇ يامىشمىدىغاندەك ئەمەس . توغرا ، ئۇ كىتابلارغا قارىسا ياكى ، كىتابلاردىن تەسىرات ، ياكى تۇرمۇش خاتىرىسى يازغان چاغلىرىدا مۇشۇنداق كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى . بىر قېتىم دادىسىنىڭ ئىشكاپىدىن بىر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىۋىدى ، كىتاب ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى . جاھاندا مۇشۇنداق ئىشلارمۇ بولغانىكەن ھە ، ئەسەرنىڭ ئاخىرى قانداق بولار ، ئازراق ئوقۇيچۇ ، ئۇ ئۆزىنى ماگنىتتەك چاپلىۋالغان بۇ كىتاب بېتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمىدى ، راستىنى ئېيتقاندا ئۇ ئەسەردىكى پاۋىل كورچاگىن ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى . ئۇنىڭ تەقدىرى زادى قانداق بولار دېگەن ۋەسۋەسىلىك خىيال ئۇنى زادىلا ئۇخلاتمىدى .

— ئەمدى ئۇخلا ، بولمىسا ئەتە ئورنىڭدىن تۇرالمايسەن ، — ئاپىسى ئۇنىڭ قولىدىن كىتابنى ئېلىۋېلىپ كىتاب ئىشكاپىغا سېلىپ قويدى ، — سائەت ئون ئىككى بولدى .

— ئاپا ، يەنە بىردەم ئوقۇۋالايچۇ .

— بولمايدۇ ، بۇنداق ئوقۇساڭ كۆزۈڭنى كېرەكتىن چىقىرىۋېتىسەن .

چىراغنى ئۆچۈرۈپ چىقىپ كەتكەن ئانا تاشقىرىقى ئۆيدە غودۇڭشىغىنىچە يېتىپ قالدى .لېكىن ئابدۇسالامنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ، ئۇ پاۋىل كورچاگىننىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن ، ساپ دىل ، سەمىمىيلىكىدىن ، قەيسەرلىكىدىن سۆيۈنگەنىدى . كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتمىگىچە ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدىغاندەك ئەمەس . ئۇ ئالاھازەل يېرىم سائەت ئەتراپىدا ياتقاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى . ئىشىكنى چىڭراق يېپىپ قويۇپ ئاستا چىراغنى ياندۇردى . تاشقىرىقى ئۆيدىن سادا يوق ، دېمەك ئانا ئۇخلىغانىدى . ئۇ ئىشكاپتىن كىتابنى ئالدى ــ دە ، قايتا ئوقۇشقا باشلىدى . كىتابنى پۈتۈنلەي ئوقۇپ تۈگەتكەندە ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى . ئۇ ئۇن چىقارماسلىققا تىرىشتى-

يۇ ، لېكىن ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان يىغا ئۇنىڭ رايىغا باقمايتتى . كۆز ياشلىرى كىتاب مۇقاۋىسىنى ھۆللىگەنىدى . شۇ چاغدا يىراقتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى . دېمەك ، تاڭ يورۇش ئالدىدا تۇراتتى . ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا كىردى . لېكىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي قاچقانىدى .

مانا ، ھازىرمۇ ئوخشاش ھالەت . تاڭ يورۇشقا يەنە بىر سائەت بار . ھېلىلا تاڭ يورۇيدۇ ، قوشچىلار باشلىقى ئەسئەت ئاكا ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقىدۇ . ھەر كۈنى ئۇ سەھەردە ئىشقا مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ئىشقا مېڭىشنى تاپىلاپ ئاندىن كېتىدۇ . ئابدۇسالام بۇ يېڭى ئۆيدە ئۆزىگە ئايرىم بىر ئۆينى ئىبلىۋالغانىدى . ئابدۇسالام كېلىپ ئىككىنچى يىلى ئەترەت ئۇلارغا يېڭى ئۆي ئورنى كېسىپ بەرگەنىدى . ئۇلار ئىشتىن سىرت بىرەر ئاي كېسەك تۆكۈپ مۇشۇ بەش ئېغىزلىق ئۆينى سېلىۋالغان ، دادىسى ئابدۇساھىپ چوڭ ئوغلى ئۈچۈن مۇشۇ بىر ئېغىز ئۆينى ئاتاپ يول ياقىسىغا سالدۇرغان . مەقسەت ئىشتىن سىرتقى چاغلىرىدا كىتاب ـ ماتېرىيال كۆرسە ، ئۆگىنىش قىلسا ، كېيىنرەك جاھان ئوڭشىلىپ قالسا بىرەر مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇسا ، دېگەنلەرنى ئارمان قىلىپ كەلگەن ئاتىسىنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك ئىدى . لېكىن ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا تېخى دەپتەر ـ قەلەمنى قولىغا ئالغىنى يوق . سەھرا ئىشى دېگەن جاپالىق ، بولۇپمۇ قوش ھەيدەش ، ھارۋا بىلەن ئېتىزغا ئوغۇت توشۇش بىر كىچىك بالا ئۈچۈن ھەقىقەتەن جاپالىق ئىشلار ئىدى . شۇڭا ئۇ ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە پۈت ـ قوللىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ، قورسىقىنىڭ ئېچىپ كولدۇرلاپ كەتكەنلىكىنى ، بىلىنىڭ بولسا چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى . ھېرىپ ـ چارچىغان ئادەمگە نېمە خۇشياقىدۇ دەيسىز ، ئۇ زاغرا ناننى چوڭ گەردىن چىنىغا چىلاپ ، ئېرىتىلگەن قويرۇق مايدىن بىر قوشۇق سېلىپ ئۈستىگە قايناقسۇنى

قوياتتى ـ دە ، بىردەم تۇرغۇزۇپ ئۇماچتەك ئېزىلىپ كەتكەن نانىى سۇمۇرۇپ ـ يالماپ ئىچىپ يوتقانغا ئارانلا ئۇلگۇرەتتى . مانا ياش چوكايغانچە بولۇپمۇ ئون سەككىزدىن ئاشقاندىن كېيىن بۇ ئىشلارمۇ ئانچە ئېغىر كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى . بەلكىم ئىشقا كۆنگەن ئادەم شۇنداق بولىدىغاندۇ ياكى كىچىكلىكتىن چوكايغان بولغاچ ئىشلار ئېغىر كەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندۇ ، ھەر ھالدا ئۇ ھازىر دېھقانچىلىققا ، بولۇپمۇ تۆت يىلدىن بۇيان تەكرارلىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئىشلەش ئۇسۇلىغا كۆنۈپ كەتكەندەك تۇراتتى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ سېپى ئۆزىدىن دېھقان بولۇپ كەتكەندى . شۇكا ئۇنىڭ بۇندىن تۆت يىل ئىلگىرىكى مەن ئوقۇيمەن دەپ مەيدە مۇشتلاشلىرىمۇ ئۆز بېسىقىغا چۈشكەن ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانىدى . لېكىن ئابدۇل- باستىنىڭ ھېلىقى سۆزى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى . ئۇنىڭ ئۆزىنى مەڭسىتمىگەندەك ۋارقىراشلىرى ، ئورۇق بارمىقىنىڭ ئۇچىنى كۆرسىتىپ «ئەگەر سەن مەندىن مۇشۇنچىلىك ئۆرلەپ كەتسەڭ مەن ئالا خۇرجۇننى ئارتىپ تاغ ئارقىسىغا كېتىمەن» دەپ كېتىشلىرى ئۇنى قايتا ئويلىنىشقا سالغانىدى . توغرا ، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك ؟ «ئۆزمە پىش ، ئاغزىمغا چۈش» دەپ يېتىۋەرگەن بىلەن ھېچكىم ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ . ئۆز تەقدىرىمنى زادى قانداق ئۆزگەرتىشىم كېرەك ، ئاشۇ ئابدۇلباستىتىن زادى ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك ؟ خاتىرەمگە يازدىم- غۇ ، ئۆگىنىشىم كېرەك ، بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆز تەقدى- رىمنى ئۆزگەرتىشلا مېنىڭ چىقىش يولۇم .

ئابدۇسالام ئۆز خىياللىرىنى مۇشۇنداق جۈملىلەرگە جەملى- گىنىدە تاڭ يورۇغانىدى . ئەمدى ئۇ ئۇخلىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . بىر كېچە ئۇخلىمىغان بولسىمۇ ئۇ ناھايىتى روھلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

ئىشكنى ئېچىپ تالادا دادىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.
— ئەتىگەن تۇرۇپسەنغۇ، بالام، — دېدى ئابدۇساھىپ كۆك چاپىنىنىڭ ئۇستىدىن قارا بەلۋېغىنى چىگىۋېتىپ.
— ئەتىگەنرەك ماڭاي دېيىشكەن، — دېدى ئابدۇسالام ئىشىك يېنىدىكى چۆگۈننى قولىغا ئېلىۋېتىپ، — جاھان قىزىپ كەتكۈچە خامانىنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى بوغداي ئېتىزىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى دېيىشىدۇق.
— چايدانغا قايناق سۇ ئېلىپ قويدۇم. ۋاي، كۆزۈڭ قىزىرىپ كېتىپتىغۇ، نېمە بولدى؟!
— ھېچنېمە دادا.
— قاپاقلىرىڭ ئىششىق، كىتاب كۆرگەن ئوخشىمامسەن؟
— خاتىرە يازدىم دادا، دەرد - پىغانلىرىم يىغىلىپ قاپتىكەن. شۇنى يازدىم.
— قالايمىقان گەپلەرنى يېزىپ يۈرمە، بالام، خەق كۆرۈپ قالسا بېشىڭغا بالا بولىدۇ. بولسا ئۆگىنىش قىل، بالام. دەرسلىك كىتابلارنى كۆر دەپ نەچچە ئېيتتىم ساڭا، ئۈمىد بىلەن ياشا، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە، ئادەمنى ئۈمىد ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ. جاپانىڭ تېگى ئالتۇن. ھازىر جاپا تارتساڭ، جاپالىق ئۆگىنىش قىلساڭ ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان چاغ ھامان كېلىدۇ، بالام. مەن ئىشقا ماڭدىم ئەمىسە.
ئابدۇسالام چۆگۈننى تۇتقىنىچە دادىسىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. كونىرىغان كىيىملەر ئارىسىدا تولىمۇ ئاۋارە كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەم بىر ئۆمۈر بىلىم ئېگىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئادەم. ھازىر يېزىدا ئېغىر ئەمگەكلەر ئارىسىدا يانجىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇ بالىلىرىنىڭ تەقدىرىدىن دائىم ئەنسىرەپ تۇرسىمۇ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشنى ئېسىدىن زادىلا چىقارمايدۇ. بەش بالىسىنىڭ چوڭى ئابدۇسالام ئوقۇيمەن دەپلا يۈرگىنىدە مانا يېزىغا

چۈشۈش ، چېنىقىش دېگەن سەۋەب بىلەن دېھقان بولۇپ قالدى .
ئىككىنچىسى ئارمان خەنزۇچە ئوقۇغاچقا يېزىغا چۈشكەندە خەنزۇ-
چە مەكتەپ بولمىغاچقا ئوقۇشسىز قالدى . ئۈچىنچىسى ئادىل
بىلەن تۆتىنچىسى ئالىم مەكتەپتىن قېچىۋالدى . پەقەت كەنجىسى
ئايگۈللا ناھايىتى ياخشى ئوقۇۋاتقاندەك قىلىدۇ . ئۇنىڭ كىتابقا
ئۆزىنى ئۇرۇشلىرى ، بىلمىگەننى بىلىۋالمىغۇچە پارتىدىن قوپ-
ماسلىقلىرى خۇددى ئاكىسى ئابدۇسالامنىڭ ئۆزى ، قارىغاندا مۇ-
شۇ چوڭى بىلەن ئەڭ كىچىكى بولسىمۇ ئوقۇشنى مۇرادىغا يەتكۈ-
چە ئوقۇۋالسا دېگەن ئارزۇ ئاتىنى ئۈمىدلەندۈرەتتى . ئۇ ئاشۇ
ئارزۇدا بۇ ئىككى بالىسىنى ئۈمىدلەندۈرەتتى .

ئابدۇسالام دادىسىنىڭ ئاشۇ ئۈمىدىنى ھازىرغىچە چۈشەنگى-
نى يوق . مانا ، ئۇ ھەقىقىي ئويغانغاندەك تۇرىدۇ . چۈنكى ئۇ
خورلۇق ئىچىدىن ئۆزىگە يول ئىزدەشنى ئۆگەنگەنىدى . ئۇ دادى-
سىنى خىيال بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپ ئالدىراپ يۈزىنى يۇيدى .
سەھەرنىڭ ساپ ۋە سالقىن ھاۋاسى دىلنى مەستخۇش قىلغۇدەك
راھەت ۋە يېقىملىق ئىدى . ئابدۇسالام تۇنجى قېتىم بۇ ساپ
ھاۋانى ھېس قىلغاندەك ھاۋانى ھىدلىغىنىچە كۆزىنى يۇمدى .
تومۇر - تومۇرلىرىغىچە سىڭىۋاتقان بۇ غايىبانە ، راھەتلىك سې-
زىم تەسىرىدىن بەدەنلىرى يېنىك سىلكىنىدى . يىراقتىن كاككۇك
ئاۋازى ئاڭلاندى ، ئۇنىڭ ھەر بىر قېتىم «كاككۇك» دەپ ساي-
راشلىرى كىشى قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك يېقىملىق ھەم
سۇزۇك ئىدى .

— ۋاھ ، بۈگۈن باشقىچىغۇ ،— قوشچىلار باشلىقى ئەسئەت-
نىڭ ئاۋازى ئابدۇسالامنى بۇ راھەتلىك دۇنيادىن ، خىيالىي سې-
زىم ئىچىدىكى ھۇزۇرلۇق بەختتىن قايتۇرۇپ كەلدى . ئۇ كۆزى-
نى ئاچقىنىدا ئالدىدا سۇر ئېشەككە مىنىۋالغان ئەسئەت قامچىسى-
نى مۈرىسىگە سالغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . تاقىر بېشى-
دىكى قارا جىيەكلىرى سۆكۈلگەن مېغىزرەڭ گۈللۈك دوپپىسىنى

ئاق شاپاق دوپپا ئۈستىگە قوندۇرۇۋالغان بۇ ئادەمنىڭ قولىدا هازىرلا تۇتاشتۇرۇلغان موخۇركا بار ئىدى . ئۇنىڭدىن كۆپكۆك ئىس ئاستا لەيلەپ چىقىپ هاۋاغا كۆتۈرۈلمەكتە . ئەمدىلا قىرىق ياشتىن ئاشقىنىغا قارىماي قويۇۋالغان كەكە ساقىلى ئۇنىڭ چارلاشقان قوغۇندەك قورۇق چۈشكەن چىرايىغا ماس كەلگەچكە ئۇنى ئاتمىشتىن ئاشقان ئادەم ئىسكەتىگە كىرگۈزۈپ قويغانىدى . ئۇنىڭ تۇغۇمچان خوتۇنى يىلدا دېگۈدەك بىرنى تۇغۇپ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بالىغا توشقۇزۇۋەتكەنىدى . ئالدى ئون بەش ياشتىن كەينى ئىككى ياشقىچە بولغان سەككىز بالا مانا مۇشۇ ئاتىنىڭ نان تېپىپ بېرىشىگە موهتاج بولغاچقىمۇ بۇ ئادەم تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى . ئامال بار بىر كۈنلۈك ئىشنى هۆددىلەپ قىلىشنى ياقتۇراتتى . مانا مۇشۇنداق بولغاندا ئۇ بىر كۈنلۈك ئىشنى يېرىم كۈندە تۈگىتىپ قايتا ئىشلەشكە ۋاقىت چىقىرالايتتى . ئۇنداق بولغاندا ئۇ بىر كۈندە ئون — ئون بەش نومۇرغا ئىشلەپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئازراق هەسسە قوشالايتتى . بۇنداق ئەمگەك كۈچى ئاز ، ئادەم سانى كۆپ ئائىلىلەر يىل ئاخىرىدىكى تەقسىماتتا ئۆزىگە قانچىلىك قەرز ئارتىلغانلىقىنى بىلىپ قويسىلا كۇپايە ئىدى . ئۇنىڭ قەرزى هازىر ئۈچ خانىدىن تۆت خانىغا سەكرەپ كەتكەنىدى .

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئوغۇللىرىم چوڭ بولسا ئاشۇ قەرزلەرنى ئۈزۈپ تەقسىمات ئالىمەن ،— دەيتتى ئۇ بالىلىرىدىن ماختىنىپ ،— بەش ئوغلۇم بار ، بەشى ئىشقا چۈشۈپ كەتسە ، ياستۇقنى بېشىمغا تىرەپ قويۇپ ياتساممۇ بولىۋېرىدۇ .

— ئاشۇ بالىلىرىڭ ساڭا ئەسقېتىپ ئىشلەپ بەرگۈچە ئۆزۈڭ تۆت پۇكلىنىپ قالارسەنمىكىن ،— دەيتتى مەهەللە مويسىپىتلىرى ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ ،— ئون جاننى باقماق ئەمەس ، هازىر ئىككى جاننى باقىلى بولمايۋاتسا . ئىشلەيمىز ، ئىشلەيمىز ، كۈزدە تەقسىمات دەيدۇ . تەقسىماتتا قورۇق دەپتەر

ۋاراقلايدۇ . ئەترەتكە زادى كىرىم بولماي چىقىملا بولۇۋاتقاندەك ، نېمە گەپ بولۇپ كەتتى هازىر .

— مۇنداق ئەپقاچتى گەپ قىلىشمايلى تۇغقانلار ، — دېدى بىرەيلەن ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ، — هازىر تام قۇلاقلىق بولۇپ قالغان جاهان . سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ ئىشىمىزنى قىلايلى . تەقسىمات بولسا بولار ، بولمىسا هەر ئايدا ئاشلىق بېرىۋاتقاندىكىن ئاچ قالمىساقلا بولدى ئەمەسمۇ .

مانا مۇشۇنداق گەپلەر ئابدۇسالامنى ئويلاندۇرىدۇ ، خىيال دېڭىزىدا ئۈزدۈرىدۇ . تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئەترەت ئېتىزلىرىدىن چىقىۋاتقان بۇغداي ، قوناق ، تېرىق ، ئارپا قاتارلىقلارنىڭ خامان-دىن ئەترەت ئىسكىلاتىغا بىر قىسمى توشۇلغاندىن باشقا قالغان ئاشلىقنىڭ هەممىسى ناهىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈل-دىغانلىقىنى ، بۇنىڭغا نەق پۇل ئالىدىغانلىقىنى ، يەنە ئالىلىقاندىق دېھقانچىلىق مەهسۇلاتلىرىنىڭ بازارغا ئاچىقىلىپ سېتىلىدىغانلى-قىنى ، لېكىن بۇ پۇللارنىڭ ئاشۇ پوندىلەك كاسسىر ، بوغالتىر-لارنىڭ دەپتەرلىرىگە پۈتۈلگەن بىلەن يەنە ئالىلىقاندىق باهانە سە-ۋەبلەر بىلەن يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ زادىلا چۈشەنمەيتتى .

— خىيال بېسىپ قاپتىغۇ سىېنى ، جىگدە پۇراپ قاپسەن جۇمۇ ، — ئابدۇسالام شۇندىلا ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ بايىقى گېپىگە جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى هېس قىلدى .

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ ، ئەسئەتكا ،— دېدى ئابدۇسالام قولىدىكى چۆگۈننى يەرگە قويۇپ ،— جىگدە پۇرايدىغان ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتكەنمىكىن دەيمەن . مانا بۇ يىل تاق يىگىرمە ياشقا كىردىم ئەمەسمۇ .

— تازا پۇرايدىغان ۋاقتىڭ بۇ ، هاڭۋېقىپ تۇرماي ئىتتىك-رەك بار ، — ئۇ ئېشەككە بىر قامچا سېلىپ ئەترەت قورۇسى تەرەپكە كېتىپ قالدى .

ئابدۇسالام ئۆيگە كىردى . ئۇكىلىرى تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى .

ئانىسى تىللاخان ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرغان بولسا كېرەك ، بېشىغا چىگىۋالغان ياغلىقنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى .

— ئەسئەتاخۇنغۇ بايىقى ئادەم ،— دېدى تىللاخان ئابدۇسا-لامغا قاراپ .

— شۇ .

— بىچارە ئادەم بەك جاپاكەش جۇمۇ ، ئاشۇ جاپا ئۇنى قېرىتتى ، نان چىلاپ بېرەيمۇ ، بالام .

— بولدىلا ، ئازراق ناشتا قىلىپلا ماڭاي ، يانچۇقۇمغا بىرەر پارچە نان سېلىۋالارمەن . قورساق ئاچقاندا بىرەر چىشلەم نان بىلەن ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچىۋالساملا بولىدىكەن .

بەش قوشچى ، بەش جۈپ كالا ھالسىرىدى . خامانىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بۇغداي ئېتىزى ئالاھازەل ئون مو ئەتراپىدىكى يەر ئىدى . ئۇلار كۈن چىقىشتىن بۇرۇن يېتىپ كېلىپ مۇشۇ نىمى كېتىش ئالدىدا تۇرغان يەرنى ئاغدۇرۇۋاتىدۇ . خامانىنىڭ شەرقىدىكى يەرمۇ ئوخشاشلا بۇغداي ئېتىزى ، ئۇ يەرمۇ مۇشۇ يەر بىلەن بىللە سۇغىرىلغان . بۈگۈن ئۇ يەرنىمۇ ئاغدۇرۇۋەتمىسە ئەتىگىچە ئۇ يەرمۇ نىمى تارتىلىپ ھەيدەش قىيىنلىشىدۇ . شۇڭا ئەسئەت باشچىلىقىدىكى بەش قوشچى بۈگۈن باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا كۆپرەك ئىشلەش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ . ئۇلار يەرنىڭ يېرىمى ئاغدۇرۇلۇپ بولغاندا بىر قېتىم دەم ئېلىپ ئاز - تولا قورساقلىرىنى ئەستەرلىۋالدى . خاماندا 28 تىپلىق تراكتور بىر - بىرىگە چېتىلغان ئۈچ تۇلۇقنى سۆرىگىنىچە يۇمىلاق دائىرە ئىچىگە يېيىتىلغان بۇغداي ئۈنچىسى ئۈستىدە چۆرگىلىمەكتە . بىغەم تراكتورچى تراكتورنى ئۆزىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان دېھقان بالىسىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى خامانىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى كىچىك ئېرىق بويىدىكى سۆگەت سايىسىدە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى . خاماندا ئىشلەۋاتقان بىر نەچچە ئەر - ئايال تۇلۇق ئاستىغا ئۈنچە تاشلىماقتا . تراكتور تاتىلداپ خۇددى جۇ-

ۋازنىڭ كالىسىدەك چۆرگىلىمەكتە . ئۇنچىدىن قاڭسىق ، دىماغنى غىدىقلىغۇچى سىبرىق تۇمان كۆتۈرۈلمەكتە . خامانىنىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدە ئەتىگەنكى شامالدا سورۇپ سامىنىدىن ئايرىپ چەش-لەنگەن بۇغداي بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا چەشتىن ئايرىلغان سامان دۆۋىلەنگەن . سامان توشۇيدىغان هارۋىغا بىرەيلەن ناهايىتى يوغان چاپچا بىلەن سامان قاچىلاۋاتاتتى .

— بولۇڭلار ، كۈن تىكلىشىۋاتىدۇ . هاۋا قىزىپ كەتكۈچە ماۋۇ يەرنى تۈگىتەيلى ،— ئەسئەتاخۇن ئورنىدىن تۇردى . يۇلغۇن تايىقىغا پىگىلو هارۋا چاقىنىڭ قىرىدىن ئالاهازەل ئەللىك سانتى-مېتىر ئەتراپىدا كېسىپ سىم بىلەن يۆگەپ ئورناتقان قامچىسىنى قولىغا ئالغان ئابدۇسالام كالىلىرىغا قارىدى . هېرىپ ئاختارمى-لىقتا يېتىۋالغان كېپىنەك كالىنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئابدۇسالامى-نىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى . لېكىن ئىچ ئاغرىتقان بىلەن ئۇنى قوشتىن ئازاد قىلغىلى بولمايدۇ . مانا ئالدىدا يەنە يېرىم كۈنلۈك ئىش ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى . ئۇ قامچىسى بىلەن كېپىنەك كالىنىڭ كاسىسىغا بىرنى سالدى .

— هوششە ، هۇرۇن لالما ،— دېدى ئۇ زەردە بىلەن .

قامچىنى تولا يەپ كاسىسى پىشىپ كەتكەن كېپىنەككە بىر قامچا كار قىلمىدى .

— هوششە دەيمەن سېنى ،— ئابدۇسالام زەردە بىلەن يەنە ئىككى قامچا سالدى . بۇ قامچا تەسىر قىلدىمۇ ئەتىمالىم كېپىنەك خۇشياقمىغاندەك مىدىرلاپ ئورنىدىن تۇردى . يان كالا ياتمىغاچقا بويۇنتۇرۇق قاتلىشىپ قالغانىكەن ، ئابدۇسالام ئۇنى تۈزەشتۈر-گىچە قالغانلار تاپقا چۈشۈپ يەر هەيدەشكە باشلىغانىدى .

— هوششە ، تاپ ،— ئابدۇسالام ساپاننى كۆتۈرۈپ تاپقا چۈشۈردى . كالىلار ئېرەنسىزلىك بىلەن قىمىرلىدى ، — هوششە دەيمەن ، — ئىككى كالىنىڭ كاسىسىغا كۈچەپ ئۇرۇلغان قامچا ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنى تېزلەتتى .

www.uyghurkitap.com

خاماننىڭ غەربىدىكى بۇ يەر ھەيدىلىپ بولغاندا كۈن رەسمىي تىكلەشكەندى . تونۇر تەپتىدەك ئىسسىق ئىقىم ئۇلارنى چىپ ـ چىپ تەرلەتكەندى . ئەمدى ئۇلار كالىلارنى خاماننىڭ شەرقىگە ئۆتكۈزۈپ ساپاندىن چىقىرىپ ئۇلارغا ئەترەتنىڭ بېدىلىكىدىن ئورۇپ كەلگەن بېدىلەرنى تاشلاپ بەردى . ئاندىن ئۆزلىرىمۇ ئۆي-لىرىدىن ئالغاچ چىققان نانلىرىنى ئېرىقتىكى سۇغا چىلاپ يەپ سۆگەت سايىسىدە ئـارام ئېلىشتى . شۇتاپ ئابدۇسالام ئۆزىنىڭ ھارغانلىقتىنمۇ ياكى بىر كېچە ئۇخلىماي چىققانلىقى ئۈچۈنمىكىن بىر نەم يەرنى تېپىپ يېتىۋالغۇسى كېلىپلا تۇرغان-لىقىنى ھېس قىلدى ، ئۇيقۇ لەشكىرى ئۇنىڭغا ئەمدى ھۇجۇم قىلغانىدى .

— ھوش ، ھوش ، ھوش دۆيۈزلەر ،— ئەسئەت ئاكىنىڭ ئاۋازى ئابدۇسالامنى چۆچۈتتى . ئەسئەت ئاكىنىڭ كالىسى توپ-توغرا خامان تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنى خامان سىرتىغا ھەيدەش ئۈچۈن يۈگۈرگەن ئەسئەت ئاكا خامان بۇرجىكىدىكى تۇلۇققا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى . خاماندىكىلەر ئاللا ـ چۇقان بىلەن سۇپۇرگە ، ئارىلىرىنى كۆتۈرۈپ چەش تەرەپكە قاراپ كېلە-ۋاتقان كالىلار تەرەپكە يۈگۈردى . كالا دېگەن ئاجايىپ ھايۋان ، بىرى يول باشلاپ ماڭسا كەينىدىكىلەرگە ۋارقىراش ھاجەتسىز ، ئاشۇنىڭ كەينىدىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ مېڭىۋېرىدۇ . مانا ئەس-ئەت ئاكىنىڭ كالىسى ساپاننى سۆرەپ خامانغا مېڭىۋىدى ، ئۇنىڭ كەينىدىكى قالغان كالىلارمۇ تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتى .

— ئاپلا ، گەپ ئاڭلايدىغان بولدۇق ،— يۈگۈرۈپ كالىلار-نىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ كېپىنەك كالىنىڭ بېشىغا قامچا بىلەن سالغان ئابدۇسالام ئۆزىنىڭ كالىلىرىنى توختىتىپ قېلىشنى ئويى-لىدى . چۈنكى ئالدىدىكى تۆت قوشچى نېمىلا قىلمىسا بەرىبىر ئادەتتىكى ئەزالار ، لېكىن ئابدۇسالام ئوخشاشمايدۇ ، ئۇ دېگەن قاشقىسى بار ئادەم . گەپمۇ ، دەردمۇ ئوڭايلا چاپلىشىدۇ .لېكىن

كېيىنەك كالىلىقىنى قىلدى. بايا چارچاپ يېتىۋالغان بىلەن چەشنىڭ پۈرىقى جانلاندۇردىمۇ، ئەتىمالىم ئۇمۇ كالىلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ساپان خامانىنىڭ قىرىغا سانجىلىپ بولۇپ چىقىپ كەتتى، ئەمدى ۋاقىت ئۇنىڭغا قاراپ تۇرمايتتى، چاققانلىق قىلمىسا گەپنىڭ ئاچچىقىنى ھېلى ئاڭلايدىغان گەپ، ئۇ چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىغا كەلگەن بۇ خىيالنىڭ تۇرتكىسىدە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆز كالىلىرىنى خامان سىرتىغا ئاچچىقىشنى ئويلىدىيۇ ئۇلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ساپان خامانىنى جىجىماقتا، تاپقا چۇشمەيدىغان كالىلارنىڭ قەدەملىرى تېزلەشمەكتە، ئۇ ئالدىغا قارىدى. ئالدىدىكى تۆت جۈپ كالا خاماندىكىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، قوشچىلارنىڭ ساۋاشلىرى بىلەن خامانىنى ئوتتۇردىن كېسىپ شەرق تەرەپكە ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇلارنىڭ كالىلىرى سۆرەپ كېتىۋاتقان ساپانلار بۇغداي ئۇنچىلىرىنى سۆرەپ كېلىپ سامانغا، سامانىنى سۆرەپ كېلىپ چەشكە ئارىلاشتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئابدۇسالام بۇ كۆرۈنۈشتىن داڭ قاتتى. شۇ ھامان كاللىسىغا ئەقىل كەلدى. ساپاننى كۆتۈرۈۋېلىش كېرەك.

ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە سۆرىلىپ كېتىۋاتقان ساپاننى تۇتۇپ ئۇنى كۆتۈردى. بويۇنتۇرۇق كەينىگە تارتىشتى. لېكىن ئۇ يەر ئاغدۇرۇلغاندەك ئۇنچە چىڭ ئەمەس ئىدى. ساپان يەرگە سانجىلماي يەردىن يېرىم مېتىر كۆتۈرۈلگەن ھالدا لەيلەپ كېتىۋاتاتتى.

— ياشا ئابدۇسالام، ھەقىقىي ئەركەككەنسەن.

— كىچىك بولغان بىلەن ئەقلى باركەن.

— ماۋۇلار چەشنى ھارام قىلدى مانا.

ئابدۇسالامنىڭ قۇلىقى ئەتراپىدا ھەر خىل ئاۋازلار جاراڭلايتتى. ئۇ چىپ - چىپ تەرلىگەن ھالدا كالىلار بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ ساپاننى كۆتۈرگىنىچە خاماندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بىر تەرىپى بويۇنتۇرۇققا ئۇلانغان ساپاننى مۇنداق ھاۋادا لەيلىتىپ كۆتۈرۈپ ماڭماقنىڭ تەسلىكىنى پەقەت ئابدۇسالاملا ھېس قىلالىدى.

خاماندىن ئۆتۈپ بولغاندا ئۇ ساپاننى يەرگە سانجىدى . بويۇن-تۇرۇق تېخىمۇ چىڭ تارتىشتى . كاللار تىرەجەپ بېقىپ توختاپ قالدى . ئۇلار ھارغانىدى ، لېكىن ئۇلارغا قارىغاندا ئابدۇسالام بەكرەك ھارغانىدى . شۇنچە چوڭ خاماننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكۈچە ئۇ ساپاننى كۆتۈرۈپ ئۆتىمەن دەپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغانىدى .

— ئۇھ ،— دېدى ئۇ قامچىسىنى يەرگە تاشلاپ ئۆزىمۇ ئېتىز قىرىغا يانپاشلاپ يېتىۋېتىپ ، — ئەجەب ھاردىما .

— ئاپلا ،— دېدى ئەسئەت ئاكا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ،— خاماننىڭ ساتمىسىدا ئەترەت باشلىقى باركەن ئەمەسمۇ ، ئۇ زەھەرنى چاچىدىغان بولدى ئەمدى .

ئابدۇسالام خاماننىڭ ساتمىسى تەرەپكە قارىدى . ساتمىدىن چىققان ئابدۇلباسىت خۇددى كۆمۈردەك قارىدىغان ھالدا قوشچىلار تەرەپكە قاراپ يۇگۈرگەندەك كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى مېڭىشلىرىدىن ، چىرايىنىڭ تۈتۈلۈپ قارىداپ كېتىشلىرىدىن خېلىلا ئاچچىقلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

«ئەمدى ماۋۇ دېۋەڭگە بىر تېتىيدىغان بولدى . ھەممىدىن بەك ئاشۇ ئەسئەت ئاكىمىزغا چىچىلىدۇ . ھەي ، كاللىڭىزنى باشقۇرۇپ خاماننىڭ سىرتىدا ماڭغان بولسىڭىز باشقىلارمۇ شۇنداق ماڭاتتى . مەنمۇ ساپان كۆتۈرمەن دەپ مۇنچە ھېرىپمۇ كەتمەيتتىم» ئابدۇسالام شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ئابدۇلباسىتنىڭ مېڭىشلىرىغا قارىغىنىچە سەل ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى .

— قوپە ، ھەي ئۇنسۇرنىڭ بالىسى ،— ئۇدۇللا ئابدۇسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىغان ئابدۇلباسىتنىڭ تۇيۇقسىز تەپكەن بىر تېپىكى ئابدۇسالامنى دىڭگىدە چۆچۈتۈۋەتتى ،— ئىشنى تېرىپ قويۇپ لالىيىپ ياتىسەنغۇ ؟ !

— ھە ، نېمە بولدى ؟— دېدى ئابدۇسالام تېرىككەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ،— گەپنى ئاۋۇلارغا قىلماي ، نېمانداق...

— ساڭا قىلماي كىمگە قىلىمەن ئۇنسۇرنىڭ بالىسى، — دېدى ئابدۇلباست ئابدۇسالامنىڭ يانپىشىدىغا يەنە بىرنى تېپىپ، — مانا قارا، خاماننى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتىڭ. چەشنى سامانغا، ساماننى ئۇنچىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتتىڭ. قولۇڭدىكى ماۋۇ داداڭنىڭ بىر نېمىسى بولمىغاندىكىن كالىلىرىڭنى خامان سىرتىغا ھەيدىسەڭ بولمامدۇ.

— نېمە دەيسەن زادى، — ئابدۇسالام دادىسىنىڭ بىر نېمىسىگە ئوخشىتىۋاتقان ھېلىقى يۇلغۇن ساپلىق قامچىسىنى ئېلىپلا ئورنىدىن تۇردى، — خاماننى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتكەن ئاۋۇلار، مەن ساپاننى كۆتۈرۈپ ئۆتتۇم. مۇشۇنداق گەپكە قالماي دەپ ساپاننى كۆتۈرۈپ كالىلار بىلەن تەڭ يۈگۈردۈم، بىلىپ قوي، ئىشەنمىسەڭ خاماندىكىلەردىن سورا.

— نېمىشقا سورايدىكەنمەن، بايا ساتىمدا ئولتۇرۇپ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان تۇرسام، سەن تېخى يەنە بۇرنۇمغا چالما تىزىپ قىلغان گۇناھىڭنى باشقىلارغا ئارتىپ قويماقچىمۇسەن ۋۇ ئۇنسۇرنىڭ بالىسى، خاماندىكى بارلىق زىياننى سەن تۆلەيسەن.

— ئۇنداق ئادەم بوزەك قىلما، ئابدۇلباست، — دېدى ئابدۇسالام چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ھەي، قېرىنداشلار، گەپ قىلساڭلارچۇ، مەن ساپاننى كۆتۈرۈپ ئۆتتۇمغۇ.

قوشچىلار بۇ ئىشتىن ئۆزلىرىنىڭ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خۇش بولدىمۇ ئەتىمالىم ئابدۇسالامنىڭ يالۋۇرۇشىنى ئاڭلىمىغاندەك، گويا مۇشۇ يەردە، ئۆزىنىڭ يېنىدىلا ئىككى ئادەمنىڭ دېيىشىۋاتقانلىقىنى كۆرمىگەندەك كالىلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىنى تۈزەشتۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولۇشۇۋاتاتتى.

— قېرىنداشلار دەپ قوي تېخى، — دېدى ئابدۇلباست ئابدۇسالامغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، — ئۇلار قانداق بولۇپ سېنىڭ قېرىندىشىڭ بولىدۇ. سەن دېگەن ئۇنسۇرنىڭ بالىسى، ئۇلار بىلەن قېنىڭ مەڭگۈ قوشۇلمايدۇ. ئۇقتۇڭمۇ، ئۇنسۇرنىڭ

بالىسى ، ھەي ئەمەت ، بۇياققا كېلىپ ماۋۇ ئۇنسۇرنىڭ بالىسى سالغان زىياننى ھېسابلا .

— ماڭا ئۇنداق تۆھمەت چاپلىما ، ئۇ ئىشنى مەن قىلمىدىم ، — دېدى ئابدۇسالام ئاچچىقتىن غال ـ غال تىترىگەن ھالدا ، — سەن قەستەن مەن بىلەن قېرىشىپ مۇشۇنداق قىلىۋاتىسەن . ئىشەنمىسەڭ ئاۋۇ خاماندىكىلەردىن سورا ، مەن ساپاننى كۆتۈرۈپ ئۆتكەن .

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ ، مەن بۇ ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم دەۋاتىمەن ساڭا ، — دېدى ئابدۇلباسىت يەرنى تېپىپ تۇرۇپ ، — سەن خاماندىن ساپىنىڭنى سۆرىتىپ ئۆتۈپ مۇشۇنداق مالىماتاڭ قىلىۋەتتىڭ .

— قارا چاپلىما دەيمەن ، ھېلى بىكار ، — دېدى ئابدۇسالام ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ .

— ھە ، ھېلى بىكار دەيسىنا ئۇنسۇرنىڭ بالىسى ، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ گېپىڭ ئەجەب چوڭغۇ سېنىڭ ، مۇشۇنداقلا قىلىدىغان بولساڭ داداڭنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ بوينۇڭغا تاختاي ئېسىپ تۇرغۇزۇپ قويىمەن . ئۇ چاغدا سېنى ئۆزىدىن ئۇنسۇر بولىسەن جۇمۇ ، ھۇ ئۇنسۇرنىڭ بالىسى ، — ئابدۇلباسىت ئالدىدا چىشلىرىنى كاراسلىتىپ تۇرغان ئابدۇسالامنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى ، — تېخى مېنىڭ ئالدىمدا ھېلى بىكار دەيدا ماۋۇ ئۇنسۇرنىڭ...

— مانا ئۇنسۇرنىڭ بالىسى دېگەن ، — ئابدۇلباسىتنىڭ ئۇرۇپ ـ تىللاپ كېتىشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قىر بېشىغا چىقىۋالغان ئابدۇسالام قولىدىكى يۇلغۇن ساپلىق قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئابدۇلباسىتنىڭ يۈزىگىلا سالدى . گېپىنى تېخى ئاخىرلاشتۇرمىغان ئابدۇلباسىت قامچا زەربىسىدىن ۋاي دېگىنىچە بۇغداي ئېگىزىغا گۈپپىدە يىقىلدى . ئابدۇسالام ئايىغى ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان بۇ ئادەمگە مۇنداقلا قاراپ چۆچۈپ كەتتى . چۈن-

ـكى ئېگىز ئۇستىدە سۇنايلىنىپ ياتقان ئابدۇلباستىنىڭ بېشىـ
ـدىن ، يۇزىدىن ئەيتاۋۇر ھەممىلا يېرىدىن قان ئېتىلىپ چىقىۋاتـ
ـقاندەك قىلاتتى . شۇ تاپ ئۇنىڭ بۇغداي ئېگىزىغا يانتۇ چۇشكەن
بېشى خۇددى گوداڭغا چۇشۇپ كەتكەن قوي كاللىسىدەك قىپقىزـ
ـزىل قانغا بويۇلۇپ كەتكەن بولۇپ ، ئېگىزلىق تەرەپكە ساقىغان
قان ئادەم تېنىنى شۇركۇندۇرگۇدەك سۇرئەت بىلەن يېيىلماقتا
ئىدى .

ئابدۇسالام بۇ كۆرۈنۈشتىن بىرەر شۇملۇقنىڭ ئالامىتىنى
سەزدى ـ دە ، قولىدىكى قامچىسىنى يەرگە تاشلاپلا ئېتىزلىقنى
بويلاپ مەھەللە تەرەپكە يۈگۈردى .

— ئادەم ئۆلدى ،— كىمنىڭدۇر ۋارقىرىشىدىن خامان لەرـ
ـزىگە كەلدى . ئۇنچىنىڭ ئۇستىدە بىر دائىرىنى ئايلىنىپ چېپىپ
كېتىۋاتقان تراكتورمۇ ، خامانچىلارنىڭ قىيقاس ـ سۇرەنلىرىمۇ
بىر پەسكە توختاپ قالغاندەك بولۇپ قالدى . شۇ تاپ يۈگۈرۈپ
كېتىۋاتقان ئابدۇسالامنىڭ قۇلىقى گاس ، كۆزى كۆرمەس بولۇپ
قالغاندەك ئىدى . ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر داڭگالغا پۇتلىـ
ـشىپ يىقىلىپ چۇشتى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە قارىدى .
بايا ئۇ ئابدۇلباستىقا بىر قامچا سالغان جاي ھازىر ئادەملەر
قورشاۋىغا ئايلانغانىدى .

«قاچ ئابدۇسالام ، قاچ ، سەن بىر ئادەم خۇنىغا قەرزدار
بولدۇڭ ،— ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلاپ يۈگۈرگىنىچە
ئۆيىگە يېتىپ كەلدى ـ دە ، ۋېلىسىپىتىنى ئېلىپ يولغا چىقـ
ـتى ،— توختا ، خەت يېزىپ قوياي ، گۇناھ مەندە ئەمەسلىكىنى
يازاي . »

ئۇ يۈگۈرگىنىچە ئۆيىگە كىردى . خاتىرە دەپتىرىدىن بىر
ۋاراق يىرتتى ـ دە ، ئالدىراپ مۇنۇلارنى يازدى .

«دادا ، ئاپا ، بىلىپ قىلىڭلار ، ئەسلى گۇناھ مەندە ئەمەس
ئىدى ، بۇنى خاماندىكىلەر ئوبدان بىلىدۇ . مەن ساپاننى كۆتۈرۈپ

ئۆتكەن، ئابدۇلباسىت مېنى بىھۇدە قارىلاپ ئىككى تېپىك، بىر شاپىلاق ئۇردى. ئاچچىقىمغا پايلىماي مەنمۇ بىر قامچا ئۇردۇم. لېكىن گۇناھ مەندە ئەمەس، ئۇنىڭدا. خەير، مەن كەتتىم. ئابدۇسالام.»

ئۇ يۇگۇرۇپ چىقىپ ۋېلىسىپىتىنى مىندى ـ دە، بازار تەرەپكە قاراپ چىپىپ كەتتى. «مەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. لېكىن گۇناھ مەندە ئەمەس» ئابدۇسالامنىڭ كاللىسى گاراڭلاشتى. ۋېلىسىپىت پېدالى ئالدىراپ تېپىلمەكتە. «تېز قاچاي، ھېلىلا خەلق ئەسكەرلىرى قوغلايدۇ. ئۇلار تۇتۇۋالسا مېنى ئېتىدۇ. ئۇلارغا تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۇچۇن تېز قاچاي» ئابدۇسالام پېدالنى كۇچەپ تەپمەكتە. ۋېلىسىپىت توپىلاڭ سەھرا يولىدا غىچىرلاپ ئۇچماقتا. ئۇنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق تۇمان ئەتراپقا ئېرەنسىزلىك بىلەن يېيىلماقتا.

ئۇ بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ چىققاندا پۈتۈن ئەزايىدىن خۇددى يامغۇر سۈيىدەك تۆكۈلگەن تەردىن ئۇنىڭ كۆڭلىكى چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى.

— موما، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا قېرىغانچە ۋىجىلداپ كېتىۋاتقان مومىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ، — مەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويدۇم.

— ۋاي توۋا خۇدايىم، نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ بالا، سەن قانداق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويىسەن، جېنىم بالام، — مومىسى ئابدۇسالامنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا قاردى، — نېمە بولدى بالام؟ چاقچاق گەپ قىلە.

— مەن ھېلىقى ئابدۇلباسىتنى بىر قامچە سېلىپلا ئۆلتۈرۈپ قويدۇم موما، مەن قاتىل بولۇپ قالدىم ئەمدى.

— ۋاي نېمە دەيدىغانسەن بالام، ئۆلۈپ قالغىنى راستمۇ؟ نېمىشقىمۇ ئۇنداق ئاچچىقىڭنى يامان قىلغانسەن، بىر قامچىدا ئادەم ئۆلمەيدۇ بالام.

— راست، بىر قامچا بىلەن تىك موللاق چۈشتى. بېشىدىن

جاقىراپ قان ئېقىۋاتىدۇ ، قورقۇپ كەتتىم موما .
— نېمىشقا ئۇرىسەن ، بالام ؟
— ماڭا قارا چاپلاپ تىللىدى ، ئۇردى ، موما . ئۇنىڭ قىلـ-
غانلىرىغا چىدىمىدىم . ئادەم دېگەننى مۇشۇنداق يالغان گەپ بىلەن
خورلىسا بولامدۇ زادى . خورلۇققا چىدىمىدىم .
— ئەمىسە ، تېز قاچ بالام ، بۇ يەردىمۇ تۇرما ، ئۇنىڭ
قولچوماقلىرى هازىرلا چىقىدۇ بۇ يەرگە . يىراققا كەت ، توختا
بالام ، مەن بوۋاڭنىڭ سومكىسىدىن پۇل ئېلىپ بېرەي ، بوۋاڭ
نامازغا چىقىپ كەتكەن .
مومای كارىۋات ئۇستىدىكى پورتمالنى ئاختۇرۇپ بىر كويـ-
لۇق ، ئىككى كويلۇق پۇللارنى جەملەپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .
— تۇته بالام ، ئاران يىگىرمە كوي باركەن ، شۇنىڭ بىلەن
بىر ئىش قىلارسەن بالام . يىراققا كەت ، تارانچىغا بار بولمىسا .
ئابدۇسالام مومىسى بەرگەن پۇلنى ئىشتان يانچۇقىغا سېلىپ
سىرتقا چىقتى . مومىسىنىڭ تارانچىغا كەت دېگەن سۆزىنى ئويلاد-
دى . توغرا ، تارانچى كۆمۈر كانى يوشۇرۇنغىدەك يەر جىق جاي .
ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يەردە تاغىسى ۋە دوستلىرى بار . شۇلارنىڭكىدە
پاناهلىنىش كېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# توققۇزىنچى باب يوقالغان ئىز

«تاغدا يولۋاس بولمىسا، مايمۇن پادىشاھ بولۇپتۇ»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

خامان بىر دەمدىلا پاتپاراق بولۇپ كەتتى. تراكتورنىڭ ئۈچ چاتما تۇلۇقىنىڭ تىنماي چۆرگىلىشىدىن چەتكە چىقىۋاتقان ئۇن-چىسىنى ئوتتۇرىغا تاشلاۋاتقانلار، بايا ساپان سۆرىتىپ ئۆتكەنلىك-تىن چېچىلىپ كەتكەن چەشنى غۇدۇراپ تورۇپ يىغىۋاتقانلار، لىق بوغداي ئۇنچىسى بىسىپ، ھارۋىسىنى ئىككى يانغا لەپپەڭشىد-تىپ خامانغا كېلىۋاتقان ھارۋىكەشلەر، ئەيتاۋۇر خاماندىكى ھەم-مەيلەن بۇ تاسادىپىي ۋەقەدىن مەڭدەپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى توختىتىپ ئابدۇلباسىت يىقىلغان يەرگە يۈگۈرۈپ كېلىشتى، جۇۋازغا قاتقان كالىدەك بىر دائىرىنى چۆرگىلەپ بوغداي يانجى-ۋاتقان تراكتور پۇشۇلداپ توختىدى. ساتمىدا ئارام ئېلىۋاتقانلار، ئىشنى ئۆزلىرى تېرىپ قويۇپ ھازىر ھېچنېمە بىلمەس بولۇۋال-غان قوشچىلار ئابدۇلباسىت يىقىلغان جايغا توپلىشىپ ئۇنى چۆ-رىدەپ ھەر خىل مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدى.

— ئۆلۈپ قالمىغاندۇ ھە؟!
— شۆپۈك ئېغىزلىق قىلماڭلار.
— قولى قانلىق بالىكەنغۇ، شۇنداقمۇ ئۇرغان بارمۇ ھە.
— يۆلەپ بېقىڭلارچۇ سادىغاڭ كېتەيلەرەي...
— خارتىلداۋاتىدۇ، بېشىنى كۆتۈرسەڭلارچۇ؟
— نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟! ئويۇن كۆرۈۋاتقان ئوخشى-مامسىلەر،— تۇيۇقسىزلا توپ ئارىسىدا پەيدا بولۇپ قالغان سە-

لەي سېكرېتار ۋارقىرىغىنىچە توپلىشىۋالغانلارنى تۈرتۈپ ـ سىلـ.
ـكىپ يۈرۈپ ئابدۇلباسىت ياتقان جايغا كىرىپ كەلدى ـ دە ،
زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تېخىچە قان چىقىپ تۇرغان بېشىغا
قارىدى ـ دە ، ۋارقىرىدى ،— ۋۇ لامزەللە تۈزكورلار ، بىر ئادەم
مايەردە ئۆلەر ھالەتتە ياتسا سىلەر بىلەتسىز ئويۇن كۆرۈشۈۋاتامـ.
ـسىلەر . ھە ، بولۇڭلار تېز ، ئاۋۇ رىزۋان دېگەن يالاڭ ئاياغنى
چاقىرىڭلار ، ئاۋۇ بىكار تەلەپ تراكتورچىنى ئويغىتىـڭلار ،
ئـەترەت باشلىقىنى دوخـتۇرخانىغا ئاپـارسۇن . قېنى سەن ھەي
رىزۋان…

— مانا مەن ، — شامالباغدىكى بىردىنبىر يالاڭ ئاياغ دوخـ.
ـتۇر رىزۋان تـوپ ئارىـسىغا سىغدىلىپ كىـرىۋېتىپ توۋلىۋەتـ.
ـتى ، — ۋاي خۇدايىم ، مۇنداقمۇ ئۇرغان بارمۇ ، سېكرېتار ، مەن
بۇنداق چوڭ ئىشنى بىر تەرەپ قىلالمايمەن . يارا ئېغىزى بەك
چوڭكەن ، تىكىش كېرەك ئۇ يەرنى .

— ھەي ، سېنىڭ نەرىڭ دوختۇر ، مۇشۇنىڭ نېنىنى يەۋاتقان
ئادەم بولغاندىكىن قاننى بولسىمۇ توختاتامسەن ، — دېدى سەلەي
سېكرېتار ئاچچىقلانغان ھالدا ، — شۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمىـ.
ـساڭ سەن قانداق دوختۇر يا قانسىراپ ئۆلسۇن دەمسەن ئۇنى .

— سومكام ساتمىدا قالغانتى ، شۇنى ئەكېلەي ، ھە ياق ،
سېكرېتار ، بولسا ئەترەت باشلىقىنى تراكتور بىلەن گۇڭشې دوخـ.
ـتۇرخانىسىغىلا ئاپىرايلى . يارا ئېغىزىنى تازىلاش بىلەن قان
توختىتىشنى تراكتوردا قىلغاچ ماڭاي .

— تېز بولۇڭلار ئەمىسە ، — ئۇ ئابدۇلباستىنىڭ بېشىنى
يۆلەپ بىلىكىگە ئالدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى چىرايى ھەقىقەتەن
قورقۇنچلۇق بولۇپ خۇددى گوداڭغا تاشلانغان كاللىدەك قانغا
مىلەنگەن چاچلىرى چىگىشلىشىپ كەتكەنىدى . يۈز قىسمىمۇ قانغا
بويالغاچقا يارىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىپ بولمايتتى . تۇيۇقـ.
ـسىز ئۇنىڭ كۆزى لاپپىدە ئېچىلدى ، ئۇ بېشىنى يۆلەپ تۇرغان

ئادەمنىڭ سەلەي سېكرېتار ئېكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن بىر نەرسە دېمەكچى بولغاندەك ئېغىزىنى ئۇمەللىدى .

— نېمە گېپىڭ بار ، دېگىنە ؟— دېدى سەلەي سېكرېتار ئۇنىڭ ئاغزى ئەتراپىدىكى قاننى يېڭى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ .

— جېنىم سېكرېتار ،— دېدى ئابدۇلباسىت چىڭقىلىپ تۇ-رۇپ ، — ھېلىقى ئۇنسۇر ، قېچىپ ... كەتمىسۇن . ئۇنىڭ ... نىيىتى يامان... .

— خاتىرجەم بول ، ئۇ ھېچيەرگە كېتەلمەيدۇ ، — دېدى سېكرېتار چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن ئۇنىڭ كۆزى ئەتراپىدىكى قان-نى ئېرتىپ تۇرۇپ ، — سېنى رىزۋان ھازىرلا دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ . ياخشى بولۇپ كېتىسەن . باشقا ئىشلارنى ئويلىما ، قېنى سەن ھەي تراكتورچى ؟ !

— كەلدى ، كەلدى ، ئەنە ، — دېيىشتى تۇرغانلار تاتاتلاپ يېتىپ كەلگەن تراكتورغا يول بوشاتقاچ .

خامانىنىڭ بۇرجىكىگىلا توختىتىلغان تراكتوردىن سېمىزلى-كىدىن قورسىقى ھامىلىدار ئايالدەك يوغىناپ كەتكەن شوپۇر قېيۇم تراكتور ئاۋازىنى پەسەيتىپ يەرگە چۈشتى .

— كوزۇپنى چاتامسەن ، — دېدى سەلەي سېكرېتار ئۇنىڭغا قاراپ .

— كابىنكىغىلا سالايلى ، — دېدى ئۇ ئابدۇلباستقا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ، — كوزۇپ بىلەن ماڭساق تېز ماڭغىلى بولمايدۇ .

— رىزۋانمۇ بارىدىغان تۇرسا .

— ئۈچ ئادەم كەڭرى پاتىدۇ . قېنى سالايلى ، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر ، — ئۇلار شوپۇرنىڭ دەۋىتى بىلەن ئابدۇلباستنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ كابىنكىغا چىقاردى . كىرىست بەلگىلىك سومكى-نى كۆتۈرگەن يالاڭ ئاياغ دوختۇر رىزۋان كابىنكىغا چىقىپ 28 تىپلىق تراكتورنىڭ چاقى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئورۇندۇقتا ئول-تۇردى .

— ئاستىراق ھەيدە ، سىلكىنىپ يەنە قان جىق چىقىپ كەتمىسۇن . گۇڭشې دوختۇرخانىسى بىر ئىش قىلالمىسا ناھىيىگە ئاپىرىڭلار ،— دېدى سەلەي سېكرېتار شوپۇرغا تاپىلاپ .

— بولىدۇ ،— شوپۇر قېيۇم مايىنى كۇچەي بېسىپ تراكتور-نى پاقىلدىتىپ خاماندىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ يولغا چىق-تى - دە ، توپا توزۇتقان ھالدا كېتىپ قالدى .

— بۇ قانداق گەپ ئۆزى ،— دېدى سەلەي سېكرېتار ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن قوشچىلارغا قاراپ ، — ھە ، ئابدۇلبا-سىتنى ئۇرغان ئادەم نەگە كەتتى ؟ !

— قاچتى ،— دېدى ئەسئەتاخۇن ئۇنىڭ قامچىسىنى قولىغا ئېلىپ ، — بىر قامچا سېلىپلا ئەترەت باشلىقىنى پوكلا يىقىتتى ، ئۇ يىقىلىشى ھامانلا قاچتى . مانا مۇشۇ قامچا بىلەن ئۇردى . بۇنى قامچا ئەمەس ، تۆمۈر كالتەك دېسىمۇ بولىدۇ . قارىسىلا سېكرې-تار ، پىگىلو ھارۋا چاقىنىڭ قىرى بۇ ، ئىچىدە گاڭ سىم بار .

— بىلىۋاتىمەن ، گەپنى سوزماي نەق گەپ قىلە ، ئۇلار زادى نېمىدەپ ئۇرۇشتى ؟

— خاماننى بۇزدۇڭ ، چەشنى سامانغا ئارىلاشتۇردۇڭ دەپ ئۇرۇشتى شۇ ،— دېدى ئەسئەتاخۇن سەل دېلىغۇل بولغان ھالدا پەسكويىغا چۈشۈپ .

— قوشچىلار خاماندا نېمە ئىش قىلىدۇ زادى ، — دېدى سەلەي سېكرېتار ئاچچىقىدا يەرنى تېپىپ تۇرۇپ ،— ھە ، ئېيتە ، سىلەر نوچىلارزە يوغان ئىش قىلىۋەتكەندەك خاماننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئوخشىمامسىلەر ؟ !

— ھە ، بىز…

— توغرا ، بۇلار خاماننى كېسىپ ئۆتتى ،— دېدى بىر ئايال چىرقىراق ئاۋازدا ،— ساپاننى سۆرىتىپ ئۆتۈپ ھەممە يەرنى مۇشۇنداق مالىماتاڭ قىلىۋەتتى . چەشلەرنى چېچىپ ، ساماننى مەڭگەنگە ئارىلاشتۇرۇپ ، ئەنە قارىسىلاچۇ ، بىر چىرايلىق خاماز-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى جىجاپ ئوخشىتىشۇەتتى مانا .

— كىم سىلەرنى خامانىنى كېسىپ ئۆتسۇن دەپتۇ ھە ، — دېدى سەلەي سېكرېتار ئۇلارنى ئۇرۇۋېتىدىغاندەك دېۋەيلەپ تۇ-رۇپ ، — قايسى دېھقان ساپاننى خامانغا ئەكىرىپ باققان ھە . پېتىر قولاق گۈينىڭ بالىلىرى . ئابدۇسالام دېگەن ئۇنسۇرنىڭ بالىسىغۇ كىچىك ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەھرا ئىشلىرىنى تۈزۈك چۈشەنمەيدۇ . سەنچۇ ، ئەللىككە تاقاپ قالغان ئادەم خاماندىن قوشنى ھەيدەپ ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن ھە ؟ ! توختاپ تۇرۇش ، بۇ ئىشنىڭ سورىقىنى كېيىن ئايرىم قىلىۋالى-مەن تېخى . ھەي ، قېنى سەن غاپپار ، ماۋۇ شادا پاچاق مۇشۇنداق چاغلاردا نەگە كېتىدىغاندۇ .

— مانا مەن سېكرېتار ، — ئورۇق ، ئېگىز ، ئورا كۆز غاپپار ماش رەڭ ھەربىي كىيىم كىيگەن ھالەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى .

— ئەسكەرلىرىڭ قېنى سېنىڭ ، — دېدى سېكرېتار غاپپارغا قاراپ ، — خەلق ئەسكەرلىرى بىزنىڭ ئامانلىقىمىزغا مەسئۇل دەپ ئۇچىگگە ئىشلىمىسەڭمۇ كۆنگە نومۇر يېزىۋاتىمىز . ماڭە تېز ، ئاۋۇ ئىككى نان قېپىنى تېپىپ ھازىرلا ئابدۇسالام دېگەن لۈكچەك ئۇنسۇرنى تۇتۇپ كېلىڭلار . ھېلىقى كۆتۈرۈۋالغان كۆ-سەيلىرىڭلاردا ئوق بارمۇ زادى ؟

— ئوق بار سېكرېتار ، ئوقى يوق نېمىنى ئادەمنىڭ كۆتۈر-گۈسى كەلمەيدىكەن ، شۇڭا تونۇگۇن ئېت ئاتىمىز دەپ گۇڭشې-دىن ئون پاي ئوق ئەكەلگەن .

— ھەيۋە قىلىشقىلا ئىشلىتىڭلار جۇمۇ ئوق دېگەننى ، يەنە ئۇنى ئېتىپ قويۇپ خۇن تۆلەيدىغان ئىش بولمىسۇن ، ئۆيىدە بولمىسا ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىڭلار ، ھە راست ، بازاردىكى مومىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىڭلار .

— ماقۇل ، ھازىرلا ماڭايلى ، — ئۇ ئىتتىك مېڭىپ خاماد-

ـدىن يىـراقلاشتى . ئۇ بايا ئابدۇلباسىتنى تراكتورغا سالغان چاغدا
يىـراقتىـن كۆرگەنىدى . ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرىنىڭ كۈچسىزلىـ
ـكىدىن ، بەدىنىگە ساقىپ چۈشۈۋاتقان قانىنىڭ دەھشەتلىك كۆرۈ-
نۈشىدىن ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنىدى . يېنىدا تۇرغانلاردىن
سوراپ ئۇنى ئابدۇسالامنىڭ ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويغانلىقىنى ئاڭ-
لاپ تېخىمۇ چۆچۈدى . چۈنكى ئۇ ئابدۇسالامنىڭ كىچىكىدىن
تارتىپلا چامباشچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگەنگەنلىكىنى ، خام كېسەكنى
بىر قولىدا تۇتۇپ يەنە بىر قولى بىلەن بىر ئۇرۇپلا خۇددى قىلىچ
بىلەن بىر نەرسىنى چېپىپ ئۈزۈۋەتكەندەك تۇپتۇز كېسىۋېتىدىـ
ـغان ماھارىتىنىڭ بارلىقىنى ، ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلىشىپ قالغان
كىشىنىڭ ئادەتتە زىيان تارتىپ قالىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان . ئەتـ
ـرەتتە خەلق ئەسكەرلىرى گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندا غاپپار مۇشۇ
ئابدۇسالامنى ئۆزلىرىگە چامباشچىلىق ھۈنىرى ئۆگىتىپ قويۇشقا
تەكلىپ قىلماقچىمۇ بولغان ، لېكىن ئابدۇلباسىتنىڭ قاتتىق قار-
شىلىقىغا ئۇچرىغانىدى .

— بىر ئۇنسۇرنىڭ بالىسى سىلەرگە چامباشچىلىق ئۆگىتەمـ
ـدۇ ؟ ھېي ، مۇنداق گەپنى سەن نەدىن ئۆگەندىڭ غاپپار ، سېنىڭ
مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈنلا خەلق ئەسكەرلىكتىن قالدۇرۇۋەتسەم بولاتـ
ـتى . خەير ، ئۇقۇشماي دەپ قويدۇڭ بۇ گەپنى ، ھازىر دۆلىتىـ
ـمىزدە سىنىپىي كۈرەشنىڭ بىزنىڭ مۆلچەرىمىزدىكىدىنمۇ بەكـ
ـرەك كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك .

غاپپار ئابدۇسالام ئۈچۈن گەپ قىلغىنىغا راستتىنلا پۇشايـ
ـمان يېدى . چۈنكى ئۇ مۇشۇ ئورنىنى ساقلاپ قالمىسا بولمايتتى .
ئۇ گەرچە سەھرا بالىسى بولسىمۇ ، لېكىن سەھرانىڭ ئىشلىرىغا
تازا چىداپ كېتەلمەيتتى . شۇڭا ئۇ بۇ ئىشتىن ئايرىلىپ قالسا
ئېتىز ئىشىغا چىدىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە ئۇقۇشماي

ئابدۇسالامنى بۇ ئىشقا سايە قىلغىنى ئۇچۇن كېيىنكى سىياسىي ھاياتىدا چاتاق چىقىشىدىن، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئىشىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. لېكىن بۇ ئىشلار ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئابدۇلباستىمۇ، غاپپارمۇ بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئېلىشمىدى. لېكىن غاپپار ئابدۇسالامنى كۆرسە خۇددى ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك قىزىرىپ، تاترىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن ئابدۇسالام ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا كۈلۈپلا قويدى. چۈنكى ئۇ مۇشۇنداق بىر خىيالى بارلىقىنى ئۆزىگە دېگەندىلا كۈلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئەخمەقلەرچە خىيالىغا رەددىيە بەرگەنىدى.

— سەن ئەخمەق، تازىنىڭ خىيالىنى قىپسەن غاپپار،— دېگەنىدى ئۇ ئاچچىق كۈلگەن ھالدا،— بىر كەنتنىڭ ئامانلىقىنى، سىياسىي داۋالغۇشىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان سەندەك خەلق ئەسكەرلىرىگە مەندەك تەركىبى ناچار ئادەم گۇمپا ئۆگەتسە قانداق بولىدۇ. ياخشىسى بۇ گېپىڭنى ھېچكىمگە دېمە.

— گۇمپا ئۆگەنسەك ھەرقانداق ئىشقا تاقابىل تۇرغۇدەك قابىلىيەت يېتىشىدۇ دېگەن گەپ، بۇنىڭ نەرى خاتا.

— ئۇنسۇرنىڭ بالىسىدىن گۇمپا ئۆگىنىش خاتا. چۈنكى مەن سىلەرگە گۇمپىنى خاتا ئۆگىتىمەن.

ئۇ چاغدا غاپپار قېنى كۆرەرمىز دەپلا قويغانىدى، مانا ئەمدى بۇ ئىش توغرۇلۇق ئابدۇلباستتىن دەككىسىنى يېدى. بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۇ ھەتتا خۇدۇكچان بولۇپمۇ قالدى. مانا ئەمدى بۈگۈن ئاشۇ ئابدۇسالامنى تۇتۇش ۋەزىپىسى ئۆزىگە تاپشۇرۇلدى. ئۇنى تۇتۇشنىڭ ئۆزىمۇ مۇشكۇل ئىش، سېكرېتار ئېيتتىغۇ، ئۇنى ئېتىپ قويۇشقا بولمايدۇ دەپ. قولىمىزدا قورال بولغاندىكىن بىر ئىش قىلارمىز زادى. لېكىنزە…

غاپپار ناهايىتى تېزلا سەپداشلىرى — روزى بىلەن ئايۇپنى ئەترەتنىڭ بېغىدىن تاپتى . ئۇلار مىلتىقلىرىنى يېنىغا قويۇپ مېۋىسى ئاقىرىشقا باشلىغان ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا خۇددى بۆشۈكتىكى بوۋاقتەك ناهايىتى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى ، ئۇلار غاپپار-نىڭ قالايمىقان توۋلىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى . ۋەزىيەتنى ئاڭلاپ جىددىيلەشتى ، نەيزىلىك بەش ئاتار مىلتىقنى مۇرىسىگە ئېسىپ ئەلپازى بۇزۇلغان هالدا ئابدۇسالامنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى . بۇ چاغدا كۈن چۈشتىن قايرىلغان بولۇپ ئەزالار چۈشتىن كېيىن-كى ئىشقا چىقىش ئالدىدا تۇرغانىدى . ئۇلار ئابدۇسالامنىڭ يول تەرەپكە قارىغان قوش قاناتلىق ئىشىكىنى تاراقشىتىپ ئېچىپ هويلىغا كىرىپ كەلگىنىدە ، تىللاخان هويلىدىكى يازلىق ئوچاق ئالدىدا ئاش يۇقى چىنىلەرنى يۇيۇۋاتاتتى .

— ئابدۇسالام نەدە ؟ ! — غاپپار مۇرىسىدىكى مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ دېرىزىلەردىن ئىچىگە سىنچىلاپ قارىغاچ سورىدى .

— نېمە بولدى سىلەرگە بالام ؟ ئابدۇسالامنى ئىزدەپ نېمە قىلىسىلەر ؟ ئۇ بۈگۈن چۈشتە ئۆيگىمۇ كەلمىدىغۇ ،— دېدى تىللاخان جىددىيلەشكەن هالدا .

— يالغان سۆزلىمە ،— دېدى غاپپار مىلتىقنىڭ زاتورىنى شاراقشىتىپ هەيۋە قىلغان هالدا ،— قارىغاندا ئابدۇسالامنى بىر-رەر يەرگە يوشۇرۇپ قويغان ئوخشىمامسىلەر هە . بىلمەيۋاتامسەن تېخى ، ئابدۇسالام هازىر قاتىل بوپقالدى . ئۇ ئابدۇلباسىت ئەت-رەت باشلىقىنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قاپتۇ . قان نېمىكەن ئۇ ، هازىر ئەترەت باشلىقىنى دوختۇرخانىغا ئەكەتتى ، مانا ئابدۇسالام قېچىپ كەتتى . شۇنداق چوڭ ئىشنىمۇ بىلمەسكە سېلىپ...

— ۋاي ، ۋاي ، غاپپار ، قارا...

غاپپار ئالدىغا قاراپ تىللاخاننىڭ يان تەرەپكە قىيسىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى - دە ، ئۇنىڭ بىلىكى-

www.uyghurkitap.com

ـدىن تۇتتى . لېكىن ئىللاخاننىڭ پۇتى جانسىزلىنىپ غاپپارنىڭ تۇتۇشلىرىغىمۇ قارىماي ئوچاق يېنىغا قىيسىيىپ قالدى .

— ماۋۇ ئۇنسۇرنىڭ خوتۇنى يالغاندىن هوشىدىن كەتكەن بولۇپ قەستەن يېتىۋالدى ، — دېدى غاپپار ئورنىدىن تۇرۇپ ، — تېز بولۇڭلار ، ئۆيلەرنى ئاختۇرۇڭلار ، باغچا ، ئورا ، ئۆگزە هېچيەر قالمىسۇن .

ئۇ قولىدىكى بىگىز بارماق تومۇلۇقىدىكى چىگە ئارغامچىنى بىلىگە ئىككى قاتلاپ چىگدى . بۇنى ئۇ ئىشخانىسىدىن ئېلىۋالغانىدى . بۇ ئارغامچا ئادەتتە تۆت خىل ئۇنسۇرلار كۇرەشكە تارتىلغاندا ئىشلىتىلەتتى . قولىنى ئارقىغا باغلاش ئۈچۈن ، تورۇسقا ئېسىپ جىنايىتىگە ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنىدى . مانا دادىسىنى باغلىغان ئارغامچا ئەمدى بالىسىنى باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىش ئالدىدا تۇرماقتا . چوڭ باغلاق ، ئوقمرەك باغلاق ، يانتۇ باغلاق ئىشقىلىپ باغلاشنىڭ هەر خىل شەكىللىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئارغامچىنىڭ بىر نەچچە يېرىگە قان ئۇيۇپ قالغاچقا بۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئادەتتە تېنى سىرقىرايتتى . لېكىن مۇنۇ ئۈچ خەلق ئەسكىرى بۇنداق باغلاشلارنى خۇددى ئەزالار ئورىغان بۇغدايىنى كەينىدىن يۈرۈپ باغلاپ يۈرگەن كۈچتۆڭگۈر يېزا ئاياللىرىدەك دەسسەپ - دىسلاپ باغلاشلارغا ئوخشاش تەبىئىي ئىشلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى . شۇڭا دېهقانلار مۇشۇنداق باغلاقتا چۈشكەن ئۇنسۇرلارنىڭ چىرايلىرىنى ئېچىنىشلىق پۈرۈشتۈرۈپ ۋايجانلاپ تولغىنىپ كەتكىنىدىن قاتتىق چۆچۈپ ، دىللىرى ئازابلىنىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن ئابدۇلباستتىن ئۈركۈشۈپ چىراي ئىپادىلىرىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى . تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئاياللار مۇدىرى ئايىمخاننىڭ چىرقىراق ئاۋازدا توۋلىغان شوئارلىرىغا هەمدەم بولۇپ ئايىمخانغا ئوخشاش مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ سەھنىگە قارىشىپ «يوقىتايلى» ، «يانجىپ تاشلايلى» ، دەپ شوئار-

نىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر سۆزىنى تەكرارلىشىپ ۋارقىراشقا مەجبۇر
ئىدى . بىر كۇنلۇك ئەمگەك دەستىدىن ھارغان ـ چارچىغان
دېھقانلار كەچلىرى نەچچە سائەت داۋام قىلىدىغان مۇشۇنداق بىھۇ-
دە ئۆگىنىش ، كۇرەش قىلىشلاردىن خۇددى كۇنىگە ئىچىۋاتقان
سۇيۇق ئۇماچتىن زېرىككەندەك زېرىكىپ كېتىشكەنىدى . لېكىن
ئۇلار بۇ ئارزۇلىرىنى تىل يېرىپ دېيەلمەيتتى . چۇنكى بۇ ئىش
ئۇلارنىڭ سىياسىي ھاياتىغا ، بولۇپمۇ ئايدا تارقىتىدىغان نورما
ئاشلىقنىڭ تارقىلىشىغا بېرىپ تاقىلاتتى .

— ئۆيدە يوقكەن ، — غاپپار تۇيۇقسىز چۆچۈپ كەتتى . ئۇ
روزى بىلەن ئايۇپنى كىرگۇزۇۋېتىپ ، ئابدۇسالام يۇگۇرۇپ چى-
قىپ قالسا ئالدىنى توسىمەن دەپ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغانىدى . ئۇ
بايا خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزىنىڭ نېمە خىزمەت بىلەن
بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى .

— كىم يوقكەن ؟— دېدى غاپپار ئۇلارغا قاراپ .

— ئابدۇسالام دېگەن ھېلىقى ئۇنسۇرنىڭ كۇچۇكى بولما-
دۇ ،— دېدى روزى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ،— قىلىۋاتقان ئىشى-
مىزنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭغا قارىغاندا باياتىنزە ماۋۇ يەردە تۇرۇپ
بىرەر پىنەك چېكىپسەن ـ دە .

— قالايمىقان گەپ قىلما ،— دېدى غاپپار چېچىلغان
ھالدا ،— ھەممە يەرگە قارىدىڭلارمۇ ؟ ئۆگزىگە قاراڭلار
دېگەنتىمغۇ .

— ھەممە يەرگە قارىدۇق . ھېچيەردە يوق ، مېنىڭچە ئۇ ئاۋۇ
يول ياقىسىدىكى قوناقلىقتا يوشۇرۇنۇۋالدىمىكىن دەيمەن ،—
دېدى ئايۇپ چىرايىنى جىددىي تۇسكە كىرگۇزۇپ ،— كەچكىچە
شۇ يەردە ئولتۇرۇپ كېچىدە ئاستا غىپپىدە ئۆيگە كىرىۋالسام
دەپ .

— ياق ، ياق ،— دېدى غاپپار بېشىنى چايقاپ تۇ-
رۇپ ،— ئۇ بۇنداق ئەخمەقلىق قىلمايدۇ . دۇيجاڭنى ئۆلەر ھالەت-

www.uyghurkitap.com

كە كەلتۈرۈپ قويغان ئادەم ئۆزىنى قانداق ئاقىۋەتنىڭ ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ . مېنىڭچە ، ئۇ بازارغا ھېلىقى بوۋد-سىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋالدى . سەلەي سېكرېتارغا بۇ ئەھۋال-نى مەلۇم قىلىپ ئاندىن بازارغا چىقىدىغان ئىش قىلايلى . يۇ-رۇڭلار ، خامانغا بارىمىز .

— ھەي غاپپار ، ئاۋۇ ئايال ئۆلۈپ قالغاندەكلا ياتىدىغۇ ، — دېدى ئايۇپ غاپپارنىڭ پېشىدىن تارتىپ تۇرۇپ ، — ئەگەرچەندە راستتىنلا ئۆلۈپ قالسا بىزلەرگە ئارتىلىپ يۈرمىسۇن يەنە . يۈرە قاراپ باقايلى .

ئۇلار ئوچاق ئالدىدا سۇنايلىنىپ ياتقان تىللاخاننىڭ تىنىقى-نى تەكشۈردى . تىنىقى نورمال ، پەقەت ھوشىدىن كەتكەندەك تۇراتتى .

— ساقكەنغۇ ، — دېدى غاپپار ئۇ ئىككىيلەنگە قاراپ ، — دېمىدىممۇ ، بۇ ئايال ئۇششۇقلۇق قىلىپ يېتىۋالدى . ئابدۇسالام-نى يوشۇرغان مۇشۇمۇ تېخى .

— ئۇنداق دەپمۇ كەتمە ، — دېدى روزى تىللاخاننى كۆرسى-تىپ ، — قارىغىنە ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناۋاتىدۇ . بوينىمۇ سەل قاتلىشىپ قالغاندەك تۇرامدۇ نېمە ، بولمىسا ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويايلى . مۇشۇنداق يېتىپ ئۆلۈپ قالسا بالاغا قالىمىز . نېملا دېگەنبىلەن ئۇمۇ ئادەم ئەمەسمۇ .

— مەيلى ئەمىسە ، — غاپپار ئىرادىسىگە قارشى ھالدا رازى-لىق بىلدۈردى .

ئۇلار ھېچنېمىنى سەزمەي خالتىغا قاچىلانغان گۆشتەك بو-شاپ كەتكەن تىللاخاننى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىردى — دە ، بېشىغا ياستۇق قويۇپ چىقىپ كېتىشتى .

ئۇلار مىلتىقلىرىنى ساڭگىل — سۇڭگۇل ئېسىپ خامانغا كەلگەندە خاماندىكىلەر بايا تراكتور يانجىغان ئۇنچىنى ئۆرۈشكە باشلىغانىدى . خاماننىڭ يېنىدىكى ساتمىنىڭ يان تەرىپىدىكى يې-

لىملىرى تولا كولىنىپ قاسىراقلىرىنىڭ تايىنى قالمىغان قېرى جىگدىنىڭ ئەگمەچ پۇتىقىغا باغلاپ قويۇلغان كېپىنەك بىلەن تاغىل كالا «ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى، تاختىدىكى چەل-پىكىمنى ئىتلار تالاشتى» دېگەندەك ئالدىغا تاشلانغان كۆك بېدى-نى يالماپ - يالماپ يەۋاتاتتى.

— ھە، نان قېپىلار، ئابدۇسالام قېنى؟! — ساتمىدىن ۋارقىراپلا چىقىپ كەلگەن سەلەي سېكرېتار خامانغا ۋە كالىلارغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان بۇ ئۇچەيلەننى چۆچۈتتى.

— ئۆيىدە يوقكەن، ئاپىسىمۇ بىلمەيدىكەن، بولغان ئىشنى دېۋىدۇق، ئاغزىدىن كۆپۈك قايىنتىپ يىقىلىپ چۈشتى، — دېدى غاپپار چۈشەنچە بېرىشكە ئالدىراپ.

— ئۆيىدە يوقكەن دەپ يېنىپ كېلىشتىڭمۇ، — دېدى سەلەي سېكرېتار ئاچچىقىدىن يەرنى تېپىپ تۇرۇپ، — مەن سىلەرنى ئابدۇسالامنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىڭلار دەپ يولغا سال-غان. يوقىلىش، سەندەك لامزەللىلەرنى نان بېرىپ بېقىۋاتقان مەنمۇ سارالڭ. بۈگۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئابدۇسالامنى تېپىپ ئالدىمغا ئەكېلىسەن. ئەگەر ئۈچ كۈندە تاپالمىساڭلار سىلەرنى خەلق ئەسكەرلىكتىن قالدۇرۇپ كەتمەن چاپىدىغان ئىش-قا سالىمەن. ئورنۇڭلارغا تەييارلاپ قويغان ئادەم بار.

— ۋاي جېنىم سېكرېتار، — دېدى غاپپار سەلەي سېكرې-تارنىڭ مۇشۇ ئاچچىقىدا ئۆزلىرىنى يەۋاتقان مۇشۇ ئېشىدىن ئايرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ئەھۋالنى ئېزىپ چۈشەندۈ-رۈپ تۇرۇپ، — ئۆيىدە بولمىغاندىكىن بازارغا چىقىمىز، ئەگەر ئۇ يەردىمۇ يوق بولسا كان رايونىدا كىچىك ئاتىسى بار، شۇ يەرگە كەتتى دېگەن گەپ. ئۇ يەرگە بېرىش كېرەك. ئىشقىلىپ سەپەر بار بىزگە. شۇڭا بىرى، بىزگە ئازراق پۇل كېرەك. ئىككىنچى-سى، قاتناشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۈچىمىزگە ئۈچ ئات…

— بولدى، تولا تىل چايىنىما، — دېدى سەلەي سېكرېتار

ساتمىنىڭ يېنىدىكى چىغىرتماقلىرى ئورىۋېلىنغان غول قىردا ئولتۇرۇپ تاماكا يۆگىگەن هالدا، — ئۇچىلىگىنىڭ ۋېلىسىپىتى بار بولغاندىكىن بازارغا ۋېلىسىپىت بىلەن بېرىڭلار . ئابدۇۋەلىگە دەڭلار، سىلەرگە ئون كوي بەرسۇن، تىلخەت يېزىپ بېرىڭلار، قايتىپ كەلگەندە هۆججەت بىلەن نەقلەشتۇرىمىز .

— بولىدۇ سېكرېتار، — دېدى غاپپار بېشىدىكى شەپكىسىنى سول قولى بىلەن ئېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن شالاڭ چېچىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — هېلىقى ئۈچ كۈندە دېگەن گەپنى ئۆزگەرتىپ بەرگىلى بولماسمۇ سېكرېتار، كان دېگەنگە پويىزنىڭ مېڭىش ۋاقتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. تېخى يېرىم يولدا پويىزدىن چۈشۈپ كانغا قاتنايدىغان پويىزغا ئالمىشىدىغان گەپ. ئىشقىلىپ ئۈچ كۈندە ئابدۇۋسالامنى تۇتماق تەس بولارمىكىن دەيمەن.

— بوپتۇ، بىر هەپتە بېرەي. تىل چاينىماي مېڭىڭلار دەيمەن سىلەرنى، — سەلەي سېكرېتار گېپىم تۈگىدى دېگەندەك تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ چەككىنىچە ساتمىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇلار كونىرىغان كەپتەر ماركىلىق ۋېلىسىپىتلىرىنى شاراقشىتىپ ئېگىز كۆۋرۈكتىكى ئابدۇۋسالامنىڭ مەهەللىسىگە يېتىپ كەلگىنىدە كۈن چۈشتىن قىيىلغان، شەهەر ئاخىرقى تومۇزنىڭ ئىسسىق هارارىتىدە خۇددى ئەخمەت تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىدەك قىزىغانىدى . ئۇلار كۆۋرۈك بويىدىلا توختاپ ۋېلىسىپىتلىرىنى كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنلۇق شادىسىغا يۆلىدى . قورالىرىنى مۈردىسىدىن چۈشۈرۈپ «ئۇھ» دېيىشتى . كۆۋرۈك بويىدىكى تۆمۈرچىخانا ئالدىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئىككى دېهقان سۇپەت ئادەم ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ ئەخمەت تۆمۈرچىنىڭ يالىلداپ تۇرغان چوغ ئارىسىدا قىزىرىپ تۇرغان بىر پارچە تۆمۈرنى ئۇيان - بۇيان ئۇرۇشلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى . دىقماق كەلگەن شاگىرت بالا شامال ساندۇقىنىڭ يەل بەرگۈچ تارتمىسىنى كۆچەپ تارتىپ ئىتتىرمەكتە . ئۇنىڭ ئوت يالقۇنىدا قىزارغان

مەڭزىدە تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى. يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان بۇ بالا شۇ تاپ يەل قاچىلىغۇچ كۆرۈكنى تارتىپ ـ ئىتتىرىپ ئولتۇرسىمۇ كۆزى ئۇستامنىڭ ھەرىكەتلىرىدە لەيلەپ يۈرەتتى. چۈنكى ئۇ ئۇستامنىڭ ھەر بىر ھەرىكەتلىرىدىن ئۆزى بىلىشكە تېگىشلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشاتتى.

— ئاۋۇ مىلتىق كۆتۈرۈۋالغانلار كىم بولدى ئەمدى، — دېدى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىرى كۆۋرۈك تەرەپنى شەرەتلەپ، — تاغچىلارمىكىن دېسە ۋېلىسىپىتى بار.

— خەلق ئەسكەرلىرى بولمامدۇ، — دېدى ئەخمەت تۆمۈرچى ئۇلارغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، — بىرەرنى تۇتقىلى چىققان گەپ تايىنلىق.

— ھەي، ئىنقىلاب تۈگەپ يۈرەكلەر ئەمدى جايىغا چۈشۈۋېدى، — دېدى يەنە بىرى گەپ ئارىلاپ، — ئەمدى ماۋۇلار مىلتىق ئېلىۋاپتۇ. مىلتىق دېگەن ئەسكەرلەرنىڭ قولىدا تۇرسا ئىشەنچلىك بولىدىكەن. مانا مۇشۇنداق نادان خەقكە تۇتقۇزۇپ قويساڭ ئىش تېرىيدىغۇ بۇلار، مانا ھېلىقى ئىنقىلابتا قانچە ئادەم مۇشۇنداق قاراملارنىڭ قولىدا جان بەردى. ھەي، شۇ ئىشلارنى ئويلىسا ئادەمنىڭ تېنى سىرقىرايدۇ جۇمۇ، — ھېلىقى ئادەم ئۇلارغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى. بۇ چاغدا ئۇلارمۇ تەرلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆستەڭدە ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇدا يۈزلىرىنى يۇيۇپ سەگىپ تۆمۈرچىخانا تەرەپكە قارىشىپ تۇرغانىدى. چۈنكى ئۇلار ئابدۇسالامنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆيىنى ئېگىز كۆۋرۈكتىكى مەھەللىدە دەپ ئاڭلىغان بىلەن بۇ مەھەللىنىڭ قايسى تەرىپىدە، قايسى ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيتتى.

— سىلەردىن سوراپ باقساق، — دېدى غاپپار تۆمۈرچىخانا يېنىغا كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلارغا قاراپ، — مۇشۇ مەھەللىدىكى ئابدۇسالامنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆيى نەدىكىن، شۇنى بىلەيلى دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بىز بۇ مەھەللىلىك ئەمەس، — دېدى ئۇلار باشلىرىنى چايقاپ، — ئەخمەت ئۇستامدىن سورىسىلا.

— قايسى ئابدۇسالام ئۇ، — دېدى ئەخمەت تۆمۈرچى قىپقىزىل قىزارغان تۆمۈرنى قىسقۇچتا قىسىپ ئېلىپ سەندەلگە قويۇپ بولقىسىنى تىرىڭشتىقان هالدا، — بۇ مەھەللىدە ئابدۇسالام دەيدىغان ئادەم يوق.

قىپقىزىل تۆمۈر سەندەلگە قويۇلۇشى بىلەنلا بازغاننى ئېلىپ ئۇستامنىڭ كىچىك بولقىسى چۈشۈۋاتقان جايىنى نىشانلاپ بازغان ئۇرۇۋاتقان شاگىرت بالا غاپپارغا قاراپ - قاراپ قويۇپ كۆچەپ بازغان ئۇرماقتا ئىدى. ئۇلار ئالاھازەل ئىككى مىنۇت ئەتراپىدا ئۇ تۆمۈرنىڭ بىر تەرىپىنى ياپىلاقلاپ كەتمەننىڭ بېسى شەكلىگە كەلتۈردى - دە، سوۋۇشقا باشلىغان تۆمۈرنى قايتا چوغ ئارىسىغا تىقىپ ئۈستىگە كىچىك گۆرجەكتە بىر گۆرجەك ئۇششاقلانغان كۆمۈر تاشلىدى. شاگىرت بالا بازغاننى قويۇپ يەل ساندۇقىنىڭ تارتمىسىغا قول ئۇزاتتى.

— هېلىقى بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياش ئابدۇسالام، شۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەيتتۇق.

— بوۋىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟! — دېدى ئەخمەت تۆمۈرچى بايىلا چۈشىنىپ بولغان ئىشنى ئۇلارغا بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ، — ئابدۇسالامنى تازا بىلەلمەيۋاتىمەن. بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى دېسەڭلار ئاڭلاپ باقاي.

— ئىسمى نېمىدا ئۇنىڭ، — دېدى غاپپار كەينىگە ئۆرۈلۈپ، — هەي روزى، سەن بىلمەمسىنا ئۇنىڭ ئىسمىنى؟

— ياق بىلمەيدىكەنمەن، ئايۇپ، سەن بىلەمسەن؟ — دېدى ئۇ كۆۋرۈك سالاسۇنغا يۆلىنىپ تاماكا چېكىۋاتقان ئايۇپنى جەينەكلەپ.

— ياق، مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن. هەي ئۇستام، ئۇچۇ ئىنقىلاب باشلانغاندا يېزىغا چۈشۈرۈلگەن هېلىقى ئۇنسۇرنىڭ قېيناتى-

سى ئۇ . ئابدۇساھىپنىڭ قېيناتىسى .

— ئابدۇساھىپ··· بۇنى بىلەلمىدىم جۇمۇ ،— دېدى ئەخمەت تۆمۈرچى چوغ ئارىسىدىكى تۆمۈرنى تارتىپ كۆرۈپ بېقىپ يەنە چوغ ئىچىگە تىقىۋېتىپ ،— قارىغاندا سىلەر ئىزدەۋاتقان ئۇ ئادەم باشقا مەھەللىدە ئوخشايدۇ . ئاۋۇ تەرەپكە قاراپ بېقىڭلار ،— ئەخمەت تۆمۈرچى گېپىم تۈگىدى دېگەندەك ئوچاققا قادىلىپ تۇرۇۋالدى . چۈنكى ئۇ بايا ئابدۇسالامنىڭ چىرايى تاتارغان ھالدا يېتىپ چىققانلىقىنى ، بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ ئاز ئۆتمەيلا يېنىپ چىقىپ شەھەر ئىچى تەرەپكە قاراپ كەتكىنىنى كۆرگەنىدى . شۇ چاغدىلا ئۇ مۇشۇ بالا يېزىدا بىر ئىش تېرىپ قويغان چېغى دەپ گۇمان قىلغان . مانا بىرەر سائەت ئۆتمەيلا ماۋۇ ئۇچى كۆسەيلىرىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ چىقتى . خۇدايىم ، ئابدۇسالامنى مۇشۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويمىغايسەن . بىچارىلەر ئارقىمۇ ئارقا يېزىغا چۈشۈپ كېتىپ بەكمۇ قىينىلىپ كەتكەنتى ، ئەمدى يەنە نېمە تارتقۇلۇقى باردۇ بۇ بىچارە بالىنىڭ .

شۇ چاغدا بىر 28 تىپلىق تراكتور پاقىلدىغىنىچە شەھەر تەرەپتىن يېتىپ كەلدى . ئابدۇسالامنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆيىنى تاپالماي جىلە بولۇپ تۇرغان ئۈچەيلەن تراكتورنى كۆرۈپ جانلىنىشتى .

— ھەي قېيۇمكا توختاڭ ، تراكتورنى توختىتىڭ ،— غاپپار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ يولغا چىقتى . ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلغان مىلتىقى يانغا ساڭگىلاپ قالغاچقا ئۇنى شۇ تاپ بىر ئىسكەتسىز ئەسكەر سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويغانىدى .

تراكتور يول ياقىسىغا توختىدى . قېيۇم تراكتورنىڭ ئاۋازىنى پەسەيتىپ قويۇپ يەرگە چۈشتى .

— ھە ، نېمە ئىش بولدى ؟ !

— ئابدۇسالامنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆيىنى تاپالماي يۈرىمىز ،— دېدى غاپپار تېتىكلەشكەن ھالدا .

www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ ئۆيى راست مۇشۇ مەھەللىدىمىكەن؟ — دېدى قېيۇم.

— راست مۇشۇ مەھەللىدە. لېكىن ئىسمىنى بىلمىگەچكە ھېچكىم دەپ بېرەلمىدى، — دېدى روزى تاماكىسىنى كۆچەپ شوراپ، — ئابدۇلباستىكام قانداقراق؟

— ئىشقىلىپ ئۆلۈپ قالمايدىكەن، — دېدى قېيۇم روزىنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ ئۇنى چەككەچ، — ئۇن نەچچە يېرىلىق تىكىپتۇ دەڭلار ئۇنىڭ پېشانىسىنى، ھېلىمۇ تەلىيى باركەن، كۆزى ساق قاپتۇ. كاساپەتنىڭ قامچىسىنىڭ تورى باركەنمۇ دەيمەن، چوققىسىدىن تاكى قېشىنىڭ يېنىغىچە يېرىلغان گەپكەن. قان سىيلىش كېرەك دېدى. قانسىراپ ئۆلگىلى تاس قاپتىكەن دەڭلار، ماۋۇ ئادەم قان ساتىدۇ دەپ قان ساتىدىغان ئادەملەرگە بىر خىل قارايتتۇق. ئاشۇنداق قان ساتىدىغانلاردىن ئىككىسىنىڭ قېنى ئەسقاتتى. شۇلار بولمىسا قانداق قىلاتتۇقكىن ـ تاڭ. ھە راست، ماۋۇ گەپ مايەردە قالسۇن. بۇ قېتىم ئەترەت باشلىقىنىڭ تاياق يېيىشى ھەق ئىشكەن، ھېلىقى ئابدۇسالام ساپاننى كۆتۈرۈپ ئۆتۈپتىكەن خاماندىن، قالغان قوشچىلارنىڭ ئىشكەنتۇق بۇ. ئابدۇلباسىت، ئۇنسۇرنىڭ بالىسىنى ئەدەپلەيمەن دەپ بۇنى سەن قىلدىڭ دەپ بىگۇناھ بالىغا ئېسىلىۋېلىپ مۇشۇنداق كۈنگە قاپتۇ.

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز قېيۇمكا؟ — دېدى غاپپار ئۆزى خاتا ئىش قىلىپ قويغاندەك تاتارغان ھالدا.

— ھېلىقى يالاڭ ئاياغ دوختۇرۇڭلار كۆرۈپتىكەن.

— ئۇنداق بولسا ئابدۇسالامنى تۇتىمىز دەپ نېمە قىلىمىز بۇ يەردە ئاۋارە بولۇپ، — دېدى روزى يەنە تاماكا يۆگەۋېتىپ، — كېتەيلىلا بولدى.

— ياق، ياق، — دېدى قېيۇم ماي يۇقى يىپ پەلەينى قولىغا كىيىپ، — ئۇنىڭ خاتالىقى بار، ئەترەت باشلىقىنى ئۇرۇپ ياتقۇ-

زۇۋەتكەن ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالغان ئادەمنى قانداق كەچۈرگىلى بولىدۇ بالىلار . بايىقى گەپنى رىزۋان ھېچكىمگە تىنماڭ دەپ ماڭا يالۋۇرۇپ كەتتى . سىلەرگىمۇ بۇ گەپنى مەن دېمىدىم . بىرەرسى سوراپ قالسا تۆگە كۆردۇڭمۇ ، ياق ، جۇمۇ . سىلەر ئابدۇسالامنى ئىزدەۋېرىڭلار بالىلار ، مەن خامانغا باراي ، ھە راست ، ئابدۇسالامنىڭ بوۋىسىنىڭ ئۆيىنى دوختۇرخانىغا بېرىپ ئەترەت باشلىقىدىن سوراڭلار . ئابدۇسالامنى هارۋىغا سېلىپ نەغمە ـ ناۋا بىلەن يېزىغا ئاپارغان ئادەم شۇ كەنگۇ .

— توغرا ، توغرا ، بىز ئەترەت باشلىقىنى يوقلىغاچ شۇ يەرگە بارايلى . قورساقمۇ ئېچىپ كەتتى ، بىرەر ئاشخانا تېپىپ تاماق يەۋالايلى . ھە راست قېيۇمكا ، ئەترەت باشلىقى قايسى دوختۇرخانىدا ؟

— ناھىيىلىك 1 ـ دوختۇرخانىدا ، ئەنە ئالدىڭلارغا يۈز مېتىر ماڭساڭلارلا يېتىپ بارىسىلەر .

قېيۇم تراكتورغا چىقىپ مايىنى قۇلاقچە بېرىپ تراكتورنى پاقىلداتقان ھالدا ئېگىز كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كەتتى . بۇ ئۈچەيلەن قېيۇمنىڭ بايىقى گەپلىرىنى چۈشىنەلمەي قالغاندەك تۇرۇپلا قېلىشتى . چۈنكى شۇ تاپ ئۇلارنىڭ قەلبى دەريا دولقۇنلىرى ئارىسىدا پاناھسىز قالغان قولۋاقتەك چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى . لېكىن سەلەي سېكرېتارنىڭ سۈرلۈك چىرايى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنداشقا دالالەت قىلىپ تۇراتتى .

— بولدى قىلايلىمىكىن دېسەك كۆردۇڭلار ئەنە سەلەي سېكرېتارنىڭ چىرايىنى ، — دېدى غاپپار جىممىدە تۇرۇپ كەتكەن ئىككىسىگە قاراپ ، — بىر ھەپتە ۋاقىت بەردى ، تۇتۇپ كېلىڭلار دېدى . گۇناھى بارمۇ ، يوقمۇ ئۇنى كېيىن كۆرەرمىز ئاغىنىلەر . يۈرۈڭلار ، ئاۋۋال دوختۇرخانىغا بارايلى .

ئۇلار دوختۇرخانا تەرەپكە ماڭغاندا ئەخمەت تۆمۈرچى ئىشنى

تاشلاپ ئىتتىك ماڭغىنىچە سوپاسوبۇراخۇن بوۋاينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئىككى يانغا قارىۋېتىپ ئىشىكنى ئىتتىردى. ئىشىك ئىچىدىن ئىلىكلىك ئىدى.

— تۇرسۇنخان چوڭ ئاپا، ئىشىكنى ئاچسىلا، — ئەخمەت تۆمۈرچى ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى شاراقشىتتى.

— كىم؟ — ھويلىدىن تۇرسۇنخاننىڭ ئىنچىكە، لېكىن ئايانچلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن ئەخمەت تۆمۈرچى، — دېدى ئۇ قىسقا يۆتىلىپ.

ئىشىك ئېچىلدى، تۇرسۇنخان ئانىنىڭ ئورۇق گەۋدىسى ئىشىك ئالدىدا لەپپىدە پەيدا بولدى.

— نېمە ئىش بولدى بالام، ئۆيگە كىرگىنە، ئۆيگە، — تۇرسۇنخان ئانا بېشىدىكى ئاق لېچەكنى تۈزەشتۈرۈپ ئىشىك ئالدىدىن كەينىگە داجىدى.

— بولدى كىرمەي تۇرسۇنخان چوڭ ئاپا، — دېدى ئەخمەت تۆمۈرچى تېز - تېز سۆزلەپ، — ئابدۇسالامنى يىراققا كەتكۈزۈۋەتسىلە، سىرتتا مىلتىق كۆتۈرگەن ئۈچ خەلق ئەسكىرى يۈرىدۇ. مەن ئۇلارنى ھازىرچە يۇقىرى مەھەللىگە ماڭغۇزۇۋەتتىم. ئۇلار بەرىبىر بۇ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىۋالىدۇ. نېمە قىپتىكەن ئابدۇسالام، ئۇلار مىلتىق كۆتۈرۈپ ئىزدىگۈدەك.

— بىلمىدىم بالام. ئەترەت باشلىقىنى ئۇرۇپ قويدۇم. مەن قاتىل بولۇپ قالدىم. مەن گۇناھسىز دەپلا تۇردى. يىراققا كەت دەپ ماڭغۇزۇۋەتتىم بالام ئۇنى. بىزگە نېمە كۈن ئەمدى بۇ. يېزىغا چۈشمىسىمۇ بولغانىكەن. سىلەرگە قاراپ مۇشۇ يەردە تۇرىۋېرەي دېسە بىز ئۇنىماپتىمىز. يېزىغا بارمىساڭ ئوقۇشقىمۇ، ئىشقىمۇ ئالمايدىكەن دەپتىمىز. پوق يەپتۇق پوق، — تۇرسۇنخان ئانا كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى لېچەكنىڭ پېشى بىلەن سۈرتتى، — ئابدۇساھىپاخۇن بىلەن قىزىم تىللاخان نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ. ئەجەب تۈگىمىدى ئۇلارنىڭ بۇ تارتقۇلۇقلىرى.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ، مەن ئىشىمغا باراي ، ئىشقىلىپ ئابدۇسالام هازىرچە بۇ ئۆيگە كەلمىسۇن . ئەگەر كەپ قالسا بىزنىڭ ئۆيگە چىقارسىلا . مەن قازناقتا سولاپ هالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن . ئالدىمىزدا چوڭ بولغان بالىلار ئەمەسمۇ . ئەقىللىق بالا بولغان . مانا يېزا ئۇنى ۋەيران قىلىۋەتتى . ئوقۇشىمۇ هارام بولدى . جۇۋىغا يۆگىنىپ كالا هارۋىسى هەيدەپ مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ قالسا يىغلاپ سالغىلى تاس قالىمەن . ئاشۇ بالا چوڭراق مەكتەپلەردە ئوقۇپ قالغان بولسا ئالىم بولاتتى ئالىم . خوش ئەمىسە تۇرسۇنخان چوڭ ئاپا . مەن ئىشىمغا باراي .

تۇرسۇنخان ئانا ئىشىكنى يەنە ئىچىدىن زەنجىرلەپ ئىشىككە يۆلەنگەن هالدا تۇرۇپ قالدى . دېمىسىمۇ ئابدۇسالام ئۇلارنىڭ قول ـ قانتى ئىدى . هېلىقى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دېگەن چاغلاردا ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئىنقىلاب قىلدۇق دەپ مۇئەللىملەرگە قەغەز قالپاق كىيدۈرۈپ كوچىمۇ كوچا سۆرەپ يۈرگەندە ئۇ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ كىتاب ئوقۇپ چىقتى . غول ئۆستەڭ بويىدىكى ئورمانلىقتىن قۇرۇپ قالغان شاخلارنى تېرىپ چىقىپ ئۆينىڭ قىشلىق ئوتۇنىنىڭ غېمىدىن چىقىراتتى ئەمەسمۇ ، ئەقىللىق بالا بولغان . نېمە ئەمدى ئەترەت باشلىقى بىلەن سوقۇشۇپ يۈرگەندۇ بىچارە بالا ، ئۇرسىمۇ ، تىللىسىمۇ بوينى قاتتىقلىق قىلماي ماڭغۇلۇق ئەمەسمۇ . ئەمدى مانا هەممە تارتقۇلۇقنى ئاتا ـ ئانىسىغا ، بىزگە تاشلاپ قويۇپ ئۆزى قېچىپ يۈرگەن . هەي ، بىچارە بالام تىللاخان نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ، باراي دېسەم يول يىراق .

تۇرسۇنخان ئانا بۇ يەردە ئالەمنىڭ غېمىنى قىلىپ چېچىلىپ تۇرغان ئاشۇ پەيتتە تىللاخانمۇ ئۆز ـ ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلاۋاتاتتى . چۈنكى ئوغلىنىڭ هەرقانچە گۇناه قىلغان تەقدىردىمۇ ئادەم ئۆلتۈرگۈدەك گۇناه ئۆتكۈزۈشكە زادىلا ئىشەنمەيتتى . مانا ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتمىغاندەك ئابدۇسالام بىردەمدىلا قاتىل

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدى . ئۇ بۇ ئىشتا ئابدۇلباستىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى . چۈنكى ئابدۇلباست ئۆزى مۇشۇ يېزىغا ئەكەلگەن كۈندىن باشلاپلا خورلاپ كېلىۋاتىدۇ . تېخى بېلى تو- زۇك قاتمىغان بىر بالىغا تازا پىشقان دېھقان ئاران چىدايدىغان كالا هارۋىسى هەيدەشنى تاپشۇردى . تىللاخان ئوغلىنىڭ روھىنى چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى .

— هارۋا هەيدەش يېزىدىكى ئەڭ ئوڭاي ئىش بالام ، — دېگەنىدى ئۇ بالىسىغا مۇشۇ ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان كۈنى كەچ تە- سەللى بېرىپ ، — هارۋىغا ئوغۇتنى ئۇسۇۋالساڭلا بولىدۇ . جۇۋىغا يۆگىنىپ ، قامچاڭنى ئوينىتىپ ئولتۇرىسەن . بىر كۈندە بازاردىن ئىككى يول ئوغۇت توشۇپ قويساڭلا بولىدۇ ئەمەسمۇ ، بىكار چاغلىرىڭدا داداڭ دېگەندەك كىتابلىرىڭنى كۆرسەڭمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ . چىدا بالام ، توشقان تېرىسىمۇ ئۈچ كۈن چىدايدۇ دېگەن گەپ بارغۇ .

— چىدايمەن ئاپا ، خاتىرجەم بولۇڭلار ، — دېدى ئابدۇسالام ئاپىسىنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان ياشلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېزىلگەن هالدا ، — مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار ، ئوغۇل بالا بول- غاندىكىن هەممىگە چىدايمەن .

لېكىن تىللاخان ئوغلىنىڭ بارغانسېرى جىمغۇرلىشىپ ، روھسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، هەتتا ئاخشاملىرى ئازراق كى- تاب كۆرمىسە ئۇخلىيالمايدىغان ئادەم كەچلىك تاماقنى يەپلا قىڭ- غايغان يېرىدە ئۇخلاپ قېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلماي تۇرالمىدى . شۇندىلا ئۇ ئەمدىلا ئون يەتتىدىن ئاشقان بىر شەهەر بالىسىنىڭ ئېغىر ئىش قىلىپ باقمىغان بىر ئۆسمۈرنىڭ روھىي ۋە جىسما- نىي جەھەتتە قانچىلىك ئېزىلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى . شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى تاشبالىقتىن يۆتكەپ كەلگىنىنىڭ خاتا بول- غانلىقىنى هېس قىلدى . سىپىرىخان ئانىنىڭ ئۇنىڭغا دەپ بېرد- شىچە ، ئابدۇسالام ئۇ يەردە روھىي جەھەتتىن پەقەتلا قىسىلمى-

غان، ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىمۇ ناھايىتى ئوڭاي، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يەردىكى چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى ئابدۇساھىپنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەچكە ئابدۇسالامغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغانىكەن. مانا شۇنداق ياخشى جايدىن ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ بىر پارچە ئوتنىڭ ئىچىگە تاشلاپتۇ. ئابدۇلباسىت نېمە ئۈچۈندۇر ئابدۇسالامغا ئۆچ، ئۇنى داۋاملىق ئەدەپلەپلا تۇرىدۇ. ئابدۇسالاممۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران.

— ئاپا، ماۋۇ ئابدۇلباسىت دېگەننىڭ بىزنىڭ ئۆيدىن ئالالمىغان قانداق ئۆچى بار بولغىيدى، نېمانداق مەن بىلەنلا قالىدۇ. ياخشى ئىشلىسەممۇ، يامان ئىشلىسەممۇ كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ تىللىغىنى تىللىغان بۇ گۇينىڭ، مەن زادى چىدىمىدىم، مۇشۇنداق بولىۋەرسە مەنمۇ چىداپ تۇرالمايمەن ئاخىر. ئاچچىقىمدا بىرەر ئىش قىلىپ قويماي دەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالىمەن. بولمىسا بىر كاللا بىلەن ئۇنى يەرگە چاپلىۋېتىمەن. بىلىسەنغۇ، مەن كىچىكىمدىن تارتىپ چېنىققان. ئۇنداق ئاۋاقتىن تۆتى كەلسىمۇ مېنىڭ خىلىم بولالمايدۇ. لېكىننزە دادامنى، سېنى ئاياۋاتىمەن جۇمۇ، بولمىسا چىدىغۇچىلىكىم قالمىغان زادى.

— ئۇنداق ئىشلارنى ئويلىما بالام، — دېدى تىللاخان تىترىگەن ھالدا، — بىز دېگەن قاشقىسى بار ئادەملەر، بىزنىڭ توغرا بولغان ھالەتتىمۇ خاتاغا چىقىرىپ قويۇۋېرىدۇ. قاراملىق قىلىپ سالما، ئۆزۈڭنى ئايىمىساڭمۇ داداڭنى ئايا بالام، داداڭ ئالدىڭلاردا كۈلۈپ يۈرگەندەك قىلغان بىلەن يۈرىكى يىغلاۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ مۇشۇ يەرلەردە سۆرۈلۈپ يۈرۈشۈڭلارغا مەن سەۋەبلىك دەپ ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلاپ كېتىدۇ. لېكىن سەن داداڭغا ئىشەن بالام، داداڭ ھېچقانداق ئىشنى خاتا قىلغىنى يوق. ئۇ ياخشى ئادەم، مۇشۇ شامال ئۆتۈپ كەتسىلا ھەممىمىز ئۆيىمىزگە چىقىپ كېتىمىز. داداڭنىڭمۇ، مېنىڭمۇ خىزمىتىم ئەسلىگە كېلىدۇ بالام. بۇ كۈنلەرمۇ ئۇزاققا بارماس.

لېكىن ئۇزاققا بارماس دېگەن بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى تارتقۇلۇقى تېخى تۈگىمىگەن چېغى ئۇلارنىڭ شېرىن خىياللىرى خىيال پېتى قېلىۋەردى. بىرەر يىل ياخشى ئىشلىسە چىقىپ كېتەر دېگەن ئابدۇسالامىمۇ مانا تۆت يىل بولدى. چىقىپ كېتىش-تىن شەپە يوق، ئۇنىڭ تاشبالىقتىكى دوستلىرى ئابدۇسالام ئۇ يەردىن كېتىپ بىر ئاي ئۆتمەيلا ئىشچى قوبۇل قىلىش ئىشىغا توغرا كېلىپ قېلىپ ئۇچىلىسى بىراقلا تۆمۈر يول ئىشچىسى بولۇپ قايتىپ كەپتۇ. ئابدۇسالامىمۇ بىر ئاي چىدىغان بولسا شۇلار بىلەن قايتىپ كېلەركەن دېگەنلەرنى ئويلىغان ئانا ئابدۇسا-لامنىڭ هازىرقى هالىتىگە قاراپ يۈرىكى ئېچىشتى. ئوغلىنىڭ ئىستىقبالىغا ئولتۇرۇپ قويغانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى. كېچىلىرى ئوغلىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ يۇم - يىغلىغىنىچە ئوغلىنىڭ بۇندىن كېيىنكى بەخت - تەلىيى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى.

لېكىن مانا ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئىش بولغاندىمۇ تازا يوغان ئىش، ئابدۇلباستىنى ئۆلۈپ قالغۇدەك ئۇرغان بولسا بۇ بالىغىمۇ شۇ دەرىجىدە ئازار بەرگەن گەپ. تىللاخان ئۆز ئۆيىدە خارلىداپ يېتىپ هوشىغا كەلگىنىدە كۈن چۈشتىن قىيىلغان بولۇپ ئۆيدە هېچكىم يوق ئىدى. ئۇ بايىقىلار مىلتىق كۆتۈرۈپ كەلگەن چېغىدىلا بىرەر چوڭ ئىش بولغانلىقىنى سەزگەنىدى. لېكىن ئوغلۇڭ قاتىل بولدى دېگەن نېمە گەپ ئەمدى، ئۇ يىغلاپ ئولتۇرۇۋېرىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى هېس قىلىپ كاڭدىن چۈشتى - دە، ساپما كەشنى كىيىپ ئوغلىنىڭ ئۆيىگە چىقتى. ئىشىك قۇلۇپلانمىغان بولۇپ ئۇنىڭ ۋېلىسىپتى يوق تۇراتتى. دېمەك ئۇ ۋېلىسىپتىنى مىنىپ قاچتى دېگەن گەپ. لېكىن قې-چىپ نەگە بارغىلى بولىدۇ زادى. ئۇ كاڭدىكى شىرە ئۈستىگە قارىدى. شىرەدە ئابدۇسالامنىڭ تۇرمۇش خاتىرىسى تۇراتتى. ئادەتتە ئابدۇسالام بۇ خاتىرىنى ناهايىتى مەخپىي ساقلايتتى. دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان ئۈستەلنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قۇلۇپلى-

ۋالاتتى . بۇگۈن ئۇ قانداقلارچە بۇ يەردە قالغاندۇ، تىللاخان خاتىرىنى قولىغا ئېلىۋىدى، خاتىرە ئاستىدىن بىر ۋاراق قەغەز چىقتى . ئۇ قەغەزدە ئالدىراپ يېزىلغان ئىككى ـ ئۈچ قۇر خەت بار ئىدى .

«دادا ، ئاپا ، گۇناھ مەندە ئەمەس ، بۇنى خاماندىكىلەر ئوبدان بىلىدۇ ، مەن ساپاننى كۆتۈرۈپ ئۆتكەن ، ئابدۇلباسىت مېنى بىھۇدە قارىلاپ ، ئىككى تېپىك ، بىر شاپىلاق ئۇردى . ئاچچىقىمغا پايلىماي مەنمۇ بىر قامچا ئۇردۇم . لېكىن گۇناھ مەندە ئەمەس ئۇنىڭدا ، خەير ، مەن كەتتىم ، ئابدۇسالام»

تىللاخان بۇ خەتتىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى . ئۇ ئەتىگەن ئوغلىنىڭ سەھەر تۇرۇپ ئىشقا كەتكىنىنى بىلىدۇ ، لېكىن ساپاننى كۆتۈرۈپ ئۆتتۈم ، مەن گۇناھسىز ، خاماندىكىلەر بىلىدۇ دېگىنى نېمە گەپ ئەمدى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ئابدۇلباسىت ئىككى تەپكەن ، بىر شاپىلاق سالغان . ئابدۇسالام ئاشۇنىڭغا چىدىماي بىر قامچا ئۇرغان . لېكىن بىر قامچا بىلەنلا بىر ئادەم ئۆلۈپ قالماس ، بايىقىلار مېنى قورقۇتۇپ شۇنداق دېدىمۇ ـ يە .

ئۇ خامانغا بارماقچى بولدىيۇ ، لېكىن تېزلا بۇ خىيالىدىن يالتايدى . «توختا ، ئوغلۇمنىڭ خاتىرىسىنى بىر ئوقۇپ باقاي ، ئاندىن كېيىن بارارمەن . بەلكىم ئۇنىڭ ئىچ ـ پۇشۇقلىرى مۇشۇ خاتىرىدىن چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» ئۇ خاتىرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرىگە قارىدى . چۈنكى ئۇنىڭ خاتىرىنى پۈتۈن ئوقۇپ چىقىش خىيالى يوق ئىدى . بولسا مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىكى خاتىرىسىنى كۆرەي دەپ ئويلىدى ئۇ . ئۇ تېخى كېچە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسىنىڭ بەتلىرىنى كۆردى . ئۇ خاتىرىسىنىڭ مۇشۇ بەتلىرىنى ئوقىغىنىدا ئوغلىنىڭ روھىي ئېزىلىشلىرىنىڭ مەنىسىگە يەتتى . بولۇپمۇ ئابدۇلباسىتنىڭ «مەن ساڭا ئۆچ» دېگەن گەپلىرى يېزىلغان يەرگە كەلگەندە يېنىك سىلكىنىپ كەتتى . تېخى ئۇنىڭ «مەن مۇشۇ زېمىندا بولىدىكەنمەن سەن

مۇشۇنداق ئىشلەيسەن ، ئەگەر سەن مەندىن مۇشۇنچىلىك ئېشىپ كەتسەڭ مۇرەمگە ئالا خۇرجۇنىڭ ئارتىپ تاغ ئارقىسىغا كېتىپ قەلەندەرچىلىك قىلىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئوقىغىنىدا يۈرىكى ئازابتىن ئۆرتەندى . بېشى پىررىدە قايغاندەك بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى . دېمەك ، ئابدۇلباستىنىڭ ئابدۇسالامدىن ئالىدىغان ئۆچى بار ، كىم قالدۇرغان تارتۇق ئىكەنلىكى نامەلۇم بىر تارتۇق ئۈچۈن ئابدۇسالام تۆت يىلدىن بۇيان مۇشۇنداق خورلىنىپ كەپتۇ . بىچارە بالا ، بۇ دەردلەرگە قانداق چىدىغاندۇ .

ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى . چۈشتىن كېيىن ئەسلىي ئۇ ياقىدىكى سالا ئېتىزىنىڭ تراكتور ئالا تاشلاپ قويغان يەرلىرىنى كەتمەن بىلەن چانغىلى باراتتى . مانا ھوشسىزلىنىپ ھوشىغا كەلگۈچە بىر ـ ئىككى سائەت ئۆتۈپتۇ . ئەمدى بارغان بىلەن بەربىر يېرىم كۈنلۈك نومۇرنى بەرمەيدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە ئوغلىنىڭ ئىشىنى ئېنىقلاش كېرەك زادى .

ئۇ ئالدىراپ كىيىندى . ئاق تور لىپچىكىنى بېشىغا ئارتتى . ئوغلىنىڭ ھېلىقى خېتىنى قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى ـ دە ، تالاغا چىقىپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ خامان تەرەپكە قاراپ ماڭدى . مەھەللە يولى جىمجىت ، ھەممىلا ئادەم گويا ئۇچەككە كىرىپ كەتكەندەك ، توۋا ، ماۋۇ ئادەملەر نەگە كەتكەندۇ؟ يولدا ئېشەك ھارۋىسى ھەيدىگەن ھالدا ئەترەت ئىشخانىسى تەرەپكە كېتىۋاتقان ھوشۇراخۇن ئۇچرىدى . ئۇ سۇر ھاڭگا ئېشىكىنى مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ ئۆزى ھارۋىنىڭ ئەگمىسىگە يۆلەنگەن ھالدا تاماكا چېكىپ كېلىۋاتاتتى .

— ھارمىغايلا ھوشۇراخۇن ، — دېدى تىللاخان ئۆزىنى يول ياقىسىغا تارتىپ .

— ياخشى ، ياخشى ، — دېدى ھوشۇراخۇن دۇدۇقلىغان ھالدا ئالدى ـ كەينىگە قاراپ ، — نەگە ماڭلا ؟

— خامانغا كېتىۋاتىمەن ، ئابدۇسالامنىڭ ئىشىنى ئاڭلىغاند-

لا ، نېمە ئىش بوپتۇ زادى ، توختىسىلا ، بىردەم توختاپ ماڭا دەپ بەرسىلە دەيمەن ، — ھوشۇراخۇن ھارۋىنى توختاتماي مېڭىۋىدى تىللاخان يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېشەكنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىل-دى ، — ئابدۇسالام نېمىشقا ئابدۇلباسىت بىلەن ئۇرۇشتى ؟ ئابدۇلباسىتچۇ ؟ قېنى ئۇ ؟

— مېنى تۇتۇۋالمىسىلا ، مەن ئالدىراش ئادەممەن ، — دېدى ھوشۇراخۇن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ ، — ئۇلارنىڭ قانداق ئۇرۇشقىنىنى مەن بىلمەيمەن . ئىشقىلىپ ئابدۇلباسىتنى قاتتىق ئۇرۇپ قويۇپتۇ دەيدۇ ، گۇڭشېغا ئاپىرىپتىكەن ، ئۇلار بىر ئىش قىلالماي ناھىيىگە ئاپىرىڭلار دەپتۇ . ناھىيىدە قان بېرىپ بىر ئىش قىلغان چېغى ، خەتەرلىك باسقۇچ ئۆتۈپ كەتتى دەيدىغۇ ، بولدى ، مېنى تۇتۇۋالماي ئۆيلىرىگە كەتسىلە ، سەلەي سېكرېتار خاماندا ۋارقىراپ ئولتۇرىدۇ . بىكار سىلىگە ئازار بېرىپ قويمى-سۇن . ئەكەلسىلە ئارغامچىنى ، — ھوشۇراخۇن گەپنى ئالدىراپ قىلىپلا مېڭىپ كەتتى . تىللاخان ئابدۇلباسىتنىڭ ساق ئىكەنلى-كىنى ئاڭلاپ يۈرىكى جايىغا چۈشتى . «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەن گەپ بار . ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ساق قالغىنى ئابدۇسالام-نىڭ بەختى دېگەن گەپ ، ھەي ، مۇشۇ بالا يىراقراق كەتكەن بولسا بولاتتى . بولسا مۇشۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسا .

تىللاخان خامانغا بېرىشتىن يالتايدى . چۈنكى خامانغا بارغان تەقدىردىمۇ ھېچكىم ئابدۇسالامنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ . چۈنكى ئۇلار قورقىدۇ . سەلەي سېكرېتاردىن ، ئاب-دۇلباسىتتىن ، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن قورقىدۇ . شۇڭا ، ھازىرچە بۇ ئوتنى چوقىلىماسلىق كېرەك . ۋاقتى كەلگەندە ئېچىلار بۇ سىر ، جاھاندا يېشىلمەيدىغان تۈگۈن بولمايدىغۇ زادى . تىللاخان كەينىگە ياندى . ئەمدىكى غەم ئابدۇسالامدا ئىدى . ئۇ مۇشۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىغاي زادى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باب سەرسانلىق

«مۇساپىر بولمىغىچە مۇسۇلمان بولماس»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

ئابدۇسالام ئۆزىگە تونۇش شەھەر كوچىلىرىدا تۇنجى قېتىم ئالاقزادىلىك ئىچىدە يۈگۈرگەندەك كېتىۋاتاتتى. مانا، بۇ كوچىلار ئۆزىگە تونۇش، ئاخشاملىرى مۆكۈشمەك ئوينايدىغان، كىچىك ۋېلىسىپىتىنى شىرىقشىتىپ كوچا ئاپتوبۇسىغا يېتىشىش مەقسىتىدە تەرلەپ - پىشىپ تۇرۇپ ۋېلىسىپىت پېدالىنى كۆچەپ تېپىپ چاپىدىغان كوچىلار، ئۇ بۇ كوچىلاردا چۆرگىلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا ناھايىتى غەمسىز، غۇبارسىز بىر بالا ئىدى. كېچىلىرى غۇۋا يورۇپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى ئۇنىڭغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىگەندەك قىلاتتى. مەھەللىدىكى بالىلار ئۇنىڭغا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى. ئۇنىڭ كىچىك ۋېلىسىپىتىگە، دادىسىنىڭ پىكاپىغا، ئۇنىڭ دەرسلەردىكى نەتىجىسىگە، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى بالىلارنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. ئۇلار ئاخشاملىرى بىرەر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قىزىقارلىق چۆچەكلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئۇر توقمىقىم، ئۇر» قاتارلىق خەلق چۆچەكلىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك ھېسسىياتلىق ئىدى. شۇڭلاشقىمىكىن بۇ مەھەللىنىڭ بالىلىرى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى. مانا بىر كېچىدىلا قارا باسقاندەك ھەممىلا ئىش ئوڭ - تەتۈر بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوقۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئوتتەك ئۇرۇشلىرى بىردەمدىلا توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. يېزىغا چېنىقىش ئۈچۈن

چۇشۇپلا ناھايىتى ئاددىي بىر دېھقانغا ، ھەتتا دېھقانلارمۇ يىرگە-
نىدىغان ئۇنسۇرغا ئايلىنىپ قالدى . ئۇنى ئاز دەپ بۇگۇن مانا
قاتىلغا ئايلىنىپ قالدى . «بېشىغا ئۇرماي قولىغا ، پۇتىغا ئۇرۇش
كېرەككەنتۇق . نېمىشقىمۇ قېنى قىزىقلىق قىلغاندىمەن ، —
دېگەنلەرنى ئويلىدى ئابدۇسالام شەھەرنىڭ ئارقا كوچىلىرىدىن
ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ ، — ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ بالام ، ھەر
قانچە خورلۇق تارتساڭمۇ ئاچچىقىڭنى يامان قىلما دەپ تۇراتتىغۇ
دادام . مانا بىردەملىككە ئەقلىمنى يوقىتىپتىمەن . ئەمدى بۇندىن
كېيىنكى تۇرمۇشۇم قانداق بولار ؟ ئەگەر ئۆلۈپ قالسا تۇرمىگە
كىرىمەن . تۇرمىگە كىرگەن ئادەمنىڭ ئىستىقبالى قانداق بولى-
دۇ . بەلكىم ئۆلۈم جازاسى بېرەر ياكى بولمىسا مۇددەتسىز كې-
سەر . ياق ، مەن بۇنداق كۈنلەرنى كۆرمەسلىكىم كېرەك . جاھان
دېگەن كەڭرى ، ئىشقىلىپ بۇ شەھەردىن كېتىش كېرەك . يىراق-
لارغا ، بەكمۇ يىراقلارغا كېتىش كېرەك» ئۇ تۇيۇقسىزلا بىر
ئادەمگە سوقۇلۇپ كەتتى . ئۇ ئادەم ئۆزىگە مەزگىلسىز سوقۇلغان
بۇ ئەدەپسىزنى ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن كەينىگە قارىدى . ئابدۇ-
سالاممۇ چۆچۈگەن ھالدا كەينىگە بۇرۇلدى .
— ئابدۇسالام ، بۇ سەنغۇ ، — قارا كۆك رەختتىن تىكىلگەن
ئىسپانكا چاپان ۋە ئىشتان كىيىۋالغان ، مەيدە يانچۇقىنىڭ ئۇس-
تىدە تۆمۈر يول بەلگىسى چۇشۇرۇلگەن بىرەيلەن ئۇنىڭ ئالدىدا
كۇلۇمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قول تەڭلەپ تۇراتتى .
— سىز ،— دېدى ئابدۇسالام دەماللىققا ئۇنى تونۇيالماي .
— نېمە بولدۇڭ ھوي سەن ، مەن ئابدۇراخمانغۇ ،— دېدى
ئۇ ئابدۇسالامنىڭ قاداقلىشىپ كەتكەن قولىنى چىڭ سىقىپ
تۇرۇپ .
— ۋاي ئابدۇراخمانمۇسەن ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ قۇ-
چىقىغا تاشلىنىپ ،— ئەجەب سەمرىپ كېتىپسىنا ، دۆلەت دېگەن
ئاجايىپ ھە ، مېنى كەچۈر ئاداش ، سېنى راستىنلا تونۇيالماي

قاپتىمەن جۇمۇ . ئۈچ يىل بولدىغۇ ھە ، سىنى كۆرمىگىلى .

— ھە ، ھە ، نەگە ماڭدىڭ ؟ ئەجەب ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمار- ۋازدەك سالپىيىپلا قاپسەنغۇ ؟ — ئۇ دوستىنىڭ مۇرىسىدىن تۇ- تۇپ ئۇنىڭ پۇتۇن تۇرقىغا قايتا نەزەر سالدى ، — ئاداش ، ئۆزۈڭ- نى بەكلا تاشلىۋېتىپسەن جۇمۇ . قارىغىنە تۇرقۇڭغا ، تېخى ئەم- دىلا يىگىرمە ياشقا كىردىڭ ، چىرايىڭنى قورۇق بېسىپ كەتكىنى نېمىسى ئەمدى ، بەكلا ناچار يېزا ئوخشىمامدۇ ئۇ .

ئابدۇسالام دوستىنىڭ چىرايىغا ، نۇرلىنىپ تۇرغان كۆزلى- رىگە ، پارقىراپ تۇرغان پېشانىسىگە ، دولقۇنلاپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرىغا ، پارقىراپ تۇرغان ئاياغلىرىغا ھەۋەس بىلەن قارىدى .

— جېنىم ئاداش ، بەكمۇ روھسىز كۆرۈنىسەن ، ئۆيۈڭدە بىرەر ئىش بولدىمۇ ياكى بىرەر كېسەل تارتىپ...

— بولدى ، بۇنداق زىغىرلاپ سوراۋەرمىگىنە ئاداش ، قور- سىقىم ئاچ مېنىڭ ، «بىر ئاچقاندىن ، بىر ھارغاندىن گەپ سورى- ما» دېگەن گەپ بارغۇ .

— ھە مۇنداق دە ، يۈرە ، يۈرە ، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى .

— ياق ، ئۆيۈڭگە بارمايلى ئاداش ، يانچۇقىمدا پۇل باردۇ ، سەندە بولمىسا مەندە بار . بىرەر ئاشخانىغىلا كىرەيلىچۇ .

— پۇل دەپ كەتكىنىڭنى ، پۇل دېگەن قەغەز جۇمۇ ئاداش . ئاپام لەڭمەنگە تەييارلىق قىلىپ قالغان ، شۇڭا ئۆيگە زورلىغان- تىم . بوپتۇ ، يۈرە ئاشخانىغا .

— ئاشلىق بېلىتىڭ بارمۇ ؟

— بار .

ئۇلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىرىنچى ئاشخانا دەپ ئاتىلىدى- غان بۇ ئاشخانىغا ئادەتتە كىرىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى . چۈنكى ئاشخانىلارغا پۇل بىلەن ئاشلىق بېلىتى تاپشۇرۇش توغرا كېلەتتى . ئاشلىق بېلىتىڭ بولمىسا تاماق يېگىلى بولمايتتى ، ئەلۋەتتە .

ئاشخانىدا ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى ، پەقەت بۇلۇڭدىكى ئۈس-
تەلدە بىر ئەر - ئايال بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ هورنان
بىلەن يېسىۋېلەك قورۇمىسى يەۋاتاتتى . ئىشىك يېنىدىكى ئۈس-
تەلدە ئەيسا ساراڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىرى هېلىلا تاماق يەپ
چىقىپ كەتكەن بىرەيلەننىڭ تەخسىسىدىكى ئاشقان قورۇما يۇقىغا
يېرىم هورناننى مىلەپ يەۋاتاتتى . ئۇ مۇشۇ ئاشخانىنىڭ دائىملىق
مېھمىنى بولۇپ ئادەتتە مۇشۇنداق ئاشقان - تاشقان تاماقنى يەپ
قورسىقىنى توقلاپ ، مۇشۇ ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقتا ئاپ-
تاپقا قاقلىنىپ ياتاتتى . ئۇ ئادەتتە ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ
قول تەڭلەپ بىرەر نەرسە تىلىمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ جۇل -
جۇل كىيىملىرى ئىچىدىكى قاسماقلاشقان گەۋدىسى ، بىچارىلەرچە
قاراشلىرى كىشىلەرنىڭ هېسداشلىقىنى قوزغايتتى . شۇڭا ئاشخا-
نىدىن قايتىپ چىققان خېرىدارلار ئۇنىڭغا قاراپ :
— هەي ئەيسا ، ماڭ ، ئاشخانىدا يېرىم نان ياكى سۇيۇقئاش
ئېشىپ قالدى . كىرىپ ئىچىۋال ، — دېگەندە ، ئۇ شالاڭ ، سار-
غۇچ چىشلىرىنى چىقىرىپ هىجايغىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كېتەت-
تى . ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ هېچكىم بىلمەيتتى هەم بى-
لىشنى خالىمايتتى . چۈنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قول ئىلكى-
دە يوق مۇساپىر ئىدى ، خالاس .
ئابدۇراخمان ئابدۇسالامنى بوش ئۈستەللەرنىڭ بىرسىگە
ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى ئىشىك يېنىدىكى ئۈستەلدە ئەسنەپ
ئولتۇرغان بېلەت كەسكۈچى قىزغا پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتى تۇتقۇ-
زۇپ ئىككى هورنان ، ئۈستىگە شېكەر سېپىلگەن دۇخوپكا نېنى ،
بىر تەخسە ياڭيۇ قورۇمىسى بۇيرۇتتى ۋە بېلەتنى كۆتۈرۈپ
بېرىپ ئاشخانىنىڭ تۆرىدىكى تاماق ئېلىش تۆشۈكىدىن ئۆزى
بۇيرۇتقان تاماقنى ئالدى . ئاڭغىچە ئابدۇسالام بۇلۇڭدىكى ساما-
ۋەردىن ئىككى غىدىر سوۋۇپ قالغان چاينى كۆتۈرۈپ كەلدى .
— ئولتۇرە ، — دېدى ئابدۇسالام تېخىچە ئۆرە تۇرغان ئابدۇ-

راخماننى يېنىغا شەرەتلەپ ،— تاماقنى بىللە يەيمىز ، لەگمەننى كەچتە يەيسەن .

— يەنە بىرەر قاچا سۇيۇقئاش ئالسامىكىن ، — دېدى ئۇ ئابدۇسالامنىڭ مۇشتۇمدەك چوڭلۇقتىكى هورنانىنى يوغان - يوغان چىشلەپ يېيىشلىرىگە قاراپ ، — قارىنىدا بۇگۈن بىر كۈن تاماق يېمىگەندەك تۇرىسەن .

— ئەتىگەن سۈبھى دەمدە ئازراق يېگەن ،— دېدى ئابدۇسالام قولىدىكى هورنانىنى يەنە بىر چىشلەپ چاينىغان هالدا ، — لېكىنزە ، مۇشۇنداق ئاق هورنان يېمىگىلى تۆت يىل بوپقالدى ئاداش .

— ئالدىرىماي يە ، ئاداش ،— دېدى ئابدۇراخمان ئابدۇسالامنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇۋېتىپ ،— بىلىمەن ، سىلەرنىڭ ئۇ يېزا ھەقىقەتەن ئادەم كۆپ ، يەر ئاز يېزا ، شۇڭا دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقىغا تايىنىپ جان باقىسىلەر . مېنىڭ ئاكام ئاشۇ يېزىدا نۇقتىدا تۇرۇپتىكەن ، شۇ دەپ بەرگەن . ھە ، يەۋەر ئاداش ، مېنىڭ لەگمەنگە ئىشتەھىي ساقلىغىنىم راست ، تامىقىڭنى يەۋال . ئاندىن زادى نېمىش بولغانلىقىنى دەپ بېرەرسەن .

ئابدۇسالام ئىككى هورنان بىلەن ئىككى دوخوپكا نېنىنى بىر تەخسە قورۇما بىلەن پاك - پاكىز يەۋەتتى . شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتە مۇنچىلىك تويۇپ تاماق يېمىگىلى تۆت يىل بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . چۈنكى ئابدۇسالاملارنىڭ ئائىلىسى كۆپ جانلىق ئائىلە بولغىنى بىلەن باللار كىچىك بولغاچقا بىر ئايلىق نورما ئۈچۈن ئاران 100 جىڭ ئەتراپىدا ئاشلىق ئالاتتى . بۇنى تۈگمەنگە ئاپىرىپ تارتقاندىن كېيىن بىر قىسمى توزغاق ، بىر قىسمى كېپەككە ئايلىنىپ ئارانلا 70 — 80 جىڭ ئەتراپىدا ساپ ئۇن قالاتتى . يەنە تېخى ئۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قارا ئاشلىق بولغاچقا ، نان ياققاندا ئاق ئۇننى ئازراق قوشۇپلا ئاق قوناق ئۇنى بىلەن نان ياقاتتى . سېرىق قوناق ئۇنى مەخسۇس ئەتىگەنلىك

ئۇماچ ئۇچۇن ئىشلىتىلەتتى . مۇشۇ ئاشلىقنى ئاي ئاخىرىغا يەت-
كۈزۈش ئۈچۈن يېمەك - ئىچمەكنى تېجەشكە ، بولۇپمۇ كەمەرنى
چىڭراق باغلاپ تاماقنى ئازراق يېيىشكە توغرا كېلەتتى . شۇ
ۋەجىدىنمىكىن ياكى ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقىدىنمۇ ئەتىمالىم ئاب-
دۇسالام ، ئۆز چىرايىنىڭ مەزگىلسىز قورۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقى-
نى ھېس قىلاتتى .

— ھە ، ئەمدى گەپ قىلە ، ئاداش ، — دېدى ئابدۇراخمان يانچۇقىدىن «قىزىل بۇلۇت» ماركىلىق سىگارتىنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن بىر تالنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئابدۇسالامغا تەڭلەپ ،— تاماكا چېكىدىغانسەن ھە ، مانا يېڭىلىق ، بۇنىمۇ ئۆگىنىپسەن ، مەنمۇ ئۆگەندىم . بۇرۇن ئەخمەتجاننى دوراپ چېكىپ قويغان ، ئەمدى رەسمىي بەڭگى بولدۇم دېگىنە ئاداش . سەن تاماكىغا ئۆچ ئىدىڭ ، ئەجەب بۇنى چېكىشنى ئۆگىنىپسىنا ،— ئۇ ئابدۇسالام-نىڭ تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ بېرىپ بولۇپ ئۆزىنىڭ تاماكى-سىنى تۇتاشتۇردى .

— دەرد ئاداش ، دەرد ، — دېدى ئابدۇسالام تاماكىنى كۆ-چەپ شوراپ ئىسسىنى تورۇسقا قاراپ پۈۋلىگەن ھالدا ،— مانا بۈگۈن دەردنىڭ چوڭىنى تېپىۋالدىم . قاتىل بولۇپ قالدىم ئاداش .

— بوش گەپ قىل ، — ئابدۇراخمان ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى . ئۇ قاتىل دېگەن گەپتىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنى-دى ، — ھازىر دېگەن تام قۇلاقلىق ئاداش . ھە ، بوشراق گەپ قىلىپ بولغان ئەھۋالنى ماڭا دەپ بەرگىنە ، ئاڭلاپ باقاي ،— ئابدۇراخمان ئەتراپقا قاراپ قويدى . ھېلىقى ئەر - ئايالمۇ ، ئىشىك يېنىدىكى ئۇستەلدە ئاشقان تاماقنى يەۋاتقان ئەيسا ساراڭمۇ چىقىپ كەتكەنىدى . پەقەت ئىشىك تۈۋىدىكى ئۇستەلدە ئولتۇرىدى-غان ھېلىقى ئۇيغۇچان بېلەت كەسكۈچى چوكانلا گازىر چاققىنىچە ئاشخانا دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇسالام تاماكىنى چېكىپ ئولتۇرۇپ كىچىك ۋاقتىدىكى كەپسىزلىكى تۇپەيلى ئېگىز كۆۋرۈكتىكى ھېلىقى تاش ئېتىش ۋەقەسىدىن تارتىپ ئەترەت باشلىقى ئابدۇلباستىنىڭ بېشىنىڭ يېرىلىش تارىخىغىچە، ئۆزىنى يېزىغا داغدۇغا بىلەن ئاپىرىشتىن تارتىپ بۈگۈنكى قاتىللىق ۋەقەسىگىچە ئەينەن سۆزلەپ ئۆزىنىڭ قېچىپ چىققانلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى.

— مەن ئەسلىي سىلەر بىلەن قالسام بوپتىكەن، — دېدى ئابدۇسالام گېپىنىڭ ئاخىرىدا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — شۇ يەردە قالسام بەلكىم سىلەر بىلەن ئىشچى بولۇپ كېتەتتىم. ماڭا بۇ سورۇقچىلىقلارمۇ بولمايتتى.

— ھەي، — دېدى ئابدۇراخمان يەنە بىر تال تاماكا سۇنۇۋېتىپ، — ئۇنىڭ باش قىسمىغا ئۇرۇپ چاتاق قىپسەن. ئۆلمىگەن بولسىغۇ ياخشى، ئەگەر ئۆلۈپلا قالسا ساڭا چاتاق. بىلىسەنغۇ، بىزنىڭ ئادىل ھېلىقى قوشنا سىنىپتىكى ئادىلچۇ، شۇمۇ بىرەيلەن بىلەن مۇشتلىشىپ قېلىپ رەقىبىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىر مۇشت ئۇرۇپلا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتى. قۇلاق تۈۋىدە بىر جان تومۇر بار دەيدۇ. شۇ يەرگە تېگىپلا كەتسە ئادەم ئۆلۈپ قالىدىكەن ئاداش، راستىنى ئېيتقاندا سەن ئۇ يەرگە بارماسلىقىڭ كېرەكتى. سەن كېتىپ بىر ئايدىن كېيىنلا تۆمۈريول ئىدارىسىدىن زىيالىي ياشلارنى ئىشچىلىقتا قوبۇل قىلىدىغانلار چىقىپتىكەن، سان توشماي يېزا بالىلىرىدىن ئۈچنى بىللە قوبۇل قىلدى. سەن بولغان بولساڭمۇ بىللە قايتىپ كېلەتتۇق. ئوقۇيمەن، ئوقۇيمەن دەپلا تۇراتتىڭ. كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ، دېگەندەك ئوقۇشتىن تەلىيىمىز كەلمىسە ئىشچىلىقتا ئىشلەپ تۇرساقمۇ ئوقۇشنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولاتتى. ئەگەردە مۇشۇ ئىنقىلاب بولمىغان بولسا سەن چوقۇم بىرەر ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ياكى باشقا بىرەر كەسپلىرىدە ئوقۇپ قالاتتىڭ، ئاداش. بولدى، گەپنى سوزمايلى، ئەمدى قانداق

قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟!

— قانداق قىلاتتىم،كېتىمەن، بۇ شەھەردىن كېتىمەن. قانچە يىراق كەتسەم شۇنچە ياخشى.

— بۇ گېپىڭمۇ راست، لېكىن سەن زادى نەگە بارماقچى؟!

— بىلمەيمەن، مومام تارانچىغا كەت دېۋىدى، هازىرچە شۇ يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئابدۇلباستىنىڭ خەۋىرىنى ئېنىق ئۇققاندىن كېيىن بىر ئىش قىلسامىكىن دەيمەن.

— بولمايدۇ، ئاداش،— دېدى ئابدۇراخمان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ،— ئۇ يەر خەتەرلىك، چۈنكى سېنى ئىزدەپ شەھەرگە، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ بار ھەممىلا يەرگە بېرىشى مۇمكىن. تارانچىدا ئاپاڭنىڭ ئۇكىسى بارلىقىنى ئۇلار بىلمەي قالامدۇ، بولسا سەن باشقا يەرگە كەت. لېكىن، ھازىرچە بۇ يۇرتتىن ئايرىلما، ئەگەر ئابدۇلباستى ئۆلۈپ قالمىسا، ئۇنىڭ چىرايى بۇزۇلمىغان بولسا ساڭا ئانچە ئېغىر جازا كەلمەيدۇ. چۈنكى سەن گۇناھسىزكەنسەن، بۇنى ئىسپاتلاپ چىققىلى بولىدۇ. مۇنداق قىلايلى ئاداش، مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارىمەن. سېنى ئىش ئورنۇمغا ئەكېتەي، ئۇ بۇ يەردىن ئوتتۇز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خىلۋەت بىر كىچىك بېكەت. ئۇ جايدا ئاسانلىقچە پويىز توختىمايدۇ. پەقەت يولۇچىلار پويىزىنىڭ ئاستا سۈرئەتلىك بىر پويىزىلا توختايدۇ. مەن ئاشۇ بېكەتتە تىكەندەك يالغۇز ئاچال باشقۇرىمەن. شۇ يەرگە كېتەيلى، بىر ھەپتە ئىشلىسەم ئىككى كۈن ئارام ئالىمەن. سېنى شۇ بېكەتكە يېقىن بىر جايدىكى ئابلەت دەيدىغان ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىمەن. ئۇنىڭغا كۆنمىسەڭ تاشبالىققا چىقىپ كېتەرسەن. تاشبالىققا ئۇ بېكەت پەقەت ئون كىلومېتىرلا كېلىدۇ.

— تاشبالىق؟ ھەببەللى، مەن نېمىشقا خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم ئۇ جاينى،— ئابدۇسالام ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى،— ئەگەردە سادىق قويچى مال بېقىۋاتقانلا بولسا مەن خاتىر-

www.uyghurkitap.com

جەم ياشايدىغان يەرگە ئېرىشىمەن . تاغ باغرىدا بىر ئۆڭكۈر بار .
ئۇ جاينى سادىق قويچىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ ، ئاداش .
خەتەرلىك بىر قىيا تاشنىڭ قاپ بېلىدە ، شۇنداق قىلالايلى ئەمىسە ،
مەن شۇ يەرگە ماڭاي .

— توختا ھوي ، نېمانچە ئالدىرايسەن ، قانداق بارىسەن ئۇ
يەرگە ؟ مېڭىپمۇ ، بىلىپ قوي ، تراكتوردا يېرىم كۈن ماڭىدىغان
يول ئۇ .

— مەن پىشىپ كەتكەن ، كىچىككىمدىن تارتىپ مېڭىپلا
كېلىۋاتىمەن . مۇشۇ يېزىغا چۈشكەننىڭياقى كالا ھارۋىسىدا ،
قوشتا ئوخشاشلا مېڭىپ كەتتىم . تاغنى نىشانلاپ مېڭىۋېرىمەن ،
ئاشۇ قىش ـ ياز ئېرىمەيدىغان مۇز چوققا مېنىڭ نىشانىم ، شۇنى
نىشانلاپ ماڭسام يېتىپ بارارمەن زادى .

— بارىسەن ئۇ يەرگە ، — دېدى ئابدۇراخمان ئۇنىڭ مۇرىـ
سىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ ، — لېكىن مېڭىپ بارغىلى بولـ
مايدۇ . ئىككى كۈن ماڭىسەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭگالدا يالغۇز
ماڭساڭ ئوڭايلا كۆزگە چېلىقىسەن . مۇنداق قىلايلى ، سەن مۇشۇ
ئارقا كوچا بىلەن پويىز ئىستانسىسى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ تۇر .
مەن ئۆيگە بېرىپ تاماقنى يەپلا خىزمەت سومكامنى ئېلىپ ۋېلىـ
سىپىت بىلەن كەينىڭدىن يېتىشىمەن . بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى
پويىز بىلەن مەن تۇرىدىغان بېكەتكە كېتەيلى . ئابلەتنى تاشبالىقتا
ئەۋەتەيلى . ئۇ سادىق قويچىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كەلسۇن ،
ئاندىن سېنى يولغا سالاي . بولامدۇ ئاداش ، ھېچ گەپتىن ـ ھېچ
گەپ يوق لوڭگىدە تاشبالىقتا پەيدا بولۇپ قالساڭ خەقلەر گۇمان
قىلىدۇ . شۇڭا بىز سېنى تاشبالىقتىكى ھېچكىمگە كۆرسەتمەسلىـ
كىمىز كېرەك جۇمۇ ، كاللاڭ قىزىپ قالغاچقا ھازىر سەن قىزىقـ
قانلىق قىلىۋاتىسەن . ئۆزۈڭنى بېسىۋال ، تۇتە ماۋۇ تاماقنى ،
مانا سەرەڭگە ، مەن ساڭا يېتىشىپ كەلگۈچە چوڭ يولغا
چىقىۋالما .

ئۇلار مەسلىھەتنى شۇنداق پىشۇرۇپ سىرتقا چىقتى . ئەيسا

ساراڭ پەلەمپەي يېنىدىكى بوشلۇقتا ئاپتاپقا قاقلانغاچ باشقىلار تاشلىۋەتكەن تاماكا كۆتىكىدىن بىر نەچچىنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ قاسماقلاشقان بەدىنىنى كارتىلدىتىپ تاتىلىغىنىچە سۇنايلىنىپ ياتاتتى . ئۇ ئابدۇسالاملار چىققاندا ئۇلارغا چاپاقلاشقان كۆزلىرىگە تەمەنناق ئۇچقۇنلىرىنى يالتىتىپ قاراردى . ئابدۇراخمان ئۇنىڭ بۇ بىچارىلەرچە قارىشىدىن بايىقى ئاشقان - تاشقان تاماقلارنىڭ ئۇنىڭ تازا ئاچقان يېرىگە بارمىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە ، يېنىنى ئاختۇرۇپ بىر مولۇق پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

— تاماق ئاشمىدى ئەيسا ، بۇنىڭغا نان ئېلىپ يېگىن جۇمۇ ، — دېدى ئابدۇراخمان ئۇنىڭ ۋىلىلدە ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ .

ئەيسا ساراڭ پۇلنى قولىغا ئېلىپ كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ قارىدى - دە ، ئابدۇراخمانغا قاراپ سارغايغان چىشلىرىنى تۈگەل چىقىرىپ ھىجايدى - دە ، قاسماق قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى ، ئابدۇراخمان ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئابدۇسالامنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى .

— سەن بايىقىدەك يولۇڭغا مېڭىۋەر ، مەن بىردەمدىلا ساڭا يېتىشىۋالىمەن ، ئاداش ، — دېدى ئابدۇراخمان ئۇنى يول ياقىسىدىكى قېرى قارىياغاچ يېنىدا توختىتىپ ، — ئەيسا بىر موچەن ئۈچۈن بىزگە دۇئا قىلىۋاتىدۇ . ئاشۇنىڭ كۆڭلىدىن چىقىرىپ قىلغان دۇئاسىنىڭ شاراپىتىدىن ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدۇ ئاداش ، ھەرگىز كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىپ ئۆزۈڭنى ئازابلىما ، مېنى ساقلىماي باشقا ياققا كېتىپ قالما . مەن ئۆيگە بارغاچ سېنى ئىزدەپ شەھەرگە ئادەم چىققان - چىقمىغانلىقىنى بىلگەچ كېلىمەن .

ئابدۇسالام ئابدۇراخماننىڭ تېز مېڭىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەۋەسلىنىپ قارىدى . ئۇنىڭ تۆمۈر يول ئىشچىلىرىنىڭ ئىش كىيىمىنى كىيگەن بەستى شۇنچە جەلپكار . پۇتىدىكى شىبلىتمۇ

مايلاپ پارقىرىتىۋېتىلگەن . چاچلىرىنىڭ رەڭگىمۇ پارقىراق . ئۇ ئۆزىنىڭ كىيىنىشىگە قارىدى ، بېشىدا چېكىملىكى يىرتىلغان كۆك شەپكە ، شەپكىنىڭ گىرۋەكلىرى مايلاشقان . تۆت يانچۇقلۇق چا- پىنىنىڭ ئىككى جەينىكىگە ياماق سېلىنغان ، ئاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى كىرلەشكەن ، ئىشتىنىنىڭ تىزىغا ياماق چۈشكەن ، رې- زىنكە تاپانلىق لاتا ئايغىنىنىڭ تۇمشۇق تەرىپى يىرتىلغان ، ئۇ تۆشۈكتىن پۇتىنىڭ بارماقلىرى چىقىپ قالغان . توۋا ، بىر نەچچە يىلدىلا مۇشۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش بولسا ھە ، ئەينى يىللاردا ئابدۇسالام كىيىنىشكە ، بولۇپمۇ تازىلىققا بەك ئەھمىيەت بىلەن قارايتتى . ئاياغلىرى داۋاملىق مايلانغان ھالەتتە تۇراتتى . ئۇچ كۇندە بىر قېتىم مۇنچىغا چۈشۈپ تۇراتتى . لېكىن مانا ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ بارغانسېرى ھۇرۇنلىشىپ كەتكەنلىكتىن مۇشۇنداق ئىسكەتسىز ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ ياكى ئاشۇ زېمىندىكى شارائىتنىڭ ئۆزىنى مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالغانىدى . ئىشقىلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ بارغانسېرى ئەبگار- لىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى . قانداقتۇر ئۆزىنىڭ بۇ- رۇنقى دوستلىرى ، ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ئۆزىنى بەكمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ، ئۇلارغا ئامال بار ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىككە تىرىشاتتى . شۇڭا ئۇ قىش كۈنلىرى بازاردىن ئوغۇت توشۇغاندا مانا مۇشۇ ئېگىز كۆۋرۈكتىكى مەھەل- لىسىدىن ئۆتكەندە ئامال بار مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇماي قېلىشىنى تىلەيتتى . شۇ ۋەجىدىن ئۇ تاشلانمىغان ئاق جۇۋىسىنىڭ ئالدى پەشلىرىنى ئۆتتۈشتۈرۈپ چىگە ئارغامچىدا بې- لىنى چىڭ باغلاپ ، قارا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن قۇلاقچىسىنىڭ قۇلاقلىرىنى چۈشۈرۈپ ئېڭىكىدىن چىڭ چىگىپ ، جۇۋىسىنىڭ يۇڭلۇق ياقىسىنى كۆتۈرۈپ لىققىدە ئوغۇت قاچىلانغان ھارۋىسى- نىڭ ئالدىدىكى ئەگمە ياغاچقا يۆلەنگەن ھالدا ئۆتۈپ كېتەتتى . بۇ چاغدا ئۇ مەھەللىداشلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ قونچى قايرىلغان

ئۆتۈكلەرنى كىيىپ ، سىپتا تىكىلگەن پاختىلىق چاپان ياكى ئەس-
تەرلەنگەن جۇۋىلارنى كىيگەن ھالدا بىر - بىرى بىلەن خۇشال
چاقچاقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتى - دە ، يۈرىكى
بىر خىل ھاياجاندىن تىترەپ كېتەتتى . «مەنمۇ مۇشۇلاردەك
غەمسىز ئىدىمغۇ ھە ، قانداقلارچە بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم» دېگەن
خىيال ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يىغا ئولاشتۇراتتى .
ئابدۇسالام ئاشۇلارنى خىيال قىلغاچ پويىز ئىستانسىسى تە-
رەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى . ئازابلىق خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى
ئەسىر قىلىۋالغاچقىمۇ ئۇ يولدىكى كىشىلەرنى ، ۋىلىسىپىتلىك
كېتىۋاتقان ئالدىراش ئەر - ئاياللارنى ، غېرىبلىق باسقان مۇڭلۇق
چىرايلىرىدا ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايدىغان دېھقانلارنىڭ ئېشەك
ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىشلىرىنى سەزمەي قال-
دى . ئۇنىڭ خىيالىدا ھازىر ئابدۇلباسىت پەيدا بولغانىدى .
ئۇنىڭ قانغا بويالغان چىرايى ، بوغداي ئېگىزىنى بويىغان قان ،
قوشچىلارنىڭ ھەيرانلىقتا كېرىلگەن كۆز چاناقلىرى ، خامانىنىڭ
شەرق بۇرجىكىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ «ئادەم ئۆل-
دى» دېگەن ئاۋازى ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتاتتى .
«ئۇ راستتىنلا ئۆلۈپ قالغانمىدۇ ، ھېلىقى قامچىنىڭ تەمد-
نى كۆنىگە نەچچە يۈز قېتىم تېتىپ يۈرگەن كاللار ھېچنەرسە
بولمىسا ماۋۇ ئاۋاق بىر قامچىدا دۈم چۈشتنا ، جان دېگەن شۇنداق
چۈرۈك نەرسىمىدۇر زادى يا ئابدۇراخمان دېگەندەك ئۇنىڭ ئاشۇ
جان تومۇرىغا تېگىپ كەتكەنمىدۇر . ھەي ، ئەسلى ئاشۇ قامچىنى
تاشلىۋەتمىسەم بوپتىكەن ، قاتىللىق قورالى مانا دېسە پاكىت
بولىدىغۇ ئۇ ، ئىچىدە پولات سىمى بار قامچىغۇ ئۇ . كالىنىڭ
سۆڭگىچى چىدىغان بىلەن ئادەمنىڭ يۈزى چىدىمايدىغان تۇرسا ،
ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ ، ماڭىمۇ قىلدىڭ . سەن بىكاردىن - بىكار
تىللاپ كەتمىسەڭ ، ئۇرۇپ كەتمىسەڭ قامچىمۇ يېمەيتتىڭ . مەن-
مۇ بۇنداق قېچىپ يۈرمەيتتىم ، بولغۇلۇق بولدى ئەمدى . ھەر

ئىككىمىز بۇ ئىشنىڭ قۇربانى بولدۇق . مېنىمۇ ۋەيران قىلدىڭ ، ئۆزۈڭمۇ ھەم شۇنداق » .

ئابدۇسالامنىڭ خىياللىرى قاناتلىنىپ باراتتى . خىياللار ئەۋجىدە ئابدۇراخمانمۇ غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ كېلىۋاتاتتى . ئابدۇ- راخمان ئۇنىڭ بىردىن - بىر قىيامەتلىك دوستى ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى بىر - بىرىگە ياندىش بولغاچقىمۇ تەڭ ئۆسۈپ چوڭ بولغان . ئۇلارنى ئىزدەش توغرا كەلسە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئاۋۋال بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىشەتتى . چۈنكى ئۇلار بۇ ئۆيدە بولمىسا ئۇ ئۆيدە ، ئەگەر ئۇ ئۆيدە بولمىسا بىللە بىر يەرگە كەتكەن بولۇپ چىقاتتى . ئاكىسىنىڭ گىتار چېلىشىغا ئاشىق بولۇپ قالغان ئابدۇراخمان يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىگە بىر كىچىك گىتار ئالدۇرغان . ئۇ داۋاملىق ئاشۇ گىتارىنى مۇرىسىگە ئېسىۋې- لىپ ئۇنى تىرىڭشىتىپ يۈرەتتى . ئاخىر ئۇ مۇشۇ گىتار چېلىش دېگەنىنىمۇ ئوبدانلا ئىگىلىۋالدى . ئون ياشتىن ئاشقاندا ئوبدانلا چالىدىغان بولۇپ قالدى . ئاخشاملىرى باللار يىغىلىغان سورۇن- لاردا ئابدۇراخمان گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتسا باللار ئېغىزلىرى- نى يۇلۇپ ئولتۇرۇشۇپ كېتەتتى . بەزىدە ئۇ گىتار چېلىپ هارسا ئابدۇسالام چۆچەك باشلايتتى . بۇ چۆچەك خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشاتتى . ئاخىر باللىرىدىن ئەنسىرەپ چىققان ئانىلارنىڭ باللىرىنى چاقىرغان ئاۋازلىرى ئابدۇسالامنى چۆچەك ئېيتىش- تىن توسۇپ قالاتتى . شۇڭلاشقىمىكىن مەھەللىدىكى باللار ھەر- قانداق بىر ئويۇننى مۇشۇ ئىككىيلەنسىز ئوينىمايدىغان بولۇشۇپ كەتكەنىدى . مانا مۇشۇ غەمسىز چاغلار هازىر كەلمەسكە كەتكەنى- دى . چۈنكى ئاشۇ باللار هازىر تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەنىدى . مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ جاپالىق كۈنگە قالغىنى ئابدۇسالام ئىدى . ئابدۇراخمانلار بەزى - بەزىدە مەھەللە دوقمۇش- لىرىدا ئاشۇ كونا دوستلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قالغانلىرىدا ئابدۇسالامنىڭ كاچ تەقدىرى ئۈستىدە سۆزلىشىپمۇ قالاتتى .



www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىبېكىتى

— ئاران مۇشۇ يەرگە كەلدىڭمۇ ، ئاداش ،— تۇيۇقسىز چىقـ.
قان بۇ ئاۋازدىن ئابدۇسالام دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى . ئۇنىڭ
يېنىدا ئابدۇراخمان ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگەن هالدا پەيدا بولغانـ.
ـدى ،— قارا ئاداش ،— دېدى ئۇ ئابدۇسالامغا ئالاقزادىلىك چىـ.
قىپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىككەن هالدا ، — سېنى ئىزدەپ خەلق
ئەسكەرلىرى چىقىپتۇ . ئەخمەت تۆمۈرچى ئۇلارغا بوۋاڭنىڭ ئۆيىـ.
ـنى دەپ بەرمەپتۇ . ئېسىل ئادەمدە ئۇ ، ئابدۇلباسىت دېگەن
هېلىقى ئادەمنى تراكتور بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ چىققان
ئوخشايدۇ . هېلىقىلار بوۋاڭنىڭ ئۆيىنى تاپالماي دوختۇرخانىغا
كىرىپ كېتىپتۇ . ئەخمەت تۆمۈرچىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ
كەتتىم . هېلىقىلارنىڭ قولىدا مىلتىق باركەن ئاداش ، شۇنىڭغا
قارىغاندا سېنى تۇتمىغۇچە بولدى قىلمىغۇدەك . سەن بىلەن ئۇچـ.
ـراشقانلىقىمنى ئەخمەت تۆمۈرچىگە دېمىدىم ، تېز ماڭايلى ، پويىز
ماڭىدىغانغا يەنە يېرىم سائەت قالدى .
ئۇ ۋېلىسىپىتنى مىندى . ئابدۇسالام ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە
مىنگەشتى . ئۇلار ناهايىتى تېزلا پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ
كەلدى .
— سەن تۇرۇپ تۇر ، مەن ۋېلىسىپىتنى ئىدارىنىڭ ۋېلىسىـ.
ـپىت ساقلاش ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپ كېلەي ، تۇتە ماۋۇ سومكىنى .
ساڭا بىر قۇر كىيىم ئېلىۋالدىم ، پويىزغا چىققاندا يەڭگۈشلىـ.
ـۋال .
ئابدۇراخمان ئابدۇسالامغا ۋېلىسىپىتنىڭ رولىغا ئېسىۋالغان
يېشىل بىرېزېنت سومكىنى تۇتقۇزدى ـ دە ، ۋېلىسىپىتنى مىنىپ
يۈرۈپ كەتتى …
ئۇلار ناهايىتى تېزلا پويىزغا چىقىۋالدى . ئايلىنىپ يۈرۈپ
بوش ئورۇن تاپتى .
— كىيىمىڭنى يەڭگۈشلەپ چىق ، ئاداش ،— دېدى ئابدۇـ.
راخمان ئابدۇسالامنىڭ قولىغا سومكىنى تۇتقۇزۇپ ، — ئەنە ئاۋۇ

ئالدى تەرەپتە ھاجەتخانا بار ، كىرىپ ئىچىدىن تاقاپ سومكىنىڭكى كىيىملەرنى ئالماشتۇر .
— بىلەت ئالمىدىمغۇ ئاداش ، — دېدى ئابدۇسالام سومكىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ ، — ھېلى بىلەت تەكشۈرۈپ قالسا...
— ۋاي خاتىرجەم بولغىنە ، — دېدى ئابدۇراخمان تاماكا تۇتاشتۇرۇپ دېرىزە قاپقىقىنى يېرىم ئېچىپ قويۇپ ، — مەن تۆمۈر يولدا ئىشلەيمەن ، كىنىشكەم بار . بىرەر ئادەمنى بىلەتسىز ئېلىپ مېڭىشقا كۈچۈم يېتىدۇ مېنىڭ .
ئابدۇسالام ھاجەتخانىغا كىردى - دە ، ئىچىدىن تاقىدى . سومكىسىنى ئېچىۋىدى ، ئىچىدىن پاكىز يۇيۇلغان كۆڭلەك ، ئىشتان - چاپان چىقتى . ئىشتان - چاپان سەل كونىرىغان بولسىمۇ ، لېكىن تۆمۈر يولنىڭ ئىش كىيىمى بولغاچقا ئۇنىڭغا بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى . چۈنكى ئۇ تاشبالىقتىن كېتىپ قالمىغان بولسا مۇشۇنداق ئىش كىيىمىنى كىيىپ ، پويىزدا بې- لەتسىز قاتناپ يۈرگەن بولاتتى - دە .
ئۇ ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ بۇ كىيىملەرنى كىيد- ۋىدى ، روھلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى . ئۇ ھاجەتخانىدىن چىقىپ يان تەرەپتىكى يۈز يۇيۇش ئورنىدىكى ئەينەككە قارىدى . بايىقىغا قىلچە ئوخشىمايدىغان بىر گەۋدە ئەينەكتە ئايان بولدى . «ئادەم سەتى ئەمەس ، كىيىم سەتى» دېگەن راست گەپكەندە دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئابدۇسالام ئەينەكتىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئابدۇراخماننىڭ يېنىغا ماڭغاچ .
— پاھ ، قالتىس يارىشىپتىغۇ ، — دېدى ئابدۇراخمان دېرد- زە تەرەپكە سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ ، — مانا بىلەت تەكشۈرگۈچىلەر كەلسىمۇ مۇنۇ كىيىملىرىڭگە قاراپلا سەندىن بىلەت سورىماي ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئاپلا ، شەپكە بىلەن ئاياغنى ئۇنتۇپتىمەن . ماۋۇ ئايىغىڭ بىلەن شەپكەڭ چېنىپ قاپتۇ ئاداش ، سەن ئىچىدە ئول- تۇر ، شەپكەڭنى ئېلىۋەت ، ھە توغرا ، سۇ بارمىكەن ، سۇ بولسا

چىچىڭنى ، يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇۋەت .

ئابدۇسالام بېشىنى يۇيۇپ كەلدى . توپا باسقان چاچ ، توپا
ئۆرلىگەن چىرايلار بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتكەندەك بولدى .

— مانا ئەمدى رەسمىي تۆمۈريول ئىشچىسىغا ئوخشىدىڭ
ئاداش ،— دېدى ئابدۇراخمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى دېرىزە تە-
رەپتە ئولتۇرغۇزۇپ ، — بېكەتتىكى ياتىقىمدا بىر ئايغىم بولىدى-
غان ، ياتاقدىشىم تاشلىۋەتمىگەنلا بولسا ئۇ كارىۋاتنىڭ ئاستىدا
بار . شۇنى مايلىساقلا كىيگىلى بولىدۇ . سېنى ئوبدانىراق جابدۇپ
قوياي .

— بولدى رەھمەت ، ھېلىمۇ سېنى جىق ئاۋارە قىلىۋەتتىم
ئاداش ، ئىشقىلىپ ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈۋاتىسەن . مېنىڭمۇ
سېنى رازى قىلىۋالىدىغان چاغلىرىم كېلەر ، — ئابدۇسالام ئاب-
دۇراخماننىڭ قولىنى چىڭ سىقتى .

— ئۇنداق دەپ كەتمە ، بىز دېگەن قىيامەتلىك ئاغىنىلەر ،
ناھايىتى تەلىيىڭ كاج كېلىپ مۇشۇنداق كۈنگە چۈشۈپ قالدىڭ .
مەن ئىشىنىمەن ئاداش ، سەن ھېچنېمە بولمايسەن ، مەنلا بولىدى-
كەنمەن ئۇلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرمەيمەن سېنى ، خاتىرجەم
بول ، ھېچنېمىنى ئويلىما ، سېنى تاشىبالىققا ئاپىرىپ قويۇپ ،
ھېلىقى ئابدۇلباستىنىڭ خەۋىرىنى ئالىمەن . ناھايىتى بىر ھەپتى-
دىن كېيىن ئۆيگە قايتىمەن ئەمەسمۇ ، شۇ چاغدا بىرەر ئىشنى
باھانە قىلىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ سۈرۈشتۈرىمەن .

ئابدۇسالام دوستىنىڭ گەپ قىلغاندىكى تۈزلۈكىگە ، بولۇپمۇ
ئۇنىڭ ھەققىي دوستلارچە كۆيۈنۈشلىرىگە قايىل بولۇپ يېنىك
كۈلۈمسىرىدى .

پويىز شەرققە قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە . يول بويى-
دىكى دەل - دەرەخلەر خۇددى پويىز بىلەن بەسلەشكەندەك غەربكە
سۈرۈلمەكتە . يىراقتا يېشىللىققا ئورالغان ئېتىزلار ، كۆجۈم
مەھەللىلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرماقتا . ئابدۇسالام ئاشۇ

سەھرالارنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلىرىدا ئۆزىگە ئوخشاش بىھۇدە ئازاب چېكىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بار ــ يوقلۇقىغا جەزم قىلالمىسىمۇ تىنىمسىز ئىشلەش بەدىلىگە پەقەت ئۆزىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇش ھوقۇقىغىلا ئېرىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى .

پويىز يېشىللىق ئۆزۈلگەن بىر سايدا پۇشۇلداپ توختىدى . ئابدۇراخمان ئورنىدىن تۇردى .

— تۇرە ئاداش ، پويىزدىن چۈشىمىز ، بېكەتكە كەلدۇق .

— بۇ يەردە نەدە بېكەت بار ؟— دېدى ئابدۇسالام دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تاقىر سايىنى شەرەتلەپ .

— بېكەت ماۋۇ تەرەپتە ،— دېدى ئابدۇراخمان سومكىسىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ ، — يۈرە ، ئىتتىك ماڭايلى ، پويىز بۇ يەردە ئاران ئىككى مىنۇت توختايدۇ .

ئۇلار پويىزنىڭ شىمال تەرەپتىكى ئىشىكىدىن پەسكە چۈشتى ، ئالاھازەل بىرەر مو كەلگۈدەك كىچىك سۇپا ئۈستىدە كۆك ئىشتان ـ چاپان ، كۆك شەپكە كىيگەن بىرەيلەن قولىدا يېشىل ۋە قىزىل ئىككى بايراقچىنى تۇتقان ھالدا تىككىدە تۇرۇپ پويىزغا ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە ئىدى . ئۇ ئابدۇراخماننى كۆرۈپ قولىدىكى بايراقنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا «كەلدىڭمۇ» دېگەن مەنىدە سالام قىلدى ـ دە ، سائىتىگە قاراپ قويۇپ يېشىل بايرىقىنى ئېلىپ ، ئالدى تەرەپكە قاراپ پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى . شۇ چاغدا پويىز قاتتىق بىر ھۆركىرەپ ئاستا قوزغىلىپ يۈرۈپ كەتتى .

— قانداق ئەھۋالىڭ ، — ئۇ ئابدۇراخماننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ئابدۇسالامغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ «بۇ كىم» دېگەن مەنىدە ئابدۇراخمانغا قارىدى .

— ھە ، مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي ،— دېدى ئابدۇراخمان ئابدۇسالامنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ،— بۇياق مېنىڭ ساۋاقدىشىم غوپۇر ، تاشبالىقتا ئىشلەيدۇ ، دېھقان بولۇپ كەتتى بۇ ئاغىنەم .

پويىزنى كۆرگەن بىلەن ئولتۇرۇپ باقمىغان دېگەنە ، شۇڭا
ئويىنتىپ ئەكەلدىم . پۇلنى ئىقتىساد قىلايلى دەپ مېنىڭ كېيىم-
لىرىمنى كىيدۇرۇپ مۇشۇنداق ئەكەلدىم . بوپتىمۇ ؟
— بوپتۇ ، بوپتۇ ،— دېدى ئۇ ئادەم ئابدۇسالامغا مۇنداقلا
قاراپ قويۇپ ، — لېكىن تۆمۈريولنىڭ قائىدىسىنى ئوبدان بىلى-
سەن ، ياتاقتا يات ئادەملەرنىڭ قونۇشىغا بولمايدۇ . مەسىلە چى-
قىپ قالسا كاللا كېتىدىغان ئىش جۇمۇ بۇ ، شۇڭا ئاغىنەڭنى
بۇگۇن كەچكىچە تاشبالىققا ماڭغۇزۇۋېتەرسەن ، هە . خاپا بولماڭ
جۇمۇ ئۇكام ، بۇ قارىماققا ئاسان ئىشتەك قىلغىنى بىلەن مەسئۇ-
لىيىتى ئېغىر . كۆرۈۋاتقانسىز ، كۇنىگە مۇشۇ يولدىن بىرەر يۈز
پويىز ئۆياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدۇ . ئاشۇلارنىڭ هەممىسىنى
سالام بىلەن قارشى ئېلىپ سالام بىلەن چىرايلىق ئۇزىتىپ قويى-
دىغان گەپ . ئاچالىسىمۇ دەل ۋاقتىدا يۆتكەش كېرەك . مانا مۇشۇ
ئىشلار ئۇچۇن سەگەك تۇرمىساق بولمايدىغان گەپ ، بولمىسا
كېلىۋاتقان پويىزغا يەنە بىرى سوقۇلىدىغان ئىش بولۇپ قالسا
ئىش چاتاق ئۇكام .
— بولدى ، بولدى ، هەي روزىكا ، — دېدى ئابدۇراخمان
قولىنى سىلكىپ ، — ئاغىنەمنى خىجىل قىلىپ دەرس ئۆتەمسەن
بىزگە . هەمراهىڭ قېنى ئۆزۈڭنىڭ ؟
— ئۇخلاۋاتىدۇ ، سىنىڭ هەمراهىڭ كەلمەپتىغۇ ؟
— ئۇ كەچتە كېلەي دەپ قالدى ، — ئۇلار پاراڭلىشىپ سۇپا
يېنىدىكى كىچىك ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۆي-
نىڭ تورۇسىدا شامالدۇرغۇچ پىرقىرىماقتا . دېرىزە يېنىدىكى
ئۇستەلگە جەدۋەل ، چايدان ، ئىستاكانلار قويۇلغان ، تام تەرەپتە
بىر ياغاچ كارىۋات بولۇپ ، كارىۋات ئۇستىدە بىرەيلەن تام تەرەپكە
قاراپ ئۇخلىماقتا . ئۇنىڭ باش تەرىپىدىكى تەكچىدە بەئەينى لامپا
چىراغقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى چىراغ تۇراتتى .
روزى ئۇستەل ئالدىغا كېلىپ چايداندىن ئىككى ئىستاكانغا
چاي قۇيدى .

— ئۇسساپ قالغانسىلەر، چاي ئىچىڭلار، — ئۇ بىر ئىستاكاننى ئېلىپ ئابدۇسالامغا تۇتقۇزدى، — بايىقى گېپىمگە ھەرگىز خاپا بولماڭ جۇمۇ، دوستىڭىزنى ئاياپ شۇ گەپنى دەپ قويدۇم شۇ. بىرەر ئاخشام يېتىپ قويغانغىمۇ ھېچنېمە بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەمدى باشلىقلار تەكشۈرۈپ قالسا ئاغىنىڭىزگە چاتاق بولىدۇ شۇ.

— ياق، خاپا بولمايمەن، — دېدى ئابدۇسالام بۇ ئادەمنىڭ گەپنى تولىراق قىلغان بىلەن ئىنتايىن ساددا ھەم تۈز ئادەم ئىكەنلىكىنى پەملەپ.

— بىر گەپنى تېپىۋالساڭ شاتۇتىدەك تەكرارلاۋېرىدىكەنسەن روزىكا، — دېدى ئابدۇراخمان ئىستاكاندىكى ئىلمان قايناق سۇنى ئوتلاپ تۇرۇپ، — ئاغىنەمنى بىرەر ئاخشام قوندۇرۇپ ھال-مۇڭ قىلىشۋالاي دەپ ئەكەلسەم قوغلاۋاتىسەن. ئىشقا زىنھار تەسىر يەتكۈزمىسەم بولمىدىمۇ.

— ھەي ئۇكا، ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن تۆمۈر يولنىڭ قائىدە-ئىنتىزاملىرىنى ئوبدان بىلىسەن، «كوزا كۆندە سۇنمايدۇ، كۈنىدە سۇنىدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ، ئالىمادىس باشلىقلار تەكشۈرۈپ كېلىپ قالسا دەيمىنا ئەمدى.

— تەكشۈرسە ئۆزۈم جاۋابىنى بېرەي ئاكا، سەن «تۆگە كۆردۈڭمۇ، ياق» بولۇۋالساڭ بولمىدىمۇ.

— نېمانداق ئادەمنى ئۇخلاتماي، — كارىۋات غىچىرلىدى، ئۇلار ئىتتىكلا كارىۋاتتا ياتقان ئادەمگە قارىدى. قارىمۇتۇق كەلگەن بۇ يىگىت ئالاھازەل يىگىرمە بىر ياشلارغا كىرگەن بولۇپ ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدىن ئۇيقۇغا تازا قانمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئىش ۋاقتىدا ئۇخلىۋالساڭ قانداق بولىدۇ، — دېدى ئابدۇراخمان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— كېچىچە ئىشلىدىم، — دېدى ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئۆزىگە

قاراپ تۇرغان ئابدۇسالامغا قاراپ ، — بۇ كىم ؟ ! يېڭى كەلگەن ئىشچىمۇ ؟ !

— ياق ، ئۇ مېنىڭ دوستۇم ، — دېدى ئابدۇراخمان يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ ئۇنىڭغا بىر تال تۇتقۇزۇپ ، — پويىزدا مېڭىپ باقمايتىكەن ، ئوينىتىپ قويۇپ دەپ ئەكەلدىم .

— ھە ، مەن تېخى بىزنىڭ ئەترەتكە يېڭى ئىشچى كەلگەن چېغى دەپتىمەن . نەدە ئىشلەيسىز ؟ ئىسمىڭىز نېمە ؟ !

— ئىسمىم ئابدۇسالام ، تاشبالىقتا ، — ئۇ ئىم دېگىنىچە توختاپ قالدى . چۈنكى بايا ئابدۇراخمان ئۆزىنى غوپۇر دەپ تونۇشتۇرغانىدى . شۇڭا ئۇ ئىتتىك ئابدۇراخمانغا قارىدى . ئابدۇراخمان «مەيلى» دېگەندەك باش لىڭشىتىپ قويدى . چۈنكى روزى سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى .

— ھە ، دېھقانچىلىق قىلىدىكەنسىز ـ دە ، — دېدى ئۇ قولىنى ئابدۇسالامغا تەڭلەپ ، — مېنىڭ ئىسمىم جاڭ ۋېن ، مەنمۇ دېھقان بالىسى . دېھقان دېگەن بەك ئۇلۇغ ئادەملەر جۇمۇ ، ماۋۇ ئابدۇراخمان مەن شەھەرلىك دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايتتى . مانا دېھقان ئاغىنىسىمۇ باركەنغۇ ، ئاشپەزگە دەپ قوي ، بىر كىشىلىك تاماقنى كۆپرەك ئەتسۇن . مېھمان قىلمامسەن ئاغىنەڭنى .

— روزىكام قائىدە ، پرىنسىپ ، تۈزۈم دەپ ئاغىنەمنى قوغلاۋاتىدۇ قارا ، — دېدى ئابدۇراخمان جاڭ ۋېنغا قاراپ ، — مانا ھازىرلا كەچ بولىدۇ . تاشبالىق دېگەن ئون نەچچە كىلومېتىر يول تۇرسا ، قانداق كېتىدۇ ئۇ يەرگە .

— پېشقەدەملەر ئېھتىياتچان كېلىدۇ . ھېچقىسى يوق ، شياۋۋاڭ كەلمەپتىغۇ ؟

— ئۇ كەچلىك پويىزدا كەلمەكچى بولدى . ئازراق ئىشى باركەن .

ئۇلار بىرلىكتە بۇ ئۆينىڭ يان ئىشىكىدىن چىقتى . پەستە ئۆگزىسىگە كاھىش بېسىلغان بىر نەچچە ئېغىز ئۆي ئوچۇقچىلىق-

تا يېيىلىپ تۇراتتى . ئىشىك ئالدى پىششىق خىش بېسىلغان بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ئىككى تۈپ جىگدە قويۇلغان بولۇپ ، ئادەمنىڭ يوتىسىدەك يوغىنىغان بۇ جىگدىنىڭ ھەر تەرەپكە ئايرىلغان شاخ-لىرىدا ئەمدىلا چېچەكلىدىن ئايرىلغان جىگدىلەر ساڭگىلاپ تۇرات-تى .

— مۇشۇ بىزنىڭ تۇرالغۇمىز ، — دېدى ئابدۇراخمان ئابدۇ-سالامغا قاراپ ، — ئاۋۇ جىگدە ئالدىدىكىسى ياتاق ، ئاۋۇ تەرەپتىد-كىسى ئاشخانا ، يان تەرىپى مۇنچا ، ئاۋۇ يىراقتا چوقچىيىپ تۇرغىنى ھاجەتخانا .

ئابدۇسالام كۆزىنى ھاجەتخانىدىن يۆتكەپ شىمال تەرەپكە قارىدى . شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تەڭرىتاغ تىزمىسى گويا مۇشۇ زېمىننىڭ زەبەردەس قاراۋۇلىدەك ، قىش - ياز مۇز ئېرى-مەيدىغان مۇز چوققىغا بېشىنى قويۇپ ياتقان ھالەتتە كۆزگە تاشلىناتتى . ئاشۇ چوققىنىڭ ئاستى تەرىپىدە بىر كىچىك يېشىل-لىق گوياكى يېشىل بەلۋاغ باغلىغان يىگىتتەك تۇيغۇ بەرمەكتە . ئاشۇ يېشىل بەلۋاغ قورام تاشلار ئارىسىدا ئارانلا كۆزگە تاشلىنى-دىغان تاشبالىقنىڭ كۆركەمرەك ئىزنالىرىنىڭ بىرى . ئابدۇسالام شۇ يەرگە بېرىشى كېرەك ، ئۇ غەربكە قىيسىيىۋاتقان قۇياشقا قارىدى . پىيادە ماڭغاندا ئۇ يەرگە ناماز شامغا يېقىن بارالىشى ناتايىن ، ئەگەر كەچ كىرىپ كەتسە يولدىن ئېزىپ قېلىشىمۇ ، ھەتتا سادىق قويچى بىلەن ئۇچرىشالماي قېلىشىمۇ مۇمكىن ، لېكىن دوستىنىڭ كۆڭلىنى قىلىپ بۇ يەردە قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا بىرەر گەپ تېپىپ بېرىشى ، ھەتتا ئىدارىسىدىن ئۇنىڭغا «رۇخسەتسىز ئادەم باشلاپ كېلىپ ياتقىدا قوندۇردى» دېگەن خاتالىق ئارتىلىپ قېلىپ بىرەر بالاغا تىقىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى ، چۈنكى ھازىر ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق كەسكىنلىشىپ كەتكە-نىدى .

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن ، ماڭمامسەن ؟— بۇ ئاۋازدىن

ئابدۇسالام ئېسىگە كېلىپ پەسكە قارىدى، شۇ تاپتا ئابدۇراخمان پەلەمپەيلەردىن تاراقشىپ چۈشكىنىچە ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتاتتى، ئابدۇسالام ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەسكە چۈشۈپ ھېلىقى جىگدىنىڭ ئالدىدىكى ياتاقتا كىردى. بۇ ياتاقتا ئىككى كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، ئىككى قاتلاپ سېلىنغان كىگىز ئۈستىگە قىزىل ئەدىيال سېلىنغان، ئىككى كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈستەل توغرىسىغا قويۇلغان. ئۈستەل ئۈستىدە چايدان، ئىككى چاسا شەكىللىك ئاغزى ئېتىلىدىغان ئاليۇمىن تاماق قاچىسى، ئىككى تۆمۈريول بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كۈرۈشكا تۇراتتى. شىمال تەرەپتىكى كىچىك دېرىزىنىڭ بىر قانىتى ئېچىۋېتىلگەن بولغاچقا ئۆي ئىچى سالقىن ئىدى. ئابدۇراخماننىڭ ئورنى بولسا كېرەك، تۆت بۇرجەك قاتلانغان يوتقان – كۆرپىگە گىتار يۆلەكلىك تۇراتتى. ئىشىك كەينىدىكى كىچىك ئۈستەلدە چىش چوتكىسى بىلەن چىش پاستىسى سېلىنغان ئىككى ئاق كۈرۈشكا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى بۇلۇڭغا تارتىلغان سىمغا ئىككى لۆڭگە ئېسىلغانىدى.

— مانا مۇشۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز، — دېدى ئابدۇراخمان سومكىسىنى ئىشىك كەينىدىكى ئۈستەلنىڭ ئاستىغا قويۇۋېتىپ،— بىر ھەپتە مۇشۇ قاق سايدا پويىزدىن باشقىنى كۆرمەي ياشايمىز. مائاشىمىز ھەر ھالدا ياخشى ئاداش، تۇرىۋېرەمسەن. ئولتۇر، مەن چىقىپ ئاشپەزگە دەپ بىرەر كىشىلىك تاماقنى ئايرىم بۇيرۇتاي. تاماقنى ھېسابلىق ئېتىدۇ. بىر ئايدا يىگىرمە بەش كوينى مائاشىمىزدىن تاماق ئۈچۈن تۇتۇۋالىدۇ. ئەگەر ئارتۇق يېسە يا مېھمان قوبۇل قىلساق ئۇ ئايرىم ھېسابلىنىدۇ. روزىكامنىڭ گېپىنى بەك ئويلاپ كەتمە. ئۇ تۈز ئادەم، باشقىلارنىڭمۇ ئاغىنىلىرى كېلىپ، بىرەر كېچە قونۇپ كېتىدۇ. ئىشقا تەسىر يەتكۈزمىسىلا بولىدىغان ئىش ئۇ.

ئابدۇراخمان چىقىپ كەتتى. ئابدۇسالام ئابدۇراخمان كۆر-

سەتكەن كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ياتاققا قايتا نەزەر سالدى . قىشتا مەش قويسا كېرەك ، تامنىڭ جەنۇب بۇرجىكىدە ئىككى ئۆينى ئوخشاش ئىسسىتىدىغان تام مەش ئۆي تېمىنىڭ يېرىمىنى ئىگەللىگەنىدى . ئىشىكنىڭ سول تەرەپ بۇلۇڭىدا ئېگىزلىكى ئارانلا يىگىرمە سانتىمېتىر كەلگۈدەك بىر ئۈستەل ئۈستىدە ئىككى ياغاچ ساندۇق قويۇلغان بولۇپ ساندۇقلار قۇلۇپلانغانىدى . يەرگە سۇۋاق قىلىنغان ، تېمى ئاقارتىلمىغان بولۇپ ، تولا دەسسەلگەچكىمىكىن قىزارغان خىشلارنىڭ بۇرجەكلىرى ئۇچۇپ ، ئۇ يەر ، بۇ يەرلىرى ئويمان ـ دۆڭ بولۇپ كەتكەنىدى . «ھەر قانداق ئىشنىڭ ھالاۋىتىمۇ ، جاپاسىمۇ ئوخشاشلا باركەن ، — دېگەنلەرنى ئويلىدى ئابدۇسالام ، — مانا ئىتنى باغلاپ قويسا تۇرمايدىغان مۇشۇ جاڭگالدا ئۇلار بىر ھەپتە ياتىدىكەن . ئىككى كۈن شەھەردە تۇرغان بىلەن بىر ھەپتە مۇشۇنداق ياشىماقنىڭ ئۆزىمۇ بىر زېرىكىشلىك ھايات . ئادەمخۇمار بولۇپ كېتىدىكەن ـ دە بۇلار ، لېكىن ، ئادەم خاتىرجەم بولسىلا نەدە تۇرسا ئوخشاش ئەمەسمۇ . مەندەك كۆنگە قالغۇچە مۇشۇنداق ياشىغان مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ . ئەگەر مەن بۇ يەردە تۇرسام زادىلا زېرىكمەيدىكەنمەن ، كىتابلارنى دۆۋىلەپ بىر ئوقۇغىلى ، يازغىلى تۇرسام ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمەي قالىدۇ كىشى . ھەي ، ئېشەككە بىلىپ مۈڭگۈز بەرمىگەن خۇدايىم ، بىز ئىنسانلارنى مانا مۇشۇنداق سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق ، ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق بىر خىل تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىگە سېلىپ قويغانىكەنسەن ـ دە !»

— ۋاي ـ ۋۇي ، ئەجەب ئولتۇرغان يېرىڭىزدە ھاڭۋېقىپلا تۇرىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قاپسەنغۇ ھېي ، — ئابدۇراخمان سۆزلىگىنىچە كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ قولىدا ئوتقا قاقلاپ ساپسېرىق سارغايتىلغان ھورنان تۇراتتى ، — ئالدىڭدىكى تارتمىنى ئاچە ، ھە ، ئاشۇ يەردە گېزىت بار . ساله ، ھەببەللى ، مانا بۇ بىزنىڭ داستىخان ، خاتىرجەم بول ، ئاشپېزىمىز تۇڭگان ، ئۆي-

غۇرچىغا پىچەت گۈي ئۇ . يەرلىك تۈگىنىلاردىن .
— ئاداش ، مەن بۇ يەردە قونسام ساڭا گەپ كەلمەس ـ هە .
— بولدى قىلە ، هېچ گەپ يوق دەپ تۇرسامۇ بىر گەپنى شاتۇتىدەك تەكرارلاۋېرىدىكەنسەن ، قوپە ، ماۋۇ چايداندا قايناق سۇ بار ، بايىقى تارتمىدا سالىدىغان چاي بار . كورۇشكىغا چاي دەملەپ ئىچىپ تۇر . مېنىڭ ئىسمىنا ئالىدىغان ۋاقتىم بولدى .
ئاۋۇلار ئەمدى كېتىدۇ ، مەن چىقىپ ئىسمىنا ئېلىۋالاي . يېرىم سائەتتىن كېيىن بىر پويىز ئۆتىدۇ ، شۇنى يولغا سېلىپ بولسام ، كەچ سائەت سەككىزگىچە هېچ گەپ يوق ئولتۇرىمىز . پويىزلار-نىڭ كېلىش ۋاقتى ، توختاش ۋاقىتى بەك ئېنىق ، سېكۇنت ئۇياق ـ بۇياققا بولمايدۇ . شۇڭا جەدۋەلگە قاراپ بىر ئىش قىلى-دىغان گەپ . تېلېفون يېنىدا بىرىمىز ئولتۇرىمىز . ئادەتتە مۇ-هىم بىرەر ئۆزگىرىش بولمىسا تېلېفونمۇ يوق ،— ئابدۇراخمان ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ئابدۇسالام هېلىقى ئاشخانىدا ئاچ كۆزلۈك بىلەن جىق تاماق يەۋالغاچقا قورسىقىنىڭ تېخى ئاچقۇدەك بولمىغانلىقىنى هېس قىلدى . لېكىن كېسىپ ئوتقا قاقلانغان هورنان ئۇنىڭ نەپسىنى يەنە تاقىلدىتىپ تۇراتتى . ئۇ ئۇستەلنىڭ تارتمىسىدىن بىر چىمدىم قارا چاينى ئالدى ـ دە ، ئۇنى تۆمۈر يول بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ئاق كورۇشكىغا تاشلاپ ئۇستىگە چايداندىن قايناق سۇ قۇيدى ، تېخى هېلىلا چايدانغا قاچىلاپ قويۇلغان بولسا كېرەك ، قايناق سۇ ناهايىتى قىزىق ئىدى ، ئۇ چاينى ئوبدان دەم يېگۈزۈش ئۈچۈن كورۇشكىنىڭ ئاغزىنى ياپتى .
ئۇلار كەچتە بىللە ئولتۇرۇپ تۈگىگان ئاشپەز تەييارلىغان ئۈچ خىل قورۇما بىلەن چوغدەك قىزارغان مەشنىڭ ئوتىدا سار-غايتىلغان هورناننى ئىشتىها بىلەن يېيىشتى . بۇ چاغدا ئۇپۇققا باش قويغان قۇياش ئوتقاشتەك يېلىنجاپ كەتكەن زېمىندىن خى-جىل بولغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئۇلار تاماقتىن كېيىن

ياتاق ئۆيلەرنىڭ يان تەرىپىدىكى قۇم ئارىلاش شېغىل قاپلىغان كىچىككىنە دۆڭلۈك ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى . خۇددى ھايات-لىق بىر ئىزناسىدا توختاپ قالغاندەك بىلىنىدىغان تىمتاسلىقتا چۆمگەن بۇ ماكاندا شۇ تاپ بىر-ەر ئۇچار قۇشنى-مۇ ، ھەتتا ئەگرى - بۈگرى ئىز قالدۇرۇپ قاياقلارغىدۇر يول ئالغان بىر-ەر كەسلەنچۈكنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى . بۇ قاقىر سايلىقتىكى پاكار - پاكار دۈمبەلچىلەر شۇ تاپ كەچكى شەپەقنىڭ زەر تاۋلان-رىغا يۇگىنىپ خۇددى قىزىل لىباسقا ئورالغان زەبەردەس چوققى-غا ئوخشاپ قالغانىدى . شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان تۆمۈر يول نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ دۈمبەلچىلەرنى بويلاپ يىراقلارغا سوزۇلغان . تۆمۈر يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدە كىچىككىنە بىر يې-شىللىك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى ، ئۇمۇ سانسىزلىغان شېغىل دۆڭلۈكلەرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياتقان كىچىككىنە بىر پارچە يېشىللىق بولۇپ خۇددى كەڭرى كەتكەن قاقىر سايلىقتا مۆجىزى-دەكلا پەيدا بولۇپ قالغان بىر يېشىل بەلۋاغلا ئىدى ، خالاس .

— زېرىكىپ قالساق مۇشۇ يەرگە چىقىپ ئولتۇرىمىز ،— دېدى ئابدۇراخمان گىتارنى يېنىغا قويۇپ يانپاشلاپ ياتقان ھالدا ، — مەن گىتارنى چالىمەن ، شىياۋۋاڭ ئېغىز گارمونىنى چالىدۇ ، ما تۇڭگاننىڭ سازنى ئاڭلىسا خېلىلا پەيزى بار ، قوللى-رىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ كۆتۈرۈپ بەزىدە ئۇسسۇل ، بەزىدە ئاد-نوشكا ، ئىشقىلىپ ھەممىنى ئارىلاشتۇرۇپ سەكرەيدۇ ، ئاشۇ پەستە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى تۈپ تالنىڭ ئاستىدا بىر قوتان قوي بار ، ئاشۇ قويلارنى ئابلەت دەيدىغان بىر ئاغىنىمىز باقىدۇ ، ئۇ مەندىن بىر نەچچە ياش چوڭ ، لېكىننزە ، سازغا ئاجايىپ پەيزى بار ، مەن كەچتە گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتسام ئۇ قارا ھاڭگىسىنى مىنىپ يېتىپ كېلىدۇ ، بىر-ەر بوتۇلكا سۈت ، بىر-ەر تاۋاق قېتىق ئىشقىلىپ قۇرۇق كەلمەيدۇ ، تەڭ كىچىككىچە مەن بىلەن بىللە ناخشا توۋلايدۇ ، ئېيتقان ناخشىلىرىدا بىر خىل مۇڭ بار ، ئاڭلى-

ساڭ ئاڭلىغىلى كېلىدۇ، بەزىدە خوتۇنى ئاشۇ تال تۇۋۇگە چىقىپ ئۇنى چاقىرىدۇ، بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلسىمۇ ئۇ يەنىلا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى بار، ھەيران قالما، سەھرا دېگەندە كىچىكلا ئۆيلەپ قويىدىكەن، ئابلەتنىمۇ ئون يەتتە يېشىدىلا ئۆيلەپ قويۇپتىكەن. ھازىر بالىلىرىنىڭ ئالدى بەش ياش، كەنجىسى قۇچاقتىكەن، ئۈچ بالىنىڭ ھەممىسى ئوغۇل-كەن، شۇڭا ئۇ يەنە ئۈچ بالىلىق بولسام، بۇداقى بالىلىرىمنىڭ قالغىنى قىز بولۇپ قالسا دېگەن ئۈمىدتىكەن. ئىشقىلىپ ئۇ ھازىرقى تۇرمۇشىدىن رازىكەن، ئۇ قويلارنىڭ ھەممىسى ئەترەت-نىڭكىكەن، بۇرۇنلاردا بۇ قويلارنى دادىسى باقاتتىكەن، دادىسى-نىڭ قولىدىن ئاپتۇ بۇ ئىشنى، ھەي، ئىشقىلىپ جاھان دېگەندە بىرى يارانقان ئىشنى بىرى يارانماي، بىرى تاشلىغان ئىشنى يەنە بىرى ئەتىۋارلاپ ئۆتىدىغان ئىشكەنغۇ.

ئابدۇسالام ئابدۇراخماننىڭ خۇددى بىرەر يىغىن مەيدانىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندەك ئايىغى چىقماس پارىڭىنى باشلىغان چېغى-دىلا چوڭقۇر خىياللار قۇچىقىغا بۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ خىياللىرى شۇ تاپ ئاللىقاچان بۇ سايلىقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ئۆزى قېچىپ چىققان مەھەللە سايان ئۇچۇپ كەتكەنىدى. مانا، ھېلىقى ئۆزى بىلەن قېرىشىپلا كېلىۋاتقان ئابدۇلباسىت بىلەن بولۇۋاتقان جېدەلنىڭ ئاخىرى بۈگۈن مانا مۇشۇنداق تۈگەل-لەندى. لېكىنزە، ئۆزى بۇ يەرگە قېچىپ كېلىۋېلىپ قۇتۇلغان بىلەن ئۆيىدىكىلەرنى بالاغا تىقىپ قويغانلىقى ئېنىق ئىدى. چۈن-كى ئۇلار ئەمدى بۈگۈن كەچكى ئۆگىنىشتە دادىسىنى ئەدەپلەيدى-غان يېڭى بىر دەسمايىگە ئىگە بولغانىدى.

— ئوغلۇڭغا گەپ ئۆگەتكىنىڭ راستمۇ؟

— ئوغلۇڭنى نەگە قاچۇردۇڭ ئۇنسۇر؟

— ياۋاشلىق بىلەن مەسىلە تاپشۇرمىغان ئۇنسۇرنىڭ ئىت كاللىسىنى يانجىپ تاشلايلى!

www.uyghurkitap.com

— ئوغلىنى كۆشكۆرتۈپ ئادەم ئۆرغۆزغان ئۆنسۆرنى ئېسىپ قويايلى !

رەھىمسىز باغلاق ، ئوقۇرەككە يەتكۆزۆلگەن باغلاق ، قىيناق ، تاياق ، خۇددى سۆڭەكنى چۇل - چۇل قىلىۋېتىدىغاندەك تېگىۋاتقان تاياق ، تورۇسقا تارتىلغان ئارغامچىغا ئېسىلغان ئاتا خۇددى بىلەكلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك قىينالماقتا . بىر ئەتەرەتنىڭ باشلىقىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان قاتىلنىڭ دادىسى مۇشۇنداق جازاغا لايىق دەپ شوئار توۋلاۋاتقان ئايالنىڭ كالپۇكلىرى قۇرۇغان بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا چىڭقىلىپ شوئار توۋلىماقتا . ئۈمىدۋار ئاتا بۇ قىيناقلارغا چىداشقا ، بەرداشلىق بېرىشكە ئۇرۇنۇپ تۇرسىمۇ ، لېكىن پات - پات تېگىپ تۇرۇۋاتقان تېپىكلەر دەستىدىن ئۇ ئىچىدە زارلانماقتا . ئوغلىنىڭ ئەقىلسىزلىقى ئۇچۇن ئاچچىقلانماقتا .

ئابدۇسالام كاللىسىغا تاسادىپىي كېلىپ قالغان بۇ خىياللىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدە خۇددى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرغاندەك پېشانىسى بۇژژىدە تەرلەپ كەتتى .

— ھە ، جىمىپ كەتتىڭغۇ ، — دېدى ئابدۇراخمان تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ ، — ئارتۇق ئويلاپ كەتمە . مەن بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆيگە قايتقاندا ، بوۋاڭلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئەھۋالنى ئېنىق ئۇقۇپ كېلىپ ساڭا خەۋەرنى بېرىمەن . تاماكاڭنى چېكە .

— دادام - ئاپاملارنى ئويلاۋاتىمەن ئاداش ، — دېدى ئابدۇسالام تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئۇنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ ئىسىنى پۈۋلىگەندىن كېيىن ، — مەنغۇ قېچىپ قۇتۇلغانمۇ بولدۇم . لېكىنزە ، مەندىن ئالالمىغان ئۆچىنى شۇلاردىن ئالىدۇ . ئابدۇلباستىنىڭ سادىق شايكىلىرى جىم ياتمايدۇ ، ھېلىقى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى غاپپار بەڭگى ئادەتتە ئانچە ئەسكىدەك كۆرۈنمەيدۇ ، لېكىن نەشە خۇمارى تۇتسا ۋەھشىي يولۋاسقىلا ئوخ-

١

شاپ قالىدۇ ، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ ، ئاداش .
— بولغۇلۇق بولدى ، ئاداش ، — دېدى ئابدۇراخمان ئۇنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ ،— ئۇنداق قالايمىقان خىياللارنى قىلىدۋەرمە ، قاراپ تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ئىشى ئۇچۇن دادا ـ ئاپىسىنى جازالايدىغان ئىشمۇ بولماس . ئۇنىڭ ئۇستىگە خاماندىكىلەر سېنىڭ گۇناھسىزلىقىڭنى بىلىدىكەنغۇ ، قاراپ تۇرۇپ بىر ئادەمنى ئۇنداق ئورىغا ئىتتىرىدىغان ئىشمۇ بوپ كەتمەس ، ئاشۇلار قاراپ ئولتۇرماس . بولدى ، بولدى ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىنە ، ناخشامنى سېغىنىپمۇ قالغانسەن . ساڭا ناخشا ئېيتىپ بېرەي . ئازابىڭ يەڭگىللەپ قالار ، — ئابدۇراخمان گىتارنى تەڭشىدى ـ دە ، چېلىشقا باشلىدى .

بۇلبۇللار سايرىشار گۈلشەنلەر ئارا ،
سېغىنىپ ھەر تاڭدا سېنى ئەسلەيمەن .
ئامرىقىم ئىشقىڭدا كۆيگەن گۈلۈڭمەن ،
ياد ئېتىپ سابادىن سېنى سورايمەن .

ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى بۇ كىچىككىنە بېكەتنى لەرزىگە سالدى . ئابدۇسالامنىڭ بايىقى ئازابلانغان يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بەدىنى ئىللىق بىر سېزىم ئىلكىدە يېنىك تەۋرىنىشكە باشلىدى . مانا بۇ ناخشىنى ئابدۇراخمان ئېيتىپ كېلىۋاتقىلى بىر نەچچە يىل بولدى . ھەر قېتىم ئېيتقىنىدا خۇددى يېڭى بىر ناخشىنى ئاڭلىغان ئادەمدەك تاتلىق بىر سېزىم ئويغىتىدۇ .

شاماللار ئويناتسا بۇدرە چاچىمنى ،
كەلدىمۇ يارىم دەپ يولۇڭغا قارايمەن .

بايا ئابدۇراخمان چۇشەندۇرگەندەك ئاشخانىدىن ئالدىغا ئاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەشتاما تارتقان ما ئۇستام چىقتى . ئۇ دۈگىلۈكتە ئولتۇرۇپ گىتار
چېلىۋاتقان ئابدۇراخمانغا قاراپ قويۇپ قولىدىكى لۆڭگىنى ئىككى
قولى بىلەن خۇددى بىر ئايالنى تۇتقاندەك تۇتۇپ ۋالىسقا چۆرگى-
لەشكە باشلىدى . ئابدۇسالام بۇ سېمىز ، ئەمما ھەرىكەتلىرى
يېنىك ئاشپەزنىڭ ۋالىس ئوينىشىغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلدى .
يىراقتىن — ھېلىقى ئىككى تۇپ تالنىڭ يېنىدىن قارا ئېشەككە
مىنگەن بىرەيلەن بۇ تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە . دېمەك ، ئۇ ئابدۇ-
راخمان بايا گېپىنى قىلغان ئابلەت پادىچى . ئۇ راستىنلا مۇشۇ
ناخشىغا سېھىرلىنىپ كېلىۋاتامدۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ بىلگىلى
بولمايتتى .

— دېمىدىممۇ ، — دېدى ئابدۇراخمان ناخشىنى توختىتىپ
ئابدۇسالامغا قاراپ ، — ئەنە ، ئابلەت كېلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭغا سى-
نىڭ ئەھۋالىڭىزنى دەيمىز . ئەتە تاشبالىققا ئەۋەتىمىز .

— ھەقىقىي ئەھۋالنى دېمەيلى ئاداش ، بىكار ئىش بۇزۇلمى-
سۇن .

— خاتىرجەم بولە ، ئۇ دېگەن بەكمۇ ئەستايىدىل ئادەم . سىر
ساقلاشنىمۇ بىلىدۇ .

— ۋاي بولدىلا ، ئاداش ، كۆرگەنلا ئادەمگە ئىشىنىۋەرگىلى
بولمايدۇ .

— ئۇنداق خۇدۇكچان بولمىغىنە ، ئىشىنىڭ مۇشۇنداق جىد-
دىيلىكىنى بىلسە ، ئاندىن ماڭمامدۇ . ھېلى گەپلەشكەندە بىلىسەن
ئۇ ئادەمنى ، بەك ياۋاش ئادەم ئۇ . چىۋىنگە ئازار بەرمەيدۇ .
بۇندىن كېيىن سەن بىلەن پەقەت مۇشۇ ئادەم ئارقىلىقلا ئالاقىلى-
شىمەن . خاتىرجەم بولە .

ئابدۇسالام ئالدىغا قارىدى . ئابلەت پادىچى ئېشىكىنى دېۋىتى-
كەن ھالدا ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى .

# ئون بىرىنچى باب ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى

«ئىنساننى ئۈمىد ياشنىتىدۇ ، غەم قاقشىتىدۇ »
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

مۇز تاغ چوققىسىدىن ھالقىپ خۇددى تاۋلانغان مىس تاۋاق-تەك قىزارغان قۇياش گويا مۇز قاتلاملىرى ئارىسىدىكى سوغۇق ئېقىمنى ھەيدەپ كەڭرى تەبىئەت قوينىغا چېچىۋەتكەندەك سېنتە-بىرنىڭ بۇ قۇتلۇق سەھىرىنى دۈمبىنى قورۇغۇدەك سوغۇققا ئايلاندۇرغانىدى . يېشىل لىباسلىق تاغلار ، قورام تاشلىق جىلغى-لار ، چوققىلار بىلەن بەسلەشكەندەك كۆككە باش سوزغان قارىغاي-لار سۇس قىزغۇچ نۇر بىلەن يۇيۇنغاندەك ھەممىلا جاي ئوخشاشلا قىزاردى . جىلغىدا قورام تاشلارغا ئۇرۇلۇپ چۈشۈۋاتقان تاغ سۈيى گويا ئافرىقا چۆللۈكلىرىدە چېلىنىۋاتقان دۇمباق ئاۋازىدەك تىنىمسىز گۈلدۈرلەيتتى ، شارقىرايتتى . رەڭگارەڭ تاغ گۈللى-رىنى ئۆزىگە بېزەك قىلغان يايلاقلار چوغدەك تاۋلانغان ، يايلاق-لاردىكى ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە يېڭىلا قونغان سەدەپدەك سۈزۈك شەبنەملەر قىزغۇچ نۇردىن تېخىمۇ جۇلالانغان . سەھەردىلا ئورنى-دىن تۇرۇپ يايلاقنىڭ بۇ سېھىرلىق سەھىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرغان ئابدۇسالامنىڭ خىياللىرى يەنە قاناتلاندى . مانا ئۇ سادىق قويچىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىغا توپتوغرا ئون بەش كۈن بولدى ، سادىق قويچىنىڭ دېيىشىچە ، ماللارنى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرى قىشلاققا ، يەنى تاشبالىققا كۆچۈرىدىكەن ، بۇ يېڭى يايلاق-نى ئۇلار نۇرغۇن يول مېڭىپ ئاران قولغا كەلتۈرگەنىكەن . يايلاقنى قولغا كەلتۈرگەن ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ بەشىنچى ئاي

كىرىشى بىلەنلا مۇشۇ يايلاقىقا كۆچۈپ چىقىپ ئۇنىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا قايتىدىكەن .
ئابدۇسالامنى مۇشۇ جايغا ئەكىلىپ قويۇش ئۇچۇن ھىلىقى ئابلەت پادىچى ئۇبدان ئەسقاتتى . بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئايالىنى مالغا قارىتىپ قويۇپ بىر قىتىم ئۆزى يالغۇز بېرىپ كەلدى ھەم سادىق قويچىنىڭ مۇز تاغ چوققىسىنىڭ ئاستىدىكى جىلغا بويىدا پادا بېقىۋاتقانلىقىنىمۇ ئېنىق ئىگىلەپ قايتىپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ جىلغىدىكى يايلاقىقا بېرىش مەسىلىسىمۇ ئۇلارنى دىلىغۇل قىلىپ قويدى ، چۈنكى ئۇ يەرگە بېرىش ئۇچۇن تاشبالىقتىن يەنە ئۈچ كۈن يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . بۇ ئىش ئۇلارنى ئويلاندۇ-رۇپ قويدى .
— بولدى ، — دېدى ئابلەت ئابدۇراخمانغا قاراپ ، — دوستۇڭنى ماڭا تاپشۇر ، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرىۋەرسۇن .
— شۇنداق قىلايلى بولمىسا ، — دېدى ئابدۇراخمان ئابدۇ-سالامنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ، — ئابلەتمۇ ئوبدان بالا ئاداش ، مېنى قايسى كۆزدە كۆرسەڭ ئۇنىمۇ شۇنداق كۆرگىن . مۇشۇ يەردە تۇرىۋەر .
— بۇلارنى ئاۋارە قىلسام بولمايدۇ ئاداش ، مېنىڭچە يەنىلا ئاشۇ تاغقا كېتەي . سادىق قويچىنىڭ ئايالىمۇ ئوڭلۇق ئايال ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاغ دېگەندە يوشۇرۇنغىدەك يەرمۇ كۆپ ، بۇ يەر مەھەللىگە يېقىن . ھېلىدىن - ھېلىغا ئادەم كېلىپ تۇرىدىكەن . تازا ياخشى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ . بەلكىم مەن ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالىمەن . ئۇنداق بولغاندا باشقىلار گۇمانلىنىپ قالىدۇ . شۇڭا مېڭىپ بولسىمۇ ئاشۇ تاغقا كېتەي ئاداش ، سىزگىمۇ رەھمەت ئابلەت ئاكا ، ياخشى كۆڭلىڭىز ماڭا تېگىل بولدى .
— بۇ گېپىڭىمۇ راست ، ئاشۇ ئادەمگە تارتىشقىنىڭغا قارىغاندا تۇغقانچىلىقىڭ بار ئوخشايدۇ . بوپتۇ ، سېنى مەن ئاپىرىپ قوياي . لېكىن بۇ يەردە يەنە بەش كۈن ساقلا ، ئابلەتنى ئەمدى ئاۋارە قىلمايلى .

١

— نېمە ئۇ ئاۋارە قىلىش دېگەن ، — دېدى ئابلەت ئابدۇراخمانغا قاراپ ئاچچىقلانغان هالدا ، — دوست دېگەن باشقا كۈن چۈشكەندە ياردەم قىلالىسا دوست ، بولمىسا ئۇنى دوست دېگىلى بولاتتىمۇ ؟ ئۆزۈم ئاپىرىپ قوياي .

ئۇلار شۇنداق كېلىشتى . مەسلىهەت بويىچە كېچىدە ماڭىدىغان بولدى . بۇنداق بولغاندا بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلغىلى يەنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى . شۇ كۈنى ئابلەت مەهەللىگە بېرىپ بىر دوستىدىن ئېشەك ئارىيەت ئېلىپ كەلدى ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئىككى ئېشەككە مىنىپ يولغا چىقتى .

— مەن مۇشۇ قېتىم قايتقاندا چوقۇم ساڭا بىر خەۋەر ئالغاچ كېلىمەن ، خەۋەرنى ساڭا ئۆزۈم يەتكۈزىمەن . تاغ دېگەن ئەتىسى ـ ئاخشىمى سوغۇق بولىدۇ ، ماۋۇ پوپايكا بىلەن ئىشتاننى سومكاڭغا سەپ قوياي ، پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا دېگەن گەپ بار ، ماۋۇ يىگىرمە كوي پۇلنى يانچۇقۇڭغا سەپ قوي ئاداش ،— ئابدۇراخمان پۇلنى ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي مەيدە يانچۇقىغا تىقىپ قويدى ،— خوش ئەمىسە ، كۆرۈشكىچە ئامان بول .

— خوش ، خۇدايىمغا ئامانەت ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ،— ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈۋاتىسەن . مېنىڭمۇ ساڭا قايتۇرىدىغان ۋاقتىم بولار ، ئەلۋەتتە .

— مۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلغۇچى بولما ئاداش ، جۇمۇ ، — دېدى ئابدۇراخمان بىر قاپ پېچىنى بۇزۇلمىغان تاماكىنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپ ، — خۇدايىم بۇيرۇسا ئاداش ، سېنىڭ ئىشىڭنىڭمۇ ئوڭغا تارتىدىغان چاغلىرى كېلىدۇ . كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ ، ئاداش . ساڭا هېچنەرسە بولمايدۇ . مېنىڭچە ، هېلىقى تاياق يېگەن نوچىمۇ ساقىيىپ كېتىدۇ .

ئۇلار كېچىچە يول يۈرۈپ تاڭ سەهەردە تاغ سۇلىرى شاقى-

راپ ئېقىپ تۇرغان جىلغا بويىغا يېتىپ كەلدى . يېرىم كېچىدىن باشلاپلا بىر خىل سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئابدۇسالام ئابدۇراخمان سومكىغا سېلىپ قويغان پوپايكىنى كىيىۋالدى . شۇنداقتىمۇ تاغنىڭ سەھەردىكى سوغۇق ھاۋاسى ئۇنى جالاقلىتىپ تىترىتىۋەتتى .

— توڭلاپ كەتتىڭىز ، ھە ، ماۋۇ چاپاننى كىيىۋالامسىز ؟— دېدى ئابلەت پادىچى توقۇمنىڭ ئۈستىگە ئارتىۋالغان پاختىلىق چاپاننى كۆرسىتىپ ،— مەن ئىككى قات پوپايكا كىيىۋالغان ، شۇڭا ئانچە توڭلاپ كەتمىدىم .

— بولدىلا ، ئازراق پىيادە ماڭايلى . ماڭسا ئىسسىپ قالىدۇ ئادەم ،— ئابدۇسالام ئېشەكتىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى ،— ئولتۇرىۋېرىپ بەل - بېقىنلىرىم ئاغرىپ كەتتى . ۋاي ، پۇتۇم قولىشىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ ،— ئابدۇسالام يەرگە چۈشۈپلا پۇتىدا سېزىم قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە ، ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىدىن تارتىپ توختىتىپ ، ئۇنىڭ توقۇمىغا ئېسىلىپ بىر پەس پۇت - قولىنى ھەرىكەتلەندۈردى .

— ئادەتلەنمىگەن - دە ،— دېدى ئابلەت ئوڭ پۇتىنى ئالدىدىن ئېلىپ ئېشەككە يانچە ئولتۇرۇۋېلىپ ،— بىز ئېشەك ئۈستىدە بىرەر كۈن ئولتۇرۇپمۇ ھېچنېمە بولماي كېتىۋېرىمىز . بەزىدە تېخى ئېشەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئۇخلاپمۇ قالىدىغان گەپ .

— مەن كالا مىنىپ مېڭىپ باققان ،— دېدى ئابدۇسالام ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى بىلىگە باغلاپ مېڭىپ كېتىۋېتىپ ، — ئۇنىڭدا يانچە ئولتۇرسىمۇ ، تۈز ئولتۇرسىمۇ بولىۋېرەتتى . لېكىنزە ، ئېشەك مىنىپ مېڭىشىم تۇنجى قېتىم ،— ئابدۇسالام بېشىنى ساڭگىلىتىپ كېتىپ بارغان ئېشەككە قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ،— ئادەم دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن ، ھەممىگە چىدايدىكەن ، لېكىنزە ، خورلۇققا چىدىمايدىكەن . قاراڭ ،

مەن خورلانمىغان بولسام ھېلىقى ئابدۇلباسىت دېگەن گۆيىنى ئۇرمىغان بولاتتىم . ئۇنداق بولمىغاندا بۇ يەرلەردە مۇنداق سەر-سان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرمىگەنمۇ بولاتتىم . ھە راست ، تاشبالىققا كەلمىدۈقمۇ ؟

— ئۆتۈپ كەتتۇق . قارىڭە ، ئاۋۇ چولپان يۇلتۇزغا ، ئۇ تىكلىشىپتۇ ، تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى دېگەن گەپ . بىز تاشبالىق-نىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق . مۇشۇنداق ماڭساق يەنە يېرىم سائەتلەردە يايلاقنىڭ قارىسىنى كۆرىمىز . ئۇيقۇڭىز كەلمىگەندۇ ؟

— ياق ، ئۆزىڭىزنىڭچۇ ؟

— مەن بايام بىر ئاز ئۇخلىغان ئوخشايمەن . قارىسام سىز خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىز . خىيالىڭىزنى بۇزماي دەپ بىردەم كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالدىم .

— قالتىسكەنسىز جۇمۇ ، ئۇخلاپ قالسىڭىز يىقىلىپ چۈش-مەمسىز ؟

— باش بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتسە ئويغىنىدىغان گەپ ، ھەر ھالدا ئۇخلىمىغاندىن ياخشى . ئوتۇن ئالغىلى جاڭگالغا بارساق تاق ئىككى كېچە ، بىر كۈندۈز يول ماڭىمىز ، ئۇنداق چاغلاردا ئوتۇنغا بارغۇچە ھارۋىدا ئولتۇرغان بىلەن قايتقۇچە ھارۋىنىڭ يېنىدا ماڭىدىغان گەپ ، تېخى ھارۋىنىڭ يېنىدا مېڭىپ كېتىۋېتىپمۇ ئۇخلاپ قالىدىغان ئىشمۇ بار تېخى .

— مەنمۇ ئوتۇنغا بارغان ، — دېدى ئابدۇسالامىمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن ، — ھېرىپ كەتكەندە ھەر نېمە بولىدىغان ئىشكەنغۇ زادى .

ئۇلار قىزغىن پاراڭلاشقاچ جىلغا بويىدىكى تار چىغىر يولنى ئاران ئىلغا قىلىپ ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە . ئەمدى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بايىقى قورام تاشلار ئازىيىپ تاغنىڭ جەزبى-لىك كۆرۈنۈشلىرى بولغان ئازغان ـ جىغان ، ياۋا ئالما قاپلىغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

گىرىمسەن جىلغا تەبىئەت ئۆزگە ئاتا قىلغان تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەن ئايان بولۇپ ئۇلارنى ئۆزگە جەلپ قىلدى . ئابدۇسالام ئەمدى بەدىنىنىڭ سەل قىزىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئېشەككە مىنىۋالدى . شۇ تاپ شەرق تەرەپ ئاقىرىپ سۇزۇلمەكتە ئىدى . يىراقتا تاغنىڭ ئۆركەشلىگەن دولقۇننى ئەسلىتىدىغان دۇمبەلچىلىرىدە بۇك ـ باراقسان قارىغايزارلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا ئىدى . يىراقتا تاغنىڭ قاپ بېلىدىكى قارىغايلار ئارىسىدا بىر كىگىز ئۆي غۇۋالىق ئىچىدە روشەنلەشمەكتە .

— ئاشۇ ئۆي شۇغۇ دەيمەن . تاغ قاپتىلىدىكى بىرىنچى كىگىز ئۆي سادىق قويچىنىڭ ئۆيى دېگەنتى ،— دېدى ئابلەت قولىدىكى ئۆرۈمە قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆينى كۆرسىتىپ .

— شۇ بوپ قالغاي ئىلاھىم ،— دېدى ئابدۇسالام بىر ئاز جانلىنىپ ،— بولمىسا يەنە ماڭساق ماۋۇ جانىۋارلارمۇ چىداپ بولالمايدۇ ھەرقاچان . قارىغە ، باشلىرى ساڭگىلاپ كەتتى . تەرلىگەندەك تۇرىدۇ .

— يەر يۇقىرىسى ئەمەسمۇ ، شۇڭا ئېغىر كەلدى ئۇلارغا . كېرەك يوق ، بۇگۈن چۈشكىچە يايلاقتا ئاز ـ تولا بىر نەرسە يەۋالسا ماغدۇرىغا كېلىۋالىدۇ . چۈشتىن كېيىن قايتسام ناماز خۇپتەنگە ئۆيگە بېرىۋالىمەن .

— سىزنى بەك ئاۋارە قىلدىم ، — دېدى ئابدۇسالام خىجىل بولغان ھالدا ، — قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيۋاتىمەن .

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ ، — دېدى ئابلەت ئابدۇسالامغا قاراپ قويۇپ ، — سىزنى ئابدۇراخمان بەك چوڭ كۆرىدىكەن . ئوقۇيالماي قالدى ، بولمىسا ئالىم بولاتتى ، يازغۇچى بولاتتى دەيدۇ . مەن كىتاب ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرىمەن . ھازىر ياخشىراق كىتاب تاپماق تەس بولۇپ كەتتى . كېيىنرەك ئىشلىرىڭىز ئوڭغا تارتقاندا مەندەك بىر پادىچىنى ياد ئېتىپ بىرەر ـ ئىككى كىتاب

ئەۋەتىپ بەرسىڭىز مەن شۇنىڭغا رازى .

— چوقۇم ئەۋەتىمەن ،— دېدى ئابدۇسالام ۋەدە بەرگەندەك جىددىي سۆزلەپ ،— كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم بولسىلا مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن . چۈنكى كىتاب ئوقۇغان ئادەم تۇرمۇشنى ، ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغان ئادەم .

— رەھمەت ،— دېدى ئابلەت ئۇنىڭغا ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ .

ئۇلار ئالاھازەل كىگىز ئۆيگە بىر چاقىرىم قالغاندا تۇمشۇقى ئاق قوڭۇر ئىت ھاۋشىغىنىچە يېتىپ كەلدى ، ئابدۇسالام ئىتنىڭ تۇمشۇقىغا قاراپلا بۇ ئىتنىڭ بۇندىن تۆت يىل ئىلگىرىكى ھېلىقى ماللارنى ئادەمدەك توسۇشنى بىلىدىغان ئىت ئىكەنلىكىنى بىلدۇالدى . ئۇ قاۋاپ كەلگىنىچە ئۇلارنى چۆرگىلەشكە باشلىدى .

— ھايت ، مە ، مە ، مە ،— ئابدۇسالام يەرگە چۈشۈپ ئاشۇ چاغدىكى ئادىتى بويىچە ئۇنى چاقىردى ،— مېنى تونۇمايۋاتامسەن ، ئاق تۇمشۇق .

ئىت قاچانلاردۇر ئاڭلىغان بىر ئاۋازنى پەملىگەندەك قاۋاشتىن توختاپ قالدى . قۇيرۇقىنى ساڭگىلىتىپ كېلىپ ئابدۇسالامنىڭ ئىشتانلىرىنى پۇرىدى - دە ، تونۇش پۇراقنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا ئەركىلەپ سۇركىلىپ ئابدۇسالامنىڭ قوللىرىنى يالاشقا باشلىدى .

— تونىدى قاراڭ ،— دېدى ئابدۇسالام ئابلەتكە قاراپ ،— بۇندىن تۆت يىل ئىلگىرى ئۈچ ئاي بىللە پادا باققان . شۇنى ئۇنتۇماپتۇ .

— ئىت دېگەن ئەقىللىق ھايۋان ، ئۇ ئۆزىنى باققان ئادەمنى ئادەتتە بەش - ئالتە يىلغىچە ئۇنتۇپ كەتمەيدۇ . «ئىت ۋاپا ، خوتۇن جاپا» دېگەن ماقال مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان بولسا كېرەك .

ئۇلار ئىت بىلەن ئوينىشىۋاتقاندا كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئاۋۋال سادىق قويچى ، ئۇنىڭ كەينىدىن سادىق قويچىـ

نىڭ ۋىجىككىنە ئايالى چىقىپ كەلدى .
— مېھمان كەلگەن ئوخشىمامدۇ ،— دېدى سادىق قويچى ئايالىغا قاراپ ،— ماڭ جۇگۇ ، بالىلىرىڭنى ئويغات . چايغا قارا ، ئاق تۇمشۇق تونۇيدىغان ئادەم جىق ئەمەستى . بۇلار كىم بولدى ئەمدى .
ئابدۇسالام سادىق قويچىنى تونىدى . ئەنە ، داۋاملىق كىيىۋا-لىدىغان ئەستەرلىك كۆك چاپىنى تېخىچە باركەن . شەپكىسى ، ئىشتانلىرىمۇ··· ئابدۇسالامنىڭ يۈرىكى ئىللىق بىر سېزىم تەسى-رىدىن سىلكىندى . ئۇ ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئېشەكنىڭ چۇلۇۋىرى-نى ئابلەتكە تۇتقۇزۇپ قويۇپ سادىق قويچى تەرەپكە قاراپ تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى . سادىق قويچىمۇ ئەمدى ئابدۇسالام-نى تونۇشقا ئۈلگۈردى .
— ۋاي ، بۇ بىزنىڭ ئابدۇسالامغۇ ، — ئۇنىڭ يۈرىكى ئاللى-قانداق بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئەنسىز سىلىپ كەتتى . ئۇمۇ ئابدۇسالام تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى . ئاق تۇمشۇق گويا كەلگەن مېھماننىڭ خەۋىرىنى ئىتتىكرەك خوجايىنىمغا يەتكۈزەي دېگەندەك بايا چېپىپ كەلگەن تېزلىكى بىلەن سادىق قويچىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى - دە ، ئۇنىڭغىمۇ سۈركىلىپ ئەركىلەپ مېڭىشقا باشلىدى .
— ئابدۇسالام !
— سادىق ئاكا !
سادىق قويچى ئەسلىي قولىنىلا تەڭلىگەنىدى ، لېكىن ئابدۇ-سالام ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشۈۋېتىپلا تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا تاشلىنىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .
— نېمە بولدۇڭ هوي ، يىغلىما ، نېمە ئىش بولدى ،— سادىق قويچى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن گاڭگىراپ قال-دى . ئۇ ئۆزىنىڭ يەلكىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئابدۇسالامنىڭ بېشىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ مۈرىسىدىن ئاجرىتال-

ـمىدى ـ ده ، ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ كەلگەن ئادەمگە قارىدى ، لېكىن ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلغان بولسىمۇ يادىغا ئالالمىدى .

شۇ كۇنى ئابلەت چوشلۇك تاماقتىن كېيىن قايتىپ كەتتى . ئابدۇسالام سادىق قويچىغا تۆت يىلدىن بۇيان تارتقان جەبىر ـ جاپالىرىنى سۆزلەپ ھەلەك . ئۇلار ھەر كۇنى ماللارنى جىرا بويىدىكى يايلاقتا ھەيدىۋېتىپ قاپتالدىكى يالغۇز قارىغاي تۇۋىدە ھال ـ مۇڭ قىلىشىدۇ . تاغ تۇرمۇشى ، تاغ مەدەنىيىتى ، تاغلىق‍ـ لارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى سۆزلىشىدۇ . ئات ئۇستىدە چەۋەن‍ـ دازلاردەك مەزمۇت ئولتۇرۇپ تاغ چوققىسىغا ئات چاپتۇرۇپ چىقالايدىغان تاغ بالىلىرىنىڭ قورقۇمسىز خاراكتېرى ئۇستىدە پاراڭلىشىدۇ . سادىق قويچىنىڭ بىلىدىغانلىرى تولا . ئۇ ئامال بار ئابدۇسالامنى ئاشۇ شامالباغدىكى ئىشلارنى ئويلاتماسلىققا تى‍ـ رىشىدۇ . شۇڭا ئۇ ئابدۇسالام قىزىقىدىغان ئاشۇ تېمىلاردا بىر گەپ باشلىۋالسا كۇنىنىڭ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قېلى‍ـ شىدۇ . ئابدۇسالاممۇ ئەينى دەۋردە ئات چاپتۇرۇپ يۇرگەن قورق‍ـ ماس پالۋانلارنىڭ ئىزى قالغان بۇ زېمىنغا پەخىرلەنگەن ھالدا قاراپ ئولتۇرۇپ سادىق قويچىنىڭ ھېكايىلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايدۇ .

مانا مۇشۇنداق مەنىلىك ئۆتۇۋاتقان كۇنلەرمۇ ئاخىرقى ھې‍ـ سابتا ئابدۇسالامغا تېتىماي قالدى . چۇنكى ، ئابدۇراخماندىن ھا‍ـ زىرغىچە خەۋەر يوق ئىدى . شۇ تاپتا ئۇ ئىككى قېتىم ئىسمىنا ئالمىشىپ بولغانىدى . لېكىن ، ئۇ تېخىچە ئابدۇلباستىنىڭ تەق‍ـ دىرىنى ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىلەلمىگەنلىكى ئۇچۇن ئارامسىزلىنىۋاتاتتى .

«ئەجەبا ، ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپلا بولدى قىلسا ھە ، ئۆيى بوۋاملارنىڭ ئۆيىگە يېقىن . مېنى كۆرگەنلىكىنى دېمىسىمۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىغان بولۇپ ئۆيگە كىرسە تاما‍ـ

مەن بولىدىغۇ ، ھەممىمىز بىر مەھەللىدە چوڭ بولدۇق . بوۋام ـ موماملار ۋاي ئابدۇسالام بالامنىڭ ئاغىنىسى ، دەپ بەك چوڭ كۆرىدىغۇ ئۇنى ، يا ئىش چاتاقمىدۇر ، چاتاق بولسىمۇ دېيىدىشى كېرەك ـ دە . بۇ يەردە يېتىۋەرگىلى بولمايدۇ . مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرى ماللارنى قىشلاققا ھەيدىسە مەنمۇ بۇ يەردە تۇرالمايمەن . ھېلىقى ئۆڭكۈردە سوغۇق چۈشسە ئولتۇرغىلى بولمايدۇ . ھەي ئابدۇراخمان ، ئابدۇراخمان ، تېزرەك خەۋەر بەرسەڭچۇ… »

— نېمە بولدۇڭ ؟— ئابدۇسالام دىڭگىدە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى . ئالدىدا تۈت يانچۇقلۇق ئىشتان ـ چاپان كىيگەن بېشىدىكى سېرىق شەپكىسىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ ئاقىرىپ كەتكەن سادىق قويچى تۇراتتى . ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگەندە قىزلارنىڭكىدەك چىقىدىغان زىنىخلىرى بۈگۈن ئالاھىدە روشەنلەشكەن بولۇپ ، كۆز قارىچۇقلىرىدا ئابدۇسالامنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن شەكىللىنىدىغان بىر خىل تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى .

— ھېچنېمە ،— دېدى ئابدۇسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئۆزۈمچە خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن .

— بىلىۋاتىمەن ، — دېدى سادىق قويچى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ ، — نېمىشقا ئېنىقراق خەۋەر كەلمەيدۇ ، ئابدۇراخمان زادى نېمە قىلىۋاتىدۇ دەپ ئولتۇرۇپ قالدىڭ . مەن مۇنداق پەرەز قىلىۋاتىمەن . ھېلىقى ئەترەت باشلىقى چوقۇم ئۆلمىدى ، خاماندىكىلەر سېنىڭ گۇناھسىزلىقىڭنى ئىسپاتلاشتى . شۇڭا ئۇلار سېنى تۇتۇش ئۈچۈن چىقارغان ئادەملىرىنى قايتۇرۇشتى . گەپ مانا مۇشۇنداق ئاددىي ، بىلەمسەن ، ئۇنىڭ بەخىرامان ساڭا خەۋەر بەرمەي يۈرگىنىنىڭ سەۋەبى مۇشۇنچىلىكلا ، يەنە بىرى مۇشۇ گەپنى دەپ قويغىلى ئاتايىن مۇشۇ يەرگە بىر كۈن يول مېڭىش كېرەكلىكىنى ئويدان بىلىسەن . ئابلەتنى ئەۋەتمەكچى ئىدى . توغرا ، ئۇنىڭمۇ ئىشى بار ئادەم . ساڭا شۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىككى كۈن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ئويدان بىلىدۇ ، كۈز ۋاقتى دېگەن دېھقان خەقنىڭ تازا ئالدىراش پەسلى ،

يىغىم ـ تېرىم ئىشلىرى ئالدىرىتىدىغان گەپ . ئۇقۇۋاتامسەن ؟

— بۇنى بىلىمەن سادىقكا ، لېكىن ئۇ مېنى خاتىرجەم قىلىدىشى كېرەك ـ دە ، مەن بۇ يەردە بىر ئۆمۈر يوشۇرۇنۇپ يۈرەلمەيمەن ـ دە . مانا ، ئاي ئاخىرى سىزمۇ تاشبالىققا قايتىسىز . ئۇ چاغدا مەن قانداق قىلىمەن .

— ماڭا قارا ئابدۇسالام ،— دېدى سادىق قويچى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ بايىقى دۆڭلۈككە قايتا ئولتۇرغۇزۇپ تۇرۇپ ،— ئەگەردە مۇمكىن بولسا سېنىڭ زىيالىي رەسمىيىتىڭنى مۇشۇ يەرگە قايتۇرۇپ كېلەيلىمۇ ؟ مانا تۆت يىل بولۇشىغا جاپا تارتىپسەن . سەن ئەسلىي بۇ يەردە تۇرىۋەرگەن بولساڭ ئابدۇراخمانلار بىلەن ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىپ كېتەتتىڭ . ئاپاڭ بىز بىلەن بىللە تۇرسۇن ، دەپ ئەكېتىپ سېنى ئوتنىڭ ئىچىگە تاشلاپتۇ ئەنە .

— ئاپام بۇنداق بولارىنى بىلمىگەن ، بىلسە بۇنداق قىلارمىدى ، بېشىمدا بىر مۇنچە باش ئاغرىقى تۇرسا نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز ، بۇ يەرگە قايتا چىقىش دېگەن ئەمدى يوق گەپ . مەن كېچىچە ئويلاندىم سادىقكا ، بولدى ، بۇگۈنلا قايتىپ كېتەي . مۇنداق خۇدۇكچان ياشاشمۇ كۈنمۇ زادى . بېشىمغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرەرمەن . مەن زادى يىقىلغان جايدا ئورنۇمدىن تۇرۇشنى ئۆگىنەي .

— ئۇنداق قىزىققانلىق قىلما ، ئابدۇسالام ، يەنە بىر ـ ئىككى كۈن چىدا . بولمىسا مەن بۇگۈنلا ئابدۇراخماننىڭ ھېلىقى بېكىتىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئۆزۈم سۈرۈشتۈرەي . ئات بارغۇ ئېيشەكنىڭ ئالدىدا ئايروپىلان جۇمۇ . ئېشەك يېرىم كۈن ماڭغان يولنى ئات بىرەر ـ ئىككى سائەتتىلا تۈگىتىدۇ . ئەر قانىتى ئات دېگەننى ئاڭلىغانسەن . بولدى يۈرە ، ئەتىگەنلىك تاماق تەييار بولۇپ قالدى . تاماق يەيلى ، ئاندىن بار مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلارمىز .

ئابدۇسالام ئورنىدىن لىككىدە تۇردى . سادىق قويچىنىڭ

ئورۇنلۇق سۆزلىرى ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرگەنىدى . ئۇنىڭ ھېسابلىشىچە ، ئابدۇراخماننىڭ ئىسمى ـ نىسى ئەـتە تۇگەيتتى . بۈگۈن ـ ئەتىلا بىرىپ باقمىسا يەنە تۆت كۈن ساقلاشقا توغرا كېلەتتى . مانا ئەمدى مۇنۇ ئاق كۆڭۈل پادىچى ئۇنىڭغا ئىشەنچ ، جاسارەت ئاتا قىلىپ ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ . شۇنىڭدىن قارىغاندا تاغچىلار مانا مۇشۇنداق تۈز ، ئاق كۆڭۈل ، مېھماندوست كەلسە كېرەك . لېكىن بۇ خاراكتېرلار ئەسلىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىدە بار خىسلەتلەر ئىدىغۇ . ئەجەبا ، ئەمدى مۇشۇنداق ھەممە ئىش ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ ئوقۇتقۇچىنى ئوقۇغۇچىسى ، كادىرنى خىزمەتچىسى ، چوڭنى كىچىكى ھۆرمەت قىلمايدىغان ، ھەتتا ئۇلارغا يوق بەتنامىلار بىلەن قارا چاپلاپ كۈرەش قىلسا ، قەغەز قالپاق كىيدۈرۈپ كوچىمۇ كوچا سازايى تۇۋلاتسا بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى زادى . ئابدۇسالامنىڭ دادىسى بۇنى بىر شامال ، ئۇ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ دېگەندەك قىلىشۇدى ، ئەجەبا بۇ شامال مۇشۇنداق ئاستا ئۆتسە ئۇنىڭ چېكىنى كۆرگىلى بولامدۇ زادى . ئۇنىڭ كۆڭلى مانا مۇشۇ خىياللار تەسىرىدىن يېرىم بولۇپ قالدى ، ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى .

دەل مۇشۇ چاغدا بىر جاپاكەش ، ئەمما بالا دەردىدە يۈرىكى ئېزىلگەن ئانا پېشانىسى بۇززىدە تەرلىگەن ھالدا گۈلباغ گۈڭشېسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ قولىدا ئوغلىنىڭ تۇرمۇش خاتىرىسى ، قېچىپ كېتىش ئالدىدا يېزىپ قويغان خېتى ، خاماندىكى بىر نەچچەيلەننىڭ ئابدۇسالامنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلاپ يېزىپ بەرگەن خېتى قاتارلىقلار بار ئىدى . ئۇ مۇشۇ ماتېرىياللارنى جەملەپ بولغۇچە قانچە ئادەمگە يېلىنىدى ، كىملەردىن دەككىسىنى يېدى ، كىملەر تەرىپىدىن خورلۇقتا ئۇچراپ ناھەق ئازار يېدى ، بۇلارنى ئۇ سۆزلەپ تۈگىتەلمەيدۇ . ئەڭ مۇھىمى ، شۇ مەيداندا بار تۆت ئادەم گۇۋاھلىق بېرىپ قولىنى قويۇپ بېرەلىدى . ئەگەردە ئابدۇلباسىت ئۆلۈپ قالغان بولسا

ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىشكە پېتىنالمىغان بولاتتى . مانا ئۇ دوختۇر-خانىدا بەش كۈن يېتىپ بېشى تېگىلغان ھالەتتە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . قامچا ئۇنىڭ چوققىسىغا تەگكەن بولۇپ ، يەتتە يېپلىق تىكىلىپتۇ . ئۆيىدە ئوبدان ئارام ئېلىشى كېرەككەن . سەلەي سېكرېتارنىڭ ئورۇنـلاشـتۇرۇشى بىلەن ئابدۇسالامنى تۇتۇشقا ئەۋەتىلگەن غاپپارلار تارانچىغىچە بېرىپ كېلىپمۇ ئۇنى تاپالمى-دى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇش بولغان تىللاخاننىڭ يۈرىكى تۇيۇق-سىز ئەنسىز سېلىپ كەتتى . بۇ بالا قورقۇنچلۇقتا ئۆزىنى بىر نەرسە قىلىۋالغانمىدۇ ـ يە . مانا مۇشۇ ئەنسىز خىيال ئۇنىڭ گۇمانىنى ئاشۇرۇۋەتتى . ئۇ يىغلاپ يۈرۈپ شۇ كۈنى خاماندا بار كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىردى .

— جېنىم قېرىنداشلىرىم ، ماڭا راست گەپ قىلساڭلارچۇ ، بالام گۇناھسىزمۇ ياكى قاتىلمۇ ، — ئۇ كىرگەن ھەر بىر ئۆيدىكى ئادەملەر گەرچە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلسىمۇ ، لېكىن رەس-مىي گۇۋاھلىق بېرىشتە تاش چىشلەپ تۇرۇۋېلىشتى .

— بالامنىڭ دېرىكى يوق قېرىنداشلىرىم ، مەندەك بىر تە-لەيسىز ئانىغا ئىچ ئاغرىتمىساڭلارمۇ ئاشۇ گۇناھسىز بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ قويۇڭلار . ئۇ ئەسلىي يېزىغا چېنىققىلى چۈشكەن زىيا-لىي ياش ئىدىغۇ قېرىنداشلار .

— بالىڭىز گۇناھسىز ،— دېدى پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاچچىق موخۇركىسىنى شوراپ ئولتۇرغان ھوشۇراخۇن تۇيۇقسىزلا گەپ باشلاپ ،— يىغلىمىسىلا ئاچا ، مەن ئابدۇسالامنىڭ ساپاننى كۆتۈرۈپ خاماندىن ئۆتكەنلىكىنى كۆر-گەن . ئىسپات بېرىپ بېرەي ، يامىنى كەلسە ئاشۇ ئامبارچىلىق-تىن قالدۇرار شۇ . مەنمۇ تويغان ئۇ سۇيى يوق ئېرىققا مىراب بولۇشتىن زادى .

— ۋاي رەھمەت ئۇكام ، ئىنساپىڭىزغا رەھمەت ، — تىللاخان يىغلىغان پېتى ئۇنىڭ يىرىك ئالىقانلىرىنى سىلاپ يۈز-

لىرىگە سۇركىدى ،— مۇشۇ قىلغان ياخشىلىقلىرى مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار ، رەھمەت .

ھوشۇراخۇننىڭ قورقماي ئىسپات بېرىشى بىلەن يەنە ئۈچەيلەن ئىسپات بېرىشكە جۈرئەت قىلدى . بۇ خەتلەرنى كۆتۈرۈپ سەلەي سېكرېتارنىڭ يېنىغا بارغان تىللاخان ئانا تۈنجى قېتىم دەككىسىنى يېدى .

— ھە ، نېمە گەپ بۇ ئۆزى ،— دېدى ئۇ ئەمەلدارلارچە گىدىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكىسىنى چېكىپ ،— بىر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلۈم گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان ئادەم گۇناھسىز بولامدىكەن . بۇ قەيەرنىڭ قائىدىسى ئەمدى ، سەنچۇ ئۇنسۇرنىڭ ئايالى بولغاندىكىن ياۋاشلىق بىلەن ئوغلۇڭنى قايتۇرۇپ كېلىپ گۇناھىغا تۆۋە قىلدۇر . بولمىسا ئائىلەڭ بويىچە ھەممىڭنى ئۇنسۇر قىلىۋېتىمەن زادى .

— بىزنى نېمە قىلساڭلار مەيلى ، لېكىن ئوغلۇمغا چېقىلماڭلار ، ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار مانا ، سىلەر ئۇنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتتىڭلار . تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارسا تۇتتۇلۇپ قالىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ مانا ئەمدى ئاقتىمۇ يوق كۆكتىمۇ يوق . يا ئۆلۈكى ، يا تىرىكى يوق ، سىزنىڭمۇ بالا ـ ۋاقىڭىز بار ئادەم ، بۇنداق گەپلىرىڭىز بىلەن ماڭا ئازار بەرمەڭ .

— بولدى ، بولدى ، بالا ـ ۋاقامنى تارتىپ نېمە قىلىدۇ ماۋۇ خوتۇن ، گۇناھ بولغاندىكىن تۆۋە قىلسۇن دەۋاتىمەن . ئابدۇلباسىت ئۆلۈپ قالغان بولسا تۇرمىدە ياتاتتى ئۇ ، تەلىيىڭلار باركەن . لېكىن ئۇ چىقىمدار بولدى . بىر دېھقان ئۈچۈن يۈز كوي دېگەن جىق پۇل ، سىلەر ئائىلە بويىچە بىر يىل ئىشلەپمۇ يۈز كوي تەقسىمات ئالغان يېرىڭلار بارمۇ زادى . گەپنى ئاز قىلىپ بالىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان ئىشنى قىلىڭلار ، خاتالىق ئۆتكۈزۈش گۇناھ ئەمەس ، ئارقىغا قايتۇرۇپ نەيزە ئۇرۇش خىزمەت

كۆرسەتكەنلىك . مەن بۇ ئىشنىڭ ئارقا تىرىكى سىلەرنىڭ ئۆيدى-
كى ھېلىقى جاھىل ئۇنسۇر دەپ ئويلاۋاتىمەن . ئابدۇسالامنى ئاشۇ
كۇشكۇرتكەن گەپ . بولمىسا ئۇ كىچىككىنە بالىدا مۇنداق جۇر-
ئەت نېمىش قىلسۇن .

— خاتالاشتىڭىز سېكرېتار ،— دېدى تىللاخان ئورنىدىن
دەس تۇرۇپ ، — مېنىڭ بالامنىڭ ئۆز ئالدىغا ياشاش قانۇنىيىتى
بار . مانا ئۇنىڭ ئۇزۇن يىلدىن بۇيان يېزىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش
خاتىرىسى ، ئۇنىڭدا ئابدۇلباستىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە مۇنداق
ئۆچلۈك قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئېنىق يېزىلغان . خاماندىكى
ئىشتىمۇ پاكىتنى قولغا چۈشۈردۈم . ئەمدى مەن ئەرز قىلىمەن .
گۇڭشېغا ، ناھىيىگە ، ھەتتا ۋىلايەتكىچە ئەرز قىلىمەن . ئوغلۇمە-
نى سىلەر تېپىپ بېرىسىلەر . ئۇنى سىلەر قورقۇتۇپ قاچۇردۇڭ-
لار . ئۇنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا چاقىرىق بويىچە چۈشكەن زىيالىي
ياش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدۇڭـلار ، كىچىك بالا چىـدىيالمايدىغان
ئېغىر ئەمگەككە سېلىپ جازالىدىڭلار ،— تىللاخان تۆكۈلۈپ تۇ-
رۇپ يىغلاپ سۆزىنى تۈگىتىپ سىرتقا ماڭغىنىدا سەلەي سېكرې-
تار تاتارغان ھالدا ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى . چۈنكى ئۇ ئىشنىڭ
مۇنداق چىقىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى . ھەتتا نېمە دېسە خوش
دەپ ياۋاشلىق بىلەن ئىشلەپ يۈرگەن بىر ئۇنسۇرنىڭ ئايالىنىڭ
مۇنداق قاتتىق گەپ قىلالايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى .

«توغرا ،— دېدى ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ دېگۈدەك تۇرۇپ
كېتىپ ،— بۇ ئەر - خوتۇن ئەسلىدە ناھىيىنىڭ غوللۇق كادىر-
لىرى ئىدىغۇ . ئۇلار ناھايىتى چوڭ ئوقۇغان ئادەملەر ئىكەنلىكى
ئېنىق . توختا ، ئابدۇلباستىنىڭ يېنىغا باراي ، ئۇ زادى شەخسىي
ئۆچمەنلىك تۈپەيلى ئابدۇسالامنى قىيناپ كەلدىمۇ ياكى ئۇنسۇر-
نىڭ بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەمىشە ئاتىكارچىلىق قىلىپ يوق
يەردىن پۈتاق چىقىرىپ مۇنازىرىلەشكەنلىكى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق
ئېغىر ئىشقا سالغاندىمۇ بۇنى ئېنىقلاش كېرەك . راست ، ئابدۇ-

www.uyghurkitap.com

سالام دېگەن بۇ نوچى زادى نەگە كەتتى . ئۆلۈۋالمىغاندۇ ، قارا ئۇنىڭ يامانلىقىنى ، خەت يېزىپ قويۇپ كېتىپ قالغىنىنى دېسە ، ئىشقىلىپ ئوقۇغان ئادەمگە تەڭ كەلمەك تەس ئىشكەنغۇ زادى . مانا ئابدۇساھىپنى كۆرەش قىلدۇق دېگەن بىلەن داۋاملىق ئۇنىڭغا گەپتە تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۆزىمىزنى كاچاتلاپ ئەزالارغا كۈلكە بولۇپ بەرگەن يەرلىرىمىز ئازمۇ بىزنىڭ» .

گۆڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سايىت سالى ئالىي مەكتەپنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن بۇرۇن پۈتتۈرگەن ئادەم بولغاچقا گەپ ـ سۆزى ئوڭلۇق ئادەمكەن . ئۇ تىللاخانغا بىر كۈرۈشكا چاينى سۇنۇپ ئۇنىڭ قولىدىن ماتېرىياللارنى ئالدى . ئىسپات قەغەزلىرىنى تەپسىلىي كۆردى . لېكىن خاتىرە دەپتەرنى ئېچىپلا ئۇنى يېپىپ قويدى .

— بۇ تۇرمۇش خاتىرىسىكەن ، بۇنى رۇخسەتسىز كۆرۈشكە بولمايدۇ . شۇڭا...

— كۆرسىلە ، سىلىنى كۆرسە ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشقا پايدىسى بولار دەپ ئەكەلدىم . مەن قاتلاپ قويغان يېرى بار . شۇ يەرنى ئوبدانراق كۆرسىلە . ئاندىن زىددىيەتنىڭ تۈگۈنىنى تاپىلا .

سايىت سالى قوشۇما قاشلىرىنى يىمىرىپ ئولتۇرۇپ خاتىرىنى كۆرۈپ چىقتى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئابدۇلباستقا مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنى تەپسىلىي ئوقىدى .

— نومۇسسىز ئادەمكىنا بۇ ، كىچىككىنە بالىغا بۇنداق زۇلۇم قىلغىنى نېمىسى ئەمدى . ھازىر زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشقا ياكى مەكتەپكە ئوقۇشقا ماڭىدىغانلىرى مېڭىپ بولدى . بۇ بالا تېخىچە مۇشۇنداق يۇرسە قانداق بولغىنى ، ئاچا ، سىلى خاتىرجەم بولسىلا ، مەن بۇگۈنلا شامالباغقا بارىمەن . ھەممىسى بىلەن كۆرۈشىمەن . بولسا ئابدۇسالامنى تاپىدىغان ئىشنى قىلايلى . مېنىڭچە ، ئۇنىڭدا گۇناھ يوق ، لېكىن ئابدۇلباستنى قامچا بىلەن ئۇرغىنى چەكتىن ئېشىپ كېتىپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ مەن بۇ

ئىشنى ئىككى تەرەپ رازى بولغۇدەك ئوڭشايمەن . زادى ئابدۇسا-
لامنىڭ نەدىلىكىنى سىلى راست بىلمەملا ؟
— بىلسەم دېمەمدىم ، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەچكە سىلد-
نى ئىزدەپ كەلدىم مۇدىر ،— دېدى تىللاخان كۆزىگە لىققىدە ياش
ئېلىپ ،— جېنىم بالام ، نەلەردە يۈرىدىغانسەن ؟ !
شۇ كۈنى كەچلىك ئۆگىنىشتە ئۇنسۇرلار كۈرەش قىلىنىمد-
دى ، سايىت سالى يىغىنغا قاتنىشىپ گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتې-
تىنىڭ قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى . قارراردا ئابدۇسالام ئابدۇلباسىت-
نىڭ بىر يۈز يەتتە يۈەن دورا پۇلىنى تۆلەيدىغان ، ئەزالار ئالدىدا
ئۆزىنى تەكشۈرىدىغان ، ئابدۇلباسىت بولسا شەخسىي ئۆچمەنلىكى
ئۈچۈن بىر زىيالىي ياشنى ئېغىر ئەمگەككە سېلىپ قىيىنىغانلىد-
قى ، ئورۇنسىز جېدەل تۇغدۇرغانلىقى ئۈچۈن ھوقۇقى يېرىم
دەرىجە چۈشۈرۈلۈپ ، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولۇپ ، بازاردا
قوشۇمچە ئەمگەككە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان مۇئاۋىن ئەترەت باش-
لىقى نەبىجان ئەترەت باشلىقى بولۇپ قايتىپ كېلىدىغان ، ئۇنىڭ
ئورنىغا ئابدۇلباسىتنىڭ بازارغا چىقىپ بىر تەرەپتىن داۋالىنىغاچ
قوشۇمچە ئەمگەك قىلىۋاتقان ئەزالارنى باشقۇرىدىغانلىقى يېزىلغا-
نىدى . بۇ قارارنى ئوقۇپ بولغاندا جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتكەن
ئەزالار بىردەم تۇرۇپ كېتىپ تۇيۇقسىزلا گۇلدۇراس ئالقىش
ياڭراتتى . بۇ ئەزالارنىڭ مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى تۇنجى
قېتىملىق ھەقىقىي يۈرىكىدىن چىقىرىپ چالغان چاۋاكلىرىنىڭ
بىرى ئىدى . تىللاخان چاۋاك چېلىۋېتىپ يىغلىۋەتتى . ئۇ غەلىبە
قىلغانىدى . ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ يىغىن سەھنىسىدە ئول-
تۇرغانلارغا قارىدى ، سايىت سالى ئەزالار بىلەن بىرلىكتە چاۋاك
چالماقتا ، ئابدۇلباسىت تۇمۇردەك كۆكەرگەن ھالدا تاماكىسىنى
كۈچەپ شوراپ ئولتۇرماقتا . سەلەي سېكرېتار بىر خىل ئوڭاي-
سىز ھالەتتە خالار - خالىماس چاۋاك چېلىپ كۈلۈمسىرەشكە
تىرىشماقتا ئىدى .
— بۇ قارار گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتى تەرىپىدىن چىقد-

رىلغان ،— دېدى سايىت سالى قولىنى كۆتۈرۈپ ئەزالارنى تىنچ-لاندۇرغاندىن كېيىن ، — بىز كەمبەغەل دېھقان ، تۆۋەن - ئوت-تۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشقا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغـدىشىمىز كېرەك . ئـۇلار ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ يېزىغا چۈشكەن ياشلار ، ئۇلارنى ئاسراش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ، هازىر يېزىمىز تەۋەسىدە مۇشۇنداق ياشلاردىن پەقەت بىر نەچچىسىلا قالدى . ئەسلىي بۇ ياشلار بىرەر يىلدىلا چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى . مانا ، يېزىمىزغا چۈشكەن بىرەر يۈزدىن ئوشۇق زىيالىي-دىن پەقەت بىر نەچچىسىلا قالغىنىنىڭ ئۆزىمۇ بىزنىڭ زىيالىيلار سىياستىنى ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەنلىكىمىزنى كۆرسىتىدۇ . ئەمدى ئابدۇسالام مەسىلىسىگە كەلسەك ئۇنى ئىزدەپ تېپىشقا ئاپىسى مەسئۇل بولسۇن . ئۇنىڭغا ئون كۈنلۈك رۇخسەت بېرىڭ-لار ، ئانا بولغاندىكىن بالىغا چىدىماي قالىدىكەن . ھەممىمىزنىڭ بالىسى بار ، كىمنىڭلا بالىسى مۇشۇنداق ئىز - دېرەكسىز يوقالسا پەرىشان بولىدىغان گەپ .

بۇ خەۋەر ئېگىز كۆۋرۈك مەھەللىسىگە تارقىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇراخماننىڭ قۇلىقىغا يەتتى - دە ، خۇشلۇقىدا ئۆزى يايلاققا چىقىپ بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى ۋە ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ يولغا سېلىپ قويدى .

ئابدۇسالام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ، ھەتتا ئۆز خىزمىتىنىڭمۇ ئوبدانلا يەڭگىللەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئەزالار بولۇپمۇ قوشچىلار ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشاتتى .

— ئەسلىي سەن ياۋاش ئەمەسكەنسەن . قارا ، ئەترەت باشلى-قىنى بىر قامچا بىلەن چوققىسىنى ياردىڭ . تېخى دەرىجىسىنى يېرىم چۈشۈرۈۋەتتىڭ . يارايسەن جۇمۇ .

— يەنە تېخى كېپىنەكتىنمۇ قۇتۇلدى دەڭلار ، تەلىيى بار-كەن جۇمۇ .

— ھەي ، ئۇنىڭ بەك چىشىغا تەگمەڭلار جۇمۇ ، ئابدۇسالام-

ـنىڭ چامباشچىلىقتىن خەۋىرى باركەن ئەمەسمۇ . بىر كاللا قو-
يۇپ بۇرنۇڭنى ئېزىۋەتمىسۇن يەنە .
— ھەرقانچە بولسىمۇ تۆت يىل بىللە ئىشلىگەنىنىڭ يۈزىنى
قىلار .
ئابدۇسالام بۇ ساددا دېھقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشچان
تەبىئىتىدىن ھەيران قالدى . ئەينى دەۋرلەردە ئۇلار ئابدۇسالام
ئابدۇلباسىت تەرىپىدىن خورلانغىنىدا خۇددى ھېچنېمە كۆرمىگەنـ
ـدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋا-
لاتتى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۇستىدىكى يۈكلەر سەل يەڭگىللىشىۋـ
ـدى ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغۇسى ، ياخشىچاق بولغۇسى كېلىۋاتىدـ
ـدۇ . بۇنىڭدىن ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشچان تەبىئىتىدىن يامانلىغىلى
بولامدۇ ؟ ئابدۇسالام ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل چاقچاقلىرىغا كۈلۈپلا
قويىدى . مانا شۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكىنىگە ئالتە ئاي بولغىنىدا
تۇيۇقسىز ئۇنىڭ بېشىغا يەنە ئامەت قۇشى قونۇپ قالدى .
— ئابدۇسالام ،— دېدى ئەترەت باشلىقى نەبىجان ئۇنىڭ
يېنىغا كېلىپ ،— ئىشىڭنى توختات ، مەن ساڭا بىر خۇش خەۋەر
ئېيتاي .
ئابدۇسالام قولىدىكى كەتمەننى يەرگە قويدى . ئۇ تۇنۇگۈنلا
سىيالكا بىلەن يازلىق بۇغداي تېرىلغان سالا ئېتىزدا قىر چېپىۋا-
تاتتى . ئۇزۇنلۇقى ئىككى يۈز مېتىردىن ئاشىدىغان بۇ قىرنى
چېپىش ئۇچۇن ئابدۇسالام ئالاھازەل ئۇچ ـ تۆت سائەت تىنماي
ئىشلىشى كېرەك . شۇندىلا ئۇ نومۇر خاتىرىلىگۈچىگە نومۇر دەپـ
ـتىرىنى تۇتقۇزۇپ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى ئۇچۇن بەش نومۇر
ئالالايدۇ . ئەگەردە بۇ قىردىن يەنە بىرنى ئارتۇق چاپسا يەنە بەش
نومۇر قوشۇلىدۇ . بۇنىڭدا ئۇ جەمئىي بىر گۈڭلۈق نومۇرغا
ئېرىشكەن بولىدۇ .
— نېمە خۇش خەۋەر ئۇ نەبىجانكا ،— دېدى ئۇ نەبىجاننىڭ
كۈلكە ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ،— ماڭا ئابدۇلباسىتنىڭ

www.uyghurkitap.com

سىپىق گەپلىرىنى ئاڭلاشتىن قۇتۇلۇپ قالغىنىمنىڭ ئۆزىلا ئەڭ ياخشى خۇش خەۋەر ئىدىغۇ .

— ئەمدى سەن كەتمەيدىغان بولىدۇڭ ئابدۇسالام ، — دېدى نەبىجان ئۇنىڭ كەتمىنىنى قولىدىن ئېلىپ ، — سەن بۈگۈنلا گۈڭشې سۇ توك پونكىتىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇر . ھەر بىر مەھەللىدىن بىردىن ئادەم توكچىلىقنى ئۆگىنىدىكەن . ئۆتكەندە سايىت سالى مۇدىر ماڭا ساڭا ياخشىراق قاراپ قويۇشۇمنى تاپىلىغان . ئۇ سېنىڭ تۇرمۇش خاتىرەڭنى ئوقۇپ چىقىپ بەك تەسىرلىنىپتۇ . ئۇ ئەگەر ۋەزىيەت مۇشۇنداقلا بولسا ئابدۇسالام يېزىدىن چىقالماي قېلىشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئوقۇش ئارزۇسى بەكمۇ كۈچلۈككەندۇق . لېكىن دادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇشۇنداق بولۇپ قاپتۇ . ئەمدى سەن ئۇنىڭغا شارائىت يارىتىپ بەر . مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئالىم بولالمىسىمۇ ، يېزىنىڭ قىلىپ بولسىمۇ دېھقان يازغۇچى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەنىدى . مانا بىزنىڭ مەھەللىگە بىر سان بېرىۋىدى ، شۇ ھامان ئاشۇ سۆز يادىمغا كەلدى ـ دە ، سېنى ئەۋەتىشنى قارار قىلدىم . قانداق ، بوپتۇمۇ ؟

— رەھمەت نەبىجانكا ، قىلىۋاتقان ياخشىلىقلىرىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن . چوقۇم دېگەن يېرىڭىزدىن چىقىمەن جۇمۇ . ھە راست ، ئۇ يەردە قانچىلىك ئوقۇيدىكەنمەن ؟ !

— ئۈچ ئايدىن ئالتە ئايغىچە ئوخشايدۇ . قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەھەللىنىڭ قالايمىقان تارتىلغان توك سىملىرىنى تۈزەيسەن . بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بىر سۇ قۇدۇقى قېزىش ۋەزىپىمىز بار تېخى ، مۆرىتى كەلسە ئاشۇ قۇدۇقنى ئۆزۈڭ باشقۇرىسەن . نېمانداق سېنى گەپكە تۇتتۇپ ئىرمەن . ماڭ ، تېز بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ كەل . بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ نومۇر خاتىرەڭگە داۋاملىق ئالتە نومۇر يېزىلىدۇ . ئىشىڭنىڭ جىق ـ ئازلىقى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ .

— رەھمەت نەبىجانكا ، رەھمەت ، — ئابدۇسالام رەھمەتتىن بىر نەچچىنى دەپ نەبىجاننىڭ قوللىرىنى سىقتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق يېشى لۆمۈلدەيتتى . ئىنسان دېگەن مانا مۇشۇنداق ھەممىگە كۆنىدىغان بىر مەخلۇقكەن ، ئېغىر ئەمگەكتىن ئازات بولۇپ ئەزالار بىلەن ئىشلەپ يۈرگىنىدە مۇشۇنداق كۈنگە ئۇلاشقىنىغا شۈكۈر دەپ يۈردى . مانا ئەمدى توكچىلىقنى ئۆگىنىپ كېلىسەن دېيۇدى ، خۇشاللىقىدىن كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى . چۈنكى ئۇ ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرگەنىدى . ئۆزىنىڭ دېھقان بولۇپ قالغىنىغا ، بۇ زېمىندا مەڭگۈ كەتمەننىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى . شۇڭا ئۇ پەقەت خورلۇق تارتمىسىلا ھەرقانداق جاپاغا چىدايدىغان خاراكتېر بىلەن مۇشۇنداق ياشاۋېرىش خىيالىغا كەلگەندىن بۇيان ھەممىنى ئېسىدىن چىقارغانىدى . ھەتتا ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئەھدە قىلغان ئوقۇش خىيالىنىمۇ ئېسىدىن چىقارغانىدى . «ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەننىڭ نېمە پايدىسى ، بولار سايلاپ بەرمىسە ، ياخشى چېنىقتى دەپ يۇقىرىغا گەپ قىلمىسا مۇشۇنداق توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياشايدىغان گەپكەن» . لېكىن ئۇ بۈگۈن قايتىدىن روھلاندى . چۈنكى سايىت سالى بىلەن نەبىجان ئۇنىڭدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتتۇ . «ئوقۇپ ئالىم بولالمىسىمۇ دېھقان يازغۇچى بولۇشىدا شەك يوق .» مۇشۇنداق كەسكىن ۋەزىيەتتە بىر ئادەمگە ، ئەنە كېلىپ بىر قاشقىسى بار ئادەمنىڭ ئوغلىغا مۇشۇنچىلىك باھا بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى زور غەيرەت ـ شىجائەت كېرەك . مانا ئۇ ئاشۇنداق يۈرەكلىك ھالدا ئۇنىڭغا باھا بېرىۋاتسا ئابدۇسالامنىڭ ئوقۇشنى ئېسىدىن چىقارغىنى نېمىسى ئەمدى .

شۇ تاپ ئابدۇسالام قاتتىق ئۆرتەنمەكتە ئىدى . خاتىرىگە يازغىنى بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئوخشاشماي قالغىنىدىن ئېچىنىدى . باشقىلار سەندىن شۇنچىلىك زور ئۈمىدلەرنى كۈتسۇن ، سەن ئۆز غايە ـ ئارزۇلىرىڭنى پايخان قىلىپ كەينىڭگە دەسسە . بۇ قانداق مەنتىقە ئەمدى .

www.uyghurkitap.com

ئۇ كەپتەر ماركىلىق ۋېلسىپىتىنى شاراقشىتىپ مىنىپ گۇڭشې سۇ توك پونكىتىغا كېتىۋېتىپ ئەنە شۇلارنى ئويلىدى، ئۆز - ئۆزىنى قامچىلىدى . بۇندىن كېيىنكى پىلانلىرىنى خىيالدا بىر - بىرلەپ تىزدى .

— مەن شامالباغىنىڭ ئاياغ مەھەللىسىدىن كەلدىم . ئىسمىم ئابدۇسالام ،— دېدى ئۇ بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن شامالباغقا توك سىمى تارتقان ئاۋاق ، يۈزلىرى خۇددى مايلانغان قاپاقتەك سېرىق ، سېرىق شەپكىسىنىڭ چېكىلىكى سۆكۈلگەن ، ئىسپانكا چاپىنىنىڭ رەڭگىنى تونۇغىلى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە سالاپەت بېرىپ تۇرغان سۇرلۇك ئادەمگە قاراپ .

— ھە ياخشى ، مەدەنىيەت سەۋىيەڭ قانچىلىك سېنىڭ ؟— دېدى ئۇ ئابدۇسالامنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ .

— تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن .

— ياخشى ، ناھايىتى ياخشى ، ئەمىسە چۈشتىن كېيىن كەل . ھە راست ، ئەترەتكە دەپ ئۆن كوي ئالغاچ كەل . مانا مۇنداق كەمەر ، غىلاپ ، ئامبۇر ، پىچاق ، ئەتۋىركە دېگەنلەرنى ئالىسەن .

ئابدۇسالام ئۇ ئادەمنىڭ كەمىرىگە قارىدى . كەمەرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئېسىلغان سايمانلارنىڭ غىلاپى سېرىق خۇرۇمدىن تىكىلگەن بولۇپ ئۇنىڭغا ئىككى دانە چوڭ - كىچىك ئەتۋىركە ، ئامبۇر ، پىچاق سېلىنغانىدى . ئۇ ئاشۇ سايمانلىرىنى كاسىسىغا ساڭگىلىتىپ ئېسىپ ۋېلسىپىتنى مىنىپ ماڭسا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كېتەتتى . مانا بۈگۈنلا ئاشۇ نەرسىلەر ئۇنىڭدىمۇ بار بولىدۇ . ئۇمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش كېرىلىدۇ . باشقىلار ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قارايدۇ . ئۇ مەن توكچى ، توكنىڭ ھەممە سىرىنى بىلىمەن دەپ پو ئاتىدۇ .

— تىزىمغا ئالمامسىز ؟— دېدى ئۇ مېڭىشقا تەمشەلگەن ئادەمگە قاراپ .

— تىزىملاشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ، ھەر كۈنى كېلىپ مۇشۇ يەردە ئىشلىسەڭلا بولمىدىمۇ .

— بىزنى ئۆگىنىش قىلىسىلەر دېگەن .

— بۇ يەردە نەزىرىيە دەرسى ئاساسەن ئۆتۈلمەيدۇ . ھەممىنى ئىشلەپ يۈرۈپ ئۆگىنىدىغان گەپ . ھازىر گۇڭشېنىڭ تېخى توك يېتىپ بارمىغان ئەترەتلىرى خېلى بار . شۇ يەرلەرگە توك تارتىمىز . توك تارتىلىپ بولسا ، ئاندىن سۇ قۇدۇقى قېزىشقا چۈشىدىغان گەپ . ھازىر يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ توك قۇدۇقى قېزىلغىلى تۇردى . مانا قۇدۇق قېزىلغاندىن بېرى بۇلاقلارمۇ بىر ـ بىرلەپ قۇرۇغىلى تۇردى . ئاز ئۆتمەي بىزنىڭ ئامبار ئاستىدىكى بۇلاقلاردىنمۇ سۇ چىقماس بولىدۇ . ئۇ چاغدا ھەر بىر ئەترەتتە بىر ئەمەس ، بىر نەچچىدىن قۇدۇق قېزىشقا توغرا كېلىدۇ . سىلەر شۇ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەردىن بولۇپ چىقىسىلەر . گەپنى ئاۋۇتمايلى ، ئۆيۈڭگە بېرىپ تاماق يەپ بولۇپ ئون كوي پۇلنى ئېلىپ تېزرەك كەل . بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولىدۇ . يىغىن ئېچىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىمىز . ئىشقىلىپ سىلەرنى تەربىيىلەشنىڭ كونكرېت ئىشلىرىغا مەن مەسئۇل . ئىشىڭ بولسا مېنى ئىزدە ، ئىسمىم رۇستەم .

ئابدۇسالام توكچىلىقنى ئالتە ئاي ئەمەس ، بەلكى بىر يىل ئەتراپىدا ئۆگەندى . بۇ جەرياندا نۇرغۇن يېڭىلىقلار بولۇپ ئۆتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇم خەۋەر بولسىمۇ ، بەزىلىرى خۇش خەۋەرلەر ئىدى .

ئۇ كۈنى ئابدۇسالام يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلىدىغان ئون ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى سېمونت ستولبا ئۈستىدە بىخەتەرلىك تاسمىسىغا يۆلەنگەن ھالدا چىڭىتىلغان سىمنى ئۇلاش مەشغۇلاتى قىلىۋاتاتتى . پەستە رۇستەم قاتارلىق بىر نەچچەيلەن رۇستەمنىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئوسىنى ئېچىپ

قويۇپ خەۋەر ئاڭلىغاچ يۇقىرىغا سۇنۇپ بېرىدىغان سايمانلارنى رەتلەۋاتاتتى . تۇيۇقسىز ماتەم مۇزىكىسى ئاڭلاندى . بۇ مۇزىكا ئاڭلىنىشى بىلەنلا ھەممەيلەن تىمتاس بولۇپ قالدى . ئابدۇسالام-نىڭ چىرايلىق ھالقا چىقىرىلغان توك سىمىنى يۆگەۋاتقان ئامبۇ-رى ئىشتىن توختىدى . بۇندىن بىر نەچچە ئاي بۇرۇن مانا مۇشۇن-داق بىر مۇزىكا جۇئېنلەي زۇڭلىنى ئېلىپ كەتكەنىدى . شۇ چاغدا ئابدۇسالام ئۆيىدە ئىدى . ئابدۇساھىپ ئۆزىنىڭ بىر پاي ئايىغىنىڭ سۆكۈلگەن تۇمشۇقىنى تىكىۋاتاتتى . مۇھىم يىغىن-لارنى ، بەزى خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىشىك بېشىغا ئېسىلغان رادىئو قوبۇللىغۇچ .كاناي بولۇپ ئەترەت ئىشخانىسى تەرىپىدىن كونترول قىلىناتتى . ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا گىژىلدايتتى - دە ، ئەترەت باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى .

— ئىنقىلابىي ئەزالار ، ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ : «قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم» . ھا-زىر گوڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئاڭلىتى-مىز .

يىغىنغا چاقىرىش ، ئەمگەككە ھەيدەش ، تۆت خىل ئۇنسۇر-لارنى كۆرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش دېگەندەك ئىشلار مانا مۇشۇ رادىئودا ئۇقتۇرۇلۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەچكە ھازىر ئەترەت باشلىقى ئەترەت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى قېرى ئۈژمە دەرىخى-نىڭ ئاچىماق پۇتىقىغا ئېسىلغان داڭنى ئۇرۇپ يۇرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى . كىشىلەر بۇنى نەبىجاننىڭ كارامىتى ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئوقۇغان ئادەمنىڭ كاللىسى ئۆتكۈر بولىدۇ ، دېيىشى-دىغان بولۇپ قالغانىدى .

بۈگۈن رادىئو گىژىلدىدى ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئەترەت باشلى-قىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئەمەس ، بەلكى يۇرەكنى ئېزىدىغان ، ئاڭلى-

غان كىشىنى يىغلىتىشقا ئارانلا تۇرىدىغان بىر خىل مۇزىكا
ئاۋازى كەلدى .
— مەركەزدىكى باشلىقلاردىن بىرەرى قازا قىلغان ئوخشاي-
دۇ ، بالام ،— دېدى ئابدۇساھىپ تىكىۋاتقان ئايىغىنى تىكىشتىن
توختىتىپ تۇرۇپ ،— بۇ ماتەم مۇزىكىسى ، مەخسۇس مەركەزدى-
كى رەھبەرلەر ئۈچۈنلا چېلىنىدۇ .
ئائىلە ئەزالىرى تىمتاسلىققا چۆمدى . مۇزىكا ئاخىرلاشقىنى-
دا ئىنتايىن قايغۇلۇق ئاھاڭدا گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى جۇئېنلەي-
نىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئوقتۇرۇلدى .
— نېمە ؟ مۇمكىن ئەمەس ، مۇمكىن ئەمەس ،— ئابدۇسا-
ھىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى . ئابدۇسالام دادىسىدىكى بۇ ئۆزگى-
رىشنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى . چۈنكى دادىسى ئابدۇسا-
ھىپ يېقىندىلا جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ كاتىبات بۆلۈمىدىن خەت
تاپشۇرۇۋالغان . خېتىدە زۇڭلىنىڭ ئابدۇساھىپ ئەۋەتكەن ئون
تۆت پارچە ئەرزنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ، لېكىن
ئالدىراش بولغاچقا ۋاقتىدا جاۋاب يازالمىغانلىقىنى ، مۇشۇ خەت
بىلەن بىللە يەرلىك ھۆكۈمەتكىمۇ بىر پارچە خەت سېلىنغانلىقى-
نى ، ناھەق جازالانغان زىيالىيلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش-
نىڭ مۇشكۇل بىر جەرياّن ئىكەنلىكىنى ، لېكىن ئۇنىڭ
پارتىيە ـ ھۆكۈمەتكە ئىشىنىشىنى ، تېزلا بۇ ناھەق ئىشلارنىڭ
ئايدىڭلىشىدىغانلىقى يېزىلغانىدى . شۇ كۈنلەردە گەرچە دادىسى-
نىڭ قالپىقى ئېلىنىپ كەتمىگەن بىلەن جۇزۇڭلىدىن خەت تاپشۇ-
رۇۋاپتۇدەك ، ئەمدى بۇ ئادەمنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ ئەسلىي خىز-
مىتىگە قويغۇدەك دېگەندەك گەپلەر تارقىلىپ كەتكەچكە بەزىبىر
جازا ، كۈرەش قىلىشلار سەل بوشىغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاب-
دۇسالامنىڭمۇ يۈكى يەڭگىللەپ كالا ھارۋىسى ھەيدەش ، كېپىنەك
كالىنىڭ كەينىدىن پالاقلاپ ئاختارمىلىقتا داڭگالغا پۇتلىشىپ
مېڭىشلارغا خاتىمە بېرىلگەنىدى . مانا ئەمدى بۇ ئادەم تۇيۇقسىز

قازا قىلسا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرىنى قۇم بېسىپ كېتەرمۇ زادى؟ دېگەن ئوي ئابدۇساھىپنى تېخىمۇ ئېزىۋەتكەنىدى. ئۇ شۇ كۈنى ئۇزۇندىن بۇيان تاشلىۋەتكەن تاماكا چېكىش ئادىتىنى قايتا تېپىۋالغاندەك قوشنىسى مەمەت ئۆمەرنىڭ ئۆيىدىن بىر چاڭگال موخۇركا ئاچىقىپ كېچىچە چەكتى، ئاھ ئۇردى. خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك تامدا ئېسىقلىق تۇرغان ماۋجۇشى بىلەن جۇزۇڭلىنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرغانىدى. ئابدۇسالام دادىسىدىكى بۇ خىل روھىي ھالەتنى شۇنچە ئېغىر بېسىم ئاستىدا كۈرەش قىلىنغان، قوللىرى كەينىگە باغلىنىپ تاكى ئۇقۇرەك سۆڭەككە يەتكۈچە تارتىلغان چاغلاردىمۇ كۆرمىگەنىدى. لېكىن بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟ توغرا، جۇئىنلەي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن بايىقى خەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى قەبرىگە كۆمۈلىدۇ. شۇڭا ياش تۆكىدۇ، ئاھ ئۇرىدۇ.

ئابدۇسالام ستولىنىڭ ئۈستىدە بۇ ماتەم مۇزىكىسىنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىپ زادى كىمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاچقا قىلىۋاتقان ئىشىنى توختاتقانىدى. ماتەم مۇزىكىسىدىن كېيىن قايغۇلۇق ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. بۇ قېتىم خەلق ھەر كۈنى ئىسمىنى زىكرى قىلىدىغان، ئۇنىڭ بىرەر ئۇزۇندىسىنى دېمەي گەپ باشلىماس بولۇپ قالغان پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى ماۋزېدۇڭ ۋاپات بولغانلىقى ئوقتۇرۇلدى. بۇ قايغۇلۇق جاكار ئاخىرلاشمايلا پەستە ھۆركىرەپ يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئابدۇسالام دىققىتىدە چۆچۈپ پەسكە قارىدى. رۇستەم ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلارمۇ كۆزلىرىنى ئېرتىشىپ يىغلىغاندەك تۇراتتى. ئابدۇسالام بىخەتەرلىك تاسمىسىنى بوشىتىپ پەسكە چۈشتى. شۇ تاپ ئابدۇسالامنىڭمۇ يۈرىكى ئېزىلگەنىدى. ئۇلار جىممىدە ئولتۇرۇپ رادىئودىن مۇسىبەت خەۋىرىنى، ئۇنىڭغا ئۇلاپ بېرىلگەن ئۇلۇغ داھىي-

نىڭ ئىنقىلابىي ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىدى .
ئۇلار ئەتىسى مەيدىسىگە ئاق گۈل تاقاپ گۇڭشېدا ئۆتكۈزۈلگەن ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشتى . ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلار يەنىلا ئۆزىنىڭ سىم تارتىش خىزمىتىگە چۈشۈپ كەتتى . لېكىن بۇ مۇسىبەتنىڭ قايغۇلۇق شاماللىرى تېخى تولۇق تارقاپ كەتمەيلا رۇستەمنىڭ رادىئوسىدىن يەنە يېڭى خەۋەر ئاڭلاشتى . بۇ ھەقىقەتەن ئادەم ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر خەۋەر ئىدى . «تۆت كىشىلىك گۇرۇھنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتايلى» ... ئابدۇسالام بۇ خەۋەرگە تازا ئىشىنەلمىگەن بىلەن بۇ خەۋەر تارقىلىپ ئىككى كۈن ئۆتمەيلا كوچا ـ كويلاردا تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ يوقىتىلغانلىقىغا تەنتەنە قىلىنغان ھالدا نامايىشلار ، تەنتەنە ۋە ھەر تۈرلۈك سەنئەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ بارچە خەلق ئون يىل داۋام قىلغان بۇ ئىنقىلابنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى تەبرىكلەشتى . شۇ كۈنلەردە ھەممىلا ئادەمنىڭ چىرايى خۇددى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ ، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بېرىلگەنلىكىگە ھەممىلا كىشى ئورتاق جور بولماقتا ئىدى .
— دادا ، ئاڭلاۋاتامسەن ؟ سىلەرنى مۇشۇنداق قاملاشمىغان قالپاقلار بىلەن يېزىغا چۈشۈرگەن ئاشۇ «تۆت گېزەندە»نىڭ قىلىقىكەن . ئەمدى ئىشىڭ ھەل بولىدىغان بولدى ، دادا .
— شۇنداق ، مەن ساڭا ئاخىرلاشمايدىغان ئويۇن ، تۈگىمەيدىغان يول بولمايدۇ ، ھەرقانداق ئىشنىڭ سورىقى بار دېگەنتىمغۇ . مانا ، زىيالىيلارنىڭ قەددى رۇسلىنىدىغان چاغ يېتىپ كېلىۋاتىدۇ . لېكىن سەن مېنىڭ گېپىمگە كىرمىدىڭ ، بەش يىلنى بىكار ئۆتكۈزدۈڭ .
— قانداق بىكار ئۆتكۈزىمەن دادا ، ماڭا ئارتىلغان يۈك يېنىكمۇ ؟ ئاشۇ يۈكنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ قالمىغىنىمغا شۈكۈر دادا . لېكىن ھېلىمۇ كېچىكمەيمەن . ئەمدىلا يىگىرمىدىن ئاش-

تىم . تېخى ئۆگىنىدىغان ۋاقتىم ئالدىمدا ، قاراپ تۇر ، ئابدۇسا-
ھىپنىڭ بالىسى قانداق ئوقۇيدىكىن .

— ئاتە پونى ، ئۇقۇپ قوي ، سەن تېخى تولۇقسىزنىمۇ پۈتتۈرمىگەن چالا ساۋات . مۇشۇ بەش يىلدىن بۇيان ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ تۇرغان بولساڭ خېلى بىر نېمە بولاتتىڭ دەيمەن .

— خاتىرجەم بول دادا ، مەن ئەمدى كېچە - كۈندۈزنى بىكار قويماي ئۆگىنىمەن . خىزمىتىڭ ئەسلىگە كەلسە بىز چىقىپ كې-تىمىز . شەھەردىكى بىرەر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشتىن سىرت ئوقۇساممۇ ، ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەنسەممۇ بولىۋېرىدۇ .

ئابدۇساھىپ ئوغلىنىڭ بېشىنى مېھىر بىلەن سىلىدى . بۇ سىلاشتا ئۇ ئوغلىدىن كەچۈرۈم سورىغاندەك بىر خىل سىزىم تېنىدە شەكىللەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى . چۈنكى خاتالىشىپ يې-زىغا چۈشمىگەن بولسام ، ئابدۇسالامىمۇ مۇنداق جاپالارغا قالماس ئىدى ، دېگەن خىيال لەپپىدە ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلگەنىدى .

# ئون ئىككىنچى باب چېچەكلىگەن ئارمانلار

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

قەھرىتان قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرى دېھقانلار ئۇچۇن ئېيت-قاندا ھەم زېرىكىشلىك، ھەم جاپالىق كۈنلەرنى سوۋغا قىلىدۇ. ئۇلار يازىچە تارتقان جاپالىق ئېتىز ئەمگىكىنىڭ ھالاۋىتىنى مۇ-شۇنداق كۆرۈشى كېرەكتەك قىشنىڭ سوغۇق كېچىلىرىنى تېگى-دىن ئىسسىيدىغان كاڭلارنىڭ بوغۇزىغا چىلىك چاپلىشىپ يېتىپ، ئىسسىقى بارغانسېرى كېتىپ قېلىۋاتقان كاڭنىڭ مېھرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەي يوتقانلىرىغا چىلىك يۆگىلىپ پۇشۇلداپ ئۇخلاپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ. سەل - پەل ھاللىنىپ قالغان دېھقانلار مەشكە ئوت قالاپ تام مەش ھەم كاڭنى ئوخشاشلا ئىسسىتىپ ئۆينى ئىللىق بىر ماكانغا ئايلاندۇرغان بىلەن يەنىلا كۆپ ساندىكى دېھقانلار تېخىچە قوناق مەدىكى، يانتاق كۆتىكى ياكى كېۋەز شادىلىرىنى كاڭ ئوچاققا بولۇشىغا تىقىپ ئۇچ ۋاخلىق تاماققا ئىشلىتىلگەن ئوت بىلەن ئۆينى، كاڭنى ئىسسىتىپ يېتىشقا ئادەتلەنگەن. ئەتىياز كىرگەنچە ئاخىرلىشىۋاتقان قىشلىق يېقىلغۇ ئۇلارنى يىراق جاڭگاللارغا ھارۋا بىلەن بېرىپ يانتاق كۆتىكى، يۇلغۇن، سۆكسۆك ئەكېلىپ يېقىلغۇسىنى ھەل قىلىشقا ئۈندەپمۇ تۇرىدۇ. جاڭگالدىن يېقىلغۇ ئەكېلىش ئۇچۇن ئادەتتە ئۇچ كۈن ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇلار ئادەتتە ئاشلانمىغان تېرىلەردە ئۆزلىرى تىكىۋالغان تەتۈر جۇۋىلارغا چىڭ يۆگىلىپ، پاختىلىق پايپاق بىلەن كىيىۋالغان پىيمىلارنى سۆرەپ يۈرۈپ قولاق - بۇرۇننى

www.uyghurkitap.com

ئېتىۋەتكۈدەك سوغۇقتا هارۋا بىلەن ئوتتۇز ـ قىرىق كىلومېتىر يول يۈرۈپ ئوتۇن ئەكېلىدۇ ، شۇڭا بىر هارۋا يېقىلغۇ ئەكېلىشنىڭ مۇشكۈلاتىنى پەقەت ئاشۇ سەپەرنى قىلغانلارلا بىلەلەيدۇ . ئابدۇسالام مانا مۇشۇ جاپانى تارتىپ ئۈچ كۈندە بىر هارۋا ئوتۇننى جاڭگالدىن ئەكەلگىنىدە كۈن چۈشتىن قىيىلغانىدى .

هارغىنلىقتا قوشۇلغان زېرىكىشلىك سەپەر ئابدۇسالامنى ئوبدانلا زېرىكتۈرگەنىدى . بولۇپمۇ جاندىن ئۆتىدىغان جاڭگالنىڭ سوغۇقى بىر هارۋا ئوتۇن ئۈچۈن بىر يىللىق جۇد تەسىرىنى بەرگەنىدى . دېمىسىمۇ ئوتۇننىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن سوغۇققا بەرداشلىق بەرگۈدەك يېپىنچا بولۇشى كېرەك . باللار كىچىك ، جان سانى كۆپ ئائىلىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىسسىقراق جۇۋا ، تېگى خۇرۇمدا چەملەنگەن پىيما ، قېلىن پاختا سېلىنغان ئىشتان بولۇشى كېرەك . لېكىن بۇ نەرسىلەرگە پۇل كېرەك . بىر يىل جاپالىق ئىشلىگەن كۆپ جانلىق دېهقان تەقسىماتتا بىر مۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىۋاتقان بۇ چاغلاردا ئابدۇسالامنىڭ جۇۋىسىدىن ئىسسىقلىق هارارەت چىققۇدەك پۇللۇق يېپىنچا بولۇشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن بۇ جۇۋىسىغا چىڭ يۆگىنىپ ، بېلىنى چىگە ئارغامچىدا باغلاپ ، تۇمشۇقىغا ياماق چۈشكەن پىيمىسىنى پاختىلىق پايپاق بىلەن كىيىۋالسىمۇ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈۋاتقان بۇ سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ مېڭىشى كېرەك ئىدى . چۈنكى ئوتۇننى ئۇ ئەكەلمىسە ئىنىسى ئارمان ئەكېلىشى كېرەك . ئىشقىلىپ ئوتۇن بولمىسا قىشتىن چىققىلى بولمايدۇ . لېكىن هەممە جاپا ، خاپىلىق پەقەت مەهەللىگە يېتىپ كېلىش ئالدىدا ئەڭ دەسلەپ كۆزگە چېلىقىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بېكەت ئىسمائىلاخۇننىڭ قوتىنىغا كەلگەندە يوقىلىشقا باشلايدۇ . مەهەللىدىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ شورتاڭلىق زېمىنغا غەيرەت بىلەن بۆسۈپ كىرىپ زەيكەش چېپىپ ئىككى مو

يەرنى ئېكىنزارغا ئايلاندۇرغان بۇ ساپ دىل دېھقان ئەترەتنىڭ قويلىرىنى باقىدىغان مالچى ئىدى . ئۇ ئۆزى ئۆزلەشتۇرگەن زې- مىنىنىڭ چۆرىسىگە جىگدە ، تال - دەرەخ تىكىپ يىراقتىن قارى- غان ئادەمگە بۇ شورتاڭلىق زېمىندا مۆجىزىدەكلا پەيدا بولۇپ قالغان كۆكۈلمەيداننى نامايىش قىلىپ ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇ- رۇپ كېلىۋاتقان ئادەم ئىدى . شۇڭا ئوتۇنچىلار ئاخشىمى يولغا چىققاندا مانا مۇشۇ قوتاندىن ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ مەھەللىدىن چىق- قانلىقىنى ھېس قىلىپ ئېلىۋالغان يوتقانلىرىغا يۆگىنىپ يېتىپ ئۇيقۇسىنى باشلايتتى . ئالدىدا ماڭغان ھارۋا ئىگىسى پات - پات ئويغىنىپ ئېشەكنىڭ يولدىن قايماي كېتىۋاتقانلىقىنى تەكشۇرۇپ ئۇخلايتتى . كەينىدىكىلەر بولسا خاتىرجەم ، چۈنكى يولباشچى ھارۋىنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن ھارۋىلار ئادەتتە يولدىن قالمى- غان ، ئېزىپ كېتىدىغان ئىشلار بولمايتتى . چۈنكى بۇ ئېشەكلەر يولغا چىقىپ مۇشۇ ئىسمائىلاخۇننىڭ قوتىنىدىن ئۆتكەندىلا ئۆز- لىرىنىڭ قەيەرگە ماڭغانلىقىنى بىلىۋالاتتى - دە ، بىر خىل مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىلا مەنزىلگە يېتەتتى . بىر كۈن كەچكىچە يۈلغۇن ، سۆكسۆك ، يانتاق كۆتىكى بىلەن ھەپىلەشكەن بۇ ھارماس ئوتۇنچىلار بىر - بىرىگە ياردەملىشىپ ئوتۇنلىرىنى ھارۋىلىرىغا بېسىپ ئارغامچا بىلەن چىڭداپ باغلىغاندىن كېيىن ، گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئېلىپ چىققان نانلىرى بىلەن قورساقنى ئوبدان تويغۇزۇپ يولغا چىقى- شاتتى . ئوتۇنغا ماڭـغاندا ئۇخلىۋالغان بىلەن قايتىشىدا ئۇخلاش مۇمكىن ئەمەس . دېھقان سۆزى بويىچە ئېيتقاندا بىر تۇماملا كېلىدىغان قىش كۈنى ناھايىتى تېزلا ئاخىرلىشىپ زېرىكىشلىك كېچە باشلىناتتى . ئۇلار ئوخشاشلا بىرەيلەن يول باشلاپ قالغانلار ئەگىشىپ قايتىش سەپىرىنى باشلايتتى . يولدا تولىراق يۈز بېرى- دىغان ھادىسە ھارۋىنىڭ يېلى چىقىپ كېتىش ياكى كامېرى ئېتىلىپ كېتىش ، بۇنداق چاغـلاردا ئـۇلار ھەممىسى توختاپ

www.uyghurkitap.com

قول ـ قولچە بۇ چاقنى چىقىرىپ ياماپ يەنە سېلىپ يولىنى داۋام ئېتەتتى . ئۇلارنىڭ بۇ دەرىجىدىكى ھەمكارلىقى بولغاچقىلا ئوتتۇنغا ماڭغاندا بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ بىر نەچچەيلەن بىرلىكتە ئوتتۇنغا مېڭىش ئادەتكە ئايلانغان .

بىر كېچە ئۇيقۇسىز ھارۋىنىڭ يېنىدا پىيادە مېڭىپ چارچىغان ئابدۇسالامنىڭ ئۇيقۇسىمۇ بىراقلا قاچتى ، چۈنكى ئۇلار ئاخىر ئىسمائىلاخۇننىڭ قوتىنىنى كۆرگەنىدى ، قوتاننىڭ قارىسى كۆرۈنۈش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بارلىق ھارغىنلىقى يوقاپ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى .

— ئىسمايىلاخۇننىڭ قوتىنىغا كەپتۇق ، ئۆيگە كەلدۇق .

ئابدۇسالام خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى . شۇ تاپ كېچىدىن بېرى يول مېڭىپ بىر قەدەم يولنىمۇ ئارتۇق باسقۇسى كەلمەي قولاقلىرىنى سالپايتىپ كېلىۋاتقان ئېشەكمۇ جانلانغانىدى .

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم ،
يار مېنى كۆردىمىكىن .
يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى ،
يار ئۇنى تۇيدىمىكىن .

تۇيۇقسىز ئابدۇراخمان راۋاپ بىلەن ناخشا باشلىۋەتتى . بىر كېچە چۆل جاپاسى ، سەپەر جاپاسىنى باشتىن كەچۈرۈپ ھارغان ئوتتۇنچىلارنىڭ چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈردى . بەزىلەر ئابدۇراخمانىنىڭ ناخشىسىغا قوشۇلۇپ توۋلاشقا باشلىدى . ئىشقىلىپ ئۆيىنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئوتتۇنچىلار بىلەن ئاشۇ بىر ھارۋا يۈكنى ئوتتۇز — قىرىق كىلومېتىر يىراقلىقتىن سۆرەپ كەلگەن ئېشەكلەرگىچە جانلىنىپ كەتكەنىدى .

قاشنى قاشقا ئۇلىسا ،
بۇغدايغا باغلىق بولغۇدەك .
يېڭى يار تۇتقان كىشى ،
سەۋدايى ئاغرىق بولغۇدەك .

ئابدۇسالامنىڭ ۋۇجۇدى ناخشىدىن يېنىك جۇغۇلداپ بەدىنىدە-گە ئىللىق بىر سېزىم تارالغاندەك بولدى . شۇ تاپ ئاپئاق قار بىلەن قېلىن چۈمكىلىپ قىشلىق ئۇيقۇغا چۈشكەن بۇ زېمىن تېپتىنچ ئۇخلاۋاتاتتى . يىراقلارغا سوزۇلغان قارلىق دالا شۇ تاپ دادىسىنىڭ سۇۋارى ئاقىرىپ كەتكەن چاچ - ساقاللىرىنى ئەسلە-تىپ ئابدۇسالامنى مەۋھۇم خىياللار ئىلكىگە باشلاپ كىردى . ئىسمائىلاخۇننىڭ قوتىنىدىن ئۆتكەن بۇ بىر نەچچە ھارۋا شۇتاپ ئېگىز - پەس شورتاڭلىق چۆل يولىدىن ئىككى يانغا چايقالغىنىچە مەھەللىگە قاراپ كەلمەكتە . مەھەللە تەرەپتە ئاپئاق قاردىن لى-باس كىيگەن دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان بوۋايدەك كۆرۈنىدىغان ئاددىي دېھقان ئۆيلىرىنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن قارامتۇل ئىس سۇزۇك ئاسمان بوشلۇقىغا ئاستا - ئاستا سىڭمەكتە ئىدى .

— ئۇكاڭ كېلىۋاتىدىغۇ ئابدۇسالام ، — دەپ ۋارقىرىدى ئالدىدىكى ھارۋىنىڭ ئىگىسى توختاخۇن ، — سەندىن ئەنسىرەپ كېلىۋاتامدۇ نېمە ؟

ئابدۇسالام يول ياقىسىغا چىقىپ مەھەللە يولىغا قارىدى . ئىككى تەرەپتىكى سالا ئېتىزنى ئايرىپ تۇرغان ، يول ياقىسىغا ئىككى قاتار دەرەخ قويۇلغان تار ھارۋا يولىدا راستتىنلا ئابدۇسا-لامنىڭ ئىنىسى ئارمان ۋېلىسىپىت بىلەن ئۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى ، ئۇنىڭ ۋېلىسىپىت پېدالىنى كۈچەپ تېپىشلىرىدىن ناھايىتى مۇھىم بىر خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى . ئابدۇسالامنىڭ يۈرىكى ئاللىقانداق بىر شۇملۇقنى

سەزگەندەك قارتتىدە قىلىپ قالدى . چۈنكى ، مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان كېلىۋاتقان كېلىشمەسلىكلەر تۇپەيلىدىن يۈرەكئال. دى بولۇپ كەتكەن ئابدۇسالام ئەمدىلا كۈننىڭ سىرىقنى كۆرۈپ تۇرمۇشىدا بىر خىل خاتىرجەملىك بولغانىدى ، ئەمدى بۇ نىمە ئىش دېگەندەك خىياللار ئىلكىدە خاراموش بولۇپ قالدى .

— ئاكا ، خۇش خەۋەر ئاكا ، — ئارمان ھارۋىلارغا يېقىنلاش. مايلا ۋىلىسىپىتتىن چۈشۈپ ۋېلىسىپىتنى يول ياقىسىغا ئىتتىد. رىۋېتىپلا ئۇلارغا قاراپ يۈگۈردى ، — ئاپامنىڭ خىزمىتى ئەس. لىگە كېلىدىغان بولدى ئاكا .

ئابدۇسالام ئۇكىسىنىڭ ئالجوقا توۋلاپ يۈگۈرۈشلىرىدىن دەسلەپتە ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالدى . لېكىن ئۇكىسى يېتىپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىغاندا ، كۆزىدىن ھاياجان ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ «خۇش خەۋەر ئاكا ، خۇش خەۋەر» دەپ مەڭزىنى مەڭزىگە ياققىنىدا ، ئاندىن ئېسىگە كەلدى . توختاخۇن ئارماننىڭ يۈگۈ. رۈپ كېلىۋېتىپ خۇش خەۋەر دېگەن چېغىدىلا ھارۋىنى توختاتقا. نىدى . بىر كىچە سەپەر ھاردۇقى ، ئۇيقۇسىزلىق قىينىغان بۇ ئوتتۇنچى سەپەرداشلار تېخىچىلا مەڭدەپ تۇرغان ئابدۇسالامنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى .

— خۇش خەۋىرىڭگە مۇبارەك بولغاي .

— ئابدۇسالام ، كۈلمەيسەنغۇ ؟ كۈلە ، كۈل .

— ئەمدى بۇ سەھرانىڭ دىشۋارچىلىقىدىن قۇتۇلىدىغان بوپ. تۇ بۇ بىچارىلەر .

— خويمۇ تارتتى جاپانى بۇلار .

— ...

ئابدۇسالام ئاخىر بۇ خۇش خەۋەرنىڭ ئۆزىنى تورمۇزلاپ قويغان ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ ئېسىگە كەلدى . ئۇمۇ ئۇكىسى ئارمانغا ئوخشاش سەكرەشكە باشلىدى .

— ئاپامنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەپتۇ . ئەمدى دادامنىڭمۇ

خىزمىتى ئەسلىگە كېلىدۇ . بىز شەھەرگە قايتىدىغان بولدۇق . مەن ئوقۇيدىغان بولدۇم .

يول ياقىسىدا ئولتۇرۇپ ئابدۇسالامنىڭ بۇ شادلىقىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغان توختاخۇن باشلىق سەپەرداشلار شۇ تاپ ئۆزلىرى ياسىۋالغان كۆك تاماكىسىنى ئورىشىپ چەككىنىچە چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشتى .

شۇ كۈنى ئابدۇسالام ھېرىپ ـ ئېچىپ سەپەردىن كەلگىنىنى ئۇنتۇپ ئاپىسىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپلا يۈردى . بۇ خەۋەر مەھەللىگە تارىلىپ كەتكەچكە مەھەللىدىكى قېرى ـ ياش ، ئۇششاق ـ چوڭنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى مۇبارەكلەپ كىرىشكەندى . شۇڭا بۇ ئۆي مۇشۇ نەچچە يىلدىن بۇيان كىرگەن ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بىر كۈن بولۇپ قالدى . ئۇلار بىرەر چىنە گۈلە ـ قاق ، بىرەر ئوچۇم گازىر ، چىلان ، جىگدە··· ئىشقىلىپ ئۆيىدە بارلىقى نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىشىپ بىر نەچچە زاغرا قويۇلغان داستىخانغا تۆكۈپ ئۆز ئارا پاراڭغا چۈشكەندى .

— ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەن راست گەپكەن جۇمۇ ،— دېدى ئابدۇسالامنىڭ تام قوشنىسى ئۆمەرجاننىڭ ئايالى پاتەمخان خام گازىرنى كىرسىلىتىپ چېقىپ ئولتۇرۇپ ، — بىر نەچچە يىل جاپا تارتسىمۇ مانا راھىتىنى كۆرىدىغان بولدى . ھە راست ، ئابدۇساھىپاخۇننىڭمۇ خىزمىتى ھەل بولار ئەلۋەتتە .

— ھەل بولمامدىغان ، — دېدى مەھەللىنىڭ ئاياللار مۇدىرى رىسالەتخان قاشلىرىنى ھىمىرىپ ،— ھەممىنى قىلغان ھېلىقى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دېگەن پېسەندىلەر ئىكەن ئەمەسمۇ . ئەمدى مۇشۇ بىر نەچچە يىلدا مۇشۇنداق ئۇۋال بولغان ئىشلارنى ئوڭلىغىدەك . ئىشقىلىپ بۇلار ئەمدى بىز بىلەن تۇرمايدۇ .

— بازارغا چىقىۋېلىپلا بىزنى ئۇنتۇپ كەتمىسىلە جۇمۇ تىللاخان ، — ئوتتۇز يېشىدىلا ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ بالىلارنى يات ئەرنىڭ قولىدا خورلاپ قويمايمەن ، دەپ ئۆزىگە ئەھدە قىلىپ

بىر ئۆمۈر تۇل ياشىغان ئىساخان بۇۋىم ئاق لىچېكىنىڭ پېشى بىلەن كۆزىنىڭ چۆرىسىگە ئۇلاشقان ياش يۇقىنى ئېرتىپ تۇرۇپ دېدى ،— ياخشى ـ يامان دېيىشىسەكمۇ بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى نەچچە يىل ئىچتۇق . بىر قېتىم تۇز يېگەن يەرگە ئون قېتىم تەزىم قىل دېگەن گەپ بار .

— خاتىرجەم بولسىلا تۇغقانلار ،— دېدى تىللاخان ئۇلارنىڭ پىيالىلىرىگە چاي لىقلاۋېتىپ ،— بىز ئۇنداق تۇزكورلۇق قىلىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس .

— ھە راست ، تىللاخان ، — دېدى قوشنىسى پاتەمخان قوشۇمىسىنى يىمىرىپ جىددىي بىر سوئالغا دۇچ كەلگەندەك ، — ھەممىلىرى چىقىپ كەتسىلە ئابدۇساھىپاخۇن يالغۇز قالامدۇ بۇ يەردە .

— ئۇنداقمۇ بوپ كەتمەس ، — دېدى تىللاخان ئېغىر خۇرسىنىپ ،— بىز يېزىغا چۇشمەستە ئۇ ئۆزى يالغۇز نەچچە ئاي تۇردىغۇ ، بۇ كۆنلەرمۇ ئۆزۈڭغا بارماس .

تىللاخان ئەسلىي «ئۇنىڭمۇ قالپىقى ئېلىنىپ ، شەھەرگە كىرىپ كېتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغاندۇ» دېمەكچىدىيۇ ، لېكىن بۇ گەپنى يۇتۇۋېتىش قارارىغا كەلدى . چۈنكى ، تىللاخان گۇناھسىز بولسىمۇ يولدىشىنىڭ قالپىقى بولغاچقىلا يېزىغا ھەيدەلگەن ، شۇڭا ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ، لېكىن ئۇنى بولسا قانداقتۇر بىر سىياسىي تەشكىلاتقا مۇناسىۋەتلىك بىر خاتالىق بىلەن چۈشۈرگەن . ئابدۇساھىپنىڭ دېيىشىچىغۇ بۇ بىر تۆھمەت ، چىداپ قويۇشسىز بەتنام ئىكەن . لېكىن ھازىر مۇشۇ تۆھمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا زادى كىمنىڭ كۈچى يېتىدۇ . جۇ ئىنلەي زۇڭلىنىڭ كاتىبات باشقارمىسىدىن كەلگەن خەتتىن قارىغاندا بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەكلىكى ھەققىدە يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئالاقە ئەۋەتىلگەن . مانا ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت كۈتۈش بىلەن ئۆتتى . لېكىن بۇ ئالاقە

خۇددى قۇمغا سىڭگەن سۇدەك دېرەكسىز يوقالدى . تىللاخان چۈشتىن كېيىن ئىدارىسىغا چىققاندا يولدىشىنىڭ ئىدارىسىغىمۇ كىرىپ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشنى لايىق كۆردى .

ئاپىسىنى ئىدارىغا ئاچىقىش ئىشىنى ئارمان ئۈستىگە ئالـدى . ئىككى كېچە ـ كۈندۈز جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىش ئۈچۈن پاي ـ پېتەك بولغان ئابدۇسالام بىلەن سۈر هاڭگا هارغانىدى . قوشنىسى پاتەمخان ئۈلارنىڭ بازارغا چىقىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۆل رەڭ قېچىرىنى ئىشلىتىشنى مەردلىك بىلەن تەلەپ قىلدى .

— شۈنچىلىك ئىشقىمۇ باش قاتۇرامدىغان تىللاخان ،— دېدى پاتەمخان قاشلىرىنى يىمىرىپ جىددىي سۆزلەپ ،— بىزنىڭ قېچىر ئېغىلدا بىكار تۇرامدۇ . ماڭە ، ئارمان بالام ، چىقىپ بىزنىڭ هارۋىنى تازىلاپ قېچىرنى قوش . كىگىزدىن بىرەر پارچە سېلىپ ئۈستىگە كۆرپە سال ، بالام . ئاپاڭنىڭ تازا بىر هاردۇقى چىقسۇن .

— رەهمەت ، پاتەمخان ،— دېدى تىللاخان ئۆزۈن يىل قوشنا ئولتۇرۇپمۇ بىرەر قېتىم مۇنچىلىك ئىلتىپات كۆرسەتمىگەن پاـتەمخاننىڭ بىردىنلا مەردلىكى تۇتۇپ كەتكەنلىكىدىن سۆيۈنگەن هالدا ،— ئەسلىي پىيادىلا چىقاي دېگەن ، باللار ئۇنىماي قويدى . ۋېلىسىپىت بىلەن ئاچىقاي دېسە يەر يۇقىرىسىغا ۋېلىسىپىت بىـلەن ماڭماق تەس كېلىدۇ باللارغا . هاۋامۇ تازا ياخشى ئەمەس .

— يات ئادەملەردەك گەپ قىلمىسىلا ، — دېدى پاتەمخان ئورنىدىن تۇرۇپ ، — قوشنا بولساڭ يۆلەك بول ، بولمىسا بۆلەك بول ، دېگەن گەپ بار تىللاخېنىم ، بىز دېگەن نەچچە يىللىق قوشنا جۇمۇ . مەن چىقاي ئەمىسە ، يۈرە ئارمان ، هارۋىنى تەييارلا .

تىللاخان ئاستىغا كىگىز سېلىنىپ ئۈستىگە ئىككى قات كۆرپە سېلىنغان هارۋىغا چىقىپ ئولتۇرغىنىدا خۇددى يېڭى تويى بولغان قىزدەك هېسسىياتقا كېلىپ قالدى . هارۋا ئەتراپىغا قوشـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـنىلار ، بالىلار ئولىشىۋالغانىدى . ئابدۇسالامنىڭمۇ چىققۇسى بار ئىدى . لېكىن تىللاخان ئۇنىمىدى .

— سەن جاڭگالدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلدىڭ ، بالام ، ئازراق ئۇخلىۋال .

ئابدۇسالام ئانىسىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن توختاپ قالدى . ئۇ ئارمانغا قارىدى . ئارمان شۇنداق قىل ئاكا ، دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ مېڭىشقا ئالدىراپ يۈگەننى چايناۋاتقان كۆل رەڭ قېچىرنىڭ ئارغامچىسىنى چىڭ تارتىپ تۇراتتى .

ئۇلار بىر پەس ئاق يول تىلەشكەندىن كېيىن مېڭىپ كەتتى . قېچىرنىڭ باش ، بېقىنىغا ئورنىتىلغان ئۇششاق مىس قوڭغۇراق- لار جىرىڭلاپ ھارۋا چاقى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭنى ئارقىدا قالدۇرۇپ شەھەر تامان يۈرۈپ كەتتى .

نامازشامدىن كېيىن كۆل رەڭ قېچىرنىڭ قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئاپىسىنىڭ تېزرەك يېتىپ كەلمىگىنىدىن تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇرغان بالىلار يۈگۈرگىنىچە تالاغا چىقتى . راستىنلا ئۇلار يېتىپ كەلگەنىدى . ئابدۇسالام ، ھارۋىدىن چۈ- شۈشكە تەمشىلىۋاتقان ئاپىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى . شۇندىلا ئۇ ئاپىسىنىڭ يېنىك تىترەۋاتقانلىقىنى ، چىرايىنىڭمۇ ئۆمسە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى .

— نېمە بولدۇڭ ، ئاپا ،— دېدى ئابدۇسالام بىردىنلا جىد- دىيلىشىپ ،— تىترەيسەنغۇ ، ئاغرىپ قالمىغانسەن ؟ !

— تارتقۇلۇقىمىز تېخى تۈگىمەپتۇ ، جېنىم بالام ،— دېدى تىللاخان تۇيۇقسىزلا ئېسەدەپ تۇرۇپ ،— بىز نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتۇق ئەمدى .

— بولدى يىغلىما ئاپا ، تالادا سەت تۇرىدۇ ، — ئابدۇسالام ئاپىسىنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىردى . شۇ تاپ بالىلار ئاپىسىنىڭ تۇيۇقسىزلا يىغلاپ قالغىنىدىن بۇ خەۋەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكى- نى ، خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كەلدى ، دەپ گەپ ئېيتقان كىشىنىڭ

ناھايىتى ئېغىر چاقچاق قىلغانلىقىنى ھېس قىلىشتى .
— نېمە باللارنىڭ ئالدىدا يېشىڭنى ئېيتتىسەن ،— دېدى ئابدۇساھىپ ئاچچىقلانغان ھالدا يەرنى تېپىپ قويۇپ ، — ھەل بولسا بولدى ، بولمىسا سەھرادا ئىشلىگەن ئادەم ئۆلۈپ قاپتۇمۇ .
— مەيەرگە كىبلە ، ئارمان ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇكىسىنى چەتكە تارتىپ ، — زادى نېمە ئىش بولدى ؟ بۇ يالغان گەپمىكەن .
— ئاپامنىڭ خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كەلگىنى راستكەن . لېكىن ئۇلار ئون سەككىز ياشقا توشمىغان ئىككى بالىنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئاچىقىسەن . قالغان باللىرىڭ دادىسى بىلەن قالىدۇ ، دېدى .
— ئۇھ ،— دېدى ئابدۇسالام چوڭقۇر تىنىپ ،— مەيلى ئەمەسمۇ ئاپا ، مەن تېخى يىغلاپ كەتسەڭ خىزمىتىڭنىڭ ئەسلىگە كەلگىنى يالغان ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن . بوپتۇ ، ئىككى بالىنى ئاچىقىپ كەتسەڭ قالغانلىرىمىز دادىمىزنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلسە چىقىپ كەتمەمدۇق .
— قارا ، ئابدۇسالامچىلىك ئەقلىڭ يوق ، — دېدى ئابدۇساھىپ تاماكا يۆگەپ ئولتۇرۇپ ، — باللارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ نېمە قىلىسەن زادى . ھە ، قايسى باللارنى ئاچىقىسەن ئەمدى . شۇنى مەسلىھەت قىلايلى .
— ئون سەككىز ياشتىن تۆۋەن باللار دەۋاتسا ، ئابدۇسالام بىلەن ئارماندىن باشقا ئۈچ بالا بۇ شەرتكە توشىدىكەن شۇ .
— ئۇنداق بولسا ئادىل بىلەن ئالىمنى ئاچىقىپ كەت ، — دېدى ئابدۇساھىپ ئاچچىق موخۇركىسىنى كۇچەپ شورىغان ھالدا ، — ئايگۈل بىز بىلەن قالسۇن ، تاماق ئېتىش ئىشلىرىنى شۇ قىلمىسا بىز قانداق قىلىمىز .
— مەيلى ،— دېدى ئايگۈل كۆزىگە غىلىلدە ياش ئالغان ھالدا ،— مەن ئالدىرىماي چىقارمەن ، ئاپا . بۇ ئىككى ئۇكام ئوقۇيالمىدى . ئۇلارنى ئاچىقىپ بىرەر زاۋۇتقا ئىشچىلىققا بولسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇ كىرگۈزۈپ قويارسەن . مەن ئوقۇۋاتقاندىكىن بىر گەپ بولار .

— ۋاي جېنىم قىزىم ، ئەقىللىق قىزىم ،— تىللاخان ئايگۈلنى قۇچاقلاپ يىغىسىنى قايتا باشلىدى ،— بار جاپانى سىزگە تاشلاپ قانداق چىدارمەن ، قىزىم .

ئاخىرقى ھېسابتا دادىنىڭ دېگىنى ھېساب بولدى . تىللاخان بىر ھەپتىدىن كېيىن ئادىل بىلەن ئالىمنى ئېلىپ شەھەرگە چىقىپ كەتتى . ئابدۇسالام مۇشۇ بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن دادىسى دەۋاتقان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى قايتا ھېس قىلغاندەك بولدى . شۇ كۈنلەردە سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىش دېگەن گەپلەرنىڭ بىر ئاز پەسكويغا چۈشكەنلىكىنى ، تېخى پات ئارىدا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە قالپاق كىيدۈرۈلگەنلەرنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلىپ ئادەتتىكى ئەزالارغا ئوخشاش بولىدىكەن دېگەن گەپلەر تارقىلىپ كەتكەچكە تۆت خىل ئۇنسۇرلارنىڭ سەھەردىكى مەجبۇرىي ئەمگىكىمۇ ئەمەلدىن قالغانىدى . شۇ سەۋەبلىك ئابدۇساھىپمۇ ھېلىقى دۈمبىسىگە چاپلانغان لاتىنى ئېلىۋەتتى ـ دە ، ئۆزىگە بىر نەچچە يىل ھەمراھ بولغان بۇ ئاق لاتىنى ساندۇققا سېلىپ قويدى .

— نېمىشقا يىرتىپ تاشلىۋەتمەيسەن ، دادا ،— دېدى ئابدۇسالام دادىسىنىڭ بۇ ئاق لاتىنى چىرايلىق قاتلاپ ساندۇققا سالغىنىغا ئەجەبلىنىپ ،— ئۇنى ساقلاپ قويغاننىڭ نېمە پايدىسى ؟

— بۇ دېگەن تارىخ بالام ،— دېدى ئابدۇساھىپ پىسىڭىدە كۈلگەن ھالدا ،— قاراپ تۇر ، بۇ نەرسىلەر ئون — يىگىرمە يىلدىن كېيىن نەچچە مىليون يۈەنلىك خاتىرە بۇيۇمغا ئايلىنىدۇ . ھېلىقى ئىشىك ماڭلىيىدىكى تاختاينى ئېلىۋەتكەندە ئۇنى يېرىپ قالىۋەتكىنىڭ بەك يامان ئىش بولدى . ئۇنىڭ قىممىتى بۇ لاتىدىن يۇقىرىراق بولاتتى ئەمەسمۇ .

ئابدۇسالام دادىسىنىڭ كىنايە خاراكتېرلىك بۇ سۆزىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى . كىچىك تۇرۇپلا ئېغىر ئەمگەككە سېلىن-

غانلىقتىن پېشانىسىگە چۈشكەن قورۇقلىرى بۇ كۆلكىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈندى.

تىللاخاننىڭ خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، ئادىل بىلەن ئالىمنىڭ شەھەردە قايتا ئوقۇشقا كىرگەنلىكى، ئابدۇسالامنىڭ مەھەللىنىڭ توكى بىلەن سۇ قۇدۇقىنى باشقۇرۇش ئىشىغا چىقىرىلىپ بۇرۇنقى ئېغىر ئەمگەكتىن قۇتۇلۇشى، ئەڭ مۇھىمى ئابدۇساھىپنىڭ ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىپ تۆت خىل ئۇنسۇرلار ئارىسىدا سازايى قىلىش، كۆرەش قىلىشلاردىن قۇتۇلۇپ قېلىشلارنىڭ ھەممىسى ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇراتتى. شۇڭلاشقىمىكىن ھازىر بۇ ئۆيدە پات ـ پات كۆلكە ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى. ھەر بىر ئۆينىڭ گەۋدىلىك جايىغا ئورنىتىلغان رادىئودىن ئەمدى بۇرۇنقىدەك «يوقىتايلى»، «كۆرەش قىلايلى» دەيدىغان شوئارلار، كەچتە مەھەللە يىغىن زالىدا بولىدىغان قانداقتۇر كۆرەش قىلىش يىغىنىنىڭ ئۇقتۇرۇشلىرى ئاڭلىتىلىشىنىڭ ئورنىغا مەركەزنىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى سىياسەتلىرى ئوقۇلىدىغان، ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە ئاز قالغان ناخشا ـ مۇزىكىلار قويۇلىدىغان، شۇنداقلا شەھەرلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ ئاڭلىتىشلىرى ئۇلاپ ئاڭلىتىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا كەچتە ئۇلار ئايگۈل دەملىگەن چايغا ئاق قوناق ئۇنىدىن يېقىلغان ناننى چىلاپ يەپ ئولتۇرۇپ خەۋەر ئاڭلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاڭلىتىلىۋاتقان خەۋەرلەر بارغانسېرى ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلار ئىدى. ئابدۇسالامنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى توغرىسىدىكى خەۋەر بولدى. ئۇ خەۋەردە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن جاڭ تېشىڭ ـ چە قەھرىمانلارنىڭ ئىمتىھاندا ئاق قەغەز تاپشۇرۇش يولى بىلەن مۇتەخەسسىسلىشىشكە قارشى شوئار توۋلىغانلىقىدەك ئەخمىقانە، نادانلارچە ھەرىكىتى تەنقىد قىلىنغان بولۇپ، ئىمتىھان بېرىش تۈزۈمى-

ىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى قەيت قىلىنغانىدى . بۇ تۈزۈمدە يەنە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس ، بەلكى مەدە- نىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە تاغ ۋە يېزىلارغا چۈشۈرۈلگەن زىيالىي ياشلارنىڭمۇ ئىمتىھانغا قاتناشسا بولىدىغانلىقى ئۇقتۇ- رۇلغانىدى .

— مېنىڭ دېگىنىم راستىكەن ، بالام ،— دېدى ئابدۇسا- ھىپ سامان تەكىيىنى بېلىگە تىرەپ قىيسايغان ھالدا ،— ئۆزلۈكۈڭدىن ئۆگەن بالام ، ئۆگىنىشنى تاشلىۋەتمە ، ھامىنى ساڭا بىلىم ئەسقاتىدۇ دەپ قاقشاپ تۇردۇم . مانا دېگىنىم كەلدى . ئەمدى قانداق قىلىسەن . سەن تېخى تولۇقسىزنىمۇ تۈزۈك ئوقۇ- يالمىدىڭ . كۆزۈڭنى ياغ سالغان چايدەك پارقىراتقىنىڭ بىلەن ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئەمدى .

ئابدۇسالام بايىقى خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئاللىقانداق بىر خىل ھېس - تۇيغۇلار تەسىرىدە شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتكە- نىدى . چۈنكى ئۇ مەكتەپلەردە ئوقۇش ئەسلىگە كەلگەندە ، ئۆزلى- رىنىڭ يېزىغا چېنىقىش ئۈچۈن چۈشۈرۈۋېتىلگىنى ئۈچۈن ئۆزد- نىڭ ئوقۇشسىز قالغىنىغا ئېچىنغان ، ھەتتا ئۆيىگە قايتىپ كې- لىپ ئۇن سىلىپ يىغلىغانىدى . تاشبالىقتا بىرىش سەپىرىدە دوس- تى ئابدۇراخمان بىلەن ئوقۇش مەسىلىسىدە جېدەللىشىپمۇ قالغا- نىدى . ئۇ چاغلاردا ئابدۇسالامنىڭ ۋۇجۇدىدا ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇش ئارزۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى . تاشبالىقتىن يۆتكىلىپ مۇشۇ شامالباغقا كەلگىنىدە ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرى- نىڭ شامالدا ئۇچقان توزغاقتەك توزۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمىدى . بۇنىڭغا بىرى ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقى بولسا ، يەنە بىرى ئابدۇلباستىنىڭ سەبىي بالىلىق دەۋرىدىكى كىچىككىنە ۋەقە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاداۋەت تۇتۇپ يولسىزلارچە مۇئامىلە قىلى- شىدىن ، بىھۇدە خورلانغانلىقىدىن ئىرادىسىنى يوقاتقانلىقى سە- ۋەب بولغانىدى . لېكىن ئۇ دادىسى پات - پات ئېسىگە سېلىپ

تۇرىدىغان ئۆگىنىش ئىشىدا دەسلەپتە كۆڭلىدە غىل - پال پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئۈمىد ئاتلىق بىر نۇرنى كۆرگەندەك بولاتتىيۇ ، لېكىن ناھايىتى تېزلا بۇ خىل ئارزۇنىڭ پەقەت ئارزۇ پەدىسىدىلا ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئەمدى ئۆزىگە مەڭگۇ نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئۇلگۇرگەنىدى . ھەتتا ئۇ مۇشۇ كۇنلەردە بولسا بىرەر زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپمۇ بارالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى . چۇنكى ئۇ ھازىر تېپىك دېھقانغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ زىيالىي ياش دېگەن چىرايلىق نامى ھەممە ئادەمنىڭ ئېسى-دىن كۆتۈرۈلۈپلا كەتكەنىدى .

— راستىنى ئېيتقاندا ، دادا ، مەن مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزۈم ئەمەس باشقىلار يارىتىدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدىم ،— دېدى ئابدۇسالام دادىسىنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە ئۆزىنى تەقىب ئاستىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ، — ئۆزۈڭ بىلىسەن ، ماۋۇ ئابدۇلباسىت مېنىڭ قايتا ئوقۇش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرىمنى پايخان قىلىۋەتتى . بېلىمنى رۇسلاپ خەققە كۆلۈمسىرەپ قارىغىدەك بولغىنىمغا تېخى بىرەر يىللا بولدى ، دادا . مەنمۇ ئەمدىلەتىن كىتابلارنى قايتا ۋاراقلاپ باقسامىكىن دېگەننى ئويلاپ يۈرەتتىم .

— ھېلىمۇ كۆمسەم پىشارمۇ ، ياپسام پىشارمۇ دەپ بەڭگى-نىڭ خىيالىنى قىلىپ ياتقىنىڭغا بىر يىل بولدى ، بالام ، نەسى-ھەت ئاچچىق ، مېۋىسى تاتلىق . بەكرەك ئاچچىقلاپ گەپ قىلاي دېسەم ئۆزۈڭمۇ ئاران تۇرىسەن . لېكىن مەن ساڭا يېزىغا چۈش-كەن كۇنۇڭلا بۇ بىر شامال ، ئۆتۈپ كەتسىلا جۇدۇن - چاپقۇن ئاخىرلىشىپ بىلىمنىڭ قەدىرلىنىدىغان ۋاقتى يېتىپ كېلىدۇ دېمىگەنمىدىم . مانا ، يېتىپ كەلدى ، سەن ھەممىنى ئۇنتۇپ خى-يالىڭدىن دەرسلەر ئۆچۈپ كەتكەندە مەن دېگەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى . «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگەن گەپ بار ، بالام . قېنى ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن ؟

ئابدۇسالام دادىسىنىڭ ئۆزىدىن رەسمىي سوئال سوراشقا ئۆتكەنلىكىنى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىنمۇ يامانراق بىر ئىمتىھانىنىڭ دادىسى ئاغزىدىن قويۇلۇشى ئۇنى ئوبدانلا تەمتىرىتىپ قويدى. توغرا، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ ياتىدىغان زامان كەتتى. ئىمتىھان دېمەك سېنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارىڭنى سىنايدىغان مەيدان دېمەكتۇر. ئۇ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئىجتىمائىي پەندىنمۇ بەكرەك تەبىئىي پەننى ياخشى كۆرەتتى. فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا پەنلىرىدە نەتىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى ئىدى. لېكىن ئۇ تولۇقسىزنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى دەرسلىكلەر ئىدى، ئەلۋەتتە. ئەگەر تەبىئىي پەن بويىچە ئىمتىھان بېرىشكە توغرا كەلسە ئاشۇ پەنلەرنىڭ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا قىسمىنى پۈتۈن ئۆگىنىش كېرەك. لېكىن شۇنىڭغا ۋاقىت نەدە. ئىجتىمائىي پەنلەردىچۇ، ئۇ ئىجتىمائىي پەندە ئەدەبىياتنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى. كىچىكىدىنلا سىڭىپ كەتكەن كىتاب ئوقۇش روھى ئۇنىڭغا ھازىرغىچە ھەمراھ. ھەر كۈنى ئازراق كىتاب ئوقۇۋالمىسا ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. كىتاب ئوقۇش تەسىراتى يېزىپ كېلىۋاتقىلى خېلى يىللار بولدى. كۈندىلىك خاتىرە يېزىشمۇ ئۇنىڭ ئادەت خاراكتېرلىك ئەمگەكلىرىنىڭ بىرى. ئابدۇراخمان پات - پات ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ كەلگۈسىنىڭ يازغۇچىسى، دەپ چېقىشىدۇ. ئۇ ھازىرغىچە ئۇچراتقان تەسىرلىك ۋەقەلىكلەر بۇ خاتىرىگە پۈتۈلگەن، كىم بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ خاتىرىلەرنى ۋاراقلاپ بىرەر نەرسە يازىدىغان ئادەم بولۇپ قالامدۇ تېخى.

— ھە، جىمىپ كەتتىڭغۇ، — دېدى ئابدۇساھىپ ئۇنىڭ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇشىدىن ئىچى پۇشقان ھالدا، — ئىمتىھانغا بەل بوش كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ.

— ياق دادا، مەن چوقۇم ئوقۇيمەن. بۈگۈندىن باشلاپ كىتابلارنى قولغا ئالاي. تەبىئىي پەندىن بېرەلمەيدىغاندەك تۇر-

مەن . ئىجتىمائىي پەندىن ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق قىلاي . بولسا ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە نۇقتىلىق ئوقۇيدىغان بىر ئىش قىلاي دەيمەن .

— ھەببەللى ، ئەمدى ئەقلىڭنى تېپىپسەن ،— دېدى ئابدۇ- ساھىپ مۇھىم بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندەك خۇش بول- غان ھالدا ،— سىڭلىڭغا دە ، تولۇقسىز ، تولۇقنىڭ ئىجتىمائىي پەنگە دائىر كىتابلىرىنى تېپىپ بەرسۇن . قۇدۇق بېشىدا پاقا كورۇلدىغاننى ئاڭلاپلا ياتماي ئۆگىنىش قىلايلى ئەمدى .

ئىللىق باھار پەسلى ئۆتۈپ يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرى باشلاندى . شامالباغ يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش رىتىمى- نى داۋاملاشتۇرماقتا . غول ئۆستەڭ بويىدىكى تال سۆگەتلەر گوياكى يازنىڭ زەبەردەس قاراۋۇللىرىدەك ئېغىر ئېتىز ئەمگىكى- دىن ھارغان دېھقان ياشلارنى بىردەمگىنە سايىداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىنىغا خۇش بولغاندەك يېنىك چىققان شامالدا يۇمران نوتىلىرىنى ئىرغاڭلىتىپ راھەتبەخش بىر خىل سالقىنلىقنى يۈز- لەرگە سۇرمەكتە . ئەۋرىشىم نوتىلىرى پەسكە ساڭگىلاپ ئۇچى سۇغا چىلاشقان مەجنۇنتاللار ئارىسىدا ھازىر تەتىلگە قويۇۋېتىل- گەن ئوقۇغۇچىلار ئورۇن ئالغاندى . ئۇلار مۇشۇ ئون يىلدىن بۇيان يوقاپ كەتكەن دۆلەتلىك ئىمتىھان تۈزۈمى بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىۋاتات- تى . ئەنە شۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پات - پات ئابدۇسالاممۇ پەيدا بولۇپ قالاتتى . ئەمدىلا ئون ئالتە - ئون يەتتىگە كىرگەن ياش بالىلار ئارىسىدا ئۇ دەسلەپ سەل - پەل قورۇنغان بولسىمۇ ناھايىتى تېزلا بۇ بالىلارنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتتى . ئۇلار مۇنۇ كۆرپە ياقىلىق پاختىلىق قۇلاقچىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ، كونىرىغانلىقتىن تولا يىرتىلىپ ، كۆپ تىكىلىپ ئۆز ئىسكەتىنى يوقاتقان تەتۈر تىكىلگەن جۇۋىنى كىيىپ ، بېلىنى كەندىر ئارغامچا- چىدا باغلاپ ، ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقان پىيمىسىنىڭ تېگىگە

پىگىلو ھارۋىنىڭ چاقىدىن سۇۋارى چەم سالغان بۇ ھارۋىكەشنىڭ ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىدىن ناھايىتى يۇقىرى مەلۇماتى بار ئادەم ئىكەنلىكىدىن ھەيران قىلىشتى .

— سىز كۆپ ئوقۇغان ئادەم ئىكەنسىز ـ ھە ،— كۆزلىرى دائىملا كۇلۇپلا تۇرىدىغان بۇ دېھقان بالىسى ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگىنىگە قارىماي بويلىرى ئۆسكىلەك ، بۇرۇتلىرى مايسارەڭ ئىدى .

— مەن ئوقۇغان ،— دېدى ئابدۇسالام يىراقتا قالغان ئەسلە-مىلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرمەكچى بولغاندەك ئىككى قولىنى كەڭ-ىنگە تاشلاپ ، كەينىگە ئېڭىشكەن ھالدا باراقسانلىغان سۆگەت شاخلىرىدا ۋىچىرلىشىپ ئولتۇرغان قۇشقاچلارغا قاراپ ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا ،— لېكىن بىر قېتىملىق شامال مېنى قامغاق-تەك ئۇچۇرۇپ ئەكېلىپ مۇشۇ زېمىنغا تاشلىۋەتتى . مانا بەش يىلدىن بېرى مۇشۇ زېمىندا دېھقانمەن .

— قانچىلىك ئوقۇغانتىڭىز ؟— دېدى تۇرسۇنجان ئىسمىلىك بۇ بالا ئابدۇسالامنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ .

— ئارانلا 6 ـ سىنىپقىچە ئوقۇيالىغان .

— نېمىشقا بىراقلا ئوقۇۋەتمىدىڭىز ؟ !

— بۇنى مەندىن سورىما ، بالا ،— دېدى ئابدۇسالام ئۆزىنى ئېرىق بويىدىكى غوچچىدە ئۆسكەن چىملىق ئۇستىگە تاشلاپ ،— بۇنىڭ جاۋابىنى داداڭدىن سورىساڭ ساڭا ئوبدان چۈشەندۇرۇپ قويىدۇ .

— مەن تېخى سىزنى ئۇكىلىرىغا ئوخشاش مەكتەپتىن قاچ-قان چېغى دەپتىمەن .

— ئادىل بىلەن ئالىملار سەن بىلەن ئوقۇغانمىدى ؟

— ھە ، بىز ساۋاقداش ئىدۇق .

— سىنىپتا ئۇلارنى كىم بوزەك قىلاتتى ؟

— ھەممەيلەن ، — دېدى تۇرسۇنجان پەرۋاسىزلا ، —

سىنىپ مەسئۇلىمىز ئىسمايىل مۇئەللىم سەنلەر ئادىل ، ئالىم ئەمەس . ئۇنسۇرنىڭ كۈچۈكلىرى دەپ تىللايتتى . مۇئەللىم ئۆچ بولغاندىكىن بىزمۇ ئۆچلۈك قىپتۇق . كېيىن پۇشايمان قىلدۇق . ئۇلار كىچىك تۇرۇپلا ئېتىزدا كەتمەن چېپىپ يۇرسە بىزنىڭ بەك ئىچىمىز ئاغرىپ كەتكەنتتى .

— ئىسمايىل مۇئەللىم دە ، — دېدى ئابدۇسالام نېمىدۇر خىيال قىلغاندەك قاشلىرىنى يىمىرىپ ، — ھېلىقى بىزنىڭ ئابدۇلباسىت ئەترەت باشلىقىنىڭ نەۋرە ئاكىسى ئىسمائىل شۇ ئوخشىمامدۇ .

— شۇ ، شۇ .

— ئېپلاسلار ، — دېدى ئابدۇسالام چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، — ئابدۇلباسىتقۇ قارىتۇرۇك ئادەم ، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ . لېكىن ئىسمائىل سەن ، بىزدەك سەبىيلەر قەلبىگە مەرىپەت ئۇرۇقى چاچىدىغان ئادەمغۇ ؟ ئاشۇ ئاق قەغەزدەك پاك باللار قەلبىگە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى چاچىدىغان سەندەك ئوقۇتقۇچىغا مىڭ لەنەت .

شۇ كۈندىن تارتىپ تۇرسۇنجان بىلەن ئابدۇسالام بىرلىكتە ئۆگىنىش قىلىدىغان بولۇپ قالدى . تۇرسۇنجان تەبىئىي پەنلەرگە پىششىق ئىدى . ئۇ ئابدۇسالامغا تەبىئىي پەنلەردىن تەكرار قىلىپ بەرسە ، ئابدۇسالام تۇرسۇنجانغا ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى ئۆگىتەتتى . بولۇپمۇ ماقالە يېزىش ، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوبرازلارنى تەھلىل قىلىش قاتارلىق زىل نەزەرىيىۋى بىلىملەردە تۇرسۇنجان ئابدۇسالامنىڭ تالانتىغا قول قويماي تۇرالمىدى . لېكىن ياخشى ئىشنىڭ مىڭ ياڭزا پۇتىقى بار ، دېگەندەك ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشي مائارىپ ئىشخانىسىدىن ئىمتىھانغا قاتنىشىش كىنىشكىلىرىنى تارقىتىۋېتىپتۇ ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابدۇسالام كەپتەر ماركىلىق ۋېلىسىپىتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ مائارىپ ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلدى .

www.uyghurkitap.com

— ئىسمىڭىز نېمە؟ !— دېدى مائارىپ ئىشخانا خادىمى رىزۋانگۈل ئالدىدىكى جەدۋەلگە كۆز يۈگۈرتۈپ .

— ئابدۇسالام ئابدۇساھىپ .

— ئابدۇسالام ، — رىزۋانگۈل قوشۇما قاشلىرىنى يىمىرىپ ئولتۇرۇپ جەدۋەلگە قايتىدىن قاراشقا باشلىدى ، — سىزنىڭ ئىسمىڭىز يوق تۇرىدىغۇ ؟

— قانداق يوق بولىدۇ ، — دېدى ئابدۇسالام قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا ، — بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن مەن ئانكېتنى تولدۇرۇپ ئىككى پارچە رەسىم بىلەن سىزگە ئەكىلىپ بەرگەنتىمغۇ .

— مانا ، يېزىمىزدىن بۇ يىلقى ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغانلار جەمئىي بىر يۈز ئەللىك يەتتە نەپەر ، بۇنىڭ بىر يۈز ئوتتۇز ئىككى نەپىرى بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئىمتىھان بېرىدىغانلار ، يىگىرمە بەش نەپىرى جەمئىيەتتىن ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار . سىزنىڭ ئىسمىڭىز مۇشۇ يىگىرمە بەش بالىنىڭ ئىسمى ئىچىدە بولۇشى كېرەك . مانا ئىشەنمىسىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ ، — رىزۋانگۈل ئابدۇسالامنىڭ ئالدىغا جەدۋەلنى ئىتتىرىپ قويدى .

جەدۋەلدىكى يىگىرمە بەش جەمئىيەتتىن ئىمتىھان بېرىدىغانلارنىلا ئەمەس ، بەلكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تارمىقىدىن ئىمتىھان بېرىدىغانلار تىزىملىكىنىمۇ تەپسىلىي كۆرۈپ چىققان ئابدۇسالامنىڭ پېشانىسى تەرلىدى . قەيەردىندۇر كېلىۋاتقان بىر ئاچچىق يىغا ئۇنىڭ دىماغلىرىنى غىدىقلىدى . ئۇ ئىختىيارسىز كۆز چاناقلىرىغا يىغىلغان ياشنى يانغا قاراپ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېرتىۋەتتى .

— مەن ناھىيىگە تېلېفون قىلىپ سوراپ باقاي ،— دېدى رىزۋانگۈل ئابدۇسالامنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ،— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يەنە بىر كېلىپ بېقىڭ . بەلكىم ئۇنتۇلۇپ قالغاندۇ يا ئېھتىياتسىزلىقتىن بىرەر يەردە بېسىلىپ قالغاندۇ . يىغلىماڭ ، ئۇكام .

رىزۋانگۈلنىڭ تەسەللىسى ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىغا مەلھەم بولۇش تۇرماق يارىغا تۇز چاچقاندەك ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى . ئۇ يا ياق ، يا ماقۇل جاۋابىنى بەرمەيلا سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى ـ دە ، گۇڭشې بېغىنىڭ ئۆستەڭگە تۇتىشىدىغان سوقما تېمىغا يۆلەنگىنىچە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى .

— ئاكا ، نېمە بولدۇڭ ؟— تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازدىن ئابدۇسالام دىڭگىدە چۆچۈپ يانغا قارىدى . ئالدىدا ، يول ياقىسىدىكى كىچىك ئېرىق بويىدا سىڭلىسى ئايگۈل ھودۇققان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ تۇرسۇنجاندىن ئاكىسىنىڭ ئىمتىھان بېرىش كىنىشكىسى چىقمىغانلىقتىن يىغلاپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئاكىسىنى ئىزدەپ چىققانىدى .

— ھېچنېمە ،— دېدى ئابدۇسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشتىنىغا يېپىشقان توپىنى قېقىشتۇرۇپ ،— ئۆزۈمچە بىردەم ئولتۇرغۇم كېلىپ··· ماۋۇ يەردە بىردەم···

— بولدى ئاكا ، مەندىن يوشۇرما ، بۇ بىر نېمىلەر ساڭا يەنە زىيانكەشلىك قىلغان ئوخشايدۇ . يۈر ، ئۆيگە كېتەيلى ، ناھىيىگە چۈشتىن كېيىن ئۆزۈم چىقىمەن . زادى نېمە ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ ساڭا ئىمتىھانغا قاتنىشىش كىنىشكىسى ھەل قىلىپ كېلىمەن .

— بولدى ، ئاۋارە بولما ، تەقدىرگە تەن بېرەي ئەمدى .

— ياق ، مەن تەن بەرگۈزمەيمەن ، — سىڭلىسىنىڭ ناھەقچىلىققا چىدىمايدىغان ، قەيسەر ، چۇس مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان ئابدۇسالام «قانداق قىلساڭ قىل» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويدى ـ دە ، يول ياقىسىدىكى دەرەخكە يۆلەپ قويغان ۋېلىسىپىتنى شەرەت قىلدى .

— ۋېلىسىپىت بىلەن چىق ئەمىسە .

— دادامغا دەپ قوي ئەمىسە ، مەن چىقىپ كېلەي .

ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئوغۇل بالىلاردەك چەبدەسلىك بىلەن ۋېلى-

www.uyghurkitap.com

سىپىت مىنىشكە ھەمدە يەر يۈقىرىسىغا ناھايىتى تېز چاپتۇرۇپ مېڭىشلىرىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. قايسىبىر پسىخولوگ: «ئوغۇللار كۆپ ئائىلىدە چوڭ بولغان قىز ئوغۇل مىجەز، قىزلار جىق ئائىلىدىكى ئوغۇل قىز مىجەز بولۇپ قالىدۇ» دېگەنىكەن. مانا تۆت ئوغۇلنىڭ ئىچىدە بىر تاللا قىز بولغاچقىمىكىن ئۇنىڭ مىجەزىمۇ ئوغۇللاردەك چۇس، قارام. شۇڭا ئۇ ھېلىقى ئىسمائىل مۇئەللىمدەكلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن «ئۇنسۇرنىڭ بالىسى»، «ئۇنسۇرنىڭ كۈچۈكى» دەپ ھاقارەتلەپ كېتىۋاتقان بالىلار بىلەن تەڭ زوكۇنلىشىپ ئىككى ئاكىسى ماڭغان مەكتەپتىن چېكىنىش يولىنى ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىش يولىنى تاللىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاكىسى ئابدۇسالامنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى تاللاپ شۇ بويىچە ئۆگىنىش جەدۋىلى تۈزۈپ ماڭغاچقا دەرسلەردە سىنىپىنىڭلا ئەمەس، بەلكى مەكتەپنىڭمۇ ئالدى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ تەركىبىدە مەسىلە بولغاچ قانداقتۇر سىنىپ باشلىقى، ئۆگىنىش باشلىقى دېگەندەك ئەمەللەرگە ئېرىشەلمىگەنىدى.

كەچتە ئايگۈل ئاكىسىدەك سولاشقان ھالەتتە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئابدۇسالامنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن سالاھىيىتى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىپتۇدەك.

— مەن ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ قالدىم، — دېدى ئايگۈل پېشانىسىدە تەپچىرەپ تۇرغان تەرنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئۇلار بۇ دېگەن پرىنسىپال مەسىلە. ئەگەر ئاكىڭىز راستىنلا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشماقچى بولسا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلىك دىپلومىنى ئەكەلسۇن، ئاندىن ئىمتىھانغا قاتناشتۇرىمىز، دەيدۇ.

— بۇ ئادەمنى تەتۈر قىينىغانلىق ئەمەسمۇ، — دېدى ئابدۇسالام ئورنىدىن لىككىدە تۇرغان ھالدا، — ئەجەب يۇقىرى مەھەل-

لىدىكى ئوسمان، غولنىڭ ئۇ يېقىدىكى سەمەتلەرمۇ تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن باللاركەن. ئۇلارغا ئەجەب بۇ گەپنى قىلماپتۇ. بۇ- نىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بار، مەن بىلەن يوشۇرۇن قىرىشىۋاتقان ئادەم بار. مەن زادى ئەرز قىلىمەن. ناھىيىگە، ۋىلايەتكە ئەرز قىلىمەن.

— بۇنچە چېچىلىپ كەتمە، بالام،— دېدى ئابدۇساھىپ تۇمشۇقى تېشىلگەن ئايىغىغا ياماق سېلىپ ئولتۇرۇپ،— بەلكىم مېنىڭ قالپىقىم يەنە تاقىشىپ قالغاندۇ. سەن دەۋاتقان باللارنىڭ تەركىبى ياخشى. توشقان تېرىسىمۇ بەش كۈن چىدايدۇ، دېگەن گەپ بار، بالام. مانا، ئاپاڭنىڭ خىزمىتى ھەل بولدى. شۇنىڭ- دىن قارىغاندا مېنىڭ قالپاقلىرىم ئېلىنىپ خىزمىتىم ئەسلىگە كېلىدىغانغا كۆپ ۋاقىت قالمىدى. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. ئۈمىد بىلەن ياشا، بالام،— ئۇ ئابدۇسالامغا گەپ قىلىپ ئولتۇ- رۇپ ئاياغنىڭ چەمىگە سالغان بىگىز تېيىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ سول قولىنىڭ بارمىقىغا تەگدى،— ۋاي،— دېدى ئۇ ھوشىنى يىغىپ،— ساڭا تەربىيە قىلىمەن دەپ مانا قولۇمغا بىگىز سانجىۋالدىم. ئايگۈل، بول قىزىم، لاتا ئەكەل، تېڭىپ قويايلى،— ئۇ تەپچىرەپ قان چىقىۋاتقان جايىنى ئوڭ قولىنىڭ بارمىقى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ ئابدۇسالامغا قارىدى،— ھە راست، ئۇلار سەندىن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلىك دىپلومى سوراپتىغۇ، مەكتەپكە چىقىپ باقامسەن يە، سېنىڭ مۇشۇ بەش - ئالتە يىلدىن بۇيان سەھرادا ئىشلەپ يۈرگىنىڭنى ئۇقسا ساڭا ياردەم قىلىپ قويار. پەقەت بولمىسا دىپلوم ئۈچۈن ئىمتى- ھان بېرەرسەن. مەن سېنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىشىڭگە ئىشىنىمەن، بالام.

— شۇنداق قىل، ئاكا،— دېدى ئايگۈل دادىسىنىڭ قولىنى ئاق خەسىنىڭ پارچىسى بىلەن تېڭىپ ئولتۇرۇپ،— دىپلوم ئالساڭلا ئۇلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلىدۇ. ئىمتىھانغا قاتناشتۇرماي ئامالى يوق.

ئانا مەكتىپى ئالدىدا ئۇ بىر پەس تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزىگە دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى غېرىبسىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . مەكتەپ قورۇسى ، ئوقۇتۇش بىنالىرىنىڭ ھەممىسى جىمجىتلىقتا چۆككەن ، دەرۋازىدىن ئوقۇ-تۇش بىناسىغا بارىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى مېۋىلىك باغنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا نابۇت بولغان تال - باراڭلىرى تېخى ئەسلىگە كەلمىگەچكە ، باللار ئۆگىنىش قىلىدى-غان ياغاچ ئورۇندۇقلارنىڭ سىرلىرى ئاپتاپتا ئۆز رەڭگىنى يوقات-قانىدى .

— بىرىنى ئىزدەمتىڭىز ؟— ئابدۇسالام دەرۋازىدىن كىرىشى ھامان يان تەرەپتىكى دىجورنى ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئېچىلىپ پاكار ، دوغىلاق كەلگەن دەرۋازىۋەننىڭ ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتتى .

— ھە ، مەن مەكتەپ مەسئۇللىرىنى ئىزدەيتتىم .

ئابدۇسالام دېرىزە تۈۋىگە كەلدى . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىشتىن بۇرۇنلا مۇشۇ دەرۋازا بىلەن باغنىڭ پەرۋىشىگە مەسئۇل بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ھېيتاخۇن ئىدى . ھېيتاخۇننىڭ ئاچچىقى يامان بولغاچقىمۇ باللار تۆمۈر رېشاتكىلىق تامدىن ئار-تىلىپ باغقا چۈشۈشكە پېتىنالمايتتى . ئۇنىڭ ئاۋازى گويا گۈل-دۈرمامىدەك كۈچلۈك ، دېڭىز دولقۇنلىرىدەك شاۋقۇنلۇق ئىدى . ئۇ بېشىغا رەڭگى ئۆچكەن شاپاق دوپپىسىنى كىيىپ ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈۋېلىپ باغ ئىچىدە شىپىرلاپلا يۈرەتتى . باللار دائىم ئۇنىڭ كەتمەن چېپىۋاتقانلىقىنى ، سۇ تۇتۇۋاتقانلى-قىنى ياكى بولمىسا ئۆرۈك ، شاپتۇل ، ئالما ، ئۈزۈملەرنى سېۋەت-لەرگە قاچىلاپ يۈرگىنىنى كۆرەتتى .

— ھېيتاخۇنكا ،— دېدى ئابدۇسالام مەكتىپىدە تونجى ئۇچ-راتقان تونۇشىغا ئوچۇق چىراي ئېچىپ ،— مېنى تونۇدىڭىزمۇ ؟

— مۇشۇ مەكتەپتىن ئوقۇپ چىقىپ كەتكەن بىرىدۇر-سەن ،— دېدى ھېيتاخۇن كەينىگە يېنىپ ئىشىكتىن چىقىپ ، —

بۇ مەكتەپتە نەچچە يۈز بالا ئوقۇيدۇ ، ھەر يىلى بىرەر يۈز بالا كەلسە ، بىرەر يۈز بالا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ . ھە ، بىرەرىنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭ ؟

— مەكتەپ مەسئۇللىرىنى ئىزدەيتتىم .

— يەنە بەش كۈندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار يىغىلىدۇ . ئون كۈندىن كېيىن دەرس باشلىنىدۇ . ئۇلارنى ئىزدىسەڭ بەش كۈن-دىن كېيىن كەل ، بالا . چىرايىڭ ئۆمسەغۇ ؟ كېيىملىرىڭمۇ نا-چار ، قارىغاندا قىيىنچىلىقتا قالغان ئوخشايسەن - ھە ؟

— ياق ، ياق ، — ئابدۇسالام چاناقلىرىغا ئولاشقان ياشنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن كەينىگە ئۆرۈلدى - دە ، ئىتتىك مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

— توختا ، ھەي بالا ، ساڭا گېپىم بار .

ئابدۇسالام كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراشتىن خىجىل بولدى . چۈنكى شۇ تاپ ئۇ كۆزىگە لىققىدە تولغان ياشنى يېڭىنىڭ پېشى بىلەن ئېرتىپ ئامال بار ھېيتاخۇنغا كۆز يېشىنى كۆرسەتمەسلىك-كە نىيەت قىلغانىدى . ئۇنىڭغا يىغلاپ بەرگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ دىپلوم ئېلىش ئىشىغا ئۇ ياردەم قىلالمايتتى . بەش كۈندىن كېيىن مۇدىر بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ كۆز ياشلىرىنى زادىلا توختى-تالمىدى . چۈنكى ، ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ ئورۇقلاپ كەتكە-نىدى .

— نېمىشقا يىغلايسەن ، ئابدۇسالام ، — دېدى مۇدىر لىككى-دە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋېتىپ ، — مەن سېنى تونۇۋالدىمغۇ . سەن ھېلىقى 6 - يىللىق 2 - سىنىپتىكى ئۆگى-نىش ھەيئىتى .

— مۇئەللىم ، بۇ ئىنقىلابتا مەندىن بەتتەر جاپا تارتقان ئوخشايلا ، شۇڭا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ قالدى ، — دېدى ئابدۇسالام مۇدىر سۇنغان قولياغلىقتا كۆز يېشىنى ئېرتىپ تۇرۇپ ، — مانا

www.uyghurkitap.com

چاچلىرى ئاقىرىپ ، بەللىرى مۈكچىيىپ قاپتۇ .

— بۇ ئىنقىلابتا ئەلگەكتىن تاسقالغان قوناق ئۇنىدەك ئوبدانلا چايقالدۇق . ھە ، مەنغۇ تاسقالغان بولسامسۇ ھامىنى زىيالىيلارنىڭ قەددى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئۈمىدلىك ياشىدىم . سەنچۇ ، ياش تۇرۇپلا نېمانداق بىچارە چىراي بولۇپ قالدىڭ ؟

ئابدۇسالام ئوقۇتقۇچىسىغا (بۇ مۇئەللىم ھەم مەكتەپ مۇدىرى ، ھەم فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىدى ) قارىغانسېرى ئۇنىڭ دادىسىغا ئوخشاش ئۈمىدۋار ياشىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە ، كۆز يېشىنى پاكىز سۈرتۈپ بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى سۆزلەپ ، بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەستەن پۇتاق چىقىرىپ تولۇق ئوتتۇرا دىپلومىنى تەلەپ قىلغانلىقى ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەقسەتتە چىققانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى .

— پاھ ، كىچىك تۇرۇپلا مۇشۇنچىۋالا رەنج - كۈلپەت تارتتىم دە ، سەن بىلەن يېزىغا چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئورۇنلىشىپ بولدى . سەن تېخىچە··· بوپتۇ ، سەن تىرىشچان بالا ، چوقۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشۇڭ كېرەك . دىپلوم ئىشىنى مەن بىر ئامال قىلاي . مائارىپ ئىدارىسى تارقىتىدىغان ئىش بۇ . شۇڭا سەن قايتىپ تەييارلىقىڭنى قىلىۋەر . ئەگەر پەقەت ئامال قىلغىلى بولمىسا ئىمتىھان ئېلىپ بولسىمۇ دىپلوم بېرەرمىز . سەن بىر ھەپتىدىن كېيىن چىق .

ئابدۇسالام مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلى ئېچىلىپ قەلبى ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىلكىدە تىترەپ كەتتى .

مەكتەپ مۇدىرى دېگەندەك دىپلوم ئىشى ئىمتىھان ئېلىش بىلەن تاماملاندى . ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلىك دىپلومى ئېلىپ گۇڭشې مائارىپ ئىشخانىسىغا كەلگىنىدە ، ئىمتىھان ئېلىش ۋاقتىغا ئارانلا يەتتە كۈن قالغانىدى .

— ئەمدى كىچىكتۇق ئۇكام ، — دېدى رىزۋانگۇل ئۇنىڭ دىپلومىغا قاراپ بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — ئىمتىھانغا قاتنىشىش كىنىشكىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن بىر تۇتاش ئەكىلىدىغان گەپ . ئەمدى بىز ھەرقانچە چاپساقمۇ ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئەنگە ئالغۇزۇپ ئەكىلىپ بولالمايمىز . مۇنداق قىلايلى ، مەن سىزنى كېلەر يىلى ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرىنچىسى قىلىپ تىزىملاپ قوياي . بىر يىل ئوبدانراق تەييارلىق قىلارسىز ، ئۇكام .

ئابدۇسالام شۇنچە ئالدىراپمۇ بۇ يىللىق ئىمتىھانغا قاتنىشالمىغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى . لېكىن بۇ ئىشنىڭ پايدىسى بارلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ قالدى . چۈنكى دىپلوم ئېلىش ئۈچۈن بەرگەن ئادەتتىكى سىناق خاراكتېرلىك ئىمتىھاندا ئۇ ئوبدانلا جىددىيلەشتى . ئالتە يىللىق ئېغىر دېھقانچىلىق ئەمگىكى ، ھەددىدىن زىيادە چارچاش ھەمدە ئابدۇلباستىنىڭ بىھۇدە خورلۇقى تۈپەيلىدىن تاشلىۋېتىلگەن دەرسلىكلەر ئۇنىڭ بىلىمدە ھەقىقەتەن چېكىنگەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغانىدى . قىشچە گۇلدۇرلەپ تۇرغان مەشىنىڭ تەپتىگە قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش ، ئەتىيازدىن باشلاپ توك قۇدۇقىنىڭ كىچىك ئۆيىگە بېكىنىپ ئۆگىنىش بىلەن ئۇ 1978 ـ يىلىدىكى ئىمتىھاننى ھاياجان ۋە ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن بەردى . دادىسىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلگەچكە توشقۇزغان جەدۋەللەردىكى تەركىبى دېگەن جايغا تەمتىرىمەي «كەمبەغەل دېھقان» دەپ يازالىغاچقىمۇ روھى خېلىلا كۆتۈرەڭگۈ ئىدى .

ئىمتىھاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمىدى . لېكىن ئىمتىھان نەتىجىسى ئۇنى تەمتىرىتىپ قويدى . ئۇ گۇلباغ يېزىسىدىن ئىمتىھان بەرگەن 137 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىنقى ئۈچىنچىسى بولغان بولۇپ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىشتىن ئۈمىد چوڭكەن . ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكى سالامەتلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەترەت باشلىقى نەبىجان ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى .

— ئۇكام ئابدۇسالام ، «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئەر بار» دېگەن گەپنى ئىسپاتلاپ قويدۇڭ . ھېلىقى كېپىنەك كالا قوشۇلغان پىگىلونى ھەيدەپ بازاردىن ئوغۇت توشۇپ يۈرگەن يىرتىق جۇۋىلىق بالا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ھەممىنى بېسىپ چۈشتى دېگەن ئالامەت گەپ بۇ . قارا ، ئون يىل ئوقۇغان بالىلارنىمۇ چوقۇۋالدىڭ . مەكتەپكە ماڭىدىغان كۈنىڭدە مەن مەشرەپ ئۇيۇشتۇرىمەن . ھە راست ، مۇشۇ مەھەللىنىڭ توك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانغا بىر ئادەمنى تەربىيىلەپ بەر بىزگە . ئەتىلا ساڭا بىر ياردەمچى ئەۋەتىمەن .

ئابدۇسالام نەبىجاننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ رەھمەتتىن نەچچىنى دەۋەتتى . چۈنكى مۇشۇ ئادەم ئۇنى ئابدۇلباستىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرغان ، شۇنداقلا توك بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى .

شۇ كۈنلەردە ئۇ ئاجايىپ بىر مەستخۇشلۇق ئىچىدە ياشايدىغان بولۇپ قالدى . چۈنكى ئۇ ئالىي مەكتەپكە بېرىشنىڭ مۇقىملىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى . شۇڭا ئۇ يول ماڭغاندا ئالدىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق بىر ئادەمگە گەپ قىلغۇسى ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . بولۇپمۇ كۆزدىكە سەت كۆرۈنگەن بۇ سەھرا بىردىنلا گۈزەللىشىپ كەتكەندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ شارىلداپ سۇ چىقىۋاتقان قۇدۇق بېشىدا ئولتۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر سالاتتى . تونۇش ئېتىز ، تونۇش دەرەخ ، بىر خىل سالقىنلىق تارقىتىۋاتقان كۆل ، توپا توزۇپ تۇرىدىغان يول بويىدىكى توپا ــ چاڭغا مىلەنگەن ئىھاتە ئورمانلار ، باغلاردا بەس ــ بەستە سايراۋاتقان ھەر خىل قۇشلار ، چاتقال ، ئازغانلار ئارىسىغا كىرىۋېلىپ بەس ــ بەستە چىرىلدىشىۋاتقان تومۇزغىلار... ئىشقىلىپ سەھرانىڭ سېنتەبىر ئايلىرىدىكى

ئەلۋەكچىلىك ئابدۇسالامغا ئاجايىپ تۇيغۇلارنى ئاتا قىلاتتى . ئاشۇ تۇيغۇلارنىڭ تەسىرىدىنمىكىن ئۇ كېچىلىرى ناھايىتى گۈزەل چۈشلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى .

تىنجىق ھاۋا ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا ، ئۇ ئەلەڭلەپ يانغا قارىدى . دەريا بويىدا قېلىن سۆگەتلىك ، سۆگەتلىك ئارىسىدا مال ـ چارۋا سودىسى قايىنىغان ، يىراقتىكى قەدىمىيلىكنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان مەسچىتنىڭ قۇببىلىرى ئۈستىدىكى ھىلال ئاي كۆن نۇرىدا يالتىرىغان ، توپا ـ چاڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئادەملەر توپى سەلدەك ئاقماقتا . كوچىلار تار ، ئۆيلەر ئۈستىگە قوندۇرۇلغان بالىخانىلار ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك مۇئەللەقتە ئېسىلغان ، كۆزنەكە گىرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقىۋالغان ئاقۋاش زەرگەر شاگىرت بالىغا تەنبىھ بەرمەكتە . مىسكەرچى ، تۇنىكىچىلەر جاھاندا ئۆزىدىن باشقا ئادەم يوقتەك قوللىرىدىكى بولقىنى مىس ، تۇنىكىلەرگە ئۆچى باردەك كۈچەپ ئۇرماقتا . ياغاچقا نەقىش چىقىرىۋاتقان بالىنىڭ پۈتۈن بەدىنى ياغاچ قىرىندىسى ئارىسىغا كۆمۈلگەن ، دوغاپچىلار چىنىدىكى مۇزغا ئارىلاشتۇرۇلغان قېتىقنى قوچىغاچ خېرىدار چىللىماقتا . شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدىن قەدىمىيلىك ، مىللىيلىك تۆكۈلمەكتە .

— مانا بۇ سىلى ئوقۇيدىغان مەكتەپ ،— كىمدۇر بىرى ئۇنى ئەتراپى سوقما تاملار بىلەن ئورالغان بىر ئورۇنغا ئېلىپ كەلدى . دەرۋازا ئۇدۇلىدا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ سامان سۇۋاق قىلىنغان قاتار ـ قاتار ئۆيلەر ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئىككى قەۋەتمۇ ، ئۈچ قەۋەتمۇ ئەتىمالىم ، بىر ـ ئىككى بىنا ، قالغان يەرلىرىدە تاشلاندۇق ئېتىزلار ، سۇۋادان تېرەكلەر ، ئارچىلار ، ئالما ، ئۆرۈكلەر... ئابدۇسالام بۇنىڭ مەكتەپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدى .

— مۇشۇ ئالىي مەكتەپمۇ ؟

— شۇنداق ، سىلى ئوقۇيدىغان مەكتەپ شۇ...

www.uyghurkitap.com

— بۇ بىرەر يېزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپى ئوخشىمامدۇ؟
— ياق، بۇ ئالىي مەكتەپ. لېكىن ئورنى بىر يېزىغا تەۋە.
— قايسى يېزا؟
— ھەرەمباغ.
— ھەرەمباغ دېدىلىمۇ؟
— شۇنداق، ھەرەمباغ...

ئابدۇسالام چۆچۈپ ئويغاندى. كاللىسىدا بايىقى چۈش پىرقىراپ يۈرەتتى. بىر قەدىمىيلىكنى ساقلاپ قالغان شەھەر، ھۇنەر - سەنئەتلەرنىڭ ھەممىسى قولدا ئىشلەنگەن، مەكتەپنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ كونىچە، ئۇ دېرىزىگە قارىدى. تاڭ يورۇغانىدى. تاڭ ئاتقانلىقىنى جاكارلاپ خورازلار بەس - بەستە چىللىشىۋاتاتتى.

«خەيرلىك چۈش، ئىلاھىم ئوڭغا تارتقايسەن» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپ پىچىرلىدى - دە، يانغا ئۆرۈلدى. ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆزىنى شۇنچە زورلاپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بايىقى چۈش ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنىلا ئەمەس، بارلىق خىياللىرىنى ئېلىپ كەتكەندەك خىيالىي تۈيغۇ ئىچىدىكى ھېلىقى تىلسىماتتەك شەھەر ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ئارىسىدىن ئۇچقۇپ چىقىپ نېرىپىلىرىنى يېنىك ئەركىلەتمەكتە ئىدى.

— سىلى ئوقۇيدىغان مەكتەپ مۇشۇ، بۇنىڭ ئورنى ھەرەمباغقا قارايدۇ، — دېگەن مۇشۇ ئىككى دىئالوگ ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر دولقۇن پەيدا قىلىپ رەھىمسىزلەرچە قىرغاققا ئۇرۇلماقتا ئىدى. «ئەجەب ئېنىق ھە، ھەرەمباغ دېگەن نەدىدۇر».

دادىسىنىڭ قىسقا يۆتىلى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. سەھەر تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ئاتا ئورنىدىن تۇرغانىدى. ئابدۇسالاممۇ دادىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى تۇيغان چاغدىلا بېشىنى ياستۇقتىن ئۈزگەنىدى. ئۇ دادىسى كىيىنىپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىققۇچە كىيىنىپ بولدى.

— نېمانداق بۇرۇن تۇرۇۋالدىڭ ، — دېدى ئابدۇساھىپ ئابدۇسالامنىڭ كاڭنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ پايپىقىنى كىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ،— يامان چۈش كۆرۈپ قالمىغانسەن ؟

— ياق دادا ، بەك ئوبدان چۈش كۆردۈم . سەھەر پەيتىدە دېگىنە .

— قانداق چۈش كۆردۈڭ ؟ !— دېدى ئابدۇساھىپ ئوغلىنىڭ چىرايىنىڭ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ،— ئېيتىپ بەر ، مەن ئۆرۈپ بېرەي .

ئابدۇسالام قەدىمىي شەھەر كوچىلىرىنى ، قاينام ـ تاشقىنلىق بازارنى ، قەدىمىي ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەۋاتقان قول ـ ھۈنەرۋەنلەرنى ، مەكتەپنى ، ھەتتا مەكتەپنىڭ ئورنى تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامىنى دەپ بەردى .

— مەن بۇنداق ئېنىق ئادرېس بويىچە چۈش كۆرمىگەن دادا ، بۇ قەيەردىكى مەكتەپ بولغىيتتى .

— ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ شىنجاڭدىكى بىر مەكتەپ ، دېمەك سەن ئېچكىرىدىكى مەكتەپلەرگە بارالمايدىكەنسەن . لېكىن ھەرەمباغ دېگەن جاي نەدىدۇر ؟ بۇنى مەنمۇ بىلمەيۋاتىمەن . ئۈرۈمچىدە بۇنداق جاي يوق . قارىغاندا غۇلجا ، قەشقەر ، خوتەن ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن بىرەرسى بولسا كېرەك . ئەگەر ئېنىق جاۋابىنى تاپاي دېسەڭ ئامان تۇمۇرۇپتىن سورا ، ئۇ ئارخېئولوگ ، يېزىغا چۈشۈرۈلۈشتىن بۇرۇن پۈتۈن شىنجاڭنى ئايلىنىپ چىققان ئادەم . مېنىڭچە ، بۇنىڭ جاۋابىنى ئاشۇ ئادەم دەپ بېرىشى مۇمكىن . لېكىن چۈشتىكى ئادرېسنىڭ ئېنىق چىقىشى مۇمكىن ئەمەس . كۆڭلۈڭ قالمىسۇن . ھېلى چايدىن كېيىن شۇ ئادەمدىن سورا .

ئابدۇسالام ئامان تۇمۇرۇپ دېگەن بۇ ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ . ئۇ داۋاملىق بىكار چاغلىرىدا ھېلىقى قارا ھاڭگىسىنى مىنىپ مەھەللىنىڭ شەرقىدىكى قەدىمىي تۇرلارنىڭ يېنىغا بېرىپ

www.uyghurkitap.com

كېسەكلەرنى ساناپ ، مېتىرلاپ خاتىرە يازىدۇ . چوڭلار بۇ ئادەم-
نىڭ جىنى بار ، ئۇنىڭ جىنى ئاشۇ تۇرلاردا . ئۇنى چاقىرسا قارا
ھاڭگا ئېشىكى تېپىرلاپ تۇرالماي قالىدىكەن . مۇشۇ ئىشى بول-
غاچ ئۇنى ئىشتىن ھەيدەپتىكەن دېيىشەتتى . شۇڭلاشقىمىكىن
باللار بۇ ئادەمدىن قورقىدۇ . خەقىشلىك قىلغان باللارغا «يىغ-
لىما ، ئەنە ئامان تۇمۇرۇپنىڭ جىنى كەلدى» دېسە شۇ ھامان
خەقىشلىكتىن توختايدۇ . لېكىن ئۇ ئادەم ئابدۇساھىپ بىلەن
ئوبدانلا ئەھۋاللىشىدۇ . ئابدۇسالامغىمۇ بۇ ئادەم باشقىچە بىر كۆز
بىلەن قارايدۇ .

— روھىڭنى چۈشۈرمە ، ئالتۇن ھامان پارقىرايدۇ ،—
مۇشۇ ئىككى جۈملە سۆز بىلەنلا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ
كېتىپ قالىدىغان بۇ ئادەم ئابدۇسالامغا ئاجايىپ سىرلىق بىر
سوئاللار قوينىغا شۇڭغۇپ كېتىۋاتقان خاسىيەتلىك ئادەم تەرىقى-
سىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ .

— ئاجايىپ ئېسىل چۈش كۆرۈپسەن ، — دېدى ئامان تۇمۇ-
رۇپ ئابدۇسالامنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە چاينى قويۇپ تۇرۇپ ، —
دېمەك ئالتۇننىڭ ھامان پارقىرايدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەنگەن-
سەن . ئەمدى ھەرەمباغ دېگەن ئىسمىغا كەلسەك مەن ئويلاپ
باقاي ،— ئۇ ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن شىرەنى چېكىپ
ئولتۇرۇپ بۇ ئىسمنى بىر نەچچە رەت تەكرارلىۋېتىپ ،— ھە ،
تاپتىم ، — دەپ تووۋلىۋەتتى ، — بۇ جاي قەشقەردە . مەھمۇدىيە
پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى دەل ئاشۇ ھەرەمباغ دېگەن يېزىنىڭ
زېمىنىدا . تۇمەن دەرياسى بويىغا سېلىنغان بۇ مەكتەپ بۇرۇن
ئالىي تېخنىكوم ئىدى . قەشقەرلىكلەر بۇ مەكتەپنى «جەنكو مەك-
تەپ» دېيىشەتتى . ئەجەب چۈش كۆرۈپسىنا ، بۇنداق ئېنىق كۆ-
رىدىغان چۈش بولمايتتى . قارىغاندا ، تۇغما سەزگۈسى بار دېگىنى
راست گەپكەن . ئەگەر ساڭا قەشقەردىن چاقىرىق كەلسە مەن
چۈش توغرىسىدا بىر ئىزدىنىش ماقالىسى يازىمەن . چۈنكى

سەن كۆرۈپ باقمىغان جايىنى تۇيغۇلىرىڭ ئارقىلىق كۆردۈڭ. كۆرگەندىمۇ بەك ئېنىق كۆردۈڭ.

ئامان تۆمۈرۈپنىڭ دېگىنىدەك ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا چاقىرىق قەغىزى كەلدى. بۇ مەھمۇدىيە پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى بولۇپ، ئۇنىڭدا تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتى بىلەن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار يېزىلغانىدى.

ئابدۇسالام بۇ كۈنى خۇددى تويى بولغان يىگىتتەك شادلاندى. چۈنكى ئۇنىڭ ئوقۇش ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشقانىدى. دېھقان خەق دېگەن ساددا، ئاق كۆڭۈل كېلىدۇ. شۇ كۈنى ئۇلار كېلىپ ئابدۇسالامنى سەممىي مۇبارەكلەشتى.

— ئەجەب يامانكەنسىز جۇمۇ، — دېدى قوشچى ئىبراھىماخۇن شالاڭ سېرىق چىشلىرىنى تۈگەل كۆرسىتىپ خۇشال بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، — كېپىنەك كالىنى تاپقا كىرگۈزەلمەي ماڭقىڭىزنى تارتىپ يىغلاپ يۈرەتتىڭىز. بىردەمدىلا ئالىي مەكتەپكە بارىدىغان بولدىڭىز. كادىر بولىسىز، ھە.

— شارقىراپ سۇ چىقىۋاتقان نونىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرەتتى بۇ بالا، — دېدى بېشىدىن ئاق لېچەك چۈشمەيدىغان رېپىزىخان بۈۋىم قوللىرىنى شىلتىپ ئولتۇرۇپ، — ئاشۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭدا قانداق ئوقۇيدىغاندۇ دەپ كېتىمدىغان، ئاجايىپ كاللىسى بار بالىكەن ئەمەسمۇ.

— مەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتسەڭ مەشرەپ قىلىپ بېرىمەن دېگەن، — دېدى نەبجان ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ، — ئابدۇسالام، مەشرەپنى ئۆيۈڭدە قىلامدۇق، مەجلىسخانىدىمۇ...

— رەھمەت ئاكا ياخشى كۆڭلىڭىزگە، مېنى مۇبارەكلەپ كەلگەن بارلىق قېرىنداشلار ماڭا مېھمان. مەن مەشرەپ قىلاي.

— شۇنداق قىلايلى تۇغقانلار، — ئوغلىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقتۇرۇشىنى ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن تىللاخان گەپ

ئارىلىدى ، — ھويلا كەڭرى ، ئابدۇسالام ھويلىغا چىراغ تارتسۇن ، مەشرەپنى ھويلىدا قىلايلى .

— ئۇنداق بولسا سازچىلارنى مەن ئەكېلىمەن ،— دېدى نەبىجان كۆپچىلىككە قاراپ ، — ئابدۇسالام مەھەللىمىزدىن ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن بىرىنچى بالا . شۇڭا ئۇنى ئۇزىتىش ئۇچۇن ئەترەتنىڭ مىلىسىدىن بىر پاقلان سويسىمىز بولامدۇ ، جامائەت ؟

— بولىدۇ ، — ھەممە بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى .

پاقلان سويۇلۇپ قورداق سېلىندى . قولۇم - قوشنىلار چىنە - قاچا ، نانلارنى ئېلىپ كىرىشتى . ھويلا ئىككى يۈز ۋاتلىق چىراغتا سۈتتەك يورۇدى . مەجلىسخانىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئورۇندۇق - ئۈستەللەر قويۇلۇپ مېھمانلار بىردەمدىلا ھويلىغا لىق تولدى . باللار ئۆگزىلەرگە ، باغنىڭ ئىچىدىكى ئۆرۈك ، ئالما شاخلىرىغا چىقىۋېلىشقانىدى . قارىغاندا ، ئۇلار مەشرەپ سېغىنىپ قالغاندەك تۇراتتى .

تاماقتىن كېيىن سازچىلار غىجەكلىرىنى تەڭشەپ ، داپلىرىنى قىزىتىپ تەييار بولدى . مەشرەپ بېگى نەبىجان مەشرەپ باشلانغانلىقىنى جاكارلىغاندا مۇقامچى ھەسەن قولىدىكى داپنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ مۇقامنى باشلىۋەتتى .

جاھاندا ئىككى يارىم بار : بىرى ئالىم ، بىرى زالىم ،
بىرىگە ئانچە مەيلىم يوق ، بىرىگە كۆيىدۇ يۈرەك باغرىم .
جانىم بىي… بىي… باقىي ئالەم

مۇقام ئاخىرلىشىپ داپلار چېلىنىپ مەشرەپ تېكىستلىرىگە يۆتكەلگەندە نەبىجان قولىياغلىقتا چىرايلىق ياسالغان پوتىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چۈشتى .

يۇقىرى بېرىۋىدىم ،
كۆرۈندى يارنىڭ باغلىرى .
ئاھ ئۇرۇپ يىغلىۋىدىم ،
سىيرىلدى سەۋزەڭ تاغلىرى .

ئۇسسۇل بىردەمدىلا قىيقاس - چۇقانلار ئىچىدە بىر نەچچە جۈپ كىشىنى مەيدانغا چۇشۇردى . ئۇلار بىر - بىرىگە بېقىشىپ ناخشىنىڭ ئۇدارلىرىغا ماسلاشقان ھالدا مەيداننى دەۋر قىلىپ ئايلانماقتا . ئابدۇسالاممۇ مەيدانغا چۇشۇۋالغانىدى . ئابدۇساھىپ چوڭلار ئارىسىدا تەئەززۇ بىلەن ئولتۇرماقتا . ئۇنىڭ چىرايىمۇ شادلىقتىن قىزارغان ، تىللاخان ئاياللار تەرەپتە ئولتۇرۇپ ئوغلىنىڭ شوخ ئۇسسۇلىغا مەپتۇن بولغىنىچە خىيالغا كەتكەنىدى .
— ھۆرمەتلىك جامائەت ،— دېدى نەبىجان بىر مۇقام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەيدانغا چۇشۇپ ، — ئابدۇسالامنىڭ ئالىي مەكتەپكە مېڭىشىنىڭ بىزگە بۇنچىلىك خۇشاللىق ئەكېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە جامائەت مەشرەپ سېغىنىپ قاپتىكەن . بوپتۇ ، بۇگۇن بۇ مەشرەپنى تاڭ ئاتقۇچە ئوينىساقمۇ مەيلى ، لېكىن سازچىلارغا بىر تەلىپىم بار . ئابدۇسالام قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بۆشۇكى گۇزەل قەشقەرگە ئوقۇشقا بارىدىغان بولدى . شۇڭا ئۇنىڭ مۇشۇ سەپىرى ئۇچۇن ھەم ياخشى ئوقۇپ كېلىشى ئۇچۇن «گۇزەل قەشقەر» دېگەن بىر ناخشىنى ئېيتىپ بەرسە دەيمەن .
— بولىدۇ ، — دېدى ھەممەيلەن بىردەك .
— قېنى ئەمىسە ، قەشقەر توغرۇلۇق بىر ناخشا ئېيتىڭلار .
سازچىلار بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىۋېلىپ سازنى باشلىدى .

شەمۇ شەگە داڭ كەتكەن ،
قەشقەرنىڭ ئانارى بار .
.........

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

# ھېكمەت بوستانلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئون ئۈچىنچى باب  سالام، قەشقەر

«ھېسسىيات سەپەرگە تۈتاشقان يول»
— خاتىرەمدىن

قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرى ئۆپۈقنى قىزارتىپ پۈتكۈل زېمىن كەچلىك ئۇيقۇسىغا تەرەددۇت قىلىۋاتقان مەزگىلدە «سېرىق دەريا» ماركىلىق بۇ ئاپتوبۇس ئېگىز ـ پەس دۆمبەلچىلەرنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۈرگەن، ھەر خىل رەڭلەرنىڭ گىرەلەشمىسىدىن تۈزۈلگەن تاقىر تاغ تىزمىسىنى كەينىگە تاشلاپ قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلدى.

يەتتە كۈنلۈك سەپەردىن ئابدۇسالامنىڭ ھېس قىلغىنى ناھايىتى كۆپ. بىر ـ بىرىگە گىرەلەشكەن شەھەرلەرنىڭ ئۆزگىچە خاسلىقى بىلەن ئۇلاردىكى تارتىملىق مىللىي خۇسۇسىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان كوچىلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى قەدىمىي ئۈيلەرنىڭ تام ـ تورۇسلىرىغا چاپلانغان قاپارتما نەقىشتەك ناھايىتى كۈچلۈك نامايەندە بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى يول بىلەن ئاپتوبۇس ئوخشاشلا ناچار ئىدى. ياتاقلاردىكى پاسكىنىچىلىق، چۈشا، بۈرگىلەرنىڭ ئاشكارا يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرى، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كالا ھارۋىسىدەك شالاقشىپ كەتكەن ئاپتوبۇسنىڭ غەيرىي، بىنورمال ئاۋازى، ئىشقىلىپ نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. لېكىن ئۇ قەشقەر بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىپ ئۆكتەبىرنىڭ ئارامبەخش شاملى سەمەن يېزىسىنىڭ ئۆرۈك،

ئالما ، شاپتۇل ، ئۈزۈم ، بېھى ، ئانار ئەيتاۋۇر جاھاندا بار مېۋى-
لەرنىڭ دىماغنى غىدىقلىغۇچى پۇراقلىرىنى يېرىم ئېچىلغان ئاپ-
تونۇس دېرىزىسىدىن كىرگۈزگىنىدە ئاجايىپ بىر ھۇزۇر ئىلكى-
دە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى . ئۇ شۇ تاپ مۇشۇ تونۇش ، ئەمما
ناھايىتى تارتىملىق بۇ خۇشبۇي پۇراقتىن ھاياجانلاندى . رەت -
رېتى بىلەن تىكىلگەن كۆك تېرەكلەر ئارىسىدا خۇددى ئۆيىگە
يېقىنلاشقان ئېشەك بىردىنلا چېپىشقا كىرىشكەندەك سۈرئىتى
تېزلىشىپ كېتىۋاتقان ئاپتونۇسنىڭ جالداقشىتىشلىرىنىمۇ ئۇن-
تۇدى . ئۇ يۈرىكىنىڭ قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز
سوقۇشلىرىنى ھېس قىلغاچقىمۇ ئەيتاۋۇر ئوڭ قولىنى خۇددى
بىرەرى بىلەن كۆرۈشكەندەك مەيدىسىگە چىڭ باسقان ھالدا تې-
رەكلىك يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دېھقان ئۆيلىرىگە نەزەر
سالدى .

بۇ ئۆيلەرمۇ بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقان ئۆيلىرىگە ئوخشاش
ھويلا ، ئايۋان ، ساراي ، ئېغىل ، سامانلىق ، كىچىك باغدىن تەر-
كىب تاپقان كىچىك بىر ئارامگاھتىن ئىبارەت ئىدى . مانا بۇلار
پۇل تاپسا تام مىنىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۇرى-
دىغان كۆرۈنۈش ئىدى . ئابدۇسالام بۇ سۆزنى قىلغان سادىق
قويچىنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتقۇسى كەلدى . ئۇ ئاشۇ تاشبالىق-
تىكى سايلىقتا ھېلىقى قارا تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ «قازاقلار
پۇل تاپسا ئات مىنىدۇ ، ئۇيغۇرلار پۇل تاپسا تام مىنىدۇ» دېگەن
ئەقلىيە سۆزگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ماقال - تەمسىلنى سۆز-
لەپ قەدىمىي بايلىرىمىزنىڭ پۇل تاپسا چىرايلىق ئۆي سالىدىغان ،
ھەتتا بىر نەچچە خوتۇنىغا بىر نەچچە يەردە ئۆي سېلىپ بېرىپ
كۇنداشلارنىڭ بىر - بىرىنى تالاپ كېتىشىدىن ساقلاپ ، ئۇلارنى
بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرماسلىق يولى بىلەن باشقۇرىدىغان خاراك-
تېرىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى . مانا ئۇ ھازىر يۇرتىدىن ئايرىلغان

www.uyghurkitap.com

كۈندىن تارتىپ تاكى مۇشۇ قەدىمىي شەھەرگە يېتىپ كەلگۈچە
تالاي ئۆيلەرنى كۆردى . ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ، تاشقى كۆ-
رۈنۈشىدىن ئۆي ئىگىسىنىڭ قانچىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلى-
قىنى تەخمىنەن ھېس قىلالىدى . ئەگەر مۇشۇنداق سەپەر قىلمىسا
بىلمەسكەن . ئەسلىي جاھان دېگەن بەكمۇ كەڭرى گەپكەن . مانا
يەتتە كۈن سەپەر قىلىپ ئاران مەنزىلگە يەتتى . سەپەرداشلارنىڭ
دېيىشىچە ، يەنە ئىككى كۈن يول ماڭسا خوتەن دىيارىغا بارغىلى
بولىدىكەن . ئۇ خەرىتىدە كىچىكلا تۇرغان بۇ زېمىنىنىڭ شۇ قەدەر
چوڭلۇقىنى ھېس قىلغىنىدا ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن تولىمۇ يىراق
بولغان مۇشۇ جايغا بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كېلەلىگەنلىكىدىن كۆڭ-
لى ۋاللىدە كۆتۈرۈلۈپ قالدى .

— مانا ماۋۇ كېرەمباغ دوختۇرخانىسى ،— دېدى يېنىدىكى
سەپەردىشى ، يول بويى شەھەر - ناھىيىلەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈ-
رۈپ ھارمىغان ئوچۇق - يورۇق سەپەردىشى ئەللىك ياشلار چامى-
سىدىكى بومبۇر ساقال ئادەم ئۇنىڭغا دېرىزە سىرتىنى كۆرسىتىپ
تۇرۇپ ، — بۇ شەھەردىكى ئەڭ چوڭ دوختۇرخانا .

ئابدۇسالام ئۇ ئادەم كۆرسەتكەن سول تەرەپتىكى يانتۇ كەت-
كەن دۆڭلۈك ئۈستىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرغان ، دوخ-
تۇرخانا بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ۋىۋىسكىنى كۆرۈپ بولغۇچە ئاپ-
تobus بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتى .

— مانا ، ماۋۇسى ياۋاغ كۆۋرۈك ، تۈمەن دەرياسى دېگىنى-
مىز مۇشۇ ، — دېدى ئۇ ئادەم تېز - تېز چۈشەندۈرۈپ .

ئابدۇسالام ئىككى يېقى پاكار - پاكار سۆگەتلەر بىلەن
ئورالغان تۈمەن دەرياسىغا قارىدى . دەريا سۈيى خۇددى سەل
كەلگەندەك لايقىپ ئېقىۋاتاتتى . سارغۇچ لاي سۇدا بىر نەچچەيلەن
سۇغا چۈمۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى .

دادىسى توغرا ئېيتقانىكەن . ئامان تۈمۈرۈپ شىنجاڭ خەرى-
تىسىدىكى ھەرقانداق بىر جاينى پىششىق بىلىدىغان ئادەم

ئىكەن. ئۇ تۇمەن دەرياسىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغىنىدا «تۇمەن دەرياسى بەك چوڭ دەريامۇ ئەمەس، بۇ دەريا ئازاتلىقتىن ئىلگىرى سۇ بەك كۆپ ۋە ئىتتىك ئاقىدىغان بولغاچقا ھەمدە بۇ دەريا ئۇرغۇن ئېرىق - ئۆستەڭلەر، شۇنداقلا تۇمەنلىگەن بۇلاقلارنىڭ قوشۇلىشىدىن ھاسىل بولغاچقا تۇمەن دەريا دەپ ئاتالغانىكەن. ئەزىزانە قەشقەرنى تۇمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەريا ئىككى ياقتىن ئوراپ قىسىپ تۇرىدۇ. بۇ دەريالارنىڭ سۈيى خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك قىزغۇچ سېرىق» دېگەنىدى. مانا ئۇ تەرىپلىگەن دەريانىڭ كۆۋرۈكىدىن ئاپتوبۇس ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. دەريا ئانچە چوڭ بولمىغاندەك قىلغان بىلەن كۆۋرۈك ئۇزۇنراق سېلىنغانىكەن. ئاپتوبۇس كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپلا ئېگىزلىككە يامىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈنكى بۇ ئاپتوبۇسنىڭ ماتورى مۇشۇنداق كىچىككىنە ئېگىزلىكنى كۆرسىلا ئاۋازى ئۆزگىرىپ دىرىلدەپ تىترەپ كېتەتتى. مانا بۇ دىرىلدەش ئاپتوبۇس ئىچىدىكىلەرنىمۇ ئوخشاشلا تىترىتىپ ئۆزىنىڭ بار كۈچى بىلەن يۇقىرىغا يامىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى جاكارلىغاندەك قىلاتتى.

— مانا ھېيتگاھقا كەلدۇق، — ئابدۇسالام تىترىگەن ئاپتوبۇسنىڭ شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سالغاچ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى پاكار، لېكىن ناھايىتى قەدىمىيلىكنى ئەسلىتىپ تۇرغۇچى ئۆيلەرگە سەپسېلىپ كېتىۋاتقاچقا، ئامان تۆمۈرۈپ ئۆزىگە تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن ھېيتگاھقا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالغاندىكەن، ئۇ ئىتتىكلا سەپەردىشى كۆرسەتكەن ئوڭ تەرەپكە قارىدى، قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان بۇ ھېيتگاھ ئۇنىڭ ئالدىدا زاھىر بولغىنىدا ئابدۇسالامنىڭ بېشىدىن تاپىنىغىچە سۇرۇلگەن بىر تىترەك ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى جۇغۇلدىتىپ ئۆتتى. شۇ تاپتا گۈمبەزسىمان دەرۋازىسىنىڭ مۇنارسىمان تۈۋرۈكلىرى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمىي نۇسخىلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرغۇچى بۇ مەسچىت ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغاند-

ـدى ، ھېيتگاھ ئالدىدىكى كىچىككىنە گۈللۈك گوياكى چىمەنلىك. ـكە ئولاشقان ھەسەل ھەرىلىرىدەك نۇرغۇن ئادەمنىڭ سەيلىگا. ھىغا ئايلانغانىدى ، گۈللۈك ئوتتۇرىسىدىكى مۇنارلىق سائەت ئەتراپىدا نۇرغۇن قىز - يىگىتلەر رەسىمگە چۈشۈۋاتاتتى ، مۇشۇ گۈللۈكنى دەۋر قىلغان ھالدا ھەر خىل سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن ئادەملەر خۇددى سەلدەك چايقىلاتتى . قىزىل ، يېشىل ، سېرىق ، ئەيتاۋۇر ھەر خىل سايىۋەنلەر ئاستىدا دوغ ، راڭپىزا ، لەڭپۇڭ سودىسى قاينىغان ، ئابدۇسالامنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارت. قىنى يەتتە - سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا بولدى ، ئۇ يوغان بىر ئاق جاۋۇر ئۈستىگە بىر تاختاينى توغرىسىغا قويۇپ ، تاختاي ئۈستىدىكى مۇز پارچىسىغا جاۋۇردىكى سۇدىن قۇيغاچ خېرىدار تورلاۋاتاتتى .

— مۇز داۋاندا مۇزلاپ كەلگەن ، قەنت داۋاندا قەنتلەپ كەلگەن تاتلىق سۇ ، ئوغۇل باللار ، مۇز چايناپ…

بىر بالا قىزىرىپ پىشقان گىردە رەتلىك تىزىلغان ياپپاڭ سېۋەتنى بېشىغا ئەپلىك قوندۇرۇپ قاينام بازارغا كىرىپ كېتىۋا. تاتتى . ئابدۇسالام بازاردىن ، سودا قىلىشىۋاتقانلاردىن ئىشقىلىپ بۇ يەردىكى يۈزەكى بولسىمۇ چۈشىنىش ھاسىل بولۇۋاتقان يەر. لىك مەدەنىيەتتىن ھاياجانلاندى . ئۇنىڭغا بەكرەك تەسىر قىلغىنى يەنىلا مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن دوپپىلارنىڭ ھېيتگاھ ئالدىدىكى كۆركەم مەنزىرىسى بولدى ، دېمىسىمۇ ھازىر ئادەملەر ئەمەس ، بەلكى رەڭگارەڭ دوپپىلار سەلدەك چايقىلىۋاتاتتى ، تەرەپ - تەرەپكە ئېقىۋاتاتتى . ئۇ مېڭىش ئالدىدا دادىسى تەسۋىرلەپ بەر. گەن قەشقەر بىلەن ھازىر كۆرۈۋاتقان قەشقەرنى كۆڭلىدە دىتلە. دى . دادىسى ئۇنىڭغا تاپىلىغان ھېلىقى سۆزنى قايتا ئەسلىدى .

— بالام ، قەدىمدىن تارتىپلا مەدەنىيەتلەر خەزىنىسى ، مەرد. پەتنىڭ ئوچىقى دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمىي شەھەرگە كېتىۋاتىسەن . ئۇ ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ، ئۇي.

غۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى بىر قەدەر زىچ مەركەزلەش-
كەن شەھەر . ئۇ يەردە قەدىمكى ، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى-
مىزنىڭ بۈيۈك ئىزنالىرىنى ، خەلق سەنئىتىنىڭ ھەقىقىي جەۋ-
ھەرلىرىنى ، خەلقىمىزنىڭ چىن ئادەت - يوسۇنلىرىنى تاپالاي-
سەن . ئېسىڭدە بولسۇن ، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە يېتىشىپ
چىققان ئالىم ، شائىر ، پەيلاسوپ ، ھاكىم - ھۆكۈمالىرىمىز-
نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاشۇ شەھەرنىڭ بۇلاقلىرىدا سۇغىرىلىپ
چىققان . سەنمۇ ئاشۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ھەقىقىي بىلىم ئىگە-
سى بولۇپ قايتىپ كەل . ھەرگىزمۇ شالاقشىپ تۇرىدىغان يېرىم
چېلەك سۇ بولما .

ئابدۇسالام ئۆز خىياللىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغاندا قاد-
داقتۇر بىر غايىۋى كۈچ تۇرتكىسىدە روھلاندى - دە ، ئۆز -
ئۆزىگە پىچىرلىدى :

«سالام ساڭا قەدىمىي شەھەر قەشقەر ، ساڭا تەلپۈنگەن ،
سەندىن مەنىۋى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان بىر بىلىم تەشناسى ساڭا
سالام بېرىۋاتىدۇ . مەن سەندىن بىلىم ، قۇدرەت ، كۈچ - مادار
تەلەپ قىلىمەن . قوينۇڭنى كەڭرى ئاچ .»

ئاپتوبۇس ھېيتگاھ ئالدىدىكى بۇ قايناق كۆرۈنۈشلەرنى ئار-
قىدا قالدۇرۇپ ماي كۆلۈب ئالدىدىن سولغا قايرىلىپ بېكەت
تەرەپكە ماڭدى .

— ئەنە ، ماۋجۇشىنىڭ ھەيكىلى ،— دېدى ھېلىقى سەپەر-
داش ئابدۇسالامنىڭ باغچە تەرەپكە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۈنىڭ
يېڭىدىن تارتىپ ، — بۇ ھەيكەل جۇڭگودا پەقەت ئىككىلا يەردە
بار دەيدۇ . بىرى مۇشۇ قەشقەردە .

ئابدۇسالام زور قىزىقىش بىلەن ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە
قارىدى . سول تەرەپتىكى ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ يېنىدا ئالاھا-
زەل يەتتە - سەككىز مېتىر كېلىدىغان ھەيكەل تۇۋرۇكىنىڭ
ئۈستىدە ماۋزېدۇڭنىڭ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابىدا قىزىل قوغدىغۇچىلارنى قوبۇل قىلغاندىكى سۈرىتىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن ھەيكىلى تۇراتتى . ھەيكەل ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ ، ئالاھازەل تۆت - بەش قەۋەتلىك ئىمارەت ئېگىزلىكىدىكى بۇ ھەيكەلنىڭ قولىنىڭ ئۇچىغا ، بېشىغا ، مۈرىلىرىگە بىر نەچچە كەپتەر قونۇۋالغانىدى .

ئاپتوبۇس بېكەتكە ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە كىرىپ كەلدى . بېكەت ئىچى ھېيتگاھ ئالدىدىكىدەكلا ئادەملەر توپىغا ئايلانغاندى . چوڭ ھويلا ئىچىدە سومكا كۆتۈرۈۋالغان ، بالا كۆتۈرۈۋالغان كىشىلەر مىغىلدايتتى . سىرتتىن كىرگەن ماشىنىلارغا بويۇنداپ قاراپ يۈرگەن ئادەملەر ئاپتوبۇس دېرىزىلىرىگە ئېسىلىپ كىملەرنىدۇر ئىزدىشەتتى .

ئابدۇسالام بۇ كۆرۈنۈشلەردىن بىزار بولۇش تۇرماق ئاللىقانداق بىر ھاياجان ئۆزىنىڭ يۈرەك رىتىمىنى تېزلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇ بۇ ھاياجانىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە يېتىپ كەلگەن كارۋاننىڭ تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز شادلىقىغا چۆمگەن چاغدىكى غالىبلارچە كېرىلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ھۇزۇرلۇق كۆلكىسىگىمۇ ، چاڭقىغان يولۇچىنىڭ بۇلاق بويىغا يېتىپ كەلگەندىكى ئەسەبىيلەرچە سۇغا ئېتىلىشىغىمۇ ئوخشاپ كەتمەيدىغان ھاياجان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . شۇ تاپ ئۇ يەتتە يىللىق مۇشەققەتلىك زىيالىي تۇرمۇشىنى تەڭرىتېغىنىڭ ئۇ بېشىدا تاشلاپ قويۇپ بۇندىن يەتتە يىل ئىلگىرى ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە قىلغان ئوقۇش ئارزۇسىغا يەتكەنلىكىدىن ھاياجانلىنىۋاتاتتى . غىل - پاللا كۆرۈپ ئۆتۈپ كەتكەن بۇ قەدىمىي شەھەردىكى شاۋقۇن - سۈرەنلىك ھاياتلىقنى ، قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى ئەسلىتىپ تۇرغۇچى تار كوچىلارنى ، ئاشۇ كوچىلاردا جىگەررەڭ رومال بىلەن يۈزىنى يېپىپ كېتىۋاتقان روپاش چوكانلارنى ، ئاجايىپ قايناق بازارنى ، كوچىلىرىنى ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى ياقتۇرۇپ قالغاندىن

پەيدا بولغان ھېسسىيات ئىدى .

ئۇ ئاپتوبۇستىن ئالدىراپ چۈشۈپ يۈك ـ تاق بېسىلغان يۈك جازىسى ئۈستىدە ئارغامچىلارنى بوشىتىۋاتقانلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ سومكىسى بىلەن ھەربىيچە تېڭىلغان يوتقان ـ كۆرپىسىنى چۈشۈردى ـ دە ، ئۇنى ماشىنىغا چىقىش سۇپىسىنىڭ يېنىغا قويۇپ ئەتراپقا قارىدى . چۈنكى تىزىمغا ئالدۇرۇش چاقىرىقنامىسىدە بېكەتتە مەخسۇس يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش پونكىتى تەسىس قىلىنغانلىقى ئەسكەرتىلگەنىدى . ئۇنىڭ كۆزى شۇ ھامان سۇپا ئۈستىدىكى بوشلۇقتا قويۇلغان ئۈستەلنى ، ئۈستەل ئالدىغا «مەھمۇدىيە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كەلگەن يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش ئورنى» دېگەن تاختا قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى شادلىقتىن ئويناپ كەتتى . ئۈستەل يېنىدىكى ئورۇندۇقتا چاچلىرى سۈتتەك ئاقارغان بىر ئادەم قولىدىكى ئىنچىكە ئورالغان موخۇركىسىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شورىغىنىچە مەيداندىكى كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ئادەملەرگە قاراپ بەخىرامان ئولتۇراتتى . ئابدۇسالام بۇنى كۆرۈپ يۈرىكى جايىغا چۈشكەندىن باشقا بايىقى ھاياجىنى داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈرۈۋېلىپ ، ئاندىن شۇ ياققا ماڭدى ـ دە ، سومكا بىلەن يوتقان ـ كۆرپىسىنى سۇپا ئۈستىگە ئالدى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدى .

— سىز يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىمۇ ؟ !— ئۇ ئادەم سۇپىغا بىرەيلەننىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قولىدىكى تاماكىنى تاشلاپ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ سورىدى .

— شۇنداق ، مەن… ،— ئابدۇسالام گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە ئۇ ئادەم ئىتتىك بېرىپ ئابدۇسالامنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۈستەل يېنىغا ئەكەلدى . ئابدۇسالاممۇ ئىتتىك ماڭغىنىچە يوتقان ـ كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ سومكىسىنىڭ يېنىغا قويدى .

www.uyghurkitap.com

— مەكتىپىمىزگە كەلگەنلىكىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز ، — دېدى ئۇ ئادەم ئابدۇسالام بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ ، — ھەسسىنە ، بەش مىنۇت بۇرۇنراق كەلگەن بولسىڭىز ئاپتوبۇستا ماڭاتتىڭىز ئەمەسمۇ . ھازىرلا مېڭىپ كەتكەنتى ئۇ ماشىنا ، كېرەك يوق ئۇكام ، ئۇ ماشىنىنى ساقلىساق ھايال بولۇپ قالىمىز . مەن سىزگە بىر ھارۋا ئۇقۇشۇپ بېرەي . جىددەك تۇرۇپ تۇرۇڭ ، ھازىرلا كېلىمەن .

ئۇ ئادەم ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن تېزلىك بىلەن سۇپىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، ئادەملەر ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر دېھقان سۇپەت ئادەمنى باشلاپ يېتىپ كەلدى .

— پۇلىنى سۆزلىشىپ قويدۇم . ئەللىك پۇڭغىلا ئاچىقىپ قويىدۇ ،— دېدى ئۇ ئادەم ھېلىقى دېھقان سۇپەت ئادەمگە ئابدۇسالامنىڭ سومكا ، يوتقان ـ كۆرپىسىنى كۆتۈرتۈپ بولۇپ ، — مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈۋالىدىغان ئادەم بار ، بىر ھېسابتا قاراڭ ، مۇشۇ ھارۋىدا شەھەر كۆرۈپ ماڭغانمۇ ياخشى ئىش ، مەنمۇ ئاشۇنداق مېڭىشقا ئامراق ،— دېدى ئۇ ئادەم ئابدۇسالام بىلەن يەنە بىر قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ خوشلاشقان ھالدا ،— خوش ئەمىسە ئۇكام ، بۇندىن كېيىن بىز داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرىمىز . مەن ئاشۇ مەكتەپنىڭ خوجىلىق بۆلۈمىدە ئىشلەيمەن . ئىسمىم مەمەت ئېلىجان .

ئابدۇسالام مەمەت ئېلىجاننىڭ بۇ قىزغىنلىقىدىن گويا ئائىلە ئىللىقلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى . «پاھ ، نېمىدېگەن ياخشى ئادەم ھە ، بەك ئەستايىدىل ، قىزغىن ، چاققان» . ئۇ مەمەت ئېلىجان بىلەن خوشلىشىپ ھېلىقى دېھقان سۇپەت ئادەمگە ئەگىشىپ ماڭدى . ئۇ ئادەم سومكا بىلەن يوتقان ـ كۆرپىنى كۆتۈرۈپ «پوش ، پوش» دېگىنىچە يول ئېچىپ تېز ـ تېز ماڭغان ھالدا بىكەت دەرۋازىسىدىن چىقتى ـ دە ، دەرۋازا يېنىغا توختىتىپ

قويۇلغان ھارۋىغا سومكا بىلەن يوتقان ـ كۆرپىنى قويدى .

— ھارۋىغا چىقىسىلا ، غوجام ، — دېدى ئۇ ئادەم ھارۋىغا سېلىنغان كىگىز نىڭ قاتلىشىپ قالغان بۇرجىكىنى تۈزلەپ ، ھارۋا ئۇستىگە تاشلاپ قويۇلغان ئەللىك سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بارماقتەك توملۇقتىكى جىگدە ياغىچىنى قولىغا ئېلىپ ، — شاھ تەختىدە ئولتۇرغان شاھزادىلەردەك ئاچىقىپ قويىمەن جۇمۇ مەك- تەپلىرىگە .

ئابدۇسالام بۇ ئادەمنىڭ «غوجام» دېگەن سۆزىنىڭ تەنە ياكى ھەددىدىن زىيادە قىزغىنلىقتىن دېيىلگەنلىكىنى پەرق ئېتەلمە- دى . لېكىن ئۇ مۇشۇ سۆز تەسىرىدىن ئىنتايىن قورۇندى . ھارۋىغا چىقىپمۇ ئۇ ھارۋىكەش «خىت ھارىمى ، خىت» دەپ ھېلىقى جىگدە ياغىچىنى قارا ھاڭگىسىنىڭ سۆڭگىچىگە سانجىپ ئۇنى چىچاڭشىتىپ ھارۋىسىنى ھەيدەپ ماڭغاندىمۇ كۆڭلىنىڭ بىر قىسما بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى .

— ھە ، گەپ قىلماي ئولتۇراپ كەتلىغۇ ، — دېدى ھېلىقى ھارۋىكەش كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئابدۇسالامنىڭ چىرايىغا تىكىلگەن ھالدا ، — قەشقەرگە بۇرۇن كەپ باقمىغانما ؟

— ياق ، بۇ تۇنجى كېلىشىم ، — دېدى ئابدۇسالام ھارۋى- كەشنىڭ بۇ قىزغىنلىقىدىن سەل ئېسىگە كېلىپ .

— ئوبدان ، شەھەر كۆرۈپ قويغاننىڭ پايدىسى بار ، قەشقەر دېگەنچۇ ، مانا مۇشۇ قايلىسىلا ، ھارۋىكەش — ئاۋارىكەش دەپ مۇشۇنداق چېپىپلا يۈرىمەن ، مېڭىپ ـ مېڭىپ قىرىدىن ئاشالماي- تۇ دېگەندەك قەشقەرنىڭ تېشىغا چىقىپ باققان ئادەم ئەمەسمەن ، كۈنىگە ئاران نەچچە ئون مىڭ كويغا ئىشلەيمەن . ئاشۇ پۇل مەزلۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ خەجلىشىگە ئارانلا يەتكەندىكىن تاز- نىڭ خىيالىنى قىلماي بەرگەن كۈنۈڭگە شۈكرى دەپ ياشايدىكەن- مىز ، — دېدى ئۇ ئادەم ئالدىغا قاراپ ئېشەكىنىڭ سۆڭگىچىگە قولىدىكى تاياقنى نىقتاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، —

تۇرمۇش دېگەنلىكچا ، مۇشتۇڭنى تۇر دېگەن مەنىدە بولىدىكەن قايىلىسىلا . تىرىكچىلىكنىڭ مانا مۇشۇنداق مەينەتچىلىكلىرىدىن پۇل تاپىدىغان ئىش پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن ، ھۈنەرسىز ئادەم-كەنمەن ، ئوقۇيالماي قالغان قارىتۇرۇك ئادەممەن ئەمدى…

— توختاپ تۇرسىلا ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇ ئادەمنىڭ سۆزلىگەنچە ئۆزىراپ كېتىۋاتقان گېپىنى بۆلۈپ ، — ئۆزلىرى بايا كۈنىگە نەچچە ئون مىڭ كويغا ئىشلەيمەن دېدىلە . بۇقانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى . مانا ھازىر مېنى مەكتەپكە ئاچىققانلىرىغا ئاران بەش موچەن تاپىدىغان تۇرسىلا ، بۇنداق بولغاندا قانداقسىگە بۇنچىلىك جىق پۇل تاپقىلى بولىدۇ . نەچچە يىلدا تاپىدىغان پۇلنى بىر كۈن دەپ ئازغىنىپ قالدىلىمۇيە .

— ھا ـ ھا ـ ھا ،— ئۇ ئادەم ئابدۇسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھۆزۈرلىنىپ كۈلۈۋەتتى ،— سىلىچۇ قەش-قەرلىك بولمىغاندىكىن چۈشەنمەيلا . بىزۋاغۇ ئون پۈڭنى مىڭ كوي دەيمىز .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— بۇنى ، بۇ ئىشنى مەن تازا بىلمەيدىكەنمەن . ئىشقىلىپ بىز كىچىك ۋاقتىمىزدىن تارتىپلا مۇشۇنداق دەيدىغان بىر ئىش باركەن ،— ھارۋىكەش ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئادەم-دەك گۇناھكارلارچە بېشىنى ئېگىپ ئابدۇسالامغا مەيۈسانە قاراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ،— بەلكىم ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كونا زامانلاردا بىر پۇلنى ئون پۇل قاتارىدا خەجلەپ بىزگە مۇشۇنداق گەپلەرنى قالدۇرغاندۇ . ئەۋۋ ئۆيلەرنى كۆلىما ؟ ئاشۇ ياردانلىقلارغا ئاشۇ زامانىنىڭ ئادەملىرى قانداق قىلىپ ئاشۇنداق بىجە-رىم ئۆيلەرنى سالغانلىقىنى ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەندەك مەنمۇ ئون پۈڭنى مىڭ كوي دەيدىغان گەپنى چۈشەندۈرۈپ بېرەل-مەيمەن قايىلىسىلا .

ئابدۇسالام بىر گەپ سوراپ قويسا توختىماي سۆزلەپ كېتىد-

دىغان بۇ ئادەمنىڭ ناھايىتى سەممىمىي ۋە ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىدى- نى ھېس قىلدى . ئۇ ئادەم شۇ تاپتا بېشىدىكى مايماق كىيىۋالغان كىرلەشكەن ئـاق شاپاق دوپپىسىنى پات ـ پات ئۇياق ـ بۇياققا سۈرۈپ قويغاچ گېپىنى داۋام قىلىۋاتاتتى .

— ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەن بەزى ئىشلارنى ئويلاپ قالىمەن قايىلىسىلا . ئەسلىي ئاتا بولغۇچى ئوغلىغا كىچىك ۋاقتىدىلا بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتقۇزۇپ ئۇنىڭ كېيىنلىكىگە ئاز ـ تولا ئۇل سېلىپ قويۇشى كېرەككەن . ئەمدى ئويلاپ باقسام ئۇنداق ئىشنى- مىچا ھۈنەرنىڭ خاسىيىتىنى ، ئەجرىگە لايىق كىرىمىنى بىلىدى- غان ئادەم قىلالايدىكەن ، مانا كىچىكىمدىن تارتىپ مۇشۇ ھارۋا بىلەن بىرگە ياشاپ كەپتىمەن . دادامۇ ھۈنەرسىز ئادەم ئىكەن- دۇق . شۇڭا ئۇمۇ بىر ئۆمۈر ھارۋا ھەيدىگەنىكەن ، مانا دادامدىن قالغان كەسىپ مۇشۇ دەپ بۇ كىرىمىدىن ئاۋارىچىلىقى تولا كە- سىپنى قىلىپ كېلىۋاتىمەن . ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى ، كۈنۈم ھەر ھالدا يامان ئەمەس ، بارغا قانائەت ، يوققا ئىنائەت قىلىپ كېلىۋا- تىمەن دېسىلە .

ئابدۇسالام ئۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كوزد- چى يار بېشىنىڭ ئېگىز ـ پەس يارداڭلىقلارغا سېلىنغان ، تۈرقى قەۋەتلىك بىنالارنى ئەسلىتىدىغان لاي قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى ، تار كوچىلارنىڭ ئىككى يېقىغا تىزىۋېتىلگـەن ھـەر خىل كوزا ـ كۈپلارنى ، كىچىك ياغاچ ئورۇندۇقلاردا ئۆزىنى قۇش قانىتىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچلەردە يەلپۈپ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغان ئاپ- ئاق خالتا كۆڭلەك كىيگەن ئاق ساقاللىق مويسىپىتلارنى تاماشا قىلىپ كېتىپ باراتتى .

— ئالدىمىزدىكىسى تاختا كۆۋرۈك ،— كۈنۈپكىسىنى بې- سىپلا قويسا توختىماي سۆزلەيدىغان رادىئودەك ھېسسىيات بىرد- دىغان ھارۋىكەش ئابدۇسالامنىڭ خىياللىرىنى بېلىدىن ئۈزۈپ يەنە گەپ باشلىدى ،— مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئۇدۇل مېڭىۋەر-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەك ھەزرىتى ئاپاق غوجام مازىرىغا بارىمىز . ئۇ يەردىن ئۇشقا قايرىلساق سىلى ئوقۇيدىغان مەكتەپكە يېتىپ چىقىمىز . ماياققا قايلىسىلا ، ماۋۇ ئوڭ تەرەپتىكى دەريا بويى دېھقان بازىرى دېسە- لە ، ھەر يەكشەنبە بۇ يەر ئالامەت قىزىپ كېتىدۇ .

— ئۇستام ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — ئۇنداق بولسا بىز يەنە تۇمەن دەرياسىغا كەپ قالدۇقمۇ نېمە .

— توپتوغرا ، بايا سىلى ئاپتوبۇس بىلەن ياۋاغ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ھېيتگاھنىڭ ئالدى بىلەن مېڭىپ خەلق باغچىسىنىڭ ئال- دىدىن ئۆتۈپ بېكەتكە كەلدىلە ، مانا بىز ھازىر تۆشۈك دەرۋازا ئارقىلىق تۇمەنگە سېلىنغان يەنە بىر چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتى- مىز . بۇنىڭ يۇقىرىسىنى ھەزرەت يولى دەيمىز .

— ھە راست ، — دېدى ئابدۇسالام تۇيۇقسىزلا ئۆزىگە ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىش ئۇقتۇرۇشى كېلىشتىن بۇرۇن كۆر- گەن ھېلىقى چۈشىنى ئېسىگە ئېلىپ ، — مەكتەپكە ئاز قالدۇق- مۇ ؟

— يېتىپ كەلدۇق ، — دېدى ئۇ ئادەم ئېشىكىنىڭ سۆڭگۈ- چىگە جىگدە ياغىچىنى يەنە بىر نىقتاپ «خىت ھارىمى» دەۋەتكەن- دىن كېيىن يەنە سۆزىنى باشلىدى ، — يەنە يېرىم چاقىرىمدەك يول قالدى غوجام .

— ئۇنداق بولسا سىلى مۇشۇ مەكتەپ جايلاشقان زېمىننىڭ زادى قەيەرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلەملا ؟

— قەيەرگە تەۋە بولاتتى . قەشقەرگە تەۋە بولمامدۇ ، — دېدى ئۇ ئادەم غەلىتە سوئالغا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك ئابدۇسالامغا چۆچۈ- گەن ھالدا قاراپ .

— قەشقەرگە تەۋەلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن . مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم مۇشۇ مەكتەپ جايلاشقان زېمىننىڭ بىرەر ئىسمى باردۇ دەيمىنا ، مەسىلەن ، سىلى بايا دېگەندەك كوزىچى يار بېشى ،

ياۋاغ ، تۆشۈك دەرۋازا دېگەندەك .
— ھە ، مۇنداق گەپمىتى . بۇ زېمىن ھەرەمباغقا تەۋە .
— خاتا ئەمەستۇ .
— قانداق خاتا بولىدۇ ئەمدى . مەنمۇ مۇشۇ ھەرەمباغلىق تۇرسام ، مەكتەپنىڭ كەينىدىكى ئالما ، ئەنجۇرلۇك باغ يېنىدا ئۆيۈم بار مېنىڭ .
ئابدۇسالام ئاشۇ خاسىيەتلىك چۈشنى قايتا ئېسىگە ئالدى ، ئەجەب ئىش ھە ، ئۇ چاقىرىق قەغىزىنى كۆرمەيلا مەكتەپنى ، مەكتەپ تۇرغان زېمىنىنىڭ ئىسمىنى ، ھەتتا بايا كۆرۈپ ئۆتكەن كوچىلارنى چۈشىدە كۆرگەندەك بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى . بۇ ھېلىقى ئۆزىنى كۆرسەتمەيلا ئابدۇسالامغا ھەمراھ بولۇپ «سىـ لى ئوقۇيدىغان مەكتەپ مۇشۇ . بۇ زېمىننى ھەرەمباغ دەيمىز» دېگەن ئادەم شۇدەك قىلاتتى . ئاۋازى نېمىدېگەن ئوخشىغان ھە ، چۈشىمۇ مانا مۇشۇنداق بولامدۇ . ئاتام كۆرمىگەن بىر جايدا چۈشىـ دە ئايلىنىش ، مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىش ، ھەتتا ئوقۇيدىغان مەكتىپىنىڭ ئادرېسىنى ئېنىقلىۋېلىش ، ئەجەبا سەھەردە كۆرگەن چۈش مۇشۇنداق بەزىبىر ئىشلاردىن ئالدىن بېشارەت بېرەمدىغاند دۇ . دېمەك ، ئىنساننىڭ ئۈچىنچى سەزگۈسى بار دېگەن گەپ .
— يېتىپ كەلدۇق مانىكا ، — دېدى ئۇ ئادەم ئابدۇسالامنى يەنە بىر قېتىم خىياللار بوسۇغىسىدىن قايتۇرۇپ ، — سىلى ئوقۇيدىغان مەكتەپ ئېشۇ .
ئابدۇسالام ئالدىغا قارىدى . ئىككى تەرىپى قاتار دۇكان ، ماگىزىنلار بىلەن قاپلانغان بۇ تار يول خۇددى مۇشۇ دەرۋازا ئالدىدا ئاخىرلاشقاندەك مەكتەپ دەرۋازىسى يول تەرەپكە قاراپ سېلىنغانىدى . دەرۋازا ماڭلىيىدىكى «مەھمۇدىيە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى» دېگەن خەت سېرىق ھەل بېرىلگەن بولۇپ بۇ خەتـ نىڭ ئۈستىگە «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز» دېگەن پلاكات ئېسىلغانىدى . دەرۋازا ئالدىدا بىر نەچچە ئوقۇغۇچى

ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇراتتى . تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرۋازا شۇ تاپتا چوڭ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ دەرۋازا ئىچىدە يولغا ئۇدۇل قىلىپ سېلىنغان ، بىر قەۋەتلىك يىغىن زالىنى ئەسلىتىدىغان ئۇزۇن زال تەرىقىسىدىكى ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى . «چۈشۈمدە كۆرگەن كېسەك ئۆيلەر ئاشۇ··· » دېگەنلەرنى ئويلىدى ئابدۇسالام . شۇ تاپ ئۇنىڭ يۈرىكى بۇ تونۇش مۇھىتنى ھېس قىلغىنىدا خۇددى مەنزىلىگە يەتكەن سەيياھتەك تېپچەكلەپ كېتىۋاتقاندى .

— سىز قايسى فاكۇلتېتقا كەلدىڭىز ؟ ! — ھارۋا دەرۋازا ئالدىدا توختىشى ھامان پاكار ، دوغىلاقىنە كەلگەن ، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بۇغداي ئۆڭ بىر ئادەم دەرۋازا ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى . ئابدۇسالام يەنە تەمتىرەشكە باشلىدى . ئۇ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، ئۇ ئادەمگە قاراپ ئەدەپ بىلەن :

— ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ، — دېدى .

— بىزنىڭ فاكۇلتېتقا كەپسىز ئەمىسە ،— ئۇ ئادەم ئابدۇسالام ھارۋىكەشكە ھەققىنى بېرىپ بولغۇچە ئۇنىڭ سومكىسى بىلەن ئەپچىل تېڭىلغان يوتقان ـ كۆرپىسىنى ئېلىپ دەرۋازا يېنىغا قويدى ، — ماشىنىغا ئۈلگۈرەلمەپسىز ـ دە ، بوپتۇ ، ھارۋىدا مېڭىپ شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشىمۇ بەك كۆڭۈللۈك ئىش . يۈرۈڭ ، ئاۋۋال ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولۇپ ، ئاندىن تىزىمغا ئالدۇرۇڭ . خېلى يىراقتىن كەلگەن ئوخشايسىز ـ ھە ؟

— شۇنداق ، قۇمۇلدىن كەلدىم ، يەتتە كۈن يول ماڭدىم .

ئابدۇسالام بەدىنىگە ئىللىق بىر تىترەكنىڭ ئۆلىشىپ ، مېڭىسىدىن تاپىنىغا قەدەر يۈرۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ، قوللىرىنىڭمۇ ھەرىكەتكە تازا قولاشماي ، ھەتتا سۆزلىرىنىڭمۇ كېكەچ ئادەمدەك چالا چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ بۇ ھاياجانلىق تىترەكنىڭ بېكەتكە كەلگەن ۋاقىتتىن تارتىپلا باشلانغانلىقىنى خىرە ـ شىرە ئېسىگە ئالدى .

«نېمىدېگەن ئېسىل ، خىزىر سۈپەت ئادەملەر ـ ھە ، ئاددىي بىر ئوقۇغۇچىسىغا قىلىپ كېتىۋاتقان ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە قاراڭلار . مۇشۇنداق ئېسىل ئۇستازلار قولىدا تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئوچىقىدا ھەقىقىي تاۋلانماي چىقىشى مۇمكىنمۇ زادى ، رەھمەت سىلەرگە ئۇستازلار ، سىلەرنىڭ ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا قىلىۋاتقان مۇشۇ ئىللىق مۇئامىلەڭلەردىن ئۈمىدىڭلارنى ، ئارزۇيىڭلارنى ، بىزگە بولغان ئىشەنچ ـ ئەقىدەڭلارنى ھېس قىلىۋاتىمەن . ئۈمىدىڭلارنى چوقۇم ئاقلايمەن ئۇستازلار ، سىلەر چوقۇم بىر تىرىشچان ئوقۇغۇچىڭلارنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئۆگەنگىنىنى ، يەتتە يىل مەكتەپتىن ئايرىلغان ئاشۇ يىللاردىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتمىدىغان تىرىشچانلىقىنى كۆرىسىلەر » .

— مۇئەللىم ، مەن كۆتۈرەي ، ئەكېلىڭ ، — تۆمۈر رېشاتىكىلىق دەرۋازىنىڭ يان تەرىپىدە تۇرغان بالىلار ئارىسىدىكى ئورۇقىنە كەلگەن ئاق سېرىق بىر ئوقۇغۇچى يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېلىپ ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئېسىلدى . ئۇ كۆك دىكادىن ئىشتان ، ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە قارا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن ئىسپانكا چاپان كىيگەن كۆزەينەكلىك يىگىت ئىدى .

— ھە ، پەرھات ، سەن باركەنسەنغۇ بۇ يەردە ، — دېدى ھېلىقى ئوقۇتقۇچى بۇ يىگىتكە سومكىنى تۇتقۇزۇپ ، — بىزنىڭ فاكۇلتېتقا كەلگەن ئوقۇغۇچىكەن . ئاۋۋال ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ ، ئاندىن تىزىمغا ئالدۇرۇڭلار . بىلىشىمچە ، سىلەرنىڭ ياتاقتا بىكار ئورۇن بارغۇ ؟

— بار ، مېنىڭ ئۈستۈمدىكى ئورۇن بىكار .

— ياخشى ، ئەمىسە بۇ ئوقۇغۇچىنى ساڭا تاپشۇردۇم . ھە راست ، سورىۋالماپتىمەن ، ئىسمىڭىز نېمىتى سىزنىڭ ؟

— ئابدۇسالام ئابدۇساھىپ .

— ياخشى ، سىز بىزنىڭ فاكۇلتېتقا ئەڭ كەينىدە يېتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچى بولدىڭىز .

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئىككى تەرىپى دەل ـ دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلىغان
ئاسفالت يول بىلەن يۈرۈپ كېتىشتى . يولنىڭ ئوڭ تەرىپى مەي-
دان بولۇپ ، سول تەرىپى ئالمىلىق باغكەن . يولنىڭ ئىككىلا
يېقىدا ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بار بولۇپ ، قالغان جايلىرىدا بىر
قەۋەتلىك كورپۇس ئـۆيلەر سېـلىنغانـدى . مەكتەپ هويلىسى
ئىچىدە پۇتبول مەيدانى ، ۋاسكېتبول ، ۋالىبول مەيدانلىرى بار
ئىكەن . سىم تور بىلەن رېشاتكىلانغان ۋالىبول مەيدانىدا بىر
قىسىم ئوقۇغۇچىلار ۋالىبول ئويناۋاتاتتى . بەلكىم بىر جىددىي
مۇسابىقە بولسا كېرەك ، مەيدان ئەتراپىدىكى سىمونتلانغان پەلەم-
پەيسىمان ئورۇندۇقلاردا لىققىدە ئادەم ئولتۇرغان هالدا بۇ مۇسا-
بىقىنى كۆرۈشۈۋاتاتتى . ئالمىلىق باغ ئارىسىدا ، سۆگەت ، ئاكات-
سىيە دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرىدە ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ سۆزلە-
شىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ناهايىتى روهلۇق ۋە جۇشقۇن كۆرۈنەتتى .
تازا باراقسانلىغان بىر تۈپ مەجنۇنتالنىڭ ئاستىدىكى ئالا كۆلەڭگە
سايىسىدە بىر ئوقۇغۇچى ئاككوردىيون چېلىۋاتقان بولۇپ ئۇنىڭ
ئەتراپىغا يىغىلىۋالغان بىر مۇنچە قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئاك-
كوردىيوننىڭ مۇڭلىرىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى . ئاككوردىيون-
نىڭ يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تېگىدىغان مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ئۇ
ئېيتىۋاتقان يېقىملىق ناخشا ئابدۇسالامنى يېنىك چوقۇپ ئۆتتى .
چۈنكى ئۇ دوستى ئابدۇراخمان داۋاملىق ئېيتىدىغان «ئامان بول-
سۇن» دېگەن خەلق ناخشىسى ئىدى ، ئۇندىن باشقا يول ياقىسىدا
پاراڭلىشىپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار بولسا گويا ئابدۇسالامنى پارات-
تىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ بىر ـ بىرىگە بىر
نەرسىلەر دېيىشىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئابدۇسالام بۇ ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ كۇسۇر ـ كۇسۇرلىرىدىن خۇددى بىرەر يېرى ئېچىلىپ
قالغاندەك خۇدۇكسىنىپ قەدەملىرى زادىلا قولاشماي قالدى . شۇ-
ڭا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە بىردىنلا ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقاند-
دەك بىر سېزىم پەيدا بولۇپ قەدەملىرى پەقەتلا قولاشمىغاندەك
بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى .

«نېمە ئۈچۈن بۇنچە تىترەيمەن زادى ، مەنمۇ ئاشۇلاردەك بىر ئوقۇغۇچىغۇ ، باشقىلار ئون يىل ئوقۇپ كەلگەن مەكتەپكە مەن يەتتە يىل دېھقانچىلىق قىلىپ ، تولۇقسىزنىمۇ تۈگىتىپ ئوقۇيال-مىغىنىمغا باقماي ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىپ كەلگەن تۇرسام . ئىم-تىھانىنىمۇ بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قىلچە ھودۇقماي بەرگەن ئادەم بۇ يەردە نېمىشقا تىترەيمەن . ئەسلىي بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالىي مەكتەپنىكى تۇنجى قەدىمىمنى راۋۇرۇس باسسام بولاتتى ئەمەسمۇ ، شۇنداق قىلاي ، ئۆزۈمنى بېسىۋالاي » ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئىلھام بېرىپ قەدەملىرىنى راۋۇرۇس ئېلىپ كېلىۋاتقان بىلەن بەدىنىدىكى سۇس تىترەكنى ، شۇنداقلا بارغانسېرى ئۇلغىيىپ بېرىۋاتقان تەسۋىرلەپ بەرگۇسىز ھېس - ھاياجاننى باسالمىدى .

— ھېلىقى مۇئەللىم ، دەرۋازا تۈۋىدە قالغان مۇئەللىمنى دەۋاتىمەن ، بىزنىڭ فاكۇلتېتتا ئوخشىمامدۇ ، — دېدى ئابدۇسا-لام پەرھاتتىن ھېلىقى يول ياقىسىدا ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىشىپ تۇرغانلارغا باش لىڭشىتىپ سالام قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆ-رۈپ ، ئۇنى گەپكە تۇتۇپ ماڭغاندا ئۆزىنى سەل بېسىۋالىدىغان-لىقىنى ئويلاپ .

— ئۇ بىزنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرىمىز ئابدۇرېھىم قاسىموف ئەپەندى ، — دېدى پەرھات ئۇنىڭغا قاراپ ، — ئاجايىپ كىچىك پېئىل ، كەمتەر ئادەمكەن ئۇ . كونا ئوقۇغۇچىلاردىن ئاڭلىشىم-چە ، ئۇنى تارىخقا بەك پىششىق مۇئەللىم دېيىشىدۇ . دەرس سۆزلىسە ئاشۇ تارىخ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ كېتىدىكەن ، ئىلمىي ئۇنۋانى پروفېسسوركەن .

— نېمە فاكۇلتېت مۇدىرى ، پروفېسسور ؟ ! — شۇ تاپتا ئابدۇسالامنىڭ تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك سۆزلىيەلمەيلا قالدى . ئابدۇسالام ئەسلىي بۇ ئادەمنى دەسلەپتە دەرۋازىۋەنمىكىن دەپ پەرەز قىلغانىدى . كېيىن پەرھاتقا قاراپ «بۇ بىزنىڭ فاكۇل-

www.uyghurkitap.com

تېتقا كەلگەن ئوقۇغۇچىكەن » دەپ تونۇشتۇرۇشىدىن بۇ ئادەمنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلـ. غانىدى . مانا ئەمدى بىردىنلا بۇ ئادەم پەرھاتنىڭ تىلى بويىچە ئالىم ، پروفېسسورلا ئەمەس ، بەلكى بىر فاكۇلتېتنىڭ مۇدىرى بولۇپ چىقتى . دېمەك ، بىلىمى قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى ئادەم دېگەن شۇنچە تەمكىن ، كەمتەر بولۇشقا يۈزلەنسە كېرەك . دادىـ. سىنىڭ «يېرىم چېلەك سۇ بولما» دېگىنى ئەسلىي «ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسە بىلىۋېلىپلا گىدىيىپ شالاقلاپ كەتمە ، چۈنكى يېرىم چېلەك سۇ بەك شالاقشىيدۇ» دېگىنى راست گەپكەن ـ دە . مانا بىر فاكۇلتېت مۇدىرى بىر يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىغا قىزغىنلىق كۆرسىتىپ ئۇنىڭ سومكا ، چاپان ـ چارىلىرىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنى ئىززەت تاختىسىغا يۆلەپ چىقىرىۋاتسا سەن ئۇلاردىن مۇشۇنداق خىسلەت بىلەن بىلىم ئىگىلەشكە پۈتۈن زېھـ. نىڭنى سەرپ قىلماي تۇرالامسەن زادى .

ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپى سۇۋارى كەتكەن ياتاق بولسا كېرەك . بۇنى ئابدۇسالام كارىدور ئىچىگە كىرگىنىدە قىيا ئوچۇق ئىشىكلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ياتاق ئەسلىھەلىرىنى ، ياتاق ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەتـ. لىرىنى كۆرۈش ھامان ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى . شۇڭلاشقا كارىـ. دوردا نەمخۇش ھاۋاغا ئارىلاشقان ئاللىقانداق بىر خىل غەيرى پۇراق لەيلەپ يۈرگەندەك قىلاتتى . مانا بۇ ياشلارنىڭ ئوپچە ياتىـ. قىدىن تارىلىدىغان ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ۋە قىزغىن بىر خىل تۇرمۇشنى ئەسكە سالىدىغان پۇراق ئىدى .

— مۇشۇ بىزنىڭ ياتاق ، — دېدى پەرھات ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى ياتاققا باشلاپ ،— مانا ماۋۇسى مېنىڭ غېرىب خانەم ، ئۇسـ. تۈمدىكى مانا ماۋۇ ئورۇن بىكار ، سەن شۇ يەردە يات . ھوي مېنىڭ مۇشۇ شۆپۈك ئاغزىمنى دەيمەن ـ دە ، قارا سەن بىلەن كۆرۈشە ـ كۆرۈشمەيلا سەنلەپ كېتىۋاتقىنىمنى ، سەنلىسەم خاپا بولمايدىغانسەن ؟

— ياق ، سەنلەۋېرىڭ ، — دېدى ئابدۇسالام ھەربىيچە تېڭىل-غان يوتقان - كۆرپىسىنى ئىشىكنىڭ كەينىدىكى كارىۋاتنىڭ ئۈستىدىكى ئورۇنغا تاشلاپ .

— سەنمۇ سەنلىگىنە . ھەببەللى ، سەن دېگەنلىك ناھايىتى يېقىنچىلىقنىڭ ئىپادىسى . مۇنۇ ياتاقتا جەمئىي يەتتە ئادەم بار-تۇق . ئەمدى سەن بىلەن سەككىز بولدۇق . بۇ ياتاقتا ئاقسۇدىن ، كورلىدىن ، ئۈرۈمچىدىن ، خوتەندىن ، قەشقەردىن ، ئىلىدىن كەلگەن باللار بىرلىكتە ياتىمىز . مانا شىنجاڭ خەرىتىسى دې-گەن ، ھە سەنچۇ ، قەيەردىن كەلدىڭ ؟

— قۇمۇلدىن .

— ۋاھ ، تۇرپاندىن بىرەرسى كەلگەن بولسا ئىسمى - جىس-مىغا لايىق سەككىز شەھەرنىڭ ئادىمى يىغىلاتتىمىزكەن . مانا مەن غۇلجىدىن ، ئولتۇرە ، سەل ئارام ئېلىۋېلىپ ئاندىن تىزىمغا ئالدۇرىمىز . ئەتە ئالدۇرساقمۇ بولىۋېرىدۇ . تىزىمغا ئېلىش ۋاق-تى ئەتە كەچكىچە بولىدۇ ، يوتقان - كۆرپەڭنى كەچتە جايلاشتۇ-رۇۋالىسەن .

— مەيلى ئەمىسە ، — ئابدۇسالام كىگىز ئۈستىگە قىزىل يىپ ئەدىيال سېلىنغان كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى - دە ، ئۆزى بەش يىل ياتىدىغان بۇ ياتاققا نەزەر سالدى . ياتاق خېلىلا كەڭرى بولۇپ ئىشىك ياتاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە بوشلۇق تاشلاپ ئوتتۇرىغا ئېچىلغان ، ئىككى تام تەرەپكە ئاستى - ئۈستىدە ياتىدىغان ئىككى-دىن تۆت كارىۋات قويۇلغان ، كارىۋاتلاردا ھەر خىل رەڭدىكى كىگىز ، ئەدىياللار سېلىنغان ، يوتقان - كۆرپىلەر رەتلىك يىغى-لىپ باش تەرەپكە تىزىپ قويۇلغان ، بەزى كارىۋاتلاردا يوتقان يىغىلىپ كۆرپىلەر يىغىلماي ئۈستىگە ئالابالداق خەسە كىرلىكلەر سېلىنغانىدى . دېرىزە تەرەپكە بىر ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ ئۈس-تەل ئۈستىدە چايدان ، كورۇشكا ھەم ئاليۇمىن تاماق قاچىلىرى ، چىش پاستىسى ، چوتكىسى سېلىنغان كورۇشكىلار قويۇلغانىدى .

www.uyghurkitap.com

ئىشىكتىن دېرىزىگە تارتىلغان سىمدا لۆڭگىلەر ۋە بىر ـ ئىككى كۆڭلەك ئېسىقلىق تۇراتتى .

— ياتاق دېگەن مۇشۇ ، — دېدى پەرھات يانچۇقىدىن قەغەز چىقىرىپ ئابدۇسالامغا تەڭلەپ ، — تاماكا چېكىدىغانسەن ؟

— چېكىمەن ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇ تەڭلىگەن قەغەزنى ئېلىپ .

— بەك كەم سۆزكەنسەن ،— دېدى پەرھات ئۇنىڭ قەغىزىگە يانچۇقىدىن موخۇركا ئېلىپ قۇيۇپ بېرىۋېتىپ ،— تۆمۈر خەلپە ، غوجا نىياز ھاجىلارنىڭ ئەۋلادىسەن ، مۆرىمەسلىك قىلما . ھە راست ، مەن كەلگىلى ھەپتە بولدى قارا ، ھەدەم ئۈرۈمچى ئايرودورومىدا ئىشلەيتتى . بىر ئامال قىلىپ ئايروپىلاننىڭ يېرىم بېلەتىنى ھەل قىلىپ بەردى دېگىنە . ئەللىك سومغىلا بېلەت ئېلىپ بىر يېرىم سائەتتە كېلىۋالدىم قارا . مانا مەن شەھەر ئايلىنىپ يۈرگىلى تاق ئالتە كۈن بوپتۇ . ھەممە يەرنى چۆرگىلەپ بولدۇم . ئالامەت شەھەركەن بۇ ، ئاخشام ھېسسىياتىم قوزغىلىپ بىر پارچە شېئىر يېزىپ قويۇۋىدىم ، ئوقۇپ بېرەي ، ئاڭلاپ باقامسەن ؟

— ئاڭلاپ باقاي ، — ئابدۇسالام ئەمدى رەسمىي ھەيران قېلىشقا ئۆتكەنىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدىكى شېئىر ـ ھېكايە يازىدىغانلار چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان ، چىرايلىرىغا يىللار بىر مۇنچە قورۇق چۈشۈرگەنلەر ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر قىسىم ئادەملەر ئىدى ، ئۇنداق ئادەملەر يۇقىرى گرادۇسلۇق ناھايىتى چىرايلىق كۆزەينەكلەرنى تاقاپ ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئىشخانىلىرىدا ياكى بولمىسا قانداقتۇر بىرەر ئاكادېمىيىلەرنىڭ يۇمشاق دىۋانلىرىدا توم ـ توم كىتابلارنى ۋاراقلاپ ئولتۇرىدىغانلار دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى . شۇڭلاشقىمىكىن دادىسى ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىپ دېگەن مۇنۇ سۆزىدىن ئۇ راستىنلا تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ چۆچۈگەنىدى .

— بالام ، ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە
بىلىم ئېلىشقا كېتىۋاتىسەن ، مېنىڭچە ئەمدى سەن مەكتەپ پۈت-
تۈرگىچە ھارغىچە بىلىم ئۆگەنگەندىن سىرت كىتاب يېزىشنىمۇ
ئويلىشىپ باقساڭ بولىدۇ . ھازىرغىچە سەن ئوقۇغان كىتابلار
سېنىڭ بويۇڭنىڭ نەچچە ھەسسىسىگە تەڭ كەلگۈدەك بولۇپ قال-
دى . لېكىن كىتاب يېزىپ بېقىشنى زادىلا ئويلاشمىدىڭ . مېنىڭ-
چە ، سېنىڭ ئاشۇ تۇرمۇش خاتىرىلىرىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشىڭ-
نىڭ باشلىنىشى ، مۇنداقچە ئېيتقاندا سەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ
بوسۇغۇسىدىن ئاللىقاچان كىرىپ بولدۇڭ ، مۇشۇ گېپىمنى
ئېسىڭدە چىڭ تۇت .
— دادا ، بۇ تەلىپىڭ بەكلا ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق . مەن
قانداقمۇ كىتاب يازالايمەن . كىتاب دېگەننى يازغۇچى ، شائىر ،
ئالىملار يازىدۇ .
— سەنمۇ تىرىشىدىغانلا بولساڭ چوقۇم ئاشۇلاردەك يازغۇ-
چى ، شائىر ، ئالىم بولالايسەن . بىلىپ قوي ، ھېچقانداق ئادەم-
نىڭ پېشانىسىگە تۇغۇلۇشىدىنلا يازغۇچى ، شائىر ، ئالىم بولۇش
پۈتۈلگەن ئەمەس . تىرىشچانلىق ، ئىزدىنىش ، ئىجادىي تەپەك-
كۇر ، جاپالىق يېزىقچىلىق ئادەتلىرى ئۇلارنى شۇنداق سەۋىيىگە
ئەكەلگەن .
ئابدۇسالام دادىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈپ
«قېنى ، بارغاندا كۆرمەيمەنمۇ » دېگەن قارارغا كەلگەن ، لېكىن
بۇ گەپنى تازا دىتىغا سىغدۇرالمىغانىدى . مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ
بىر ساۋاقدىشى ، تېخى ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئەمدىلا ئاتلى-
غان بىر ياش شېئىر يازدىم ، ئوقۇپ بېرەي دەۋاتىدۇ . شۇنىڭدىن
قارىغاندا دادىسىنىڭ تىرىشساڭلا قىلالمايدىغان ئىش يوق دېگىنى
توغرا ئوخشىمامدۇ .
— نېمىگە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىسەن ، دېكلاماتسىيىنى باشلاي-
مەن ئەمىسە .

www.uyghurkitap.com

— باشلا ، — دېدى ئابدۇسالام قولىغا خاتىرىسىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرغان پەرھاتقا قاراپ .

— ھازىر دېكلاماتسىيە قىلىدىغان شېئىرىمنىڭ ماۋزۇسى «سالام قەشقەر» ، ئاپتورى پەرھات مۇھەممىدى .

پەرھات قولىغا بىر خاتىرىنى ئېلىپ ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈردى ـ دە ، دېكلاماتسىيىسىنى باشلىدى :

قەد كېرىپ تۇرغان ئاقۋاش تەگرىتاغىنىڭ ،
شىمالىدىن — ئابرال قوينىدىن كەلگىنىمدە ،
قەدىمىي قەشقەر مېۋە كانىنى ،
ئۆز كۆزۈمدە كۆرگىنىمدە ،
ئاپىرىن دېدىم قەشقەر ،
سەندىكى ئاشۇ ئالەمشۇمۇل ،
يۈكسىلىشنى بىلگىنىمدە ،
مەن كەلدىم ئابرال قوينىدىن ،
ئىلى دەريا بويلىرىدىن ،
تەلپۈنۈپ سەن تەرەپكە .
سەندە قۇرۇلغان بىلىم كانىدىن ،
پەرھات كەبى شېرىن ۋەسلىگە ،
يەتمەك ئۈچۈن تاغنى كېسىشكە ،
ئۆتۈپ ئابرالدىن .
تەلكە كەڭ سايدىن ،
بوغدىدىن ئەگىپ .
تىيانشاندىن ھالقىپ ،
سالسام نەزەر قەدىم شەھەرگە .
يارىشىپتۇ بەكمۇ ئۆز ،
بۇ بىلىم كانى .
قەدىم قەشقەرنىڭ ھەرەمباغىغا ،

مەن دەيمەن سېنى گۈلزار ماكانىم .
شۇڭا ھەسەل ھەرىسى ئامراق ساڭا ،
كەلدۇق مانا ھەرىلەردەك ۋىژىلداپ .
تەرەپ ـ تەرەپتىن ،
سېنى پۇراپ ، سېنى قۇچاقلاپ .
ئىچىلغىن يەنە يەنە پورەكلەپ ،
ياي قۇچاق ماڭا .
مەن تەشنا ساڭا .

پەرھات دېكلاماتسىيىسىنى ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇددى بىرەر نەرسىنى قۇچاقلىماقچى بولغاندەك ئېگىزگە ، يەنى تورۇسقا قاراپ ئاخىرلاشتۇرغانىدى .

— ياخشى ، ياخشى ، — دېدى ئابدۇسالام ناھايىتى قىزغىن چاۋاك چېلىپ ، — ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلغان شېئىر كەن . بەك ياخشى يېزىپسەن ، لېكىننزە ، شېئىر دېگەننىمۇ ئالامەت ئوقۇيدى-كەنسەن جومۇ . مەن بۇنداق تەسىرلىك دېكلاماتسىيىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم ، چاچما شېئىر دېگەننى ئوقۇماق بەك تەس .

— رەھمەت ساڭا جومۇ ، گېپىڭنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا سەنمۇ شېئىر ـ قوشاق يېزىپ قويىدىغان ئوخشىمامسەن ؟

— ياق ، ياق ، مەن ئاشۇنداق بەختتىن تېخى مەھرۇم .

— لېكىننزە ، چۈشىنىدىكەنسەن جومۇ ، بايا ياتاقدىكىلەرگە ئوقۇپ بەرسەم ئۇ بىر نېمە دېسە ، بۇ بىر نېمە دەپ بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتكەنتى دېگىنە . لېكىن سەن خېلى ياخشى باھا بەردىڭ . ئەگەر يازاي دېسەڭ مانا مەن ياردەم قىلىمەن . ھە راست ، بايا سەن ئابدۇرېھىم قاسىموف ئەپەندىنى بەك ماختاپ كەتتىڭ . تېخى ماختايدىغان ئوقۇتقۇچىدىن يەنە بىرنى كۆرمىدىڭ ھەرقاچان . ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىمىز سايىتجان ھوشۇر ، ئۇ تېخى ئوتتۇز ياشقىمۇ توشمىغان ئوقۇتقۇچى دېگىنە .

مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ناھايىتى ياخشى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن مەك-
تەپ ئېلىپ قالغانىكەن . ئوقۇش پۈتتۈرگىلى ئىككى يىللا بوپتۇ.
ئۆزى شۇنچە ياش بولغىنىغا قارىماي بىر شېئىرلار توپلىمى چىد-
قارغان شائىركەن ئۇ ، «قاينام» ناملىق بىر توپلامنى مەن غۇل-
جىدا ئالغانتىم ، ئەسلىدە ئاشۇ توپلام بىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلد-
نىڭ ئىكەن ئەمەسمۇ ، ئالامەت لىرىكىلار بار بۇ توپلامدا . غەزەل
دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ دېسەڭچۇ . مۇشۇنداق شائىرنىڭ
قولىدا تەربىيىلىنىش نېمىدېگەن زور بەخت ھە .
پەرھاتنىڭ ھاياجانلىق نۇتقى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ياتاق-
داشلار كىرىپ كېلىشتى . ئۇلار ئابدۇسالام بىلەن قىزغىن كۆرۈ-
شۈپ بولۇپ پەرھاتقا قارىدى .
— ھە توغرا ، مەن بۇ ساۋاقداشلارنى ساڭا تونۇشتۇرۇپ
قوياي ،— دېدى پەرھات دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، يـوغان —
يـورپا ، ئاق — سېرىق بىرەيلەننى كۆرسىتىپ ،— مانا ماۋۇ
يېگەن — ئىچكەندەك ، سوقا — سەندەلدەك كۆرۈنىدىغان ئاغىند-
مىزنىڭ ئىسمى يارمۇھەممەت ئايۇپ ، مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق ،
ئۇيغۇرلار يوقراق يەردە تۇغۇلۇپ قاپتىكەن دېگىنە ، شۇڭا قازاقچە
ئوقۇغانىكەن ، بۇ يەرگە مەخسۇس ئۇيغۇرچە ئۆگەنگىلى كەلگەن .
— تايىنلىق قازاق دەپلا تونۇشتۇرمىدىڭ ، — دېدى يارمۇ-
ھەممەت ئۇنىڭ سۆزىنى ئارىلاپ سۆز قوشۇپ ، — شۇنداق دەپ
ئايرىۋەتكەن بولساڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر قاتارىدا ياشاپ ئوبدانلا
سەمرىپ قالاتتىمكەن .
— ئاشۇ سەمرىشىڭمۇ يېتەر ئەمدى ، يارمىغان كۆتەكتەك
تۇرىسەنغۇ ، يەنە يېيىشىڭنىڭ گېپى .
— ئەمىسە ساڭا ئوخشاش شوراپ تاشلىۋەتكەن كەمپۈتتەك
قورۇلۇپ يۈرسەم بولىدىكەن — دە .
— كەلدى ، تازا ئوبدان كەلدى ،— دېدى ئۆزۈنتۇرا بىرەيد-
لەن ئۇلارنىڭ چاقچىقىغا ئارىلىشىپ ، — سەنمۇ يارمۇھەممەت-
تەك يەپ تۇر دەيمەن .

— ئالدىغا كەلدى دەپ يەۋەرگەن بىلەن قۇسۇش تەس دەيمەن .

— قۇسماي يالماپ يۇتۇۋەتمەمسەن .

— بولدى ، بولدى ، ئەمدى بولدى قىلايلى ئاغىنىلەر ، بىر دەم گېپىمنى بۆلمەي تۇرۇپ تۇرۇڭلار . مەن سىلەرنى بىر تونۇشتۇرۇۋالاي .

— گەپنى ئەپقاچما .

— بولدى قىلىڭلار ، چاقچاقتىن ئىككىنى يەپلا غىققىدە تويدى ئۇ ، گېپىنى قىلىۋالسۇن .

— ئەمىسە تونۇشتۇرۇشۇم قايتا باشلاندى ، — دېدى پەرھات گېلىنى قىرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — مانا ماۋۇ ئورۇسلارغا ئوخشايدىغان ئاغىنىمىزنىڭ ئىسمى قۇدرەت ئابدۇغېنى ، ئۆزى ئاقسۇدىن . مانا ماۋۇ ئۇزۇنتۇرا ئاغىنىمىز ئەزىمەت قۇربان ، ئۇرۇمچىدىن . ياتىقىمىزدىكى بىردىنبىر پارتىيە ئەزاسى ، مەكتەپكە كېلىشتىن ئىلگىرى ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ چېگرا رايوننى قوغدىغان . ماۋۇ پوندىلەك ئاغىنىمىزنىڭ ئىسمى مەخسۇت تۇرسۇن ، ئۆزى كورلىدىن . ماۋۇ قارىۋاي ئاغىنىمىزنى بوش چاغلىما ، ئۆزى كالاڭپايدەك كۆرۈنگەن بىلەن قازان بېشىغا ئالامەت . لەڭمەن دېگىنىڭنى قورسىقىغا ئۇرۇپ بىر سوزىدىغان بولسا يۇز مېتىرنى بىراقلا تارتىدۇ . ئىسمى ئابدۇللا ساۋۇت ، قەشقەردىن . ماۋۇ شوركىنى ئابدۇللانىڭ ئىنىسىمىكىن دەپ قالما ، ئۇمۇ بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىز . سىنىپىمىزدىكى بويى ، يېشى ئەڭ كىچىك شوركا ، خوتەندىن كەلگەن گاداي ، ئىسمى مەتسالىھ مۇھەممەتنىياز . قارىمامسەن ، ئىسمى بويىدىنمۇ ئېگىز ، شۇڭا مەكتەپكە كېلە ـ كەلمەيلا دەرۋازىدىن قوغلىنىش ھادىسىسىگە ئۇچراپ تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەن .

پەرھاتنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ياتاقداشلىرىنى كۈلدۈرۈۋەتتى . مەتسالىھ مۇھەممەتنىياز بولسا ھوپپىدە قىزارغان ھالدا پەرھاتقا قاراپ :

— ھاي گادىيەي ، بىر گەپنى تېپىۋالسا ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە دەپ يۈرمىگۈلۈك ، ئەمدى دەرۋازىدىن كىرگۈزمىسە ھېلىقى پوچى غولجىلىق توت كۆزنىڭ ئىككى كۆزى مەن ، ئەگەر مەن بولمىسام ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ تالاغىمۇ چىقالمايدۇ ، دەپ قويارمەن ئەينا .
— ئۇنىڭ ئىككى كۆزى سەن بولساڭ سېنىڭ ئىككى كۆزۈڭ قېنى ئەينا دەپ تۇتۇۋالسا تېخىمۇ بالاغا قالارسەنمىكىن شوركا .
— دېدىمغۇ ، بالاغا قالسام سېنى شىپى كەلتۈرىمەن دەپ .
— مېنى كەلتۈرىمەن دەپ تېخىمۇ چوكەپ كېتەرسەنمىكىن .
— ھا - ھا - ھا ...
— ھى - ھى - ھى ...
— ماڭا قايىللاڭلا ئاداش ، — دېدى ئابدۇللا ساۋۇت يېرىم - يارتا كۈلكىسىنى ناھايىتى تېزلا ئاخىرلاشتۇرۇپ ، — ئىككىڭلار بىزگە ئويۇن قويۇپ بېرىدىغان سەھنىدىكى ئارتىس بولمىغاندىكىن ماۋۇ ساۋاقدىشىمىزنىمۇ ئىتتىكرەك تونۇشتۇرمامسىلە .
— ۋاھ ، — دېدى پەرھات ئابدۇللاغا قاراپ ، — مەن تېخى ھەممىڭلارنى تونۇشتۇرۇپ بولدۇم دەپتىمەنكەن . كەچۈرۈڭلار ، بۇ ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئىسمى ئابدۇسالام ئابدۇساھىپ . تۆمۈر خەلپە ، غوجىنىياز ھاجىم ئەۋلاتلىرىدىن . شېئىر - قوشاققا ئالاھەت ھەۋسى بار .
— قارىغاندا ،— دېدى ئەزىمەت يارمۇھەممەتنىڭ ئۈستەل ئۈستىگە قويغان موخۇركا قۇتىسىدىن قولىدىكى گېزىت قەغىزىگە ئازراق توكۇپ ئۇنى يوگەپ ئولتۇرۇپ ، — ھېلىقى پاخپاق شېئىرىڭنى يەنە دېكلاماتسىيە قىلغان ئوخشىمامسەن ؟
— ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەن ستۇدېنتتەك گەپ قىلىشنى ئۆگەن ئەزىمەت ، — دېدى پەرھات گرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن سەل ئۈستىگە

كۆتۈرۈپ قويۇپ ، — بىز مانا مۇشۇنداق نەچچە مىڭ يىللىق شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر ئۇلۇغ مىللەت . مۇنداقچە ئېيتـ-قاندا ، بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز شېئىر بىلەن يۇغۇرۇلغان ، ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر بىلمىدى دېگەندىمۇ ئىككى كۇپلېت خەلق قوشىقىنى غىڭشىيالايدۇ . شۇڭا مەن سىلەرنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدەك گەپ قىلىشنى ئۆگىنىپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

— رۇخسەتمۇ ؟— ئوچۇق تۇرغان ئىشىك قانتىنى بىر قىزنىڭ تاراسلىتىپ چەككىنى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ پەرھاتنىڭ سۆزى چورتىدە ئۈزۈلدى . ئابدۇسالام ئىشىك تەرەپكە قارىدى . ئىشىك ئالدىدا ئاق سېرىق كەلگەن بىر قىز يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرىنى قىزىل گەرس ياغلىق بىلەن باستۇرۇپ بانتىلىۋالغان ھالدا قاراپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئاق كوپتا ئۈستىگە كىيىۋالغان سارغۇچ چاقماق رەختتە سىپتا تىكىلگەن سارابانى زىلۋا بەستىگە شۇنچىلىك ياراشقانكى ئابدۇسالامنىڭ يۈرىكى قاتـ-تىق ھۇزۇرلىنىشتىن كېلىپ چىققان بىر خىل سېزىم ئىلكىدە يېنىك تىترەپ كەتتى .

— كېلىڭ ، كىرىۋېرىڭ ، — دېدى پەرھات ئىشىك تەرەپكە مېڭىۋېتىپ ، — بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ، شۇنداقلا ئەڭ يىراقتىكى ساۋاقدىشىمىز يېتىپ كەلدى . كۆرۈشۈپ قويۇڭ .

— ھە ، قانداق ، ياخشىمۇسىز ،— دېدى قىز ئىشىكتىن كىرىپ يېنىغا ئېسىۋالغان ماش رەڭ سومكىسىنى ئالدىغا سەل سۇرۇپ قويۇپ .

— ياخشى ، — دېدى ئابدۇسالام تېز جاۋاب قايتۇرۇپ .

— بۈگۈن كەچ مەكتەپ كىنوخانىسىدا «جەنۇبتىن شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى» دېگەن كىنونى قويىدىكەن ، — دېدى ئۇ قالغان ساۋاقداشلار بىلەن «ياخشىمۇسىز» دەپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ، — مەن بۇ كىنونى جىق كۆرگەنتىم . شۇڭا شەھەرگە چىقىپ كەچلىك تاماقنى شۇ يەردە يېگەچ ماي كۇلۇبتا ئويدانراق

www.uyghurkitap.com

كىنودىن بىرەرنى كۆرۈپ كەلمەيمىزمۇ .

— مەن ئابدۇسالامنى تىزىملىتىشقا ، تاماققا ئاچىقىشقا ۋەدە قىلغان ، — دېدى پەرھات كۆزەينىكىنى ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىدا يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ .

— بولدى چىقىشۇرگىنە ھوي ئەزمىلىك قىلماي ، — دېدى يارمۇھەممەت ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ، — ئابدۇسالامنى بىزگە تاپشۇرساڭ بولمامدۇ . بىزمۇ ئۇنىڭغا ساڭا ئوخشاشلا ساۋاقداش جۇمۇ .

— ئۇنى تىزىملىتىشقا مانا مەن بار ، — دېدى ئەزىمەت ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ، — سەن يالغان ئاكتىپ بولۇۋالماي كېتىۋەر .

— ۋوي ، رەھمەت جۇمۇ ساڭا ، — دېدى پەرھات ئەزىمەتكە قاراپ ،— نېمىلا دېگەنبىلەن مەركىزىي شەھەردىن كەلگەن ئەسكەردە سەن .

— بولدى ، بولدى ، ئەزىمەتنى خۇددى قارتا شىلىغاندەك شىلاپ كەتمەي يولۇڭغا مېڭىۋەرگىنە ،— دېدى قۇدرەت قولىدىكى كىتابنى ئورنىغا تاشلاپ قويۇپ ، — ئەزىمەت دېگەن سىنىپ باشلىقى بولىدىغان ئادەم تۇرسا ، مۇشۇنداق ئىشلارنى ھازىردىن باشلاپ قىلىپ تۇرمىسا سايلاپ بەرمەيدىغان گەپ بار جۇمۇ .

— سىنىپ باشلىقىنىمۇ سايلاپ بولدۇڭلارمۇ ھوي ،— دېدى پەرھات ھەييارلىق بىلەن ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ ،— بۇ شادا پاچاق سىنىپ باشلىقى بولسا بىزگە كۈن يوققۇ ھە . ئۈچ يىل ئەسكەر بولغان ئادەم بەك ئىنتىزامچان ئادەم بولۇپ كەتتى دەڭلار . ئەگەر بۇنى سايلاپ قويساڭلار ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇۋېلىپ پۇشتەك ياكى كاناي چېلىپ بىزنى ئارامخۇدا ئۇخلىغىلىمۇ قويمايدىكەن ـ دە ، ئەمدى .

— ھە ، پولاتتەك ئىنتىزام ئاستىدا ئالتۇندەك غەلىبە ياتىدۇ » دېگەن سۆزنى پېشقەدەم ئەسكەر ئەزىمەت ئارقىلىق ئىسپاتلايمىز ،— دېدى ئابدۇللا ساۋۇت گەپ ئارىلاپ ،— زالىم باش-

لىقتىن ئالىم ئەسكەر چىقىدۇ .
— بۇ ئۇنداق گەپ ئەمەس . ئۇستاز زالىم بولسا شاگىرتى ئالىم بولىدۇ دېمەمسەن ،— دېدى قۇدرەت .
— ۋاي قويۇڭلارەي شۇ گەپنى ، ماۋۇ ئىككىسىنى ماڭغىلى قويايلىچۇ ، بولمىسا مۇنۇ تۆتكۆزنىڭ كۆزى چىقىپ كەتمىسۇن يەنە .
— شۇنى بىلىپ ئەينەك سالدۇرغانمەن .
— ئەينەك سالدۇرغىچە تاملا قوپۇرساڭ بولغانىكەن ئىشەنچ-لىكرەك ، — دېدى يارمۇھەممەت .
— تام سېلىشنى بىلسەڭ بۇ يەرگە كېلەرمىدىڭ تاغدا يېتى-ۋەرمەي .
— تاغنى كۆرەلمەي تېرىكىپ كۆزىگە ياغاچ تىقىۋالغان ئاۋاق بۇ .
— تاغدىن چۈشمەي يەۋېرىپ تىقىلىپ كەتكەن نېمە بۇ .
— ئاپىسى نان بەرمەي ئاقۋالداقتا بېقىپ قورۇۋەتكەن شاخ تەمەچ بۇ .
— ھا - ھا - ھا...
— ھى - ھى - ھى ...
ياتاقنى بىردەملىك قىزغىن كۈلكە قاپلىدى .
— سىلەرنىڭ بۇ ياتاقزە ئەجەب تېپىشقان بىر ياتاق بوپتۇ جۇمۇ ، — دېدى ئۇ قىز كۈلكە سەل بېسىققاندا پەرھاتنىڭ پېشى-دىن تارتىپ قويۇپ ،— ھەممە ساھەدە بار . زېرىكمەيسىلەر - دە .
— گەپنىڭ پىلتىسى يارمۇھەممەت بىلەن پەرھاتتا ، ئۇلار بولمىسا ياتاق جىمىپ قالىدۇ ئەينا ، — دېدى مەتسالىھ ئۇستىدى-كى كارىۋاتتىن ئىنجىقلاپ پەسكە چۈشۈپ .
— بولدى ماڭايلى ، بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرىۋەرسەك كەچكىچە ياتاقتىن چىقالمايمىز ، — دېدى پەرھات ئۇ قىزنىڭ ئالدىرىتىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ ،— ئەمىسە ، ئابدۇسالام سىلەرگە قالدى ئاغىنىلەر جۇمۇ .

www.uyghurkitap.com

— مېڭىۋەرگىنە ۋوي كاس ـ كاس ، — دېدى يارمۇھەممەت ئۇنىڭ مۇرىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ ، — بۈگۈن سىنىڭ ياتاقتىن چىقمىقىڭ قەۋزىيەت بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ چىچمىقىدىنمۇ تەس بولدىغۇ .

پەرھات يەنە بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈۋىدى ، ئۇ قىز پەرھاتنىڭ پېشىدىن تارتىپ چىقىپ كەتتى .

— ئۇلار مۇھەببەت ئوخشىمامدۇ ، — دېدى ئابدۇسالام يېنىدا تۇرغان ئەزىمەتكە يۈزلىنىپ .

— شۇنداقكەن ، — دېدى ئەزىمەت ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋېتىپ ، — مەكتەپكە كېلە ـ كەلمەيلا يۇرۇۋاپتۇ . بىر يۇرتلۇقكەن .

— ئۇ قىزمۇ غۇلجىلىقكەن ـ دە ؟ !

— شۇنداقكەن .

— ئىسمى نېمىكەن ؟ !

— دىلبەر .

ئابدۇسالام تىزىمىغا ئالدۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن سومكىسىنى ئاختۇرۇۋاتقاندا ئەزىمەتتىن باشقىلار چىقىپ كەتكەنىدى . دېمەك ، ئۇ تەشنا بولغان ياتاق تۇرمۇشى ئەمدى باشلانغانىدى . ئۇ يولدا كەلگۈچە ئەمدىلا ئوقۇش پۈتتۈرگەن بالىلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىدىن چوڭ ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇيمەن ھەرقاچان دەپ ئويلىغانىدى ، لېكىن ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بىر نەچچە يىل يېزىدا چېنىقىشتىن كەلگەنلەر ، ئەسكەرلىكتىن كەلگەنلەر ، ھەتتا تولۇق ئوتتۇرىنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىشتىن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ بىرەر مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا ئىنقىلاب باشلىنىپ كېتىپ ئوقۇيالماي قېلىپ ، يېزىدا ياكى زاۋۇت ـ كانلاردا ئىشلەپ ، ئىمتىھان بېرىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئىمتىھان بېرىپ كەلگەن ئۆزىدىنمۇ چوڭ بالىلارنىڭ بارلىقىنى بىلدى ـ دە ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ قالدى .

# ئون تۆتىنچى باب  خىيالچان قىزلار

«مۇھەببەت قەلبىڭگە رۇخسەتسىز كىرىدۇ»
— خاتىرەمدىن

ئابدۇسالام يولىنىڭ ئىككى قاسنىقى ئۇششاق تىجارەتچىلەر
بىلەن ئاۋاتلىشىپ تۇرىدىغان چوڭ يولدا ماڭماي قەدىمىي دەرەخ-
لەر — سۆۋادان ، قارىياغاچ ، ئۈژمە ، مەجنۇنتاللار قويۇق سايە
تاشلىغان مۇشۇ چىغىر يولدا مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتى . يول تار
ھەم ئەگرى - توقاي بولۇپ ئۇ خۇددى ئىنسانلارنىڭ ئەگرى -
توقاي تۇرمۇش يوللىرىغا سىمۋول قىلىنغاندەك ئاجايىپ گۈزەل
ۋە جەلپكار كۆرۈنەتتى . ئۇ گويا مۈڭلىنىپ ياتقان مەھەللە -
كەنتلەرنى بىر - بىرىگە چېتىش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ قاتلاڭچى-
لىقلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكلىرىدە ھاسىرىغان ئادەملەرنى بىر -
بىرىگە ئۇچراشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ نىيەت - ئىقباللىرىنى پاكلايدى-
غان يالغۇز ئاياغ يول ئىدى . بۇ يولنىڭ ھەر تەرەپكە شاخ
ئايرىغان دوقمۇشلىرى ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بىر ھې-
كايىنى ئەسلىتەتتى . مانا بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئەڭ داڭلىق
ئالىي مەكتىپىنى چۆرگىلەيدىغان يالغۇز ئاياغ يوللا ھەرەمباغدىن
ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك زېمىننىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئاپىرىدە قىلى-
غان ئۆگىنىش مەيدانىغا ، دەرس تەكرارلاش مەيدانلىرىغا بارىدى-
غان يوللىرىنىڭ باشلانمىسى ئىدى . ئۇنىڭ ئۆلۈك توپا ئۆرلەپ
تۇرىدىغان جايلىرى بىلەن ئەينەكتەك سىلىقلىشىپ كەتكەن جايلى-
رىنىڭ ھەممىسىگە ستۇدېنتلارنىڭ تالاي ئاياغ ئىزلىرى چۈشكە-
نىدى .

www.uyghurkitap.com

ئابدۇسالام ئىمتىھان مەزگىللىرىدە ئاۋاتلىشىپ كېتىدىغان بۇ جايغا ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ كېلىشنى ياقتۇراتتى. چۈنكى بۇ جايلار ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلغان ئۆتمۈشىنى، چەككەن رىيازەتلىرىنى ئېسىگە سېلىپ تۇراتتى. ئوقۇش ئىرادىسىنىڭ سۇسلاشقان ھەم چىڭىغان چاغلاردىكى بىر - بىرىگە زىت روھىي ھالەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆگىنىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ھېلىقى تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىكى پاراسىتىنى، ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سىنىپتىلا ئەمەس، دەرستىن سىرتقى چاغلاردىمۇ ئۆگىنىشنىڭ يېڭى - يېڭى پىلانلىرىنى تۈزۈشكە كىرىشەتتى. لېكىن ئۇ ھازىر رېئاللىقتا، يەنى خىيالچان قىزلارنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرىغا ئىنكاس قايتۇرمايمۇ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

ئۇ ئون سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى توساتتىنلا نەمەت موزدۇزنىڭ قىزى ھاۋانىسانىڭ پات - پات ئۆزىگە ئاجايىپ بىر مېھىر بىلەن تىكىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئابدۇسالامنىڭ يۈرىكى ئىللىق بىر سېزىم ئىلكىدە تىترەپ كەتكەنىدى. كېيىنرەك ئابدۇسالام ھاۋانىسانىڭ پات - پات ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالىدىغان بولدى. ھېلىقى بالا كادىر كۈرەشجان كەلگەندىن كېيىن ئۇ ھاۋانىسانى ئۆزىگە ئاشىق قىلىۋالدى. ئوتلۇق بېقىشلار، تەشنالىق قاراشلار شۇندىن باشلاپ سۇسلاشتى. ئابدۇسالام شۇ چاغدا ئوت ئىچىدە تولغىنىۋاتقان قىلدەك ئازاب ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن بۇ ئازابلارنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى.

— ھاۋانىساخانغا كۆيۈپ قالغان ئوخشايسەن، ھە؟ — دېدى قوشچىلار باشلىقى ئەسئەتاخۇن غول ئۆستەڭ بويىدىكى شاللىق يېرىنى ئاغدۇرۇۋاتقان چاغدىكى بىر قېتىملىق ئارام ئېلىش پەيتىدە موخۇركا ئوراپ ئولتۇرۇپ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ئەمدى ،— دېدى ئابدۇسالام ھوپپىدە قىزارغان ھالدا ،— مەن ئۇنداق ئىشلارنى ئويلىغۇچى بولمىدىم تېخى .

— جىگدە پۇرايدىغان چېغىڭ بولدى ئەمدى ، — دېدى قوشـ. چى ساۋۇرجان ئۈستەڭ بويىدىكى قىياقتەك نوتا چىقىرىۋاتقان چىغىرتماق يېڭىغا چىرتتىدە بىرنى تۈكۈرۈپ ،— قىزارما ، سەن. مىچۇ ئۇنى خىجىل قىلىپ نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن ، ئۇ ئۆزىنىڭ كىمنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى ساڭا دەپ بەرسە بولامتى ئەمىسە .

— گەپكە قوشۇق سالما ،— دېدى ئەسئەتاخۇن تازا ياخشى چاپلىشىپ بەرمەيۋاتقان گېزىت قەغىزىنىڭ يان تەرىپىنى تىلى بىلەن ھۆلدەپ تۇرۇپ ، — ئابدۇسالامنىڭ تۇمشۇقى كۆپۈپ قال. غانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ .

— ئۇنداق ئىش يوق دەۋاتىمەن سىلەرگە ، — دېدى ئابدۇسا. لام تېخىمۇ قىزىرىپ .

— دېمىدىممۇ ، — دېدى ئەسئەتاخۇن تاماكىسىنى تۇتاشتۇ. رۇپ بىر قېتىم كۈچەپ شورىغاندىن كېيىن ئابدۇسالامنى شەرەت قىلىپ ، — بالدۇرلا يېتىلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ بۇ كاساپەت يا بىز بىلەن چوڭلاردەك ئىشلەپ يۈرگەندىكىن ئۆزىنى چوڭ كىشى چاغلاپ قالدىمىكىنە . ھاۋانىساخان بۇنىڭدىن چوڭ كېلىدۇ جۇ. مۇ .

— ياق ، تەڭ كېلىدۇ ، — دېدى بىرى ئۇنىڭ سۆزىنى چورتلا كېسىپ ، — نەمەت ئۇستامنىڭ بۇ قىزى مېنىڭ قىزىم بىلەن ئاي پەرق قىلىدۇ .

كېيىنكى ئىشلار چۈشتەكلا ئۆتۈپ كەتتى . كورەشجان ئۇنى يۆلەپ تارتىپ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى . ئابدۇسالام ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان يىللى. رى ئۇ تۇيۇقسىزلا ئابدۇسالامنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى .

ئىككى يىللىق ئوقۇش ھاياتى ئۇنى ئوبدانلا ئۆزگەرتىپ قويغان-
دى . تېگى قىزىل ، يېشىل گۈل بەرگىلىرى چۇشۇرۇلگەن يىپ
باش ياغلىقىنى ئېڭەكىدىن چىگىپ ، گۈللۈك چىتتىن ئۇزۇن
كۆڭلەك كىيىپ ، دادىسى تىكىپ بەرگەن پەس پاشنىلىق رەڭگى
كەتكەن توپلەينى قارىگۈل سۇيىدە مايلاپ كىيىپ ، كەتمەننى مۇ-
رىسىگە تاشلاپ ئېتىزغا ماڭىدىغان بۇ سەھرا قىزىنىڭ چىرايلىرى-
غا ھازىر قىزىللىق يۇگۈرۈپ بۇغداي ئۆڭ چىرايى يېتەرلىك
ئاقارغان ، يىپ باش ياغلىقىنىڭ ئورنىغا سەرەڭگە قېپىغا پاتىدى-
غان قىزىل گاز ياغلىق ئالماشقان ، كىيىنىشلىرىمۇ بۇرۇنقىدىن
كۆپ ياخشى . ئەت رەڭ پايپاق تارتىلغان سۇزۈك پاچاقلىرى تار
يوپكىسى ئاستىدا مەر - مەردەك پارقىرايدۇ . ئاق كوپتىسىنى
يېتەرلىك كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆكسىلىرى ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى
كەلتۈرگىدەك تىترەپ تۇرىدۇ .

— سىزنى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ
دەپ ئاڭلاپ يېتىپ كەلدىم ، — دېدى ھاۋانىسا شۇ كۈنى قۇدۇق
بېشىدىكى كۆل بويىدا ئابدۇسالامنىڭ كۆزىگە تىكىلگەن
ھالدا ، — ياردىمىم كېرەك بولسا دەڭ .

— رەھمەت ، — دېدى ئابدۇسالام تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ
ئىلتىپاتتىن ھەيران قالغان ھالدا ، — ئوقۇشىڭىز پۈتكەن ئوخشى-
مامدۇ ؟

— ياق ، يەنە بىر يىل قالدى .

— ھە ، — ئابدۇسالام شۇ تاپتا نېمە دېيىشىنى ، نېمە
قىلىشىنى بىلمەيتتى . ئۇنىڭ بۇندىن ئىككى - ئۈچ يىل بۇرۇن
قوزغالغان يۈرەك يارىسى ئەمدى قايتا تاتىلىنىشقا باشلىغانىدى .
چۈنكى ئۇ ئۆزىنى تۇنجى قېتىم مۇھەببەتلىك ھېسلارغا چۆمدۈر-
گەن بۇ سەھرا قىزىنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكى ساپ ، سەممىي ، ساددا
مىجەزىنى ياخشى كۆرگەنىدى . قېرىشقاندەك ئۇ كۈرەشچانغا ئاش-
پەز بولغاندىن باشلاپلا ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى . مانا شۇندىن

تارتىپ ھازىرغىچە ئۇ گەرچە ھاۋانىسانىڭ ئۆزىگە بولۇپمۇ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ئۆزىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىۋاتقاندەك تەلمۈرگەن چاغلىرىنى پات ـ پات ئەسلەپ قالاتتىيۇ، لېكىن تېزلا ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشاتتى. مانا ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەندە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ سىرلىق تەلپۈنۈشلىرىنى قايتا نامايان قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ زادى ئابدۇسالامدىن نېمىنى كۈتىدىغاندۇ.

— مەن ئەتە مەكتەپكە چىقىپ كېتىمەن، — دېدى ھاۋانىسا ئابدۇسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى تۈزەشتۈرۈپ قويغاچ، — ئەگەر كېرەكلىك ماتېرىيال سورىماقچى بولسىڭىز مېنى ئىزدەڭ، — ئۇ شۇنداق دەپلا ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ئابدۇسالامنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى ـ دە، مېڭىپ كەتتى. ئابدۇسالام بۇ تاسادىپىيلىقتىن گاڭگىرىدى. ھاۋانىسانىڭ لېۋى تەگكەن ئوڭ مەڭزى خۇددى بىر پارچە چوغ تەگكەندەك كۆيۈشۈۋاتاتتى. ئۇ تېڭىرقىغان ھالدا ھاۋانىسا ماڭغان تەرەپكە قارىدى. ئۇ ئۆستەڭ بويىدىكى چىغىر يولدا شۇنداق تېز كېتىپ باراتتى.

تومۇزغىلار بەس ـ بەستە چىرىلدايتتى. قەيەردىندۇر كاككۇكنىڭ سايرىشى ئاڭلىناتتى. سېھىرلىك تەبىئەت بىردەملىككە جىمىپ كەتتى. گويا ئابدۇسالامنىڭ بىردەملىككە يوقالغان ئاڭ سەزگۈلىرىدەك جاھان شۇ تاپ قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۇ مەسئۇل بولغان قۇدۇقنىڭ شارقىراشلىرىمۇ جىمىپ قالغاندەك تۇراتتى.

شۇندىن كېيىن ئۇ ھاۋانىسانى زادىلا ئۇچرىتالمىدى. لېكىن ئاشۇ بىر قېتىملىق ئۇچرىشىش ئۇنىڭ ئېڭىدا مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قالدى. مانا، قەشقەرگە كەلگىلى بىر يىلدىن ئاشتى. بىر يىل ئۇ خەنزۇچە ئۆگىنىش بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىش جەريانلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتىسىمۇ كۆڭلىدە ھاۋانىسانىڭ ئاشۇ قېتىمقى جۈرئەتلىك ھەرىكىتىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. لېكىن ئۇ سىنىپتىكى قىزلارنىڭ بەزىبىر دارتىملىرىدىن

www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا جىمىغۇردەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئالاھىدە ھېسسىيات بىلەن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئايپەرىنىڭ ئۆزىگە ئوتلۇق تىكىلىشۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى .

ئۇ تولا ھاللاردا ئابدۇسالامدىن كونسپېك سورايتتى . بۇ سىنىپتا ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەن دەرسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كونسپېك يازالايدىغان بىر نەچچىلا ئوقۇغۇچى بار ئىدى . مانا مۇشۇلارنىڭ بىرى ئابدۇسالام بولغاچقا تولا ھاللاردا بالىلار ئابدۇسالامنىڭ كونسپېكىنى ئېلىپ تولۇقلايدىغانلاردىن ئىدى . ئابدۇسالام نېمە ئۈچۈندۇر سىنىپتىكى قىزلارنىڭ ئۆزىگە بەكمۇ چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى . شۇڭلاشقىمىكىن ئۇلار دەرس تەكرار قىلغىلى چىققان ۋاقىتلىرىدا بىر پەس تەكرار قىلىپ بولۇپ ئابدۇسالامنىڭ چۆرىسىگە يىغىلىۋالاتتى ـ دە ، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالاتتى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئابدۇسالام توپا ئارىسىغا ئۇزۇن مۇددەت تاشلىنىپ قېلىپ كېيىن مەۋجۇتلۇقىنى بىراقلا ئاشكارىلىغان بىر پارچە ئالتۇن ئىدى . ئۇلار بۇ ئالتۇننىڭ تاۋلىنىش جەريانلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقىنىدا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالاتتى . بولۇپمۇ ئايپەرى ئاجايىپ بىر خىل ھېسداشلىق تۇيغۇسىدا ئېزىلىپ ئولتۇراتتىكى كۆزىدىن چىقىۋاتقان ياش گويا يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ئېتىكىگە ، ئەت رەڭ كوپتىسىغا چۇشۇۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەي ئولتۇرۇپ قالاتتى .

— بولدى قىلساڭچۇ ئايپەرى ،— دەيتتى باشقا قىزلار ئۇنىڭغا قاراپ ،— ئابدۇسالام ھېكايە يازىدىغان ئادەم . ئۇ راست ـ يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەۋاتىدۇ . ئاشۇنىڭغىمۇ مۇشۇنچىۋالا ئېقىپ كېتىش كېتەمدۇ .

— بۇلار توقۇلما ئەمەس ، راست بولغان ئىشلار ئۇ .

ئابدۇسالامنىڭ تۈگىمەس خىياللىرى مۇشۇنىڭغا باغلانغاندا ئۇ ئىككى تاش ئارىسىدا قىسىلىپ قالغاندەك ئارامسىزلىناتتى .

چۈنكى ئۇ ھاۋانىسانىڭ ھېلىقى پىداكارلىقىنى مۇھەببەت دەپ چۈشىنىپ يۈرگەچكە ئايپەرىنىڭ ئۆزىگە بولغان ھېسداشلىقىنى ئويغىتىۋاتقان مۇھەببەت پىغانلىرىنى پەرۋىش قىلىشقا ئامالسىز ئىدى . تۈنجى تەتىل مەزگىلىدە ئۇ ھاۋانىسا بىلەن قايتا ئۇچرىشالمىدى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ تاغدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلىشىپتۇدەك . ئاشۇ بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن مانا ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى . ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىشىمۇ مۇمكىن بولمىدى . ئابدۇسالام ئۇنىڭ ئاشۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىكى ھەرىكىتىنى بىر قېتىملىق ئەسەبىي ھېسسىياتنىڭ تۇيۇقسىز پارتلىشىدىن پەيدا بولغان جۈرئەتنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك دېگەن پەرگىمۇ كېلىپ قالغانىدى .

ئايپەرى بىلەن ئابدۇسالام مانا مۇشۇ مەكتەپنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغان ، ئاخىرى ئالمىلىق باغلارغا تۇتىشىدىغان بۇ چىغىر يوللاردا تالاي ماڭغانىدى . تولا ھاللاردا ئۇلارنىڭ سىپىگە پەرھات ، دىلبەر ۋە باشقا قىزلار قوشۇلۇۋالاتتى . ئىمتىھان مەزگىللىرى بۇ جاي ستۇدېنتلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى بىلەن توشۇپ كېتەتتى . تۇمەن دەريا بويى ئەتراپىدىكى سازلىق ، بېلىق كۆللىرىنىڭ ئەتراپىدىكى سۆگەت سايىلىرىدا دەرسلەرنى يادلاشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى باشلىناتتى . ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى دەرسلىكلەر ئاساسەن يادلاش بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش خاراكتېرىنى ئالغاچقىمىكىن ، كونسپېكلارنى قولتۇقلاپ خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك تارىخ ، پەلسەپە ، ئەدەبىيات ۋە ئاللىقانداق لېكسىيىلەرنى يادلاش ئۈچۈن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ بالىلار چىقاتتى - دە ، ئاشۇ ھەر تەرەپكە شاخ ئايرىغان چىغىر يوللار ئارقىلىق سۈيىنىڭ سۈپىتى بۇزۇلۇشقا باشلىغان بېلىق كۆللىرىنىڭ ئەتراپىغا ، غورا چېغىدىلا يەپ تۈگىتىلگەن ئۆرۈك ، ئالما دەرەخلىرىنىڭ سايىلىرىغا ، ئەمدىلا دان تۈتۈشقا

www.uyghurkitap.com

يۈزلەنگەن بۇغدايزارلىقنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك ئېرىقچىلارنىڭ
چىغىرتماق ، قىياق ، بۇيا ئۆسۈپ كەتكەن غول قىرلىرى بېشىدا
قۇشقاچ يېمى بولىدىغان قاغا جىگدىلىرى سايىسىغا ماكانلىشىپ
ئىمتىھانغا جىددىي تەييارلىق قىلىشاتتى . تەييارلىق سىنىپتا خەن-
زۇچە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئېغىز مەشىقى بىلەن يېزىق مەش-
قىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش ئۈچۈن خام خەتلەرنى ھاۋاغا شە-
رەت بىلەن يېزىشقا كىرىشكىنىدە ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار
«توۋا خۇدايىم ، ئوقۇش — مۇ ئاسان گەپ ئەمەسكەن جۇمۇ . قا-
راڭلار ، ئاۋۇلارنىڭ ساراڭدەك قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى»
دېيىشىپ ياقا چىشلىشەتتى . قايناق ھايات ، رەڭدار تۇرمۇش ،
ھاياتىي كۈچكە تويۇنغان ياشلىق جىلۋىسى ستۇدېنتلارنىڭ تەنلى-
رىنى ئاتەش كەبى قىزىتىپ ئاللىقانداق غايىۋى ھېسلار ئىلكىدە
يېنىك ئەللەيلەيتتى .

بۈگۈنكى يەكشەنبىنى ئابدۇسالام ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزمەكچى
بولۇپ ياتاقداشلارنىڭ بازارغا بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپلىرىنى
چىرايلىق رەت قىلدى . ئۇنىڭ پىلانى بۈگۈن چۈشكىچە ئۆيگە خەت
يېزىش ، نەچچە كۈندىن بېرى توختاپ قالغان تۇرمۇش خاتىرىسى-
نى يېزىش ، ئاندىن نەچچە كۈن ئىلگىرى يېزىپ قويغان «سەھرا-
دىكى مەن» ناملىق بارماق ۋەزىنلىك شېئىرىنى قايتا پىششىقلاپ
ئىشلەپ بىرەر ژۇرنالغا يارىغىدەك ئەسەر قىلىپ چىقىش ، چۈش-
تىن كېيىن پوچتىخانىغا چىقىپ خەتنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن
كىتابخانىنى بىر قۇر چۆرگىلەپ يېڭى كىتاب كەلگەن — كەلمى-
گەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئىدى .

بالىلارنىڭ ھەممىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا چىقىپ
كەتكەچكە ياتاق جىمجىتلىققا چۆكتى . مانا مۇشۇنداق جىمجىت
مۇھىت ئۇنىڭ ئىلھامىنى قوزغايتتى . ئۇ دېرىزە ئالدىغا
كەلدى — دە ، سىرتقا قارىدى . بۇ دېرىزە ئالدىدا تۇرغاندا قىزلار
ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىنى تولۇق كۆرگىلى بولاتتى . بۈگۈنكى

كۇندە قىزلار ئەتىگەن تۇرۇپلا كىر يۇيۇشقا كىرىشىدۇ . ياتاقلار-
دىن شوخ كۇلكىلەر دۇتار - تەمبۇرگە تەڭكەش قىلىنغان ناخشى-
لارنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ . ئىشىك ئالدىدىكى ئاكاتسىيە دەرىخىگە
يۆلەنگەن هالدا ئاككوردىيون چېلىۋاتقان يىگىتنىڭ ئەتراپىغا
ئولاشقانلار گويا ئۇنىڭ ئاشۇ مۇڭلۇق ناخشىسىغا يۇغۇرۇلۇپ
كەتكەندەك خىيالچان . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ناخشىغا بولغان
سېغىنىش ، هاياتقا بولغان قىزىقىش چاقناپ تۇرىدۇ .

بۇلبۇللار سايرىشار گۇلشەنلەر ئارا ،
كەلدىمۇ يارىم دەپ سېنى ئەسلەيمەن .
شامالالار ئوينىتسا بۇدرە چاچىڭنى ،
هەر تاڭدا ئويغىنىپ سېنى ئەسلەيمەن .

ياتىقىنىڭ ئالدىدىكى سۆگەت سايىسىدە ئولتۇرۇپ كىر يۇيۇ-
ۋاتقان ئايپەرى بىلەن گۇلبوستان خۇددى بۇ مۇڭلۇق ناخشا ئۆزلى-
رىگە ئاتاپ ئېيتىلغاندەك ئاجايىپ مۇڭلانغان ، شۇ تاپ ئۇلارنىڭ
قوللىرىمۇ هەرىكەتتىن توختىغان ، تىنىقلىرى توختاپ قالغاندەك
جىمىغۇرلاشقان ، كۆزلىرىدىن مىسكىنلىك ئارىلاشقان بىر خىل
مۇڭ ئالاهىدە گەۋدىلەنگەنىدى .

— نېمە بولدۇڭ ، — دېدى بالدۇرراق ئېسىگە كېلىپ
ئۆزىنى چەكسىز خىياللار قۇچىقىدىن ئاجراتقان گۇلبوستان ئۆزد-
نى تۇزەشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ ،— قېتىپلا قاپسەن ، يا ئاشۇ ناخشى-
چى يىگىتكە كۆيۇپ قالدىڭمۇ ؟

— كۆرگەنلا ئادەمگە كۆيۇپ قېلىۋېرىدىغان ئۇژمە كۆڭۇل-
لەردىن ئەمەسلىكىمنى ئوبدان بىلىسەنغۇ ،— دېدى ئايپەرى .
هەرقانداق چاغدا ، هەرقانداق سورۇندا مۇشۇ ناخشا باشلىنىش
بىلەنلا خۇددى سېھىرلىنىپ قالغاندەك قېتىپلا قالىمەن . يۇرەك-
لىرىم خۇددى قېپىدىن سەكرەپ چىقىدىغاندەك مۇڭلىرىغا يۆگى-

لىپ ۋالىس ئويناشنى ياخشى كۆرىمەن .

— راست دېدىڭ ئاداش ،— دېدى گۈلبوستان ئېغىر ئۇھ-سىنغان هالدا ،— بۇ ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئاجايىپ بىر ئېسىل ناخشا ، كىم يېزىۋىدىكىن ، «ھەر تاڭدا ئويغىنىپ سېنى ئەسلەيمەن» دېگەن مىسرالارنى ئويلاپ باقە . سەھەردىكى تاتلىق ئۇيقۇدىن كېچىپ ئەسلىگىدەك يارىڭ بولسا ئەسلىمەي تۇرالامسەن زادى .

— ھەر تاڭدا ئويغىنىپ سېنى ئەسلەيمەننى ئويلاۋېرىپ سا-راڭ بولۇپ قالغىلى تۇرغان قىزلارغۇ بىز ،— دېدى ئايپەرى ئاق كۆڭلەكنىڭ ياقىسىغا سوپۇن سۈركەۋېتىپ ،— شۇڭا ئۇلارنىڭ كىرلىرىنى ئۆزىمىز تەلەپ قىلىپ ئاچىقىپ يۇيۇپ دەزمال سې-لىپ بېرىمىز ئەمەسمۇ . ھە راست ئاداش ، سەن نېمانداق ئەخ-مەق ، جاھاندا ساڭا يىگىت چىقماي قالدىغاندەك نېمانداق ئاشۇ خەقنىڭ ئالىقىنىدىكى ئادەمنىڭ كىرىنى تالىشىپ ئېلىۋېلىپ يۇيىسەن . ئۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭنى چۈشەنسىكەن كاشكى .

— مەن بۇنى مۇھەببەتلىك يۈرەكنىڭ كۈچىدە ئەمەس ، بەلكى ساۋاقداشلىق يۈزىسىدىن يۇيۇۋاتىمەن . ئويلاپ باق ، ئوغۇل بالا دېگەن يا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلالمىسا .

— نېمىشقا قىلالمىغۇدەك ،— دېدى ئايپەرى سوپۇن يۇقى قولى بىلەن ئوغۇللار ياتىقى تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ،— قاراپ باقە ، كىر يۇيالمايدىغان ئوغۇل بالا بارمىكەن . گەپ ئۇنىڭ بۇنى خالاپ قىلىش - قىلماسلىقىدا .

گۈلبوستان ئايپەرى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى . ئوغۇللار ياتاق بىناسى ئالدىدىكى سۇ جۈمىكى ئەتراپىدا بىر نەچچە ئوغۇل بالا كىر يۇيۇۋاتاتتى . ئىككى سۆگەتنىڭ ئارىسىغا تارتىلغان سىمدا ئىشتان ، كۆڭلەك ، ھەتتا كۆرپە كىرلىكلىرىمۇ يېيىلغانىدى . گۈلبوستان دادىسى ئالدىدا يالغان گەپ قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان كىچىك بالىدەك قىزاردى . لېكىن ئايپەرىنىڭ گېپىگە تەن بەرگۈ-سى كەلمىدى .

— بوپتۇ ، مەنغۇ پەرھاتنىڭ كىيىملىرىنى زورلاپ يۇيغان
بولاي . لېكىن سەنچۇ ، ئابدۇسالامنىڭ كىيىملىرىنى ئۇچىسىدىن
سالدۇرۇۋېلىپ يۇيىسەنغۇ ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن زادى . ئۇ يا
سىنىڭ يۇرتلۇقۇڭ ئەمەس ، يا مۇھەببىتىڭ ئەمەس ، ئۇ قىزغىن ،
چىقىشقاق ، تىرىشچان بولغان بىلەن مۇھەببەت ئىشقىدا بىر پارچە
مۇزغۇ .

— ئۇنداق دەپ كەتمە ، ئاداش ،— دېدى ئايپەرى قولىدىكى
كۆڭلەكنى كىر دېسى ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ يىراقلارغا قارىغان
ھالدا ،— بىز ئۇ كۆرگەن كۈنلەرنىڭ ئازراقىنى كۆرگەن بولساق-
مۇ تۈگىشىپلا كېتەتتۇق . ئويلاپ باقە ، مەكتەپتىن ئايرىلىپ
يەتتە يىل كەتمەن چېپىش ئاسان گەپمۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق
ئېغىر بېسىم ئاستىدا دېگىنە . مەن ئابدۇسالامنىڭ ئەنە شۇ قەي-
سەرلىكىنى ياقتۇرىمەن ، بەلكىم ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىشىدا بىزدىن
يوشۇرغان سىرلىرى باردۇ . ئېچىلمايدىغان قۇلۇپ ، يېشىلمەيدى-
غان تۈگۈن بولمايدۇ . قانداقلىكى بولسۇن مەن ئۇنىڭ تىرىش-
چان ، كەمتەر ، ئاق كۆڭۈل ، كىچىك پېئىل مىجەزىنى ياخشى
كۆرىمەن ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى-
نى ئالامەت ياقتۇرىمەن .

— جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگىنە ،— دېدى گۈلبوستان
ۋىلىقلاپ كۈلگەن ھالدا ،— ئابدۇسالامنىڭ گېپى چىقسىلا بەك
ھاياجانلىنىسەن . مۇشۇنداقلا چوقۇنۇپ تۇرساڭ ، كىرىنى زورلاپ
يۇيۇپ ، كونسپېكلىرىنى ھارماي كۆچۈرۈپ ، يازغان شېئىرلى-
رىنى ياڭراق ئاۋازىڭ بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىپلا تۇرساڭ ئاشۇ
مۇزنىمۇ ئاخىر ئېرىتىۋېتىسەنغۇ . بوپتۇ ، سەن بولساڭمۇ مۇرا-
دىڭغا يەت ، دوستۇم .

— سەنمۇ ئوخشاش ،— دېدى ئايپەرى گۈلبوستانىنىڭ كۆزى-
گە تىكىلىپ تۇرۇپ ، — پەرھاتنىڭ ئىسمى چىقسىلا كۆزلىرىڭ
چاقناپ كېتىدۇ . بەدەنلىرىڭ غۇژۇلداپ تىترەپ كېتىدىغانلىقى-

www.uyghurkitap.com

نىمۇ مەندىن يوشۇرالمايسەن . مانا قارا ، گېپىمنى باشلا ـ باشلى-
مايلا قىزارغىلى تۇردۇڭ . يوشۇرۇن كۆيۈش ئازاب ، بەكمۇ تات-
لىق ئۇنىڭ لەززىتى ھە .

— ساراڭ ،— دېدى گۈلبوستان ئۇنىڭ دولىسىغا ئەركىلى-
گەندەك بوش ئۇرۇپ قويۇپ ،— گېپىم بار دەپ نەدىكى گەپلەرنى
دەيدىكەنسەن .

— ئىچىڭدىكى دەردىڭنى بىلىۋاتىمەن ئاداش ،— دېدى ئاي-
پەرى داستىكى يۇندىنى ياندىكى يۇندى كۆلچىكىگە تۆكۈپ ئۇنىڭغا
پاكىز سۇ يەڭگۈشلەۋېتىپ ،— ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيگەندىن تېشىدا
كۆيگەن بەك يامان دېگەن گەپ بار . سەنچۇ ھازىر يوشۇرۇن
كۆيۈشنىڭ رەھىمسىز يالقۇنلىرىدا چالا كۆيۈپ تازا پۇچۇلىنىۋاتى-
سەن . چۈنكى سەن ئۇنىڭغا ئاشىق ، لېكىن دىلبەر يولۇڭدىكى
بىر تىكەن . چۈنكى ئۇ پەرھات بىلەن بىر يۇرتلۇق . شۇڭا ئۇ
ھاياتلىقنىڭ فورمۇلالىرىنى ماتېماتىك ئۇسۇل بىلەن يېشىۋاتىدۇ .
ئۇمۇ ساڭا ئوخشاشلا بىر مۇھەببەت دالاسىدا قىدىرىپ يۈرگەن
ئاشىق قىز . مەن يولۇڭغا ئۇنگەن بۇ تىكەندىن بەك ئەنسىرەيمەن
ئاداش . ئاڭلىسام ئۇ ئىككىسى بىر مەھەللىلىكمىشقۇ .

— ياق ، ئۇ دۆڭ مەھەللىدىنىكەن . ئىشقىلىپ شەھەردىن
دېگىنە . شۇڭا كىرىلىدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ پەرھات بىلەن راستىنلا
يۈرگەن ـ يۈرمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ . قاراشتا يۈرگەن-
دەك ، بىراق بەزى ئىشلىرىدىن پەرھاتنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمى-
گەندەك تۇرىدىكەن . نېمىگە ئۇنداق دەيسەن دەپ ئويلايسەن تايىن-
لىق ، قارىمامسەن ، پەرھات سىنىپقا سۆرىسە دىلبەر تالاغا سۆرەي-
دۇ ، مۇنداق مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى چىقىدۇ دەمسەن ، مېنىڭ
بىلىشىمچە دىلبەرنىڭ ئاپىسى بىلەن پەرھاتنىڭ ئاپىسى
بېرىش ـ كېلىشى بار دوستلاردىن بولسا كېرەك . شۇڭا يېقىن
ئۆتىشىدىغۇ .

— ۋايىتاڭ ، دىلبەر پەرھاتقا بەكلا چاپلىشىۋېلىۋاتىدۇ .
ئۇنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىدىن ھەزەر ئەيلە ، دوستۇم . چۈنكى ئۇلار

بىر يۇرتلۇق ، مانا مۇشۇ ساڭا پايدىسىز ئامىل .
گۈلبوستان ئويلىنىپ قالدى . دېمىسىمۇ ئۇ مۇھەببەتتە دىل-
بەر بىلەن مارافونچە يۈگۈرۈشكە چۈشكەنلىكىنى ، بۇ يۈگۈرۈشتە
كىمنىڭ ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمايدۇ . شۇنداقتىمۇ
ئۇ ئۆزىنى يىپسىز باغلىۋالغىنى پەرھاتنىڭ ئوچۇق ــ يورۇق-
لۇقى ، بارلىق غۇلجىلىقلارغا خاس ئەركىن پىكىر قىلىشى ،
شۇنداقلا قىزىقچىلىقى ، سورۇنلاردىكى ھەممىنى تېلىقتۇرۇۋېتە-
لەيدىغان يۇمۇر ــ لەتىپىلىرى ، شېئىر يېزىشتىكى يېتىلىۋاتقان
تالانتى ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر ئۇششاق ھەرىكەتلىرى-
گىچە گۈلبوستاننىڭ مەيلىنى رام قىلغۇدەك خىسلەتلەر بار
ئىدى . شۇڭا ئۇ پەرھاتقا باغلىنىپ قالغان قىزلىق رايىنى قايتۇ-
رۇشقا ئامالسىز . ئاپپەرىنىڭ يوشۇرۇن كۆيۈش ئازاب دېگەنلىرى
ئاساسسىز گەپلەر ئەمەس . چۈنكى ئۇ دىلبەر بىلەن پەرھاتنىڭ
ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىشنىڭ ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ
تۇرسىمۇ يەنىلا پەرھاتقا ئاشىقى نەزەر بىلەن قاراپ قالىدىغانلىقى-
نى ھېچكىمگە دېيەلمەيدۇ . چۈنكى ئۇ قول يەتمەيدىغان بىر شاپ-
تۇلغا قول ئۇزىتىۋاتقانلىقىنى ، بۇنىڭ بىر قۇرۇق ئاۋارىگەرچى-
لىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ . لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجا-
يىپ بىر تۇيغۇ ھۆكۈمران . ئۇ بولسىمۇ پەرھات بىلەن دىلبەرنىڭ
ھازىرقى مۇناسىۋىتى . ئۇ بۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنى تازا
پىشىپ يېتىلمىگەن بىر خىل ئىنتىلىش دەپ قارايتتى . چۈنكى
دىلبەر ھە دېسىلا پەرھاتقا چاپلىشىۋېلىپ ئۇنى بىزار قىلىۋېتىدى-
غان قىزلار تىپىدىن ئىدى .
گۈلبوستاننىڭ قارىشىچە ، مۇنداق بىر تەرەپنىڭ قىزغىنلى-
قىدىن پەيدا بولغان مۇھەببەت خۇددى قۇمدا قورغان سالغاندەكلا
ئۇلى بوش بولۇپ قالاتتى . شۇڭا گۈلبوستان پەرھات بىلەن
دىلبەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ
تۇراتتى . ئۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر خىل ساختا كۆرۈنۈش

دەپ پەرەز قىلاتتى . دىلبەرنىڭ پات ـ پات خۇيلىنىپ دومسىيىشلىرى ، دەرستىن سىرتقى ئىختىيارىي ئۆگىنىش ۋاقىتلىرىدا پەرهاتنى سىرتقا سۆرەشلىرى ، پەرهات كونسپېكت يازىمەن ياكى شېئىر يازىمەن دەپ قالسا ئۇنىڭ باتناپ ئولتۇرۇۋېلىشلىرى گۈلبوستاننىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلار . بۇنداق چاغلاردا ئۇ پەرهاتنىڭ ئۇنى سىلكىپ تاشلىشىنى ، تىللاپ سىنىپتىن چىقىرىۋېتىشلىرىنى تىلەپ ئولتۇرىدۇ . بۇنداق چاغلاردا پەرهات ھەقىقەتەن گۈلبوستاننىڭ ئويلىغانلىرىنى بىلىۋالغاندەك ئۇنى سىلكىيدۇ . ئۆگىنىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۇنى جىملەيدۇ . لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر قىزىرىپ ، تاتىرىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن دىلبەرنى يەنىلا بەزلەشكە كىرىشىدۇ . ئۆگىنىۋاتقان دەرسىنى ، يېزىۋاتقان كونسپېكلارنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سىنىپتىن چىقىپ كېتىدۇ . مانا شۇ چاغلاردا پەرهات ئۆز ئىشلىرىنى تەقىب ئاستىغا ئېلىۋاتقان بىر قىزنىڭ ئازابلىنىپ ئولتۇرغاندىلىقىنى ، ھەتتا ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۆزىگە لىققىدە كەلگەن ياشنى سۈرتۈپ چەكسىز كەتكەن بىپايان چۆلدە چاڭقىغان يولۇچىدەك ئارامسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ . ئۇ ئۆز خىيالىدا پەرهاتقا ئاچچىقلايدۇ . ئۇنىڭ دىلبەرنى غەزەپ بىلەن سىلكىگەن ئاشۇ چاغلاردىكى قەيسەرلىكى بىلەن ئۇنى بەزلىگەندىكى بوشاڭلىقىدىن قايسىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۆز خاراكتېرى ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمەي قالىدۇ . شۇڭا ئۇ دىلبەرگە ئۆچ . ئۇ گەرچە ئۆزى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ياتاقتا بولسىمۇ گۈلبۇستان بىلەن قېرىشقاندەك ئۇلارنىڭ ياتىقىغا كۆچۈپ كىرىۋالدى . بەلكىم ئۇ گۈلبوستاننىڭ پەرهاتقا ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن گۈلبوستاننى تېرىكتۈرۈش يولىنى تاللىغاندۇ . لېكىن ئۇ گۈلبوستاننىڭ ئىچ مىجەز خاراكتېرىدىن ئۆزىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان بۇ قىزنىڭ خۇددى كالا هارۋىسىدا توشقان تۇتۇشقا ئاتلانغان سەۋرچان ئوۋچىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدى . شۇڭا ئۇ

مۇشۇ ياتاقتا كۆچۈپ كىرگىنىنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىق ئەمەس،
بەلكى يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدانلا چۈشىنىپ قال-
دى. چۈنكى پەرھات ئۆز سىنىپىدىكى قىز ساۋاقداشلىرى ئارد-
ىسىدا ئۆز غۇرۇرىنى قوغداشنى بىلىدىغان بولغاچقا دىلبەرنىڭ
بەزى يولسىز تەلەپلىرىنى قىزلارنىڭ كۆزىچە رەت قىلاتتى. بۇن-
داق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالغانلىقىنى سېزىپ ئىنتايىن ئارامسىزلىناتتى، قىزلارنىڭ
گەرچە ئاڭلىماسقا سېلىپ ئولتۇرۇۋالغاندەك قىلغان بىلەن ئۆزد-
ىنىڭ بۇ ھالىتىنى تەقىب ئاستىغا ئېلىۋاتقان بىر قىزنىڭ بارلىقد-
ىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمايتتى.
گۈلبوستان ئەنە شۇنداق خىيالدا ئولتۇرىدىغان قىز ئىدى.
ئۇ پەرھاتنىڭ دىلبەرنى ئاشۇ سىلكىشىدە بىراقلا ئۇنىڭغا قارىماي
قويۇشىنى تىلەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىدا دىلبەر مەكتەپنى
ئەپلەپ - سەپلەپ پۈتتۈرۈۋالغىلى كەلگەن بىر قىزدەك تەسىرات
بېرەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆگىنىشكە نىسبەتەن قىزغىند-
ىلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرھاتنىڭ ھامىنى دىلبەر-
نى تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى، ئۇنى ھازىر پەقەت بىر يۈرتلۇق بولغان-
لىقى، ئۇقۇشمايلا يۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈنلا ھە دەپ قويۇۋاتقان-
لىقىنى بىلىپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ پەرھاتنى يا ئۆگىنىش قىلغد-
لى، يا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغىلى يول قويمىسا ئۇنى قانداق-
مۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگىلى بولسۇن. ئابدۇسالام،
پەرھاتلار بولسا گويا ئۆگىنىشكىلا يارالغان كەلگۈسىنىڭ ئالىملد-
ىرى. ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى، يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىشى
ئۈچۈن پەقەت شوتا بولۇپ بېرىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ پۇتىدىن
تارتىدىغان لامزەللىلەردىن بولماسلىق كېرەكقۇ ئاخىر.
گۈلبوستان شۇنداق تەسىراتلار ئىلكىدە تەۋرىنىپ تۇرىدىغان-
لىقى ئۈچۈنمىكىن دىلبەر بىلەن پەرھاتنىڭ مۇھەببىتىنى ئۇ گويا
شامالسىز تۇزلەڭلىكتىكى قامغاقتەك تەسەۋۋۇر قىلاتتى. بۇنداق

قامغاقنىڭ ئۆمرى چوقۇم كوتا بولۇپ قالاتتى . چۈنكى شامال چىقمايدىغان تۇزلەڭلىك بولمايتتى ، ئەلۋەتتە . ئەگەر دىلبەر پەر-ھاتتىن ئۇزۇلۇشۇپلا كەتسە ئۇ خاتىرجەم ھالدا پەرھاتنىڭ ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى . ئەگەر شۇنداق بولۇپلا قالسا ئۇ پەرھاتنىڭ ئۆگىنىشىگە ، ئىجادىيىتىگە ھەر تە-رەپتىن مەدەت بېرىدىغانلىقىنى ، مۆرتى كەلسە پەرھاتتىن شېئىر يېزىشنى ئۆگىنىپ ، ئۇنىڭ بىلەن قوشماق شائىر ـ شائىرە بولۇش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنىمۇ ئۆزىگە ئەھدە قىلغانىدى . ئۇنىڭ بۇ سىرىنى ئايپەرىدىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايتتى . ياتاقداش-لىرىنىڭ قارىشىدا گۈلبوستان ئۆز يۈرتلۇقى قۇدرەت بىلەن يۇ-رۇپ قالىدىغاندەكلا بىلىنەتتى .

— ئاۋۇ تارتىنچاق يۇرتلۇقۇڭنىڭ كىرىنىمۇ يۇيۇپ بەرسەڭ بولامدۇ ، گۈلبوستان ، — دېيىشەتتى قىزلار ئۇ كىر يۇيۇشقا ئولتۇرغاندا چاقچاق قىلىپ ، — قارىغىنە ، ئۇ ساڭا كۆرسىتىپ ئولتۇرۇپ كىر يۇيغىلى تۇرۇپتۇ .

— قويۇڭلارچۇ شۇ مۆرىمەسنىڭ گېپىنى ،— دەيتتى گۈل-بوستان ئوغۇللار ياتىقى تەرەپكە قاراپ قويۇپ ،— ئۇ ھېچكىمگە يا ياخشىلىق ، يا يامانلىق قىلىشنى بىلمەي جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئادەم .

— سەنمۇ ئۇنچىۋالا شوخلاردىن ئەمەسقۇ .

— شۇ ئەمەسمۇ ، ئىككىمىز تېپىشىپ قالساق ئىككى مۆرد-مەس بىر بوپتۇ ، قۇلاقلىرى دىڭ بوپتۇ دەپ ئولتۇرساق بولماس جاھاندا .

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە ، ئۇ ساڭا ئۆلگۈدەك ئاشىق جۇمۇ ، — دېدى دىلبەر گەپ پۇرسىتى كەلگەنلىكىدىن شادلى-نىپ ،— بىر يۇرتلۇق دېگەننىڭ يىلتىزى بىر بولىدۇ جۇمۇ . بىر ـ بىرىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكىنى كۆتۈرۈشتە يەنىلا بىر يۇرتلۇق بولغانغا يەتمەيدۇ . «قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگەندەك

ئېگىز شاخقا ئېسىلغانىنىڭ پايدىسى يوق .

— مەن ئوقۇغىلى ، بىلىم ئالغىلى كەلگەن ، — دەيتتى گۈلبوستان دىلبەرنىڭ بۇ ئاچىماق گەپلىرىدىن جىلە بولۇپ ، — مۇھەببەت دېگەن يولىدا بولۇشى كېرەك . ئوقۇش پۈتكۈچە كۆرد-مىزغۇ تېخى ، ئاچچىق شاپتۇلغا تەم كىرەمدۇ ياكى كىرمەمدۇ دېگەنلەرنى .

— كۆرىمىز تېخى ، خىلىڭ ، — دىلبەر دىمىغىنى قاققىنىچە چىقىپ كەتتى . گۈلبوستان بىلەن ئايپەرى يوشۇرۇن كۆز ئۇرۇ-شۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇشاتتى . لېكىن گۈلبوستان دىلبەرنىڭ «بىر يۇرتلۇق دېگەنىنىڭ يىلتىزى بىر بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى دەڭسەپ كۆرمەكچى بولغاندەك جىممىدە ئولتۇرۇپ كېتەتتى . چۈنكى ئۇ راستتىنلا قۇدرەتنىڭ ئۆزىگە ئاجايىپ بىر خىل تەقەززالىق ئىلكىدە قارايدىغانلىقىنى ، لېكىن كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاندا بولسا بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كې-تىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۇياتچان قىزلاردەك قىلى-دىغان گېپىنى تاپالماي دۇدۇقلاشلىرى گۈلبوستاننىڭ كۈلكىسى-نى قوزغايدىغان ئىشلار ئىدى ، خالاس .

— كىر يۇيۇۋاتامسىلەر ؟ !

ئۆز خىياللىرىغا ئەمەك بولۇپ يۇيۇۋاتقان كىرلىرىنىمۇ ئۇن-تۇپ ئولتۇرۇپ كەتكەن بۇ ئىككى خىيالچان قىز دىڭڭىدە چۆچۈپ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قارىدى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا سىنىپتى-كى ئەڭ كىچىك ، ئەڭ پاكار ساۋاقدىشى مەتسالىھ مۇھەممەتنىياز خۇددى ئەمدىلا غوزىكى يېرىلغان كېۋەز شادىسىدەك ھىڭگىيىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ قولتۇقىدا لۆڭگىگە ئورالغان كىر كىيىملەر مانا مەن دەپلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى .

— ھە ، كىر يۇيۇۋاتىمىز ، بىزدىن كىر يۇيۇشنى ئۆگەنگىلى كەلگەن ئوخشىمامسەن شوركا ، — دېدى ئايپەرى داستىكى كۆڭ-لەكنى ئېلىپ سىقىۋېتىپ ، — ئاشۇ دىقماق قوللىرىڭ بىلەن

قانداقمۇ كىر يۇيارسەن بىچارە .

— موللا تاپقاق ۋۇيۇلۇك خەلپەتتەكلا كالللىڭىز بار جۇمۇ سىزنىڭ ئەينا ، — دېدى مەتسالىھ مۇھەممەتنىياز ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئاكاتسىيە دەرىخىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ، — دېرىزىدىن قاراسام سىنىپىمىزدىكى لىپي فېڭدىن ئۆگىنىۋاتقان ئىككى قىز بەزىبىر ئوغۇل ساۋاقداشلارنىڭ كىرىنى يۇيغىلى تۇرۇپتىكەن . زادىلا چىدىيالماي قالدىم . بۇ قانداق دېگەن گەپ ، مەن دېگەن سىنىپتىكى ئەڭ كىچىك بىر ئارزۇلۇق ئوقۇغۇچى تۇرسام ئۇلار مېنىڭ كىرىمنى يۇيماي باشقا بالىلارنىڭكىنى تالىشىپ يۇيۇپ كەتكىنى نېمىسى دەپ ئالدىڭلارغا كەپقالدىم . ئەسلىچۇ مېنىڭ كىرىمنى يۇيغان قىز ساۋابىنىڭ ھۆددەس چوڭىنى ئالىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ سىلەر كىرىنى يۇيۇۋاتقان ئاشۇ ساۋاقداشلارغا ئوخشاشلا ساۋاقداش ئەينا ، شۇنداق بولغاندىكىن مۇشۇ ئىككى تال ئىشتاننى شارتتىدىلا يۇيۇۋېتىدۇ دەپلا ئەكەلدىمغۇ . قېنى ، ئىككىڭلاردىن قايسىڭلار بەكرەك ھايات لىپي فېڭ .

— ۋۇ ئۆلمىگۇر شوركا ، — ئايپەرى داستىكى سۇدىن ئوچۇملاپ ئېلىپ ئۇنىڭغا چاچتى ، — كىچىككىنە تۇرۇپ بىزنى مازاق قىلغۇدەك بولدۇڭما تېخى . كىمگە ئاپارساڭ ئاپار ئۇ يۇندىداڭنى ، بىزچۇ ، ھەرقايسىڭلارنىڭ مەدىكارى ئەمەس .

بىرىنچى قېتىملىق سۇ چېچىشتىلا ئۆزىنى دالدىغا ئالغان مەتسالىھ ئايپەرىنىڭ يەنە بىر قېتىم چاچقان سۇيىنى ھاۋاغا كەتكۈزۈپ كۇلۇپ كەتتى .

— گەپ جايىغا تەگدى ئەينا ، — دېدى مەتسالىھ ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ كەينىدىن چىقىپ ، — ئىشىك ھاللاڭ قالسا ھەممىنى كۆرگىلى بولىدۇ ئەمەسما .

— ئىشىك ھاللاڭ قالسا دېگەن قانداق گەپ ئۇ ، — دېدى ئايپەرى قايتىدىن ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ ، — ئادەم چۈشەنمەيدىغان گەپتىن بىرنى قىلدىڭا جاھىل خوتەنلىك .

— ئىشىك ئوچۇق قالدى دېگەن گەپقۇ ئەينا ، — دېدى مەتسالىھ ئەمدى ئۆزىگە قارىتىلغان ھۇجۇمنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ ،— ئۇقۇپ قويۇڭ ، بىزنىڭ يەرلىك تىلىمىزدا سىز چۈشەنمەيدىغان سۆزلەر بەك جىق . لېكىن ئۇلار بىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي تىللىرىمىزنى ساقلاپ قالغانلىقىمىزنى كۆرسىتىدۇ . ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تە تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن سۆزلەر بىزنىڭ ئۇدۇن ئېلىدە ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى بىزنىڭ يەرلىك شىۋىلىرىمىز ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . مەن مۇشۇ تېمىنى تۇتۇپ بىر پارچە ئىلمىي ماقالە يازايمىكىن دەيمەن . مەسىلەن :

يىگىتلەرگ ئىشلەتۇ ،
يىغاچ يىمىش ئىرغاتۇ .
قۇلان كىيىك ئوۋلاتۇ ،
بەزرام قىلىپ ئاۋنالىم .

— ماۋۇ شېئىرنىڭ مەنىسىنى مەن دېمىسەممۇ سىلەر بىلىسىلەر ، سايىتجان مۇئەللىم بىزگە بۇنى ئېزىپ ئىچۈرۈۋەتتى . بىزنى سىلەر ئىتۇ ، قىتۇ دەپ يېرىم - يارتا گەپ قىلىسىلەر دەيدىكەنسىلەر . قاراڭلار ، بىزنىڭ كىلاسسىك خەلق قوشاقلىرىمىزدا ئىتۇ ، قىتۇ دېگەن سۆزلەرنىڭ موللۇقىنى .

— بولدى ، گەپنى ئەگىتمەڭ ،— دېدى گۈلبوستان مەتسالىھنىڭ كۆڭۈلكىسىنى بېسىپ قويسا توختىماي سۆزلەۋېرىدىغان رادىئودەك چاڭىلداپ سۆزلىشىدىن تېرىكىپ ،— سىز بىزگە دەرس ئۆتكىلى كەلگەنمۇ يا كىيىم يۇيدۇرغىلىمۇ ؟ !

— بىزنىڭ دېكلاماتسىيە چېمپىيونىمىز ئايپەرىخان ، باياتىن مېنىڭ ئىككى تال سۆزۈمنى مەسخىرە قىلىۋىدى ، سۆزلەپ ساپتىمەن ،— دېدى مەتسالىھ قولتۇقىدىكى ئىككى شىمنى قولىغا

ئېلىپ تۇرۇپ ،— ھەرقاچان بايىقى ھەقسىز دەرسىنىڭ ھەققى ئۈچۈن مۇنۇنى ۋاچچىدە يۇيۇۋېتىسىلەرغۇ دەيمەن .

— بوپتۇ ،— دېدى گۈلبوستان مەتسالىھقا قاراپ ، — بىزگە ياخشىچاق بولىمەن دەپ تاققا ـ تۇقئا سۆزلەپ ئاغزىڭىزدىن كۆ-پۈكمۇ ئۆرلەپ كەتتى ئەينا . ئەكېلىڭ ، مەن يۇيۇپ بېرەي .

— دېمىدىممۇ ئەينا ،— دېدى مەتسالىھ قولىدىكى ھېلىقى بولاقنى گۈلبوستاننىڭ كىرلىرى ئارىسىغا تاشلاپ قويۇپ ، — يەنىلا بىزنىڭ گۈلبوستان رەھىمدىل ، ئاق كۆڭۈل ، تېخى خوتەن تەلەپپۇزىدىمۇ سۆزلەۋاتىدۇ ئەينا ، ئۇقۇپ قويۇڭ ئايپەرىخان ، ھايات لىبى فېڭ دېگەن ھەممە يەردە بار جۇمۇ .

— سەن شورىكىغىمۇ ئەمدى مىۆڭگۈز چىققىلى تۇرۇپتۇ ھە ، — دېدى ئايپەرى قولىدىكى كۆڭلەكنى سىقىپ ئولتۇ-رۇپ ، — ھېلىقى مەكتەپكە يېڭى كەلگەن چېغىڭدىكى بىچارە ھالىتىڭدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ . ئۇنتۇپ قالما ، دەرۋازىۋەن «ماڭ ، ماڭ ، بۇ سەندەك كىچىك بالىلار ئويناپدىغان خامان ئەمەس » دەپ دەرۋازىدىن كىرگۈزمىسە مىشىلداپ يىغلاپ كەتكەن شورىكا سەن جۇمۇ .

— ھازىر ئۇ دەرۋازىۋەن بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالدۇق ،— دېدى مەتسالىھ بېشىدىكى كۆك خادانى شەپكىسىنى سەل كەينىگە سۈرۈپ تۇرۇپ ،— دەرۋازىدىن كىرىپ ـ چىقسام ماڭا ئىلتىپات كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . تېخى ئورنۇندۇق ئاپچىقىپ ماۋۇ يەردە بىر-دەم ئولتۇرۇۋالسىلا ، ئارام ئېلىۋالسىلا دەپ كېتىدۇ .

— ئېلىشمىغىچە تېپىشماس دېگەن شۇ ،— دېدى ئايپەرى ئورنىدىن تۇرۇپ ھېلىلا سىقىلغان كۆڭلەكنى سىلكىپ تۇرۇپ ،— گەپنى ئەپقاچما شورىكا ، پەرھاتنىڭ چاپىنىنى كۆتۈ-رۇپ يۈرۈپ خېلىلا پوچى بولۇپ قاپسەن . لېكىن مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي ، كىرىڭنى بىز بىكارغىلا يۇيساق بولمايدۇ . ھېچبول-مىسا كىنوغا بولسىمۇ ئاچىقىشىڭ كېرەك .

— چاتاق يوق ،— دېدى مەتسالىھ خۇددى بۇيرۇق تاپشۇرۇ-
ۋالغان ئەسكەردەك ئىككى پۇتىنى جۇپلەپ ئوڭ قولىنى چېكىسىگە
ئاپىرىپ چاس بەرگەن هالدا ،— گۇلبوستان چىقمەن دېسە بۇ-
گۇنلا ئاچىقاي .

— گۇلبوستاننى يالغۇز ئاچىقامتىڭ شوركا ،— دېدى ئايپە-
رى قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ،— مېنىمۇ ئاچىقىسەن . قانداق ،
يا يانچۇقۇڭ قۇرۇپ قالدىمۇ ؟

— يانچۇق قۇرۇقمۇ ئەمەس ،— دېدى مەتسالىھ مەيدە يانچۇ-
قىنى ئۇرۇپ قويۇپ ،— ئەمىسە گېپىمىز گەپ جۇمۇ . كەچلىك
تاماقتىن كېيىن سىلەرنى بازارغا كىنوغا ئاچىقاي .

— بولدى قىلايلىچۇ ،— دېدى گۇلبوستان ئايپەردىگە
قاراپ ،— مەتسالىھنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى يار بويىغا
قىستىغاندەك ئىش قىلساق قانداق بولىدۇ .

— يوق دېگەندىمۇ بىرەر كوي پۇلى باردۇ بۇ شوركى-
نىڭ ،— دېدى ئايپەرى مەتسالىھقا قاراپ ،— هە ، پۇلۇڭ بولمىسا
ئەركەكچىلىك قىلدىم دەپ مەيدەڭگە مۇشتلىما جۇمۇ .

— پۇل بار ، گۇلبوستان ، — دېدى مەتسالىھ كۆڭلىكىنىڭ
مەيدە يانچۇقىدىن پۇلنى چىقىرىپ ، — مانا ، ئۇچ كويدىن ئوشۇق
پۇلۇم بار . كىنو دېگەنگە ئاران تۆت ـ بەش مو پۇل كېتىدۇ .
گازىر ئالسام بەك خەجلىسەڭلار بىر كوي خەجلەيسىلەر شۇ .

— بوپتۇ ، — دېدى ئايپەرى گۇلبوستاننىڭ بىلىكىدىن
چىمدىپ تۇرۇپ ، — مۇشۇ شوركىنىڭ كۆڭلىنى قىلىپ كىنوغا
بىللە چىقايلى . ئۇكىمىزنى كىنوغا ئاچىققاندەك بولۇپ قالارمىز .

— گېپىمىز گەپ ئەمىسە ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن كۆرۈ-
شەيلى ، — مەتسالىھ دېقماق گەۋدىسىنى غەلىتە مىدىرلىتىپ
ئۆزىنىڭ خۇشلۇقىنى ئىپادىلىگەندەك ئورنىدا بىر قېتىم سەكرەپ
قويدى ـ دە ، خۇددى توشقاندەك سەكرەپ كېتىپ قالدى . تولۇق-
سىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك ئىككى يانغا سەكرەپ

www.uyghurkitap.com

مېڭىشلىرى، كېتىۋېتىپ سەكرەپ دەرەخ شاخلىرىنى تۇتۇپ قويۇشلىرى ئۇنىڭ بالىلىق بىلەن تېخى تولۇق خوشلاشمىغان تەبىئىتىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ئالىي مەكتەپتە مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئوقۇسا بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى گۈلبوستان مەتسالىھنىڭ بالىلارچە شوخلۇق بىلەن كېتىۋاتقان تۇرقىغا ھەۋەسلىنىپ قارىغان ھالدا ئېغىر ئۇھسىنىپ، — قارا ئۇنىڭ تۇرقىغا، شۇنچە بىغەم، شۇنچە شوخ. بۇ شوركا ئالىي مەكتەپنى يىگىرمە بىر يېشىدىلا پۈتتۈرىدىكەن. شۇڭا كاللىسىمۇ ئوچۇق، ئۇنىڭدا پەقەت ئۆگىنىشتىن باشقا خىيالمۇ يوق. قانداق بولۇپ ئون ئالتە ياشتىلا ئالىي مەكتەپكە كېلەلىگەندۇ بۇ شوركا.

— ياخشى ئوقۇغانلارنى سىنىپ ئاتلىتىدىغان ئىش بار ئەمەسمىدى، — دېدى ئايپەرى گۈلبوستانغا قاراپ، — بۇ باشلانغۇچتا بىر قېتىم سىنىپ ئاتلىغانىكەن.

— بۇ يەردىمۇ ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ. قارا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭلۇقىنى، «دىۋان لۇغەتىتت تۈرك»تىكى سۆزلەرنى تەھلىل قىلىپ ئىلمىي ماقالە يازايمىكىن دەيدۇ تېخى، — دېدى گۈلبوستان ھەيرانلىقىنى ئىپادىلىگەندەك مەتسالىھ كىرىپ كەتكەن ئوغۇللار ياتاق بىناسىنى شەرەتلەپ تۇرۇپ.

— كاللىسى سازدە بۇ شوركىنىڭ، — دېدى ئايپەرى كىر دېسىغا سۇ قۇيۇۋېتىپ، — ئۇ ھازىر مۇھەببەتنىڭ سوقمىقىغا كىرىپ قالىدىغان ياشتا ئەمەس، شۇڭا نىمە قىلسا يارىشىدۇ ئۇنىڭغا. مەنمۇ ئويلاپ قالىمەن. بىزمۇ ئوقۇغىلى كەلگەندىكىن كاللىمىزدىن بەزىبىر ناشايىن خىياللارنى چىقىرىپ تاشلاپ ياخشى ئۆگەنسەك بولىدىغۇ. قارىغىنە، ئابدۇسالام بىلەن پەرھات نىمە قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ۋاقىتلىرىنى تۇجۇپىلەپ تەقسىم قىلىۋالغان، ئاشۇ تەرتىپ بويىچە ئۆگىنىۋاتىدۇ، ئىجاد قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىزمۇ ئەنە شۇنداق قىلساق، مەسىلەن، مۇھەببەت دېگەن ئاتالغۇ-

نى كاللىمىزدىن سىقىپ چىقىرىپ تاشلاپ پۈتۈن زېھنىمىزنى ئۆگىنىشكە قاراتساق نېمىشقا بولمايدىكەن ئاداش.

— ئاغزىڭدا شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭ نەلەردە پالاس قاقىدۇ، ئاداش، — دېدى گۈلبوستان داستىكى كىرنى خۇشياق-ماسلىق بىلەن مىجىقلاپ ئولتۇرۇپ، — قىز بالىغا ئېغىر كەن ئاداش. بولۇپمۇ بويىغا يېتىپ خىيال كىرگەندە.

— پەرھاتنىڭ خىيالى سېنى مۇشۇنداق قىلىۋەتتىغۇ ئاداش، — دېدى ئايپەرى ئۇنىڭ بىردىنلا مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ دوستىغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا، — «سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن گەپ بار دوستۇم. ئۆزۈڭنى مۇنداق تاشلاپلىۋەتمە. چوقۇم مۇرادىڭغا يېتىسەن ئاداش.

— ۋاي بولدىلا، ئۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايلى، تېزرەك كىرلىرىمىزنى يۇيۇپ تەييارلىق قىلايلى. ھېلى شوركا يېتىپ كېلىدۇ. بىكاردىن بىكار ئۇنىڭغا زىيان سالدۇق ئاداش. ئۇنىڭ ئۆيىدە قىيىنچىلىق بار دەيدۇ. بولمىسا كىنونىڭ پۇلىنى مەن تۆلىۋېتەي.

— ۋاي ئاق كۆڭۈل قېرىندىشىمەي، — دېدى ئايپەرى ئۇنىڭ مەڭزىنى يېنىك چىمدىپ دوستلۇقىنى ئىپادىلىگەن ھالدا، — كۆڭلۈڭنىڭ يۇمشاقلىقىدىن زىيان تارتىسەنغۇ، مانا ئۇنىسىز ياش تۆكۈپ ئولتۇرغىنىڭنى پەرھات بىلسە كاشكى.

— ۋاي قويغىنە شۇ گەپلەرنى، — دېدى گۈلبوستان تېرد-كىپ، — ئاغزىڭدىن مۇشۇنىڭدىن باشقا گەپ چىقمامدۇ زادى...

— ۋاي قارىغىنە، — دېدى ئايپەرى ئۇنى نوقۇپ گەپتىن توختىتىپ، — «جىنىنىڭ گېپىنى قىلساڭ جىن كېلىدۇ» دېگەندەك پەرھات كېلىۋاتىدۇ.

گۈلبوستان ئايپەرى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. دېگەندەك پەرھات كۇتۇپخانا تەرەپتىن ئوغۇللار ياتىقى تەرەپكە قاراپ كېتىد-

ۋاتاتتى . قولىدىكى كىتابنى ۋاراقلاپ ئوقۇپ ماڭغان پەرھات بەكمۇ ئاستا، قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئىككى جۈپ كۆزنىڭ ئۆزىنى تەقىب ئاستىغا ئېلىۋاتقانلىقىنىمۇ، ۋالىبول مەيدانىدىكى قىيقاس - سۈرەنلىك ۋالىبول مۇسابىقىسىنىمۇ، ئالمىلىق باغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان گىتار ئاۋازىنىمۇ، قىزلار ياتاق بىناسى ئالدىدىكى قىزلارنىڭ تەرەپ - تەرەپكە تارتىۋېتىلگەن سىملارغا خۇددى يەرمەنكە مەيدا-نىغا ئېسىلغان ئالا - يېشىل رەختلەردەك تۈيغۇ بېرىدىغان يوتقان كىرلىكلىرى، ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەر ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىر يۇيۇۋاتقان قىزلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرىمۇ ئۇنى قولىدىكى كىتاب مېھرىدىن كەچتۇرەلمىگەنىدى .

— ئاجايىپ تىرىشچان بالا جۇمۇ ئۇ، — دېدى ئايپەرى پەرھات كېلىۋاتقان تەرەپنى تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ شەرەت-لەپ، — مانا مۇشۇنداق بىر ئوقۇغۇچىنى دىلبەر دېگەن ئابرۇيپە-رەس نابۇت قىلىۋېتىدىغان بولدى - دە . ھەي، تەڭشەلمىگەن جاھان، «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق» دېگەن مۇشۇدە .

گۈلبوستان ئايپەرىنىڭ ئىلمەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئانچە ئېپادە بىلدۈرۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈن پەرھاتنىڭ قانداقلارچە ئۆزى يالغۇز كۇتۇپخانىدا ئولتۇرغانلىقىنى چۈشىنەل-مىدى . چۈنكى دىلبەر ئەتىگەن ياسىنىپ - تارىنىپ ماڭغاندىلا پەرھات بىلەن يەنە بازارغا ماڭدى دەپ پەرەز قىلغانىدى . ئەمدى قانداقلارچە پەرھات يالغۇز قالغاندۇ . دىلبەر نەگە كەتكەندۇ زادى . گۈلبوستان مۇشۇ خىياللار بىلەن ئولتۇرغىنىدا تامغىنىڭ قو-رۇپ، يۈزىنىڭ قىزىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئاھ، يوشۇ-رۇن كۆيۈش ئازاب . سېنىڭ سېھرىي كۈچۈڭ نېمىدېگەن روشەن ھە . سېنىڭ ئازابىڭدەك ئازاب، سېنىڭ ۋەسلىڭدەك ئۇزۇن سە-پەر بارمىدۇ زادى جاھاندا .

گۈلبوستاننىڭ پەرھاتنى كۆرۈشى بىلەنلا قوللىرىنىڭ ئىش-تىن توختاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئايپەرى ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ چەكسىزلىكىگە يېيىلغانلىقىنى، ئەمەدى ئۇ ئاشۇ چەكسىزلىك ئىچىدىن بىرەر يول تاپالماي تۇرۇۋاتقان سەييياھتەك تېڭىرقاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

«ھەي،— دەپ پىچىرلىغىنىچە بېشىنى چايقىدى ئايپە-رى،— سەن تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدىڭ دوستۇم، ئەسلى بۇ يولدا ماڭماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. ئەمدى نېمە كۈنلەرنى كۆرەر-سەن» ئايپەرى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئورنىدا جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كىر يۇيۇشتىن توختاپ دوستىنىڭ خىيال-لىرىغا ھالاقىت بەرمەسلىككە تىرىشماقتا ئىدى.

## ئون بەشىنچى باب ئۇ نېمىگە قارايدۇ؟!

«كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

1979 - يىلى 10 - ئۆكتەبىر. بۈگۈن كېچە مېنىڭ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. چۈنكى ئادەم شادلانسا، قايغۇرسا، ھەتتا يىغلىسىمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي قالىدىغان گەپكەن. ئويلاپ باقسام مۇشۇنداق بىر كېچە ئۇخلىماي خىيال سۈرۈپ ياتقان چاغلىرىم ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقىسى بەكلا ئالاھىدە بولدى. چۈنكى ماڭا بۈگۈن ۋىلايەتلىك ئەدەبىياتچىلار بىرلەشمىسى ئىشخانىسىدىن بىر تەكلىپنامە كەلگەنىدى. بۇ تەكلىپنامىدە ئەتە چۈشتىن كېيىن مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىشىم تەۋسىيە قىلىنغانىدى. پەرھاتتىن ئاڭلىشىمچە، بۇ مۇھاكىمە يىغىنىغا مەكتىپىمىزدىن سايىتجان ھوشۇر قاتارلىق بەش ئوقۇتقۇچى بىلەن بىزگە ئوخشاش ئەمدىلا تەمتىلەپ مېڭىشنى ئۆگەنگەن يەتتە نەپەر ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارىغا تەكلىپ كەلگەنكەن. مەن بۇ ئىشقا بىر تەرەپتىن ھاياجانلانسام، يەنە بىر تەرەپتىن خىجىل بولماقتىمەن. مەن قانچىلىك ئەسەر يازغىنىمغا بۇنچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدۇم زادى. ئاران ئاشۇ ئىككى پارچە شېئىر بىلەن ئاشۇ ژۇرنال بېتىدە ئۈچ بەت كەلگەن ھېكايەم ئۈچۈنمۇ؟ بۇلارنى ئويلىسام يۈزۈم ئوت بولۇپ ياناتتى. لېكىن ئاشۇ دەقىقىلەرنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى، مەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان تېخى ئۆزىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن يازغۇچى - شائىر-

لار بىلەن تېزرەك ئۆچرىشىشنى ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلە-رىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم .

مەن مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۇستازىم سايىتجان ھوشۇرنى ، ئۇنىڭ ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجرىنى ئويلاپ قېلىۋاتىمەن . دوستۇم پەرھات-نىڭ كەينىگە كىرىپ بارماق ۋەزنىدىكى شېئىردىن بىر نەچچىنى يازغان بىلەن ئۇنى بىرەر گېزىت ـ ژۇرنالغا يارىغىدەك بىرەر نەرسە قىلىشتا تازا قىينالغانىدىم . ئۇستازىم سايىتجان ھوشۇرمۇ مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرغان بىلەن شېئىردىكى يېتەرسىزلىكىمە-نى تۈزىتىشكە ئىلاجسىز ئىدى . چۈنكى ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن بىلەن تالانتنى يېتىلدۈرۈشكە ھېچكىم ياردەم بېرەل-مەيتتى ، دېمەك مەن شېئىردا روناق تاپالمايدىغاندەك تۇراتتىم ، ئەگەر ئاشۇ كۈنى سايىتجان مۇئەللىم مېنىڭ خاتىرە يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا كەينىمدىن كېلىپ مەندىن يوشۇرۇنچە يازغانلىرىمنى كۆرۈپ قالمىغان بولسا مەن ھازىرغىچە بارماق ساناپ قوشاق قوشۇپ يۈرىۋەرگەن بولاتتىممىكىن .

ئابدۇسالام مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا كەينىدىن بىرەرسى قاراپ تۇرغاندەك ، سايىتجان مۇئەللىم تۇيدۇرماي كې-لىپ ھېلىقى مۇھەببەتكە دائىر قۇر ـ ئابزاسلارنى ئوقۇپ قالغان-دەك بىر ھېسسىياتتا كېلىپ قالدى ـ دە ، خاتىرىنى ئېتىك يېپىپ ئەتراپىغا قارىدى . شۇ تاپ سىنىپتا پەقەت كۆزەينەكنى ئۇڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىدا پات ـ پات يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ئاخشام ياستۇقىغا قويۇپ يازغان شېئىرىنى قايتا پىششىق-لاپ ئىشلەۋاتقان پەرھات ، بۇگۈنكى كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن سۆزلەنگەن دەرسلىكنىڭ كونسپېكتىنى كۆچۈرۈپ يېزىۋاتقان ئاي-پەرى ، بۇلۇڭدىكى ئورۇندا مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ تېخى بايىلا سېتىۋالغان «قەشقەر ئەدەبىياتى»نى ئوقۇپ ئولتۇرغان مەتسالىھ شوركا . ئالدىدىكى ئورۇندا بېشىنى بىر يەرگە ئەكىلىۋېلىپ پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىپ ئولتۇرغان ئارزۇگۈل بىلەن ئىمانگۈل ،

بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ قانداقتۇر بىر ئىشلارنى پىلانلاپ ئولتۇ-
رۇشقان يارمۇھەممەت بىلەن بۇ سىنىپتىكى بىردىن ـ بىر قازاق
قىزى جەمىلەدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى .
ئالىي مەكتەپلەردە دەرستىن كېيىنكى ئىختىيارىي ئۆگىنىش
كۆپ ھاللاردا مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىدىغان بولغاچقا ، بولۇپمۇ
بەزى دەرسلىكلەرنى ئاساسەن يادلايدىغان بولغاچقا كۆپ قىسىم
باللار كىتاب ـ كونسپېكتلىرىنى كۆتۈرۈپ بىنا ئالدىدىكى ئالما-
لىق باغقا ياكى دەرۋازىدىن چىقىپ ئوڭغا قايرىلىپ كوندە سۇ
چېچىلىپ تۇرسىمۇ توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان يالغۇز ئاياغ يول بىلەن
تۇمەن دەرياسى بويىغا ھەمدە كۆنچىلەرنىڭ تېرە ئاشلاش ئۇچۇن
ياسىغەتكەن كۆلچەكلىرىگە ياندىشقان بېلىق كۆللىرى ئەتراپىغا
چىقىپ دەرس تەكرارلىشاتتى . سىنىپ باشلىقى ئەزىمەتمۇ كۆپ
ھاللاردا ئايخېنىمنى يېنىغا قىستۇرغان ھالدا مەكتەپ قورۇسى
ئىچىدىكى پۇتبول مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى سېمونت ئورۇندۇقلار-
دا ئۆزلىرى تىكىۋالغان ئەپلىك كۆرپىچەكلىرىنى ئاستىغا سېلىپ
تەكرارغا چۈشۈپ كېتەتتى . بۇنداق چاغلاردا پەرھات بىلەن ئابدۇ-
سالام جىمجىتلىقتا چوڭكەن سىنىپ ئىچىدە ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ
ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ، خاتىرە يېزىشلىرىنى قىلىۋالاتتى .
ئاشۇ كۈنى ئابدۇسالام چۈشتىن كېيىنكى ئۆگىنىش پەيتىدە
مۇشۇنداق يالغۇز قېلىپ تۇرمۇش خاتىرىسى يېزىۋاتاتتى ، سىنىپ-
تا بولسا بىرمۇ بالا قالمىغانىدى ، نەق شۇ چاغدا سايىتجان مۇئەل-
لىم تۇيۇقسىز ئۇنى چۆچۈتۈپ قويدى .
— نېمە يېزىۋاتىسىز ئابدۇسالام ؟— بۇ ئاۋاز پۇتۇن ۋۇجۇدى
بىلەن خاتىرە بەتلىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئابدۇسالامنى دىڭگىدە
چۆچۈتۈۋەتتى .
— ھېچ ... ھېچنېمە ... ،— ئابدۇسالام خاتىرىنى ئېتتىك
يېپىپ بېشىنى كۆتۈردى .
— تۇرمۇش خاتىرىسى ئوخشايدۇ ، ھە ،— دېدى سايىتجان

مۇئەللىم ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرۇۋېتىپ ، — مەن تېخى باياتىن سىزنى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چېغى دەپ بىر دەم يازغىنىڭىزغا قاراپ تۇرۇۋېتىمەن . لېكىن كېيىنرەك بۇ-نىڭ تۇرمۇش خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى ، بۇنىڭغا سىزنىڭ باشقىلار بىلىپ قالسا بولمايدىغان ياشلىق ھېسسىياتلىرىڭىز ، شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان كۆز - قاراشلىرىڭىز يېزىلىۋاتقانلى-قىنى بىلىپ ناھايىتى خىجىل بولدۇم ، مېنى كەچۈرۈڭ .

— ئۇنداق دېمىسىلە مۇئەللىم ، — دېدى ئابدۇسالام لىككى-دە ئورنىدىن تۇرۇپ ، — مەن قەتئىي خاپا بولمايمەن . مېنىڭچە ، سىر دېگەننى ھەرقانداق ئادەمدىن يوشۇرۇشقا بولسىمۇ ئۇستازدىن يوشۇرۇشقا بولمايدۇ ، مۇئەللىم .

— ياق ، خاتا سۆزلىدىڭىز ، — دېدى سايىتجان ھوشۇر ئاب-دۇسالامنى مۇرىسىدىن بېسىپ ئورنىغا قايتا ئولتۇرغۇزۇپ ، — ھەرقانداق بىر ياشنىڭ ، ھەتتا ئاتا - ئانىسىدىنمۇ سىر تۇتىدىغان مەخپىي كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى بولىدۇ . مۇشۇ سىرلارنى بەزىلەر مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش خاتىرىلىرىگە يېزىپ قالدۇرسا ، بەزىلەر ئۇنى تۇرمۇش خاتىرىسىگە ئەمەس ، بەلكى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا سىڭدۇرگەن ھالدا ئالەمدىن كېتىدۇ . بۇنى ئوبدان بىلىشىڭىز كېرەك . شۇڭا مەن سىزدىن كەچۈرۈم سوراۋا-تىمەن .

ئابدۇسالام مۇئەللىمنىڭ خۇددى دەرس مۇنبىرىدە تۇرۇپ كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن لېكسىيە سۆزلەۋاتقاندەك ناھايىتى ئەستا-يىدىل سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەندى . ئۇ شۇ تاپ سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئەمەس ، بەلكى تەلەپچان دادىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك خۇدۇكسىرەپ يەرگە قارىۋالدى .

— ئەجەب ياخشى ئادىتىڭىز باركەن ئابدۇسالام ، — دېدى سايىتجان ھوشۇر گەپنى باشقا ياققا يۆتكەپ ، — تۇرمۇش خاتىرى-سى يېزىشنى قاچاندىن باشلىغانتىڭىز ؟ !

— ئۇنتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىن باشلاپلا تۇرمۇش خاتىرىسى بىلەن كىتاب ئوقۇش خاتىرىسىنى يېزىپ كېلىۋاتىمەن .

— ئۇنداق بولسا ئون يىلدىن ئېشىپ قاپتۇ ـ دە ،— دېدى سايىتجان ھوشۇر ھەيران بولغان ھالدا ،— مەن ئەزىمەت بىلەن پەرھاتلاردىن سىزنىڭ يېزىغا چۈشكەن چاغلاردا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان . بەك جاپا تارتىپتىكەنسىز . بەلكىم ئاشۇ چاغلاردىمۇ خاتىرە يازدىڭىزغۇ دەيمەن .

— يازغانتىم مۇئەللىم ، — دېدى ئابدۇسالام ئاشۇ چاغلاردىكى خورلۇقلار ئېسىگە كېلىپ ، — ئۇ چاغلاردا پىغانىم ئۆرلەپ قالسىلا خاتىرە يېزىپ ئاشۇ پىغانلىرىمنى خاتىرە بېتىگە چۈشۈرۈپ سەم يېنىكلەپ قالاتتىم .

— يېزىقچىلىقنىڭ ھۆزۈرى دەل شۇ يەردە ئابدۇسالام ، — دېدى سايىتجان يىراقلارغا تىكىلگەن ھالدا ،— بۇ خۇددى يالغۇز ئولتۇرۇپ تازا بىر يىغلىۋالسا ئىچى بوشاپ قالغاندەكلا بىر ئىش . رۇخسەت قىلسىڭىز ئابدۇسالام ، مەن سىزنىڭ ئاشۇ چاغلاردا يېزىپ قالدۇرغان بىرەر كۈنلۈك خاتىرىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولارمۇ . چۈنكى مەنمۇ سىزگە ئوخشاش يېزىغا چېنىقىشقا چۈشكەن . گەرچە سىزدەك خورلانمىغان بولساممۇ جاپانى يەتكۈچە تارتقان ئادەممەن .

— بولىدۇ مۇئەللىم ، — دېدى ئابدۇسالام ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ كىتابلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويغان خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ تۇرۇپ ،— راستىنىلا سىلىدىن يوشۇرغىدەك سىرىم يوق مېنىڭ . مانا كۆرسىلە . بىر كۈنلۈكنى ئەمەس خاتىرىنى پۈتۈن ئوقۇپ چىقسىلىمۇ خاپا بولمايمەن مۇئەللىم .

— ياق ، ياق ، — دېدى سايىتجان ھوشۇر قىزىل كىلىيونكا تاشلىق بۇ خاتىرە دەپتەرنى ئابدۇسالامنىڭ ئالدىغا قايتا قويۇپ ،— ماڭا پەقەت سىز ئەڭ ئازابلانغان بىر كۈندە يازغان بىر

كۆڭلۈك خاتىرىڭىزنى كۆرۈشلا كۇپايە . چۈنكى مەن سىزنىڭ بايا يازغان خاتىرىڭىزدىكى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئېلىنىشىدىن سىزدە يېتىلىۋاتقان بىر بەدىئىي تالانتنى بايقاپ قالدىم . ئادەم خۇشاللانسا ، ھاياجانلانسا ياكى ناھايىتى قاتتىق خورلانسا شۇ چاغدا ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئادىمىيلىك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ چىقىدۇ . بۇنداق چاغلاردىكى ھېسسىياتنى پەقەت سىزگە ئوخشاش ئادەملەرلا خاتىرىگە ئېلىپ ئالالايدۇ .

ئابدۇسالام ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بۇ سەممىي سۆزلىرىدىن بەكمۇ تەسىرلەندى . راست دېگەندەك ئەگەردە ئۇستازى بۇ خاتىرىنى پۈتۈن ئوقۇپ چىقسا ھەقىقەتەن بەزى كۈندىكى خاتىرىلەرنى باشقىچە چۈشىنىپ قېلىشى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆمۈر مەنزىلىدىكى تۈنجى مۇھەببەتكە دائىر بەزى قالايمىقان بىلجىرلاشلارنىمۇ بىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . بۇنداق بولغاندا ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى پەدىشەپ بۇزۇلۇپ ئۇلار ئارىسىدا يوشۇرغىدەك مەخپىيەتلىكنىڭمۇ قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى . شۇڭا ئۇ كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا 1974 ـ يىلى قىش پەسلىدىكى بىر قېتىملىق ئۆز ئۇستازىغا ئۇچراپ قېلىش جەريانىدىكى دېلىغۇللۇق بىلەن ئۇستازىغا بولغان ئىخلاسى يېزىپ قالدۇرۇلغان جاينى ۋاراقلاپ ئاچتى ـ دە ، ئۇنى ئۇستازىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

— مۇشۇ جاينى ئوقۇسىلا مۇئەللىم ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇستازىغا تىكىلگەن ھالدا ، — مەن بۇ كۈندىكى خاتىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ يازغان .

سايىتجان ھوشۇر ئابدۇسالامنىڭ خاتىرىنى ئۆزىگە سۇنغاندا قوللىرىنىڭ يېتەرلىك تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى . شۇڭا ئۇ ئابدۇسالامدىن قايتا گەپ سوراپ ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە ، خاتىرىگە كۆز يۈگۈرتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 1974 ـ يىل 12 ـ دېكابىر كەچ سائەت 11

پۇتكۇل جاھان ئاجايىپ بىر مۇڭغا كۆمۈلگەندەك جىمىپلا كەتتى . بەلكىم ئۇلار مېنىڭ ئازاب ئىچىدە خاتىرە يېزىشقا تۇتۇن-غانلىقىمنى ھېس قىلىشۋاتقاندۇ . شۇ تاپ مەن خۇددى يۈرىكىمنى بىراۋلار ئامبۇر بىلەن قىسىپ تارتىشۋاتقاندەك ئازاب ئىچىدە تول-غىناماقتىمەن . چۈنكى مەن بۈگۈن ئۇستازىمغا ماڭا ئىككى يىل بولسىمۇ سىنىپ مەسئۇلى بولۇپ ئەدەبىياتنىڭ سىرلىق كوچىلى-رىغا باشلاپ كىرگەن ئۇستازىم ، خاتىرە يېزىشقا يېتەكلىگەن كۆيۈمچان يېتەكچىمگە يالغان سۆز قىلىپ ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدىم .

سەھەر ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سوغۇقى بىلەن بارچە جانلىقنى شۈمشەيتىۋەتكەن . كېچىچە ياغقان قار توختىغان بىلەن ئاسمان گۈمبىزى ئۇرۇشقاق خوتۇنلارنىڭ چىرايىدەك تاتىراڭغۇ ، كوند-رىغانلىقتىن مازلىرى كۆرۈنۈپ قالغان قولاقچامنىڭ ماڭا ئۇقتۇ-رۇپ تۇرۇۋاتقىنى يىڭنىدەك سانجىلىۋاتقان ئاچچىق سوغۇق ، ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋامنىڭ ئالدى پەشلىرى خۇددى ئىت تالىۋەتكەندەك يىرتىلغان ، ئۇ يەرگە ئەمدى ياماقمۇ تۇتماي-دۇ . كېچىچە ئوچاق ئالدىغا يېيىپ قويۇلغان پاختىلىق پايپىقىم-نىڭ تازا قۇرۇپ كەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىنمىكىن پۇتلىرىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەس . لېكىن مەن چوقۇم ئالدىمدا تارشىدەك قېتىپ كەتكەن ئوغۇت دۆۋىسىنى چاناپ كالا ھارۋامغا ئوغۇت قاچىلىشىم كېرەك . ئوقۇتقۇچىلار ئائىلىلىك قورۇسى ئەتراپىدىكى بۇ ئامما-ۋى ھاجەتخانىنىڭ ئوغۇتىنى توشۇش ئىشىنىڭ ماڭا يۈكلەنگەنلى-كى ئاشۇ ئابدۇلباست دېگەن ھېلىقى ئاۋاقنىڭ تاپقان ئەقلى . چۈنكى ئۇ مېنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىمنى ، مۇشۇ مەكتەپ ئەتراپىدا ئۇستازلىرىم ، شۇنداقلا دوستلىرىمنىڭ بارلىقىنى بىلى-دۇ . ئەنە شۇلارنىڭ ئالدىدا مېنى خىجالەتچىلىك پاتقىقىغا پاتۇ-رۇپ ئەينى دەۋردىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىنىڭ ھازىرقى چۈشكۈن

ھالىتىنى نامايىش قىلماقچى . لېكىن مەن قوْلاقچا ، جوْۋا ، پىي-
مىلارنىڭ ھىمايىسىدىن باشقا ماسكا تارتىۋېلىش ئارقىلىق ئۆزۈم-
نى ھېچكىمگە تونۇتۇپ قويماي ئوغۇت توشۇۋاتقىلى مانا ئۈچ يىل
بولدى ، لېكىن بۈگۈن قارا باسقاندەكلا...

— ۋاي سىز ئابدۇسالامغۇ ، — تۇيۇقسىز چىققان تونۇش
بىر ئاۋاز مېنى چۆچۈتتى . بېشىمنى كۆتۈردۈم ، ئالدىمدا سىنىپ
مەسئۇلىم مەريەم ئىمرۇللا يەنىلا بۇندىن نەچچە يىل بۇرۇنقى
ھېلىقى ئىللىق كۈلۈمسىرىشىدە ماڭا قاراپ تۇراتتى . يۈرىكىم
ھاياجان تەپتىدىن ئورنىدىن قوزغالدى . كۆزۈمگە ئىختىيارسىز
ياش كەلگەن بولسا كېرەك قارىچۇقلىرىم نەملەندى . «ھەئە ،
مەن» دەپ ئۆزۈمنى مۇئەللىمنىڭ قوينىغا تاشلاشقا تاس قالغانلى-
قىمنى بىلىپ تۇرسامۇ قەيەردىندۇر كېلىۋاتقان بىر خىل غايىۋى
ئاۋاز «ئۇستازىڭغا تونۇشلۇق بېرىپ ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بەرمە .
ئۇنىڭسىزمۇ ئۇستازىڭ سوۋېت رومانلىرىنى ئوقۇغان ، سوۋېت
شيۇجوْڭجۇيىچىلىرىغا باغلانغان ئۇنسۇر دەپ بېشىغا ئىككى مې-
تىرلىق قەغەز قالپاق كىيدۈرۈلۈپ سازايى قىلىنغان . ھازىر
دەرس ئۆتۈپ يۈرگەن بىلەن بېشىدا يەنىلا ئاشۇ قارا سايە ئەگىپ
يۈرمەكتە» دېگەننى ئۇقتۇرۇپ تونۇشلۇق بېرىشتىن توسماقتا
ئىدى .

— خاتا تونۇپ قاپلا ،— مەن ئىچىمدىن چىقىۋاتقان يىغىنى
مەجبۇرىي بېسىپ تۇرۇپ مۇشۇ گەپنى قىلغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن
بوغۇق ، خىرقىراق چىققان بۇ ئاۋازنىڭ مېنىڭ ئىكەنلىكىگە ئى-
شەنگۈم كەلمەي قالدى .

— ياق خاتا ئەمەس ، سىز ئابدۇسالام ، — ئۇستازىم ماڭا
يېقىنلاشتى ، — ماڭا تونۇشلۇق بېرىڭ ، ئابدۇسالام . ئۆزىڭىزنى
قىينىماڭ ، ماسكىنى ئېلىۋېتىڭە .

— خاتا تونۇپ قالىلا دېدىمغۇ ، — مەن قولۇمدىكى جوتۇنى
يانغا تاشلاپ بايىلا چاناپ بوشىتىپ قويغان ئوغۇتنى يوغان گۈر-
جەك بىلەن ھارۋىغا تاشلاشقا باشلىدىم .

— مۇنداقمۇ ئوخشىغان بارمۇ ھە ، — ئۇستازىم ئىككىلەندىگەن ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى . شۇ تاپتا مەن تېخى پىرىملاشمىغان ھارۋامنى ھەيدەپلا بۇ جايدىن كېتىپ قېلىشنى ئويلىدىمىۇ ، يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم . چۈنكى مەن كېتىپ قالسام ئۇستازىم ھەقىقىي گۇمان قىلىدۇ ـ دە ، قاتتىق ئازابلىنىدۇ . بولدى ، بارلىق ئازاب مەن بىلەنلا كەتسۇن . ئۇستازىم دەرد تارتمىسۇن زادى .

سايىتجان ھوشۇر شۇنداقلا ئاخىرلاشقان بۇ كۈندىكى خاتىرىنى ئوقۇپ بولغىنىدا جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇ شۇ تاپتا ئۇستاز ـ شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق بىر ـ بىرىنى ئاياش بەدىلىگە چەككەن ئازابلىق ھېسسىياتلارنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولغاندەك چوڭقۇر خىيالغا چۆككەنىدى .

— مۇئەللىم ، — دېدى ئابدۇسالام تارتىنغان ھالدا ئۇستازىغا يەر تېگىدىن بېقىپ ، — مېنىڭ ئاشۇ قىلىقىم توغرا بولماپتىمۇيە .

— مېنىڭچە ، سىز ئۇستازىڭىزغا تونۇشلۇق بېرىشىڭىز ، ئۇنىڭ بىلەن ئازراق ھال ـ مۇڭ قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى . بىراق سىز ئۆزىڭىزنى چەتكە ئاپسىز . مېنىڭچە ، بۇ ئىشتا ئۇستازىڭىز ئىككى ئېھتىماللىقتا دۇچ كېلىدۇ ، بىرى ، خاتا تونۇغاننى ئېتىراپ قىلىدۇ ؛ يەنە بىرى ، سىزنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ تونۇشلۇق بەرمىگەنلىكىڭىزنى دەلىللەيدۇ . مېنىڭچە ئۇ «مۇنداقمۇ ئوخشىغان بارمۇ ھە» دەپ كىرىپ كەتكەن بىلەن سىزنىڭ ئاشۇ ئۆزى تەربىيىلىگەن ئابدۇسالام ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ بولدى . دېمەك ، ئۇ سىزدىنمۇ بەكرەك ئازابلاندى دېگەن گەپ .

— راست شۇنداق بولغانمىدۇ مۇئەللىم ، — دېدى ئابدۇسالام قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا .

— چوقۇم شۇنداق بولدى ، — دېدى سايىتجان ھوشۇر كەس-

كىن قىلىپ ،— چۈنكى ئۇ ئاشۇ قېتىمقى ئىشتا سىزدىنمۇ بەكرەك خورلانغانىكەن ئەمەسمۇ . بەلكىم ئېگىمىز قەغەز قالپاق كىيدۈرۈپ سازايى قىلغانلار ئۆزى ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلار بولغىيتتى .

— شۇنداق ،— دېدى ئابدۇسالام بۇ ئۇستازىنىڭ نەق ئاشۇ مەيداندا قاراپ تۇرغاندەك سۆزلىگەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ ، — بۇنى سىلى قانداق بىلىۋاللا مۇئەللىم ؟

— ئۇنداق كەچمىشكە دۇچار بولغىنى يالغۇز سىزنىڭ ئاشۇ سىنىپ مەسئۇلىڭىزلا ئەمەس ، ئۇ چاغلاردا ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭغان سېسىق توققۇزىنچىلارنى يوقىتايلى ، دەپ جاڭ تېشىڭچە ئاق قەغەز تاپشۇرۇش قەھرىمانلىرى مائارىپ سېپىمىزنى بىر مەزگىل مالىمان قىلىۋەتتى ئەمەسمۇ .

— توغرا ، شۇنىڭ دەردىنى بىز بىر نەچچە يىل تارتتۇق ، — دېدى ئابدۇسالام ئېغىر ئۇھسىنىپ .

— بولدى ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ، ئەگەردە سىز ئاشۇ سىزگە ئاداۋەت ساقلىغان ئادەمنىڭ خورلۇقىغا ئۇچرىمىغان بولسىڭىز بۇنچىۋالا كۈنگىمۇ قالمايتتىڭىز . مېنىڭچە ، زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا چۈشۈشى يامان ئىش ئەمەس . ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان شەھەر بالىلىرى بۇغداينى قىياق ، كۈدىنى قوناق دەپ ئىلەشتۈرۈپ يۈرىدىغان ئىللەتلەرنى ئاشۇ چېنىقىشتا تۈزىتىۋالدى . دېھقانىنى ھەقىقىي يوسۇندا تونۇدى . ئاق ناننىڭ داستىخانغا چىقىشى ئۈچۈن قانچىلىك ئەجىر - مېھنەت كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندى . مانا مۇشۇ چېنىقىش نۇرغۇن بالىلارنى ھەقىقىي يوسۇندا تاۋلاپ بىلىمنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئادەملەردىن قىلىپ يېتىشتۈردى . مانا بۇنىڭ مىسالى سىز . ئۇدا ئىككى يىل ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇشىڭىزدىكى سىر زادى نەدە ، بىلەمسىز ؟ جاپاغا چىداپ ئۆگەنگىنىڭىزدە .

— مۇئەللىم ، ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا .

— بولدى ، بۇ گەپنى قىلىشمايلى ، تاماق ۋاقتى بولاي دەپ قالدى . ئەمدى مېنىڭ مەسلىھەتىم مۇنداق : ئەسلىي سىزنىڭ تالانتىڭىز شېئىرىيەتتە ئەمەس ، بەلكى پروزىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغاندەك قىلىدۇ . شۇڭا سىز بۇندىن كېيىن خاتىرە يېزىش بىلەن بىرىكتۈرۈپ ھېكايە يېزىشنى سىناپ باقسىڭىز بولىدىغاندەك تۇرىدۇ .

— مەن ، مەن ، بۇنى قاملاشتۇرالارمەنمۇ مۇئەللىم ، — دېدى ئابدۇسالام چۆچۈگەن ھالدا ئۇستازىنىڭ ئۇمىدلىك كۆزلىرىگە تىكىلگەن ھالدا .

— نېمىشقا قاملاشتۇرالمىغىدەكسىز ، — دېدى سايىتجان ھوشۇر ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى چېكىپ تۇرۇپ ، — مۇشۇ خاتىرىدىنلا تالاي ھېكايىلەر تۇغۇلىدۇ ، ئابدۇسالام . مۇنداق قىلايلى قاراڭ ، — مۇئەللىم خاتىرىنىڭ ئۆزى بايا ئوقۇغان جايىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ ، — سىز مانا مۇشۇ بىر كۈنلۈك ۋەقەنى بىر ھېكايە قىلىپ يېزىپ چىقىڭ . ئورۇنلاشتۇرۇش مېنىڭچە مۇنداق بولسۇن ، ئوقۇتقۇچىڭىزغا تونۇشلۇق بەرمەي ناھايىتى قاتتىق ئازابلىنىسىز . ئاشۇ ئازابقا چىدىماي ئاخىر ئۇستازىڭىزغا خەت يېزىپ كەچۈرۈم سوراش بىلەن بىرگە ئۆزىڭىزنىڭ ھازىر قايسى كۈندە تۇرۇۋاتقىنىڭىزنى ئەسكەرتىسىز . ئۇستازىڭىز خەتنى كۆرۈپ بولۇپ قاتتىق ئازاب ئىچىدە تۇتۇلغان ئاسمان گۈمبىزىگە تىكىلگەن ھالدا تۇرۇپ قالىدۇ . ئەسەر مانا مۇشۇنداق يېشىمسىز ئاخىرلاشسۇن . قانداق ، يېزىپ باقامسىز ؟

— بوپتۇ ، يېزىپ باقاي مۇئەللىم ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇستازىنىڭ ئەسەر قۇرۇلمىسىنى ئەينەن ئېيتىپ بەرگەنلىكىدىن سۆيۈنگەن ھالدا ، — قاملاشماي قالسا بىر گەپ بولار .

— ئۇنداق دېمەڭ ، مەن سىزنىڭ چوقۇم ياخشى يازىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن ، — سايىتجان ھوشۇر ئابدۇسالامنىڭ مۈرىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

ئابدۇسالام ئۇستازىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىدىن ئۆزىدە بىر خىل ئىشەنچ تۇيغۇسىنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. پەرھاتمۇ ئۇنىڭغا مەكتەپكە يېڭى كەلگەن چېغىدىلا بېشارەت بېرىپ «دوستۇم، سەن شېئىرىيەتكىلا ئېسىلىۋالما. چۈنكى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا قايناپ تۇرغىنى پروزىنىڭ ئەسەبىي ۋولقانلىرى، ئەگەر ئاشۇ ۋولقاننى فونتانلىتالىساڭ بىر ياخشى يازغۇچى بولۇشۇڭدا گەپ يوق» دېگەنىدى. بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىدا پەرھات مېنى قەستەن شېئىرىيەتتىن تەزدۇرمەكچى دەپ ئويلىۋىددى، مانا ئۇستازى ئۇنى پروزا ئەسەرلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇ بىر ھەپتە ھەپىلىشىپ ئاخىر «ئۇستازىمغا خەت» ناملىق بۇ ھېكايىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. پەرھات بۇ تۇنجى ھېكايىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققان تۇنجى ئوقۇرمەن ئىدى.

— ياخشى يازغاندەك تۇرىسەنغۇ ئاداش، — دېدى ئۇ ماقالە قەغىزىدە ئون بەت كەلگەن بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ بولۇپ، — لېكىن يەنە بىر يەرلىرى كەمدەك، كەمتۈكتەك بىلىنىۋاتىدۇ. بولسا مۇئەللىمگە كۆرسىتىپ باققىنە.

سايىتجان ھوشۇر ئابدۇسالامنىڭ بۇ ھېكايىسىنى تەپسىلىي كۆردى. ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ كېتىپ بىر بەتلىك تۈزىتىش پىكرى يازدى. خەتتە قۇرۇلما ياخشى بولغان بىلەن ئۇستاز روھى ياخشى گەۋدىلەنمەپتۇ دېيىلگەنىدى. ئابدۇسالام ئۇستازىنىڭ مۇشۇنداق يول كۆرسىتىشى بىلەن بۇ ئەسەر ئۇستىدە ئۈچ قېتىم ئىشلىدى.

— ئەمدى بولغاندەك قىلىدۇ، — دېدى سايىتجان مۇئەللىم ئەسەرنى قايتا كۆرۈپ چىقىپ، — پەرھات بىلەن ئىككىڭلار بۈگۈن چۈشتىن كېيىن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا ئاچىقىپ بېرىڭلار، پەرھاتنىڭ بىر نەچچە ئەسىرى ئېلان قىلىنغاچقا ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئۇنى ئوبدان تونۇيدۇ.

ئابدۇسالام تارتىنىپ ، قورۇنۇپ كىرگەن تەھرىر بۆلۈمىدىن ناھايىتى روھلانغان ھالدا قايتىپ چىقتى . چۈنكى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئاجايىپ كىچىك پېئىل ، خۇش ئاۋاز ، چىقىشقاق ئادەملەر ئىكەن .

— مانا بۇ مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ، — دېدى پەرھات ھاياجان ئىلكىدە كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەن ئابدۇسالامنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ ئاستا ماڭغان ھالدا ، — كۆپ ھاللاردا تالانت مانا مۇشۇنداق ئەستايىدىل ، كىچىك پېئىل مۇھەررىرلەرنىڭ بايقىشىدىن تونۇلىدىغان گەپ . كىم بىلىدۇ ، ئۇلار ھازىر سېنىڭ ئاشۇ ھېكايەڭنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بىر ئىقتىدار ئىگىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئولتۇرامدۇ تېخى . مېنىڭ ھېلىقى «سالام قەشقەر»نى ئاشۇ ئادەمگە بەرگەندىمۇ ئۇ ئادەم خۇددى ئوغلىنى ئەركىلەتكەن كۆيۈمچان ئاتىدەك باشلىرىمنى سىلاپ «تېخىمۇ ئوبدان ئەسەر يېزىشقا تىرىشقىن يىگىت ، سېنىڭ قولۇڭدىن ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەر چىقىدۇ جۇمۇ» دەپ كەتكەنىدى . بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك خۇش بولۇپ شۇ كۈنى كېچىچە ناخشا توۋلاپ چىقمىدىممۇ .

— راست ، — دېدى ئابدۇسالام پەرھاتقا قاراپ ، — شۇنچە نۇرغۇن نەزرىيىۋى ماقالىلىرى ، شېئىر توپلاملىرى نەشردىن چىققان بۇ ئادەمنىڭ كىچىك پېئىللىقىنى قارا . مۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن كاتتا ئەسەرلەر چىققاندىن باشقا نۇرغۇن تالانتلىق ئەدىبلەر تەربىيىلىنىپ چىققۇدەك . ئىسمى نېمە ئۇ ئادەمنىڭ ؟

— ئەھمەت ھاجى ، يېتىلگەن شائىر ، تالانتلىق ژۇرنالىست ، قابىل ئەدەبىيات تەشكىلاتچىسى .

— شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى ، مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى» دېگەن مىسرالىرى مۇشۇنداق ئادەملەرگە قارىتىلغان بولسا كېرەك .

— ئەلۋەتتە «يېرىم چېلەك سۇ بەك شالاقشىيدۇ» دېگەن

گەپ بار ئاداش . جەمئىيەتتە ئازراق بىر نەرسە بىلىۋېلىپلا «مەن نوچى» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ كۆكرىكىنى كۆكەرتىۋالىدىغان ئادەملەر بار بولغىنىدەك ، بىلىمى قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجاننىڭ سەن بايا ئوقۇغان مىسرالىرىڭنىڭ داۋامى «كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق ، سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى» دېگەن مىسرالىرىدەك كەمتەر ئادەملەر تۆركۈمى جاهاننى گۈزەللىككە ئوراپ كېلىۋاتامدۇ .

مانا مۇشۇ ئىش بولۇپ ئىككى ئايدىن كېيىن «ئۇستازىمغا خەت» ئېلان قىلىندى . بۇ ھېكايىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مەكتەپ ئىچىدە ئوبدانلا زىلزىلە قوزغىدى . ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى قۇرغان «يېشىل دالا» ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرۇژۇكى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇردى . مانا ئاشۇ بىر ھېكايىسىنىڭ شارايىتى بىلەن ئابدۇسالام تۇنۇگۈن ۋىلايەت بويىچە ئېچىلىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى . ئەجىر — مېھنەتنىڭ تېگى ئالتۇن دېگىنى مۇشۇ ئىكەن — دە .

— سىلەر تاماق يېمەيدىغان ئادەملەرمۇ ، — سىنىپنىڭ ئىشىكى تاراققىدە ئېچىلىپ چېچىنى ئۆرۈمەي تۇرمەكلەپلا كەينىگە بانتىلىۋالغان دىلبەر قولىدىكى چىنىگە قوشۇقنى ئۇرۇپ تۇرۇپ سۆزلىگىنىچە پەرھاتنىڭ يېنىغا كەلدى ، — ئۆكتەبىرنىڭ شۇنچە ساپ — سۈزۈك ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلانماي سالپىيىپ ئولتۇرغىنىڭىزنى قارىڭە . يۈرۈڭ تاماققا چىقايلى ، ھېلى بىكار تاماقتىنمۇ قۇرۇق قالىمىز .

ئارزۇگۈل ، ئىمانگۈل ۋە يارمۇھەممەت بىلەن جەملە بايىلا چىقىپ كەتكەچكە سىنىپتا ھازىر مەتسالىھ ، ئايپەرى ، ئابدۇسالام ، پەرھاتلا قالغانىدى .

— قىز بالا بولغان بىلەن ئەجەب قورساققا ئامراق جۇمۇ سىز ، — دېدى مەتسالىھ قولىدىكى ژۇرنالنى تارتمىسىغا سېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، — باشقىلار بىر ۋاخ يەپ بولغۇچە سىز ئىككى ۋاخ يەيسىزغۇ .

— يېمەي ئەمسە ،— دېدى دىلبەر تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ،— ھەممە ئادەمنى ئۆزۈڭدەك يېگەن تامىقى چىرايىغا چىقمايدىغان ئادەم كۆرۈۋاتامسەن شوركا . سەنچۇ ؟ ۋاقتى ـ قارايدا تاماق يېمەي مۇشۇنداق يىگلەپ قالغان .

— قالايمىقان گەپ قىلماڭ ،— دېدى پەرھات ئۇستەلنى مۇشتلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ،— قىز بالىنىڭ ئاغزىدىنمۇ مۇشۇنداق سەت گەپ چىقامدۇ .

— مەن چاقچاق قىلغانتىم ،— دېدى دىلبەر دىڭگىدە چۆچۈگەن ھالدا ،— مەتسالىھ خاپا بولمىسا سىز خاپىلاپ كەتكىنىڭىز نېمىسى ئەمدى . خاپا بولمىغانسەن ، ھە .

— بولدى ، بولدى ،— دېدى مەتسالىھ پەرھاتقا قاراپ ،— مەنمۇ دىلبەرنىڭ زىتىغا تەگكۈدەك گەپ قىلىپ قويدۇم ئەمەسمۇ ، بىرگە بىر بولدى ئەينا .

بۇ گەپ بىلەن پەرھاتنىڭ ، دىلبەرنىڭمۇ چىرايى ۋاللىدە ئېچىلىپ كەتتى . «جېدەل چىقىپ كەتمىگىيدى» دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرغان ئابدۇسالاممۇ بۇ كۆرۈنۈشتىن كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ يېزىۋاتقان خاتىرىسىنى تارتمىسىغا سالدى ـ دە ، ئۇنى قۇلۇپلاپ ئورنىدىن تۇردى . ئابدۇسالامنىڭ ئورنىدىن تۇرغىنىنى كۆرگەن ئايپەرى يېزىۋاتقان كونسپېكتىنى توختىتىپ ئۇنى تارتمىسىغا سالدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇردى .

— توختاڭلار ، بىللە ماڭايلى ، — دېدى ئۇ ئابدۇسالامنىڭ پەرھاتنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ .

— يۈرە ئاداش ،— دېدى دىلبەر ئايپەرىنىڭ قولتۇقىغا قولنى تىقىپ ئۇنى قولتۇقلىغان ھالدا ،— ئىككىمىز بىر كىشىلىك تاماق يەيلى ، بولمىسا بەزىلەرنىڭ كۆزىگە نەچچە كىشىلىك تاماقنى يالغۇز يەۋالغاندەك كۆرۈنۈپ كېتىدىكەن .

— ئۇنداق بولسا ئايپەرىنىڭ تامىقىنى مەن يەي ، — دېدى مەتسالىھ ھەيىارلىق قىلىپ ، — ئىككى كىشىلىك تاماقنى يالغۇز

يېسەم بەزىلەرنىڭ كۆزىگە يېگىلەپ قالغاندەك كۆرۈنمەي قالار-
مەن .

— مانا كەلدى ، — دېدى پەرھات كۆزەينىكىنى قولىنىڭ بېگىز بارمىقى بىلەن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ ، — بىرگە بىر دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ . ئەمدى تەڭ بولدۇڭلار .

دىلبەر بىلەن ئايپەرى بىر - بىرىنى پاتروشكىلاپ ئالدىدا ماڭدى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن پەرھات ، ئابدۇسالام ، مەتسالىھلار كېلىۋاتاتتى . مەكتەپ ئىچى تاماقتا ماڭغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىي-قاس - چۇقانلىرىغا تولغان ، ياتاق تەرەپتىن ، سىرتتىن ، ئالمى-لىق باغلار ئارىلىرىدىن چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىدىن قىستىلىشىپ كىرىپ كەلمەكتە . دىل-بەر بىنادىن چىقىپلا ئاجايىپ شادلانغان ھالدا ئايپەرىگە يېقىنچى-لىق قىلماقتا ، لېكىن ئايپەرى خۇدۇكسىرىمەكتە . چۈنكى ئۇ ھازىر گۈلبوستاندىن ئايرىلىپ قالغانىدى ، ئايپەرى ئابدۇسالام بىلەن مۇھەببەتلىك كۈنلىرىنى باشلىشى بىلەنلا ناھايىتى قىيىن بولغان بىر تاللاشقا ، يەنى دوستى گۈلبوستاندىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن ئابدۇسالامنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەنىدى . چۈنكى ئابدۇسالام بىلەن مۇھەببەتلىشىش دىلبەر بىلەن دوستلىشىشتىن دېرەك بېرەتتى . بۇنىڭ سەۋەبى ئابدۇسالام بىلەن پەرھاتنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتى بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى . لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئايپەرى يەنىلا مۇھەببەتنى تاللىۋالدى . شۇ سەۋەبلىك دىلبەر بىلەن ئايپە-رى مانا مۇشۇنداق يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى .

ئايپەرى ئابدۇسالام بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قالغاندىن كېيىن گەرچە بۇرۇن دىلبەرگە خۇددى گۈلبوستانغا ئوخشاشلا نەپرەتلىك كۆزدە قاراپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن مۇھەببەتلىك ھايات ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى . مەكتەپ ھاياتى مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ ۋەقەلەر كانى ئىكەن . تۇنۇگۈنلا سەن يامان كۆزدە قارىغان بىر

ئادىمىنىڭ بۈگۈن ئاللىقاندىق بىر سەۋەبلەر تۈپەيلى سىڭىنىڭ جان - جىگەر قېرىنداشلىقىدىن چارە دوستۇڭغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىغا ھەيران بولماي تۇرالمايسىز. سەن ئۇلاردىن قانچە كىشى بولسىمۇ، ئايرىلىپ بولغان. بەزىلەر سەن بىلەن قابىلىيەتتە بەسلەششە، بەزىلەر ساڭا كىمىسم - كىچىك ھۇجۇمى قىلىپ سىڭىنىڭ غۇرۇرۇڭ بىلەن ئوينىشىدىكەن. لېكىن بۇلار مۇتلەق ئەمەسلىكى، ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىش ئىچىدە زورۇقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاش تەس ئەمەس. ئۇنداق ياشلارغا ۋاقىت شۇنچە قىس، ئۇلار ئۇچۇن ئۆتۈۋاتقان ھەر بىر كۈن ئىجادىيەتنىڭ يېڭى بىر بېتىنى شاخلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم دەقىقىلىرى خالاس.

ئابدۇسالام بىلەن پەرھاتنىڭ ئۆزلىرىگە ئاجراتقان ۋاقىتلىرى شۇڭا كۆپ ھاللاردا مانا مۇشۇ ئىككى جانانىنىڭ ناز - كەرەشمىلىرى ئارىسىدا يىمىرىلىۋاتقانلىقى ئۇلارنى كۆپ ھاللاردا خاپا قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە بىر نەچچە يىلدىن كېيىنكى بولىدىغان ئائىلە تۇرمۇشى توغرىسىدا ئويلىنىپ قويمايمۇ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدىغانلار تىپىدىن ئىدى. شۇڭلاشقا يەكشەنبىنى ئۇلار تۆتى بىللە ئايلىنىشقا مەجبۇر ئىدى. تۆتەيلەن بىللە ماڭغاندا ئۇلار تۆنجى بولۇپ كىتابخانىنى چۆرگىلەيتتى. ھېيتگاھ ئالدىدا كىتابنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق بىر بېتىنى ئېچىۋېلىپ ئۇنى ئۇنلۇك ئاۋازدا ئوقۇپ سودا قىلىدىغان كىتابپۇرۇش قادىر بۇلاقنىڭ ئالدىدىكى كونا ماتېرىياللارنى — قەدىمىي كىتابلارنى ۋاراقلايتتى. ئوقۇتقۇچىسى سايىتجان ھوشۇر دەرسىنى سىرت ئۆگەتكەن چاغاتاي يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى بىمالال كۆرۈپ چاغاتاي يېزىقى دەۋرىدىكى تارىخ، مەدەنىيەت، شۇنداقلا شۇ دەۋرىدىكى شېئىرىيەت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ خاتىرە قالدۇرالىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئالەمچە خۇشال ئىدى.

لېكىن، ئايپەرى گۈلبوستاندىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن بەكلا كۆڭلى يېرىم ئىدى. چۈنكى ئابدۇسالام بىلەن پەرھاتنىڭ

دوستلۇقى تەبىئىي هالدا دىلبەر بىلەن ئايپەرنىڭ دوستلۇقىنى بەرپا قىلغاچقا ئايپەرنىڭ گۈلبوستانغا ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. مەكتەپكە كەلگەن مۇشۇ بىر يىلدىن بۇيان مۇشۇ گۈلبوستانلا ئۇنىڭ يېقىن دوستى، مەسلىھەتچىسى، ئابدۇسالام بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قېلىشىدىكى ۋاستىچى ئىدى. ئۇلار مەكتەپ ئىچىدە ياكى سىرتىدا بولسۇن خۇددى قوشماقلاردەك ئوخشاش كىيىنىپ قولتۇقلىشىپ يۈرۈشەتتى. سىنىپتىمۇ سىنىپ باشلىقى ئەزىمەتكە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ بىر ئۈستەلگە ئورۇنلىشىۋالغانىدى. ئاشخانىغا بىللە چىقىپ ئىككى كىشىلىك چۆپ بىلەن بىر تەخسە قورۇما ئېلىپ تاماقلىنىپ تاماق بېلەتلىرىنى ئىقتىساد قىلىشاتتى ـ دە، كونا كىيىم، يېيىلمىگەن تاماق، شۇنداقلا ئېشىنغان تاماق بېلەتلىرىنى يىغىدىغان ئەھەتجانغا ئۆتكۈزۈپ پۇلىنى تەڭ خەجلەپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار دەرسكە، كۇتۇپخانىغا، بازارغا، ھەتتا ھاجەتخانىغىمۇ بىللە چىقىدىغان دوستلار بولسىمۇ مانا مۇشۇ مۇھەببەت ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەجەبا، مۇھەببەت ئەنە شۇنداق چىن دوستلۇقتىنمۇ مۇھىممىدۇ؟

ئايپەرى مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا دوستىغا قىلغان خىيانىتى، يۈزسىزلىكى ئۈچۈن ئازابلىناتتى. ئۆزىنىڭ دىلبەر بىلەن بىللە مېڭىپ قېلىش، ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىپ قېلىشىدىكى (ئەگەر مۇشۇنى دوستلۇق دېگەندە) ئامالسىزلىقىنى دوستىغا چۈشەندۈرۈپ قويغۇسى كېلەتتى. بىراق گۈلبوستاننىڭ روھىي ھالىتىنىڭ بارغانسېرى تۇراقسىزلىشىپ كېتىشى، كەم سۆزلىشىپ ھېچكىمگە ئارىلاشماي تەنھا ئولتۇرۇشلىرى ئۇنىڭ بىغۇبار قەلبىنى قۇرتتەك غاجىلاپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا پەقەتلا ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى، چۈنكى پەرھات بىلەن ئابدۇسالام خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتۈشەتتى، ئۇلارنىڭ سىنىپتىكى ئۆگىنىش ئىپادىسى ئوخشاش. ئۇستازغا سوئال تاشلايدىغان، بىلمىگەننى قايتا ـ قايتا

www.uyghurkitap.com

سوراپ ئۆگىنىدىغان ، ھەتتا ئىككىسى بىرلىكتە قانداقتۇر مۇھىم بىر تېمىلار ئۈستىدە سائەتلەپ مۇنازىرىلىشىدىغان كىتاب خالتى- لىرى ئىدى . مۇشۇنداق بىر يولدا تەڭ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى ئايرىپ ئېلىپ مېڭىشمۇ تەس ئىش ، شۇڭا ئايپەرى گۈلبوستاننىڭ كۆزىدىن ياش ئېقىۋاتقىنىغا چىداپ تۇرۇپ دىلبەر بىلەن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر . ئۇ پات - پات دىلبەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ تازا دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەسلىكىگە ، قاچانلاردىدۇر ئىشقىلىپ دىلبەرنىڭ ئورنىغا گۈلبوستاننىڭ ئال- مىشىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالىدۇ . شۇڭلاشقىمىكىن ئۇ دوستىغا مەنىلىك قاراپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرماقچى ، ھەت- تا بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىر يوتقانغا كىرىۋېلىپ ، بىر - بىرىنى قىچىقلىشىپ يېتىپ كەلگۈسى پىلانلىرىنى سۆزلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى . لېكىن ، گۈلبوستان ئۇنداق قىلىشقا يول قويىدىغاندەك ئەمەس . ئۇ تامامەن جىمغۇرلىشىپ كەتكەن ، بۇرۇنقى شوخ كۈلكىلىرىمۇ پۈتۈنلەي يوقىلىپ باشقىچىلا بىر قىزغا ئايلىنىپ قالغانىدى .

يەكشەنبە كۈنى ئوقۇغۇچىلار بىر كۈن يايرايدىغان كۈن ، ستۇدېنتلار بۈگۈنكى كۈندە بىر ھەپتىدىن بۇيان يىغىلىپ قالغان كىرلىرىنى يۇيۇشىدۇ . بازارغا چىقىپ سەگىدىگەچ بىرەر ۋاخلىق تاماق يەپ بىرەر كىنو كۆرۈپ قايتىپ كېلىدۇ . ئەدەبىيات فاكۇل- تېتىنىڭ كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى بازارغا چىققاندا قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى كىتابخانا ئارىلاش . چۈنكى ، ھازىر نەشرىياتچىلىق بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ كىتاب بازىرى جانلىنىپ كېتىۋات- قاچقا ھېكايە ، شېئىر توپلاملاردىن باشقا رومانلارمۇ ئارىلاپ چى- قىپ قېلىۋاتىدۇ . بۇ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى ئىنتايىن خۇش قىلىدىغان ئەھۋال ئىدى .

بۈگۈن ئايپەرىلەرنىڭ ياتىقىدا بىر خىل كۆڭۈلسىز كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە . چۈنكى ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى

سىرتقا — بازارغا چىقىپ كەتكەن ، ياتاقتا مەقسەتسىز هالدا تام تەرەپكە قاراپ ساندۇقنى مالتىلاپ ئولتۇرغان گۈلبوستان سە-هەردىلا چاچلىرىنى تاراپ ، ئۆزىگە سۇس گىرىم قىلىپ يارىشىم-لىق سارايىنىنى كىيىپ ئولتۇرغان دىلبەر بىلەن ئوخشايسىز ها-لەتتە نېمە قىلىشىنى بىلمەي ياستۇقنىڭ كىرلىك لۆڭگىسىنى قاتلاپ ئولتۇرغان ئايپەرى بار ئىدى . شۇ تاپتا دىلبەر ناهايىتى خۇشال ، چۈنكى ئۇ گۈلبوستاننىڭ پەرهاتقا غايىۋى ئاشىق ئىكەن-لىكىنى ئوبدان بىلىدۇ . شۇڭا ئۇ پەرهاتنى ئۆزى قامال قىلالى-غانلىقىدىن ، ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئايپەرىنى ئۇنىڭدىن ئايرىپ ئېلىپ ئۆزى بىلەن بىللە ماڭىدىغان دوستىغا ئايلاندۇرۇۋال-غانلىقىدىن خۇشال .

— قارىغىنە ئايپەرى ،— دېدى دىلبەر كارىۋىتىنىڭ باش تەرىپىگە ئورنىتىۋالغان ئەينىكىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ، — مەڭزىمدىكى ئەڭلىك سەل سۇس بولۇپ قالغانمۇ ، قانداق ؟

— بوپتۇ ،— دېدى ئايپەرى گۈلبوستاننىڭ ئالدىدا بەكمۇ ئوڭايسىز ئەهۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى پەملەپ ،— بەك قېنىق بولسا ياخشى ئەمەس .

— بۇلار نېمىشقا هازىرغىچە كىرمەيدىغاندۇ ، — دېدى دىل-بەر تاقەتسىزلەنگەن هالدا ،— سائەت ئون بولاي دېدى ، ئەتىگەن-رەك چىقىدىغان ئىش ئەمەسمۇ .

— بىرەر ئىشى چىقىپ قالدىمىكىن يە ،— دېدى ئايپەرى روهسىزغىنە .

— يۇرە ، بولمىسا ياتىقىغا چىقىپ باقايلى ، — دېدى دىلبەر ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ سومكىسىنى مۈرىسىگە ئېسىپ ، — ئىشى چىقىپ قالغان بولسىمۇ بىزگە دەپ قويۇشى كېرەك ـ دە .

گۈلبوستان ، بىللە چىقىپ كەلمەمدۇق ، — دىلبەر ئايپەرىنىڭ قولىدىن تارتىپ ماڭغاچ گۈلبوستانغا رەسمىيەت سۆزىنى دېيىش-نى ئۇنتۇمىدى .

— رەھمەت ، سىلەر چىقىپ كېلىڭلار . مېنىڭ ياتاقتا قىلىدىغان ئىشىم بار ،— گۈلبوستان بېشىنى كۆتۈرمەي ساندۇقنى ئاختۇرۇش بىلەن بەند ئىدى .
— بىللە چىقىپ كەلسەك بولاتتى ، — دېدى ئايپەرى ئاۋازىنى تىترىتىپ تۇرۇپ .
— چىقىۋېرىڭلار ،— دېدى گۈلبوستان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا . ئايپەرىنىڭ كۆزىگە گۈلبوستاننىڭ كۈلۈمسىرىشى يىغلامسىرىغاندەك بىلىنىپ يۈرىكى ئامبۇر بىلەن قىسىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى .
ئۇلار ئوغۇللار ياتاق بىناسى ئالدىدا ئۇچراشتى . پەرھات ھېلىقى چېلەك شەكىللىك سومكىسىنى ئېسىۋالغان بولۇپ خۇددى يىراق يەرگە سەپەر قىلىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى .
— سومكا كۆتۈرۈۋاپسىزغۇ ،— دېدى دىلبەر ئۇنىڭ سومكىسىنى سىقىپ قويۇپ ، — بىر يەرگە بارامسىز نېمە ؟
— بۇ مەخپىي ، — دېدى پەرھات ئابدۇسالامغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ، — ھېلى چۈشىنىۋالىسىز .
— ماڭايلى ئەمىسە ،— دېدى دىلبەر پەرھاتنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ،— ھېلىمۇ سىلەرنى ساقلاپ ياتاقتا توپتوغرا بىر سائەت ئولتۇردۇق .
— ئابدۇسالامنىڭ ئىشى تۈگىمەي ئولتۇرۇپ كەتتۇق ، — دېدى پەرھات مېڭىپ كېتىۋېتىپ ، — ئاخشام ياستۇققا يۆلەپ بىر پارچە شېئىر يېزىپتىكەن . شۇنى رەتلىۋېتەيلى دەپ ئولتۇرۇپ كەتتۇق . لېكىنزە ، ئالامەت شېئىر بولدى جۇمۇ ئۇ .
— ئۇنداق بولسا ئاشۇ ئالامەت شېئىرىڭىزنى دېكلاماتسىيە قىلغاچ ماڭامسىز ، ئاڭلىغاچ ماڭايلى ، — دېدى ئايپەرى ئابدۇسالامغا قاراپ .
— بىز ھازىر پەرھات بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ قالدۇق ،— دېدى ئابدۇسالام ئايپەرىگە قاراپ ،— ھەر كۈنى بىر

پارچە شېئىر يازىمىز . مەيلى ئۇ قانداق مەزمۇندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم تۇراق ، ۋەزىن ، قاپىيەلىرى جايىدا بولۇشى ھەمدە بىرەر مەزمۇننى ئېنىق ئىپادىلىگەن بولۇشى كېرەك .

— ۋاھ ، مۇنداقمۇ ئىش بار دەڭلار تېخى ، — دېدى دىلبەر گەپكە ئارىلىشىپ ،— شېئىر يېزىشتا مۇسابىقە قىلغاننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمىز ، بۇنىڭدا كىم يېڭىلدى ؟ !

— بۇ دېگەن مارافونچە مۇسابىقە ، — دېدى پەرھات كۆزەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ ، — يېڭىش - يېڭىلىش كىم شۇ كۈنى بىر پارچە ئەسەر يازالمىسا ئاندىن بىر تەرەپ بولىدىغان ئىش . مانا ھەپتە بولدى ، كۈنىگە ھوسۇل بار . لېكىنزە ، ئاخشامقى شېئىرنى ئابدۇسالام باشقىچىرەك بىر نەرسە قىلىپ يېزىپتۇ .

— قانداق نەرسىكەن ئۇ ،— دېدى ئايپەرى تېخىمۇ قىزىقىپ ،— بىزنى ھەممە ئىشنى مەخپىي دەپ قىيناۋەرمەي دەپ بېرىڭە .

— بۇ ئېلان قىلغىلى بولمايدىغان شېئىر ، — دېدى ئابدۇسالام ، — شۇڭا دېكلاماتسىيە قىلىشقىمۇ ياكى مەزمۇننى ئاشكارىلاشقىمۇ بولمايدۇ .

ئۇلار گەپ بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققانلىقىنىمۇ تۇيماي قالدى ، ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىشى ھامانلا ئابدۇسالام بىلەن پەرھات مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا چىپپىدە توختىدى .

— بۈگۈنكى يەكشەنبىنى بىز ئايرىلىپ ئۆتكۈزىمىز ، — دېدى ئابدۇسالام قىزلارغا قاراپ ، — ئىككىلىمىزنىڭ بۈگۈن ئايرىم قىلىدىغان ئىشلىرىمىز بار ، شۇڭا ھازىر مەسلىھەت بىلەن يولغا چىقىدىغان گەپ . قېنى پەرھات ، سىلەرنىڭ يولۇڭلار قاياققا بولىدۇ ئەمدى .

— بىز ئاۋۋال دېھقان بازىرىغا بارىمىز ، — دېدى پەرھات دىلبەرنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئايپەرىدىن ئاجرىتىپ تۇرۇپ .

— بىز كىتابخانىغا بارىمىز ، — دېدى ئابدۇسالام ئايپەرىنى

ئۆز يېنىغا تارتىپ، — شۇڭا تۇمەن بويى بىلەن ماڭىمىز.
قىزلار زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقىغان ھالدا بىر ـ بىرىگە قاراپ مۇرىلىرىنى قىسىشتى. چۈنكى ئاخشام دېيىشكىنى بويىچە ئۇلار بۈگۈن ئاۋۋال كىتابخانىغا بېرىپ ئازراق ماتېرىيال كۆرگەندىن كېيىن، بازار ئايلىنىپ ئۆستەڭ بويىدىكى ھېلىقى ئاشخانىدا چۆشلۈك تاماقنى يەپ «ماي كۆلۈب»دا كىنو كۆرۈپ قايتىپ چىقماقچى بولۇپ كېلىشكەنىدى. لېكىن ئۇلار بۈگۈن مانا تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا...
— ماڭمامسەن، — دېدى پەرھات ئابدۇسالام بىلەن ئايپەردىنىڭ كەينىدىن قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرغان دىلبەرنىڭ قولىدىن تارتىپ، — نېمىگە تارتىنىسەن ئەمدى، ئۇلار بىللە ماڭمىساڭ يول تاپالمايدىغاندەك...
— ئەجەب بۈگۈن ئايرىلىپ ماڭغۇڭلار كېلىپ قاپتىغۇ، — دېدى دىلبەر غۇدۇرىغىنىچە پەرھاتقا ئەگىشىپ، — بۇرۇن پەقەت ئايرىلمايتتىڭلار، بىللە ماڭساق ياخشى ئەمەسمۇ. دېھقان بازىرىدا نېمە قىلارمىز ئەمدى. ئۆزىمىزنى توپىغا مىلەپ چىققانىنىڭ پايدىسى بارمۇ.
— دېھقان بازىرىدا مېنى ساقلاپ تۇرغان پۇل بار، پۇل، — دېدى پەرھات سومكىسىنى ئۇرۇپ قويۇپ.
دىلبەر «پۇل» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ سەگەكلەشتى. ئۇ پەرھاتقا بۇ ئايدا ئائىلىسىدىن كېلىدىغان يىگىرمە يۈەننىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمدى قانداقلارچە ئۇنىڭ دېھقان بازىرىدا پۇلى بار بولۇپ قالغاندۇ؟ ئۇ پەرھاتقا ئەگىشىپ ئەتىگەندىلا ئېشەك ھارۋىلار تاراڭشىتىپ مېڭىپ ھەقىقىي دېھقان بازىرىنى ھاسىل قىلىشۋاتقان، چاڭ ـ توزان لەيلەپ يۈرگەن توپىلىق يولغا چۈشكەندە رەسمىيلا ئاچچىقى كېلىشكە باشلىدى.
— ئۇ پۇل كىمدە؟! — دېدى دىلبەر ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋاتقان پەرھاتقا ئاران يېتىشىپ.

— مانا ماۋۇ سومكىدا ،— دېدى پەرھات چېلەكسىمان سومـ
كىسىنى ئۇرۇپ قويۇپ .

— نېمە ئۇ سومكىدىكى ؟— دېدى دىلبەر ھەيران قالغان ھالدا .

— كونا كىيىملىرىم بولمامدۇ ،— دېدى پەرھات كۆزەينەـ
كىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ،— بۇلارنى ئەسكى چاپان بازىرىغا ئاپىرىپ پۇل قىلىشۋېلىپلا بازارغا چىقىپ كېتىمىز .

— شۇنچىلىك ئىش بولسا ئايپەرىلەر بىللە كەلسە بولۇۋېرەتـ
تىكەنغۇ ،— دېدى دىلبەر تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ .

— ئابدۇسالامغۇ مەيلى ، لېكىن ئايپەرى نېمىدەپ ئويلاپ قالىدۇ ؟

دىلبەر پەرھاتنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن سەل ھوشىنى تاپقانـ
دەك بولدى . توغرا ، قىز بالا دېگەننىڭ ھەقىقىي دوستى بولمايـ
دۇ . كۇنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ تۆتەيلەننىڭ بىرەرسىدىن چاتاق چىقىپ ئايرىلىپ كېتىش توغرا كەلسە كونا كىيىملەرنى سېتىپ شۇنىڭ پۇلىنى خەجلەپ يۈردى دېگەن ئاتاقتا قالىدىغان گەپ . بۇنى ئاشۇ ئايپەرىدەك ھەر ئايدا ئائىلىسىدىن يىگىرمە ـ ئوتتۇز يۈەن پۇل كېلىۋاتقان مۇشۇنداق بايۋەچچە خېنىملار تارقىتىدۇ دېگەن گەپ . سىنىپتا بۇنداق پۇل كېلىدىغان باللاردىن قانچىسى بار زادى . ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا پۇل كۆرمەي ئۆتىدىغان باللار ساماندەك تۇرسا . ھېلىمۇ ستۇدېنتلارنىڭ بارلىق خىراجىتىنى مەكتەپ كۆتۈرۈۋاتىدۇ . بولمىسا ئاشۇنداق ئوقۇغۇچىلار قانداق قىلاتتى ـ ھە .

دىلبەرنىڭ غۇدۇراشلىرى توختىغان بىلەن ئاچچىقى تېخى يانمىغاندەك تۇراتتى . چۈنكى بازارغا كىرىپ ـ چىقىدىغانلارغۇ بىر نۆرى . ئېشەك ھارۋىلارنىڭ گىرەلەشمە بولۇپ يولنى بىر ئالغانلىقىدىن يول مېڭىشنىڭ تەسلىكى ئۇنىڭ جەھلىنى قاتۇرغاـ
نىدى . دېھقان بازىرى پەقەت يەكشەنبە كۈنى بىر كۈنلۈكلا بازار

بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن سەھەردىلا ئىشەك ھارۋىلىرىغا ئۆزى سات-
ماقچى بولغان تەئەللۇقاتىنى بېسىپ بۇ بازارغا كەلگەن ھەرقانداق
بىر دېھقان ئۆز مەنزىلىگە يەتكۈچە مانا مۇشۇ گىرەلەشمە بازارنى
كېسىپ ئۆتۈشى كېرەك. شۇڭا ئۇلار كىچىككىنە يوچۇق تېپىۋال-
سىلا قولىدىكى قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن ئېشەكنىڭ سۆڭگۈچىگە
نىقتاپ ئاشۇ يەرگە سىغدىلاتتى. ئۇلار بازارغا تېزرەك كىرىپ
نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئالدىرىشىپ كىملەرگىدۇر ۋارقىراي-
تى. ئۇلار ۋارقىراپ گاللىرى قۇرۇشقا باشلىغان بۇ دېھقانلارنىڭ
خىرقىراق ئاۋازلىرىدىن، سۈيدۈك پۇراپ قالغان ئېشەكلەرنىڭ
ھاڭراشلىرىدىن، ھەيدەپ كېلىۋاتقان قوي - ئۆچكىلەرنىڭ مە-
رەشلىرىدىن ھاياتلىقنىڭ ئەڭ يارقىن سىمفونىيىسى ھاسىل بو-
لۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق چاڭ - توزان ئارىسىغا سىڭىشىپ
كېتەتتى. ئىتتىكرەك يول تېپىپ ماڭالمىغان ھارۋىكەشلەر بار-
لىق ئاچچىقىنى قولىغا يىغىپ ئېشەكلىرىنى رەھىمسىزلەرچە سا-
ۋايتتى. ئەنە شۇنداق ئېلىشىش - تىرىكىشىشلەر بىلەن ئۇلار
ئۆزىنىڭ سودىسىنى تاماملىغىنىدا كۈن چۈشتىن قىيىلاتتى.
شۇندىلا ئۇلار ھارۋىلىرىنى دەڭدە قويۇپ ئېشەكلىرىنىڭ ئالدىغا
چۆپ تاشلاپ بېرىپ شەھەرگە كىرەتتى. ئۇلاردىن سودىسى ياخشى
بولغانلىرى ئاشخانىلارغا كىرىپ ئەتىگەندىن بۇيان تىنىماي تولاپ
ئاغزىدىن ئاق كۆپۈك ئۆرلەپ كەتكەن تاڭجاڭنى «ماۋۇ مېھمانغا
ئون مانتا» دەپ تولۇلىتالىسا ئۇلارنىڭ بىر ھەپتىلىك ھاردۇقى
چىقىپ يەڭگىللەپ قالىدۇ - دە، ئاشقان پۇللىرىغا ئۆيدىكىلىرىگە
سامسا ياكى گىردە ئېلىپ بېلىگە تۈگۈپ مەنزىلىگە قايتىشقا
ئالدىرىشىدۇ. سودىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىرىمۇ ئوخشاشلا
قاتاردىن قالغۇسى كەلمەي بىرەر ساماۋەرخانىغا ياكى لەڭپۇڭچى-
نىڭ ئالدىغا بېرىپ قېنىق دەملەنگەن چايغا قاقتەك ناۋات سېلىپ
ياكى سۈيىنى كۆپرەك قۇيدۇرغان لەڭپۇڭلىرىغا بىرەر گىردىنى
چىلاپ يەپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇشاتتى - دە، «بىر تويغىنىم

بىر باي بولغىنىم» دەپ چاپىنىنى دولىسىغا تاشلاپ قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىشىدۇ . ئىشقىلىپ ھەر يەكشەنبىدە بولىدىغان بۇ دېھقان بازىرى ھەرقانداق بىر دېھقان ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بىر كۈن ئىدى .
دېھقان بازىرى ئابدۇسالام بىلەن پەرھاتنىڭ دىققىتىنى بەك تارتىدىغان جاي . ئۇلار بۇ بازاردىكى ئەلۋەكچىلىك بىلەن قايناق بازاردىن ئۆزىگە كېرەكلىك نۇرغۇن ماتېرىيالغا ئىگە بولىدۇ . شۇڭا ئۇلار بۇ بازارنى ياخشى كۆرۈشىدۇ . بۇ جايدىن دېھقاننىڭ ھەقىقىي تۇرمۇشىنى كۆرگىلى ، چىن ، ساددا ئاۋازلىرىنى ئاڭلى-غىلى بولىدۇ . كەپتەردىن تارتىپ ئىت ـ مۈشۈككىچە ، ناۋايدىن لەڭپۇڭچىغىچە ، قاسساپتىن ـ ھامماللىغىچە ، سارجىدىن ـ ماتاغى-چە ھەممىنى تاپقىلى بولىدىغان بۇ بازار تۇمەن دەرياسىنىڭ تاختا كۆۋرۈكى بويىغا جايلاشقان بولۇپ ، تەبىئىي شەكىللەنگەن بۇ بازارنىڭ ئادەم سىغمىچانلىقى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى .
دىلبەر كىملەرگىدۇر سوقۇلۇپ ، قايسىبىر ھارۋىغا پۇتلى-شىپ پەرھاتنىڭ كەينىدىن غۇدۇرىغانچە كېلىۋاتاتتى . چۈنكى ئۇنىڭ سەھەر تۇرۇپ قىلغان گىرىملىرى ، تېخى ئاخشاملا تۇجۇ-پىلەپ دەزماللىغان كىيىملىرى پەرھاتنىڭ كونا كىيىملىرى ئۈچۈن بېرىلگەن ئون بەش يۈەن ئۈچۈن بۇزۇلغانىدى .
دىلبەرنىڭ چىرايى «ماي كولۇب» ئالدىغا كەلگەندە سەل ئېچىلدى .
— تاماق يەۋېلىپ «ئەنجان رەستىسى»گە بارايلىچۇ ،— دېدى دىلبەر پەرھاتنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ،— قىش يېقىن-لىشىپ قېلىۋاتىدۇ ، توقۇلما چاپاندىن بىرنى كىيگۈم بار ئىدى . ئاپپەرىنىڭكىگە ئوخشاش چاپانچۇ ھېلىقى ، ئىككىمىز پار قىلىپ كىيسەك دېيىشكەنىدۇق .
پەرھاتنىڭ پېشانىسىدىن بۇژژىدە سوغۇق تەر چىقىپ كەت-

www.uyghurkitap.com

تى . ئايپەرىنىڭ ئۇ چاپىنى ئابدۇسالامنىڭ دىيىشىچە يۈز يۈەندىن ئوشۇقكەن . لېكىن دىلبەر ئايپەرى بىلەن بەسلەشمەسلىكى كې-رەك - دە . چۈنكى ئايپەرىنىڭ ئاتا - ئانىسى كادىر بولغاچ ئۇ پارچە خىراجەتتىن قىسىلمايدىغان قىز ئىدى . لېكىن «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك ماۋۇ دىلبەرنىڭ يوغان يەردىن چۈشكىنى پەرھاتنى تەرلىتىۋەتتى . چۈنكى دىلبەر-نىڭ يانچۇقىدىكى پۇل تايىنلىق بىر گەپ . بۇ چاپان ئۇچۇن پەرھات كۆچەي دېسە ئۇمۇ مانا كونا كىيىملىرىنى سېتىپ شۇنىڭ پۇلىغا كىتاب سېتىۋېلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان . ھەي ، تازا باش قاتۇرىدىغان ئىش بولدى - دە ئەمدى .

— كەلسىلە خېنىم ، كەلسىلە .

گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە «ئەنجان رەستىسى»گە كىرىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالغان پەرھات بۇ خىرقىراق ئاۋازدىن ئېسى-گە كەلدى ، دىلبەر ئۈچ تېمىغا سۇۋارى ھەر خىل گەزمال ۋە ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەرنى ئېسىۋەتكەن بىر ماگىزىن ئالدىغا كېلىپ توختىغانىدى .

ئارانلا بەش كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۇ كىچىك ماگىزىن-نىڭ ئىشىك يېنىغىلا قويۇلغان ئەينەكلىك پوكەينىڭ ئىچىگە ھەر خىل گىرىم بۇيۇملىرى تىزىۋېتىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچ تەرىپى-دە ھەر خىل گەزماللارنىڭ يېنىدا خۇددى ئاشۇ ئېسىل رەختلەر بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدىغان ماگىزىن خوجايىنى كىچىككىنە بوشلۇقتا قويۇلغان ئورۇندۇقتا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى . قىرىق ياشلار چامىسىدىكى دوغىلاققىنە كەلگەن ، يۈزى ئاپتاپ كۆرمىگەنلىكتىن ئاق بىلەن سېرىقنىڭ ئارىلاشمىسىدىن قىزارغان ، بۇرۇتى خۇددى مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرغان بۇ خوجايىن بۇ ئىككى خېرىدارنى كۆرۈپلا ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى ، شۇ تاپتا پەرھاتنىڭ كۆز ئالدىدا تاپقان پۇلىنى پەقەت گېلىغىلا خەجلىگەچكە ياش تۇرۇپلا

ئېغىر بوي خوتۇننىڭ قورسىقىدەك ساڭگىلاپ كەتكەن قورسىقى ئاق كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئۈزۈپ چىقىدىغاندەكلا تومپايغان بىر ئادەم ئايان بولغانىدى.

— سىلىگە نېمە لازىمتى خېنىم؟! — دېدى ئۇ سۆۋارى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايغان ھالدا.

— مەن ساڭا دېگەن چاپان ئاشۇ شۇ، — دېدى دىلبەر پەرھاتنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئىسقىلىق تۇرغان توقۇلما چاپاننى شەرەتلەپ، — مۇشۇنداق تۇم قارىسى چىرايىمنى تازا ئاچاتتى.

— كۆزلىرى ئالامەت رەڭ تونۇيدىكەن خېنىم، — دېدى ھېلىقى سودىگەر قولىغا ئىلغۇچ تاياقنى ئېلىپ چاپان ئېسىلغان بۇلۇڭغا قاراپ مېڭىپ، — سىلىدەك ئاق پىشماق خېنىملارغا مانا مۇشۇنداق رەڭدىكىسى تازا ئاچىدۇ دېسىلە، تېخى بايىلا سىلىدەك چىرايلىق بىر خېنىمغا مۇشۇ رەڭدىكىسىدىن بىرنى ساتتىم قايلى-سىلا، مانا ئالسىلا، تازا كۆرسىلە، ئەڭ ئاخىرقى بىر تاللا قالدى دېسىلە بۇ چاپاندىن، قېنى بىسمىللا دەپ كىيىپ بىر سىناپ باقمامىلا.

دىلبەر قولىدىكى سومكىنى پەرھاتقا تۇتقۇزۇپ قويۇپ سودى-گەر تەڭلىگەن چاپاننى ئالدى-دە، ئىچى-تېشىغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن كىيدى. سودىگەر خاتالاشمىغانىكەن. دىل-بەرنىڭ ئاق سېرىق چىرايى بۇ توقۇلما چاپاننى كىيگەندىن كېيىن خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى. لەۋلىرى-گە قىزىللىق يۈگۈرۈپ كۆزى چاقناپ كەتتى.

— پاھ-پاھ-پاھ، — دېدى ھېلىقى سودىگەر تام تەرەپكە يۆلەپ قويغان ئەينەكنى ئېلىپ پوكەي ئۈستىگە تىكلەپ، — ئالامەت ياراشتى جۇمۇسىلا. خۇددى سىلىگە بۇيرۇتۇپ تىككۈز-گەندەكلا. مانا ماۋۇ ئەينەككە قاراپ باقسىلا خېنىم.

پەرھات شۇ تاپ دىلبەرنىڭ بۇ چاپاندىن بىرەر نۇقسان تېپىپ تاشلاپ قويۇشىنى ياكى «پۇلۇم يەتمەيدىكەن» دەپ بۇ ماگىزىندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايتىپ چىقىشنى ئۇمىد قىلىپ قالغانىدى . بىراق ، دىلبەر ئەي-
نەكتىن ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ بۇ چاپانغا تېخىمۇ چاپلاشقان-
دەك تۇراتتى .

— بىر نەرسە دېمەمسەن ، — دېدى ئۇ پەرھاتقا قاراپ ئەركىلىگەن ھالدا ، — ياراشتىمۇ ؟

— ياراشتى ،— دېدى پەرھات ئوڭايسىزلانغان ھالدا .

— نەچچە پۇل ئۇستام ؟— دېدى دىلبەر سودىگەرگە بۇرۇ-
لۇپ .

— ئەرزان خېنىم ، ئەرزان ،— دېدى سودىگەر ئاغزىغا تەگ-
مەي سۆزلەپ ،— بايىلا بىر خېنىمغا ئىككى يۈزگە بىرنى ساتقان-
دىم . سىلى ئوقۇغۇچىدەك تۇرىلا ، شۇڭا بىر يۈز سەكسەنگە
بېرەي .

— يۈز كوي ،— دېدى دىلبەر رەسمىي سودىغا ئۆتۈپ .

— كەم بولار خېنىم ، كەم بولار ،— دېدى ھېلىقى سودىگەر
بايىقى ھجىيىشلىرى بىلەن سۆزگە كىرىشىپ ، — ئۆزىمىزگە
بىر يۈز ئەللىككە توختىغان مال بۇ ، ئىچكىرىدىن بۇ يەرگە
ئەكېلىدىغان گەپ . ئۇنىڭ كىراسى ، ئۆي ئىجارىسى ئىشقىلىپ
بىزگە قالىدىغان پايدا تايىنلىق خېنىم . ئەمدى سىلەرنى ئوقۇغۇ-
چىكەن دەپ يول قويدۇم . بولاپتۇ ، يەنە يىگىرمە كوي تاشلىۋې-
تەي ، بىر يۈز ئاتمىشقا ئېلىڭلار .

— ئۇستام بىزنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمىزنى بىلىۋال-
لا ،— دېدى دىلبەر چاپاننى سېلىپ پوكەي ئۇستىگە قويۇپ ،—
شۇنداق بولغاندىكىن ئالغان باھالىرىغىلا بەرمەملا .

— قايىلىغاندا سىلى ئىشۇ پېداگوك مەكتەپتە ئوقۇيدىغان
ئوخشىمامىلا ، — دېدى ھېلىقى سودىگەر دىلبەرگە قاراپ .

— شۇنداق ، بۇنى قانداق بىلىۋاللا ؟

— ئۆتكەندە ئىنىمنى يوقلاپ مەكتەپكە چىققانتىم دېسىلە ،
دەرۋازا ئالدىدا مۇشۇ ئىككىڭلارنى كۆرگەندەك قىلىۋىدىم .

— ھە ، ئۇكىلىرى بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوخشىما-

دۇ؟— دېدى دىلبەر بىر ئاز جانلىنىپ .
— شۇندىداق ، ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ . ئىسمى ياسىن .
— ۋاھ ، مۇنداق دېسىلە . ياسىننى بىز تونۇيمىز . ئوبدان بالا ئۇ . تىرىشچان ، ئەدەپلىك ، — دىلبەر چاپاننى ئەرزانراق ئېلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇپلا يالغاننى سۆزلەشكە ئۆتكەندى ، — ئۇستام ، بىز ئىنىلىرىنىڭ ساۋاقداشلىرى بولغاندىكىن ئەرزانراق بەرسىلە ئەمدى .
— بولاپتۇ . زىيان تارتساممۇ مەن تارتاي ، بىر يۈز ئوتتۇز يۈەندىن بىر پۇڭ كەم ساتالمايمەن . پۇللىرى يەتمىسە مەيلى ، ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسىنى قوياپ چىقىپ كەتسىلە . پۇل غەملىگەندە ئەچىرىپ بەرسىلىمۇ بولىدۇ .
دىلبەر پەرھاتقا قارىدى .
— كېيىن ئالايلى ئۇستام ،— دېدى پەرھات ئاخىر ئېغىز ئېچىپ ،— سودىنى نېسى قىلساق ياخشى بولمايدۇ .
دىلبەر يەنە بىر ئاز تارتىشىپ باقماقچى بولغان ئىدىيۇ ، لېكىن پەرھاتنىڭ چۈش مىجەزىنى بىلگەچكە چاپاننى سودىگەرنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى .
— ئۇستام ،— دېدى دىلبەر چاپاننىڭ ياقىسىنى سىلاپ تۇرۇپ ،— مۇشۇ چاپاننى پوكەينىڭ ئاستىغا تىقىپ قويسىلا . بىر نەچچە كۈندىن كېيىن پۇل جەملەپ چىقىپ سېتىۋالىمىز .
— ئوبدان ،— دېدى ئۇ سودىگەر چاپاننى چىرايلىق قاتلاپ پوكەينىڭ ئاستىغا قويغاندىن كېيىن ،— ھەر ھالدا تېزرەك چىقىپ ئېلىپ كېتىشەلا . بولمىسا مالنى بېسىپ ياتساق بىزگە زىيان بولىدۇ .
دىلبەر بازاردىن چىقىپ بولغۇچە تىنماي غۇدۇرىدى .
— ئۆتكەنكى قەلەم ھەققىڭنى بىكاردىن ـ بىكار بىر كونا كىتابقا بېرىۋەتتىڭ . ئەگەر ئاشۇ پۇلۇڭ بولغان بولسىمۇ بۈگۈنلا ئالىدىكەنمىز .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— نەدىكى گەپنى قىلما ، دىلبەر ، — دېدى پەرھات ئاچچىق-لاپ ، — ئۇ كىتابنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس . تەۋەرۇك كىتاب ئۇ ، بىلەمسەن ؟

دىلبەر بۇ گەپتىن بىر ئاز تىنچلانغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ غۇدۇراشلىرى ، بىر نەرسىگە تارتىشقاندەك پات - پات ئارقىغا قاراشلىرىدىن ھېلىقى چاپانغا قىيماي تارتىشۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى . ئاھ قىزلار ، بۇ دۇنيادا سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلار تارتقانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلىش مۇمكىنمۇ زادى ؟ !

# ئون ئالتىنچى باب  ئۈزۈلگەن رىشتە

«ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس سۈنغان كۆڭۈلنى»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

ئۇلار ئىككىنچى سائەتلىك دەرستىن كېيىنكى تەنەپپۇستا
سىنىپتىن چىقىپ كارىدورنىڭ كۈنچىقىش بۇلۇڭىدىكى دېرىزە
ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئاپئاق قاردىن لىباس كىيىپ ، پاكلىق
ئەلچىسىدەك جىمىرلاپ ، كۆزنى چېقىپ ياتقان مەكتەپنىڭ شۇ
تاپتىكى تۇرقى ئاجايىپ جەلپكار ئىدى ، ئۇ گويا قىشنىڭ بۇ
گۈزەل تونى ئىچىدە ئەركىلەپ ياتقان بوۋاقتەك چېھرىگە ئوماق
بىر تەبەسسۇمنى سىڭدۈرگىنىچە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرماقتا .
تەنتەربىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولسا كېرەك ، پۇتبول
مەيدانىدىكى قارلارنى تازىلىماقتا . ئىككى يىلدىن بۇيانقى تۇنجى
قېتىم كۆرگەن قار بولغاچقىمىكىن ، ئابدۇسالام بىلەن پەرھاتنىڭ
خىياللىرى مەيدان ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەنگەن قار دۆۋىلىرىگە مىنى-
گىشىپ يىراقلارغا سەپەر قىلغانىدى .

شىمال تەرەپلەردە 11 - ئاي كىرە - كىرمەيلا قار يېغىشقا
باشلىسا تاكى 3 - ئايلارغىچە ياغىدىغان بولغاچقىمىكىن ، تۇرمۇ-
شۇڭغا قىيىنچىلىق ئەكېلىۋاتقان قارغا ئۆچلۈكلۈك كەلسە ، بەزىدە
ئۇنىڭ مېھرى - بەركىتىدىن سۆيۈنۈپمۇ قالىسەن . تۇنجى قاردا
قارلىق تاشلاش بىلەن باشلانغان كۆڭۈللۈك تاماشىلار تاكى باش
ئەتىيازغىچە سېنى مەستخۇش قىلىپ قار ئاتا قىلغان خۇشاللىق-
لاردىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىسەن . باللار بولسا ئۆزلىرى ياسىۋال-

www.uyghurkitap.com

غان چانلىرىنى سۈرەپ چىقىپ مۇز قاتقان دۆڭلۈكلەردىن سىيـ-
رىلىپ ئۆـوينىسا ، چـاڭغا تېـيىلىش ماھىرلىرى تاغ ـ داۋانلار-
دىن ھالقىپ قار تېيىلىدۇ . ئابدۇسالامنىڭ يۇرتىدا بولسا بۇ
ئويۇنلاردىن باشقا كۆك مەشرىپىنىڭ قىيا ـ چىيالىرى تاكى باش
ئەتىيازدا يېڭى كۆك چىققۇچە داۋاملىشىپ كۆككە بولغان ئاجايىپ
مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ سىرلىق تەلقىنلىرى بارچە يۇرەكنى لەر-
زىگە سالىدۇ . چىرايلىق لېگەنلەر ـ پەتنۇسلاردا ئۆستۇرۇلگەن
بۇغداي ياكى سامساقنىڭ قەھرىتان قىشتا ياپيېشىل بىخ تارتىپ ،
ئادەم قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك ھالەتتە جۇلالىشىدىن يۇرىكى
ئاللىقانداق بىر خىل ھېسسىيات ـ ھاياجان تەپتىدىن يېنىك
تىترىمەيدىغان ئادەم يوق . شۇڭا شىمالدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار
گەرچە بۇ يۇرت ئاتا قىلغان قىشتىكى مۆتىدىل ھاۋاغا كۆنۈپ
كەتكەن بىلەن ئايغى ئاستىدىن غىچىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ قىش-
نىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئويۇنلىرىنى بەرپا قىلىدىغان قارغا بەكمۇ
تەشنا بولغانىدى . مانا ئىككى قىش كۇزنىڭ ئىزغىرىن شامالليرى-
دىن كېيىنلا باش ئەتىيازنىڭ نەمخۇش ھاۋاسىنى ئاتا قىلغاچقا ،
ئۇلار گويا قىش كۆرمىگەندەكلا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ شەھەردە
ئۆزىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى يوقاتقان پەسىلگە بولغان سېغىنى-
شىنى ئۇققاندەك 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ياغقان بۇ قار ئۇلارنى
راستتىنلا خۇشال قىلغانىدى . قەشقەرلىك باللارنىڭ سۆزىدىن
قارىغاندا ، ئۇلار بۇنچىلىك قېلىن ياغقان قارنى كۆرۈشى تۇنجى
قېتىمكەن .

— ئاداش ،— دېدى پەرھات تۇنجى قار توزۇشى بىلەنلا
ھاياجانلانغان ھالدا ئابدۇسالامنى بىر يانغا تارتىپ ئەكېلىپ پەس
ئاۋازدا ،— قارلىق تاشلاش ئويۇنلىرىنى خويمۇ سېغىنغانتىم دې-
گىنە ، مانا «تىلسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك قار يېغىۋاتىدۇ .
بۇگۇن كەچ بۇنىڭ كۆركىنى ئوبدانراق قىلىپ قويايلى جۇمۇ .

— شۇنداق قىلايلى ، — دېدى ئابدۇسالام خۇشال بولغان

هالدا ئىككى يانغا بىر قارىۋېتىپ پەس ئاۋازدا ، — لېكىن ئۆزد-
ىمىزمۇ پەخەس بولايلى ، بىز تاشلىغىچە باشقىلار تاشلىۋالمىسۇن
يەنە . ھە ، كىمگە تاشلايمىز ؟
— قىزلار ياتىقىغا تاشلايلى ،— دېدى پەرھات ئاۋازىنى پە-
سەيتىپ تۇرۇپ ، — قىزلارمۇ بىرەر قېتىم ئولتۇرۇش قىلىپ
باقسۇن دەيمىنا .
— مەيلى ئەمىسە ، — دېدى ئابدۇسالام ، — قارلىقنى يې-
زىپ قويدۇڭمۇ يا ئەمدى يازىمىزمۇ .
— يېزىپ قويغانتىم . ئاشىقىنى سېغىنغان مەشۇقتەك كۆ-
زۈم تۆت بولۇپ كېتىۋىدى قارغا تەلمۈرۈپ .
— كۆزۈڭ تۆت بولمىسىمۇ ئەسلىدىنلا تۆت كۆزغۇ
سەن ، — دېدى ئابدۇسالام چاقچاق قىلىپ .
— كەلدى ، — دېدى پەرھات كۆزەينىكىنى بىگىز بارمىقى-
نىڭ يان تەرىپى بىلەن سەل يۇقىرى كۆتۈرگەن ھالدا ، — بۇ
«ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپتۇ» دېگەندەك بىر كەلتۈ-
رۈش .
— بەزىدە سەنمۇ قايىل بولۇپ قالىسەن ، ھە ،— دېدى
ئابدۇسالام ئۇنىڭغا قاراپ ، — بىلىسەن ، مەن مۇشۇنداق ئىچ
مىجەز چوڭ بولغان . گەپتە تازا ناتىق ئەمەسمەن . سېنى مۇنداق
كەلتۈرۈشۈمىمۇ ئاندا - ساندا .
— ئاندا - ساندا بولسىمۇ كەلتۈرۈپلا تۇرساڭ ئاخىر ئوبدانلا
كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالىسەن ئاداش ، — دېدى پەرھات يانچۇقى-
دىن قاتلاپ تۇمارچە قىلىنغان قەغەزنى چىقىرىپ ، — مانا ،
ئوقۇپ باقە ، شەرتلىرىمىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنمۇ ؟
ئابدۇسالام ئىككى ئەتراپقا ھوشيارلىق بىلەن قارىۋېتىپ تۇ-
مارچە قاتلانغان قەغەزنى ئېچىپ قارلىققا كۆز يۈگۈرتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تارقىتىش ئورنى

«قاردا قارلىق تاشلىدۇق ،
يامغۇردا ياغلىق تاشلىدۇق .
بۇ كۆكۈلنىڭ خۇشلۇقىدىن ،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق .

تاپالىسىڭىز گۇل كەلتۇرەرسىز ،
تاپالمىسىڭىز بىر باش پىياز .
شەرتىمىز ئون بەش قەدەم ،
ئۇنىڭدىن ئاشسا بەرمە ئاراز»

— ئاخىرقى مىسرايىڭ تازا چۈشىنىكسىز بولغان بولسىمۇ ، تۇرىدىغۇ ،— دېدى ئابدۇسالام پەرھاتقا قاراپ ،— بۇنى پەقەت قاپىيە ئۈچۈنلا زورلاپ يازغاندەك تۇرىسەن .

— ئون بەش قەدەمدىن ئوشۇق قېچىۋالساقلا بىزنى تۇتالمىغان ھېساب ، جېدەللىشىپ يۈرمە ، دېمەكچىدىم ،— دېدى پەرھات كۆزەينىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ،— پىيازغا قاپىيە كەلگۈدەك مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدىم ، شۇڭا مۇشۇ بويىچە بولىۋەرسۇنمىكىن دەپتىمەن . ئەگەر مۇۋاپىق سۆز تاپالىساڭ ئۆزگەرتىۋەتسەڭ بولىدۇ .

— قېنى ، ھېلىغىچە بىر گەپ بولار ، — دېدى ئابدۇسالام ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر نەچچەيلەننى كۆرۈپ ، — بەك كۈسۈرلىشىپ كەتسەك باللار سىزىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ ، قالدى گەپنى ياتاقتا دېيىشەرمىز .

ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە قارلىق تاشلىدى ، لېكىن تۇتۇلدى ، مۇنداقچە ئېيتقاندا قارلىق تاشلاپ تۇتۇلۇشمۇ بۇ ئويۇندىكى بىر كۆڭۈللۈك ئەرمەك ئىدى ، چۈنكى قارلىق دېگەن ئەنە شۇنداق قىزىق يەرلىرى بىلەن ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر خىل قىشلىق ئويۇن ـ دە .

ئابدۇسالام ئاخشامقى ھېلىقى قارلىق تاشلاش ۋەقەسىنى ئويىـ لاپ قالدى ـ دە ، ئۆزلىرىنىڭ تۇتۇلۇپ قالغان چاغدىكى كۈلكىـ لىك ھالىتىنى ئەسلەپ پىسسىڭىدە كۈلدى ـ دە ، قارغا ئورالغان گۈزەل قىشنىڭ جەلپكار مۆجىزىلىرىگە سىڭىشكەن ھالدا تۇرۇپ قالدى .

تۇيۇقسىز چىققان كۈلكە ئابدۇسالامنى خىياللار قۇچىقىدىن سۇزۇۋالدى ، پەرھات دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە ۋىلىقلاپ كۈلمەكتە ئىدى .

— نېمە بولدۇڭ ھوي ،— دېدى ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ پېـ شىدىن تارتىپ ،— تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا ئۆزۈڭچە ھە...

— ئاۋۇلارغا قارىغىنە ، — دېدى پەرھات سىرتنى شەرەتـ لەپ ،— ئاران ياسىغان قار بوۋاينىڭ بېشى يەنە دومىلاپ كەتتى .

ئابدۇسالام سىرتقا قارىدى ، مەيدان ئوتتۇرىسىغا ياسالغان قار بوۋاينىڭ چۆرىسىدە بىر مۇنچە قىز ـ ئوغۇللار چۇرقىرىشىپ يۈرۈشەتتى ، بىرەر مېتىر ئېگىزلىكتە ياسىغان بۇ قار بوۋاينىڭ ھەقىقەتەن بېشى يوق بولۇپ ، يوغانراق تاۋۇز چوڭلۇقىدا ياسالغان باشنى ئۇنىڭ مۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوندۇرالماي يۈرگەن بالىـ لار قىيا ـ چىيا قىلىشقان ھالدا يۇمىلاپ چۈشۈپ بۇزۇلغان باشنى قايتا ياساش بىلەن ئاۋارە ئىدى .

— ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا قار بوۋاي ياساپ باققان بىرەرى يوق ئوخشايدۇ ،— دېدى پەرھات ئابدۇسالامغا قاراپ ، — بولمىسا گەۋدىسى بىلەن بېشىنى بىراقلا ياساپ چىقىدىغان ئىشنى قىلالماي تۇرامدۇ ئاشۇنداق .

— بۇمىچۇ قارنىڭ يەنە بىر قىزىقچىلىقى ئاداش ، — دېدى ئابدۇسالام قار بوۋاي ئەتراپىدا ئاغزىدىن ئاپئاق ھور چىقىرىپ كۆڭۈللۈك تاماشىغا مەپتۇن بولغان باللارغا قاراپ ، — ئۇلۇشكۈن ئاخشامقى ئىشىمىزنى ئويلاپ باقمامسەن ، بىز قەستەن تۇتۇلدۇقمۇ ياكى ئۇلار راستىنلا بىزنى تۇتۇۋالدىمۇ ؟

— راستلا تۇتۇۋالدى ،— دېدى ئابدۇسالام ئاخشامقى قارلىق تاشلاش جەريانىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ،— بىزمۇ دەسلەپتىلا چاندۇردۇق ئەمەسمۇ .

ئۇ ئىككىسىنىڭ خىيالىدىن ئاشۇ كۆڭۈللۈك قارلىق تاشلاش كەچكىنىدە پىسسىڭىدە كۈلۈۋەتتى .

چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ چۈشكەن قار كەچكە يېقىن ئاران يەر يۈزىنى يۇقىا بىر قەۋەت ئاق پەردىگە ئورىدى . كەچلىك تاماقتىن كېيىن ياتاققا كىرىپ دېرىزىدىن سىرتتىكى ئېرىنچەكلىك بىلەن توزۇۋاتقان قارغا قاراپ ئۇھسىنىپ ئولتۇرغان پەرھاتقا قاراپ ياتاقداشلار پىخىلداپ كۈلۈشكىلى تۇردى .

— بولدى قىلە ، — دېدى يارمۇھەممەد ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ ، — كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ دېگەندەك ياغمىغان قارغا تەلمۈرگەننىڭ پايدىسى يوق ئەمدى . شۇنچە قار سىغىنىپ كەتكەن بولساڭ قىشلىق تەتىلدە ئۆيۈڭگە بېرىپ كەلسەڭ بولمىدىمۇ .

— يىگىرمە كۈنلۈك تەتىلدە بېرىپ كەلگىلى بولاتتىمۇ ،— دېدى پەرھات ئۇنىڭغا قاراپ ،— يۇرتقا بېرىپ كېلىشىمىز ئۇچۇنلا ئون بەش كۈن كېتىدىغان تۇرسا .

ئابدۇسالام ياستۇقىغا قويۇپ يېزىۋاتقان تۇرمۇش خاتىرىسىنى كۆزى قىيمىغان ھالدا ياپتى . شۇ تاپتا مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇيان كۆرەلمەي قالغان قارنىڭ بۈگۈن ھەر نېمە بولسا تۈگمەن توزغىقىدەك بولسىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن چۈشۈپ ، يەر يۈزىنى يېپىشقا ئۇلگۇرگەنلىكىنى شېئىرىي ئىلھام بىلەن يۇغۇرۇپ ، ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ھېسسىيات ـ ھاياجانلىرىنى خاتىرىگە چۈشۈرگەنىدى . قىشنىڭ تۈكۈرسە يەرگە مۇز بولۇپ چۈشكۈدەك بولىدىغان سوغۇقلىرىنىڭ ئەڭ بەلەن ئويۇنلىرىنى ئويناپ چوڭ بولغان شىماللىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا جەنۇبنىڭ قىشتىكى بۇ مۆتىدىل ھاۋاسى ئۇلارنى نۇرغۇن كۆڭۈللۈك ئويۇنلاردىن مەھرۇم

قىلغانىدى . بۇنىڭ ئىچىدىكى قارلىق تاشلاش ئويۇنى تۇنجى قار ئۇچۇن ئېيتىلىدىغان قىشلىق ناخشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى . ئۇلار خۇش بولۇۋاتقان بۇ تۇنجى قارنىڭ مۇنداق شەكىلدە يېغىشى ئۇلارنى راستتىنلا جىلە قىلىپ قويغانىدى .

— قاراڭلار ، قار كۈچىيىۋاتىدۇ ،— پەرھاتنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى ياتاق ئوتتۇرىسىدىكى مەش بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆچۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان ئوتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كۆمۈر ئۇستىگە قارامايدىن بىر پارچە سىلىۋاتقان ئەزىمەتنى چۆچۈتۈۋەتتى .

— قار بالاسى تەگدىمۇ ساڭا ،— دېدى ئەزىمەت قولىدىكى ئوت چوقچىلىغۇچ بىلەن مەشنىڭ ئاغزىنى يېپىۋېتىپ ، — قار كۈچەيسە ساڭا نېمە ئەمدى .

— قارلىق تاشلاپ ئوينايمىز دەيمەن ، — دېدى پەرھات كۆزەينىكىنى ئېلىپ ئۇنى سۇرتۇپ قايتىدىن كۆزىگە تاقاپ ، — مانا يېڭى يىل كىرىۋاتىدۇ ، بولسا يېڭى يىل كۈنى قارلىق ئولتۇ-رۇشى ئوينايمىز .

— كىمگە تاشلايسەن قارلىقنى ،— دېدى قۇدرەت كۆرپىسى-نىڭ كىرلىكىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ ، — قوشنا ياتاقتىكىلەر ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولدى . مەتسالىھنىڭ دېيىشىچە ، ئۇلار بۈگۈن ياتىقىغا كىرگەن ھەرقانداق مېھماننى تەقىب ئاستىغا ئالى-دىكەن .

— قارلىق دېگەننىچۇ قىزلارغا تاشلايمىز ، قىزلارغا ،— دېدى مەخسۇت ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئورنىدىن سەكرەپ پەسكە چۈشۈپ ،— ئولتۇرۇش دېگەننىچۇ قىز - ئوغۇل ئولتۇرىمىز دەيمەن...

— مەخسۇت توغرا دەيدۇ ، — دېدى پەرھات ياتاقدىكىلەرگە تەكشى قاراپ ، — قىزلارغا تاشلاش كېرەك . بىزنىڭ ياتاق داڭدار ياتاق ، ئالتە يۇرتتىن سەككىز ئەزىمەت تۇرۇۋاتقان ياتاق دېگەن مەكتەپ بويىچە پەقەت مۇشۇلا جۇمۇڭلار .

— ئۆتكەندە بىز ئالتە بەگلىك دەپ قىزلارغا مەيدە مۇشتلاپ نوچىلىق قىلىۋاتاتتىڭ ،— دېدى ئەزىمەت تاماكا ئوراپ ئولتۇ-رۇپ ، — مانا قار تەلىيىڭگە ئوبدانلا يېغىۋاتىدۇ . قارلىق تاشلاش-قا ئۆزۈڭ بارىسەن . تۇتۇلۇپ قالساڭ ئالتە بەگلىك دېگۈدەك داستىخان راسلايمىز . ئەگەر تۇتۇۋالالمىسا قىزلار ئالتە بەگلىككە يارىغىدەك داستىخان تەييارلىمىسا قايتا ـ قايتا داستىخان سالدۇ-رۇپ ھېلىقى ئېشىنغان تاماق بېلەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى خەجلە-گىلى سالىمىز .

— جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگىنە ،— دېدى ئابدۇسالامۇ پەسكە چۈشۈۋېتىپ ،— مۇشۇ بىر قېتىملىق قارلىقنىڭ باھانىسى-دا بىر نەچچە كۆنلۈك بېلەتىڭنى ئىقتىساد قىلىۋالىدىغان بولدۇم دەپ خۇشال بولۇۋاتقان ئوخشىمامسەن ؟ !

— قىزلارنىڭ راھىتىنى ئىككىڭلارلا كۆرەمتىڭلار ئەمىسە ،— دېدى ئەزىمەت تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئولتۇ-رۇپ ،— بىزمۇ بىرەر قېتىم قىزلارنىڭ چېيىنى ئىچىپ باقايلى .

— يېڭىشەھەردىن كىرىۋاتقان تۇخۇم بىلەن نانلار ھېساب ئەمەسكەن ـ دە .

— ئۇ دېگەن باشقا گەپ ،— دېدى ئەزىمەت گەپتە تۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن كېكەچلەپ تۇرۇپ ، — سىلەر دېگەن بىر جېنىڭ-لارغا نەچچە قىزنى ئەخمەق قىلىپ يۈرۈۋاتىسىلەر ئەمەسمۇ…

— پەيزىڭ بولسا گۈل قىس دېگەن گەپ بارغۇ ، ئۇنچىۋالا قىتىغۇرلۇق قىلىپ كەتمە ھوي ،— دېدى يارمۇھەممەد ئەزىمەتكە قاراپ ،— سەنمۇ مەن سىنىپ باشلىقى دەپ تازا كەلتۈرۈۋاتىسەن-غۇ .

— بولدى ، بولدى ، — دېدى پەرھات يارمۇھەممەدنىڭ گېپ-ىنى ئۈزۈپ ، — تالاشساڭ تېرىق بولىدۇ ، ئوتتۇرىسى سۇغا لايىق ئېرىق بولىدۇ دېگەندەك مۇنداق گەپلەرنى تالاشماي ئەمدى ھۇجۇمغا ئۆتەيلى . ھازىر ھەممىمىز بىرلىكتە ياتاقتىن چىقىمىز .

مەن ئابدۇسالام بىلەن قىزلار ياتىقىغا كىرىمەن . سىلەر بىزنىڭ ياتاق بىناسىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ تۇرىسىلەر . بىز ياتاقتىن قېچىپ چىقىپ ئون بەش قەدەم يىراقلاشساقلا بولدى . سىلەر شۇ چاغدا مۆكۈۋالغان يېرىڭلاردىن چىقىڭلار ـ دە ، بىزنى قوغلىغان قىزلارغا قار ئېتىپ توسۇۋالساڭلار بولىدۇ .

— يەنىلا يالغۇز بارساڭ بولارمىكىن ،— دېدى ئەزىمەت پەرھاتقا قاراپ ،— ئىككىڭلار كىرسەڭلار ئۇلار تۇيۇپ قالىدۇ .

— تۇيغۇزمايمىز دەيمەن ،— دېدى پەرھات قىزىقچىلىق قىلىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ،— ئىككىلىمىزنىڭ ھەپەلىرى شۇ ياتاقتا بولغاندىكىن بىردىن كۆڭلەكنى ئېلىپ مۇنۇنى يۇيۇپ بېرەمدىكىن دەپ ، شۇنى بېرىپ قويغىلى كىرگەن بولۇۋالساقلا بولمامدىمۇ .

— مېنىڭچە يارمۇھەممەد بارغىنى مۇۋاپىقمىكىن ،— دېدى ئابدۇللا ساۋۇت گەپ قوشۇپ ،— يېگەن ـ ئىچكەندەك ، سوقا ـ سەندەلدەك بالا بولغاندىكىن...

— توغرا ، يارمۇھەممەدنىڭ سۈرى بار ، قىزلار بۇنىڭدىن ھېيىقىدۇ .

— ۋاي بولدى قىلىڭلار ، سۈرى بولغان بىلەن مېڭىشى يوق نېمە بۇ ، قېچىشقا ياردىمايدۇ ،— دېدى ئەزىمەت گەپ ئارىلاپ ،— يەنىلا مۇشۇ ئىككىسى بارغىنى تۈزۈك .

— توغرا ، مېنىۋاغۇ بۇنداق ئىشقا شېرىك قىلماڭلار بولدى ،— دېدى يارمۇھەممەت تاماكا ئوراپ ئولتۇرۇپ ،— قارلىق دېگەننى مۇشۇنداق يىغىنچاقراق باللارنىڭ تاشلىغىنى ياخشى .

— بوپتۇ ئەمىسە ، بۇ ئىشنى شۇنداق بېكىتتۇق ،— دېدى ئابدۇللا ساۋۇت گېلىنى قىرىپ ئولتۇرۇپ ،— لېكىن قارلىقنى كىيىم ئىچىگە سالماي بىر ئامال قىلىپ بىرەرسىنىڭ كۆرپىسى ياكى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا يەم بىلەن تىقىۋېتىش كېرەك . بولمىسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆڭلەكنى ئېچىپ قالسا ئاسانلا تۇتۇلۇپ قالىدۇ.

ئۇلار مەسلىھەت بويىچە كۆڭلەك، كىرلىك، چاپان ئېلىپ ئىككىسى بىردىن ئىككى بولاق قىلدى ـ دە، ئۇنى قولتۇقىغا قىسقان هالدا قىزلار ياتىقىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. هازىر قار بىر ئاز كۆچەيگەچكە بايا يەر يۈزىنى ئارانلا ياپقان قار شۇ تاپتا بىرەر سانتىمېتىر ئەتراپىدا قېلىنلىشىپ يول ماڭغاندا هېچ بول-مىسا ئاياغنىڭ بولسىمۇ غىچىلدىغان ئاۋازىنى چىقارغىدەك بولغا-نىدى. دېمەك، بۇنداق قاردا قارلىق تاشلاش ھەممە شەرتكە ئۇي-غۇن بولاتتى.

ئۇلار ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزلىرىنى بىردەم توختىتىـ-ۋېلىپ ئاندىن ئىشىكنى چەكتى.

— كىم؟— دېدى ئىمانگۈل چىرقىراق ئاۋازدا.

— بىز،— دېدى پەرهات ئاۋازلىرىنى سەل كۆتۈرۈپ،— كىرىشكە رۇخسەتمىكىن؟

— بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭلار.

قىزلار ياتىقىدا بىر پەس ئوپۇر ـ توپۇر بولۇشتى. دېمەك، قىزلار بىرەر مېهمان كېلىش ئالدىدا تۇزەشتۇرۇۋالىدىغان جايلىـ-رىنى تۈزەپ، ئۆزلىرىنى رۇسلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىشىۋات-قاندەك قىلاتتى.

— كىرىڭلار، ئىشىك ئوچۇق.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،— ئۇلار هەر خىل يۈزماي، ئەتىر-لەرنىڭ هىدى توشقان ئىللىققىنە ياتاققا كىرىپ كېلىشتى.

— ۋاي، كېلىڭلار،— قىزلار ئورۇنلىرىدىن لىككىدە تۇرۇشتى. ئايپەرى بىلەن ئىمانگۈل بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى،— كارىۋاتقا كەلمەمسىلەر، نېمە بۇ قولتۇقىڭىزدىكى، قارلىق ئەمەس-تۇ،— ئايپەرىنىڭ بۇ گېپى بىلەن قىزلار يوپۇرۇلۇپلا كېلىپ ئىشىكنى ياپتى.

پەرهات ئورنىدىن ئىرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ يې-

ـنغا كەلگەن دىلبەرگە قارىدى . ئۇ شۇ تاپتا مۇشۇ ئىككى ئايدىن
بۇيانقى سوغۇق مۇئامىلىسىنى بۇگۇن ئازراق ئۆزگەرتكەندەك تۇ-
راتتى . چۇنكى ئاشۇ توقۇلما چاپان ۋەقەسىدە ئۇ پەرھاتتىن رەنجى-
گەندى . ئۇ شۇ چاغدا چاپاننى ئالالمىغانلىقى ئۇچۇنلا پەرھاتقا
قېيىداپ قالغان بىلەن بىرەر ئاي ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئاشۇ چاپاننى
سېتىۋالغىنىنى ئايپەرىدىن ئاڭلىغانىدى . لېكىن نېمە ئۇچۇندۇر
پەرھات بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمىغانلىقىدىن
ئۆكۇنۇپمۇ قالدى . مانا شۇ كۇندىن باشلاپ ئۇ ھەر خىل
باھانە - سەۋەبلەر بىلەن پەرھاتتىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى .
پەرھات مۇشۇ قارلىق تاشلاش ئارقىلىق دىلبەرنىڭ كۆڭلىنى
ئۇتۇپ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇش ھېسابىغا مۇناسىۋەتنى ياخشى-
لاشنى ئويلىغانىدى . مانا ، دېگەندەك ئۇلار كىرىشى ھامان دىلبەر
ھەر ھالدا بىر ئاز ئېچىلدى . دېمەك ، ئۇنىڭ چاپان ھەققىدىكى
ئاچچىقلىرى سەل - پەل يانغاندەك تۇراتتى . لېكىن ئۇنىڭ كۆڭ-
لىنى ئېلىش ، بۇرۇنقى دوستلۇقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۇرۇش
مۇھىم ئىش ئىدى .
— نېمە بولدۇڭلار ھوي ، — دېدى پەرھات ئۆزىدىكى ئوڭاي-
سىزلىقنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ، — قارلىق دېگەننىمۇ مۇ-
شۇنداق تاشلامدۇ ئەمدى ، مۇنۇ شىم - چاپانلارنى يۇيۇۋەتسۇن
دەپ كىردۇقۇ شۇ ، دۇشمەنگە قارىغاندەك نېمە قىلىق ئەمدى بۇ ،
تۇتۇڭلار مانا ، — دېدى ئۇ قولتۇقىدىكى بولاقنى قىزلارغا تاشلاپ
بېرىپ ، — ئابدۇسالام سەنمۇ بەرگىنە ئاۋۇ كىرلىرىڭنى ، ئاختۇ-
رۇپ بولسا ، ئاندىن چىقىپ كېتەيلى .
قىزلار بۇ ئىككىسىنى تارتىپ ئەكېلىپ كارىۋاتقا ئولتۇر-
غۇزدى ، بىر نەچچىسى بولاقتىكى كىيىملەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ
يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشتى . كىرلىكلەرنى سىلكىدى . ھېچنېمە
چىقمىغاندىن كېيىن كۆڭۇللىرى جايىغا چۇشۇپ پەرھات بىلەن
ئابدۇسالامنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى .

www.uyghurkitap.com

— ھەرقانچە بولسىمۇ سىلەرگە قارلىق تاشلاپ يۈرمەسمىز ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇلارغا قاراپ ، — توشقانمۇ ئۆز ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى چۆپلەرنى يېمەيدىغۇ ، ئەگەر قارلىق تاشلاش نىيىتىمىز بولسا ماۋۇ قوشنا ياتىقىڭلارغا تاشلايتتۇق .

— ئۇنداق لوللىق قىلماڭلار ، — دېدى ئىمانگۈل سۆزۈپ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ ، — بىز پەرھاتنىڭ چۈشتە تەييارلىق قىلىپ قارلىق يازغىنىنى ، ئابدۇسالام بىلەن دېرىزە تۈۋىدە مەسلىھەتلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالغان . شۇڭا بۇگۈن قارلىق تاشلايمىز دەپ بىكار ئاۋارە بولماڭلار .

— ۋاي ، بولدى قىلايلىلا ، — دېدى ئايپەرى ئىمانگۈلنىڭ پېشىدىن تارتىپ ،— ئابدۇسالام راستچىل بالا ، ئۇ بىزنى ئالدىمايدۇ . ئۇلارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي بىرەر ياتاققا قارلىق تاشلاشنىڭ ئامالىنى قىلايلىلا .

— ئۇخلىماي چۈش كۆرگەندەك بىر ئىش قىلمايلى ھەي قىزلار ، قارلىق دېگەن مانا ئالدىڭلاردا تۇرسا ،— دېدى ئارزۇگۈل پەرھاتلارنى كۆرسىتىپ ،— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىلەر ، ئۇلارغا بولغان نازارەتنى قەتئىي بوشاتمايلى جۇمۇ .

ئابدۇسالام پەرھاتقا قاراپ قويدى ، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئامال يوقمۇ نېمە دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى ، دېمىسىمۇ بۇ قىزلار بۇگۈن تەييارلىقنى ناھايىتى پۇختا قىلىپ ئولتۇرغاندەك قىلاتتى . مۇنداق ئەھۋالدا يانچۇقتىن قارلىقنى تۇيدۇرماي ئېلىپ بىرەر يەرگە تىقىپ قويۇشمۇ تەسكە توختايدىغاندەك قىلاتتى . لېكىن تۇتۇلۇپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ بۇ قارلىقنى زادى تاشلىماي بولمايتتى .

— بولدىلا ئابدۇسالام ،— دېدى پەرھات ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ،— بىردەم پاراڭلىشىپ چىقايلى دېسەك بۇ قىزلار بىزگە ئوغرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ . چىقىپ كېتەيلى .

— بۇ… ،— ئابدۇسالام گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى .

چۈنكى پەرھاتنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە ئۈنىڭغا كۆز قىسىش ئىشا-
رىسى بەرگەنلىكى ئىشنى پۈتتۈرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى،—
مەيلى، ئەمىسە دېگىنىڭدەك بولسۇن،— دېدى- دە، ئابدۇسالام-
مۇ ئورنىدىن تۇردى.
— بىردەم ئولتۇرساڭلارچۇ،— دېيىشتى قىزلار چۇرقىرى-
شىپ،— پەرھاتنىڭ قىزىقچىلىقلىرىنى سېغىنىپ قالغانتۇق.
— پەرھات بۈگۈن قىزىقچىلىق قىلغىلى ئەمەس بىزگە قىل-
تاق قۇرغىلى كىرگەن، دىققەت قىلىڭلار قىزلار جۇمۇ،—
ئىمانگۈل بۇ ئىككى يىگىتنىڭ يېنىغا كەلدى،— بۇلار دېسەم-
دېمىسەم قارلىق تاشلىغىلى كىرگەن. ئارزۇگۈل ئىشىكنى توسا،
بۇلار قېچىپ كەتمىسۇن.
— ۋاي- ۋۇي، نەدىمۇ مۇنداق قارلىق تاشلاش بول-
سۇن،— دېدى پەرھات تېرىككەندەك قىلىپ كۆزەينىكىنى يۇقى-
رى كۆتۈرۈپ،— بۇ قىلىقىڭلار ئەمدى رەسمىي قاملاشمىغىلى
تۇردى جۇمۇڭلار. بوپتۇ، بىز ئولتۇرغان مۇشۇ يەرنى ئاختۇرۇ-
ۋېرىڭلار، ئاندىن چىقىپ كېتەيلى، يا يانچۇقلارنىمۇ ئاختۇرىدى-
غان گەپمۇ؟
— ئاختۇرىمىز، — دېدى ئىمانگۈل شوخلۇق بىلەن ئۇلار-
نىڭ چاپىنىغا ئېسىلىپ.
— بولدى قىلساڭلارچۇ، — دېدى ئايپەرى ئۆزلىرىنىڭ
قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ سەل ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، —
پەرھات توغرا دەيدۇ، قارلىق تاشلىغىلى كىرگەن ئادەمگىمۇ
توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بۇ ئىشنى بىلسەكمۇ بىلمەسكە
سېلىپ بۇلار چىقىپ كەتكەندە قارلىقنى تېپىۋېلىپ قوغلاش مانا
بۇ قارلىق ئويۇننىڭ ئەڭ قىزىقارلىق، ئەڭ كۆڭۈللۈك يېرى،
كەچكىچە قارلىق تاشلايدىكەن دەپ كۆزىگە كىرىۋېلىش، يولسىز-
لىق بىلەن ئۇنىڭ چاپانلىرىنى ئاختۇرۇش قارلىققا قىلىنغان
ھۆرمەتسىزلىك.
— توپتوغرا،— دېدى ئابدۇسالام ئورنىغا قايتا ئولتۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ ،— ئولتۇرە پەرھات ، مانا بۇ قارلىقنى چۈشىنىدىغان قىز-
نىڭ ھەقىقىي ، چىن مەنىدىكى باياني . مەن ئايپەرىنىڭ مۇشۇ
سۆزى ئۈچۈن بۇ ياتاقتا يەنە ئون مىنۇت ئولتۇرۇشقا رازى .

— كۈنگە كۆرۈپ تۇرىسەنۇ يەنە يۈرىكىڭ پىژ - پىژ
ھە ،— دېدى پەرھات ئورنىغا قايتا ئولتۇرۇپ ،— ئايپەرىنىڭ بىر
ئېغىز گېپىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئون مىنۇت ۋاقتىڭنى بەردىڭ .
قېنى ، قوشۇمچە سۆزلەيدىغانلارنىڭ گېپى بولسا مەن يېرىم سا-
ئەت ۋاقتىمنى بېرەي .

— دىلبەر ، ئەمدى گەپ قىلىش نۆۋىتى ساڭا كەلدى
ئاداش ،— دېدى ئارزۇگۈل باياتىن گەپكە ئارىلاشماي بۇلۇڭدىكى
كارىۋىتىدا خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ ئولتۇرغان دىلبەرنى
خىيالدىن سەگىتىپ ،— پەرھاتنى ئولتۇرغۇزۇش پەقەت سېنىڭ
قولۇڭدىنلا كېلىدۇ .

— مېنىڭ گېپىمگە كىرەمتى ،— دېدى دىلبەر روھسىزغى-
نە جاۋاب بېرىپ ،— بولدىلا ، قارلىق تاشلىنسا تاشلاۋەرمىسۇنمۇ .

قىزلار دىلبەر بىلەن پەرھاتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ سەل يىرىك-
لىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپ كەتمىگەچكە دىلبەرنىڭ بۇ سۆزىدىن
ئۇلار ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى .

ئابدۇسالام پەرھاتقا قارىدى ، پەرھات ھازىر دىلبەرنىڭ سۇس-
قىنە بەرگەن جاۋابىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەندەك تۇراتتى . شۇ
تاپ ئۇ چىڭ سىقىملىۋالغان قارلىقنى قانداق قىلىپ مۇشۇ قىز-
لارنىڭ بىرەرىنىڭ يوتقان - كۆرپىسى ئارىسىغا تىقىۋېتىپ ئىت-
تىكرەك چىقىپ كېتىشنى پىلان قىلىپ تۇرغاندەك تۇراتتى .
شۇڭا ئابدۇسالام ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن كۆزەتنى
بوشاشتۇرمايۋاتقان ئىمانگۈلگە قاراپ ئۇنىڭ خۇددى ئارتىسلارنىڭ-
كىدەك پەردازلانغان قارا ھەم توم قاشلىرىغا تىكىلگىنىچە سۆز
باشلىدى :

— ئەجەب چىرايلىق ھە مۇشۇ قېشىڭىز ئىمانگۈل ،— دېدى

ئابدۇسالام ، — خۇددى بوياپ قويغاندەكلا ، دېسەم ـ دېمىسەم قېشىڭىزنى بوياپسىز .

— مەن ئۆمرۈمدە قاش بويىغاننى كۆرۈپ باقمىغان ،— دېدى ئۇ توم ، قارا قاشلىرىنى يىمىرىپ ،— بىزنىڭ يېزىدا چاچلىرىغا جىگدە يېلىمى چاپلاندىن باشقا يۈزىگە ھەتتا يۈزمايمۇ سۈرۈپ باقمىغان قىزلار ساماندەك ، مەنمۇ شۇلاردەك . ئەمدى سىزنى بەكرەك قارىتىۋاتقان قېشىمغا كەلسەك ئانامنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەندىلا مۇشۇنداق قاشلىقكەنمەن . قانداق ، قاش كېرەكمى‑دى ؟

— ۋاي ـ ۋۇي ، سىزنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭىز ھا دەپلا ئېچىلسا ھېچكىمگە گەپ بەرمەيسىز جۇمۇ .

— گەپ بەرسەك سەھرالىق دەپ ياراتمايسىلەر ھەرقاچان ، ئاتا ـ ئانام مېنى سەھرانىڭ توپىسىدا ئۇپىلاپ ، بۇلاق سۈيىدە يۇيۇپ ، يېشىللىق ئىچىدە ئەركىن چوڭ قىپتىكەن .

بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇشۇنداق گەپ تالىشىشى نەتىجىسىدە ھەممەيلەننىڭ دىققىتى دەل مۇشۇ ئىككىيلەنگە مەركەزلىشىپ پەرھات قاراقسىز قالدى ـ دە ، پەرھات دەلمۇدەل شۇ پەيتنى چىڭ تۇتۇپ قولىدىكى قارلىقنى ئولتۇرغان كارىۋاتنىڭ كۆرپىسى ئاس‑تىغا تىقىۋەتتى . بۇنى پەقەت دىلبەردىن باشقا ھېچكىم سەزمىدى . پەرھات ئىشنىڭ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىنى جەزم قىلغان‑دىن كېيىن ئىمانگۈل بىلەن جىددىي تالاش ـ تارتىشقا چۈشكەن ئابدۇسالامنىڭ پېشىنى تارتتى .

— بولدى قىلە ، كاس ـ كاس ،— دېدى پەرھات ئورنىدىن تۇرۇپ ،— مۇشۇنداقلا تالاشساڭلار ھېلى ئۇرۇشۇپ قالىسىلەر . بىز چىقايلى ئەمىسە .

ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ چىرايىدىن قارلىقنىڭ جايىنى تاپقان‑لىقىنى جەزم قىلدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇردى .

— ئىمانگۈل ، سىز بىلەن گــەپ تالىشىپ يېڭەلمىگۈدەك‑

مەن ،— دېدى ئابدۇسالام ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ،— بولدى ، يىلىگىنىمگە قايىلمەن . بىز چىقايلى ئەمىسە .

ئۇلار ئالدىراش سىرتقا ماڭدى . قىزلار ئابدۇسالام بىلەن پەرھاتنىڭ بىردەمدىلا گەپنى چورتلا ئۈزۈپ ماڭغىنىدىن گۇمان قىلىشتىيۇ ، لېكىن دەماللىققا ھېس قىلالماي ئۇلارنى ئۇزىتىشقا بىللە مېڭىشتى .

— بولدى چىقماڭلار ، تالا سوغۇق ،— دېدى پەرھات ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ .

— بۇلار چوقۇم قارلىقنى يوشۇرۇپ بولدى ،— دېدى ئىمانگۈل چىرقىراق ئاۋازدا ،— ئۇلار ئولتۇرغان يەرنى ئاختۇرۇڭلار .

— ئاۋۇ كۆرپىنىڭ ئاستىدا ،— دېدى دىلبەر ئىمانگۈلگە قاراپ .

— بولدى ، قاچ ،— دېدى ئابدۇسالام پەرھاتنى ئىتتىرىپلا تالاغا چىقىپ .

ئۇلار تالاغا چىقىپلا يىراقتا ياتاقداشلىرى قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى ـ دە ، شۇلارنىڭ قېشىغا بېرىۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈردى . لېكىن بىر نەچچە قەدەم ماڭە ـ ماڭمايلا ئۇلارنىڭ پۇتىنى خۇددى بىرى ئىتتىرىۋەتكەندەك غارىلداپ تېيىلدى ـ دە ، ھەر ئىككىلىسى ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى . ئەسلىدە قىزلار سوغۇق چۈشكەندىن بۇيان ياتاقتا كىر يۇيۇپ ، يۇندىسىنى تالاغا ئاچىقىپلا ئىشىك ئالدىغا چېچىۋەرگەنىكەن . ياتاقتىكى سەككىز قىزنىڭ كىر يۇيغان سۇيىدە ، ئىشىك ئالدى خېلىلا چوڭ بىر مۇزلۇقنى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ قار ئاستىدا قالغانىكەن ، پەرھات بىلەن ئابدۇسالام بۇنى كۆرەلمىگەچكە تېز يۈگۈرىمىز دەپ ئۈستىنى قار باسقان مۇزدا تېيىلىپ يىقىلغانىدى . ئۇلار يىقىلىشى ھامانلا ياتاقتىن چۇرقىراشقىنىچە يۈگۈرۈپ چىققان قىزلار تۇشمۇ تۇشتىن كېلىپ ئۇلارنى ئورنىدىن تۇرغىلى قويماي بېسىۋالغان ھالدا مۇز ئۈستىدىكى قارلارنى ئوچۇمداپ ئېلىپ ، ئۇلار-

نىڭ چاپانلىرىنىڭ ئىچىگە ، يۈزلىرىگە ئەيتاۋۇر قار تىققىلى بولى-
دىغانلىكى يەرلىرىگە قارنى پومىلاپ تىقىپ ئۇلارنى ئەندىكتۈرۈۋەت-
تى ـ دە ، قارلىق تاشلاشنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق ئويۇنلىرىدىن
قانغۇچە ھۇزۇرلىنىشتى .

ياتاق ـ ياتاقلاردىن يۈگۈرۈپ چىققان قىز ـ ئوغۇللار بۇ
كۆڭۈللۈك تاماشىدىن قانغۇچە كۈلۈشتى ، پەرھات بىلەن ئابدۇسا-
لام قىزلارنىڭ ئاستىدىن تېزرەك قوپۇپ كېتىشكە ھەرىكەت
قىلاتتىيۇ ، نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئارىسىدا قالغاچقا ئامال تاپالماي
قالغانىدى . مۇزدەك قار ئىسسىق بەدەنگە تېگىش بىلەن ئادەمنى
ئەندىكتۈرىدىغان بىر تىترەك پۈتۈن بەدەنگە تارايتتى ، لېكىن
ئۇلار بۇ خىلدىكى شادلىق ئارىلاشقان ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ
ئەتراپىدا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ تۇرغان قىزلارنى ، ھۇيت ـ ھۇيت
سېلىشىۋاتقان ئوغۇللارنىڭ چىرايلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر
ئىدى . چۈنكى قارلىق دېگەن مانا مۇشۇنداق قىرىقچىلىقلىرى
بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئويۇن ـ دە .

ئوغۇللارنىڭ سۈلھ ـ سالاسى بىلەن قىزلار بۇ ئىككىيلەننى
قارغا مىلەشتىن توختىدى . ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى
قېقىشتۇردى .

— قارلىقنىڭ چېيىنى قاچان ئىچىمىز ؟ !— دېدى ئىمانگۈل
قولىدىكى بىر ئوچۇم قارنى بۇ ئىككىسىنىڭ باش ئۈستىگە چېچى-
ۋېتىپ ، — قارلىق بىزنى باسارمىكىن دېسەك سىلەرنى بېسىۋال-
دى . ئەمدى ئوغۇل بالا بولغاندىكىن چاينىمۇ راۋۇرۇس بەرمى-
سەڭلار بولماس .

— چاتاق يوق ،— دېدى پەرھات چاپانلىرىنى قېقىشتۇرۇپ
تۇرۇپ ،— ئەتە ئايغا 31 ، ئەتە كەچتە يېڭى يىللىق ئولتۇرۇش
قىلىدىغان گەپ . تەلىيىڭلار باركەن . ئۆگۈنلۈككە يېڭى يىل ،
يېڭى يىل كۈنى بىزنىڭ ياتاققا قارلىق چېيىغا تەكلىپ . سىلەرنى
ئالتە شەھەرنىڭ سەككىز بېگى پادىشاھ ئوردىسىنىڭ چايلىرىدەك

داستىخان سېلىپ كۈتۈۋالدۇ . ئەسلىي سىلەر مۇنچىلىك كۈچەپ كەتمىسەڭلارمۇ بەرىبىر بىز چاي بېرەيلى دەپ مەسلىھەتلەشكەن .

— يالغان ،— دېدى ئىمانگۈل ، — ئەگەر تۇتۇلماي قالساڭلار چوقۇم بىزگە چاي بەرگۈزەتتىڭلار .

— ئۇ چاغدا سىلەر بىر چاي ، بىز بىرەر قېتىم رەھمەت چاي بېرەتتۇق ئەمەسمۇ ،— دېدى ئابدۇسالام كۈلگەن هالدا ،— مانا بىزنى تۇتۇۋېلىپ بىر چايدىن قۇرۇق قالدىڭلار .

— ئۇيان قىلىپ ، بۇيان قىلىپ يەنە شۇ بىزنى بىر قېتىم چاي بەرگىلى سالماقچىغۇ ،— دېدى ئايپەرى ئابدۇسالامغا قاشلىرىنى يىمىرىپ يېنىك جىلمايغان هالدا ، — بوپتۇ ، سىلەرنىڭ چاينى كۆرۈپ باقايلى ، ئەگەر دىتىمىزغا ياققۇدەك داستىخان سالساڭلار رەھمەت چاي بىزدىن ، قانداق دېدىم قىزلار .

— شۇنداق ، — دېدى قىزلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا توۋلاپ .

— يەنە ئىككىڭ بىرلىشىپ نېمە سۇيىقەست پىلانلىشىۋاتىسەن ؟ — تۇيۇقسىز چىققان ئاۋاز ئۇلۇشكۈن ئاخشامقى قارلىق تاشلاش ۋەقەسى ئىچىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بۇ ئىككىيلەننى دىڭگىدە چۆچۈتۈۋەتتى . ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئەزىمەتنى كۆرۈشتى .

— ئەتىكى ئىشنى ئويلاشساقمۇ بۈگۈن كەچكى ئىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار ،— دېدى ئەزىمەت موخۇركا يۆگەۋېتىپ ،— يېڭى يىللىق ئولتۇرۇشنى كەچكە ئورۇنلاشتۇردۇق . سازغا مەن مەسئۇل ، لېكىن ئوقۇلىدىغان دېكلاماتسىيىنى سىلەر ئورۇنلاشتۇرۇڭلار . ئىككىڭلار ئىككى پارچە شېئىر يازمىساڭلار زادى بولمايدۇ . ئالاهازەل بەش پارچە دېكلاماتسىيە بولسۇن . ئايپەرىنىڭ ئاۋازى ، ئىنتوناتسىيىسى ياخشى ، بولسا بىرەر پارچە نەسر يازسۇن . بىزنىڭ سىنىپتا ھەممە ساھەنىڭ ئادىمى بولغاندىكىن يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىمىز مەكتەپ بويىچە ئەڭ جاز-

لىق ، ئەڭ قىزىقارلىق بولۇشى كېرەك .
— خاتىرجەم بول ، — دېدى پەرھات كۆزەينىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ،— لېكىنزە ، مۇشۇنداق پائالىيەتلەر ئۇچۇن شېئىر يېزىۋېرىپ بىزنى ئاخىر كالپىندار شائىرلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قوياي دېدىڭ . بىرچۇ ئەتىگەن ئابدۇسالام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يېڭى يىلغا ئاتالغان شېئىردىن بىرسىلا بولسۇن . قالغانلىرىغا لىرىكا يازايلى دېيىشتۇق .
— بولمايدۇ ، قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ، ھەممىسى يېڭى يىلغا ئاتالغان شېئىرلار بولسۇن . لىرىكا يازدۇق دەپ كۆيدۈم - پىشتىم دېگەن مىسرالارنى يېزىشقىلى تۇرساڭ پائالىيەتنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كەتمەمدۇ .
— خاتىرجەم بول ئاشىق يىگىت ، — دېدى ئابدۇسالام ئەزىمەتنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ ، — سېنىڭ تۇمەن بويىدا ھېلىقى ئايخېنىمىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىمەن دەپ مەيدەڭگە مۇشتلاپ كۆكەرتىۋالغان ئىشىڭنى يازمايمىز .
— گەپنى بۇرىما ئابدۇسالام ،— دېدى ئەزىمەت تاماكىسىنى كۈچەپ شوراپ كۆتىكىنى يەرگە تاشلاپ ئۇنى دەسسەپ ئۆچۈرگەندىن كېيىن ، — بۇ دېگەن سىنىپىمىزنىڭ كوللېكتىپ پائالىيىتى ، سېنىڭ ئەتە قىلىدىغان قارلىق ئولتۇرۇشۇڭغا ئوخشاشمايدۇ .
— بولدى ، بولدى ، بۇنداق ئېزىپ ئىچۈرمىسەڭمۇ بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمىز ،— دېدى پەرھات ئەزىمەتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ،— كەچكى ئولتۇرۇشنىڭ رىياسەتچىلىكىنى كىم قىلىدۇ ؟
— شۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ ،— دېدى ئەزىمەت ئابدۇسالامغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ،— ئايپەرى قىلىدۇ ، سۆز تېكىستىنى ئابدۇسالام بىلەن ئىككىسى تەييارلايدۇ . بىلىپ قوي ئابدۇسالام ، رىياسەتچىنىڭ سۆزى جانلىق ، قىزىقارلىق ، يۇمۇرلۇق بولسۇن .

www.uyghurkitap.com

— يۇمۇرلۇق قىلىمەن دېسەڭ پەرھات بىلەن يارمۇھەممەت-
نىلا قىلدۇرمامسەن، بىر - بىرىنى چوقۇپ لەتىپە ئېيتىپ
مەيداننى قىيقاس - چۇقانغا توشقۇزۇۋېتىدۇ.

— لەتىپەڭلار ئەتىكى ئولتۇرۇشقا قالسۇن، — دېدى ئەزد-
مەت پەرھاتقا قاراپ قويۇپ، — سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ ئىشى
بولغاندىكىن كوللېكتىپنىڭ روھى، جاسارىتى، ئۆگىنىش نەتى-
جىلىرى، ئۇستازلار ئەجرى دېگەندەك تېمىلار گەۋدىلەنگىنى ياخ-
شى. ئۇستازىمىز سايىتجان ھوشۇر بۇ پائالىيەتكە باشتىن -
ئاخىر قاتنىشىدۇ. ئۇندىن باشقا بىر نەچچە دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى-
مىزنىمۇ تەكلىپ قىلدۇق، بەلكىم ئۇلارمۇ قاتنىشىشى مۇمكىن.
شۇڭا بۇ پائالىيىتىمىز ياتاق ئولتۇرۇشىدىن روشەن پەرقلىنىشى
كېرەك.

— ھە راست، — دېدى پەرھات خۇددى ناھايىتى مۇھىم بىر
ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك چۆچۈگەن ھالدا ئەزىمەتنىڭ سۆزىنى
بۆلۈپ، — سايىتجان مۇئەللىمگە بىر پارچە شېئىر ئوقۇتايلى.
ئۆزىنىڭكىنى ئوقۇسىمۇ كىلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئوقۇ-
سىمۇ مەيلى.

— سەن دېمىسەڭ بۇنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، —
دېدى ئەزىمەت بېشىنى قاشلاپ، — تۈنۈگۈن مۇشۇ پائالىيەتنى
قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا مۇئەللىمدىن مەسلىھەت سورىغان
چاغدا «سىلىمۇ بىرەر پارچە شېئىر ئوقۇپ بەرسىلە مۇئەللىم»
دېگەنىدىم. «بولدى، ساۋاقداشلار ئوقۇسۇن» دېدىيۇ، لېكىن
رەت قىلىپ كەتمىگەن. مۇئەللىمنىڭ شېئىرىنى پائالىيەتنىڭ
مەركىزىي نۇقتىسىغا، يەنى دەل ئوتتۇرىغا ئالايلى، تەييارلىقىڭىز
بارمۇ دەپ سوراپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. مۇئەللىم يادلىۋالغان
شېئىر بىرەر يۈز پارچىدىن ئوشۇق تۇرسا، ئېزىپ ئىچۈرۈشىمۇ
ھاجەتسىز.

— ھەر ھالدا ئازراق قولاق ئۇرۇۋەتكەن ياخشى، — دېدى

ئابدۇسالام مەشىنىڭ ئۈستىدە گىژىلداپ تۇرغان چۆگۈننى يەرگە ئېلىۋېتىپ ،— بۇ پائالىيەتنىڭ ئىشلىرى ئاساسەن بېكىتىلدى . ئەمدى ئەتە كەچكى قارلىق ئولتۇرۇشنىڭ ئىشلىرىنى مەسلىھەتلەشمەمدۇق .

— ئۇنىڭ نېمىسىنى مەسلىھەتلىشىسەن ،— دېدى ئەزىمەت ئابدۇسالامغا قاراپ ،— دۇتار ، تەمبۇر چېلىپ ئۇسسۇل - تانسا ئوينايدىغان ئىشقۇ ئۇ .

— داستىخاننىڭ ئىشىنى دەۋاتىمەن . بىز پەرھات بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق . ئىككىمىز تۇتۇلۇپ قالغان گۇناھىمىز ئۈچۈن ئون سومدىن چىقىرىدىغان بولدۇق . ئويلاپ باق ، بىزنىڭ ياتاقچۇ مەكتەپ بويىچە مەنمەن دېگەنلەرنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان ، ھەۋەسلىنىدىغان بىردىن - بىر ياتاق جۇمۇ . شۇڭا داستىخىنىمىز قالپاقتا تۇشلۇق مول بولۇشى كېرەك ، غورىگول بولۇپ قالسا ئەپلەشمەيدۇ .

— بولدى ، قالغان ئالتىمىز بەش سومدىن چىقىرايلى . ئەللىك سوم پۇل دېگەنگە داستىخاندىن گۈل چىقارغىلى بولىدۇ . ھە راست ، ئەتىكى چايغا ھېلىقى ئايۇپ دېگەن گىتارچىنى چاقىرايلى . ئابدۇسالام ، ئۇ سېنىڭ يۇرتلۇقۇڭ بولغاندىكىن ئۇنى سەن دەپ قوي ، بۇگۈن چۈشتە پۇلنى يىغىۋالايلى ، ئەتە ئەتىگەن بازارغا چىقىپ سودىلىق قىلايلى . قاراپ تۇرۇڭلار ، بىزنىڭ قارلىق ئولتۇرۇشىمىز قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدۇ . دېگەنىبىلەن بۇ يىلقى يېڭى يىلىمىز ئالامەت ياخشى ئۆتىدىغان بولدى - دە .

ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئاجايىپ ھېسسىياتلار ئىسكەنجىسىگە پۈركەنگەن بولىدۇ . ئۇنىڭدىكى شەنبە - يەكشەنبىلەرنىڭ ستۇدېنتلارغا بېرىدىغان خۇشاللىق ، خاپىلىقلىرىمۇ ئۆزگىچە ، ئەڭ مۇھىمى يېڭى يىل ئالىي مەكتەپلەردە ئالاھىدە قۇتلۇقلىنىدۇ . يېڭى يىل كېچىسى ئوقۇغۇچىلار سىنىپلىرىنى ئاددىي ، ئەمما

بەكمۇ رومانتىك بېزەيدۇ ـ دە ، رەتلىك ، پاكىز كىيىنىشىپ ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ، ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىلغا قايتىدىن نەزەر سالىدۇ . كەلگۈسى يىلنىڭ ئۇمىدۋار پىلانلىرىنى تۈزۈشىدۇ . يېڭى يىللىق ئاتكرىتكىلارنى بىر ـ بىرىدىگە سوۋغا قىلىشىدۇ . يېڭى يىللىق شېئىر ـ غەزەللىرىنى يېزىپ ئۇنى جاراڭلىق ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇپ ساۋاقداشلىرىنى ئاجايىپ بىر خىل مەستخۇشلۇق ئىچىگە ئورايدۇ . ھەممىسى ئۆزى قىلالايدىغان بىرەر ئويۇن تەييارلاپ قانغۇچە كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىدۇ . ئاككوردىيون ، گىتار ، تەمبۇر ، دۇتارلىرىنى چېلىپ ئۇسسۇل ياكى تانسا ئوينىشىدۇ . ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرى تاكى كېچە سائەت ئون ئىككىگىچە داۋاملىشىپ يېڭى يىلنى ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا كۈتۈۋېلىشىدۇ . يېڭى يىلنىڭ جاراڭلىق سىگنالى چېلىنىشى بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن قول ئېلىپ كۆرۈشۈپ يېڭى بىر يىلنى تەبرىكلىشىدۇ ـ دە ، پائالىيەتنى ئەۋجىگە چىقىرىپ سائەت بىر بولغاندا ئاندىن تارقاشقا باشلايدۇ .

ئابدۇسالاملار ئاخشامقى پائالىيەتنى ئەنە شۇنداق قىزغىن ، جۇشقۇن ھالەتتە سائەت ئىككىگىچە ئېلىپ بارغانلىقتىن سائەت ئونغىچە ئۇخلاپ كەتتى . ئۇلارنى ئەزىمەت ۋارقىراپ ، سىلكىپ ئويغىتىپ بازارغا ھەيدىدى . مانا ئەللىك يۈەنلىك سودا بىلەن ياتاق ئىچىگە قويۇلغان ئىككى ئۈستەلنى لىققىدە توشقۇزغاندىن كېيىن ئۈستىنى گېزىت بىلەن ياپتى .

دەرستە ، ئۆگىنىشتە ، ئىجادىيەتتە ، ھەتتا ھەر خىل پائالىيەتلەردە مەكتەپنىڭ كۆزى سانىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ياتاق يېقىندا ئالتە بەگلىك دەپ ئاتىلىپ قالغانىدى . سەۋەبى بەكمۇ ئاددىي ، بۇمۇ پەرھاتنىڭ بىر قېتىملىق چاقچىقىدىن پەيدا بولغان بولۇپ ، لېكىن ئۇ ناھايىتى تېزلا بۇ ياتاققا خۇددى خىزىر قويغان لەقەمدەكلا سىڭىشىپ كەتتى . چۈنكى بۇ ياتاق ئالتە يۇرتنىڭ سەككىز ئوغلى بىرىككەن ياتاق بولۇپ ئۇنىڭدا سازچىلارمۇ ، ئىجادىيەتچى-

لەرمۇ ، شەھەرنىڭ ئەركە ئوغۇللىرى ، ھەتتا سەھرانىڭ قات-
تىق - قۇرۇق ئىش ئورۇنلىرىدا چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرگەن
ئابدۇسالامدەك چىداملىق يىگىتلەرمۇ بار ئىدى . شۇڭا بۇ ياتاققا
ھەممىلا ستۇدېنتلارنىڭ كۆزى چۈشەتتى . بولۇپمۇ قىزلار ياتىقد-
دىكىلەر بۇ ياتاققا بەك ھەۋەس قىلىشاتتى . شۇ سەۋەبتىنمىكىن
بۇ قېتىمقى قارلىق ئولتۇرۇشىغا ئۇلار بەكرەك كۆچىدى . يېرىم
كۈن ياسىنىپ - تارىنىپ قىزغىن روھىي ھالەت ، ئاجايىپ
نازاكەت بىلەن كىرىپ كەلگەن قىزلارنى ئۇلار بىر تەرەپكە ئول-
تۇرغۇزۇپ ئۆزلىرى قارشى تەرەپكە ئولتۇرۇشتى . تۆت كارىۋاتقا
قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشقان قىز - يىگىتلەرنىڭ چىرايلىرىدىن
بۇگۈنكى بۇ چايغا بولغان قىزىقىش - ھەۋەستىن كۆرە ، چاپچىپ
تۇرغان ياشلىق ھېسسىياتلىرىنىڭ نازۇك جىلۋىسى جۇلالىنىپ
تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . ئوغۇللار يەل - يېمىشلەر ئۇستىگە يېپىل-
غان گېزىت قەغەزلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاچقىنىدا قىزلار ھەيران-
لىقتىن كۆزلىرى چاقناپ چۇرقىرىشىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ قا-
يىللىق ئىلكىدە چاقنىغان كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق ئالامىتى بىلد-
ىنىپ تۇراتتى . چۈنكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدا بۇنداق سەر خىل
داستىخان راسلاش ھەقىقەتەن بەك مۇشكۇل ئىش ئىدى .

— ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئالتە بەگلىك ئىكەن-
سىلەر جۇمۇ ، — دېدى گۇلبوستان ھازىرلا شېخىدىن ئۈزۈلگەن-
دەك يالتىراپ تۇرغان ئۈزۈمدىن بىر تالنى ئېلىپ ئاغزىغا سالغان
ھالدا ، — سىلەرنى بۇنچىلىك كايىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىماپتىد-
ىمىز . بۇنچىلىك داستىخان سېلىشقىلارنى بىلسەك سىلەرنى تۇتۇ-
ۋالماي قويۇۋېتىدىكەنمىز .

— نېمىشقا ئەمدى ، — دېدى پەرھات گۇلبوستانغا قاراپ .

— مۇشۇ داستىخاننى ياخشى سالىمىز دەپ ،— دېدى ئىماد-
گۇل گەپ قىستۇرۇپ ،— بىر ئايلىق خىراجىتىڭلارنى يوق قىپ-
سىلەر ئەمەسمۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇنچىلىكمۇ دەپ كەتمەڭلار ، — دېدى يارمۇھەممەت مەش ئۇستىدىكى چۆگۈندىن چاي قۇيۇۋېتىپ ، — ئەيتاۋۇر كۆپ-نىڭ كۈچى كۆپ بولىدۇ دەپتىكەن كونىلار . تۇتۇلۇپ قالغان سىلەر بولغاندىكىن چاينى سىلەر بىرىڭلارچۇ دەپ ماۋۇ ئىككىسى-گە ئىشىپ ئولتۇرمىدۇق . ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش ، بىر يەڭدىن قول چىقاردۇق شۇ . بۇنىڭلىق بىلەن بىر ئايلىق خىراجى-تىمىز تۈگەيدىغان ئىش يوق جۇمۇ .

مېھمانلار بىلەن ساھىبخانىلار قىزغىن كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن داستىخانغا تېگىش قىلىشۋاتقاندا ئابدۇسالام بىلەن پەرھات پات - پات ئىشىك تەرەپكە قارىشىپ ، تەقەززالىق بىلەن بىرسىنى كۈتمەكتە ئىدى . چۈنكى ھازىر بۇ ئولتۇرۇشتا دىلبەر بىلەن ئايپەرى يوق ئىدى . ئۇلار زادى نەگە كەتتى ، بۇ ئۇلارغا قاراڭغۇ ، چۈشتىن كېيىن دىلبەرنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن ئايپەرىمۇ خۇد-دى كۆلگە تاشلانغان تاشتەك دېرەكسىز ، ھېلىراقتا ماڭغۇزغان مەتسالىھدىنمۇ خەۋەر يوق .

— دىلبەرنى ئايپەرى بەربىر تاپالمايدۇ ئاداش ، — دېدى ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ ، — ئولتۇرۇش بىزنىڭ ، سەن ، بىز ئېچىلىپ ئولتۇرمىساق سورۇننىڭ كەيپىيا-تىغا تەسىر يېتىدۇ . چىرايىڭنى ئېچىپ ئولتۇر دەيمەن .

— ئېچىپ ئولتۇردۇمغۇ .

— بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ قالدىڭ . ئۆزۈڭگە بىلىن-مىگەن بىلەن باشقىلار ئوڭايلا سېزىۋالىدۇ .

— مەخپىي گەپ قىلىشقا رۇخسەت يوق ، — دېدى گۈلبوس-تان ئابدۇسالام بىلەن پەرھاتقا قاراپ ، — «كۆسۈلدىغان سۆز-دىن ، پىلدىرلىغان كۆزدىن قاچ» دېگەن گەپ بار ، مۇنداق پىچىر-لاشساڭلار كىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشۋاتىدىكىن دەپ قالىدىكەن ئادەم ،— دېدى گۈلبوستان ئابدۇسالام بىلەن پەرھاتنى يېنىك چىمدىپ ئۆتكەندىن كېيىن سۆز تېمىسىنى بىراقلا يۆتكەپ ، —

مېنىڭچە، ھازىر پەرھات بىر نەچچە لەتىپە سۆزلەپ بەرسە قانداق؟!

— شۇنداق قىلسۇن، — قىزلار گۈلبوستاننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى، ئوغۇللار پەرھاتنىڭ بۈگۈن كۆڭلى تازا جايىدا ئەمەسلىكىنى بىلگەچكىمۇ ئۇلارنىڭ چاۋىكىغا قوشۇلۇپ چاۋاك چالغاندەك قىلغان بىلەن يەنىلا پەرھاتنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى ئەۋزەل بىلىشىپ ئارتۇقچە ئىپادە بىلدۈرۈپ كېتىشمىدى. لېكىن ھازىر پەرھاتنىڭ بىر نەچچە لەتىپە ئېيتىپ ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا رايى تارتاتتىمۇ؟! چۈنكى دىلبەر چۈشتىن كېيىن بولىدىغان مۇشۇ سورۇننى بىلىپ تۇرۇپ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنلا بازارغا چىقىپ ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن، دەپ قويۇپ شۇ چىقىپ كەتكەنچە يوقاپلا كەتكەنىدى. پەرھات گەرچە دىلبەرنىڭ ئۆزىگە قېيىداپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ مۇنداق يۈزسىزلىك قىلىپ ئۆزىدىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. چۈنكى يۈز نەچچە سوملۇق بىر چاپان تۇپەيلى ئىككى يىلغا يېقىن بولغان مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ يىقىلماس مۇنارىغا دەز كەتسە قەتئىي بولمايتتى. شۇڭا ئۇ دىلبەرنىڭ بۈگۈنكى بۇ غەيرىي بىنورمال ئەھۋالىدىن ئوبدانلا چۈچۈگەنىدى، چۈنكى دىلبەر مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئاتلىغان مۇشۇ بىر يېرىم يىلدىن بۇيان ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويماي مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ باقمىغانىدى.

— پەرھات، — دېدى ئىمانگۈل پەرھاتنى خىياللار قۇچىقىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، — گۈلبوستاننىڭ تەلىپىنى ئىلىك ئالمىدىڭىز، بۇ يالغۇز گۈلبوستاننىڭلا ئەمەس ھەممىمىزنىڭ تەلىپى ئىدى، قاراڭ، ئاپتاپتەك ئېچىلىپ ئولتۇرغان ساۋاقداشلارنىڭ بېشىغا قارا سايە تاشلاپ، ئۇلارنى نائۇمىدتە قويغىنىڭىز نېمىسى دەيمەن، بوپتۇلا، مەن سىزدىن ئۆتۈنگەن بولاي، سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە يا لەتىپە سۆزلەپ قىزىقچىلىق قىلىڭ، يا بول-

مسا بىرەر پەدە ساز چېلىڭ ، ئىشقىلىپ ھەممىمىز ئۆز يۇرتى-
مىزدىن ئايرىلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق بىر قارلىق
ئولتۇرۇشى قىلىپ ئولتۇرۇۋاتىمىزغۇ ، خەجلىگەن پۇلغا چىدى-
ماي ئولتۇرغان بولسىڭىز ئوچۇق دەڭ ، بىز تۆلەيلى .
— ياق ، ياق ، ياق… ،— دېدى پەرھات كىكەچلەپ ،—
مەنچۇ ئاشۇ دىلبەر بىلەن ئاپپەردىن ئەنسىرەپ…
— ئۇنداق تۇتۇلۇۋالماڭ ئەمىسە ، ئۇلار كىچىك بالا بولمى-
غاندىكىن يوقاپمۇ كەتمەس ، قارىغا ئابدۇسالامغا ، ئۇ نېمىدېگەن
تەمكىن ئولتۇرغان ھە ، گەرچە ئاپپەرى يوق بولسىمۇ خۇددى
يېنىدا قار مەلىكە ئولتۇرغاندەك شۇنداق خۇشال ، بىزلەرمۇ سا-
ۋاقداشلىرىڭلارغۇ ئاخىر…
— قوپەۋۋي ئورنۇڭدىن ،— دېدى يارمۇھەممەت پەرھاتنىڭ
قولىدىن چېكىۋاتقان تاماكىسىنى تارتىپ ئېلىپ ،— ئاموت ئال-
غان خۇرجۇندەك ئولتۇرىۋەرمەي ، سەن بارغۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە
يا قىزىقچىلىقىڭنى باشلا ، يا ساز چالامسەن بىر ئىش قىل ،
قىزلارنى مۇشۇنداقمۇ يالۋۇرتقان بارمۇ زادى ، قارا ئىمانگۇل تاس
قالدى ئالدىڭدا تىزلانغىلى ، بىر قىز بالا ئۇچۇن ئاشۇنچىلىك
ئاھ ـ ۋاھ دېيىش كېتەمدۇ ، قوپە ھوي ، ھە مۇنداق ، بىر نەرسە
دە ئەمدى .
پەرھات ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى . ئۇ بايا ئىمانگۇل
سۆز باشلىغاندىلا يېنىك قىزارغانىدى . مانا ئەمدى يارمۇھەممەت
گەپنى ئوچۇق قىلىپ خۇددى قىلىچ بىلەن كەسكەندەكلا ئىپادە
بىلدۈرۈۋەتتى . ئەمدى دىلبەرنى ئويلاشقا ، ئۇ توغرۇلۇق بىر
نەرسە دېيىشكە ئورۇن يوق ئىدى ، ئەلۋەتتە .
— بايىقى بىردەملىك چۈش ئىلكىدە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلى-
كىمنى كەچۈرۈڭلار ساۋاقداشلار ،— دېدى پەرھات ئوڭ قولىنى
كۆكرىكىگە ئېلىپ ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇپ ،— مەن بۈگۈن سىلەر-
نىڭ ھەرقانداق تەلىپىڭلارنى ئورۇنداشقا تەييار . مۇنداق بولسۇن ،

قىزىقچىلىقنى كېيىنرەك قىلايلى ، ھازىر ساز چالايلى ، بىز بۈ-
گۈن پەرىشتىدەك قىزلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قوشنا سى-
نىپتىكى مەكتەپدىشىمىز ئايۈپ گىتارنى چاقىرىپ كىردۇق . ئۇ
ئاۋۋال بىزگە بىر نەچچە پەدە گىتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بەر-
سۇن . قېنى ئاداش ئايۈپ ، ئاله گىتارىڭنى ، مەن ساڭا تەڭكەش
بولۇپ دۇتار چالاي . ئابدۇسالام بىلەن يارمۇھەممەت ئىككىسى
ناخشىغا تەڭكەش بولۇپ بەرسە قانداق ؟

— بولىدۇ ،— كۆپچىلىك بىردەك چاۋاك چېلىشتى .

ئايۈپ بايىلا تەڭشەپ تەييار قىلىپ قويغان گىتارىنى قولىغا ئالدى . ئوتتۇرا بوي ، قارىمۇتۇق كەلگەن بۇ يىگىتنى ھازىر مەكتەپتىلا ئەمەس ، بەلكى قەشقەر شەھىرىدىمۇ تونۇيدىغان ئادەم كۆپىيىپ كەتكەندى . ئوتتۇرا مەكتەپنىكى چېغىدىلا ۋىلادىمىر ئوپكا ئىسىملىك بىر پىروتكىدىن گىتار چېلىشنى ئۆگەنگەن بۇ يىگىت گىتارنى ناھايىتى ياخشى چالغاندىن سىرت رۇسچە ، خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىپ ياۋروپانىڭ بۇ بەش تارلىق سازىنىڭ ئاجايىپ سېھرىنى نامايان قىلغاچقىمۇ ئۇ گىتار چالغان سورۇن ئاجايىپ جانلىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ئابدۇسالام بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ ئابدۇسالامنىڭ دوستى ئابدۇراخمان گىتار چېلىشنى مانا مۇشۇ ئايۈپتىن ئۆگەنگەنىدى . ئايۈپ ئابدۇسالاملاردىن ئۈچ ياش ئەتراپىدا چوڭ بولۇپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارغان ، تيەنئەنمىن مەيدانىدا تۇمەنلىگەن قىزىل قوغدىغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ماۋ زېدۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن . زىيالىي ياشلار تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىپ كەمبەغەل دېھقان ، تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىش سىياستى چىققاندا يېزىغا چېنىقىشقا چۈشۈپ ئائىلىسىنىڭ تەركىبى ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك ئالتە يىل قايتا تەربىيە ئالغان ياش ئىدى . شۇڭا ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئابدۇسالامنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن ئوخشاپ كەتكەچكە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن تەبئىي ھالدا يېقىن دوستلۇق ئورنىتىپ قالغانىدى.

پەرھات يارمۇھەممەت سۇنغان دۇتارنى گىتارغا ماسلاشتۇرۇپ تەڭشىدى. ئۇلار بىر پەدە مۇڭلۇق مۇزىكا ئورۇندىۋەتكەندىن كېيىن ساۋاقداشلارنىڭ تەلىپى بىلەن جىرلاشقا باشلىدى.

قاشىڭ قارا، كۆزۈڭ قارا،
قاشىڭدىن كۆزۈڭ قارا.
كىرپىكىڭدىن نۇرلار تاما،
سۆيسەم يۈرەكىم قانا.

سورۇن بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. كىچىككىنە ياتاق مەشىنىڭ ئوتىنىڭ تەپتى، شۇنداقلا ئون نەچچە ئادەمنىڭ ئىسسىق تىنىقلىرى تەسىرىدىنمىكىن ئىسسىپ كەتتى. قىزلار پوپايكىلىرىنى يېشىپ، ئوغۇللار چاپانلىرىنى سېلىپ يەڭگىل بولۇشتى. ھە ــ ھۇ بىلەن ئۇ تەرەپتىكى ئۇستەلگە مېۋە ــ چېۋە، يەل ــ يېمىشلەر دۆۋىلىنىپ ئىشىك تەرەپتىكى ئۇستەل بىكارلىنىپ سىرتقا ئاچىقىۋېتىلدى. توق قىزىل پىلات ــ يوپكا كىيىپ ئاق سېرىق چىرايى ئاپئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن ئىمانگۇل ئىككى قولى بىلەن بېقىنىنى تۇتقان ھالدا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئېگىز پاشىنىلىق قىزىل خۇرۇم ئايغى بىلەن سۇۋارى خىش يېيىتىلغان يەرنى تاكاسلىتىپ تەپكەن ھالدا ئاتتۇشكا ئويناشقا باشلىدى. قىيقاس ــ چۇقان كۆتۈرۈلگەن ناخشا ساداسى ئىچىدە بىر ــ ئىككى پىرقىراپ گۈلبوستان تۇتقۇزغان قولياغلىقنى باش ئۇستىدە چۆرگىلىتىپ ئابدۇسالامنى تارتتى. ئابدۇسالام بىلەن يارمۇھەممەت ھەم ناخشىغا جور بولۇپ، ھەم ئىسقىرتىپ بۇ جىرلاشنىڭ ئەۋجىنى كۆتۈرۈۋاتقاچقا پەرھات دۇتارنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ

ئۆزى سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، ئىمانگۈلنى چۆرگىلەپ ئويناشقا باشلىدى .

جىر ـ جىرلايمىز ، جىرلايمىزا ،
گىتار قوللارامىزدا .
رەيھانگۈللەر ئاچسۇن چېچەك ،
باسقان يوللارامىزدا .

جىرلاش ئاخىرلاشقاندا سورۇن شاۋقۇنلۇق ھاياجانغا تولدى . پەرھات ئىمانگۈلگە سالام قىلىپ ئۇنى جايىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئايۇپقا يۈزلەندى .

— قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن ئاداش ، ئالامەت پەيزىڭ بار۔كەن . ئەمدى قىزلارنىڭ تۆيىقى قىزىپ قالدى ، بىرەر پەدە تانسىغا چالساڭ .

— جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا ،— دېدى گۈلبوستان پەرھاتقا قاراپ يېنىك جىلمىيىپ ،— قىزلارنىڭ تۆيىقى قىزىمىدى ، ئەس۔لىي ئوغۇللار ئولتۇرالماي قالدىڭلار .

ئىشىكنى قىيا ئېچىپ پەرھاتنى شەرەتلىگەن مەتسالىھنى كۆرگەن ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ پېشىدىن تارتىپ قويۇپ تالاغا چىقتى . ئۇنىڭ بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سەزگەن پەر۔ھات ئايۇپنىڭ يېنىغا ئەزىمەتنى ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ قولىغا دۇتارنى تۇتقۇزدى ـ دە ، قىزلارغا قارىدى .

— مەن سىرتقا چىقىپلا كىرەي ، سىلەر ئەمىسە تانسىغا بەھۇزۇر ھە ،— دېدى ئۇ قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ .

— يوقاپ كېتىشكە رۇخسەت يوق ،— دېدى ئىمانگۈل ئور۔نىدىن لىككىدە تۇرۇپ ،— ئابدۇسالام بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ھە ـ پەلىرى يوقاپ كەتكەننى ئاز دەپ ئۆزۈڭلارمۇ يوقاپ كەت۔سەڭلار ساۋاقداشلىقتىن كېچىپ كېتىمىز جۇمۇ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— خاتىرجەم بولۇڭ ،— دېدى پەرھات ئىشىك تەرەپكە مېڭى- ۋېتىپ ،— بەش مىنۇتتىلا يېتىپ كىرىمەن .

— كېيىنكىز گەپ ئەمىسە ھە ،— دېدى ئىمانگۈل ئورنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ .

— گەپ .

پەرھات تالاغا چىققىنىدا قاردىن ئاپئاق لىباس كىيگەن سىدە دەرىخى ئاستىدا ئابدۇسالام ، ئايپەرى ۋە مەتسالىھلار قاتتىق سو- غۇقتىن شۈمشەيگەن ھالدا تۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ بۇ تۇرقىدىن ھەممىنى چۈشەنگەن پەرھاتنىڭ ۋۇجۇدى يېنىك سىلكىنىپ بەدى- نى مۇزلاپ كەتكەندەك تىترەپ كەتتى .

— دىلبەرنى ھېلىقى ئۆيدىن تاپتۇق ، — دېدى ئايپەرى تېز - تېز سۆزلەپ ، — ئەتە كەچكى ئۆگىنىشكە ئۇلگۇرۇپ چىقىمەن . مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولغىنىڭلارغا رەھمەت . پەرھاتمۇ بۇ ئىشلارنى بەك ئۆزىگە ئەپ كەتمىسۇن ، ئولتۇرۇشۇڭلارغا دەخ- لى قىلماي دەپ يېنىپ چىقتىم دەيدۇ . ئۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ پەرھات ، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ . بولدى قىلىڭ ئەمدى ، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈڭ ، قارىغاندا ئۇ شەھەردىن بىرەرنى تېپىۋالغاندەك قىلىدۇ .

— ئۇ ئۆي ئىگىسىنى تۇغقىنىم دەيدۇ ، — دېدى مەتسالىھ گەپ ئارىلاپ ، — نەدە غۇلجىلىقنىڭ قەشقەردە تۇغقىنى بولىدۇ دەيمەن ، تونۇشى ئوخشايدۇ ئەينا .

— غۇلجىدا قەشقەردىن چىقىپ ئولتۇراقلاشقانلار بەك تولا ،— دېدى پەرھات مەتسالىھنىڭ سۆزىگە جاۋابەن ،— ئۇلارنىڭ ئانا جەمەت تۇغقانلىرى قەشقەر شەھىرىدىكەن ، يازلىق تەتىلدە دىلبەرنىڭ ئانىسى ئاشۇ تۇغقىنىنى ئىزدەپ تۇرۇشنى ئالاھىدە تاپىلىغان .

— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ مەكتەپ تۈزۈمىنى يادىدىن چىقارماسلىقى كېرەك - دە ،— دېدى ئابدۇسالام قاتتىق ئاچچىق-

لانغان هالدا ،— ئەگەردە بىۋاسىتە ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولمىسا
سىرتتا قونۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ، قونۇش توغرا كەلسىمۇ سى-
نىپ باشلىقىدىن رۇخسەت سورىشى كېرەكلىكىنى بىلمەمدىكى-
نە ، قانداق دېگەن بېشى چوڭلۇق بۇ .

— ئەتە يەكشەنبە ئاداش ، — دېدى پەرهات ئابدۇسالامنىڭ
مۇرىسىدىن تۇتۇپ ، — بوپتۇ ، تۇغقىنى بولغاندىكىن بىرەر ئاخ-
شام قونسا قونار . ۋاي راست ، مەن بەش مىنۇتلۇق رۇخسەت
بىلەن چىققانتىم . يۇرۇڭلار ، كىرىپ كېتەيلى .

— سەن قاچانغىچە ئۇ يۈزسىزنى ئاقلاپ ئۆتىسەن ئاداش ،
هە ،— دېدى ئابدۇسالام ئاچچىقلىنىپ ،— ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنى
يۈزسىزلىك ، ئەجەبا سېنىڭ مۇھەببىتىڭنىڭ ھەققى ئاشۇ بىر
سېسىق چاپانغىمۇ تەڭ بولالامدۇ .

— قۇرۇق گەپ قىلما ، — دېدى پەرهات يەرنى تېپىپ
تۇرۇپ ، — بىر قىز بالىغا ئاساسسىزلا قارا چاپلىساڭ قانداق
بولىدۇ ؟

— قانداق ئاساسسىز گەپ بولىدىكەن پەرهات ، — دېدى
ئايپەرى توقۇلما چاپىنىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ يۈز تەرىپىنى
هىملاپ تۇرۇپ ،— قىز بالا دېگەن ئابرۇيپەرەس كېلىمىز ، مەن
بۇلتۇر مۇشۇ چاپاننى كىيىپ كەلسەملا ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەن .
پەرهاتقا دەپ پۇل يىغىپ چوقۇم ئالىمەن دەپ يۈرەتتى . ئاخىر
ئالدى ، لېكىن ئۇ سىزنىڭ بۇ جەھەتتە ياردەم قىلمىغانلىقى-
ڭىزدىن ئاغرىنىپلا يۈرەتتى . چاپاننى ئالغان كۈنىدىن باشلاپ ئۇ
ئۆزگەردى . مەن بىلىمەن ، ئۆيىدىن كەلگىنى ئەللىك سوم ،
يېنىدا يىگىرمە سومغىمۇ يەتمەيدىغان پۇل تۇرسا قانداق ئالدى
بۇ چاپاننى ، بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار . يا سودىگەر باھانى
چۈشۈرۈپ بۇنى قىلتاققا چۈشۈردى ، يا بىرەر پۇلدار بىلەن تېپى-
شىۋالدى . هازىر ئۇ پۇلنى چوڭ ـ چوڭ خەجلەيدىغان بولۇپ
قالدى جۇمۇ . مانا بۇلار پاكىت ئەمەسمىكەن .

www.uyghurkitap.com

پەرھات ئايپەرنىڭ زىغىرلاپ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن بىر نەر-
سىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ جىممىدە بولۇپ قالدى . دېمىسىمۇ
راست ، دىلبەر ئاشۇ چاپاننى ئۈچىسىغا سىناپ كىيىپ پەرھاتقا
قاراپ «قانداق ياراشتىمۇ » دېگەن چېغىدىلا كۆزلىرى ھاياجاندىن
چاقناپ كەتكەن ، شۇ چاغدا پەرھات ئەگەر يېنىدا پۇل بولسا
چوقۇم ئۇنىڭغا بۇ چاپاننى ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ شادلىقىنى ئەۋجە-
گە كۆتۈرگەن بولاردى . ئەپسۇس ، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنىكى قول
قىسقىلىق ئۇنىڭغا بۇ پۇرسەتنى بەرمىدى . دىلبەرنىڭ مىجەزى
ئاشۇ چاپاننى جايىغا قويۇپ مېڭىش بىلەنلا قوداڭشىپ قالدى .
ئۇ ئاشۇ قېيىدىغانچە پەرھاتقا ئانچە چىراي ئاچماي قويدى ـ دە ،
بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇ چاپاننى ئەكەلدى . ھاۋانىڭ ئانچە بەك
سوۋۇپ كەتمىگەنلىكىگە قارىماي «دېدەك قىز مۇنچاق ئېسىۋالسا
چىقمىغان دۆڭى قالماپتۇ » دېگەندەك ئۇنى كىيىپ سىنىپقا چىق-
تى ، ھەتتا پەرھاتنىڭ يېنىدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ «بۇ چاپاننى
سەن ئېلىپ بەرمىسەڭ ئۆزۈم ئالالايمەن جۇمۇ » دېگەن مەنىدە
ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى . مانا شۇ كۈندىن
باشلاپ ئۇ پەرھاتتىن بارا ـ بارا يىراقلىشىشقا باشلىدى . پەرھات
تۇنجى قېتىم پۇلدىن ئىبارەت بۇ نەرسىنىڭ قۇدرىتىنى ھېس
قىلدى ھەمدە ئاشۇ پۇلنىڭ يوقلۇقى تۈپەيلى بىر قىز تەرىپىدىن
ئازار يېگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى . ھەتتا ئۆزىنىڭ قەرز ئېلىپ
بولسىمۇ ئاشۇ چاپاننى ئېلىپ بېرىپ ئوغۇللاردىكى مەردلىكنى
ئىپادىلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆكۈندى . ئۇ دىلبەرنى بىر مەز-
گىل قېيىداپ ئاندىن ئۆزى بىلەن يارىشىپ قالىدۇ دەپ ئويلىغانى-
دى . بىراق ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي قالدى .
چۈنكى دىلبەر بارغانچە پەرھاتتىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى .
ئۇنىڭ يەكشەنبە كۈنلىرى چىرايلىق ياسىنىپ ھېچكىمنى ئەگەش-
تۈرمەيلا شەھەرگە يالغۇز چىقىپ كېتىشلىرى پەرھاتنى ئوبدانلا
چۆچۈتۈپ قويدى . ئۇنىڭ دىلبەرنى ئىزدەپ كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن

دوستانىلەرچە ياكى ساۋاقداشلارچە سۆزلىشىپ بىقىش ئۈچۈن قىلغانلىرىمۇ بىكارغا كەتتى . ئۇ پەرھاتنىڭ بارلىق سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ توقۇلما چاپىنىغا پار قىلىپ چىگىشۇالغان ئالا بالداق توقۇلما شارپىسىنىڭ چۇچىلىسىنى مەقسەتسىز تىتىپ ئولتۇرۇۋىلىپ پەرھاتنى ئوبدانلا تېرىكتۇرۇپ قويدى . دېمەك ، دىلبەر ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك نەپ بېرەلمىگەن پىخسىق ئادەمنى راستىنىلا تاشلىۋەتكەندەك تۇراتتى .

— يۇرۇڭلار ، بۇ سوغۇقتا تۇرىۋەرمەيلى ، — دېدى پەرھات پۈتىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ئىسسىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان ئايپەرىنىڭ تىترەپ تۇرغىنىدىن ئىسىگە كېلىپ ، — سىلەرنىمۇ بۇ ئىش ئۈچۈن جىق ئاۋارە قىلىۋەتتىم . ياتاققا كىرىپ كېتەيلى ، باللار باشقىچە ئويلىنىپ قالمىسۇن يەنە .

ئۇلار ياتاققا كىرگىنىدە يەنە بىر ئۇستەلمۇ يىغىشتۇرۇلۇپ تانسا باشلانغانىدى . ئەزىمەت بىلەن ئايۇپ ناخشا توۋلاۋاتاتتى . يارمۇھەممەت بىلەن جەمىلە ياتاقنى تېخىمۇ تارلاشتۇرۇپ تانسا ئويناۋاتاتتى ، «بىر قاققا بىر قاق» دېگەندەك كۇنەس يايلاقلىرىدا چوڭ بولغان يوغان يورپا يارمۇھەممەت ، ئالتاي تاغلىرى باغرىدىكى ساپ ھاۋادا ئەركىن چوڭ بولغان ئۆسكىلەڭ قازاق قىزى جەمىلەنى قازاق خەلق ناخشىلىرىدىن «ئالتۇنۇم» ، «تۇمارىم» دېگەن ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپ كەلتۈرۈۋالغانىدى .

ئىشىك تۈۋىدىلا ئولتۇرغان گۈلبوستان ئايپەرىنىڭ چىرايىغا قاراپلا ھەممىنى چۈشەندى . ئۇ ئايپەرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇپلا پەرھاتقا قارىدى . شۇ تاپتا پەرھاتنىڭ چىرايى يېتەرلىك تاتارغان بولۇپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان مەخسۇتنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپلا ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ قاتتىق - قاتتىق شوراشقا باشلىدى . گۈلبوستان پەرھاتنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇ نورمالسىزلىقتىن ھەممىنى چۈشەندى - دە ، ئالدىنقاندىن بىر شېرىن خىياللار تەسىرىدە يېنىك ئەللەيلىنىپ ئەمدى ئۆزىگە پۈتلىشىدى-

www.uyghurkitap.com

غان بۇ تىكەنلىك گۈلدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى ھېس قىلدى - دە ، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ئۇنى تانسىغا تارتتى . شۇ تاپتا ئايۇپ بىلەن ئەزىمەت يېنىك ۋالىس مۇزىكىسى-نى ئورۇنداۋاتاتتى . پەرھات ۋالىسقا دەسسەشنى ياخشى كۆرگەچ-كىمۇ گۈلبوستاننىڭ نازۇك بېلىگە قولى تېگىپ پىرقىرىشى ھامانلا ھەممىنى ئۇنتۇدى . شۇ تاپ بارلىق خۇشاللىق مۇشۇ نەچچە كۋادرات مېتىر جايغا مەركەزلەشكەندى . مەشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىۋاتقان ئۈچ جۈپ قىز - يىگىت بەختىيارلىق ئىلكىدە كۆلۈمسىرەيتتى . ياشلىقنىڭ توسقۇنسىز ھېسسىياتلىرى تەسىرى-دە بەدىنى قىزىشىپ تۇرغان ياشلارنىڭ چىرايلىرىدا بەخت كۆلكى-سى جىلۋىلىنەتتى .

— بەك خۇشالغۇسىز ، — دېدى پەرھات گۈلبوستاننىڭ شادلىقتىن قىزارغان چىرايىغا ، بەختتىن چاقناپ كەتكەن كۆزلى-رىگە تىكىلگەن ھالدا .

— مۇشۇنداق كاتتا سورۇن ھازىرلاپ ، ھەممىمىزنى شادلىق-تىن ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەن تۇرساڭلار خۇشال بولماي تۇرالايتتۇق-مۇ ، — دېدى گۈلبوستان پەرھاتنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇ-رۇپ ، — قاراڭ ، ھەممە بالىلار شۇنداق خۇشال ، شۇنداق شوخ . بۇنداق سورۇننىڭ قەدرىگە يەتمىگەن ئادەمنى ھېسسىياتسىز مەخ-لۇق دېگەن تۈزۈك جۇمۇ .

پەرھات گۈلبوستاننىڭ سۆزىدىكى كىنايىدىن ئۇنىڭ دىلبەر-نى يېنىك چىمدىپ ئۆتكىنىنى ھېس قىلىپ بەدىنىگە سۇس تىت-رەك ئولاشتى . تانسا ئاخىرلىشىشى ھامانلا سازچىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىكى كىچىك داستىخانغا قويۇپ قويغان بوتۇلكىنى ئالدى - دە ، بىر پىيالىدىكى چاينى تۆكۈۋېتىپ لىق ھاراق قۇيۇپ ئۇنى خۇددى ئۇسساپ كەتكەن ئادەم ئۇسسۇز-لۇق ئىچكەندەكلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى . چاقماق تېزلىكىدە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنى گۈلبوستاندىن باشقا ھېچكىم سەزمەيلا قالدى .

بىراق پەرھات سورۇن ئاخىرلاشمايلا مەست بولۇپ قالدى ھەمدە ئۇنىڭ ئالىجوقا سۆزلىرى كۆپىيىپ كەتتى . ئۇ ساز باشلىنار ـ باشلانمايلا ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ قىزلارنى تانسىغا تارتاتتىيۇ ، لېكىن دەلدەڭشىپ كېتىپ تانسىنى تۈزۈك ئوينىيالماي قىزلار ـ نىڭ پۇتىغا قالايمىقان دەسسىگىلى تۇردى . ئادەتتە ئانچە كۆپ ھاراق ئىچمەيدىغان ، بىر كۈنلۈك ۋاقىتنى تۇجۇپىلەپ ئورۇنلاش ـ تۇرۇپ ئۆگىنىش بىلەن ئىجادىيەتتىن باش كۆتۈرمەيدىغان پەر ـ ھاتنىڭ بۈگۈن مەست بولۇپ قېلىشى ئاپپەرى بىلەن گۈلبوستان ـ دىن باشقا قىزلارنى ھەيران قالدۇردى .

— پەرھاتقا بۈگۈن نېمە بولغاندۇ ؟

— دىلبەر يوق تازا ئىچىۋالاي دېگەن ئوخشىمامدۇ ؟

ئابدۇسالام كۇسۇرلىشىۋاتقان قىزلارنىڭ روھىي ھالىتىدىن پەرھاتنى ئاچچىقىپ كەتمىسە سورۇننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتىدى ـ غانلىقىنى پەملىدى ـ دە ، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ سىرتقا ئاچى ـ قىپ ، قوشنا ياتاققا ئەكىرىپ ياتقۇزدى . پەرھات بۇ ياتاققا كىرد ـ شى ھامانلا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى . بۇ تاسادىپىيلىقتىن ھودۇق ـ قان ئابدۇسالام ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ياپتى ـ دە ، ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى سالغۇزۇپ يوتقاننى ياپتى . ئالاھازەل بەش مىنۇت ئېسەدەپ يىغلىغان پەرھات ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ ئۇخ ـ لاپ قالدى .

— ھەي ئاق كۆڭۈل دوستۇم ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ يوتقىنىنى تۈزەشتۈرۈپ ھىملاپ قويغاندىن كېيىن ، — سېنى بۇ ۋاپاسىز دىلبەر يەنە قانداق كويلارغا سالار ھە ؟ !...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى باب  داۋاسىز ئاغرىق

«ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن،
يوتقانغا يۆگىنىپ ئۈچ كۈن يېتىپتىمەن»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

ئابدۇسالام بىلەن مەتسالىنىڭ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنلا ياتاققا قايتماي مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا دىلبەرنى ساقلاپ تۇراتتى. مەقسەت ناھايىتى ئېنىق. ئۇلار پەرھاتنىڭ دىلبەرگە يازغان خېتىنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ساۋاقداشلارچە نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى. چۈنكى دىلبەر پەرھاتتىن تويۇقسىزلا يۈز ئۆرۈگەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە پەرھاتقا ئايرىم سۆزلىشىش پۇرسىتى بەرمەيۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ناھايىتىمۇ ئېنىق، دىلبەرنى ھەممەيلەن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ، تەربىيە قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىش، چۈنكى ئۇنى ئەمدى بۇ يولدىن توسمىسا ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا بىراقلا نابۇت بولۇپ كېتىشى، ھەتتا مەكتەپتىن ھەيدىلىشىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغان ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇ ھازىر بىر پۇتىنى ئاساسەن مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋالغانىدى. شۇڭلاشقىمىكىن ئۇ دەرسلەردە بىراقلا چېكىنىپ كېتىۋاتاتتى.

مانا تۈنۈگۈنكى كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى دەرسىدە ئۇ ئەڭ ئاددىي بىر سوئالغىمۇ جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئەسلى بۇ دەرسنى سىنىپ مەسئۇلى سايىتجان ھوشۇر بېرىدىغان بولغاچقىمىكىن، بۇ سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى نەتىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى ئىدى. چۈنكى سايىت-

جان هوشۇر دەرس سۆزلىگەندە خۇددى ئاشۇ كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىمىزنى ياراتقان شائىرلىرىمىز بىلەن بىر زاماندا ياشاپ ئۆتكەندەك ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ناھايىتى ئەتراپلىق، تولۇق سۆزلەپ چۈشەندۈرگەندىن باشقا، ئۇلار ياراتقان ئەدەبىيات تىر-مىنلىرىدىكى شېئىر - غەزەللەرنى ئاجايىپ چىرايلىق ئىنتوناتسىيە بىلەن دېكلاماتسىيە قىلاتتى، شېئىردىكى ئىدىيە، ھېسسىيات، مەزمۇن قاتارلىقلارنى ئەتراپلىق يېشىپ چۈشەندۈرگەندىن باشقا، مۇشۇ شېئىرنى يېزىشقا تەسىر قىلغان كونكرېت بىرەر ئىشنى مىسال قىلىپ سۆزلىسە، ساۋاقداشلار ئۆزىنى گويا ئاشۇ دەۋر شائىرلىرى ئارىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ مۇشائىرەلىرىگە قاتنىشىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدىغانلىقى ئۇچۇنمىكىن، ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ بۇ ئىقتىدارلىق سىنىپ مەسئۇلىنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قابىل تەتقىقاتچىسى، كەلگۈسىنىڭ داڭلىق ئالىمى دەپ تەرىپلەشەتتى. ئۇنىڭ ئەرەب، پارس تىل - يېزىقىغا بولغان قابىللىقى، ئەرەب يېزىقىدىن ئىسلاھ قىلىنىپ، بىزنىڭ يېزىق سىستېمىمىزغا بۆسۈپ كىرگەن كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى يېزىقلارنى خۇددى ھازىرقى يېزىقىمىزنى ئوقۇغاندەك شارىلداپ ئوقۇپ كېتىشلىرىدىن سۆيۈنۈپ كېتىشەتتى. ئۇ مۇئەللىم تېخى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئاشۇ قەدىمكى يېزىق ئېلىپبەسىنى مۇشۇ بىر سىنىپ بالىغا ئۆگىتىپ ھەممىسىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ قويۇغاچقا، كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئەينى يېزىقىدا ئوقۇش قىزغىنلىقىمۇ قوزغىلىپ كەتكەنىدى.

— دىلبەر، سىز جاۋاب بېرىپ بېقىڭە، — سايىتجان مۇئەللىمنىڭ بۇ ئاۋازى بىلەن خىيال كەپتىرى ئاللىقاياقلاردا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن دىلبەر دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ سىنىپتا ئولتۇرغاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلى ئاللىقاچان شەھەر كوچىلىرىدا سەيلە قىلىشقا كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، شۇ تاپ

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئاشۇ چىرايلىق توقۇلما چاپىنىغا پار قىلىپ كىيىدىغان قىشلىق خۇرۇم ئاياغنى نەدىن ، كىمدىن ئېلىش ، ئۇنىڭ پۇلىنى كىمگە تۆلىتىش مەسىلىسى ئۇستىدە جىددىي ئويلىنىۋاتاتتى .

— نى··· نېمىنى ، مۇئەللىم ؟ — دېدى دىلبەر ھودۇققان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ .

— «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» يەنى «ھەقىقەت بوسۇغىسى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە ؟

— «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» بۇ ئەسەر ئەسلىي ، مېنىڭچە··· بۇ··· ، بۇ··· ، — دىلبەر كېكەچلىگىنىچە تۇرۇپ قالدى .

— بۇ ئەسەرنى مەن ، — دېدى سايىتجان مۇئەللىم دىلبەرنى جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، — تۆت سائەت ئۆتكەنىدىم . ئەھۋالدىن قارىغاندا مەن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ، ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىنى ، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ياخشى چۈشەندۇرەلمىگەن ئوخشايمەن ، ھە .

بۇ سۆزدىن دىلبەر قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كەتتى .

— مۇئەللىم ، — دېدى پەرھات قولىنى كۆتۈرۈپ ئىجازەتتىن كېيىن سۆزلەپ ، — سىز بۇ ئەسەرنى بىزنىڭ مېڭىمىزگە ياق ، قەلبىمىزگە سىڭدۇرۇۋەتتىڭىز . شۇنداقمۇ ساۋاقداشلار ؟

— شۇنداق ، چۈشەندۇق ، — دېدى سىنىپتىكى بارلىق ساۋاقداشلار بىر ئېغىزدىن جاۋاب قايتۇرۇپ .

— بەلكىم ، ساۋاقداش دىلبەر ، — دېدى پەرھات سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — تۇيۇقسىز چاقىرىلغاچقا ھودۇقۇپ كېتىپ جاۋاب بېرەلمەي قالغاندۇ ، مەن بۇ سوئالغا دىلبەرگە ۋاكالىتەن جاۋاب بەرسەم بولامدۇ ، مۇئەللىم ؟

— سىزنىڭ جاۋابىڭىز پەقەت ئۆزىڭىزگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ ، — دېدى سايىتجان مۇئەللىم دوسكا ئالدىغا كېلىپ ساۋاقداشلارغا يۈزلەنگەن ھالدا ، — چۈنكى ئىلىم ـ پەننى باشقىلارغا ۋاكالىتەن ئەمەس پەقەت ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئۆگىنىمىز . شۇنداق

بولغاندىلا جەمئىيەتتە پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان بىلىم ئىگىسى
بولغىلى، خەلققە ھەقىقىي نەپ بېرەلەيدىغان ئادەم بولغىلى بولى-
دۇ. بۇ گېپىمنى ئىسىڭلاردا چىڭ تۇتۇۋېلىڭلار ساۋاقداشلار،
قېنى ئەمىسە، بايىقى سوئالىمغا ئەمدى جاۋاب بېرىڭ پەرھات.

— قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى مەشھۇر ۋەكىلى، — دېدى پەرھات سۆزىنى دانىمۇ دانە
چىقىرىپ، — مەشھۇر ئەدىب ئەھمەت يىننى مەخمۇت يۈكنەكى-
نىڭ مۇھىم يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان
دىداكتىك داستانى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» خاراكتېر جەھەتتىن
پەند - نەسىھەت تىپىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ
سىياسىي، ئەخلاقى، پەلسەپىۋى قاراشلىرى، شۇنداقلا ئىستېتىكا
چۈشەنچىلىرى ئۆزىگە خاس بەدىئىي شەكىل بىلەن ئىپادە قىلىنغان.

— ناھايىتى توغرا، ئولتۇرۇڭ، — دېدى سايىتجان ھوشۇر
پەرھاتنىڭ جاۋابىدىن خۇشاللىنىپ، — ئەمدى بىز بۈگۈن ئۇيغۇر
كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تۆتىنچى بۆلۈمى، يەنى 13 - ئەسىردىن
كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ دەرس سۆزلىنىشكە باشلىغاندا پەرھات يان تەرەپكە قارى-
دى. دىلبەرگە مۇئەللىمنىڭ بايىقى ئاچچىق تەنىسى تەسىر قىلدى-
مۇ ياكى پەرھاتنىڭ «مەن دىلبەرگە ۋاكالىتەن جاۋاب بېرەي»
دەپ ئاتىكارچىلىق قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېلىشى ئەلەم بولدىمۇ
ئەتىمالىم چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپلا كەتكەنىدى. شۇ
تاپ ئۇ پەرھاتتىنلا ئەمەس، بەلكى پەرھاتنىڭ «شۇنداقمۇ ساۋاق-
داشلار» دېگەن سوئالىغا «شۇنداق، چۈشەندۇق» دەپ بىردەك
توۋلىغان بارلىق سىنىپ كوللېكتىپىگە ئاچچىقى كەلگەندەك تۇ-
راتتى، شۇڭا ئۇ بارلىق ساۋاقداشلارنىڭ ئۇنىڭ ياخشى يەپ،
ئىسسىل كىيىنىپ يۈرۈۋاتقانلىقىغا ھەسەت قىلىپ، قەستەن ئۆزى
بىلەن قېرىشىپ ئۇنى تېرىكتۈرۈۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ
قالغانىدى. پەرھات دىلبەرنىڭ چىرايىدىكى بۇ خىل روھىي ھالەت-

www.uyghurkitap.com

نى هېس قىلىپ گويا ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئەنسىز قىمىرلاپ قويدى .

دەرستىن چۈشكەندە پەرھات بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەك بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا مېڭىۋىدى ، بۇنى سەزگەن دىلبەر بېشىدا شاپتۇل قاققان هالدا ئۇنى هاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى . شۇڭا ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى يوقالغانلىقىنى هېس قىلىپ خەت يېزىش شەكلى ئارقىلىق ئۆزى ئويلانغان ۋە دېمەكچى بولغان گەپلەرنى خەت يۈزىدە بايان قىلىپ ئاخشامقى كەچكى ئۆگىنىش ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ئۇنىڭغا خەت يازغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىنى ئاچماي قويۇشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەتنى ئۇنىڭغا بېرەلمەي قالغانىدى ، بۈگۈن بولسا مانا چۈشلۈك تاماقنىمۇ يېمەي پوچتىخانىغا بېرىپ خەت سېلىۋېتىپ كېلىمەن دەپ ئىككى سائەتلىك رۇخسەت سوراپ چىقىپ كەتكەن دىلبەر هازىرغىچە يوق .

— بولدىلا ، كىرىپ كېتەيلىلا ،— دېدى مەتسالىھ ئابدۇسالامغا قاراپ ، — ئۇ بەربىر قايتىپ كەلمەيدۇ ئەينا ، ئۇنىڭ پوچتىخانىغا بارىمەن دېگىنىمۇ يالغان ، ئۇ چوقۇم هېلىقى سىرتتا تېپىشىۋالغان پۇلدار بايۋەچچىنىڭ يېنىغا كەتتى...

— ئۇنداق قالايمىقان خىياللارنى قىلما دەيمەن ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — «گۇمان ئىماننى قاچۇرۇپتۇ» دېگەندەك هېچقانداق پاكىتىڭ يوق ئەهۋال ئاستىدا بىر قىز بالىغا مۇنداق قارا چاپلىساڭ بولمايدۇ .

— قىزلارنىڭ ئىشىنى قىزلار ئوبدان چۈشىنىدىكەن ئەينا ،— دېدى مەتسالىھ ئابدۇسالامغا قاراپ ناهايىتى جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلەپ ، — ئايپەرىچۇ دىلبەرنى «ئۇ هازىر پۇل دېگەننى چوڭ - چوڭ خەجلەيدىغان بولۇۋالدى ، ئۆيىدىن كەلگەن پۇلنىڭ تايىنى يوق تۇرسا بۇنداق سامانىنىڭ نەرقى خەجلەيدىغان

پۇل زادى نەدىن كېلىۋاتىدۇ ، كىم بېرىۋاتىدۇ ، بۇنىڭدا چوقۇم مەسىلە بار ، مېنىڭچە ئۇ جەمئىيەتتىكى پۇلدار بىرەرسى بىلەن تېپىشىپ قالغان گەپ ، شۇڭا ئۇ سىرتقا جىق چىقىدۇ » دەۋاتىدۇ ، مۇشۇنىڭدەك دەل پاكىتى بار ئىشلاردىنمۇ دىلبەرنىڭ بىر پۇتى-نىڭ ئاللىقاچان سىرتقا چىقىپ قالغىنىنى بىلمىدىڭما ئەينا .

ئابدۇسالام مەتسالىھنىڭ بۇ قايىل قىلارلىق تەھلىللىرىدىن ئويلىنىپ قالدى ، ئايپەرىنىڭ ئاشۇ گۇمانلىرىنىمۇ راستىنلا چەتكە قاققىلى بولمايدىغان ئىشلار ئەلۋەتتە ، چۈنكى ئەينى دەۋردە يۈز نەچچە سوملۇق چاپانغا ئەمەس ، ئوتتۇز - قىرىق سوملۇق ئاياغقىمۇ ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرەلمەيدىغان بىر قىز ئەمدى ئۇ چاپاننى قورقماي سېتىۋالغاندىن سىرت خۇددى غايىبتىن غەزىنە ئۇچرىغان ئەلى بابادەك بىردىنلا پۇلدار ئادەمگە ئايلىنىپ قالسا بۇنىڭدىن گۇمان قىلماي تۇرغىلى بولاتتىمۇ زادى ، ئۇنىڭ ئۈستى-گە ئۇ مۇشۇ توقۇلما چاپان ئۇچىسىغا چىقىش بىلەن تەڭلا پەرھات-تىن ئاساسەن يۈز ئۆرۈگەنىدى . ئۆتكەندە بۇ ئىشلاردىن ئىچى پۇشۇپ ئۆزى يالغۇز بازارغا كىنوغا چىقىپ كەتكەن پەرھات كەچتە رەڭگى تاتارغان ھالەتتە قايتىپ كەلدى ، ئۇنىڭ بۇ روھىي ھالىتى-دىن چۆچۈگەن ئابدۇسالام نۇرغۇن يېلىنىش - يالۋۇرۇشلار نەتى-جىسىدە ئاران دېگەندە ئۇنىڭ راست گېپىنى ئاڭلىيالىدى .

— ئاداش ،— دېدى پەرھات ناھايىتى روھسىز ھالدا ،— دىلبەر راستىنلا سىرتتا بىرىنى تېپىۋالغاندەك تۇرىدۇ ، مەن ئۇلارنى كىنوخانىدا كۆرۈپ قالدىم ، بەك قورقۇنچلۇق ئەھۋال بۇ ، ئۇ مەن بىلەن يۈرمىسىمۇ مەيلىتى ، لېكىم مەكتەپنىڭ سىر-تىدا جەمئىيەتتىكى ئۇنداق بىنورمال ئادەملەر بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يۈرمىسە ياخشى بولاتتى ، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال جۇمۇ ، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ قۇتقۇزۇۋالايلى دوستۇم ، ئۇنىڭ ئانىسى بىز مەكتەپكە مېڭىش ۋاقتىدا قىزىنى ماڭا تاپشۇر-غان ، ئۇنىڭغا ئۆز ئاكىسى ئورنىدا ئاتىدارچىلىق قىلىشىمنى

ئۆتۈنگەنىدى ، ئەمدى مەن غۇلجىغا قايتقاندا ئۇنىڭغا نېمىمۇ دەي-مەن ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا قانداقمۇ چۈشەندۈرىمەن ئاداش .

پەرھاتنىڭ قاتتىق ئازابلانغان ، روھسىزلانغان ھالدا ئولتۇ-رۇپ كېتىشلىرىدىن ئابدۇسالامنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قال-دى ، دېمىسىمۇ بىر ئاق كۆڭۈل ، تىرىشچان ياشنى بىر تۇترۇق-سىز قىز يەتكۈچە ئازابلاۋاتاتتى ، لېكىن ئۇنىڭدىكى روھىي بېسىم پەقەت بۇلا ئەمەس ، بەلكى بىر بالا دەردىدە پۈچىلىنىپ تۇرغان ئانىنىڭ لەۋزىنى ئاقلاش ئۈچۈن بارلىق دەرد ـ ئەلەمگە بەرداش-لىق بېرىپ ئاشۇ قىزغا ياردەم قولىنى سۇنماق بولۇپ تۇرغان بۇ يىگىتكە ئەمدى قانداق تەسەللىي بېرىش كېرەك زادى .

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، ئاداش ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ مۈرىسىگە دوستانىلەرچە قول قويۇپ ، — ئۇنى بۇ تۇيۇق يولدىن قايتۇرۇپ كېلىش سېنىڭلا ئەمەس ھەممىمىزنىڭ بۇرچى ، چۈنكى ئۇ ھەممىمىزنىڭ ساۋاقدىشى ، بىز ئۇنى بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ قۇتقۇزۇۋالايلى ، مېنىڭچە يەنىلا سەن ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن يۈرتداشلارچە كۆرۈشكىن ، مەكتەپ بىلەن جەمئىيەتنىڭ پەرقىنى ، باغلىنىشىنى ، بالدۇرلا مەكتەپ سىرتىغا قاتراشنىڭ زىيىنىنى ئوبدان چۈشەندۈر ، قالغان ئىشقا بىز بار ، ئۇ ساڭا مۇشۇنداق بىر سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى بەرمىسە خەت ياز ، سەن بىلەن يۈز ـ تۇرانە تۇرمىغانلىكىن خەتنى ئەلۋەتتە ئوقۇيدۇ ، توغرا ، بولدىلا مۇشۇنداقلا قىلايلى زادى ، تازا يۈرەككە تەگكۈدەك قىلىپ خەتلا يازغىنە .

— دەرس ۋاقتى توشۇپ قالدى ،— دېدى مەتسالىھ ئابدۇسا-لامنىڭ خىياللىرىنى قاپ بېلىدىن ئۈزۈپ ، — بولدى ، كىرىپ كېتەيلىچۇ ، ئۇ بۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە قېتىم دەرسكە رۇخسەت-سىز قاتناشمىدى ، مۇشۇنداقلا كېتىۋەرسە چارە كۆرۈلىدىغان بولدى جومۇڭلار .

— ئەگەر پەرھاتنىڭ بۇ خېتىمۇ ئۇنى تەسىرلەندۈرۈپ ئۇنى

يامان يولدىن قايتۇرالمىسا بۇ ئىشنى ئەزىمەتكە ئېيتىپ سىنىپ يىغىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا ساۋاقداشلار بىرلىكتە تەربىيە قىلساق بولىدىغان ئوخشايدۇ جۇمۇ ، كىرىپ كېتەيلى ، دەرس ۋاقتى بولۇپ قاپتىغۇ .

ئۇلار دېلىغۇللۇق ئىچىدە سىنىپقا قاراپ ماڭدى ، شۇ تاپتا مەكتەپ ئىچىدە ئالدىراش ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شاد - خۇرام چىرايىدىن بىر كۆڭۈللۈك ، قۇۋناق مەكتەپ تۇرمۇشى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ تۇراتتى ، كىتاب - دەپتەرلىرىنى قولتۇقلىشىپ خۇش چاقچاق كۈلكىلىرى بىلەن كېتىۋاتقان ستۇدېنتلار چۈشتىن كېيىنكى دەرسكە ۋاقتىدا كىرىش ئۈچۈن ئالدىرىشىۋاتقاندەك تۇراتتى .

— مانا بۇ بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئوتتەك قىزغىن ، ماگنىتتەك تارتىملىق بىر كۆرۈنۈشى ،— دېدى ئابدۇسالام هاياجانلانغان هالدا مەتسالىھقا قاراپ ،— مۇشۇنداق ئالىي بىلىم يۇرتىغا كېلىشنى ئارزۇ قىلىسىمۇ ئاشۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەي زار - زار قاقشايدىغان باللار جەمئىيەتتە دېگەن كۆرمىگ تۇرسا ماۋۇ دىلبەرنىڭ مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قەدىرلەشنى بىلمەي يۈرگىنى نېمىسى ئەمدى ، هە .

— شۇ ئەمەسمۇ ،— دېدى مەتسالىھمۇ باش لىڭشىتىپ ،— «بىر ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلمەس بىر يامانىنى كۆرمىگىچە» دېگەن گەپ بار ، پەرهاتنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن دىلبەرنىڭ يىغىسى كېيىن باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ .

ئابدۇسالامنىڭ مەكتەپ ئىچىدىكى بۇ كۆڭۈللۈك كۆرۈنۈشلەردىن كۆڭلى بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن قەلبىنىڭ مەۋھۇم بوشلۇقلىرىدا دىلبەرگە بولغان ئېچىنىش تۇيغۇسىنىڭ قۇتراپ تۇرغانلىقىنى هېس قىلماي تۇرالمىدى . قاردىغاندا مەتسالىھمۇ ئاشۇنداق تۇيغۇدا بولسا كېرەك ، ئۇمۇ جىمىپلا

كەتكەنىدى . ئۇلار شۇ تاپتا دىلبەرنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ ھەر خىياللار ئىلكىدە تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان بىلەن دىل- بەر شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە مۇھەممەت ئىمىن شاڭگاڭ ئىسىملىك بىر سودىگەرنىڭ نەپس بېزەلگەن ھۇجرىسىدا بەختتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ يېگى لايىقى بولمىش قىرىقتىن ھالقى- غان ، قورسىقى ھامىلىدار ئاياللاردەك يوغىنىغان بۇ سودىگەرگە نازلىق كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى .

قىزلارنىڭ كۆڭلى ئاجايىپ بىر دۇنيا ، ئۇنى سەن ئاددىي كۆزۈڭ بىلەن كۆرەلمەيسەن ، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ ئىچكىرى قات- لاملىرىدىكى مەڭگۈلۈك سىرلارنىمۇ مەڭگۈ تېپىپ بولالمايسەن ، چۈنكى ئۇلار تا ھازىرغىچە دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئالىم — مۇتەخەسسىسلەرمۇ سىرىنى تاپالمايۋاتقان ئاشۇ مىسىرنىڭ پىرا- مىدالىرىدەك ھەممىلا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇيۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ سىرلىق قاتلاملىرىنى يەشكىلى ، ئۇلارنىڭ پىنھان سىر- لىرىنى بىلىۋالغىلى بولمايدىغانلار تېپىدىن . ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا دوستلۇقىمۇ ئاشۇنداق سىرلىق چەمبىرەك ئىچىگە بەند قى- لىنغان ، بىر — بىرى بىلەن خۇددى جان — جىگەر قېرىنداشلار- دەك يېقىن ئۆتۈشۈۋاتقان بىر جۈپ قىز ۋاقتى كەلسە ئەرزىمەسلا بىر ئىش تۈپەيلى ئازارلىشىپ قېلىپ بىردەمدىلا ياتلىشىپ كېتى- دۇ ، تېخى كىيىم — كېچەك ، زىبۇ زىننەت مەسىلىسىگە كەلگەندە ئۇلار شۇنداق زىللىشىپ كېتىدۇكى ، ئۇ چاغدىكى بەكمۇ يوشۇ- رۇن ھالدا داۋاملىشىۋاتقان قورساق ئۆرۈشىدىن ئايلىنىپلا كېتى- سەن ، بىرسىنىڭ ئېسىلراق كىيىم كىيگىنىنى كۆرگەن يەنە بىرى ئۇنى مۇبارەكلەپ ئۇ كىيىمنى تۇتۇپ قويغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئاشۇ كىيىمى يەنە بىرىنىڭ ھەسەت ئوچىقىغا ئوبدانلا تۇترۇق بولىدۇ ، ئۇلار چىرايىدا چاندۇرمىغاندەك قىلغان بىلەن يۈرىكى- نىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان كۆرەلمەسلىك

ئۇچقۇنلىرى ئۇنى تىنماي پۇچىلايدۇ ، بۇنداق چاغدا ئۇ ھەرقانداق بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئاشۇ كىيىمدىنمۇ ياخشىراقىنى ئېلىپ دوستىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرالىسا ئاندىن ھاردۇقى چىقىپ قالىدۇ .

ئايپەرنىڭ ھېلىقى توقۇلما چاپىنى مانا شۇنداق ھەسەتنىڭ تۈترۈكى بولغان كىيىم ، شۇ سەۋەبلىك دىلبەر پەرھاتتىن ، قىسقىسى قولى قىسقا بۇ يىگىتتىن تۈنجى قېتىم نومۇس قىلدى ھەمدە ئاشۇ چاپاننى قانداقلا بولمىسۇن سېتىۋېلىپ كىيىپ چىقىپ ياتاقداشلىرىنى ئاڭ قالدۇرۇش ئىستىكى ئۇنى ئاشۇ سودىگەرگە يىپسىز باغلاپ قويدى ، چۈنكى ئۇ سودىگەر مەردلىك بىلەن بۇ چاپاننى نېسىگە مۇنداقچە ئېيتقاندا بىكارغىلا بەرگەنىدى ، ھازىرغىچە ئۈچ خوتۇننى يولغا سېلىپ ئۈچ خوتۇندىكى تۆت بالىنى ئاشۇ خوتۇنلىرىغا تاشلاپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ بېقىلىش خىراجىتىنى بىراقلا بېرىۋېتىپ باش ئاغرىقىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇۋالغان ، قېرىقتىن ھالقىغان بۇ خوتۇن بېدىكى دىلبەرنىڭ ئاشۇ چاپانغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئەپچىللىك بىلەن قارماققا ئىلىندۇرغانىدى . «نەقتىن ھەسەل چىقتى ، نېسىدىن كېسەل » دېگەندەك دىلبەر چاپاننى نېسىگە ئېلىۋالغان ئاشۇ كۈندىن تارتىپ بۇ «مەرد » سودىگەرنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق ئائىلە زىياپىتىگە قاتنىشىپ ، ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەيلا قىزىل ھاراقنى ئىچىپ قويدى ، ئەنە شۇ ھاراق ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ ئۆزىنىڭ قىزلىق ئىپپىتىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالدى . ئۇ مەستلىكتىن تولۇق يېشىلىپ ھوشىنى تاپقىنىدا بولسا پۈتۈنلەي كېچىككەنىدى . ئۇ شۇندىلا بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل بولغان قىزلىق ئالىمىدىن پۈتۈنلەي خوشلاشقانلىقىنى بىلىپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى ، شۇندىلا ئۇ ئۆزىگە ناھايىتى مەردلەرچە مۇئامىلە قىلىپ ئۆزىنىڭ «سېخىي »لىقىنى نامايان قىلغان بۇ

ئادەم سۇرەتلىك ئالۋاستىغا ئالدانغىنىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئۇنى تىللاشقا باشلىدى، لېكىن مۇرادىغا يېتىپ چەكسىز ھۇزۇرنىڭ كەيپىنى سۈرۈپ ئولتۇرغان ئۇ سودىگەر دىلبەرنى قاتتىق سىلكىپ تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە ناھايىتى بەخىرامان ئولتۇراتتى.

— مەن ئەرز قىلىمەن، سوتقا ئەرز قىلىمەن، — دېدى دىلبەر ئۆكسۈپ يىغلىغان ھالدا، — سەن مېنى ئالدىدىڭ، مېنى ئالداپ ھاراق ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ قويۇپ نومۇسۇمغا تەگدىڭ، ئەمدى مەن قايسى يۈزۈم بىلەن مەكتەپكە چىقىمەن، ساۋاقداشلىرىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن. ۋۇ ئىپلاس، لۈكچەك...

— ئەرز قىلالمىلا خېنىم، ئەجەب يامانكەنلا جۇما، — دېدى مۇھەممەت ئىمىن پەرۋاسىز ھالدا تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ ئىسىدىن چەمبەر چىقارغان ھالدا، — قىز بالا دېگەننىڭچۇ بۇنداق ئىشنى ئەرز قىلىشى ئۆزىنى - ئۆزى كاچاتلاشتىن باشقا ئىش ئەمەس، بوپتۇ خېنىم، بۇمۇ كۆڭۈللىرى جۇما، ئۆزەمنى ئۆزەم بىر كاچاتلاپ، خەلقئالەم ئالدىدا بىر قېتىم ئوبدان سازايى تولاپ باقاي دېسىلىرى ئەرز قىلىۋەرسىلە، ئەنە يول، لېكىنزە، ئەرز دېگەنگە پاكىت بولۇشى كېرەك جۇما.

— مۇشۇ پاكىت ئەمەسمىكەن، ئىپلاس، — دېدى دىلبەر ئۈستەل ئۈستىدىكى ھاراق بوتۇلكىسىنى يەرگە ئېتىپ چاققاندىن كېيىن، — ماڭا دورا ئارىلاشتۇرۇلغان ھاراقنى ئىچۈرۈپ بىھوش قىلىۋېتىپ ئاندىن نومۇسۇمغا تېگىپسەن.

— ھە، مۇنداق گەپمۇ بارمۇ تېخى، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ كۆتىكىنى يەرگە تاشلاپ دەسسەپ مىجىۋەتكەندىن كېيىن، — بۇ گەپچۇ تازا چەك بېسىپ كەتمەيدۇ خېنىم، ئاشۇ قىممەت باھالىق چاپاننىڭ پۇلىنى تۆلەش ئېغىر كېلىپ يالغان مەست بولۇپ يېتىۋېلىپ تېخى مەندىن بەكرەك ھۆركىرەيدا، بۇنداق دەۋا قىلىسىلىرچۇ خېنىم ئۇتتۇرۇۋېتىلا، چۈنكى ھەممە

ئىش سىلىنىڭ رازىلىقلىرى بىلەن بولاۋاتىدۇ ، ئىشەنمەيۋاتاملا خانقىز ، ئۇنداق بولسا مېنىڭ پاكىتىمنى ئاڭلاپ باقاملا ،— مۇھەممەت ئىمىن سۆزىنى تـوگىتىپ لـىككىدە ئـورنىدىن تۇرـ دى ـ دە ، ئۇنىالغۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ، بىر لېنتىنى سېلىپ ئۇنى بېشىغا ياندۇردى ـ دە ، قويۇپ قويدى ، شۇ هامان ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان بىر تونۇش ئاۋاز ئۇنى گاڭگىرىتىپلا قويدى . ئۇ بۇ ئاۋازدىن قايمۇقۇپ بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ئولتۇرۇپلا قالدى .

— چاپاننىڭ پۇلىنى بېرىۋېتەي دېگەنتىم قاراڭ ، ئۆيدىن هېچ پۇل كەلمەي ۋاقتىدا بېرەلمەي خىجىل بولۇۋاتىمەن ، پەقەت خاپا بولماڭ جۇمۇ ، بولمىسا خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۇـ دەك بولۇۋاتىمەنغۇ .

— بۇنىڭ خىجىل بولىدىغان نېمىسى بار خانقىز ، كەلسە بېرەرسىز ، بۇنىڭغا ئالدىراش يوق ، بىرەر چاپاننىڭ پۇلىنى ئالـ مىغانغا كەمبەغەل بولاپ كەتمەيمىز ، پۇل دېگەننىچۇ جان تەندە ئامان بولسىلا تېپىۋالغىلى بولىدۇ ، لېكىنزە ، سىزدەك گۆزەل قىزلارنى ئۇنداق ئاسان تېپىۋالغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس جۇـ ما ، خانقىز ، مېنى ئۇنداق كۆزى كىچىك چۈپەي ئادەملەردىن كۆرۈپ قالماڭ جۇما .

— ۋىيەي ، ئادەمنى ئۇنداق خىجىل قىلىپ كەتمىگە ، سىزمۇ ئاشۇ سودىگىز بىلەن پۇل تېپىۋاتقان ئادەم ، قاراپ تۇرۇپ سىزگە زىيان بولسا بولمايدۇ ـ دە .

— بولدى ، بولدى ، ئاشۇ چاپان ، پۇل دېگەن گەپلەرنى قىلماي كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان نەق گەپ قىلىپ ئولتۇرايلىچۇ خانـ قىز .

— قايسى نەق گەپنى دەيسىز ؟ !

— چاپاننىڭ گېپىنىچۇ ، بۇگۈندىن باشلاپ چاپاننىڭ گېپى ئاخىرلاشتى ، ئۇنى مەن سىزگە سوۋغا قىلغان بولاي زادى .

— ۋىيەي ، ئۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ ، يا مەن سىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆرۈۋق ـ تۇغقان بولمىسام، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئۇن ـ يىگىرمە سومىلۇق نەرسە بولمىسا.

— ئۇنداق زىغىرلاپ كەتمەيلى خانقىز، بۇرۇن تونۇشمىساق مانا ئەمدى ئۇبدانلا تونۇشۇپ قالدۇق، بىزدە «بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان» دەيدىغان گەپ بارغۇ ھە. ئەمدى تۇغقان بولۇپ قالساقمۇ كېچىكمەيمىز جۇما. ئەگەرچەندە سىز بىزنىڭ دېگەن يېرىمىزدىن چىقسىڭىزلا ھېلىغۇ بىر چاپاندەكەن ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىۋېتكۈچىلىدەكمىز بار ئەركەك جۇما بىز.

— ۋىييەي، ئەجەب مەرد يىگىتكەنسىز جۇمۇ. مەن سودىگەر ناھايىتى چىڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، يەنە بىر ئۇچى يۈرەكتە دەپ قەتئىي قالايمىقان پۇل خەجلىمەيدۇ، دەپ ئاڭلىغانتىم. سىز ئۇنداقلارغا پەقەت ئوخشىمايدىكەنسىز.

— ئۇنداقلار تېگىدىن سودىگەر ئەمەس. «مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك ئىككى ـ تۆت تال پۇل تېپىۋالسا گىدىيىپ كېتىدىغان، ئازراق زىيان تارتسا تاتىرىپ، شۇمشىيىپ كېتىدىغانلاردىن سودىگەر چىقمايدۇ، ئۇنداقلاردىن پۇل تەمە قىلغانلىق قەلەندەردىن پەيشەنبىلىك تىلىگەندەكلا بىر ئىش، خانقىز. مېنىڭ پرىنسىپىم سودىدا قىلدىن كەچمەسلىك، دوستىدىن پىلىنىمۇ ئايىماسلىق.

— ۋاي ـ ۋۇي، راستىتىنلا مەرد، سېخىي ئادەمكەنسىز جۇمۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەجەب جىق ئىش بىلىدىكەنسىز. گەپلىرىڭىزمۇ شۇنداق ئورۇنلۇق.

— گەپنى ئەگىتمەڭ خانقىز. مېنىڭ بايىقى سوئالىمغا تېخى جاۋاب بەرمىدىڭىز.

— قايسى سوئالغا؟!

— ھېلىقى مەن دېگەن يەردىن چىقسىڭىزلا ھېلىغۇ بىر

چاپانكەن ئۇنىڭدىن قىممەت نەرسىلەرنىمۇ سوۋغا قىلىۋەتكۈچىلى-
كىمىز بار ئەركەك جۇمۇ بىز ، دېگەن گەپكىچۇ .
— ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب بېرىش كېتەمدۇ . مانا مەن يېنىڭىزدا
ئولتۇرۇۋېتىمەنغۇ .
— ئولتۇرسىلا ھېساب ئەمەس خېنىم . دېگەن يەردىن چىق-
سىڭىز ھېساب .
— دېگەن يېرىڭىزدىن چىقمامدىغان ، ھايتلا دەپ قويسىڭىز
مانا مەن تەييار .
— ھەببەللى ، ئوغۇل بالا ئەركەكتەك گەپ قىلدىڭىز جۇما .
گېپىڭىز راست بولسا ئەكېلىڭ قولىڭىزنى .
— مانا قولۇم ، ۋىيەي ئاغرىتىۋەتتىڭىز ، قولىڭىز نېمىدې-
گەن قاتتىق .
— ئوغۇل بالىنىڭ قولى مانا مۇشۇنداق قاتتىق بولىدۇ
خانقىز .
— ...

دىلبەر ئۇنىئالغۇنى ئاڭلاپ بولۇپ خۇددى يامان چۇش كۆرۈپ ئويغانغان ئادەمدەك قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ، ئاشۇ چاپاننى ئالىمەن دەپ ئۆزى يالغۇز مۇشۇ سودىگەرنىڭ يېنىغا چىقىپ قالغىنى ئۈچۈن نومۇس قىلىۋاتاتتى . ئۇ ئاشۇ چاغدا بىر چاپاننى بىكارغا ئېلىۋالغانلىقىنىڭ خۇشلۇقىدا ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى-مۇ ئېسىگە ئالالمىغانىدى . مانا مەككار سودىگەر ئۇنىڭ شۇ چاغ-دىكى سۆزىنى لېنتىغا ئېلىپ پاكىت سۈپىتىدە ساقلاپ قويۇپتۇ . بىر قەدەم خاتا بېسىلغان يول ئەمدى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاچچىق ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ۋەيران قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا . مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئۈچۈن يەنە ئۈچ يىل ۋاقىت بار ، شۇڭغىچە ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ بۇ مەككار سودىگەر ئۇنى شۇنداقلا قويۇۋېتەمدۇ؟ ياق ، ئۇنىڭ ئالدىدا مەڭگۈ ئاغزى ئېتىل-

www.uyghurkitap.com

گەن بىر قىزنىڭ ئەمدى تاللاش يولى قالدىمۇ زادى . مانا ھازىرقى رەھىمسىز ئەمەلىيەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلىماقتا . ئۇ توغرا ئېيتىدۇ ، سوتقا ئەرز قىلىش دېگەن ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس ، ئەرز قىلدى دېگەنلىك ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئۆزى ۋەيران قىلدى دېگەنلىك . ئۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئىستىقبالىلا ئەمەس ، بەلكى ئۆمۈرلۈك بەختىمۇ شۇ ئىش بىلەن خۇددى چېقىلغان ئەينەكتەك پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ .

— قانداق ، ھايت دېسەم ھۈيت دەيدىغان خانقىز ، ئولتۇرۇپ كەتتۇققۇ ، شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ دېگەن گەپ بار ، يىگنىگە يىپ سېپىشمۇ ئۇنداق ئوڭاي گەپ ئەمەس ، قېنى ئەمدى سوتقا بارامسىز ؟ !

— ئىپلاس ، تىلىڭنى يىغ ئەبلەخ ، — دىلبەر غال - غال تىترىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى - دە ، قەنت - گېزەك ، يەل - يېمىشلەر لىققىدە تىزىلغان ئۈستەلنىڭ بىر بۇرجىكىنى كۆتۈرۈپلا ئۆرۈۋەتتى . چىنە - قاچىلار چېقىلىپ داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەر گىلەمنىڭ ئۈستىگە چېچىلدى . ئۇ قاچانلاردىدۇر قولىغا چىقىپ قالغان پىيالىنى كۆزلىرى پىيالىدەك چەكچەيگەن بۇ مەككار سودىگەرنىڭ بېشىغا ئاتماق بولۇپ ئېگىز كۆتۈردى - دە ، ئۇنىڭ بايىقى كۆرەڭلىكىدىن قىلچە ئەسەرمۇ قالمىغان چىرايىغا قاراپ بۇ ئىشتىن يالتىيىپ پىيالىنى يەرگە تاشلاپ ئۇنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىپ چىقىپ كەتتى .

ئۇ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپلا كۆز ياشلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى . چۈنكى بۇ كوچىدا ھازىر ئادەم مىغىلدايتتى . گويا ھەممىلا يەر بازارغا ئايلانغاندەك مۇشۇ مەھەللە كوچىلىرىمۇ ھەر خىل سودا قىلىۋاتقانلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى . ئۇ بۇ كۆرۈنۈشتىن دەسلەپ مەڭدىدى ، ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ئۆزىنى رۇسلىدى . بوينىغا سىيرىلىپ چۈشكەن گاز ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ چىگدى . شۇ تاپتا ئۇ گەرچە مېڭىپ

كېتىۋاتقان بولسىمۇ ئۇنىڭ كاللىسى گاراڭشىپ ، خۇددى ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى .

— نېمە بولدۇڭ ، ئاداش ، — مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇچراشقان ئايپەرى ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ سىلكىدى ، — جىمجىتلا يوقاپ كەتتىڭ ، ئاغرىپ قالدىڭمۇ - يە ؟

— ھېچنېمە بولمىدىم ، — دېدى ئۇ زورىغا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، — تۈمۈ تەگدىمىكىن ، بېشىم ئاغرىپلا تۇرىدىغۇ .

— يۈرە ئەمىسە ، دوختۇرخانىغا بارايلى .

— بولدىلا ، ھېپىزخېنىمدەمنىڭ ئۆيىدە زۇكام دورىسى ئىچىۋالغانتىم ، سەن ئىشىڭغا بېرىۋەر .

— مەن سوپۇن ئالغىلى چىققانىدىم ئاداش ، توختاپ تۇر .

— مەن كېتىۋېرەي .

— بوپتۇ ئەمىسە .

شۇ تاپتا ئايپەرى دىلبەرنىڭ خۇددى ناھايىتى ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك جانسىز مېڭىشلىرىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى . چۈنكى باشقا ۋاقىتلاردا ئاتا - ئانىنىڭ قەدرى ئۆتۈلمىسىمۇ مانا مۇشۇنداق ئاتا - ئانىدىن ئايرىلىپ ياشىغاندا ئۇلارنىڭ قەدرى بەك ئۆتۈلۈپ كەتسە كېرەك ، ئازراق بىتاب بولۇپ قالغاندىلا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدىغىنى ئۆز ئۆيى ئىدى . ئۇلار مۇشۇنداق تۈمۈ - يۆتەل بولۇپ قالغاندا تەم - خۇرۇچلىرى ئوبدان تەڭشەلگەن بىر چىنە سۇيۇقئاش ياكى شويلا ئىچۈرۈپ يوتقانغا چۈمكەپ پۇر - پۇر تەرلىگەن قىزىنىڭ بېشىدا ئالەمچە مېھىر بىلەن مۆڭلىنىپ ئولتۇرغان كۆيۈمچان ئانىنى نەقەدەر سېغىنىدۇ ھە . دەل مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئايپەرى بىر خالتا سوپۇن پاراشوكى ئالغاندىن باشقا يول بويىدىكى قاسساپتىن ئىككى يۈز گرام قوۋۇرغا گۆش ، بىر باش چامغۇر ، بىر تال شوخلا ، بىر تال قىزىل مۇچ ئالدى - دە ، ياتاقتىكى كىرسىن ئوچاقتا ئۇنىڭغا سۇيۇقئاش ئېتىپ بېرىشنى

www.uyghurkitap.com

ئويلاپ ياتقىنىغا تېزلىك بىلەن قايتتى .

شۇ كۈندىن باشلاپلا دىلبەر بەكلا جىمغۇرلىشىپ كەتتى ، ياتاقداشلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۇزۇپ تاشلاپ ئەتكەن سۈيۈقئېشىدىنىڭ ھەقىقەتەن تەمى بولسىمۇ ئۇنىڭ گېلىدىن زادىلا ئۆتمىدى . چۈنكى ئۇنىڭدا كېسەل كىشىلەردە بولىدىغان تەن ئاجىزلىقتىن كۆرە روھىي ئېزىلىش بىلەن پىسخىك ئاجىزلىق ناھايىتى گەۋدىلىك ئىدى . شۇڭا ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە پەقەتلا ئادەم خالىماس بولۇپ قېلىۋاتاتتى .

ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى پەرھات ناھايىتى تېزلا سېزىۋالدى . لېكىن ئۇ بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى زادىلا بىلەلمىدى ، ئاپپەرى بۇنىڭغا نىسبەتەن گۇمانىي قاراشتا بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ گۇمانلىرىنى ئورۇنسىزلىقىقا چىقىرىپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ توختاپ قالاتتى .

دىلبەر ئاشۇ كۈنلەردە ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ئىچ سىرىنى ئېيتىدىغان ، شۇ ئارقىلىق نىمجان كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئادەم تاپالماي ئوبدانلا ئورۇقلىغانىدى ، ئۇ ئۆزىدىكى بۇ يىرگىنچلىك سىرنى پەرھاتقا ئېيتىپ ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغۇسى ، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ بارلىق سەۋەنلىكنى ئۆز بوينىغا ئېلىپ ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاخىرقى قارارىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدىيۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا پەقەتلا جۈرئەت قىلالمىدى . ئاپپەرىگە بولسا تېخىمۇ ئىشەنمىدى ، چۈنكى ئۇ ئاپپەرىنىڭ ئۆزىگە ئامالسىز ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى . «ئەگەر بۇ سىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتسام ئۇنى مەكتەپكە يېيىپ مېنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ ، مېنى كۆرەلمەيدىغان قىزلارغا ئويۇن بولۇپ بېرىدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئاپپەرىنىڭ ئۆزىگە قىلچە ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان شەھلا كۆزلىرىنى يادىغا ئېلىپ ، ئاخىر ئۇ بۇ سىرنى شەھەردىكى يىراق تۇغقىنى ئابلىزخان مەخسۇمنىڭ ئايالى ھېپىزىخانغا دېيىش ۋە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئېلىشنى لايىق كۆر-

دى . ھېيىزخان دىلبەرنىڭ ئانا جەمەت تۇغقىنى بولۇپ دىلبەر
ئوقۇشقا ماڭغىنىدا ئۇنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ بۇ ئانا جەمەت تۇغقىنى
بولمىش مۇشۇ ھېيىزخاننى تىلغا ئېلىپ ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ
ئۆز ئانىسى ئورنىدا بېرىش ـ كېلىش قىلىشنى تاپىلىغانىدى .
«بۇندىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى ،— دېگەنىدى دىلبەرنىڭ ئا-
نىسى ئايىسخان ئىختىيارسىز كەلگەن كۆز يېشىنى لېچىكىنىڭ
پېشى بىلەن ئېرتىپ ئولتۇرۇپ ،— ئابلىزخان مەخسۇم ئاكىمىز
بىر سودا ئىشى بىلەن غۇلجىغا چىقىپتىكەن ، شۇ چاغدا كۆرۈش-
كەنچە خەت ـ ئالاقە قىلىشمىغاچقا پەقەتلا ئىزدىشەلمىدۇق ، لې-
كىنزە ، ئۇ بەك تـۇغقانغا تەشنـا ئادەمـكەن ، «ئىـزدەشسـەك ،
بېرىش ـ كېلىش قىلىشساق ، مەن ئۇرۇغ ـ تۇغقانسىز ئادەم-
مەن ، تۇغقان دەردىدە باغرى ئېزىلگەن بىر ئادەمنى يوقلاپ تۇر-
ساڭلار » دەپ بەك يىغلاپ كەتكەن ، شۇ چاغدا ئۆيىمىز كوزىچى
يار بېشىدا دېگەندەك قىلىۋىدى ، ئىزدەپ باقساڭ بولىدۇ ، تۇغقان
ئەمەسمۇ ، ياخشى كۈننىڭ يامىنىدا ئەسقاتىدۇ ، ئۇلارنى تاپساڭ
بىزگە خەۋەر قىل . »
دىلبەر مەكتەپكە كېلىپ ئاز ئۆتمەيلا ئۇلارنى تېپىۋالدى ،
چۈنكى ئۇ قەشقەرلىق بىر ساۋاقدىشىدىن بۇ ئادەمنىڭ كوزىچىلىق
دۇكىنىنىڭ ئورنىنى بىلىۋالغانىدى ، ئۇ شۇ كۈنى تۆشۈك دەرۋا-
زىدىن ئۆتۈپ چاسا كوچىغا تۇتىشىدىغان پىيادىلەر يولىنىڭ دۆڭگە
ياماشقان بۇرجىكىدە ئابلىزخان مەخسۇمنىڭ كوزىچىلىق دۇكىنى-
نى تېپىۋالدى . ئابلىزخان مەخسۇم ئاق يەكتەك ، ئاق شالۋۇر
كىيىپ ، ئاق شاپاق دوپپىسىنى يانغا قىيسايتىپ كىيىۋالغان
بولۇپ بۇنىڭغا ئۇنىڭ قاردەك ئاقارغان ساقىلى قوشۇلۇپ ، بارچە
ئاقلىق بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ ، ئاقلىق ئىچىگە ئورالغان بۇ ئادەم-
نىڭ تۇرقىنى بەئەينى بوغدا چوققىسىدەك ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ
تۇراتتى ، تېخى خۇمدانغا چۈشمىگەن ھەر خىل كوزىلار ئارىسىدا
ئولتۇرغاچقىمىكىن خۇددى قەدىمىي ئاسارئەتىقىلەر دۆۋىسى ئى-

www.uyghurkitap.com

چىدە قەدىمىي تارىخنى ۋاراقلاپ ئولتۇرغان ئارخېئولوگدەك تەسىر بېرىپ تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ قولىدا خوتەننىڭ قەغىزىدە تۇپلەنگەن بىر قەدىمىي كىتاب بار ئىدى ، ئۇ شۇ تاپ ئاشۇ تارىخ ئىچىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئالىم سىياقىدا ئاجايىپ بىر ئۇلۇغلۇق ئىچىدە ئولتۇراتتى . دىلبەر بۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشتىن بىردەمگىنە ئەيمىنىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە ، ئاخىر ئېغىز ئاچتى .

— سىلى ،— دېدى دىلبەر تەمتىرىگەن ھالدا بىر پەس تۇرۇۋېلىپ ،— ئابلىزخان مەخسۇم ھاجىم بولاملا ؟

ئابلىزخان مەخسۇم ھاجىم بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا رەتلىك كىيىنىپ ، بېشىغا گاز ياغلىقنى چىگىپ ، قولىدىكى قىزىل خۇرۇم سومكىسىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ ئۆزىگە ئۇمىدلىك نەزەردە تىكىلىپ تۇرغان بۇ قىزغا ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسالدى ـ دە ، قولىدىكى كىتابىنى يېپىپ قويۇپ گەپ باشلىدى :

— مەن سىلىنى بىرىگە ئوخشىتىۋاتىمەن قىزىم ، — دېدى ئۇ كىتابنى ئالدىدىكى كىچىك ئۈستەلگە قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ، ئۇنىڭ سوئالىغا بىۋاسىتە جاۋاب بەرمەي ، — توختاپ تۇرسىلا ، ئۆزۈم تاپاي جۇما ، مەن ئوبدانىراق بىر قاراي ، كىيىنىشلىرىدىن قارىغاندا سىلى بىرەر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ، گەپ ـ سۆزلىرىدىن قارىغاندا بۇ يەرلىك ئەمەس ، تاپتىممۇ ، لېكىنزە ، چىرايلىرى بىزنىڭ مەزلۇم ھېپىزىخانغا بەك ئوخشاۋاتىدۇ ، شۇنىڭدىن قارىغاندا سىلى بىزگە تۇغقان ، شۇنداقمۇ ؟ !

— ناھايىتى توغرا تاپلا ھاجىمكا ،— دېدى دىلبەر ئۆزىنى ئالدىراپ تونۇشتۇرۇپ ،— مەن غۇلجىدىكى ھېلىقى ئايىسخاننىڭ كىچىك قىزى دىلبەر ، بۇ يىل مۇشۇ شەھەردىكى مەھمۇدىيە پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ كەلدىم .

— ۋاھ ، ئەتىگەن چاي چېچەكلىۋىدى ، بىزگە بۈگۈن مېھمان بار خوتۇن دېۋىدىم ، «ھوشتە ، قېرىغاندا بىزگە نېمە مېھ-

مان، بىز ھازىر بۇ دۇنياغا مېھمان» دەپ تاش چىشلەپ تۇرۇۋال-
غانتى بۇ خوتۇن، مانا مېھمان دېگەن، مېنىڭ ئويلىغىنىم توغرا
ئىكەن زادى، ئەسلىي ئەتىگەندە سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۆرۈپتى-
مەن - دە، ھە، ئەمدى ئەھۋال سورىۋالاي، ئاتا - ئانىڭىز
تىنچلىقما قىزىم، ئۆزىڭىز تىنچلىق، تىنچ تۇردىڭىز،— ئۇ
تىنچلىقنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن
مەقسەتكە ئۆتتى،— مەن دۇكاننى تاقاي، ئۆيگە بارىلى قىزىم.

— دۇكاننى ئېچىۋەرسىلە، مەن كېيىنرەك...

— ئۇنداق گەپ قىلماڭ جۇما، بىز دېگەن ئۇرۇق - تۇغقان
ئادەم، توغرا، مەن بىر قارا يېتىم، ئۇرۇق - تۇغقىنىمنىڭ تازا
تايىنى يوق، ئەمدى ئاراندا بىر ئايالىمنىڭ بولسىمۇ تۇغقىنىنى
تاپقاندا دۇكان ئاچىمەن دەپ ئولتۇرسام بولماس. سىزمۇچۇ ئۇن-
داق ياتىنىڭ گېپىنى قىلماي ئاۋۇ كوزىلارنى دۇكانغا ئەكىرى-
شىڭ، قىزىم.

دىلبەرنىڭ كۆڭلى بۇ ئادەمنىڭ قىزغىنلىقىدىن كۆتۈرۈلۈپلا
قالدى. ئۇزۇن مۇددەت خەت - ئالاقە قىلمىغان تۇغقانلار بولغان-
دىكىن سوغۇقلا كۆرۈشىدۇ، «ۋاقتىڭىز يەتسە ئۆيلەرگىمۇ بې-
رىڭ» دېگەندەك سەمەرقەنت تەكلىپى قىلىپلا قويىدۇ، دەپ ئوي-
لىغانىدى. مانا ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بۇ ئادەم شۇنداق قىز-
غىن، چىقىشقاق بولۇپ چىقتى. تېخى ھېپىزىخانىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن
ئۆتە مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكى تۇنجى كۆرۈشۇشتىلا
مەلۇم بولدى.

— كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتكەن قېرىندىشىم، كۆرۈشۇش
نېسىپ بولارمۇ دەپ يۈرگەنتىمغۇ قېرىندىشىم، ئۆزۈڭ كېلەلمى-
سەڭمۇ قىزىڭنى ئەۋەتىپسەنغۇ قېرىندىشىم،— دىلبەر ھېپىزى-
خانىنىڭ ئۆزىگە ئېسىلىپ ئېزىلىپ تۇرۇپ يىغلاشلىرىدىن ئۇنىڭ-
مۇ باغرى ئېزىلدى. تۇغقاندارچىلىق دېگەننىڭ مانا مۇشۇنداق
مېھرىلىك، كۆيۈملۈك بولىدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ قالدى. دېمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـسىمۇ ھېپىزىخان بىلەن ئابلىزخان مەخسۇم قىرىغانچە ئاشۇ يىلـ
ـراقتىكى تۇغقانلىرىنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالغانىكەن . مانا سىـ
ـغىنىشنىڭ ئوتىنى سەل پەسلىتىپ قويۇش ئۇچۇن ئەۋەتىلگەنىدەك
دىلبەرنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى ئۇلارنى ئالەمچە شادلىققا چۈمدۈر-
گەنىدى .

— ئۆيدىلا يېتىپ ئوقۇڭ ، — دېدى ھېپىزىخان مېھمانخانا
ئۆيدىكى قات - قات كۆرپە - يوتقانلار يىغىلغان مېھرابسىمان
تام ئىشكاپلىرىنى ، قىممەت باھالىق خرۇستال لوڭقىلار ، مىس
چەينەك ، چۆگۈنلەر جايلاشقان ئويۇقچىلارنى ، سۇۋارى گىلەم
سېلىنغان تاختايلىق پولنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — مانا مۇشۇن-
ـداق چوڭ ئۆيلەرنى ساپتۇق ، قېرىغاندا مۇشۇ ھاڭدەك ئۆيدە
بوۋاي - موماي ئىككىمىزلا قاپتۇق . باللار ھەممىسى ئۆي ئاي-
ـرىپ چىقىپ كەتتى . خۇدانىڭ ئەجىلىنى كۈتۈپ ياتتۇق بالام
مۇشۇ ئۆيدە . «باللىق ئۆي بازار ، بالىسىز ئۆي مازار» دېسە
نېمىشقا شۇنداق دەيدىغاندۇ دەپتىكەنمەن . مانا يالغۇز قالغاندا
بالىسىز ئۆينىڭ مازارلىقىنى بىلدىم ، بالام . ئەمدى بىزگە ھەمـ
ـراھ بولۇڭ قىزىم ، مەكتەپمۇ يېقىن بىزگە .

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ ھېپىزىخىنىدە ، — دېدى دىلبەر
ئۇنىڭ ئورۇق ، ئەتىسىز قولىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ، — ئالىي
مەكتەپنىڭ تۈزۈمىدە مۇشۇ شەھەرنىڭ باللىرىمۇ مەكتەپ ياتىقىد-
ـدا يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇيدۇ . ھەر شەنبە چىقىپ تۇرسام بولمىدى-
ـمۇ .

دىلبەر شۇندىن تارتىپ بۇ ئاق كۆڭۈل ، كۆيۈمچان ، مېھماند-
ـدوست تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە پات - پات چىقىپ ئۆي تامىقى يەپ
كېتىدىغان بولۇپ قالدى . ھېپىزىخانىنىڭ قەتئىي تەكلىپى بىلەن
ئاپپەرىنى بىر قېتىم ، ياتاقداشلىرىنى بىر قېتىم بۇ ئۆيگە ئاچىد-
ـقىپ مېھمان قىلغانمۇ بولدى . ئۇلار داستىخاننى ناھايىتى مول
سېلىپ ، قەشقەر قائىدىسى بويىچە ئۈچ خىل تاماق تەييارلاپ

دىلبەرنىڭ ياتاقداشلىرىنى بەك ئوبدان مېھمان قىلدى، شۇڭلاشقىمىكىن دىلبەر ئۇنى خۇددى ئۆز ئانىسىدەكلا ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بەزى ئىچ سىرلىرىنى ئېيتىپ مەسلىھەت ئالىدىغان بولۇپمۇ قالغانىدى. بۇ مۇڭداشقاق، ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان ئانا دىلبەرگە تۇرمۇش، ئائىلە، ئاياللىق بۇرچ، مۇھەببەت، نىكاھ ھەققىدىكى ۋەز - نەسىھەتلىرى بىلەن دىلبەرنىڭ ھاياتلىق يولىغا بولغان ئىشەنچ - ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىمقى ۋەقەنى مۇشۇ مېھرىبان ئانىغا ئېيتىپ بېرىپ ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە چىقتى.

— ۋاي جېنىم بالام، نېمە بولدىڭىز؟! ھەپتە كۆرمىسەم ئورۇقلاپ شۇمەكتەكلا بولۇپ قاپسىزغۇ، ئاغرىپ قالمىغانسىزھە، جېنىم بالام، — ھېپىزىخان يىغلامسىرىغاندەك كىرىپ كەلگەن دىلبەرنى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ بېشىغا قولىنى قويدى، — قىزىپ قالماپسىز بولمىسا، نېمە بولدىڭىز جېنىم بالام؟

— جېنىم ھېپىزىخىنىمدە، — دىلبەر ھېپىزىخانىنىڭ بۇ ئىللىق مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي قالدى - دە، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى، — مەن نابۇت بولدۇم ئانا، مەن ئۆلدۇمغۇ ئانا.

ھېپىزىخان دىلبەرنى چىرايىدىنلا بىرەر پالاكەتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. لېكىن «خۇدايىم ئۇنداق يامان كۈندىن ساقلىغاي» دەپ ئىچىدە دۇرۇد ئوقۇۋالغانىدى. مانا دىلبەرنىڭ «مەن ئۆلدۇم» دېگىنى ئاشۇ ئادەم خىيالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ ئۇيۇلىدىغان ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرمادۇ.

— بولدى بالام، يىغلىماڭ، چىققان كۆزنى ئورنىغا سالغىلى بولمايدۇ. نېمە ئىش بولدى؟ ماڭا دەڭ، بىر ئامالىنى قىلارمىز.

دىلبەر بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئامال بار ھېپىزىخان ئانىغا كۆزىنى ئۇچراشتۇرماسلىققا تىرىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغان ھالدا بولغان ۋەقەنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بەردى . ئۇ بۇ ئۆيگە چىقىۋېتىپ بۇ گەپنى ئۇنىڭغا قايسى يۈزۈم بىلەن دەيمەن ، ئۇ ئاڭلاپ چېچىلىپ مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارسا قانداق قىلارمەن دېگەن خىياللار بىلەن دىلىغۇل بولۇپ چىققانىدى . بىراق ھېپىزىخان ئانا دىلبەرنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ بەكمۇ قورقۇپ كەتمىدى ، ھەتتا چېچىلىپ ئۇنى تىللاپمۇ كەتمىدى . لېكىن ئۇ دىلبەرنىڭ نابۇت بولغىنىغا ئېچىنىپ «ۋۇ تۇزكۇر نائەھلى ، ئالدامچىلىق قىلغىنىڭغا تويارسەن بىر كۈنى » دېگەن سۆزنى ئىچىدە نەچچە تەكرارلىدى .

— ئازماس ئاللا ، — دېدى ھېپىزىخان ھەممىنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان دىلبەرنى سەل ئۆرە قىلىپ كۆز يېشىنى لېچكى بىلەن سۈرتكەن ھالدا ، — چاپان ئېلىش ئىشىدا بەكمۇ يېنىكلىك قىلىپ قويۇپسىز قىزىم ، پۇل كېرەك بولسا بىزدىن تارتىنماي سوراپ ئېلىك ، دەپ نەچچە دېدىم سىزگە . چاپان ئالاتتىم دېسىڭىز بىز ئېلىپ كىيدۈرۈپ قويغۇچىلىكىمىز بار ئىدى ئەمەسمۇ . ئەمدى بولىدىغان ئىش بوپتۇ قىزىم ، قىز بالا دېگەنگە ئىپپەت - نومۇس بەك مۇھىم ئىش ئىدى . قىز بالىدا ئىپپەت يوقالسا بەختمۇ تەڭلا ئۇچۇپ كېتەرمىش . ئەمدى بولىدىغان ئىش بوپتۇ قىزىم ، باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ ئەمدى ئۇنى جايىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ . ئەمدى قىزىم ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ياشاڭ . بۇ ئىشنىڭ تۇگۇچىنى ئەمدى ئاشۇ مەككار سودىگەرنىڭ ئۆزى يەشكىنى تۇزۇك قىزىم . بۇنىڭدىن ياخشىراق چارە ھېچيەردە يوق . ئوقۇش پۈتسە مۇشۇ يەردە قېلىڭ ، ئۆزۈم ئانا بولۇپ سىزنى چىقىرىمەن . ساۋاقداشلىرىڭىزغا دېمەي ياخشى قىپسىز ، پەرھاتنىڭمۇ ئۇقمىغىنى ياخشى بوپتۇ . ئۇ بۇ ئىشنى ئاڭلاپلا قالسا

يۈزىڭىزگە تۈكۈرۈشتىن يانمايدۇ جۇما . ئەر خەق دېگەن مۇشۇن-
داق ئىشقا كەلگەندە بەك زىل كېلىدۇ ، قىزىم .
— مەن قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ خوتۇنپۇرۇش سودىگەرگە تېگەم-
دىمەن ھېپىزىخنىدە ،— دېدى دىلىبەر يىغلامسىرىغان ھال-
دا ، — ئۇنىڭ تۇرقى ئادەمدەك تۇرغىنى بىلەن قېپقىزىل لۈك-
چەككەنغۇ ، ياق ، ياق ، مەن ئۇنى قوبۇل قىلالمايمەن .
— قوبۇل قىلالمايدىغان ئادەم نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى
تۇتقۇزۇپ قويدىڭىز ، — دېدى ھېپىزىخان ئۇنىڭ قولىنى سىل-
كىپ تۇرۇپ ، — ئۇنىڭ خوتۇنپۇرۇشلۇقىنى بىلمىسىڭىزمۇ يې-
شى توختىغان چوڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك ئە-
مەسمۇ . ئەمدى بولغاندا «ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ ، قاپ
كۆتۈرۈپ نەگە باراي» دېگەندەك ئەسكى توقۇمنى بويۇنغا تاشلىغان
بىلەن بولامدۇ دەيمەن .
— بولدى ، ئادەمنى خىجىل قىلىپ سۆزلەۋەرمەڭ ھېپىزى-
خىنىدە ، — دېدى دىلىبەر يۇم - يۇم يىغلىغان ھالدا ھېپىزىخان-
نىڭ قۇچىقىغا قايتا تاشلىنىپ ، — شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە يۈرىكىم
پارە - پارە بولۇپ ئۆلگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن . مەن ئەسلىي
سىزدىن ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ ئاڭلايمەنمىكىن دەپ چىقىۋىد-
دىم .
— ئەقىلگە مۇۋاپىقى ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئاشۇنىڭ پېشىگە
چىڭ ئېسىلىش ،— دېدى ھېپىزىخان ئۇنىڭ يىرىك چېچىنى
سىلاپ ئولتۇرۇپ ،— لۈكچەكلىكى بولسا توي قىلغاندىن كېيىن
ئوڭشىلىپ قالار . قانداق قىلىمىز بالام ، بىز ئاياللار ئەنە شۇنداق
ئاجىز يارىلىپ قالغانىكەنمىز ، بىزنىڭ نالە - زارىمىز ھېسابىغا
ئەنە شۇنداق ئادەملەر راھەت كۆرىدىكەن ، شادلىنىدىكەن .
— مەن ئەرز قىلايمىكىن دېگەنتىم .
— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ، قىز بالىنىڭ مۇنداق ئىشنى ئەرز
قىلىشى ئۆزىنى - ئۆزى كاچاتلاشتىن باشقا ئىش ئەمەسقۇ

www.uyghurkitap.com

قىزىم . ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىز ، ئەرز قىلىسىڭىزلا مەكتەپتە ئابرۇيىڭىز قالمايدۇ . تەشكىل جازالاپ قويامدۇ تېخى ، بۇنداق پوقنى ھەرگىز يېگۈچى بولماڭ جۇما .

دىلبەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ لاسسىدە سولاشتى . ھە راست ، ھازىر ھېپىزىخان ئۆزىگە دەۋاتقان ئاشۇ سۆزلەرنى ھېلىقى لۈكچەك سودىگەرمۇ ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىپ «ئەرز قىلساڭ قىل ، ئۇ ئۆزۈڭنى كاچاتلىغانغا ئوخشاش ئىش » دېگەنىدى ، مانا ھېپىزىخاننىمۇ مۇشۇ سۆزلەرنى قايتا تىلغا ئېلىپ ئۆزىگە تەربىيە قىلىۋاتىدۇ . ئەھۋالدىن قارىغاندا «ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي دەۋاغا » دېگەندەك تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامال قالمىغان ئوخشىمامدۇ ، دېمىسىمۇ ئۇ قايسى يۈزى بىلەن سوتقا بارىدۇ .

ئۇ ھېپىزىخاننىڭ ئېزىپ - ئىچۈرۈپ قىلغان پەند - نەسىھەتلىرى بىلەن رەسمىي بىر قارارغا كېلىپ ئۆيدىن چىقتى ، پەرھاتقا قىلغان ۋاپاسىزلىقىغا ئۆكۈنۈپ تۇرسىمۇ ، يەنىلا ئۆزىنى نابۇت قىلغان سودىگەرنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتقاندا مەكتەپ پۈتتۈرگىچە خىراجەتتىن قىسىلمايدىغانلىقىنى جەزم قىلىپ ، مۇھەممەدئىمىننى ئىزدەپ بېرىپ كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن «مەكتەپ پۈتتۈرسەڭ سېنى چوقۇم ئۆز نىكاھىمغا ھالاللاپ ئالىمەن ، شۇ چاغقىچە بارلىق خىراجىتىڭنى مەن كۆتۈرىمەن » دېگەن سۆزنى قىلغۇزۇپ كۆڭلى ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدى . لېكىن ئۇ سودىگەر دىلبەرنى مەكتەپ پۈتتۈرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىقتىسادتىن قىسىپ قويماسلىقنى ئالدىنقى شەرتى قىلىپ ھەپتىدە بىر قېتىم چوقۇم كۆرۈشۈپ تۇرۇشقىمۇ ماقۇل كەلتۈرۈۋالغانىدى .

شۇ ئىشتىن كېيىن دىلبەر پەرھاتنى ھەيران قالدۇرۇپ ئۇنىڭدىن بىراقلا يۈز ئۆرۈپ يالغاندىن قېيىدىغان بولۇۋالدى - دە ، مۇناسىۋەتنى بىراقلا ئۈزگەن ھېساب بولۇۋالدى . مۇھەممەد ئىمىن شاڭگاڭ بولسا ئۇنىڭ ناھايىتى ئاسانلا ئىندەككە كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ دىلبەرنىڭ ئالدىدا قىلغىلى قىلىق

تاپالماي قالغانىدى . بۇ جەرياندا ئۇ دىلبەر بىلەن خۇددى ئۇزۇن يىللىق ئەر ـ خوتۇنلاردەك مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋېرىدىغان ، ئۇنىڭ بەدىلىگە دىلبەرگە ئۇ ئۆيلىگەندىنمۇ كۆپرەك خەرج ـ خىراجەت بېرىپ تۇرىدىغان بولدى . دىلبەر بۇ ئىش تەكرارلانغانسېرى ئانچە قورقمايدىغان بولۇپ قالدى .

«شۇنچىلىكلا ئىشكەنغۇ بۇ ، بويۇمدىلا قالمىسا بۇ قاقۋاش سودىگەردىن خېلى ئوبدانلا بىر نەرسە يۇلۇۋالغىلى ، كۈنلىرىمنى شۇنداق باياشات ئۆتكۈزگىلى بولىدىكەنغۇ ، قۇرۇپ كەتسۇن ئاشۇ نامراتلىق ، پۇللا بولسا جاھاندا تاپقىلى بولمايدىغان نېمە بار زادى » دىلبەر ئەنە شۇنداق ئەگرى خىياللار ئىسكەنجىسىگە پاتقان ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ بۇ سۆڭەكى يوق پۇلنى خۇددى غازاڭدەك خەجلەيدىغان ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا بولسا كۈندە بىر خىل ياسىنىپ ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى . لېكىن ئۇ دەرسلەردە كۆرۈنەرلىك ھالدا چېكىنگەننى ئاز دەپ ، تولا ھاللاردا ۋاقتىسىز دەرس تاشلاپ سىنىپ ئىچىدە بىر نەچچە قېتىم تەنقىد قىلىنغانمۇ بولدى . لېكىن ئۇنىڭ بۇرنىغا تۈزۈك سۇ كىرمىگەچكە ، پەرھات خەت يېزىش شەكلى ئارقىلىق ئۇنى ئوبدانراق سەگىتىپ ، يامان يولدىن قايتۇرۇپ كېلىش قارارىغا كەلگەنىدى .

چۈشتىن كېيىنكى دەرسكە كېچىكىپ كىرگەن دىلبەر ئەدەبىيات نەزىرىيىسى ئوقۇتقۇچىسى ئېلى ئىبراھىمنىڭ ئۇنىڭغا تازا قاتتىق تىكىلىپ «ئولتۇرۇڭ» دېگەن قوپال ئىجازىتىدىن سەل قىزارغان ھالدا جايىغا كېلىپ ئولتۇردى . خۇددى مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك مەتسالىھ خەتنى مۇشۇنداق چاغدا بېرىۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئېلى ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ دوسكىغا خەت يېزىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ كەينىگە قارىدى ـ دە ، دىلبەر ھازىرلا تارتمىسىدىن ئېلىپ ئالدىغا قويغان كونسپېك دەپتىرىنىڭ ئاستىغا ئۇستىلىق بىلەن باستۇردى ـ دە ،

ئالدىغا قارىۋالدى . دىلبەر بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەك بولۇپ كونسپېكت دەپتىرىنى ئاستا كۆتۈردى ـ دە ، كونۋېرتنىڭ ئۈستىدىكى تونۇش پوچېركىنى كۆرۈپ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى . «بوپتۇ ، ئوقۇپ باقاي ، ھېچقانداق گەپ ـ سۆز قىلمايلا مۇناسىۋەت ئۈزۈلدى دەپ يۈرگەن بىلەن بولماس مۇشۇ جاھاندا ، مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىپ مۇناسىۋىتىمىزنىڭ تەلتۆكۈس ئۈزۈلگەنلىكىنى جاكارلىۋېتەي ، ئۇ نېمىلەرنى يازغاندۇ ، دەرس تېزرەك تۈگىسە ياخشى بولاتتى» ئۇ خەتنى كونسپېكتنىڭ ئاستىدىن ئاستا تارتىپ چىقىرىپ تارتمىسىغا سېلىۋەتتى .

ئېلى ئىبراھىم مۇئەللىم شۇ تاپتا «تىپ يارتىش بىلەن تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» بېرىلىپ سۆزلىمەكتە . بەزىبىر مۇھىم نۇقتىلارنى بولسا «يېزىۋېلىڭلار» دەپ قايتا ـ قايتا سۆزلىمەكتە . ساۋاقداشلار ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن كونسپېكت يازماقتا ، دىلبەرمۇ خالار ـ خالىماس ھالدا كونسپېكت يېزىۋاتقان بولسىمۇ ، خىيالى يەنىلا پەرھاتنىڭ بايىقى خېتىدە ئىدى ، «ئۇ نېمىلەرنى دېگەندۇ ياكى ئۆزىنىڭ كەمبەغەللىكى ئۈستىدە ۋەزخانلىق قىلىپ ئۆزىنى ئاقلاپ كەتكەنمىدۇ ، مەيلى نېمىلا بولمىسۇن بۇ ماڭا ياخشىلىق كەلتۈرىدىغان خەت ئەمەس .»

ئىككى سائەتلىك دەرس ئاران دېگەندە ئاخىرلاشتى ، مۇئەللىمنى ئۈزىتىپ قويغان ستۇدېنتلار بىردىن ـ ئىككىدىن بولۇپ سىنىپتىن چىقىشقا باشلىدى . دىلبەر ھەممىلا بالىنىڭ چىقىپ كېتىپ سىنىپتا پەقەت ئۆزىنىڭ يالغۇز قېلىشىنى خالاپ تۇرغاچقا تارتمىسىنى مەقسەتسىز ئاختۇرۇپ ئولتۇراتتى .

— ئولتۇرۇۋېرەمسەن ؟ !— ئايپەرنىڭ ئاۋازى ئۇنى دىڭگىدە چۆچۈتتى .

— ھە ، كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن كۆچۈرىدىغان كونسپېكت بار ئىدى ، — دېدى دىلبەر دۇدۇقلىغان ھالدا ، — سەن چىقىۋەرگىن .

— يۈرىكە ئايپەرى، — دېدى مەتساليھ ئورنىدىن تۇرۇپ دىلبەرنى يالغۇز قالدۇرۇش ئۈچۈن ئايپەرىگە يۈزلىنىپ، — مەن سىزگە ھەمراھ بولۇپ چىقاي.

— ۋۇ ئۆلمىگۇر شوركا، — دېدى ئايپەرى ئۇنىڭ دۇمبىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، — سەن تېخى ھەمراھ بولاي دېگەن گەپنى قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ.

— دىلبەرنىڭ ئۆگىنىشىگە تەسىر يەتكۈزمەيلى دېدىمغۇ شۇ، — دېدى مەتساليھ ئايپەرىگە قاراپ مەنىلىك كۆز قىسىپ قويۇپ، — بىر ئادەم ئۆگىنىش قىلىمەن، كونسپېك يازىمەن دەۋاتسا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋېلىش ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ ئەينا.

ئايپەرى مەتساليھنىڭ كۆز ئىشارىسىدىن بىر يوشۇرۇن مەنىنى سەزدى-دە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى، ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سىنىپ ئىچى جىمىپ قالدى. دىلبەر سىنىپقا ئەتراپلىق بىر قاراپ ئۆزىدىن باشقا ئادەم قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تارتمىسىنى ئاچتى-دە، خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ خەتنى ئوقۇۋېتىپ قولى تىترەشكە، چېكىسى تەرلەشكە باشلىدى. چۈنكى پەرھات ئۇ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە ناھايىتى ئۆتكۈر تىللار بىلەن ئۇنى تەرلەتكىدەك خەت يازغاندى، ئۇ گويا دىلبەرنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ھەممە ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەك سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ خەتنى ئاخىرلاشتۇرمايلا ئۇنى پۇرلەپ يەرگە تاشلىدى-دە، ئۇنى دەسسىدى. لېكىن شۇ تاپ ئۇ خەت خۇددى بىر پارچە چوغدەك پۇتىدىن كىرگەن بىر خىل كۆيدۈرگۈچ ئېقىم ئۇنىڭ پۇتۇن بەدەنلىرىگە تاراۋاتاتتى. ئۇ شۇندىلا چۆچۈپ تۆت ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن خەتنى قايتىدىن قولىغا ئالدى-دە، تارتمىسىغا تاشلىدى. دەسسەلگەن بۇ خەت تارتمىغا چۈشۈش بىلەن قاتلاقلىرى قايتا يېشىلىپ خۇددى ھازىرلا پارتلايدىغان مۇددەتلىك بومبىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ خەتكە قورقۇمسىرىغىنىچە بىر پەس قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يۈرىكى سەل پەسكويغا چۈشتى. ئۇ

شۇندىلا ئۆزىنى توختىتىشۇپلىپ پۇرلەنگەن خەتنى يەنە ئاۋايلاپ ئاچتى .

«دىلبەر ، ياخشىمۇسەن ؟
ئاجايىپ قىسمەتلىك هايات ئىكەن بۇ . ئويلاپ باققىنە ، مۇهەببەتنىڭ سىرلىق تەلقىنلىرىگە تەڭكەش بولۇپ ياشاۋات-قان ئادىمىڭگە تۇيۇقسىزلا گەپ قىلالمايدىغان ياكى گەپ قىلىش هوقۇقۇڭدىن ئايرىلىپ قالساڭ ، ئىچىڭلىپ - يىپىد-لىپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈڭنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىڭنى دىيەلمە-سەڭ ، مۇشۇنداق هېچ گەپتىن - هېچ گەپ يوق ياتلىشىپلا كەتسەڭ بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئەلەم بولامدىغاندۇ جاهاندا .
مانا مۇشۇنداق قىسمەت بىزدە ئايان بولدى ، بىر - بىرىمىزنى كۆرگەندە خۇددى گاچىلاردەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىد-مىز ، گويا بىز ئىككى ئاكوپتىكى رەقىبلەردەك ، شۇڭلاشقا بىر - بىرىمىزگە خىرىس قىلىشىۋاتقاندەك ، بۇمۇ ئاشۇ ئۇرۇشتىكى بىر خىل ئۇنسىز هۇجۇمدەك بىلىنىپ تۇرغان بۇ هايات مېنى ئوبدانلا چارچىتىپ قويدى .
بۇنداق قىسمەتكە ئۇچراپ قېلىشىمىزنى كىممۇ ئويلىد-غان دەيسەن . مانا ، بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ، كۈنىگە نەچچە قېتىملاپ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بىر قىزغا خەت يېزىپ كۆرۈشۈشتىن ئىبارەت بىر كۈلكىلىك ئىشنى قىلىپ ئولتۇ-رۇپتىمەن ، خەتنى يېزىشقا ئولتۇرغىنىمدىلا سەن بىلەن ئۇچراشقان هېلىقى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك دەقىقىلەر كۆز ئالدىمدا زاهىر بولۇپ خىيال قۇشلىرىم ئاللىقاچان ئاشۇ گۈزەل سەيلىگاهنى پاناھ ئەيلەپ شۇ ياققا قاراپ ئۇچۇپ كېتىشتى . ئامالىم قانچە ، مەن خىيالىم بىلەن ، خىيالىم بولسا مەن بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەنىكەن ، شۇڭا ماڭا ئوڭۇمدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر خۇددى خىيالىمدى-

كى نەرسىلەردەك ، خىيالىمدىكى ئىشلار بولسا ئوڭۇمدىكى ئىشلاردەكلا تۇيۇلىدۇ ، دېمەك مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم خىيا-لىمنىڭ مەۋجۇتلۇقى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ ، شۇڭا مەن بۇگۈن سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدىكى ھازىرقى بۇ-رۇقتۇرمىلىقنى خىيالىمنىڭ ئوڭۇمدا ئەكس ئەتكەن بىر ساماۋى تۇيغۇسى بولۇپ قالسىكەن دېگەن ئۈمىدتە .

ئېسىڭدىمۇ ، ئىللىق باھار شامىلى ئۆزىنىڭ مول ، سېخىي داستىخىنىنى كەڭرى يېيىپ ، بارلىق مەۋجۇداتلارنى قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋاتقان ئاشۇ خاسىيەتلىك كۈن-لەردە بىز تۇنجى قېتىم ئۇچراشقانىدۇق . ئۇ كۈنى ئىلى دەريا بويىنىڭ ئىككى قاسىنقى بۇككىدە كۆكەرگەن ، شوخ ۋە ئەركىن ئاقىدىغان ئىلى دەرياسى ئىككى قاشتىكى نازۇك چىمەنلەرنى يېنىك سۆيۈپ ئېقىۋاتقان ناھايىتى قۇتلۇق بىر كۈن ئىدى . مەن دەريا بويىدىكى يوپۇرمىقى ئەمدىلا پوتلا تارتقان سۆگەت ئاستىدا ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى يادلاش ، قىسقىسى ئۇنى قەلبىمگە مۆھۈردەك چېكىۋېتىش خىيالىدا بېرىلىپ تەكرار قىلىۋاتقانىدىم . توساتتىن مەيىن شامال بىر قىزنىڭ ئەتىر پۇراپ تۇرغان ھىدىنى دىمىغىمغا ئۇردى . بېشىمنى شۇنداق كۆتۈرۈشۈمگە ئالدىمدا مەندىن ئىككى مېتىر نېرىدا بىرى كىتابىنى قولتۇقلىغان ھالدا بەك-مۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ سەن تۇراتتىڭ .

— كەچۈرۈڭ ، سىزدىن بىر سوئال سورىسام بولام-دۇ ؟ — دېدىڭ سەن تارتىنچاقلىق ئارىلاشقان زىل ئاۋازىڭ بىلەن مېنىڭ قەلب ئاسمىنىمنى يورۇتۇپ .

جاۋاب بېرىشىنىڭ ئورنىغا يىگىتلەردە بولىدىغان بىر خىل قىزىقىش بىلەن ساڭا تەپسىلىي قارىدىم . ئاق كوپتا ، كۆك ساراپان كىيىپ چېچىڭنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋال-غانىدىڭ . قولۇڭدا يۇمرانغىنە بىر تال قىياق ، قولتۇقۇڭدا

www.uyghurkitap.com

ئىككى كىتاب، دېمەك سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلغۇچى ئىكەنسەن - دە، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايىڭدىكى قىزىللىق بىلەن مەڭزىڭدىكى ئىككى تال زىنىخ ماڭا ئالاھىدە سۆيۈملۈك كۆرۈندى. بۇ كۆرۈنۈشتىن ھودۇقتۇم، قانداقلارچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكىنىمنى ئۇقمايمەن. قىزىرىپ كەتكەن بولسام كېرەك، يۈزۈم ئوت ئالغاندەك كۆيۈشكە باشلىدى. چۈنكى سەندىكى دادىللىق مېنىڭ جۈرئىتىمنى بەربات قىلغانىدى.

— سوراڭ، سوراۋېرىڭ، — دېدىم مەن سەل ھودۇقــقان ھالدا.

سەن ئىلى قىزلىرىدا بولىدىغان قىزغىنلىق ۋە تېتىكلىك بىلەن قولۇڭدىكى گېزىتنى ئىككى پارچە قىلىپ ئەمدىلا كۆكىرىشكە باشلىغان چىمەنلىككە سالدىڭ - دە، مېنىڭمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىڭ. ئىككىمىز بىردەملىك تەكەللۇپتىن كېيىن ئوبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالدۇق، شۇ چاغدا سەن ماتېماتىكا كىتابىڭنى ئېچىپ ئۇنىڭدىكى بىر مەسىلىنىڭ ئىككىنچى خىل ئىشلەش ئۇسۇلىنى پەقەتلا چۈشىنەلمەي قالغىنىڭنى ئەسكەرتىپ مۇشۇنى ئىشلەپ كۆرسىتىپ قويۇشۇمنى ئۆتۈندۈڭ، بۇ ماتېماتىكىدىكى چۈشىنىش ھەقىقەتەن ئەڭ قىيىن بولغان بىر مەسىلە بولۇپ بۇنى مەن تېخى تۈنۈگۈنلا ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىمىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھەر ئىككى خىل ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئوبدانلا ئۆزلەشتۈرۈۋالغانىدىم، شۇڭا ئانچە قىينالمايلا بۇ مەسىلىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ قويدۇم، سەن چۈشەندۈرۈشلىرىمنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئۇنى بىرمۇبىر خاتىرىلىۋالدىڭ، سەن شۇ چاغدا بالاغەتكە يېتىپ بۇرنى كۆپۈشكە باشلىغان بىر يىگىتنىڭ يېنىدا ئەمەس، بەلكى بىر مەسئۇلىيەتچان ئوقۇتقۇچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندەك شۇنچە تەمكىن، شۇنچە ئېغىر - بې-

سىق ۋە ئەستايىدىل ئىدىكى ، مەندە قۇتراشقا باشلىغان يات جىنسلارغا بولغان ئىنتىلىش ئىستىكى سىنىڭ ئاشۇ دادىل-لىقىڭدىن ئۈركۈپ ئالىىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى ، ئۇ چاغدىكى ئاشۇ ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان تۇرقۇڭ ھەقىقىي بىلىم ئىگىلەش يولىدا كۆيۈپ - پىشۇاتقان بىر تىرىشچان ئوقۇغۇچىنىڭ سىيماسىنى ئەسلىتىپ تۇرغاچقا بەكمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنگەنىدى .

‹نېمىدېگەن تىرىشچان قىز ھە ، مانا مۇشۇنداق قىز-لارلا ئالىي مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىدىن يۈرەكلىك كىرەلەيدۇ ھەم ئوقۇشتا نەتىجە يارىتىپ ئاسپىرانتلىقتا ، ھەتتا دوكتور-لۇقتىمۇ ئوقۇيالايدۇ . بۇنداق قىزلار بىلەن بىرگە بولغان يىگىت شەكسىز بەخت تاجىنى كىيەلەيدۇ ، سىنىڭ ئوبرا-زىڭنىڭ مەندىكى تۇنجى تەسىراتى ئەنە شۇ ئىدى ، دېمەك سەن مېنىڭ قەلبىم تۆرىگە ئەنە شۇ تەرىقىدە مېھمان بولۇپ كىرىپ كەلگەنىدىڭ ، مەنمۇ سېنى ئاشۇنداق تىرىشچانلىقىڭ بىلەن تونۇغانىدىم .

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ بىر مەكتەپ ، بىر فاكۇلتېت ، ھەتتا بىر سىنىپقا تەقسىم قىلىنىپ قېلىشىمىز ئۇخلاپ چۈشىمىزگىمۇ كىرمىگەن ئىش ئىدى ، دېمەك ئىم-تىھاندىن ئىبارەت بۇ تەقدىر - قىسمەت بىزنى ئىلى دەريا بويىدا ئۇچراشتۇرغان بولسا ، مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ مەرد-پەت بۇلىقى بىزنى ھەقىقىي بىرلەشتۈرگەنىدى .

بىز ئۇچراشقان ئاشۇ كۈنى سەن بىلەن بىرگە ئۆتىدى-غان بەختىيار يىگىتنىڭ شاد كۈلكىسىنى خىيالەن پەرەز قىلغانىدىم ، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ بەختىيار يىگىت ئۆزۈم بولۇپ قالدىم ، چۈنكى بىز ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنىمىزلا خۇشاللىقتىن بىللە سەكرەشتۇق ، بىرلىكتە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغانلىقى-

www.uyghurkitap.com

مىز ئۈچۈن شادلاندۇق ، ھەتتا ئۆمۈرلۈك بەختىمىزنىڭ
سېھىرلىك دەرۋازىسىنى چېكىپ كىرىپ ، مۇھەببەتنىڭ
قۇتلۇق يولىغا مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلگەند-
دۇق ، ئاشۇ كۈنلەردە بىزگە ئالەم ئاجايىپ گۈزەل ، تەبىئەت
بولسا ئاجايىپ رەڭدار ، جاھاندىكى جىمىكى گۈزەللىك بىز-
نىڭ يولىمىزغا پاياندار بولۇۋاتقاندەك خۇشلۇقىمىزنىڭ چې-
كى يوق ئىدى ، شۇ چاغدا سەندىكى تۇيغۇلارنىڭ قانداقلىقى
ماڭا نامەلۇم ، لېكىن مەن ساڭا ئوخشاش تىرىشچان بىر
قىزغا جۈپ بولالىغانلىقىم ئۈچۈن ناھايىتى شادلانغانىدىم ،
بۇنداق ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز بولۇش ئاسان ئەمەسلى-
كىنى قىياس قىلىپ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن
ئوقۇشنى نىشان قىلىپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئاتلىغانى-
دىم . شۇڭا مەن سەندىن كېيىن قالماسلىق ئۈچۈن بارلىق
زېھنىمنى ئۆگىنىشكە قارىتىپ بىر كۈنلۈك ۋاقتىمنى نەچچە
بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئاشۇ تەقسىمات بويىچە ئۆگىنىشكە كىرى-
شىپ كەتكەنىدىم ، چۈنكى بىلىمىم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى
ئاتاشقا تەييار تۇرغان مەشۇقۇڭ ساڭا ھەمدەرد ، تىلەكداش ،
يۆلەكداش ، ھەتتا قەلبداشمۇ بولۇۋاتسا بۇ جاھاندا سېنىڭ
يەنە نېمە خىجالىتىڭ بولسۇن دېمەن ـ دە .

ئەپسۇس ، مىڭلارچە ئەپسۇس . سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭ
بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا سۇسلاشتى . نېمە سەۋەبلىكىنى
بىلەلمەي يا سەندىن بۇ توغرىدا ئېنىق جاۋاب ئالالماي تېڭىر-
قىدىم . مېنىڭ تېڭىرقاشلىرىمغا سەن قىلچە تەپتارتمايلا
مۇنداق جاۋاب قايتۇردۇڭ :

— پەرھات ، سەن بەك ئاشۇرۋېتىپسەن . سەن ئۆزۈڭ-
نى ماشىنا ئادەم چاغلاۋاتامسەن نېمە . بىر كۈندە ئون نەچچە
سائەتلىك دەرس ۋە ئۆگىنىش ۋاقتى تۈزۈۋالغانمۇ بارمۇ .
بۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەيلى . قارىغىنە ، ئالتە كۈن ئوقۇغان

باللار چارچايدۇ ، ئۇلاردا بىر كۈنلۈك يەكشەنبىنى شەھەر ئايلىنىپ ، كىنو - تىياتىر كۆرۈپ ئۆتكۈزۈش ھوقۇقى بولىدىغۇ دەيمەن . ئاشۇنداق ئۆتۈۋاتقان باللار ساماندەك ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بىزچۇ ، بازارغا چىقساق كىتابخانىغا ، مەكتەپكە كەلسەك كۇتۇپخانىغا كىرىۋىلىپ ئالتە كۈن قاپاقلاشقان كاللىنى ئوبدانراق سەگىتىپ كېلىشنى ئۇقمايۋاتىمىز . مۇشۇمۇ ياش ئادەمنىڭ كۈنىمۇ ، بولدى بەس ئەمدى ، ئويۇن - تاماشىغىمۇ ۋاقىت جەدۋىلىگىدىن ئازراق ئورۇن بەر ، ئەگەردە مۇشۇنداقلا كېتىۋەرسەك مەكتەپ پۈتتۈرگىچە بوۋاي - مومايلارغا ئايلىنىپ قالغۇدەكمىز . مېنىڭ ئۇنداق بولغۇم يوق .

— سېنىڭ ئاغزىڭدىن مۇشۇ گەپ چىقىۋاتامدۇ ، دىلبەر ،— دېدىم مەن ھەيران قالغان ھالدا ساڭا تىكىلىپ .

— يەكشەنبىنى دەم ئالسۇن دەپ چىقارغان . ئالتە سائەت دەرستىن كېيىنكى ۋاقىتلارمۇ بىزنىڭ ئىختىيارىي پائالىيەت ۋاقتىمىزغۇ ، شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىش قىلىشقا ئاجرىتىلىپ كەتسە بىز ساراڭ بولۇپ قالامدۇق دەيمەن .

— سېنىڭچە قانداق قىلىمىز ؟ !

— قانداق قىلاتتۇق ، مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرغان دەرس ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئويۇن - تاماشىنىمۇ قىلىمىز .

سەن بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چېغىڭدا مەن ھېلىقى دەريا بويىدىكى قىزنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك ھېسسىياتقا كەلدىم . چۈنكى ، مېنىڭ نەزىرىمدە بۇنداق سۆز سېنىڭ ئاغزىڭدىن مەڭگۈ چىقماسلىقى كېرەك ئىدى . لېكىن سەن بۇ گەپنى دېگەن چېغىڭدا قىلچە تەمتىرىمىدىڭ . ئەزەلدىنلا سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا مۇشۇنداق بىر گىن مەۋجۇتتەك ، ئۇ بىر مەزگىل ئۇيقۇدا يېتىپ تۇيۇقسىزلا ئويغانغاندەك شۇنچە تەبىئىي ۋە تەمكىن ھالدا مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمغا قىلچە سىغماي-

دىغان بىر خىل خاراكتېر بىلەن ئالدىمدا بەخىرامان تۇراتـ
تتىڭ .

دىلبەر ، كۆزۈڭنى بىردەمگىنە يۇمۇپ بىز ئالىي مەكـ
تەپكە ماڭغان كۈنۈشنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈر . شۇ چاغدا
ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قېلىپ قالغان ئوقۇغۇچىلاردىكى مە-
يۈسلۈك بىلەن بىزدىكى شاد ـ خۇراملىقنى نىمىگە ئوخشىـ
تىش مۇمكىن . ئۇلار شۇ چاغدا بىز بىلەن يىغلاپ خوشلاشـ
تى . بىزمۇ يىغلىدۇق . بىز خۇشاللىقتىن ، شادلىقتىن يىغـ
لىدۇق . لېكىن ئۇلارچۇ ؟ ئۇلار ياخشى تەييارلىق قىلالمىـ
غانلىقى ، ئۇلنى ياخشى سالالماي تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قالـ
غانلىقى ئۈچۈن يىغلاشتى . بىز شۇ چاغدا ئاشۇ ساۋاقداشلىـ
رىمىزغا تەسەللى بېرىپ تىرىشىپ كېلەر يىللىق ئىمتىھاذـ
دىن ياخشى ئۆتۈشىنى تەۋسىيە قىلدۇق . ئۆزىمىز مۇشۇنـ
داق كۈنگە ئۇلاشقانلىقىمىز ئۈچۈن قاتتىق ھاياجانلانغان
ھەمدە ئالىي مەكتەپنىمۇ ياخشى ئوقۇپ جەمئىيەتكە تېخىمۇ
خۇشال نەزەر بىلەن كىرىپ كېلىشنى ئەھدە قىلغاندۇق ،
شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت ھەممىلا
ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدىغان بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش
توغرىسىدا ئاجايىپ ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈپ كەتكەنـ
دۇق .

لېكىن ئۇ قىزغىنلىقىڭ ئۇزۇنغا بارمىدى ، مەن باشقا
بىر دىلبەرگە ئۇچراپ قالغاندەك تېڭىرقىدىم ، ئەپسۇسلۇق
ئىلكىدە ساڭا مۇشۇنداق ئېسىل پۇرسەتنى قەدىرلەش توغـ
رۇلۇق ۋەز ـ نەسىھەت قىلغان بولدۇم ، لېكىن سەن ئۇ
گېپىمنى قېتىڭغىمۇ ئېلىپ قويمىدىڭ . دېمەك ، ئادەم ئۆزـ
گىرەي دېسە بىر كېچىدىلا مۇشۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىدىـ
كەن .

مەن ئەر كىشى بولغاچقا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەـ
نىكەنمەن . سەن ئاۋۋال كىيىم ـ كېچەكتە ئۆزگىرىش يا-

ساپ ، ئاندىن ئۆگىنىشتە كەينىگە دەسسەشكە باشلىغانىكەن-
سەن . نەس باسقان ھېلىقى توقۇلما چاپان (بەلكىم ساڭا
ئەڭ قەدىرلىكتۇر ) سېنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان مەپكۇرەڭدە
توقسان گرادۇس بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىۋەتتى . لېكىن ،
چاپاننى سېتىۋېلىش بىلەن تەڭلا ساڭا چاپان ساتقان ھېلىقى
مەككار سودىگەرگە ئاشىق بولۇپ قالىدىغانلىقىڭنى قەتئىي
تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن . بەلكىم ئۇ ساڭا بۇ چاپاننى ئۆز
باھاسىدىن بەكمۇ تۆۋەن بەرگەندۇ ياكى مەلۇم مەقسەت -
مۇددىئادا بىكارغىلا بېرىۋەتكەندۇ . ئىشقىلىپ بۇنداق ئىش-
نىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقى ھەممىلا ئادەمگە
ئايان .

سېنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئەڭ دەسلەپ ئايپەرى
بىلەن ئابدۇسالام بايقاپ ماڭا مەلۇم قىلغانىدى . لېكىن مەن
قەتئىي ئىشەنمىگەنىدىم . چۈنكى مەن سېنىڭ پاكلىقىڭغا ،
ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشىڭغا ، ناشايان يوللاردا ماڭمايدىغانلى-
قىڭغا ئىشىنەتتىم . ئەپسۇس ، مىڭلارچە ئەپسۇس ، سېنىڭ-
دىكى ئۆزگىرىشلەر مېنىڭ تۇيغۇمدىكى خاتالىقنى ئەينەن
كۆرسەتكىنىدە داڭ قېتىپ قالدىم ، سېنىڭ ھېچقانداق
گەپ - سۆزسىزلا ماڭا قېيىداپ تۇرۇۋېلىشلىرىڭ ، ھەتتا
ئۆزۈڭ يالغۇزلا مەكتەپ سىرتىغا چىقىپ كېتىشلىرىڭ ،
تۇرۇپ - تۇرۇپ دەرس قالدۇرۇشلىرىڭ مېنى ئويلاندۇرماي
تۇرالمىدى . مەن بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ، بىر يۇرتدىشىمنىڭ ،
ھەتتا مەن ياخشى كۆرگەن بىر قىزنىڭ مۇنداق تۇيۇق يولغا
كىرىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتىم . لېكىن دەھشەتلىك
پاكىت كۆز ئالدىمدا ئايان بولغىنىدا ئۆزۈمنى يوقىتىپ
قويۇشقا تاس قالدىم . چۈنكى مەن ئويلىغاندىنمۇ دەھشەتلىك-
رەك بۇ ئىش مېنىڭ بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىمنى بىر پەسكە
ئىشلىمەس قىلىپ قويغانىدى . ئۇ ئۆتكەن شەنبە كەچتە يۇز

بەرگەن ئىش ئىدى .

ئېسىمدىمۇ ، ئۆتكەن شەنبە خەلق كىنوخانىسىدا «سەرگەردان» فىلىمىنىڭ ئۇيغۇرچىسى قويۇلدى . كىنوغا بىللە چىقايلى ، دېگەن ئابدۇسالام بىلەن ئايپەرى نېمە سەۋەبتىندۇ جىمىمدە يوقاپ كەتتى . ياتاقتا يالغۇزلا قاپتىمەن . غېرىبلىق ، مىسكىنلىك مېنى شۇ قەدەر زېرىكتۈردىكى ، ھەر كۈنى بىر پارچە شېئىر يېزىشقا ئادەتلەنگەن كاللام شۇ كۈنى قەتئىي ئىشلىمەي قويدى . دېمەك ، بەزىدە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلھام قۇشىنى قاچۇرۇپ قويۇپ ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەلمەي بوغۇلۇپلا قالىدىغان ئىشلار بولىدىكەن . قەلىمىمنى تاشلاپ سىرتقا چىقتىم . يوللاردا يەنىلا ستۇدېنتلار توپ - توپى بىلەن ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ چېھرىدىن خاپىلىقنىڭ ئىزنالىرىنى تاپالمايسەن ، قەيەردىندۇر مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى كەلمەكتە . مەكتەپ بېغىدا بىرەيلەن ئاككوردىيون چالماقتا . ئۇنىڭ ئاۋازىغا مەستخۇش بولۇپ ئولتۇرغان ستۇدېنتلارنىڭ چىرايىدا مۇزىكىغا بولغان ھېرىسمەنلىك ئاشۇ ئاككاردىيوننى يۇرەكنىڭ بېغىشىغا تەگكۈزگۈدەك مۇڭ ئىچىگە يۈگەن ساۋاقدىشىغا بولغان قايىللىق چىقىپ تۇراتتى . بىر - ئىككىلەپ مەكتەپ سىرتىغا چىقىپ كېتىۋاتقان باللارنىڭ ئالدىراش مېڭىشلىرىدىن ئوقۇشتىن كېيىنكى ھارغىنلىقنى يوقىتىش ئىستىكىدە بازار چۆرگىلەشكە ماڭغانلار ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس ئەمەس .

مەن قىزلار ياتىقى تەرەپكە قارىدىم . ئىشىك ئالدىدا بىر - ئىككىيلەن كىر يۇيۇۋاتقاندەك قىلاتتى . سېنىڭ دەرستىن چۇشۇپلا ياتاققا كىرمەي چىقىپ كەتكەنلىكىڭنى ئايپەرى ماڭا يەتكۈزگەچكە بەلكىم قايتىپ كەلگەن بولسا ئۇچراپ قالار دەپ قارىغاندىمەن . لېكىن قىيا ئوچۇق تۇرغان

ياتاق ئىشىكىدىن سېنىڭ يوقلۇقۇڭ مەلۇم بولۇپ تۇراتتى .

بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ مەكتەپ سىرتىغا چىقتىم ، مېڭىۋاتىمەن ، كاللامدا سېنىڭ يېقىنقى ئوبرازىڭ ، مەن سېنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ماڭا قىلىۋاتقان سوغۇق مۇئامىلەڭنى ئويلاپ بۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزۈمچە ئانالىز قىلغاچ شەھەرگە چىقتىم - دە ، بايىقى خاپىلىقلىرىمنى ئۇنتۇش ئۈچۈن كىنو كۆرۈش قارارىغا كېلىپ ياۋاغ كىنوخانىسىغا كىرىپ كەلدىم .

بۇ كىنودا «ياخشى ئادەمنىڭ بالىسى ياخشى بولىدۇ ، يامان ئادەمنىڭ بالىسى يامان ئادەم بولىدۇ» دېگەن بىر سەپسەتىنى ئىسپاتلاش جەريانىدىكى رەزىللىكلەر ۋە ئۇنىڭغا يانداشقان تراگېدىيىلەر تەسۋىرلەنگەچكە ، كىنودىكى ۋەقەلىك ئىچىگە يۇغۇرۇلۇپ كېتىپتىمەن . كىنو يېرىملاشقاندا تۇيۇقسىز مېنىڭ ئىككى رەت ئالدىمدىكى ئورۇندىن ئاڭلانغان جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى مېنى چۆچۈتتى .

نېمىدېگەن تونۇش كۈلكە بۇ ، مەن بۇ كۈلكىنى بۇنىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن ئىلى دەريا بويىدا ئاڭلىغانىدىم . ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۈلكە ماڭا بىر يىلدىن ئوشۇق ھەمراھ بولغان ، بۇ قانداق ئىش ئەمدى . مەن كۈلكە ئاۋازى چىققان تەرەپكە سىنچىلاپ قارىدىم . ئاھ ، قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي . بىر قاۋۇل گەۋدە بىر نازۇك بەدەن قىزنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنى ھەدەپ ئەركىلىتىۋاتاتتى ، شۇ تاپتىكى ئۇلار گويا ئۆز ئۆيىدە پەقەت ئىككىسىلا يالغۇز ئولتۇرغاندەك بەكمۇ بەھۇزۇر ، بەكمۇ خۇشچاقچاق ئىدى . ئاشۇ نازۇك بەدەننىڭ قىزغىن كۈلكىلىرىدىن بىر خىل شادلىق ئوخچۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى .

بۇنى يازماي ئىلاجىم يوق . چۈنكى ئۇ بىر ھەقىقەت ، ئەنە شۇ يات بىر ئەرنىڭ قۇچىقىدا نەچچە يۈز تاماشىبىننىڭ كۆز ئالدىدا ئەركىلەپ ئولتۇرغان نازۇك بەدەن ئەسلىي سەن ئىدىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىمگە پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەدى . بۇنىڭ رېئال-لىق ئەمەس بىر چۈش بولۇپ قېلىشىنى خۇدادىن تىلىدىم . يۈرىكىمنى بىرسى قوچۇپ سۇغۇرۇپ ئېلىۋاتقاندەك ئېچە-شىپ كەتكەن بولسىمۇ ئاشۇ قىزنىڭ ساڭا ئوخشايدىغان باشقا بىرى بولۇپ قېلىشىنى تىلىدىم . لېكىن مېنىڭ بۇ تىلەكلىرىم تېخى ئاخىرلاشمايلا سىلەر بىر - بىرىڭلارنى قولتۇقلاشقىنىڭلارچە سىرتقا ماڭدىڭلار .

ئەمدى تامامەن ئېنىق كۆردۈم ، يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالدىم ، بۇ ھەقىقەتەن سەن ئىدىڭ . ئەتراپىڭلاردىكى تاماشىبىنلارنىڭ نارازىلىقى ، ئۆتكۈر تىللىرى سىلەرنى جا-يىڭلاردىن قوزغىغانىدى . مەن پۈتكۈل بەدىنىم تىكەنلەشكەن ھالدا يېنىمدىن بەخىرامان ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھېلىقى لەنىتى ئەرگە قارىدىم . ھەيران قالارلىق ئىش ئەمدى يۈز بەردى . چۈنكى سېنى قولتۇقلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى قاۋۇل بەدەن باشقا بىرى ئەمەس ، دەل بىزگە چاپاننى نېسىگە بې-رىشكە قوشۇلغان ، ئىنىسى بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ھېلىقى مەككار سودىگەر ئىدى . مەن شۇ چاغدىلا ئاپپەرى بىلەن ئابدۇسالامنىڭ سەن توغرىسىدا يۈرگۈزگەن مۇلاھى-زىلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم - دە ، مېڭەمدىن كىرگەن ئاچچىق بىر خىل ئېقىم تاپىنىمغىچە سوزۇلۇپ ، بەدىنىمنى غۇژۇلدىتىپ ئۆتۈپ كەتتى .

يېنىمدا ئولتۇرغان بىر ئاپئاق ساقاللىق پەرىشتە سۈ-پەت بوۋاي سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن بىرنى تۈكۈردى - دە ، ئاللادىن سىلەرگە ئوخشاش يولدىن ئازغان بىنومۇس ياشلار-نىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ، دىلىغا ئىمان سېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى .

ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەتنىڭ ئاقىۋىتىگە بىر نەرسە دېيىش تەس گەپ ، دىلبەر . سېنىڭ بىر سودىگەرگە ياتلىق بولۇش قارارىغا كېلىشىڭ چوڭ ئىش

ئەمەس . لېكىن پۈل ئۈستىگە قۇرۇلغان سۆيگۈنىڭ ئۈلى
زادى قانچىلىك بولار . بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ
سىرتلاردا مۇنداق ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ دەسسەپ يۈرگىنى ئالىي
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىسلىتىگە داغ چۈشۈرگەنلىك
ئەمەسمۇ ، مانا بۇ سەن جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ
مۇھىم ئىش . مەن ساڭا شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي . ماددىي
جەھەتتىكى ۋاقىتلىق خۇشاللىق روھىي جەھەتتىكى ئۇنتۇل-
ماس ئازابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .
گەرچە سەن بۇ جەھەتتە ماڭا ئوچۇق ئۇلتىماتۇم تاپ-
شۇرمىغان بولساڭمۇ ، لېكىن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى-
نىڭ راستىنلا ئۈزۈلگەنلىكىنى مەن بۈگۈن مەردانىلىك
بىلەن جاكارلايمەن . شۇنداقتىمۇ مەن بالا پىراقىدا ئوت-
تەك يانىدىغان ئاشۇ مېھرىبان ئاناڭنىڭ ھەققى ـ ھۆر-
مىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ساڭا شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى ،
مۇھەببىتىمىزنى خار قىلساڭ قىل ، لېكىن بىلىمنى ھەر-
گىز خار قىلما . خەۋپلىك يارنىڭ لېۋىدىن ئېتىڭنىڭ تىز-
گىنىنى تېز تارت ، بولمىسا مەڭگۈلۈك ئازاب ھەرقاچان
ساڭا ھەمراھ بولىدۇ .ساڭا سەمىمىي نەسىھەت قىلغۇچى :
ساۋاقدىشىڭ پەرھات مۇھەممەد
1981 ـ يىلى 10 ـ يانۋار »

«بىلىمنى خار قىلما ، — دىلبەر بۇ سۆزنى چىشلىرى ئارد-
سىدىن چىڭقىلىپ تۇرۇپ چىقاردى ، — ماڭا ئەقىل ئۆگىتىپ
كەتكىنىنى قانداق قىلاي . بىر پۈڭ پۈل تاپسا كىتابخانىغا يۈگۈ-
رەيدىغان سەندەك كىتاب خالتىسى بىلەن قانداقمۇ بىر ئۆيگە
كىرگىلى بولسۇن . چىدىماپسەن ـ دە ، ئاخىر ،— دىلبەر خەتنى
ئالدىرىماي يىرتتى ، قايتا ـ قايتا يىرتىپ ئۇشىشاق پارچى-
لىدى ـ دە ، قانائەت ھاسىل قىلغاندەك بولۇپ ئۇنى ئىشىك

www.uyghurkitap.com

كەيىندىكى ئەخلەت چېلەكگە تاشلىدى ،— جاۋاب يازاي ،— دېدى ئۇ بىر پەس خىيال سۈرگەندىن كېيىن ،— سىرلىرىمنى بىلىۋاپ- تۇ . ئەمدى سۈنى لېيىتىپ بېلىقنى يوشۇرمىسام ئىش چاتاق»

ئۇ خەت يېزىشقا تۇتۇنغاندا ئىشىك چېكىلىپ رۇخسەتتىن كېيىن سىنىپقا مۇھەممەد ئىمىن شاڭگاڭنىڭ مەكتەپتىكى ئىند- سى ياسىن ھىجايىغىنىچە كىرىپ كەلدى .

— كىرىڭ ،— دېدى دىلبەر لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ .

— ئاكامنىڭ يېنىغا چىققان ، سىزگە بىر گەپ دەپ قويۇ- شۇمنى تاپىلاپتى ، شۇنى يەتكۈزەي دەپ كىرىۋىدىم .

# ئون سەككىزىنچى باب چالغىتىش

«بىلىملىك ئۆزار، بىلىمسىز توزار»
— ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

« ‹ياسىن بىلەن يۇردۇم› ، بۇ نېمە گەپ ئەمدى» پەرھاتنىڭ قوشۇما قېشى بىر يەرگە يىغىلىپ چىرايى ناھايىتى جىددىي تۈسكە كىردى . كۆز جىيەكلىرى تارتىشىپ ، قارىچۇقى قىچىشقاندەك بولۇپ ئارامسىز بىر خىل كەيپىيات ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قامال قىلدى ، چۈنكى ئۇ بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەنىدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئوڭ قولى بىلەن كۆزەينەكنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ خەتنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىغا قايتا كۆز يۈگۈرتتى .

«بۇ قانداق گەپ ئۆزى ھە ، مەن كىنوخانىدىكى ئۇ ئىشنى بەكمۇ ئېنىق كۆرگەن تۇرسام ، ئابدۇسالام بىلەن ئايپەرىنىڭ ئۆتكەندە ماڭا دېگەن گەپلىرى راست چىقمىغاتامدۇ نېمە ؟ ! ئۇنداقتا ئۆتكەن شەنبىدىكى ھېلىقى كىنوخانىدا ، شۇنچىۋالا تاماشىبىننىڭ كۆز ئالدىدىلا يۈز بەرگەن ئۇ ئىش زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟ ئەجەبا ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قېرىنداش بىلەن بىرگە يۈرۈۋاتامدىغاندۇ »

پەرھات باش - ئايىغى چىقمايۋاتقان بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەپ ھاردى . چۈنكى ئۇ شۇ تاپتا ئوبدانلا گاڭگىرىغانىدى . كىنوخانىدىكى ھېلىقى كۆرۈنۈش ئۇنى رەھىمسىز رېئاللىق قايىناملىرىغا سۆرىسە بۇ خەت گويا ئۇنى ناھايىتى چوڭقۇر ھاڭغا غۇلىتىپ چۈشۈرۈپ ، ئۇ يەردىن چىقالماي ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگۈسى كەلمەي تىرمىشىۋاتقان بىچارە سەيياھتەك تېپىرلىتىد-

www.uyghurkitap.com

ۋەتكەنىدى . ئۇ باش ـ ئاخىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان چىگىش خىياللار ئىلكىدە بىر پەس ئولتۇردى ـ دە ، خەتنى قولىغا ئېلىپ قايتا ئوقۇشقا كىرىشتى .

«ساۋاقداش پەرھات :

بەكمۇ تەسىرلىك يازغان ئاشۇ سۆزلىرىڭدىن تەسىرلىنىپ كېتىپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاس ـ تاماس قالدىم . لېكىن تاتلىق سۆز ، تەسىرلىك ئىبارىلەر ھامان قۇرۇق گەپكەن ، خالاس . ئەسلىي بەزى مەسىلىلەرگە يۈز تۇرا جاۋاب بېرىش خىيالىم بولسىمۇ مېنىڭ قىزلىق غۇرۇرۇم ئۇنداق قىلىشقا زادىلا يول قويمىدى . چۈنكى بىر نەرسىنى قانچىكى ئەزسەڭ ئۇنىڭ شۇنچە مەززىسى بولمايدۇ ، ئامال قانچە ، مەن ئەنە شۇنداق ئوچۇق ـ يورۇق ياشاپ ئادەتلەنگەنىكەنمەن . مېنى كەچۈر .

راست گەپ قىلغاندا بىردەملىك قىزغىنلىق ياكى بولمىسا تاسادىپىي كېلىپ قالغان ھېسسىيات بىلەن قۇرۇلغان مۇھەببەتنىڭ ئۇلى راستتىنلا بوش بولىدىكەن . ئۇ خۇددى قۇمدا قورغان ياسىغاندەكلا كۈلكىلىك بىر ئىش ئىكەندۇق . ئەمدى ئوبدانراق ئويلاپ باقسام بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئەسلىي سېنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ ئاقلىقى ، مىجەزىڭنىڭ ئوچۇقلۇقى ، بىلىمگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىڭ ، يەنە بىرى ئىككىمىز بىر يۇرتلۇق بولۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈنلا قۇرۇلۇپ قالغانىكەن . ئەپسۇس ، بىر يىگىتنىڭ ئاشۇنداق خىسلەتلىرى بىلەنلا بىر ئائىلىنى بەرپا قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ھېس قىلدىم .

بىر ئادەمنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر خالتا تۇزنى تەڭ يېيىش كېرەككەن . شۇندىلا ئۇ ئادەمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىپ يېتەلەيدىكەنسەن . ئەسلىدە بىز بىر

يولدا ماڭغان ئىككى نىشانىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنمىز . مەن گۆدەكلىكىم ، ساددىلىقىم تۇپەيلى بىر دەملىك قىزغىنلىق- نىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ ساڭا ئوخشاش ياشلارغا خاس جە- سۇرلۇقى بولمىغان ، خۇددى مېڭىسى تورمۇزلىنىپ قالغان كىشىلەردەك كىتابتىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان قېرى مىجەز بىر ياشقا كۆڭۈل بېرىپ يۈرۈپ قالغانلىقىمغا ھەيران قېلى- ۋاتىمەن . سەندە نەدىمۇ ياشلارغا خاس مەردلىك ، يىگىتلەر- گە خاس شوخلۇق بولسۇن . سېنىڭ قىلىدىغىنىڭ ئۆگى- نىش ، دەرس تەكرارلاش ، كۇتۇپخانىغا كىرىۋېلىپ سائەت- لەپ كىتاب ۋاراقلاش ، شېئىر - قوشاق يېزىپ گېزىتخانى- لارغا چېپىشتىنلا ئىبارەتقۇ . ئەجەبا ، ياشلىق دېگەن ئەنە شۇنداق ئىشلارغىلا بەخشەندە بولۇشى كېرەكمىدى . مانا شۇ- نىڭغا ئوخشاش ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن سەندىن كۆڭلۈم سوۋۇدى . باشقىلاردەك يەكشەنبە كۈنلىرى بازار چۆرگىلىيەلمەي ، كىنو - تىياتىر كۆرەلمەي ، ئالتە كۈن دەرس ئاڭلاپ گاراڭلاشقان كاللىنى سەگىتەلمەي ، ھەتتا ئالىمەن دېگىنىمنى ئالالماي يۈرگىنىمدىن ئېچىندىم . شۇڭا مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ سېنىڭ رۇخستىڭنى ئالمايلا (رۇخسەت ئېلىشىمۇ ھاجەتسىز ، چۈنكى بىز خەت ئال- غان ئەر - خوتۇنلار بولمىغاندىكىن ) سەن گۇمان قىلىۋاتقان سودىگەر مۇھەممەدئىمىن بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ماتې- ماتىكىدىكى ئىنىسى ياسىن بىلەن يۈرۈپ قالدىم .

سەن ياسىن بىلەن بەلكىم ئانچە تونۇشمايسەن . شۇڭا مەن ساڭا ئۇنى تەرىپلەپ بېرەي . ئۇ ئېگىز بوي ، ئاق پىشماق ، قىسقىغىنە بۇرۇتى ئۆزىگە خوپ ياراشقان ، بوي - بەستىمۇ ناھايىتى قاملاشقان يىگىت . ئۇ ئۆزى گەرچە تەبىئىي پەندە ئوقۇسىمۇ ، لېكىن بەكلا رومانتىك . ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ، مۇھەببەت ، جەمئىيەت ۋە ئائىلە توغرى-

www.uyghurkitap.com

سىدىكى كۆز قاراشلىرىمۇ ئۆزگىچە . مېنىڭ ھېس قىلى-
شىمچە ، سىزنىڭ كۆز قاراشلىرىڭ ، ماڭا دەيدىغان بارلىق
گەپلىرىڭ كىتابىي تىلغا مەركەزلەشكەن . سورۇنلاردا يۇمۇ-
رىستىك خىسلىتىڭ ، لەتىپىگە باي كاللاڭ بىلەن باشقىلارنى
تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرەلەيسەنۇ ، لېكىن مېنى چىن كۆڭلۈم-
دىن چىقىدىغان بىرەر كۈلكىگە زادىلا ئىگە قىلالمايسەن .
گەرچە سىزنىڭ ھېسسىياتقا باي كىتابىي سۆزلىرىڭ دەمال-
لىققا قەلبىمنى لەرزىگە سېلىپ ، قەلبىمدىكى ئوبرازىڭنى
يۈكسەك تەختكە چىقىرالىسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىردەملىك خىيا-
لىي سېزىم خالاس ، چۈنكى ئۇ خۇددى سۇ ئۈستىدىكى كۆ-
پۈكتەك ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ سېھرىي كارامىتىنى يوقى-
تىپ قويىدىكەن .

ياسىنچۇ ، ئۇ تامامەن سىزنىڭ ئەكسىڭ ، ئۇ ئۆزىنىڭ
ھەرقانداق بىر پىكرىنى رېئال تۇرمۇش بىلەن چىڭ باغلاپ
تۇرۇپ سۆزلەيدۇ . كىشىلىك تۇرمۇش ھاياتىمۇ ماددىي كاپا-
لەتكە ئىگە . ئۇ ساڭا ئوخشاش بىرەر پارچە كىتاب سېتىۋې-
لىش ئۈچۈن توپا يەپ ، دېھقان بازىرىغا بېرىپ كونا كۆڭ-
لەكلىرىنى سېتىپمۇ يۈرمەيدۇ .

ئۆزۈڭ ئويلاپ باق ، مۇھەببەتلىك ياشلاردا ئاز - تولا
مەنىۋى تۇرمۇش بىلەن شۇنىڭغا ياندىشقان مەنىۋى ئېھتىياج-
مۇ بولۇشى كېرەكقۇ . مەن ھازىر كاللىسىغا ئۆگىنىشتىن
باشقا ھېچقانداق نەرسىنى سىغدۇرالمايدىغان ئادەمنى نېمە-
دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا بەكرەك ئوي-
لىنىدىغان بولۇپ قالدىم . توغرا - سىزنىڭ تۇرمۇشۇڭ ،
سىنىپ - ياتاق ، كۇتۇپخانا ، كىتابخانىغىلا باغلانغان . بەل-
كىم بۇ سىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشۇڭدىكى تاللاش يولۇڭدۇ ،
مېنىڭچە ئىنساننىڭ ئۆز ھاياتىنى مۇشۇ تۆت يەرگىلا باغلاپ
تەسەۋۋۇر قىلىش زادى مۇمكىن ئەمەسقۇ . ھازىر ئويلاپ

باقسام بۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى سەۋەنلىك ئەمەسكەن . بازارغا چىقساڭ ، ماگىزىن ئايلانساڭ ئاز ـ تولا پۇل خەجلەيدىغان گەپ دېگىنە ، بەلكىم يانچۇق قۇرۇق بولغاندىكىن ئاشۇ تۆت يەرگە ئۆزۈڭنى مەجبۇرىي قاماپ ياشاۋاتقانسەن .

ئەمدى سىزنىڭ مۇھەممەدئىمىن توغرىسىدىكى بىلجىر-لاشلىرىڭىزغا كەلسەم ، سەن ئورۇنسىز گۇمان بىلەن ماڭا بىر مۇنچە تۆھمەت چاپلاپسەن . بەلكىم كىنوخانىدا باشقا بىرىنى ماڭا ئوخشاتقانسەن ياكى كۆزۈڭگە ئاشۇنداق كۆرۈنۈپ كەت-كەندىمەن . چۈنكى ئەسلىدىنلا كۆرۈش قۇۋۋىتىڭ تۆۋەن بولغاچقا ئاق نەرسە بەزى ھاللاردا ساڭا قارا ھالەتتە كۆرۈنۇ-شى مۇمكىنغۇ ، قول يەتمىگەن شاپتۇلنىڭ ئاچچىق ئىكەنلى-كىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يەنى ياسىن-نىڭ ئاكىسى بىلەن ، بىرگە مېڭىپ قالغىنىمنى كۆرسەڭ ئارتۇقچە گۇمانمۇ قىلما ، چۈنكى سۆيگەن يارىمنىڭ ئاكىسى-نى قانداق ئىززەتلەشنى مەن ئوبدان بىلىمەن .

پەرھات ، سەندىن رۇخسەتسىزلا ، ئارىنى ئوچۇق قىلى-ۋەتمەيلا باشقا بىرىگە كۆڭۈل بەرگىنىمنى كەچۈر . ياسىنغا باشقىچە قاراشتا بولما ، ئۇنىڭدا قىلچە ئەيىب يوق . بىلىم ئېلىش توغرىسىدا خېلىلا ۋەزخانلىق قىپسەن . مەن بىلىم-نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىل-مەيدىغانلاردىن ئەمەس . ئەگەر مەندە بىلىمنى خارلاش ئىدى-يىسى بولسا مەكتەپكە كەلمىگەن بولاتتىم .

نەسىھەتىڭگە رەھمەت !

دىلبەردىن

1981 ـ يىلى 15 ـ يانۋار »

پەرھات ناھايىتى ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىنكى ھارغىنلىق يەتكەن مەدىكاردەك ئېغىر ئۇھ تارتتى ـ دە ، خەتنى پۇرلەپ يەرگە

تاشلىۋەتتى . ئۇ دىلبەرنىڭ ئۆزىگە خەت يازىدىغانلىقىنى ، ئارىنى
ئوچۇق قىلىۋېتىش ئۈچۈن گەپ ئەگىتىپ ئۆزىگە بىر مۇنچە
چۈشەنچە بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلسىمۇ ، لېكىن مۇنداق چېكى-
دىن ئاشقان بىلجىرلاشلار بىلەن ئۆزىگە بۇنچە قاتتىق ئازار بېرى-
دىغانلىقىنى زادىلا كۈتمىگەنىدى . چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە دىلبەر
پەقەت يولدىنلا ئازغان ، پۇلىنىڭ ، ئابرۇيىنىڭ كەينىگە كىرىپ
ۋاقىتلىق يولدىن چىققان ، لېكىن تامامەن قوتقۇزۇۋالغىلى بولى-
دىغان بىر قىز ئىدى ، خالاس .

پەرھات تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردى ، كارىۋىتىدا ئوڭدىسىغا
يېتىپ خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى ، غەزەپتىن پارە - پارە
بولۇپ كېتىۋاتقان يۈرەك بۇ ئېغىر بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمى-
گەندەك ئەنسىز سېلىشقا باشلىدى .

ياتاق شۇ قەدەر جىمجىت ، باياتىن ياتاقداشلارنىڭ ھەممىسى
بازارغا چىقىپ كەتكەن . مەتسالىھمۇ ئاغزى ھىم چاپلانغان خەتنى
ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ ئۇنىڭ مۇشۇ خەتنى ئوقۇپ جاۋاب خەت يېزىش
ئۈچۈن خېلىلا ۋاقىت سەرپ قىلىدىغانلىقىنى ئويلىدىمۇ ئەتىمالىم
جىمجىتلا چىقىپ كەتكەن . ئابدۇسالام بولسا «يۇرتىمىزدىن مائا-
رىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرى كەپتىكەن ، بىز بىلەن كۆرۈشىدى-
كەن ، يۇرتداشلار بىلەن شۇ يەرگە چىقىپ كىرىمەن» دەپ چىقىپ
كەتكەن پېتى تېخى قايتىپ كەلگىنى يوق . يەكشەنبىنى كىتابخانا
ئارىلاپ ياكى شەخسىي كىتابپۇرۇشلارنىڭ كونا كىتابلىرىنى ۋا-
راقلاپ ئۆتكۈزىدىغان پەرھاتقا بۈگۈن بەكمۇ قاباھەتلىك بىر كۈن
بولغاندەك تۇراتتى . ئۇ شۇ تاپتا دىلبەرنىڭ ئىدىيىسىنىڭ بۇ
دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىشىنى ھېچ تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايۋا-
تاتتى . ئۇ پەقەت ئۆتكەن شەنبىگىچە «پەرھات مەردلىك قىلىپ
بىرەرسىدىن ئۆتنە قىلىپ بولسىمۇ ئاشۇ چاپاننى ئېلىپ بەرمى-
دى» دەپلا ماڭا قېيىداۋاتىدۇ ، كېيىنرەك كۆڭلىنى ئېلىۋالسام
تۈزۈلۈپ قالار دېگەن خىيالىلا قىلىپ يۈرگەنىدى . بىراق رە-

ھېمىسىز ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئاشۇ خىياللىرىنى خۇددى چېقىلغان ئەينەك پارچىلىرىدەك پارە ـ پارە قىلىۋەتتى .

پەرھات بۇ خەتكە جاۋاب يېزىش ـ يازماسلىق ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندى . لېكىن خەت يازسا ئەمدى نېمىدەپ يازىدۇ . ياخشى ئوقۇ ، مەندەك پۇلى يوق ئادەمدىن قاچقان بولساڭمۇ مەكتەپتىن قاچما دېسۇنمۇ ، ياق ، ئەمدى گەپ ئۈزۈلدى . خاپا بولما دېگەن گەپنى نەچچە يەرگە يازغىنىغا قارىغاندا ئۇنىڭغا ئەمدى خەت يېزىپ نەسىھەت قىلىشنىڭ ئورنىمۇ قالمىدى دېگەن گەپ . لېكىن ئۇ يازلىق تەتىلدە خۇددى ئۆزىنىڭ ئوغلىدەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغان ئايسىخان ھەدىگە نېمە دەيدۇ . قىزىڭ مەندىن ئايرىلىپ كەتتى ، بىر پۇلدارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەتتى ، ئەمدى مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چاتىقىم يوق دېسۇنمۇ زادى .

— ۋاي ـ ۋۇي ، تېخىچە سېسىق ئۇسسۇرۇپ ياتامسەن ھوي ،— پەرھات دىڭگىدە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى . ئالدىدا سوغۇقتىن يۈزلىرى قىزارغان ئابدۇسالام مەشنىڭ يېنىدا پۈرلىشىپ تۇرغان خەتكە مۇنداقلا قاراپ قويۇپ يەنە سۆزلەۋاتاتتى ، — ئەتىگەن مۇشۇ تۇرقۇڭ بىلەن قالغانتىڭ ، تېخىچە ياتاقتىن چىقماي ئولتۇردىڭمۇ ؟ قارىغاندا سېنىڭ ئۇ ئەتىۋارلىق مەشۇقۇڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمنى تاپشۇرغان ئوخشايدۇ ، ھە .

ئابدۇسالام يەرگە ئېڭىشىپ پۈرلەنگەن قەغەزنى قولىغا ئالدى .

— ئۇ خەتنى مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈۋەت ،— دېدى پەرھات كۆزەينىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ،— ئاچما ، بولدى .

— كۆيدۈرۈۋېتىپ نېمە قىلىسەن ،— دېدى ئابدۇسالام پۈرلەنگەن خەتنىڭ قاتلاقلىرىنى يېشىشتىن توختاپ ، — ماڭا بەرسەڭ بولمامدۇ بىكاردىن ـ بىكار كۆيدۈرۈۋەتكۈچە ، كېيىنكى كۈنلەردە بىرەر ھېكايىگە ئوبدانلا ماتېرىيال بولىدۇ بۇ .

— چاقچاق قىلما دەيمەن ،— دېدى پەرھات ئۇنىڭغا قاراپ

جىددىي تەلەپپۇزدا ،— خەتنىچۇ يا ئۆز قولۇڭ بىلەن مەشكە سىلىپ كۆيدۇر ياكى بولمىسا ماڭا قايتۇرۇپ بەر ، ھېكايىگە ماتېرىيال قىلىمەن دەپ مېنىڭ چاۋامنى چىتقا يايايى دەمسەن ئەمدى ؟ يا ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا ، سامان تىقار پوستۇڭغا قىلـ- ماقچىمۇسەن .

— ئۇنچىلىك ئويلىغان بولساڭ مانا تۇت ئۆزۇڭ كۆيدۇر ئۇنى ،— دېدى ئابدۇسالام پۇرلەنگەن خەتنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇ- زۇپ ، — بىلىمەن ، ئۇ نايىنىقىڭدىن ساڭا چوقۇم ياخشى گەپ كەلمىدى . شۇڭا قاينايسەنغۇ ، بولدى قىل ، ئۇ سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس دەپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسىمۇ سويۇلۇپ كەتتى ، نېمانچە قىلىسەنكىن دەيمەن ئۇ تېپىلماسىنىڭ خورمىسىغا .

— بىر يۇرتلۇق دەپلا شۇنچىلىك قىلىمەنغۇ ، — دېدى پەرھات ئوت كوچىلىغۇچ بىلەن مەشنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان ئوتنى چوقچىلاپ تۇرۇپ ، — سەن دېگەندەك بۇ قەغەزدە ياخشى گەپ يوق . بولدى ، يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى كەتسۇن ،— ئۇ قولىدىكى خەتنى كۆزى قىيمىغان ھالدا بىر پەس تۇتۇپ تۇردى - دە ، مەشكە تاشلىدى . ئۇ يانغا سۇرۇپ قويغان مەشنىڭ كىچىك ئاغزىنى ياپتى - دە ، كارىۋاتقا ئولتۇر- دى ،— سەن دېگەندەك بۇ خەتنى ساقلاپ قويسام ئاداش ، كېيىنكى كۈنلەردە ئوبدانلا تارىخىي ماتېرىيال بولاتتى . بىراق ئۇنى ھەر قېتىم ئوقۇسام بىر قېتىم ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇنداق كۇلگە ئايلىنىپ كەتكىنىمۇ ياخشى .

پەرھات ئاشۇ خەتكە كۆزى قىيمىغان ھالدا مەشكە تاشلىغان بىلەن يۈرىكى چىدىغۇسىز ئېچىشىۋاتاتتى . چۈنكى ئۇ ھازىر مەش- تە كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىۋاتقان خەت بىلەن بىرلىكتە قورۇلۇۋاتاتـ- تى . خۇددى كۆيگەن قەغەز پارچىسىدەك ئوت ئىچىدە تولغىنىۋا- تاتتى . ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ ئۆز ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشىگە ۋاقىت بەرگەندەك ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ چىرىسلاپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆيۇۋاتقان خەتنىڭ ئاھۇ زارىغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك جىمىمدە ئولتۇراتتى .

ياتاق بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە تۇنجۇققاندەك تىنجىق ئىدى . پەرھاتنىڭ خىياللىرى چەكسىزلىككە ئۇلانغان . ئۇ ھازىر «ماڭا بەر ، ھېكايىگە ماتېرىيال قىلاي دېسەم بەرمەي خەتنى كۆيدۇرىۋەتتى» دېگەن خىيال بىلەن ئولتۇرغان ئابدۇسالامنىڭ يەنە نېمە خىياللار بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى بىلىشكە قادىر ئەمەس . توغرا ، ئۇمۇ ھازىر پەرھاتقا قېيىدىغاندەك بىر ئىشلارنى قىلىپ يۇرىدۇ . چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ يىللىق جان ـ جىگەر دوستى ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك نىشانى ئوقۇشتىن ياخشى نەتىجە يارىتىپ كەلگۈسىنىڭ داڭلىق شائىرى ، يازغۇچى ياكى تەتقىقاتچىلىرىدىن بولۇش . شۇڭلاشقىمىكىن ئۇلار ۋاقىتلىرىنى ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ بىـلىم ئىـزدەش يولىنـىڭ يېڭى ـ يېڭى ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە . شۇڭا ئۇ ھازىر پەر-ھاتقا قېيىداشقا ھەقلىق . مانا دىلبەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەندە ئۇ دوستلۇق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن پاي ـ پېتەك بولۇۋاتىدۇ . دىلبەردىن گەپ ئېلىپ دوستىنى خاتىرجەم قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ . كېيىن دىلبەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەن-گەندە بولسا دوستىنىڭ ئازابلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن يەكشەنبە كۈنلىرى ئاتايىن ئۇنى كىنو ـ تىياتىرلارغا ، كىتابخانا ، كۇتۇپخا-نىلارغا ئاپىرىۋاتىدۇ . ئۇنى بىر جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ قالمىسۇن دەپ گۈلبوستاننى بىللە ئاچىقىۋاتىدۇ .

پەرھاتقا گۈلبوستاننىڭ ئىشى بەكمۇ ئېنىق ، گۈلبوستاننىڭ ئۆزىگە ئۆلگۈدەك ئاشىق ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئەينەكتەك ئايان ، ئەگەر مەكتەپكە يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا دىلبەر ئۇنىڭغا چاپلىشى-ۋالمىغاندا گۈلبوستان ئۇنىڭغا تامامەن لايىق نامزات ئىدى . چۈن-كى ئۇمۇ تىرىشچان ، گەرچە ئەسەر يېزىش قولىدىن كەلمىسىمۇ كىتاب قولىدىن چۈشمەيدىغان قىزغىن ئوقۇرمەن . بۇنداق كىتاب

خالتىلىرى چوقۇم ئاخىرقى ھېسابتا يا داڭلىق يازغۇچى ياكى داڭلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى بولۇپ چىقىدۇ . شۇ نۇقتىدىن ئايپەرى پەرھاتقا چاقچاق قىلىپ «ئەسلىي سىزنىڭ خىلىڭىز گۈلبوستان ئىدى ، ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇت كۆز دېگەن مۇشۇنداق بولاتتى . سىزگە نايناق خېنىملار پەقەتلا ماس كەلمەيدۇ» دەپ ئۇنىڭ خىياللىرىنى چالغىتىپ قوياتتى . شۇندىلا پەرھات ئەسلىي گۈلبوستانىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىرىنىڭ تېگىدە مەنە بارلىقىنى ، شۇنچە يىلدىن بۇيان ئۇنى ئازابلاپ كەلگىنىنى ھېس قىلدى ـ دە ، ھودۇقۇپ كەتتى . چۈنكى گۈلبوستانمۇ دىلبەر پەرھاتنىڭ كۆزىدىن يىتۇشى بىلەنلا يۈرەكلىك ھالدا ئۆز كۆڭلىنى پۈركىتىشقا ئۆتكەنىدى ، شۇ سەۋەبلىك پەرھات ئەمدى ئۆزىنى تارتىمىسا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى . چۈنكى ئۇ گۈلبوستانىنىڭ يۈرتلۇقى قۇدرەتنىڭ گۈلبوستانغا غايىبانە ئاشىق ئىكەنلىكىنى ، لېكىن گۈلبوستان ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك قاراشلىرىنى پەرۋايىغا ئالماي پەرھاتنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەچكە قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى . شۇ سەۋەبلىك پەرھات بەزى ھالـ لاردا قۇدرەتكە تەربىيە بېرىپ ئۇنىڭ خاتىرجەم ھالدا تىرىشىپ ئۆگىنىشىنى ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى گۈلبوستانىنىڭ ئۇنىڭ ئازابلىق يۈرىكىگە مەلھەم بولىدىغان بىر پۇرسەت يېتىپ كېلىدىـ غانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى ھەمدە پۇرسەت چىقسا قۇدرەتـ نىڭ ئاشۇ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى گۈلبوستانغا يەتكۈزۈپ قويۇشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى . دېمەك ئەمدى بولغاندا ، يەنى دىلبەردىن ئايرىلىپلا گۈلبوستاننى تارتىۋالغاندا قۇدرەتكە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى ، دېمەك مۇشۇنداق زىل مۇناـ سىۋەتلەر ئىسكەنجىسىگە ئورالغان ساۋاقداشلىق مېھىر ـ مۇھەبـ بىتىگە چاقچاق قىلغاندەك مۇئامىلىدە بولۇشقا زادى بولمايتتى ھەم ئابدۇسالام بىلەن ئايپەرىنىڭ چالغان دېپى ، ئېيتقان ناخشىـ سىغا ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە قۇدرەتنىڭ رەشك تۇيغۇسىدا

ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ تۆگىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ، مۇشۇ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياتاقداشلىق مۇناسىۋەتكىمۇ دەز كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ پەم بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋالغانىدى .

ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆزىدىنلا ئەمەس ، بەل-كى گۈلبوستاندىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا قېيىداپ يۈرەتتى . پەرھات بولسا «مۇھەببەتنى زورلاپ تاڭغىلى بولمايدۇ ئاداش» دەپلا قوياتتى ، خالاس . قۇدرەت بولسا مانا مۇشۇنداق زىل ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋەرسىز ئىدى . ئۇ دەس-لەپتە بۇ تۆتەيلەننىڭ بىرگە بازارغا چىقمىشىدىن قاتتىق ئازابلانغان بولسا ، كېيىنرەك پەرھاتنىڭ ئۇلاردىن ئۆزىنى تارتقانلىقىنى كۆ-رۈپ پەرھاتقا مەمنۇنىيەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى .

— ھە ، يەنە خىيال بېسىپ ئولتۇرۇپ قالدىڭغۇ ،— دېدى ئابدۇسالام يانچۇقىدىن تاماكا قەغىزى چىقىرىپ ،— تۇتە ئاداش ، ئاچچىق ـ ئاچچىقنى ئالىدۇ دېگەن گەپ بار . بىردىن چېكەيلى ، دېسەم ـ دېمىسەم يەنە سەندە شۇ دىلبەرنىڭ خىيالى . ئەمدى كاللاڭدىن چىقار ئۇ ناينىاقنى ، بىر ھېسابتىچۇ ئاداش ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئارتىۋالغان روھىي يۈكۈڭ چۈشۈپ كەتكەچكە يەڭگىللەپمۇ قالدىڭ ھەرقاچان ،— ئۇ پەرھاتنىڭ يىرتىپ تەييار-لىغان قەغىزىگە بىر ئورام تاماكا سېلىپ بېرىپ ئۆزىمۇ بىر ئورام تاماكا سېلىپ ئۇنى يۆگەشكە كىرىشتى ،— گۈلبوستانغا كۆڭلۈڭ تارتمىسا مەيلى ، سېنى بىللە بازارغا چىققاندىكىن يۈرۈپ قالسۇن دېگىنىمىزمۇ يوق ، لېكىن ئۇمۇ بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىزغۇ ، سەن ساۋاقداشلارچە دوستلۇق دېگەن ئەقەللىي بىر قائىدىنىمۇ بىلمەم-سىنا ؟ ! بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ ئاداش . توغرا ، قۇدرەتنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىق ئىكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە ئايان ، لېكىن گۈلبوستان ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرمىسە ئۇنى زورلاپ ياخشى كۆرگۈزەمسەن دەيمەن ، تۇر ئورنۇڭدىن ، كىيىمىڭنى

كى ، ھازىر قىزلار ياتىقىدا ئايپەرى بىلەن گۈلبوستان قالدى ، ئۇلار مېنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ . مەن ھېلىلا ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ مېنى بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭلار ، مەن شىرىنجانغا ئۇلگۇدەك ئاشىق بولۇپ قالغان پەرھاتجاننى ئېلىپ چىقاي ، ئۇ ئەتىگەن ياتاقتا يالغۇز قالغان ، يالغۇزلۇقتا بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالمىغاي دەپ قويۇپ چىقتىم . ئەتىگەننىڭكىياقى نەگە باردىڭ ؟ ھېلىقى يۇرتلۇقۇڭ بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ دېگەن گەپنى قىلىشقىمۇ يارىمايۋاتىسەن ھە ، لېكىن مەن سېنىڭ غېمىڭدە مانا .

— ھە راست ، سەن شۇ ئىشقا چىقىپ كەتكەنىدىڭ ھە ؟ !— دېدى پەرھات ئوڭايسىزلانغان ھالدا سەرەڭگە يېقىپ ئابدۇسالامنىڭ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرغان ھالدا ، — ئۆزۈمنىڭ جېدىلى بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن . مېنى كەچۈر ئاداش ، مەن ھازىر مانا مۇشۇنداق قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەيدىغان ، خىيالىي ئۇنتۇغاقلاردىن بولۇپ قالدىمغۇ تاڭ . ھە ، دېگىنە ، ھېلىقى يۇرتلۇقۇڭ تونۇشلاردىنمىكەن ؟

— تونۇش بولغاندا قانداق تونۇش دېمەمسەن ، — دېدى ئابدۇسالام ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا تاماكا چېكىۋېتىپ ،— مەن دەسلەپتە ئەڭ ئامراق ۋە كېيىنرەك ئەڭ ئۆچ بولغان ئىككى ئادەمگە تەۋە بىر ئادەم بىلەن ئۇچراشتىم دېگىنە . توۋا دەيمەنەي ، جاھان نېمىدېگەن تار - ھە !

— كىمكەن ئۇ سەن ئەڭ ئۆچ ۋە ئەڭ ئامراق ئادىمىڭ ، تېپىشماقتەك گەپ قىلماي ئېنىق دېگىنە زادى ؟ !

— ئۇنىڭ ئىسمىنى مەن ساڭا نەچچە مىڭ قېتىم دەپ بەرگەندىمەن . ئۇچۇ ھېلىقى كۆرەشجان ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋالغان ھېلىقى سەمەتجان .

— ۋاھ «رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش بوپتۇ - دە ،— دېدى پەرھات كۆزەينىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ، — ئۇ نېمىگە كەپتۇ بۇ يەرگە ؟ ئىسمى يەنىلا

كۇرەشجانمىكەن يا ئەسلىي ئىسمىنى تېپىۋاپتىمۇ ؟

— ئەسلىي ئىسمى شۇ يوقالغانچە يوقالغان ئوخشايدۇ ، كۇ جۇيجاڭ دېيىشتىغۇ بىللە كەلگەن كادىرلار ، — دېدى ئابدۇسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاق ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ ، — مائارىپ نازارىتى ئاچقان بىر يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەپتىكەن . ئۇ ھازىر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن ئەمەسمۇ . ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرەلەيدىغان خامېلېئون مىجەز ئادەمتى ئۇ . مانا بىردەمدىلا ئاشۇ يالغان كۆلكىسىنىڭ شاراپىتىدىن شەھەرنىڭ مائارىپ سىستېمىسىنى ئۆز قولىغا ئاپتۇ .

— ئاداش ، ئۇ چاغلاردا ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش قىلمىساڭمۇ بولمايتتى . ئۇغۇ داداڭغا كاتىپ بولغانىكەن . داداڭ تارتىلغاندا ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى تەبىئىي ئەھۋال . چۈنكى ئۇ بەربىر سىملەرگە يات ئادەم ، مەن بىر گەپنى دەپ بېرەي ، بىزنىڭ مەھەللىدە بىر ئادەمنىڭ بەش ئوغلى بولىدىغان ، دادىسى ئوقۇتقۇچى ئىدى . ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان ، قولىدىن كىتاب چۈشمەيتتى . تاشكەنت باسمىسىدىكى سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ كىتابلىرىنى بەك ئوقۇيتتى . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى يېڭى باشلانغان چاغلاردا ئۇ ئادەمنى تارتىپ چىقىرىپ ، بېشىغا ئېگىز قەغەز قالپاق كىيدۈرۈپ ، ئوقۇغان كىتابلىرىنى بوينىغا ئېسىپ سازايى قىلدى . ئاخىر «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» دەپ يىراق سەھراغا چۈشۈرۈۋەتتى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ بەش ئوغلىنى نېمە قىلدى بىلەمسەن ؟ !

— نېمە قىلاتتى ، — دېدى ئابدۇسالام ئورنىدا چىپپىدە توختاپ ، — ئۇلارنىمۇ بىزگە ئوخشاش دادىسىنىڭ يېنىغا سۈرگۈن قىلىۋەتتى . ئۇلار بولسا تەقدىرگە تەن بېرىپ دادىسىنىڭ يېنىدا كەتمەن چاپتى شۇ .

— ياق ، خاتالاشتىڭ دوستۇم ، ئۇلار دادىسىدىن چەك ـ چېگرا ئاجرىتىپ ، ئاپىسىنى دادىسىدىن مەجبۇرىي ئاجراشتۇ-

رۇپ ، گېزىتتە ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق قانداشلىق ئالاقىسى يوقلۇقى توغرىسىدا بايانات چىقاردى .
— ۋاھ ، مۇشۇنداق تاش يۈرەك باللارمۇ بار دېگىنە . ئۇنداقتا ئاپىسى بولسىمۇ بۇنداق قىلمايلى دېمىگەنمىدۇ ؟
— ئۇمۇ ئۇنىسۇرنىڭ بالاسىغا قالماي يەنە دەپ ئويلىغان چېغى ، بىرىنچى بولۇپ بايانات چىقاردى . دادامنىڭ گېزىتخانىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلىسەن . شۇ كۈنى دادام ئاشۇ باياناتنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئايالنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ ئازراق تەربىيە قىلاي دەپتىكەن ، ئۇ ئايال نېمە دەپتۇ بىلەمسەن ؟
— ھە ، دېگىنە نېمە دەپتۇ ؟ !
— «نېمە دەۋاتىسىز ، گېزىتخانىنىڭ باشلىقى تۇرۇپ ماڭا مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتامسىز ؟ ئاشۇ ئەشەددىي ئۇنسۇردىن ، چەك - چېگرا ئاجراتماي مېنىمۇ ئۇنسۇر بولسۇن دەۋاتامسىز ھە» بۇ گەپنى ئاڭلىغان دادام ئۇ ئايالغا گەپ قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ نەسىھەتتىن توختاپ قاپتۇ .
ئابدۇسالام ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ بالا - ۋاقىسى بىلەن ئۆز ئۆيىدىكى ۋەقەنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى . بۇ ئائىلىدىمۇ دادا ئابدۇسالامنىڭ دادىسىغا ئوخشاش قىسمەتكە يولۇققان . لېكىن ئائىلىسىدىكى ئىشلار ئوخشاش بولمىغان . توۋا ، ئۆز دادىسىدىن كەچكەن باللار قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرۈپ كەتكەندۇ - ھە .
— كېيىن بۇ ئائىلىنىڭ تەقدىرى قانداق بولدى ؟ !— دېدى ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ جىممىدە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ .
— ھېلىقى ئايال ئۈچ يىلدىن كېيىن بىر موزدۇزغا تەگدى . موزدۇز تاپقان پۇلىغا ھاراق ئىچىدىغان ئادەمكەن . كەچكىچە ھاراق ئىچىۋېلىپ بەش بالا دېگەننى يوق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئۇرۇپ - تىللاپ ئۆلارنى تەرەپ - تەرەپكە توزۇتۇۋەتتى .
— ھېلىقى ئوقۇتقۇچىچۇ ؟ ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندۇ ؟ !

— بۇلتۇر خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ ئون تۆت يىللىق مائاشى قايتۇرۇپ بېرىلىپ مەكتەپكە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ هازىر ئېرى قاتناش هادىسىدە تۇگەپ كەتكەن بىر ئوقۇتقۇچى ئايال بىلەن توي قىلىۋاپتۇ. ئاڭلىسام هازىر ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئايالى هېلىقى هاراقكەش موزدوزدىن ئاجرىشىپ باش - كۆزىنى ئوزاپلا بۇۋىم بولۇۋېلىپ، مېنىڭ گۇناهىم هەج قىلىپ كەلسەم تۇگەيدۇ دەپ ئولتۇرىدۇ دەيدۇ. هازىر ئاشۇ بەش بالىنىڭ بەزىسى هاراق-كەش، بەزىسى قىمارۋاز، بەزىسى قەلەندەر بولۇپ جەمئىيەتنىڭ پاخاللىرىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى ئابدۇسالام ئېغىر ئۇه تارتقان هالدا، — بۇ بىر ئائىلە ئاخىر توزۇپ كېرەكتىن چىقتى دېگىنە.

— شۇنداق بولدى، مېنىڭ بۇنى دېيىشىمدىكى سەۋەب سېنى يىراقتا قارىسۇن، بىر ئادەمنىڭ كىچىككىنە بىر ئىشىغا قاراپلا مۇتلەقلەشتۇرۇپ باها بەرمىسۇن، ئۆزىدىن باشقا دەرد تارتقان ئادەملەرنىمۇ كۆرسۇن، قىسقىسى كۇرەشجاندەك ئادەملەرنىڭ شۇ چاغلاردا بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرۈ-ۋەتسۇن دېگىنىم - دە، بۇ.

— بۇنى چۈشىنىۋاتىمەن ئاداش، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تاكى ئاداققىچە ئازارلاشقۇم يوق، — دېدى ئابدۇسالام قايتا تاماكا ئورا-ۋېتىپ، — لېكىن، قاغا - قاغىلىقىنى قىلىدۇ دەپ ئۇ بايا ماڭا نېمە دېدى بىلەمسەن؟!

— دېگىنە هە، ئۇ نېمە دېدى؟!

— «ۋاه ئابدۇسالام، سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن هە؟ يېزىدا كالا هارۋىسى هەيدەپ يۈرەتتىڭغۇ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتامسىنا» دەپ هەيران قالدى. ئۇ تېخى مېنىڭ ئالىي مەك-تەپ ئىمتىهانىغا قاتنىشىپ، يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتكەنلىكىمنى بىلمەيدىكەن.

— سەنمۇ جىم تۇرماي خېلى ئاچچىق گەپ قىلدىڭ هەرقاچان.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ چاغدا ماڭا گەپ ئاشماي قالدى قارا . ئايۇپ گىنارنى بىلىسەن . ئىچى كۆچلۈك ، زەردىسى بار يىگىت ئەمەسمىدى ئۇ . ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغان ئەمەسمىدى ، شۇ ئاچچىقىدا «ۋۇيت باشلىق ، سىز مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى تۇرۇپ ئابدۇسالامنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقانلىقىنى ، ئاشۇ يېزا بويىچە ئىمتىھان بەرگەن بىر يۈز ئەللىك ئوقۇغۇچى ئارىسىدا ئالدىنقى ئۇچىنچى بولۇپ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىنى بىلمەمسىز ؟ ! يەتتە يىل دېھقانچىلىق قىلغان بولسىمۇ ئۆگىنىش ئىرادىسىدىن يانمىغان ، توپا ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان بىر گۆھەر ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى قايتا نامايان قىلغىنىدا پۈتۈن يېزا خەلقى ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى كامار دەك ئېچىپ قالمىدىمۇ » دېۋىدى ، بۇنى ئاڭلىغان كۈرەشجان بەكلا خىجىل بولۇپ كېتىپ ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۈنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ «ھە ، ھە ، شۇنداق دەپ ئاڭلىغانتىم ، خاپا بولماڭ » دەپ كەتتى .

بۇنى ئاڭلىغان پەرھات كۈرەشجاننىڭ شۇ چاغدىكى ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سۆزلىگەن قىياپىتىنى قىياسەن ھېس قىلدى .

— ئۆزۈڭمۇ بەك تىرىشچان بالا ئىدىڭ ، دېدى كۈرەشجان ماڭا خۇشامەت قىلغاندەك ھىجىيىپ تۇرۇپ ، — ئابدۇسالام گەپىنىڭ ئاخىرىنى سۆزلەشكە ئۆتتى ،— ھازىر شامالباغ كەنتىگە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىنىۋاتىمىز . بۇ يىل 9 ـ ئايدا ئۇ مەكتەپ رەسمىي دەرس باشلايدۇ . ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ بارساڭ ئاشۇ مەكتەپكىلا تەقسىم قىلىپ قويساق ، ئۆزۈڭ چىنىققان يېزا بولغاندىكىن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى بىر قوللۇق ئوقۇتساڭ ھە ، دېۋىدى ، ئايۇپنىڭ يەنە زەردىسى قايناپ سۆزلەپ كەتتى دېمەيسەن .

— ۋۇيت باشلىق ، — دېدى ئۇ تېرىككەن ھالدا ، — بايىلا دېدىمغۇ مەن سىزگە ، ئابدۇسالامنى شەيتىنىڭىز بەك كىچىك كۆرسىتىۋاتامدۇ نېمە؟ ئۇ مانا ھازىر ئۈچ يىلدا ئىككى قېتىم

ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولدى . يېزىۋاتقان ئەسەرلىرى گې-
زىت - ژۇرناللاردا چىقىۋاتىدۇ . ئۆزى مەكتەپتە قۇرۇلغان ئەدە-
بىيات كۇرۇژۇكىنىڭ غوللۇق ئەزاسى . مەكتەپ گېزىتىنى يار-
دەملىشىپ چىقىرىۋاتىدۇ . مەكتەپ ئۆزىدە ئېلىپ قېلىشنى پىلان-
لاۋاتقان نامزاتلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمى بار . شۇنداق تۇرسا سىز
تېخى تەپتارتماي ئۇنى بىر يېزىنىڭ ئەمەس ، بەلكى بىر كەنتنىڭ
باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى قىلماقچى بولۇۋاتىسىز . ئۇقۇپ
قويۇڭ ، ئۇ ھازىر سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى كالا ھارۋىسى
ھەيدەپ يۈرگەن ئابدۇسالام ئەمەس ، بەلكى ئىلىم - پەننىڭ
يۇقىرى پەللىسىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان
بىر ستۇدېنت . سىزچۇ ، ئەڭ ياخشىسى ئابدۇسالام باشقا يەرگە
كېتىپ قالماي قۇمۇلغا بارسۇن دېسىڭىز مەكتىپىمىزنىڭ بىر
قىسىم رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى ئۆز يۇرتىغا تەقسىم
قىلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىڭ - دە ، تەلىيىڭىز كېلىپ ئۇ
يۇرتىغا قايتىپ بارسا ئۇنى مائارىپ ئىدارىسىغا ياكى گېزىتخانىغا
كىرگۈزۈپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىمىز دەپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇڭ .
شۇنداق بولۇشىنى تىلەڭ .

— شۇنداقمۇ ؟— كۇرەشجاننىڭ ۋەزىيەتكە بېقىپ ئۆزگىرى-
دىغان مىجەزى يەنە باركەن ، شۇ ھامان ئۇ گەپنى يورغىلىتىپ
مۇنداق دېدى ،— ۋاي راست ، ئۇنتۇپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن ،
بۇنى مەن كىچىك چېغىدىن تارتىپلا بىلىمەن ئەمەسمۇ . ئۆزى
ناھايىتى تىرىشچان بالا ئىدى . ياخشى ، ياخشى ، بىزگە مۇشۇنداق
تالانتلىق ستۇدېنتلار كېرەك . ئاجايىپ بالا ئىدىڭ ھە ، يېزىغا
چېنىققىلى چۈشكەندە مەن ئوقۇيتتۇم دەپ مەن بىلەن جېدەللى-
شىپ كەتكەنىدىڭ ، مانا مۇرادىڭغا يېتىپسەن . ئوقۇش پۈتتۈرگەن-
دە چوقۇم ئۆز يۇرتۇڭغا قايت جۇمۇ . داداڭنىڭ قالپىقى ئېلىنىپ
كەتكىلىمۇ ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتتى . شەھەرگىمۇ قايتىپ چى-
قىدىغان بولدى ، ئەنە ، خىزمىتىمۇ پات ئارىدا ئەسلىگە كېلىپ

www.uyghurkitap.com

قالار ئىگەكىم . ئەينى دەۋردىكى ئىشلارنى شۇ ۋاقىتتىكى سىيا-
سەتكە باغلاپ چۈشەنسەڭمۇ ، باشقىچە چۈشەنسەڭمۇ مەيلى ئۇكا ،
لېكىنىزە ، سىلەرنىڭ يېزىغا چۈشۈش ئىشىڭلارنى مەن قىلغان
ئىش ئەمەس جۇمۇ ، ئۇنى توغرا چۈشىنىشىڭ كېرەك .

— مەن يېزىغا چۈشكىنىمگە پۇشايمان قىلغىنىم يوق باش-
لىق ، چۈنكى مەن يېزىغا چۈشۈپ هاياتلىقنىڭ چىشلىق چاقىنى
چۆرگىلىتىۋاتقان دېهقانلارنىڭ ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارسىز هايات-
لىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى هە-
قىقىي مەنىسى بىلەن چۈشىنىپ يەتتىم . شۇڭا مەن يېزىغا چۈش-
كىنىمگە خاپا بولۇش تۇرماق ، ئەكسىچە ناهايىتى خۇشال بولۇۋا-
تىمەن . چۈنكى مەن يېزىدا ئىسسىق - سوغۇققا بەرداشلىق بېرە-
لەيدىغان قارىغايدەك مەزمۇت ياشاشنى ئۆگىنىۋالدىم . لېكىن ۋاق-
تىم سەل ئۇزۇن بولۇپ كېتىپ مەكتەپكە سەل كېچىكىپ كېلىپ
قالدىم شۇ .

— ئوغۇل بالا ، جىگىرىڭ بار يىگىتكەنسەن . گەپلىرىڭمۇ
ئورۇنلۇق . بۈگۈن چۈشتە مەن سىلەرنى مېهمان قىلاي . سىلەر
بىزنىڭ يۇرتتىن چىققان هەقىقىي ستۇدېنتلار ئىكەنسىلەر . مەن
مائارىپ ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن سىلەرگە چاي بېرەي ، كۆڭلۈمنى
قايتۇرماڭلار جۇمۇ .

— ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرمىغانسىلەر ؟

— بوپتۇ دېدۇق ، بىر ۋاخلىق تاماق بىلەن مېهمان قىلدى .
قايتتۇق شۇ .

— ۋاي - ۋۇي ئاجايىپ باللار - دە بۇ هە ،— قىزىق پاراڭ
بىلەن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي ئولتۇرغان
بۇ ئىككىيلەننى قىزلار زىل ئاۋازى بىلەن دىڭگىدە چۆچۈتۈۋەت-
تى ،— قارىغىنە ئاداش ، بىز بۇلارنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ ئېڭىكى-
مىز چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى . بۇلار بولسا بۇ يەردە بەخىرامان
ئولتۇرۇپ سوقى - سۆهبەتتە بولۇۋېتىپتۇ . نېمانداق بىغەملىك
بۇ .

پەرھات ئىشىك تۈۋىدىلا تاتاتلاپ سۆزلەۋاتقان ئايپەرىنىڭ يېنىدا خۇددى گۇناھكاردەك قاراپ تۇرغان گۇلبوستاننى كۆرۈپ ۋىلىلدە قىزاردى . چۈنكى ئۇ ھازىر تۆت ئاي بۇرۇنقى جۇرئەتلىك گۇلبوستان ئەمەس، بەلكى شۇ چاغدا دىلى ئازار يېگەن قىز تەرىقىسىدە پەرھاتقا تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالماي تۇراتتى .

— كېلىڭلار ، ھە ، كىرىڭلار ، — دېدى ئابدۇسالام ئورنى-دىن لىككىدە تۇرۇپ ، — بۇ تۆت كۆزنىڭ ھالىنى سورايمەن دەپ بىر مۇنچە ئاۋارە بولدۇم .

— يالغان ، — دېدى پەرھاتمۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ قىزلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ، — مەن ئۇنىڭ ھالىنى سوراپ بولالماي ۋاقىت كەتتى . بۇ ھېلىقى كۇرەشجان دەيدىغان سۆيۈملۈك ئادىمىنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى قىزىتىۋەتكەنىدى . مەن ئۇنىڭغا تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇپ قويدۇم شۇ .

— پەرھات ،— دېدى زوق - شوخلۇق بىلەن سۆزلەپ كېتى-ۋاتقان پەرھاتنىڭ بىر ئاز ئېچىلىپ قالغانلىقىدىن خاتىرجەم بولۇپ قالغان ئايپەرى ئۇنىڭغا قاراپ ،— بۈگۈن ئىككىڭلارنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئېڭىكىمىز چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى . ئابدۇسالام ھېلىقى يامان گېپىنى قىلىدىغان ئادىمىنىڭ بەرگەن زىياپىتىگە داخىل بولۇپ كېكىرىپ قايتىپ كەپتۇ . لېكىن بىز-چۇ ؟ سائەت ئونلاردا ئىچكەن چاي بىلەن تېخىچە ئاغزىمىزغا بىرەر لوقما سالمىدۇق . شۇڭا تۆتىمىز بازارغا چىقىپ ئازراق بىر نەرسە يەپ ، كىنو كۆرۈپ قايتىپ كېلەيلىچۇ . تۆتىمىز بىللە بازارغا چىقمىغىلىمۇ ئۇزۇن جاھان بوپتۇ . مەن سىزگە گۇلبوستاننى تاڭغىنىم يوق . ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ساۋاقدىشىڭىز جۇمۇ . بىللە بازارغا چىققانغا يۈرۈپ قالغانلىق بولمايدۇ .

— قويە ئۇنداق قۇرۇق گېپىڭنى ،— دېدى گۇلبوستان ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ ،— نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىسەن ئەمدى .

www.uyghurkitap.com

— دېمەي ئەمسە ، بىرگە مېڭىپ قويسىلا يۈرگەن بولۇپ قالامدىكەن . پەرھاتنىڭ كۆڭلىدە ئاشۇنداق خىيال بار زادى . شۇڭا بىز بىلەن بىرگە مېڭىشتىن قورقىدۇ .

— ياق ، ياق ، — پەرھات كېكەچلەپ قالدى ، — مەن شۇ ، ئۆگىنىش ، ئىجادىيەت بىلەن بولۇپ كېتىپ سىلەر بىلەن تازا ئارىلىشىپ كېتەلمىدىم . مېنى كەچۈرۈڭلار ، بولدى ، ئاشۇ گۇناھىم ئۈچۈن مەن بۈگۈن سىلەرنى مېھمان قىلاي .

— ھەببەللى ، — دېدى ئابدۇسالام ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ، — يۈرۈڭلار قىزلار ، بۇ تۆت كۆز گېپىدىن يېنىۋالغىچە ياتاقتىن چىقىپ كېتەيلى . ھېلى بىكار بۇنىڭ بۈگۈنكى دەرس سېتكىسىدىكى ئۆگىنىش ۋاقتى توشۇپ قالسا شۇنى باھانە قىلىپ يېتىۋالىدۇ .

— ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىنى مۇشۇنداق زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ شۇ بويىچە پىلانلىق ئۆگىنىش قىلغان ياخشى ئىش ، — دېدى گۈلبوستان توساتتىن ئېغىز ئېچىپ ، — پەرھاتنى زورلىمايلى ، بولسا بىزمۇ پەرھاتتەك بىلىم ئېلىشقا جىددىي قارىساق ياخشى بولاتتى .

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت گۈلبوستان ، — دېدى پەرھات چاپىنىنى كىيىۋېتىپ ، — ئەمدى مەن يەكشەنبە كۈنىدىكى ۋاقىتلىرىمنى ئايرىم ئورۇنلاشتۇرىمەن . قارىغاندا ، مەن ۋاقىتنى بەك زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ بەزى كونكرېت ئىشلارغا يېتىشەلمەي قالغاندەك تۇرىمەن . بۈگۈندىن باشلاپ يەكشەنبىدىكى ۋاقتىمنىڭ ھەممىسى ئىختىيارىي پائالىيەت . لېكىن مەن بۇ ئىختىيارىي پائالىيەتنىمۇ مەنىلىك بىر ئۇسۇل بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ئويلىشىمەن . قېنى مېڭىڭلار ئەمسە ، بازارغا ھۇررا .

— ھۇررا ، — دېدى ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ ، — مۇشۇ جۈرئىتىڭ ئۈچۈن بۈگۈن مەن مېھمان قىلىمەن .

— ۋاي تالاشماڭلار مەرد يىگىتلەررەي، — دېدى ئايپەرى ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ مەسلىكى كەلگەن ھالدا.

ئۇلار بىرلىكتە تالاغا چىقتى. ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ يانۋارنىڭ ئاچچىق سوغۇقى شىمالدا ياشاپ ئۆگەنگەن بۇ ستۇدېنتلارنى يېنىك چېقىپ ئۆتتى. ئايپەرى توقۇلما چاپىنىنى كىيىۋالغاچقا شۇ تاپ ئۇ بەدىنى قىزىشىپ تۇرغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى. بۇلتۇر قار ياغقان بىلەن بۇ يىل قار ياغمىغاچقا شەھەر غېرىبسىنىپ قالغاندەك چۆلدەرەپ تۇراتتى. كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا شەھەرگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدىغان گۈللۈكلەر، سۆگەت، مەجنۇنتاللار بۇ قۇرۇق سوغۇق تەسىرىدىن شۈمشىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن تۆت پەسىلنىڭ ھەرقانداق بىر پەسلىدە شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقىنى نامايان قىلىدىغان ھۈنەرۋەنلەر، باققال - تىجارەتچىلەرنىڭ ئالدى ئوخشاشلا خېرىدارلار بىلەن ئاۋات ئىدى. قىشتىمۇ مەيدىسى قىزىپ تۇرىدىغان ئەركەكلەر بىلەن ئاچچىق - چۈچۈك بىر نەرسە يەۋالمىسا كۆنى - كۆن بولمايدىغان قىزلار لەڭپۇڭچىنىڭ ھارۋىسى ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەللەردە قاتار ئولتۇرۇپ ئاچچىقسۇ، مۇچلىرى ئوبدان تەڭشەلگەن لەڭپۇڭنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشمەكتە. ھازىرلا چۈنەكتىن ئۈزۈپ ئېلىنغاندەك تەسىر بېرىپ تۇرغان كۆكچى قوغۇننى پىچىپ سېتىۋاتقان باققالنىڭ ئالدى تازا ئاۋاتلاشقان، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممىلا نەرسە تېپىلىدىغان يەكشەنبە بازارغا كىرىپ - چىقىۋاتقان ئادەم ۋە ھارۋىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مانا مۇشۇ سوغۇقمۇ ئانچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن يوللارنىڭ ئۆلۈك توپىسى قويۇق توزان چىقىرىپ ھاۋاغا لەيلىمەكتە. ئاشۇ قويۇق توزان ئىچىدە قايناۋاتقان قازاندەك قىزىپ كەتكەن سودىغا يۇغىرىلغان ئادەملەر گوياكى سەلدەك چايقالماقتا ئىدى.

— ئاجايىپ بازاردە بۇ ھە، — دېدى پەرھات شەمۇشەگە داڭ كەتكەن، ھەقىقىي دېھقان تۇرمۇشىنى ھېس قىلدۇرىدىغان بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بازار تەرەپكە قاراپ قويۇپ، — مەن مۇشۇ بازارغا ھەر بىر قارىغىنىمدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ بازار مەدەنىيىتىنى، ئېلىم ـ سېتىم قانۇنىيىتىنى، دۇنيا مەدەنىيىتىگە ھۆسن قوشقان يىپەك سودىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆرنەكلىرىنى ھېس قىلغاندەك بولىمەن.

— مانا مۇشۇ بازار مەدەنىيىتىمىزگە، — دېدى ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ، — بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت مەدەنىيىتىمىز زىچ گىرەلەشكەن. مانا مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۆلمەس نامايەندىلىرى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، ئۇلار توغرىسىدا ئۇقتىلىق تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، مۇشۇ ئىشلار بىزدە كەمدىن ـ كەم تىلغا ئېلىنغاچقا بىزنىڭ ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە ھۈنەر ـ سەنئەت ئەسەرلىرىمىز توغرىسىدىكى تەتقىقات دۇنيا سەھنىسىگە تېخى چىقالمىدى.

— مانا مۇشۇ تېمىدا مەكتەپ پۈتتۈرۈش دېسسېرتاتسىيىسى يازسىڭىز بولمامدۇ،— دېدى ئايپەرى قاشلىرىنى سوزۇپ،— ئەجدادلىرىمىز قىلمىغان ئىشلارنى بىز قىلساق، ئۇلار چالا تاشلىغان ئىشلارنى بىز پۈتۈنلىسەك ياخشى ئەمەسمۇ.

— مانا ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز،— دېدى پەرھات خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال كۈلگەن ھالدا،— ھەقىقىي تېپىشقان بىر جۈپلەر ـ دە سىلەر، ئابدۇسالام، پەخىرلەن. ئايپەرىدەك بىر ياردەمچىڭنىڭ بولغانلىقىدىن خۇشال بول جۇمۇ. ئەگەر مەنمۇ مۇشۇنداق بەختكە ئېرىشەلىسەم دوپپامنى ئاسمانغا ئېتىپ «مەن جاھاندىكى بارلىق شادلىق ۋە ھاياجاننى يەلكەمگە يۈدۈپ يۈرگەن ئادەم» دەپ ئۈنۈمنىڭ بارىچە توۋلىغان بولارىدىم.

— بۇنداق بەختنى ئۆزىڭىز چەتكە قېققۇۋاتىسىز پەرھات،— دېدى ئايپەرى پەرھاتنى سۆز سەنئىتى بىلەن يېڭىلگەندەك چىمدىپ،— سىز بىر يۇرتلۇق دېگەن تار مەھكىمىلىكنىڭ ئاسارىتى-

دىن قۇتۇلسىڭىزلا بەخت سىزگە هامان خۇش چىراي ئاچىدىغۇ . مەن سىزگە ئوخشاش مۇنداق جاهىل تەبىئەتلىك يىگىتنى پەقەتلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن .

— بولدى قىلىڭ ، — دېدى ئابدۇسالام ئايپەرنىڭ پېشىنى بوش تارتىپ ، ئۇلار ئىككىسى ئاڭلىيالمىغۇدەك بوش ئاۋازدا ؛— پەرهات ئۆزىنىڭ هاياتىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوبدان بىلىدۇ . قارىغىنە ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۇمىدسىزلىكنى ، ئۇنىڭغا بىز مەلهەم بولايلىكى ، زەهەر بەرمەيلى . ئۇنىڭ زەخمە يېگەن يۈرىكىگە هەمدەرد بولالىساقلا ئۇنىڭ بەختتىن نۇرلانغان چىرايىنى كۆرەلەيمىز .

ئۇلار قىزغىن پاراڭلار بىلەن تۆشۈك دەرۋازىدىكى تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتتى . پەرهات جىمجىت ئېقىۋاتقان سارغۇچ دەريا سۈيىگە ، دەريا بويىدىكى سۆگەتلەرنىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغان ئەگ-رى - توقاي شاخلىرىغا ، شۇنچە سوغۇق بولغىنىغا قارىماي قىپيا-لىڭاچ بولۇۋېلىپ ئاشۇ دوغىسمان دەريا سۈيىدە يۇيۇنۇۋاتقان ئىك-كى ئادەمگە قاراپ قويۇپ خىيالغا كەتتى . ئۇنىڭ خىيالى ئاشۇ دەريا بويىدىكى بېلىق كۆلىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشقا مەركەز-لەشكىنىدە ئۇ ئۆزىنىڭ هازىرقى خىيالىنى گۈلبوستان بىلىپ قالغاندەك ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى ، لېكىن گۈلبوستان گويا ئىمتىهان مەيدانىغا كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىدەك جىددىي ۋە تەمكىن-لىك گىرەلەشكەن هالدا كېتىپ باراتتى .

ئالىي مەكتەپلەردە ئادەتتە ئېلىنىدىغان ئىمتىهانلارغا بىر نەچچە كۈن تەييارلىق ۋاقتى بېرىلىدۇ . بۇنداق چاغلاردا ستۇدېنت-لار سىنىپتا تەكرار قىلىپ ئىمتىهانغا تەييارلىق قىلغاندىن باش-قا ، يادلايدىغان سوئال - جاۋابلارنى كىچىك دەپتەرلەرگە يېزىۋې-لىپ ئۇنى كۆتۈرگىنىچە مەكتەپ قورۇسىنىڭ شىمالىدىكى ئالمى-لىق باغقا ، دەريا بويلىرىغا ، مەكتەپ ئىچىدىكى گۈللۈك ، رىدى-لىك باغلارغا تارقىلىپ ئۆگىنىش قىلىشىدۇ . ئىككى - ئۈچتىن

بىرلىشىپ بىرى سوئال سورىسا ، يەنە بىرى جاۋاب بېرىش شەكلى بىلەن يادلىۋالغان جاۋابلىرىنى پىششىقلىشىدۇ .

مەكتەپنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكى كەڭرى كەتكەن ئېتىزلىق بولۇپ ئۇنىڭ باش تەرىپىدە بىر نەچچە بېلىق كۆلى بار . ئەتراپى قويۇق سايە تاشلىغان تال ـ سۆگەتلەر بىلەن قورشالغان بۇ كۆللەر يۇقىرى تەرەپتىكى شال ئېتىزلىرىدىن قايتقان سۇلار بىلەن تويۇنۇپ تۇرغاچقا بۇ كۆللەردە سۇ ئىنتايىن مول . كۆل ئەتراپىدىكى قويۇق سۆگەتلىك ، كۆل يۈزىگە قويۇق سايە تاشلىغان مەجنۇنتاللارنىڭ كۆركەملىكىدىن بۇ ياز كۈنلىرى بەئەينى جەننەت دەپ تەسۋىرلىنىدىغان ساياھەت باغچىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ . مانا بۇ جاي ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار بەكرەك ئىنتىلىدىغان جاي . ئۇلار دەريا بويىدىكى ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئورمان بەلۋاغلىرىغا ، دەرياغا ياندىشقان ئاشۇ كۆل بويىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ سايىلىرىگە تارقالغان ھالدا تەبىئەتنىڭ ئەڭ سىرلىق ، ئەڭ لىرىكىلىق مۇزىكىلىرىدىن ھۇزۇرلانغاچ دەرس تەكرارلىشىدۇ . قىسقىسى ، ئىمتىھان مەزگىلىدە بۇ جايدىكى ھەر بىر سۆگەت تۈۋى بىر ئۆگىنىش مەيدانىغا ئايلىنىپ شەھەردىن چىققان سەيلىچىلەرگە بىرەرمۇ بوش ئورۇن قالمايدۇ .

گۈلبوستان پەرھات بىلەن دىلبەرنىڭ مۇناسىۋىتى رەسمىي ئۈزۈلگەن بولسىمۇ پەرھاتتىن ئۆزىگە تالىق ھەقىقىي بىر جاۋابنى ئالالماي جىلە بولۇپ تۇرغان ئاشۇ دەقىقىلەردە ھەقىقەتەن بەكلا روھسىزلىنىپ كەتكەنىدى ، لېكىن ئۇ پەرھاتنى ئوڭايلىقچە قويۇۋەتكۈسى كەلمىگەچكە بۈگۈن ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا كۆل بويىغا تەكرارغا ماڭغان پەرھاتنىڭ كەينىدىن ئىنتىك مېڭىپ كېتىۋاتاتتى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ بۈگۈن پەرھاتتىن بىرەر جاۋاب ئۈندۈرمىگىچە بولدى قىلمايدىغاندەك تۇراتتى .

سىنىپتا بىردەم تەكرار قىلىپ ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشقان قۇدرەتمۇ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن چىقىرىلغان يۈز سوئالغا يې-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـنىلغان جاۋاب دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ مانا مۇشۇ كۆل بويىغا يېتىپ
كەلگەنىدى . چۈنكى ئۇ ئۆزى داۋاملىق بېرىپ دەرس تەكرار
قىلىدىغان ھېلىقى «ئۆڭكۈر»گە بېرىپ تەكرار قىلىشنى خالاپ
قالغانىدى .

«ئۆڭكۈر» قۇدرەت قويۇۋالغان بىر ئىسىم . ئۇ ئەڭ چەتتىدـ
ـكى بىر كۆلنىڭ بويىدىكى پاكار سۆگەت بىلەن مەجنۇنتال گىرەـ
ـلەشكەن بىر بۇرجەك بولۇپ ، ئۇ خۇددى بىر ئادەم تاراشلاپ
ياسىغاندەك تەبىئىي بىر بوشلۇق شەكىللەندۈرگەن ئەپلىك بىر
ئۆگىنىش سورۇنى ، ئاشۇ كۆلنىڭ قىرىغا يېتىۋالغان شاخنى
قايرىغاندا ئىككى ئادەم پاتقۇدەك بوشلۇق ھاسىل قىلغان بۇ جاي
ياپيېشىل قىياق قاپلىغان كۆل قىرىنى خۇددى شاھ قەسىرلىرىدـ
ـدەك جۇلالاندۇرۇپ تۇراتتى . ئۆتكۈر قۇياش نۇرىدا سۇس جىمىرـ
ـلىشىپ تۇرىدىغان كۆل يۈزى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ، لېكىن
كۆل قىرى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ بوشلۇقنى ئەڭ دەسلەپ
قۇدرەت بايقاپ ئۇنى دائىم كېلىپ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىدىغان
بىر ماكانغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى . كېيىنرەك بۇ جاينى كۆپ بالىـ
ـلار بىلىپ كەتتى . شۇڭا قۇدرەت تولا ھاللاردا بالىلاردىن بۇرۇنـ
ـراق كېلىۋېلىپ بۇ جاينى ئىگىلىۋالىدىغان «ئۆزۈم تاپقان ئۆڭـ
ـكۈرگە ئۆزۈمنى ئىگە قىلدۇرمىساڭلار قانداق بولىدۇ» دەپ چاقـ
چاق قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى .

قۇدرەت ئاشۇ «ئۆڭكۈر»گە يېقىنلاشقاندا ئورنىدا شىپپىدە
توختىدى . چۈنكى «ئۆڭكۈر»دىن تونۇش ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتـ
ـتى ، ئۇ پەرھات بىلەن گۈلبوستاننىڭ ئاۋازى ئىدى . بۇ ئاۋازنى
ئاڭلىغان قۇدرەتنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . «ئەجەبا ،
پەرھات ، خاتىرجەم بول ، گۈلبوستان ھامان بىر كۈنى ساڭا باش
ئېگىدۇ دەپ كۆڭلۈمنى ياساپ قويۇپ ئۆزى مۇشۇنداق (ئات
ئايلىخانغا يول سارىخانغا ) قىلىپ يۈرسە ھە» دېگەن دەھشەتلىك
گۇمانىي قاراش ئۇنىڭ گەجگىسىنى قورۇپ تۇراتتى . ئۇ چىداپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ باقىماقچى بولدى .

— پەرھات ،— دېدى گۈلبوستان يېلىنىش ئاھاڭىدا ،— سىز تېخىچە ئاشۇ دىلبەر دېگەن نومۇسسىزنى يادىڭىزدىن چىقىرىۋېتەلمىدىڭىزمۇ ؟ ئۇنىڭ مۇشۇ بىر يىلدىن بۇيان سىزگە سالغان ئەلىمى ئازمۇ ، قاراپ باقسام تېخى ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قېلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك تۇرىسىز .

— يارىشىپ قالدى دېسىڭىز خاتالىشىسىز ، مەن پەقەت ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىۋاتىمەن ،— دەۋاتاتتى پەرھات ئاۋازىنى پەسەيتىپ تۇرۇپ ،— مەن بىر يۇرتلۇق نۇقتىسىدىن ئەمەس ، بەلكى بىر سىنىپ ھەيئىتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇش مەجبۇرىيىتىم بار . ئۇنىڭ ياخشىراق ئۆگىنىپ جەمئىيەتكە ياراملىق بىر ئادەم بولۇشى ئۈچۈن ئاز - تولا ياردەم قىلىشنى يارىشىۋېلىش دېسىڭىز بولماس .

— يالغان گەپ قىلىۋاتىسىز پەرھات ، مەن دېسەم - دېمىسەم سىز ئاشۇ نومۇسسىزنى يەنە ئۆز قوينىڭىزغا چاقىرىۋاتىسىز .

— ياق ، بۇ گەپ بىلەن مېنىڭ قەلب يارامنى تاتىلىماڭ . مەن ئاللىقاچان مۇھەببەت ئاتلىق بۇ ئۇقۇمدىن قول ئۈزگەنمەن . مەكتەپ پۈتتۈرمىگىچە بۇ ئۇقۇمنى تىلغا ئالغۇم يوق مېنىڭ . بولدى ، بولدى گۈلبوستان ، ئەمدى باشقا گەپنى قويۇپ تۇرۇپ ئۆز ئىشىمىزغا كېلەيلى . قېنى سوئال سوراڭ ، مەن جاۋاب بېرەي . ئىمتىھانغا ئاران بەش كۈن قالدى جۇمۇ .

— ماقۇل . مەن سوئال سوراي ئەمىسە ، دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭ ، سىز دىلبەرنى تېخى تامامەن ئۇنتۇپ كېتەلمىدىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟ !

— مەن سىزدىن دەرس سوراڭ دەۋاتىمەن . مۇشۇنداقلا قىلىدىغان بولسىڭىز مەن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ يالغۇز ئۆگىنىش قىلىمەن جۇمۇ .

— ئۇنداق قىلماڭ پەرھات، مېنى قىينىماي سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ.

— بۇنىڭ سىزگە نېمە كېرىكى بار، گۈلبوستان؟

— بۇ جاۋاب مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئەگەر سىز دىلبەرنى ھەقىقەتەن يادىڭىزدىن چىقارغان بولسىڭىز ئۇ چاغدا مەن سىزگە بىر ھەقىقىي دوست، سىزنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئۆگىنىشىڭىزگە ھەمدەم بولالايدىغان مەڭگۈلۈك سىرداش تېپىپ بەرمەكچىمەن.

— ۋاھ، مېنىڭ ئۆگىنىش، ئىجادىيىتىمگە ھەمدەم بولىدىغان سىرداش دوست تاپىدىغان ئىش بولسا بۇ بەكمۇ ياخشى ئىشكەندۇق. لېكىن مەن سىزگە شۇنى ئوچۇق ئېيتىپ قويا ي، گۈلبوستان. مەن سايىتجان مۇئەللىمگە مەكتەپ پۈتتۈرگىچە مۇھەببەت ئاتلىق ئاتنى ھەرگىز مىنمەيمەن دەپ ۋەدە بەرگەن.

— ھەقىقىي مۇھەببەت قانداقتۇر ۋەدە، قەسەم دېگەنلەرنى بىتچىت قىلىۋېتىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە بىر سىرلىق مۆجىزات. پەرھات، سىز بۇنىڭغا تۈزۈكرەك جاۋاب بەرمىسىڭىز سىزگە تەلپۈنگەن، بارلىقىنى بېغىشلاشقا تەييار تۇرغان بۇ غۇنچە سولىشىدۇ، بەرگى قايرىلىدۇ. ئۇمىدسىز شەيتان دېگەننى ئاڭلىغانمۇسىز.

— بۇ غۇنچىمۇ مەكتەپ پۈتتۈرگىچە ئۆز نازاكىتىنى، خۇش پۇراق ھىدىنى ساقلاپ تۇرسا ئۇنىڭ گۈزەللىكى تېخىمۇ نامايان بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— خاتالاشتىڭىز، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان گۈل ھېچقاچان پۇرسەت كۈتۈپ ئېچىلىشنى كېچىكتۈرەلمەيدۇ.

«ئۆڭكۈر»نى جىمجىتلىق قاپلىدى. قۇدرەتنىڭ يۈرەك سوقۇشى تېزلەشتى. ئۇ شۇ تاپ ئاشۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى تىنچسىزلىق ئىچىدە ئۇلارنىڭ يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىپ كېتى-

ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك ، ئاشۇنىڭغا تەڭكەش بولۇۋاتقاندەك ئۆزىنىڭمۇ يۈرەك رىتىمىنىڭ تېزلىشىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى . شۇڭا ئۇ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ، ئەگەر مۇشۇ جىم-جىتلىق ئۇزۇنغا سوزۇلسا ئۆزىنىڭ دەرمانسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ تۇراتتى . شۇ تاپ ئۇ پەرھاتنىڭ ئىتتىكرەك ئېغىز ئېچىپ بۇ ئۆلگۈر جىمجىتلىققا خاتىمە بېرىشىنى تىلەپ تۇراتتى .

— تېزرەك جاۋاب بەرمەمسىز ، پەرھات ، — گۈلبوستاننىڭ ئاۋازى ئەمدى يىغلامسىرىغاندەك چىقىۋاتاتتى ، — سىززە ، قاراپ تۇرۇپ بىر غۇنچىنىڭ ۋاقىتسىز سولىشىشىنى ، خۇش پۇراق ھىدىنىڭ دەپنە قىلىنىشىنى كۈتمەكچىمۇ ؟ !

— گۈلبوستان ، — دېدى پەرھات ئاخىر ئېغىز ئېچىپ ، — گەپنى بۇنداق ئەگىتمەي دەۋېرىڭە ، ئۇ زادى كىم ؟ !

— شۇنىمۇ بىلمىدىڭىزمۇ ياكى قەستەن شۇنداق گەپ ئەگىتىۋاتامسىز پەرھات ، ئۇ مەنغۇ !

ئەمدى كىشىنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان دىمىق ھاۋا قۇدرەتنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قامال قىلىپ يېنىك تىترەك ئۇلاشقان بەدىنى قىزىشقا باشلىدى . ئۇ ئەلەم بىلەن يېنىك تولغاندى . تۈگۈلگەن مۇشتى ئېچىلىپ ، سۆگەتنىڭ ئاق سېرىق شېخىنى زەرب بىلەن چىڭ قاماللىدى . ئۇنىڭغا شۇ تاپ جاھان بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك بىلىنىپ كۆز ئالدىدا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا ئۆتكەندى .

— مەن سىزنىڭ بۇنداق دېيىشىڭىزنى زادىلا ئويلىماپتىمەن گۈلبوستان ، — دېدى پەرھات ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان قۇدرەت جىددىيلىشىپ ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى ، — سىزنىڭ ئەسلىي ياخشى كۆرۈشكە تېگىشلىك ئادىمىڭىز مەن ئەمەس باشقا بىرى ئىدى ، بىراق سىز...

— بولدى سۆزلىمەك ،— دېدى گۇلبوستان ئۇنىڭ گېپىنى چورتلا ئۈزۈپ ، «سۆيگۈگە قارا كۆچ بولالماس ھاكىم ، مۇھەببەت ئالدىدا مەغلۇبتۇر زورلۇق» دەيتتىڭىزغۇ . مەن بىلىمەن پەر-ھات ، سىز ماڭا قۇدرەتنى سايە قىلىۋاتىسىز . بىراق مەن ئۇنى يۇرتلۇقۇم بولغىنى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈشۈم كېرەكمىكەن؟ ! مەن سىزگە دەپ قويالاي ، مەن قۇدرەتنى ياخشى كۆرمەيمەن ھەم ياخشى كۆرگەنمۇ ئەمەسمەن .

— گەپنى ئۇنداق ئۈزۈۋەتمەڭ گۇلبوستان ، مەن سىزگە دېسەم قۇدرەت سىزگە ئۆلگۈدەك ئاشىق . ئۇنىڭ رايىنى قايتۇرۇپ ئۇۋالىغا قېلىپ يۈرمەڭ يەنە .

— مېنى ئۇنداق قىينىماڭ پەرھات ، مۇھەببەتنى زورلاپ شەكىللەندۈرىدىغان ئويۇنچۇق ئەمەس ، مەن سىزگە مەكتەپكە كەلگەن كۈنىدىن تارتىپلا ئاشىقمەن .

قۇدرەت پۈت - قولىنىڭ يېنىك تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئەمدى بۇ يەردىن كېتىپ قېلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ يەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن بەدىنىنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئۆزىگە بويسۇنۇش ئىقتىدارىدىن تامامەن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ يەتتى - دە ، كۆزىدىن ئىختىيارسىزلا تاراملاپ ياش تۆكۈ-لۈشكە باشلىدى .

— نېمە دېسىڭىز دەڭ ، گۇلبوستان ، — دېدى پەرھات ،— مەن باشقىلارنى ئازابلاش ھېسابىغا مۇھەببەت تۇتۇش-نى ھەرگىز خالىمايمەن .

«ئۆڭكۈر»دىن مىشىلدىغان يىغا ئاۋازى كەلدى . قارىغاندا گۇلبوستان پەرھاتنىڭ شۇ قەدەر قەتئىي بەرگەن زەربىسىگە بەر-داشلىق بېرەلمىگەندەك تۇراتتى .

— مېنى نېمانچىۋالا قىينايدىغانسىز پەرھات ،— دېدى گۇل-بوستان يىغلامسىرىغان ھالدا ،— مەن سىزنىڭ ياخشى كۆرۈشى-ڭىزگە ئەرزىمەمدىمەن زادى . قەلبىڭىزدە ماڭا بىرەر كىشىلىك ئورۇن يوقمۇ زادى؟ !

www.uyghurkitap.com

— بولدى يىغلاۋەرمىسىڭىزچۇ ، سىرتتا ئۆگىنىش قىلىپ يۈرگەن بالىلار بار . ئاڭلاپ قالمىسۇن .

— ئاڭلىسا ئاڭلىسۇن ، كارىم نىمە .

— ئۇنداق دىمەڭ گۈلبوستان ، سىز ناھايىتى ئەقىللىق ، نازاكەتلىك قىز . قۇدرەتمۇ ياۋاش بولغىنى بىلەن تىرىشچان ، ئەقىللىق يىگىت . ئىككىڭلارنىڭ بەختى ھەممىمىزنىڭ بەختى . چۈنكى ئۇ سىزگە غايىبانە ئاشىق ، پەقەت تىل يېرىپ سىزگە ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلالماي يۈرىدۇ شۇ .

— ئاشىقلىقى قۇرۇسۇن ئۇ مۆرىمەسنىڭ .

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ ، ياۋاشلىقىدىن گەپ قىلالمايۋاتىدۇ .

— بولدى ، چۈشەندۈرۈۋەرمىسىڭىزچۇ پەرھات . ماڭا كىرى-كى پەقەتلا سىز ، پەرھات...

— ۋوي ، نىمە قىلىۋاتىسىز ؟ ! بۇنداق قىلماڭ دەيمەن .

— مېنى ئۇنداق قىينىماڭ ، پەرھات .

— ۋاي - ۋوي ، بولدى قىلىڭ دەيمەن .

پەرھات ئۆڭكۈردىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقتى . ئۇ چىقىپلا خۇددى تامدەك تاتارغان ھالدا كۆل قىرىدا تۇرغان قۇدرەتكە كۆزى چۈشتى - دە ، خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان بالىدەك بېشىنى ئەگدى . قۇدرەتمۇ پەرھاتنىڭ چىقىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەچكە ئۇنى كۆرگەن ھامان ھودۇقىنىدىن نىمە دېيىد-شىنى ، نىمە قىلىشىنى ئۇقماي تۇرۇپلا قالدى . «ئۆڭكۈر»دىن «يۈرىكىڭىز تاش ئىكەن پەرھات» دىگەن ئاۋاز ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئېسەدىگەن بىر خىل مۇڭلۇق كۈي كېلىۋاتاتتى . شۇ تاپتا پەرھات بىلەن قۇدرەت ھەر ئىككىسىلا ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قىسىلى-ۋاتقاندەك ناھايىتى يېقىمسىز بىر كەيپىيات ئىچىدە روھسىزلىنى-ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ تۇراتتى .

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ قۇدرەتمۇ ، پەرھاتمۇ ، ھەتتا گۈل-بوستانمۇ بىر - بىرىگە ئانچە تۈز قاراپ كېتەلمىدى . ھەممىسى-

نىڭ كۆڭلىدە بىر خىل ئوڭايسىز كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى . لېكىن گۈلبوستان ئۇنداق ئاسان بولدى قىلىدىغانلاردىن ئەمەس-تەك تۇراتتى . ئۇ روھىي ھالىتىنى بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىنلا تەڭشىۋالدى . مانا بۈگۈن ئۇ پەرھات ئۆزى بىلەن بىللە بازارغا چىقماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندى ، لېكىن ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە پەرھات «مەن مېھمان قىلىمەن» دەپ مەيدە قېقىپ ئۇلارنى شەھەرگە ئەكېتىۋاتىدۇ . ئايپەرنىڭ دېگىنى راست ئوخ-شىمامدۇ ، دىلبەر بىر پارچە خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمىنى تاپشۇرۇپ بوپتۇ . دېمەك ، پەرھاتنىڭ ئاخىرقى ئۇمىدلىرىمۇ يوقqا چىقتى دېگەن گەپ .

پەرھاتمۇ شۇ تاپ خىياللىرىنىڭ داۋامىنى خۇددى يىپ پوم-زىكىنى يۆگىگەندەك يۆگەپ كېتىۋاتاتتى . ئەمدى ئۇنىڭ خىيالىغا بىللە كېتىۋاتقان گۈلبوستان ئەمەس ، بەلكى ئۆزلىرىگە خۇددى ئاتا - ئانىسىدەكلا كۆيۈنىدىغان سىنىپ مەسئۇلى سايىتجان مۇ-ئەللىم كىرگەندى ، ئۇ تېخى بىر ئاي بۇرۇنلا ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشكەندى .

— پەرھات ،— دېگەندى مۇئەللىم ناھايىتى جىددىي بىر مەسىلە ئۈستىدە سۆز ئاچقاندەك ئەستايىدىل رەۋىشتە ،— بۇنداق گەپنى ئەسلىي سىزگە دەپ ئولتۇرمىسام بولاتتى . چۈنكى سىز ھەق بىلەن ناھەقنى ، ياخشى بىلەن ياماننى پەرقلەندۈرەلەيدىغان تالانتلىق ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . لېكىن مەن مۇشۇ نەچچە ئايدىن بۇيان سىزدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشتىن ھەقىقەتەن ھەيران بولۇۋاتىمەن . چۈنكى سىز ھەر ۋاقىت بىر سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى ئىكەنلىكىڭىزنى ، ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى-نىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى سىزنىڭ كەيپىياتىڭىزغا باغلىق ئىكەنلىكىنى يادىڭىزدىن چىقارماسلىقىڭىز كېرەك . بىلىۋاتى-مەن ، سىز مەندىن يوشۇرغىنىڭىز بىلەن كۆزىڭىز شۇ تاپ ھەم-مىنى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ . مەكتەپتە ئېنىق بەلگىلىمە بار ، مۇھەب-

بەتلىشىش چەكلىنىدۇ . لېكىن ، بۇ بەلگىلىمىنىڭ كېرەككە كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن . چۈنكى ئالىي مەكتەپتە پۈتۈنلەي رەسىدە بولغان قىزلار بىلەن بالاغەتكە يەتكەن يىگىتلەر ئوقۇيدىغان بولغاچقا ئۇلارنى مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە باشقۇرىمەن دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ياق ، قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ، لېكىن بىز شۇنى مەڭگۈ ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى ، ساددا ، بىردەملىك ھېسسىيات ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەت ساختا بولىدۇ . ئۇ ئاشۇ ياشلارنىڭ ھاياتىغا چۈشكەن مىتە قۇرتقا ئوخشايدۇ . مانا مۇشۇنداق يولغا كىرىپ قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىش قىزغىنلىقى تەبىئىي سۇسلىشىپ ئۇلارنى چۈشكۈنلۈك گىردابىغا سۆرەپ كىرىدۇ . سىز ئەسلىي ئۆگىنىش ياكى ئىجادىيەتتە بىزنىڭ ، يەنى مەكتەپنىڭ مۆلچەرىدىن جىق ئېشىپ كەتتىڭىز . مەكتەپ تەشكىلى ھازىر سىز بىلەن ئابدۇسالامغا تەربىيىلەش ئوبيېكتى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشىمىزنى ئويلىشىۋاتىدۇ . دېمەك ، پارلاق ئىستىقبال سىلەرنى كۈتمەكتە . ئەمدى سىز مۇھەببەتتىكى ئاشۇ كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلى چېكىنىپ كەتسىڭىز زىيىنى كىمگە بولىدۇ؟ بۇنى ئوبدانراق ئويلاڭ ، پەرھات .

پەرھات مۇئەللىمنىڭ بۇ تەنبىھ ئارىلاش نەسىھەتىدىن خىجىل بولۇپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى . گەرچە بۇ مۇئەللىم ئۆزىدىن بىر نەچچە ياشلا چوڭ بولسىمۇ ئۇنىڭ ھېكمەت ئارىلاشقان سۆزلىرى بەئەينى بىر پارچە چوغدەك ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى قىزىتىشقا باشلىدى .

— مۇئەللىم ، — دېدى پەرھات ئوڭايسىزلانغان ، ھەتتا ئۆز ئىشىدىن نومۇس قىلغان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، — كەچۈرۈڭ ، ئالدىڭىزدا مەن بەك خىجىل .

— بولدى ، بىز ھازىر دوستلارچە پاراڭلىشىۋاتىمىز پەرھات ، — دېدى سايىتجان مۇئەللىم سىپايىلىك بىلەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ، — مەن سىزنى نوقۇل ھالدا بۇ يولدىن چەكلىمەك-

چى ئەمەسمەن . مېنىڭچە ، ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشىدا پەقەت ھەقىـ
قىي مۇھەببەتلا ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەتنىڭ داۋانلىرىدا بىر ـ
بىرىگە سەپەرداش ، يۆلەكداش ، ھەتتا قەلبداش بولالايدۇ . بۇنىڭ
يامان يېرى يوق . مۇنداق مۇھەببەتنى رەت قىلىشقا ھەققىمىزمۇ
يوق ، پەرھات ، لېكىن مەن ھازىر دىلبەرنىڭ كېيىنلىكىدىن
ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن . مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەپ قال
ماڭ ، سىلەر مەكتەپكە كېلە ـ كەلمەيلا مۇھەببەتلىشىپ قالغاند
كەنسىلەر ، ھازىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدىڭىز . بولدى قىزار
ماڭ ، مېنى ھېچنېمە بىلمەيدۇ دەپ قالماڭ . ئۇنداقتا سىز ئۇنىڭ
دىن ئايرىلىپ كەتتىم دەپلا ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسا يەنە
بولماس . چۈنكى مەن دېمىسەممۇ ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى
مەندىن ئوبدان بىلىسىز ، ئۇ دەرسلەردە چېكىنىپ كەتتى ، مۇ
شۇنداقلا كېتىۋەرسە ئۇنىڭ ئىشى چاتاق .

— بىلىۋاتىمەن مۇئەللىم ، ئۇ ھازىر دەرسلەردە راستتىنلا
چېكىنىپ كېتىۋاتىدۇ . بۇنى…

— بولدى ، كېكەچلىمەڭ ، ئۇنى بۇ يولدىن قۇتقۇزۇپ قې
لىش مېنىڭچە سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ . چۈنكى بىرىنچىد
دىن ، سىز ئۇنىڭ يۇرتلۇقى ، ئىككىنچىدىن ، ئۇ سىزنىڭ ساۋاق
دىشىڭىز ، ئۈچىنچىدىن ، سىز بۇ سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى .
شۇنداق بولغانىكەن ، سىز ئۇنى قايسىلا تەرەپتىن بولمىسۇن قۇت
قۇزۇشقا ھەقلىق . سىنىپىمىزدىكى بىرمۇ ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپ
تىن چۈشۈپ قېلىشىنى ياكى چارە كۆرۈلۈپ مەكتەپتىن ھەيدىلى
شىنى كۆرگۈم يوق . مەن دىلبەرنىڭ يېنىك مىجەزلىك قىز
ئىكەنلىكىنى ، بىر پۈتىنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەت
كەنلىكىنى سېزىپ قالدىم . بۇ ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋال پەرھات .

پەرھات گەپ قىلالماي دۇدۇقلاپ قالدى . چۈنكى ئۇ ئۆزى
مۇھەببەتلەشكەن بىر قىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىغا مۇشۇنداق يامان
تەسىر قالدۇرۇشى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتكەنىدى .

— خاتىرجەم بولۇڭ، مۇئەللىم، — دېدى پەرھات ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى ۋەدە بېرىۋاتقان بالىدەك جىددىيلىشىپ، — مەن بارلىق ئامالLارنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى بۇ تۇيۇق يولدىن چوقۇم قايتۇرىمەن. ئۈمىدىڭىز پەقەت يەردە قالمايدۇ، مۇئەللىم.

پەرھات ئوقۇتقۇچىسىغا ۋەدە بەرگەن بىلەن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش مەقسىتىگە زادىلا يېتەلمەي خەت يازغانىدى، لېكىن خەتنىڭ جاۋابى ئۇنى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتۇرۇۋەتتى. مانا ھازىر ئۇ ئۆزىنى پاناھ تارتىپ يۈرگەن قىز بىلەن مۇرىدەش-كەن ھالدا شەھەر كوچىلىرىنى سەيلە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇئەل-لىمگە بەرگەن ۋەدە ئاشۇ ئىزىدىلا قالسا مۇئەللىمگە قانداق جاۋاب بەرگۈلۈك ئەمدى.

— خىيالغا پېتىپلا كەتتىڭغۇ، ئاداش، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنى خىيالدىن سەگىتىپ، — قەيەرگە ئاپىرىسەن بىزنى، دېمەمە-سەن؟!

— ھە، — دېدى پەرھات چۆچۈگەن ھالدا، — قىنى قىزلار-نىڭ كۆڭلى نېمە تاماققا تارتىدىكىن، ئاڭلاپ باقاي.

— لەڭمەن يەيلى، — دېدى ئايپەرى شوخلۇق بىلەن كۆزلى-رىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — پەرھات ئاران بىر مېھمان قىلاي دېگەندە ئۇنى ئوبدانراق تەرلىتەيلى.

— ئۇزۇپ تاشلاپ ئەتكەن سۇيۇقئاش ئىچسەك ياخشى بولاتتى، — دېدى گۈلبوستان پەرھاتقا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ، — قاسقان بازىرىنىڭ دوقمۇشىدىكى ھېلىقى ئاشخانىدا تاماق بەك ئوخشايتتى.

— بولدى ئەمىسە، دەل شۇ يەرگە بارايلى، — دېدى پەرھات تېزلا ئىنكاس قايتۇرۇپ، — ھەممىمىز بىر خىللا تاماق بۇيرۇماي كۆڭلىمىز خالىغان تاماق يەپ باقايلى. ئۇندىن باشقا ھەر بىرى-مىزگە ئىككى زىختىن كاۋاپمۇ كەلتۈرەي.

— مانا ئوغۇل بالا، — دېدى ئابدۇسالام، — بۈگۈن كۈن

قاياقتىن چىقتى ، پەرھات ؟
— ئوخشاشلا شەرقتىن ،— دېدى پەرھات كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ .
ئۇلار شوخ كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن قاسقان بازىرىنىڭ دوقمۇشىدىكى بۇ كىچىككىنە ، لېكىن مېھرى ئىسسىق ئاشخانىغا كىرىپ كەلگىنىدە ئاشخانا ئىچىدىكى ئۇستەللەردە لىققىدە مېھمان ئولتۇراتتى .
— مانا ماۋۇ ئېسىل مېھمانلارغا قاراڭلار ،— دەپ ۋارقىرىدى ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ خېرىدار تۇۋلىغاچ مانتا تۈگۈۋاتقان ئاشپەز بالا ،— ناۋات چاي دەملەڭلار ياخشى مېھمانغا .
دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئالدىغا قويۇلغان يوغان مەشنىڭ ئۈستىدىكى مانتا قاسقىنىنى ئاچقان مانتىچى بالا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ توۋلاشقا باشلىدى .
— مانا قايلاڭلار ، ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشىدە ئەتكەن پېتىر مانتا تەييار بولدى . ئوغۇل بالا ئەركەك مېھمانغا مانا بىر مانتا ، ئىككى مانتا ، ئۈچ مانتا... مانا كەتتى ئون مانتا ،— دەپ توۋلىغان مانتىچى بالا كىچىك تەخسىگە سالغان تۆت مانتىنى ئىشىك يېنىدىكى تاختىپەرگە قويۇپ توۋلىدى ،— ھاي تاڭجاڭ ، ياخشى مېھماننىڭ ئون مانتىسى تەييار بولدى مانا .
ئابدۇسالام بىلەن پەرھات ئاشپەز ، سامسىپەز ، مانتىپەز بالىلارنىڭ بەس - بەستە خېرىدار چاقىرىشلىرىدىن ئۇلاردىكى مول تىل بايلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىپ ئولتۇرغىنىدا ئالدىغا ئاق پەشتاما تارتىۋالغان تاڭجاڭ ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بولۇپ سورىدى :
— نېمە تاماق يېيىشلىكىن مېھمانلار...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون توققۇزىنچى باب خارۇ زار

«مىسكىنلىك بىچارىلىكتۇر،
بىچارىگە تىل سالماق نادانلىقتۇر»
— خاتىرەمدىن

ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئوقۇش يىلى ئوقۇغۇچىلارنى ئەڭ شېرىن ۋە تاتلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر، ئاجايىپ بىغۇبار خىيال، پىلانلار، يېڭىچە ھېس ـ تۇيغۇلار قۇچىقىدا يېنىك ئەركىلىتىدىغان بىر يىل. ئۇلار گەرچە بۇ ئوقۇش يىلىدا ئۆزىگە بەش يىل مەرىپەت ئۇرۇقى چېچىپ، يارامىلىق ستۇدېنتلاردىن قىلىپ چىقىش ئۈچۈن قان ـ تەر تۆككەن ئانا مەكتىپىدىن، كۆيۈمچان ۋە تەلەپچان ئۇستازلىرىدىن، خۇددى ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردەكلا ئىچىكىشىپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىشتەك ھىجران ئازابى ئۆزلىرىگە بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئازابلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بەش يىللىق ئوقۇش مۇددىتىنى غەلىبىلىك تاماملاپ جەمئىيەتكە چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن شادلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ئاقلاپ يارامىلىق بىر ستۇدېنت سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىدىن، ئۇلارنى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىپ، خىزمەتنى ئەڭ ياخشى ئىشلەيدىغان بىر ۋاپادار پەرزەنت بولالايدىغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى تاتلىق خىياللار سۈرۈشىدۇ، مەكتەپتىن، ئۇستازلىرىدىن، ئەڭ مۇھىمى ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىش ئازابىدا ئازابلىنىۋاتقان بۇ ستۇدېنتلار ئەنە شۇنداق ئەبجەش خىياللار قۇچىقىدا يېنىك ئەركىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلەش خاتىرە دەپتەرلىرىنى

بىر - بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ئەڭ يارقىن جۈملىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلىق تەسىراتلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇش ، بىللە رەسىمگە چۈشۈش ئۈچۈن ئالدىرىشىدۇ .

«ھۆرمەتلىك ساۋاقدىشىم ، — دەپ يازغاندى ئو-يۇن - تاماشىغا ئامراقراق بىر ساۋاقداش ئابدۇسالامنىڭ ئەسلەش خاتىرىسىغا ،— مەن يېڭى كەلگەن چاغلاردا سېنىڭ جىمىغۇرلۇقۇڭ ، كەمسۆزلۈكۈڭدىن ئىچىدە پاتمانلاپ دەردى بار بىر بالىكەن جۇمۇ دەپ ئويلىغانىدىم . كېيىن بىلدىمكى سەن بىلىم ئېلىش پۇرسىتىنىڭ ئۆزۈڭگە كېچىكىپ نېسىپ بولغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ جىمىپ كەتكەنىكەنسەن . لېكىن سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن كۆپ ھالقىپ كەتتى . سەن سىنىپىمىزدا (سەنلا ئەمەس پەرھاتمۇ بار ، ئەلۋەتتە ) قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى ياراتتىڭ . شۇڭلاشقا مەكتەپ ساڭا كۆز تاشلاۋاتىدۇ . ھەتتا ، نۇرغۇن نەشرىيات ، ئاخبارات ئورۇنلىرى سېنى ساقلاۋاتى-دۇ ، دېمەك سەن يا ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ياكى بىرەر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر دېگەن گەپ ، مەن سېنىڭ ئاشۇ كەلگۈسىڭنى پەرەز قىلغىنىمدا ئىقتىدارلىق ستۇدېنتلارنىڭ كەلگۈسىنىڭ ھەقىقەتەن پارلاق ئىكەنلىكىگە كۆزۈم يەتتى . ھۆرمەتلىك ساۋاقدىشىم ، سەن مەندەك بىر ساۋاقدىشىڭنىڭ سەن بىلەن بىللە بەش يىللىق ئۆزۈن سەپەرگە قاتنىشىپ ، ئازراق بولسىمۇ بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلىغانلىقىغا ئى-شىنەمسەن؟ ئەگەر ئىشەنسەڭ مېنى بەش يىلدىن كېيىن يۇرتۇمدىن ئىزدە . شۇ چاغدا مەكتەپتە تېخى تولۇقلاپ بولال-مىغان بىلىمنى جەمئىيەتكە چىقىپ تولۇقلاپ نەتىجە يارات-قان بىر يېپيېڭى ساۋاقدىشىڭنى كۆرىسەن . شۇ چاغدا بەش يىللىق سىنىپداش ، تاماقداش ، سەپەرداش بولغان ساۋاقداش دوستۇڭ ساڭا كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ .

ھۆرمەت بىلەن : ساۋاقدىشىڭ XX »

www.uyghurkitap.com

ئابدۇسالام قوشنا ياتاقتىكى بۇ ساۋاقداشنىڭ چىن يۈرىكى-
دىن چىقىرىپ تۇرۇپ يازغان بۇ ئەسلەش خاتىرىسىنى كۆرۈپ
قاتتىق ھاياجانلاندى . توغرا ، بۇ ساۋاقدىشى بىر چاغلاردا ئۇنى
مەسخىرە قىلغان .

— بولدى قىلساڭچۇ ئابدۇسالام ھوي ، ئۆلمەيدىغاندەك ئول-
تۇرۇۋالىدىكەنسەن . ئاز - تولا ئويۇن - تاماشىغىمۇ ۋاقىت
ئاجرات . مۇشۇنداقلا ئولتۇرىدىغان بولساڭ بەش يىلدىن كېيىن
بوۋاي بولۇپ قالىسەنغۇ . ھېلىمۇ بوۋايدەكلا ياۋاشسەن .

— مەن سىلەرگە ئوخشاشمايمەن ،— دەپ ئۇنىڭغا تەنبىھ
بەرگەنىدى ئابدۇسالام ،— سىلەر دېگەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈ-
رۈپ ئاندىن مەكتەپكە كەلگەن ئوقۇغۇچىلار . لېكىن مەنچۇ ؟ مەن
دېگەن يېرىم چېلەك سۇ . تولۇقسىزنىمۇ تۈزۈك ئوقۇيالمىدىم .
شۇڭا ھەممىنى بىر باشتىن تولۇقلىشىم كېرەك .

— ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن بولدى ئەمەسمۇ ،
نېمىدەپ يەنە جان قىيناۋېرىسەن دەيمەن ساڭا .

— شۇڭا ئالىي مەقسەت بىلەن ئوقۇي دېدىم شۇ .

شۇ چاغدا ئۇ ئابدۇسالامنىڭ بۇ سۆزىگە ھېچقانداق ئىپادە
بىلدۈرمەي ھاڭۋاققان قىياپەتتە مەنىلىك تىكىلىپ قالغانىدى .
مانا ئابدۇسالام بەش يىلدا ئۈچ قېتىم مەكتەپ بويىچە ئۈچتە
ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ سىنىپ كوللېكتىپىغا ھەمدە ئۆزىگە
شان - شەرەپ تاجىسىنى قوندۇرغان چاغدا بۇ ساۋاقدىشى ھەممى-
نى چۈشىنىپ يېتىپ ھېلىقى مەسخىرىلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن
ياپقان ھالدا ئۇنىڭدىن تۆيدۈرماي كەچۈرۈم سورىغانىدى . ئەمدى
ئۇمۇ ئاشۇ ساۋاقدىشىنىڭ خاتىرىسىگە مۇۋاپىق سۆز يېزىپ قال-
دۇرۇشى كېرەك . ھاياجانلىق خىتاب ، تەسىرلىك ئىبارىلەر بى-
لەن توشقان بۇ خاتىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ قويۇق چاچلىرىنى يانغا
تاراپ شۇنداق روھلۇق چۈشكەن رەسىمىنى چاپلاپتۇ . ئاق كۆڭ-
لەككە ماسلاشتۇرۇپ چىگىۋالغان گالىستۇكى ئۇنىڭغا شۇنداق

سۇر ـ سالاپەت ئاتا قىپتۇكى ، شۇ تاپ ئۇ ساۋاقداشلار نەزىرىدە ھەر ۋاقىت زىكرى قىلىنىدىغان داڭلىق يازغۇچى ـ شائىرلاردەك قىياپەتتە كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ .

ئابدۇسالام ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا مەستلىكى كەلگەن ھالدا بىر پەس قاراپ تۇردى ـ دە ، ئۇنىڭ خاتىرىسىنى قولىغا ئېلىپ ، ۋاراقلاشقا باشلىدى . ئۇ پەرھاتنىڭ باش تەرەپكىلا چاپلانغان سۇ- رىتىگە قاراپ توختاپ قالدى . تېگى ـ تېگىدىن سېرىقلىقى چىقىپ تۇرىدىغان دۈگىلەككىنە يۈز ، داۋاملىق گىرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقىلىپ تۇرغاچقىمىكىن قارىچۇقلىرى ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن- دەك تەسىرات بېرىپ تۇرغان ئورا كۆز ، ئېقىپ چۈشكەندەك كۆرۈنىدىغان قىرلىق بۇرۇن ، ساۋاقداشلارنىڭ چاقچىقى بويىچە تولا سۆزلەپ كېرىلىپ كەتكەن ئېغىز ، ماڭلاي چاچلىرى شالاڭ- لاپ چېكە چاچلىرى ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ، يەنىلا دولقۇنلاپ تۇرغان دەريانى ئەسلىتىدىغان تەبىئىي بۇدۇر چاچ ، ئۆزىگە خوپ يارىشىدىغان ناۋات رەڭ كاستۇمنىڭ ئىچىدىكى ئورۇق گەۋدىگە سالاپەت بېرىپ تۇرىدىغان ئالابالداق گالستۇك ، بۇغدىيەكلىرى روشەن بىلىنىپ تۇرىدىغان ئىنچىكە بويۇن…

ئابدۇسالام خۇددى پەرھاتنىڭ بۇ رەسىمىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سىنچىلاپ قاراپ دوستىنىڭ بۇ سالاپىتىدىن پە- خىرلەنگەن ھالدا كۈلۈپ قويدى . چۈنكى ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى ئۇلار بىرلىكتە ھېيتگاھ ئالدىدىكى رەسىمخانىدا بىللە سۇرەتكە چۈشۈپ ئۆمۈرلۈك خاتىرە قالدۇرۇشقان ھەمدە مەكتەپ پۈتتۈ- رۈش ھارپىسىدا كېرەك بولىدىغان بۇ سۇرەتنىمۇ شۇ چاغدا چۈ- شۈپ قويغانىدى . ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ رەسىمخانىدا خۇددى قىز- لاردەك ناھايىتى تۈجۈپىلەپ ياسىنىشلىرىدىن زېرىكتى .

— ئاداشوي ، قىز باللاردەك ياسىنىپ ئەرگە تېگەمتىڭ دەيمەن ، بولدى قىلغىنە ئەمدى ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ قولىدىن تارغاقنى تارتىپ ئېلىۋېلىپ ،— قاراپ تۇرسام مانا چې-

چىڭنىلا ئون مىنۇت تارتىدىكەن.

— بىز غۇلجىلىقلار بارغۇ ياسىنىش ـ تارتىنىشقا بەك ئەھمىـ
يەت بېرىمىز ئاداش، — دېدى پەرھات ئادىتى بويىچە كۆزەينەكـ
نى ئوڭ قولى بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — بەزىدە قىش
كۈنلىرىمۇ ئايىغىمىزنى ئادەمنىڭ شولىسى چۈشكۈدەك مايلاپ
پارقىرىتىپ، بۇرۇلكىمىزنىڭ قىرىنى پىچاقنىڭ بىسىدەك چىقىـ
رىپ كوچا چىڭداشقا چىقىپ قالىمىز دېگىنە. ئۇنداق چاغلاردا
تېخى يېلىڭلا كىيىنىۋېلىپ، سوغۇقتا تىترەپ تۇرساقمۇ «غۇلجا
باللىرى بىز، سوغۇقتا توڭمايمىز، تام تۆپىسىگە چىقىۋالساق
ئىتتىن قورقمايمىز» دەپ قاردىن غاچىلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ
كېتىۋېرىمىز ئەمەسمۇ. چۈنكى ئادەم دېگەن سالاپەت بىلەن قىياـ
پەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدۇ.

ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ بۇ سۆزىنى ئەسلەپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ
قويدى. مانا ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈشنى مىزان قىلغان بۇ
يىگىتنىڭ سۈرىتى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك
سالاپەت بىلەن خاتىرىنىڭ باش بېتىگە ئاجايىپ ھۆسن قوشقانـ
دى.

ئابدۇسالام خاتىرىنى يېپىپ ھېلىقى ساۋاقداشنىڭ سۆزىگە
يارىشا بىرەر ئەسلىمە قالدۇرماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ
تاپ ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر شېئىري مىسرا تىزىلىپ چىقماقتا
ئىدى. توغرا، مۇۋەششەھ يېزىش كېرەك. ئون نەچچە ساۋاقدىـ
شىغا مۇۋەششەھ يېزىپ بەرگەچكە ئۇ ھازىر بۇنى يېزىشقا ئوبدانلا
پىشىپ قالغانىدى. ئەمدى بۇنىڭغىمۇ مۇۋەششەھ يازسا ئاشۇ ساـ
ۋاقداشنىڭ يوشۇرۇن ئىپادىلىگەن كەچۈرۈم سوراشلىرىغا جاۋاب
بېرەلەيدۇ.

ئۇ شېئىر يېزىشنى ئويلىغىنىدا داۋاملىق دېرىزە تۈۋىگە
كېلىپ، بىپايان تەبىئەت قوينىدا ئەركىنلەپ ياتقان بوۋاقتەك
ئادەمگە بىر خىل ئامراقلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان مەكتىپىنىڭ

ئاشۇ دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇرجەكلىرىگە نەزەر سېلىش ئۇنىڭ ئادەت خاراكتېرلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى .

يازنىڭ يارىشىملىق يېشىل تونىنى يېپىنچا قىلغان مەكتەپ-نىڭ بۇ ئالمىلىق بېغى شۇ تاپ ستۇدېنتلارنىڭ ئۆگىنىش قىلىدى-غان ، بىر - بىرى بىلەن پىكىرلىشىدىغان ، سىردىشىدىغان ماكا-نىغا ئايلانغان . ئالما شاخلىرىنىڭ ئەڭ ئۇچىدا ئۇ يەر ، بۇ يەرلىـ-رىدە قېپقالغان ئالمىلار قۇياش نۇرىدا ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك ھالدا قىزارغان ، باغ چۆرىسىدىكى ھەممە ئالمىلار-نىڭ تۈۋىدىكى ئورۇندۇقلاردا كىتاب كۆتۈرۈۋالغان قىز - يىگىت-لەر قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن . ئۇلار شۇ تاپ ئىنتايىن روھلۇق ھەم شاد - خۇرام . كۆزلىرىدە بەختىيارلىق كۈلكىسى ئويناپ تۇرغان بۇ ياشلارنىڭ چېھرىدىكى كۈلكە ئىزنالىرىدىن ستۇدېنت-لارنىڭ كەلگۈسى بەختىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىۋې-لىش تەس ئەمەس .

ئابدۇسالامنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز بىنا ئالدىدىكى ئارچا كۆچە-تىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككىيلەنگە چۈشتى - دە ، چۆچۈپ كەت-تى . چۈنكى ئۇ يەردە پەرھات بىلەن دىلبەر پاراڭلىشىپ تۇراتتى . شۇ تاپ دىلبەر بېشىنى خۇددى گۇناھكارلاردەك ساڭگىلاتقان . ئىككى قولى بولسا ئاق كوپتىسىنىڭ پېشىنى مىجىقلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى . پەرھات ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە ھەدەپ قوللىرىنى شىلتىغان ھالدا بىر نېمىلەر دەۋاتاتتى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى رو-ھىي ھالىتىدىن بىر نەرسىنى قىياس قىلماق تەس . لېكىن ئۇنىڭ دىلبەرگە ئىچى ئاغرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىشقا تامامەن بولاتتى . چۈنكى ئابدۇسالام ئايىپەرىدىن دىلبەرنىڭ ئاخىرقى ئوقۇش يىلىغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا شۇكلەپ كەتكەنلىكىنى ، ھەتتا پەرھاتنى ئىزدەپ كۆتۈپخانىغا بىر نەچچە قېتىم بارغانلىقىد-نىمۇ ئېيتىپ بەرگەنىدى . لېكىن ئابدۇسالام «پەرھات دېگەن جىگىرى بار ئەركەك جۇمۇ ، ئۇ تۇكۇرگەن تۈكۈرۈكىنى ھەرگىز

ئاغزىغا ئالدىغان باللاردىن ئەمەس» دەپ ئايپەرىنىڭ گۇمانلىرى-نى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنغانىدى. ئەجەبا، پەرھات ئەمدى مۇشۇنداق يېنىك تەبىئەتلىك يىگىت چىقىپ قالغانمىدۇ ھە ياكى دىلبەر ئاخىرقى ئوقۇش يىلىدا ھوشىنى تېپىپ، بىلىمنىڭ قەدرىگە يېتىپ قالغانمىدۇ. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئەمەدى كۆزىنىڭ سۆيىنى چىقىرىپ پەرھاتنى ئىزىقتۇرماسلىقى كېرەك — دە.

ئابدۇسالام يەنە پەرھاتلار تۇرغان جايغا قارىدى. ئەمدى پەرھات سۆزلەشتىن توختىغان، دىلبەر كۆز يېشىنى ئېرتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىر نەرسىلەر دەۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرىكى كۆرەڭلىك، مەغرۇرلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىغاندەك تۇراتتى. پەرھات گەرچە گەپ قىلماي تۇرغان بىلەن ئۇنىڭ چىرايىدىن دىلبەرگە بولغان خەيرخاھلىقىنى بىلگۈيلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى.

«ھەي، بىچارە دوستۇم، يەنە بىر قېتىم كولدۇرلىتىشقا ئۇچرايدىغان بوپسەن — دە. مانا ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىقنىڭ ئاقىۋىتى. ئەمدى ئۇ سېنى يەنە نېمە كويلارغا سالار ھە» ئابدۇسالام ئۇلار توغرىسىدىكى ئانالىزىنى ئاخىرلاشتۇرغىنىدا بايا ئېسىگە كەلگەن ھېلىقى مۇۋەششەھ توغرىسىدىكى شېئىرىي ئىلھاملار قەيەرلەرگىدۇر كىرىپ كەتكەن بولۇپ مېڭىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغانىدى.

«خەپ دىلبەر، دوستۇمنى ئالدىغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا قارىتىپ بىر شېئىر يازاي. سېنىڭ ھىيلە — مىكىرىڭنى ساۋاقداشلار ئالدىدا بىر ئاچاي». ئۇ بارلىق غەزەپ — نەپرىتىنى بىر پارچە شېئىرغا يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن مەنىنىمۇ مۇۋاپىق بىر يەرگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر پەس ئولتۇردى — دە، شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسىنى رەسمىي پىشۇرۇپ بولۇپ ھېلى مۇۋەششەھ يازىمەن دەپ قويۇپ قويغان ماقالە قەغىزىگە

«خارۇ زار» نامىلىق غەزىلىنى يېزىشقا كىرىشتى .

ئابدۇسالامنىڭ دىلبەر توغرىسىدىكى ئوي ـ خىيال ، پەرەز ـ لىرى ھەقىقەتەن توغرا ئىدى . چۈنكى دىلبەر ئاخىرقى ئوقۇش يىلىغا قەدەم قويغىنىدا راستىنىلا ئالدىراپ قالغانىدى . سەۋەبىمۇ بەكلا ئاددىي ، ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆزىنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ خۇش قىلىپ يۈرگەن سودىگەر مۇھەممەدئىمىن شاڭگاڭ ئىشەنچىسىز چىقىپ قالغانىدى . ئۇ گەرچە دىلبەر بىلەن بىللە بولغاندا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلى ھامان باشقا يەرلەردە پالاس قاقىدىغان بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى . چۈنكى ئۇ بۇ دۇنياغا خۇددى پۇل تېپىش ، ئويۇن ئويناش ئۈچۈنلا يارالغان ـ دەك ئارىلىشىدىغان ، پۇل خەجلەيدىغان قىز ـ چوكانلىرىمۇ خېـ لى بار ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ستۇدېنت قىزىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى تازا خالاپمۇ كەتمەيتتى . لېكىن ئۇنىڭ دىلبەر مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش مۇمكىنچى ـ لىكىنىڭ تازا ئېنىق ئەمەسلىكىمۇ دىلبەرنى ئالدىرىتىپ قويۇۋا ـ تاتتى .

— مائاشلىق خوتۇن دېگەن باشقا بالا ، — دېگەنىدى ئۇ بىر كۈنى ئۆز ئۆيىدە دىلبەرگە قاتتىقراق تېگىپ ، — خوتۇن كىشى دېگەن رومالغا يۆگىنىپ ئۆيدە ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئول ـ تۇرغىنى ياخشى . خۇدايىم ساقلىسۇن مائاشلىق خوتۇندىن ، كۈن ـ دە خىزمەتكە بارىمەن دەپ چىقىپ كېتىپ نامەھرەملەر بىلەن كۈلكە ـ چاقچاقلىشىپ يۈرسە ئۇنداق خوتۇننى قانداقمۇ ھالاللاپ خوتۇن دەپ ئولتۇرغىلى بولىدۇ .

— شۇمۇ گەپمۇ ، — دېدى دىلبەر ئۇنىڭغا جاۋابەن ، — ھازىر بۇنداق كونا زاماننىڭ گەپلىرىنى قىلىدىغان ئادەملەر قالمىدى دەپ يۈرسەم ئەمدى سىزدىن ئاڭلاۋاتىمەنغۇ بۇ گەپنى .

— بۇ كونا زاماننىڭ گېپى ئەمەس ، خوتۇن كىشى دېگەننى ئۆيدىكى سۈپۈرگىدىنمۇ كۈنلەپ قويۇش ئاتام زاماندىن قالغان

www.uyghurkitap.com

بىر ئۇدۇم . ئۇنداق بولمىسا خوتۇن كىشى دېگەن ئەرنىڭ بېشىغا چىقىۋالامدۇ .

— مۇنداق دېگىنىڭىزدىن قارىغاندا ئوقۇش پۈتتۈرسەم مېنىڭ خىزمەت قىلمايدىغان ئائىلە ئايالى قىلىپ قويىدىغان ئوخشىمامسىز ؟

— توغرا ، خىزمەت قىلغان خوتۇننىڭ مائاشى ئىشىك بېشىغا ئېسىقلىق دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سىز خېنىم .

— مەن خىزمەت قىلمەن دەپ ئوقۇۋاتقان تۇرسام ئەمدى سىز...

— ئوقۇۋېرىڭ خېنىم ، ئادەم دېگەن پېشانىگە پۈتۈلگەن ئىشنى قىلىدۇ . «ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەس» دېگەن گەپ بار ، ئوقۇش پۈتتۈرسىڭىز بىر گەپ بولامدا .

دىلبەر بۇ سودىگەرنىڭ پەرۋاسىزلارچە بەرگەن بۇ جاۋابىدىن چۆچۈدى . دېمەك ، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا دىلبەرنى خىزمەتتىنمۇ ئايرىپ تاشلايدۇ . يەنە تېخى ئۇ دىلبەرنى ئۆيگە بېكىندۈرۈپ سىرتقا چىققاندا يۈزىنى يېپىپ يۈرىدىغان روپاش چوكانلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ دېگەن گەپ .

مانا شۇ كۈندىن تارتىپ دىلبەر ئاستا ـ ئاستا ھوشىنى تاپتى . سودىگەردىنلا ئەمەس ، ئۇنىڭ ئىنىسى ياسىندىنمۇ ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخىرقى ئوقۇش يىلىغا قەدەم قويغاندا بولسا ئۇ تېخىمۇ ئالدىراپ قالغانىدى . چۈنكى ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى يىل ئاخىرىدا تاپشۇرىدىغان دىسسېرتاتسىيىلىرى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى . ئۇلار ھازىر ھەممىسى ئۆزلىرى تاللىۋالغان تېمىلىرى بويىچە بەزىدە بىر نەچچەيلەن ، بەزىدە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بەس ـ مۇنازىرىسىنى باشلىۋەتكەن . دېمەك ، دىسسېرتاتسىيە ياخشى ياقلانمىسا باكالاۋرلىق ئۇنۋانى يوق بولىدۇ دېگەن گەپ . پراكتىكا بىلەن ئىمتىھان نەتىجىسىمۇ ياخشى بولمىسا مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئېلىشمۇ تەسكە توختايدىغان گەپكەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ

مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىمتىھانلاردا كۆچۈرۈپ يۈرۈپ ئارانلا ئاتمىشتىن ھالقىغان نومۇرلار بىلەن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى نومۇر چېكىنى بېسىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمدى مۇشۇ ئاخىرقى ئوقۇش يىلىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى، دىسسېرتاتسىيە، بىرەر مەكتەپكە ئوقۇتۇش پراكتىكىسى قىلىش دېگەنلەردە ياخشى نەتىجە، ياخشى باھالارغا ئېرىشمىسە راستىنلا ئائىلە ئايالى بولۇپ قالىدۇ دېگەن گەپ.

دىلبەر مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك ھېسسىياتلار ئىلكىدە ۋاقىتلىق بولسىمۇ سىرتقا قاتىراشنى توختىتىپ دەرسلەرگە تولۇق قاتنىشىپ، كونسپېكلارنى تولۇق يېزىپ يۈرەتتى. لېكىن، دىسسېرتاتسىيە مەسىلىسىدە ئۇنىڭ كاللىسى تامامەن قۇرۇق ئىدى. ئۇ ھەتتا قايسى تېمىنى تۇتۇشنىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. مانا شۇ چاغدىلا ئۇ مەيلى ئۆگىنىش، مەيلى ئىجادىيەتتە بولسۇن سىنىپنىڭ ئالدى بولۇپ كېتىۋاتقان پەرھاتنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن يولنى خاتا بېسىپ، قەدەمنى خاتا ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە ھەر زامان نەسىھەت قىلىشقا تەييارلا تۇرۇۋاتقان پەرھاتنى ئىزدەپ ياردەم سوراش قارارىغا كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ پەرھاتنىڭ ئۆزىگە ئەمدى قانداق قارايدىغانلىقىنى، ئەگەردە ياردەم سوراپ بارسا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇ پەرھاتنىڭ نەسىھەت ئارىلاشقان خېتىگە بەكمۇ چۈس ھەم ناچار جاۋاب يازغانىدى. مانا مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى ئۇ خېلى كۈنلەرگىچە پەرھاتقا قارىيالماي قالغانىدى. لېكىن پەرھات بۇ خەتكە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەندەك تۇراتتى. چۈنكى ئۇ گەرچە دىلبەرنىڭ ئايرىلىپ كېتىش توغرىسىدىكى بۇ خېتىگە جاۋاب بەرمىگەن، ھېچقانداق بىر ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تەتۈر قارىۋالمىغانىدى، دىلبەرنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان يەنە بىر ئىش پەرھات گۈلبوستاننىڭ مۇھەببەت تەلىپىنىمۇ قەتئىي رەت قىلىپ ئۆزىنىڭ تەنھا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

«ئۇ ماڭا ئۆلگۈدەك ئاشىق ، شۇڭا ئۇمىدىنى ئۈزمىگەن گەپ» دىلبەرنىڭ خىيالىدىن مانا مۇشۇ پىكىر ئۆتكىنىدە ئۇ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى . ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئاشۇ سودىگەردىن قۇتۇلۇپ كېتىش يولىنىڭ مۇشۇ پەرھاتقا باغلىق ئىكەنلىكىنىمۇ قىياس قىلىپ ئۈلگۈردى . ئەگەردە ئۇ دىلبەرنىڭ مۇشۇ ئۈچ يىلغا يېقىن ھېلىقى سودىگەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يۈزىگە سالماي قايتا يۇرۇپ قىلىش تەلىپىنى قويسا جان غوجىكام دەپ ئۇنىڭغا ماقۇل جاۋابى بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى شېرىن چۈشلەرنىمۇ كۆرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى .

دىلبەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ئويغا كېلىشىنىڭمۇ سەۋەبى بار ئىدى . چۈنكى پەرھات گەرچە دىلبەردىن ئايرىلىپ كەتكەن ، دىلبەر ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ بىر سودىگەرنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، پەرھات ئۇنىڭغا ئانچە يامان كۆزدە قاراپ كەتمىگەندەك تۇراتتى . مەكتەپكە ماڭغان تۇنجى يىلى دىلبەرنىڭ ئانىسى ئايىسخاننىڭ : «پەرھاتجان بالام ، قىز بالا دېگەن ئاجىز بولغاچقا يۆلەنچۈككە موھتاج بولىدۇ . ئىككىڭلار بىر يۇرتلۇق بولغاندىكىن بىر - بىرىڭلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار . بولۇپمۇ سىز ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ئۇنىڭ ئېغىر - يېنىكىنى كۆتۈرۈڭ . ئاشۇ ياخشىلىقىڭىز مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار جېنىم بالام» دېگەن گېپىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمىغان پەرھاتنىڭ ھازىرغىچە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئانىسىغا دەپ قويمىغانلىقى دىلبەرنى ئۇمىدلەندۈرۈپ تۇراتتى .

شۇ قېتىمقى يەتتە كۈنلۈك سەپەردە ئۇلار سەپەرداش ساۋاقداشلار ئەمەس ، بەلكى ئۆمۈرلۈك جۈپلەردىن بولۇشقا ۋەدىلىشىپ مەكتەپكە مۇھەببەتلىشىپ قەدەم باسقان بىر جۈپلەردىن بولۇپ قالغانىدى . بىراق رەھىمسىز تۇرمۇش سەپىرى مانا ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىدى . ئەمدىچۇ؟ دىلبەر ئاردىكى توسۇقنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا . چۈنكى پەرھات بۇ

ئىشنى ئايسخان ئانىغا بىلدۈرگىنى يوق . ئۇ ھەر قېتىمقى ياز-
لىق تەتىلدە ئارىدىكى ئازارلىقنى چاندۇرماي ئۇلارنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ . گەرچە دىلبەر قورۇنۇپ تۇرسىمۇ
پەرھات يەنىلا ساۋاقداشلارچە چاقچاق بىلەن ئۇنىڭدىكى قورۇنۇش-
نى يوقىتىۋېتىدۇ . بۇنى ئاز دەپ مەكتەپتە يەنىلا ئۇنىڭغا ياخشى
ئۆگىنىش ئۈچۈن نەسىھەتلەرنى بېرىپ يۈرۈۋاتاتتى . لېكىن دىل-
بەر بۇنىڭ پەقەت سايىتجان مۇئەللىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە
بولۇۋاتقان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە ، پەرھات مېنى يەنىلا
ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئۇنىڭغا سۆۋىشىپ يۈرۈپ ،
دىسسېرتاتسىيىسى ئۈچۈن بىرەر تېما تېپىپ بېرىشكە ، ئاشۇ تېما
بويىچە يازغان ماقالىسىنى تۈزىتىپ بېرىشكە ۋەدىلەرنى ئېلىش
ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ يۈرەتتى ، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ بىر مەزگىل
ئازغانلىقىنى ، ئەمدى بۇنداق يولدا ھەرگىز ماڭمايدىغانلىقىنىمۇ
ئەسكەرتىپ پەرھاتقا مىشىلداپ يىغلاپ بېرىپ يۈرەتتى .

«بوپتۇلا ، بۇرۇن ئازغان بولسا ئەمدى تۈزىلەر . لېكىن
مۇھەببەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس . ئالتۇن بېرىپ
ئېلىپ بولماس سۇنغان كۆڭۈلنى دېگەندەك ئۇنىڭغا كۆڭۈل بې-
رىش يۈزى قارىلىقنىڭ ئىپادىسى . لېكىن توغرا يولغا باشلاي ،
ياردەم قىلىدىغان يېرى بولسا قىلاي . بۇنى مەن دىلبەر ئۈچۈن
ئەمەس ، يىراقتا تۇرۇۋاتقان قىزى ئۈچۈن باغرى ئۆرتىلىۋاتقان
ئاشۇ ئانا ئۈچۈن قىلاي» پەرھات مانا مۇشۇنداق خىياللار بىلەن
دىلبەرنىڭ ھازىرقى سۈركىلىشلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى .

پەرھات بىلەن دىلبەرنىڭ تۇيۇقسىزلا يېقىنلىشىپ قېلىشى ،
بولۇپمۇ دىلبەرنىڭ پەرھاتقا بەكرەك يېقىنچىلىق قىلىشلىرى
دەسلەپ ئابدۇسالام بىلەن ئايپەرنىڭ ، كېيىنرەك پۈتۈن سىنىپ
كوللېكتىپىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى . گۈلبوستان
«توۋا خۇدايىم ، مەن نېمە كۆرۈۋاتىمەن ، ھە» دەپ ياقىسىنى
ئەلەم بىلەن چىشلىدى . چۈنكى بارلىق ساۋاقداشلار نەزىرىدە

www.uyghurkitap.com

پەرھات ھەقىقىي ئەركەكلەرگە خاس سالاپەت ، يىگىتلەرگە خاس ئەركەكلىكى بار بىر ستۇدېنت ئىدى . ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئاق كۆڭۈللۈكى ، چىقىشقاقلىقى بىلەن يىگىتلەرگە خاس سالاپىتى خېلى - خېلى قىزلارنىڭ يۈرىكىنى پىژژىدە كۆيدۈرگەنىدى . ئەجەبا ، ئۇ ئەمدى دىلبەردەك بىر تۇترۇقسىز قىزنىڭ قۇرغان توزىقىدىن چىقىپ كېتەلمەي قالغىنىدىن ھەيران ئىدى ، ئۇنىڭ ئۆزىنى رەھىمسىزلەرچە تاشلاپ كېتىپ بار ئويۇنىنى ئويناپ قايتىپ كەلگەن بىر قىزغا كۆڭۈل بېرىشىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن زادى . بەزىدە شۇ سەۋەبلىك پەرھاتقا سىنىپتا ھەم ياتاقتا ساۋاقداشلار «قىزىم ساڭا ئېيتاي ، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك ياپتا گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى ئەدەپلەشكە ئۆتۈشكەنىدى . لېكىن پەرھات بۇ ئىشتا چۈشەنچە بېرىشنى ئانچە خالاپ كەتمىگەچكە ئۇنچىقماي تۇرۇۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلاپ يۈرەتتى . «نەچچە كۈن سۆزلەپ ھارىدۇ ،— دېگەنلەرنى ئويلايتتى پەرھات ،— ياكى بولمىسا ئۇنى يامان يولدىن قايتۇرۇش توغرىسىدا قىلىۋاتقان بۇ ئىشىمنى ئاخىر چۈشىنىپ قالىدۇ . مەن بەربىر ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ قېلىش ئويۇم بولمىغاندىكىن نېمىدىن قورقىمەن . قورساقتا ئاغرىق بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقماپتۇ ، دېگەندەك بېشىمنى تىك كۆتۈرۈپ يۈرىۋەرمەمدىمەن . كېيىنرەك چۈشەنگەندە مۇشۇ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپمۇ قالار»

لېكىن ئىشلار پەرھاتنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي قالدى . ئابدۇسالام يازغان «خارۇ زار» ناملىق غەزەل مەكتەپ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن دىلبەر ئۇجۇقۇپلا كەتتى . چۈنكى ئۇنىڭدا يېزىلغان ، تەنقىد قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى دىلبەرنىڭ ۋۇجۇدىدا بىخ ئۇرۇپ شاخلىغان ھەمدە ئۇنىڭ شاللاق خاراكتېرىنى ئېچىپ تاشلىغان مەسىلىلەر ئىدى . ئۇنى ئاز دېگەندەك مەتسالىھ بۇ غەزەلنى تەنەپپۇسلاردا دېكلاماتسىيە قىلىپ

دىلبەرنىڭ يارىسىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا تۇز چېچىشقا باشلىغانىدى .
مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى . مەتسالىھ ئىككى سائەتلىك يېزىقچىلىق دەرسى ئاخىرلىشىشى هامانلا دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ هېلىلا يېزىقچىلىق مۇئەللىمى دوسكىغا يېزىپ سۆزلىگەن ئارۇز ۋەزنى توغرىسىدا دېگەن ماۋزۇنىڭ ئاستىغا «غەزەل شەكلى توغرىسىدا بىر ئاز تولۇقلىما» دېگەن خەتنى يازدى ـ دە ، خۇددى ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلىگەندەك ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەك بولۇپ جىممىدە ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىغا يۈزلەندى .
— ساۋاقداشلار ،— دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، دىقماقىنە كەلگەن قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ ، — هېلىراقتا سەمەت مۇئەللىم ئارۇز ۋەزنى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتى ئەينا . ئەمدى مەن ئارۇز ۋەزنىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان شېئىرىيەت شەكلىمىز غەزەل توغرىسىدا ئازراق چۈشەنچە بەرمەكچىمەن .
— بولدى قىلەۋاي ۋات ـ ۋات ،— دېدى ئەزىمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ،— سېنىڭ ئاغزىڭغا قاراپ چۈشلۈك تاماقتىن قۇرۇق قالمايلى يەنە .
— هە ـ راست ، تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى ، هە ، ساۋاقداشلار ، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن گېزىت چىقىرىپ ، — ئۇنداق بولسا مەن غەزەل توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى كېيىنگە قالدۇرۇپ ، ئۇنىڭ مىسالى بولغان ، ساۋاقدىشىمىز ئابدۇسالام ئابدۇساھىپ يېزىپ مەكتەپ گېزىتىدە ئېلان قىلغان غەزەل «خارۇ زار»نى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەي ، ماقىما ؟
— بولدى قىلە ،— دېدى پەرھات ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ،— ساڭا دېكلاماتسىيە قىلىدىغان باشقا شېئىر چىقمىدىما ؟
— ساڭا نېمە دەز كەتتى دەيمەن ،— دېدى مەخسۇت ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ ، — ئۇ شېئىر يا ساڭا قارىتىپ يېزىلمىسا نېمانداق چىچاڭشىيسەن ؟

— شۇ ئەمەسمۇ ، ھە ، گەپنى چاپناپ تۇرماي ئوقى ،— دېدى ئابدۇللا ساۋۇت ئورنىدىن تۇرۇپ ،— بىر قاقۋا بىر قاق قىلىسەن- غۇ سەن شوركا .

— ئوقۇغىنە .

— ئوقۇ .

ساۋاقداشلارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى پەرھاتنى جايىدا جىم- مىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . دېمەك ، بۇ ئىش سىنىپتىكى دىلبەر بىلەن پەرھاتتىن باشقا ھەممە ساۋاقداشلارنىڭ ئورتاق پىكرىدەك تۇراتتى . ئەمدى ئۇلار ياپتا گەپتىن ئوچۇق گەپكە ، ئوچۇق ھۇ- جۇمغا ئۆتمەك بولۇپ بۇگۈن چۈشتىكى تاماق ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگىمۇ پىسەنت قىلماي ئولتۇرۇشاتتى .

— ئەمىسە ، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش قائىدىسى بويىچە مەن دېكلاماتسىيىنى باشلايمەن . دىققەت قىلىڭلار ئەمىسە .

مەتسالىھ گېلىنى قىرىپ گېزىتنى قولىغا ئالدى . ساۋاق- داشلارنىڭ جىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن دېكلاماتسى- يىنى باشلىدى .

نام ـ ئاتاقنا بېرىلىپ كۆيگەن مۇھەببەت خارۇ زار ،
ئۆپكىنى قۇيرۇق بىلىپ سۆيگەن مۇھەببەت خارۇ زار .
پۇل ئۈچۈن جانىنى تىكىپ ، ساختىنى ئاشنا قىلىپ ،
چىن مۇھەببەت ئاشىقىن ساتقان مۇھەببەت خارۇ زار .
سۇ ئىچىپ تەشنالىقتىن قانغان قۇدۇقنا تۈكۈرۈپ ،
ئەھدىگە قىلماي ئەمەل كەتكەن مۇھەببەت خارۇ زار .
كۆرسە پۇلدار ياخشىنى ، ئەربابۇ داڭدار ئەھلىنى ،
ئەسلىي يارى ۋەسلىدىن كەچكەن مۇھەببەت خارۇ زار .
قالسا كۆڭلى بىمەھەل ئۆزگەرسە دىلىنىڭ ھەۋىسى ،
يانغىنى چۈچۈل كەبى ئۆچكەن مۇھەببەت خارۇ زار .
ئاڭلا دوستۇم ، بۇ سۆزۈمنى قىل تەپەككۇر ئويلىنىپ ،
خام خىيال دۇنياسىدا...

— بولدى قىل دەيمەن ، — ئۇستەلىنىڭ گۇم قىلىپ ئۇرۇ-لۇشى بىلەن مىشىلداپ يىغلاۋاتقان دىلبەر يۇگۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى . پەرھات ئۇستەلنى يەنە بىر مۇشتلاپ ئابدۇسالامغا يۇزلەن-دى ، — بۇ قانداق شېئىر بولدى ئەمدى ھە ، بىر ئادەمنىڭ زىتىغا تېگىدىغان مۇشۇنداقمۇ شېئىر يازغان بارمۇ زادى ھە...

ئۇستەلنىڭ ئۇرۇلۇشى ، دىلبەرنىڭ يىغلاپ چىقىپ كېتىشى بىلەن ساۋاقداشلار ئىشنىڭ بىر ئاز چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى-نى ھېس قىلدىمۇ ئەتىمالىم بىر - بىرلەپ سىنىپتىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى . ئابدۇسالام سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تېخىچە ئاچچىقتىن تىترەپ تۇرغان پەرھاتنىڭ يېنىغا باردى - دە ، ئۇنىڭ مۇرىسىدىن يەڭگىل بېسىپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى .

— سەنمۇ ئاغىنە بولدۇڭمۇ زادى ،— دېدى پەرھات ئۆزىگە دوستلارچە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئابدۇسالامغا قاراپ ،— ئېچىشقان يەرگە تۇز چاچقاندەك نېمە قىلغىنىڭ بۇ زادى ؟

— زادى نېمە دېمەكچىسەن ئاداش ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولغان ھالدا ،— يازغان شېئىرىم قامالاش-مايتىمۇ يا مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمدىن دىتىڭغا ياقماي قېلى-ۋاتقان يەرلىرىم بارمۇ ؟

— خۇپسەنلىك قىلما ،— دېدى ئۇ كۆزەينىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ، — شېئىر يازدىم دەپلا بىر ئادەمنى ، ياق ، بىر بىغۇبار قىزنى مۇشۇنداق ھاقارەتلىسەڭ قانداق بولىدۇ دەي-مەن ؟ ! ئۇمۇ سېنىڭ ساۋاقدىشىڭغۇ ئاخىر ؟ !

— ئاشۇ غەزەلگە خاپىلاپ قالغان ئوخشىمامسەن ئاداش ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ مېھرىبانلىق بىلەن سۆزلەپ ،— شېئىر يېزىشنى سەن ماڭا ئۆگەتكەن ، بۇ توغرىسىدا مەن ساڭا ئاتىكارچىلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوقتى ئاداش . شېئىر دېگەن يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان

ھېسسىياتتىن پارتلىغان ۋولقان دەپ سۆزلەپ كېتەتتىڭ . يۈرەك-تىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان ھېسسىياتنىڭ ئۇندۇرمىسى بىزنى ھەر-يان چۆرگىلىتىۋاتقان رېئال تۇرمۇشقۇ . مەن پەقەت رېئال تۇر-مۇشقا يۈزلەنگەن بىر ھەۋەسكار . مېنىڭ قەلبىمگە چوڭقۇر ئورۇنلاشقان تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى شېئىر بولۇپ تۆكۈلىدۇ ئاداش . لېكىن مەن بىرسىنى ھاقارەتلەش ، چۈشۈرۈش مەقسىتىدە قەلەم تەۋرەتتىم دېيەلمەيمەن . ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى دېگەننى ئوبدان بىلىسەن ، تېگىپ كەتسە دېمەك قورققان يەردە جىن بار دېگەن گەپ ، بۇنىڭغا بۇنچە چاچراشنىڭ نېمە ھاجىتى دەيمەن .

— بىلجىرلىما ،— دېدى پەرھات لىككىدە ئورنىدىن تۇ-رۇپ ،— ئەجەبا ، سەن بىرەر كىشىنى مەقسەتلىك ھالدا مەسخىرە قىلىپ شېئىر يازغىنىڭدىن گۇمان قىلمامسەن ؟

— كىمنى مەقسەتلىك مەسخىرە قىپتىمەن ؟

— دىلبەرنىچۇ .

— ۋاھ ، تاپقان گېپىڭنى قارا ،— دېدى ئابدۇسالام ئورنى-دىن دەس تۇرۇپ ،— دىلبەرنى دە ، مەن تېخى ئاشۇ دىلبەرنى مەقسەتلىك مەسخىرە قىلىپ شېئىر يازدىمما ؟ ! مەن ساڭا دەپ قوياي ئاداش ، مەنچۇ ئۇنىڭدەك تۇترۇقسىز قىزلارغا ئاتاپ شېئىر يازىدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالمىدىم تېخى .

— يەنە خۇپسەنلىك قىلىۋاتىسەن دوستۇم ، — دېدى پەرھات بىر ئاز پەسكويغا چۈشۈپ ، — سېنىڭ بۇ شېئىرىڭ تامامەن ئاشۇنىڭغا قارىتىپ يېزىلغانلىقىنى كاللىسىنىڭ سۈيى بار ئادەممۇ پەرق ئېتەلەيدۇ . ئۇنداق قىلمايلى ئاداش ، بىزدە «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېگەن گەپ بار . ئويلاپ باقە ، ئۇ ھازىر ئاشۇ ئىككى يىلدا قىلغانلىرىغا ھەقىقىي پۇشايمان يەۋاتىدۇ ھەمدە ئوقۇشنىڭ قەدرىگە ئەمدى يېتىۋاتىدۇ . مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنىڭ ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنىڭ ئورنىغا

ئۇنى ھاقارەتلىسەڭ توغرا بولامدۇ زادى. بايا ئۇنىڭ چىرايىنى كۆردۈڭمۇ، مۇردىدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىنى نېمە دەيسەن ئەمدى؟! بىلىۋاتىمەن، سىلەر مېنى يۇمشاقۋاشلىق قىلىپ نەچچە يىل سىرتتا پالاس قېقىپ يۈرگەن قىزنى قانتى ئاستىغا ئېلىۋاتىدۇ دەپ خاپىلاۋاتىسىلەر. بۇنداق ئويلىساڭلار خاتالىشىسىلەر دوستۇم. بىز ئىككىمىز ئادەتتە بىر - بىرىمىزدىن سىر يوشۇرۇشقان ئەمەسقۇ. سەن مېنى چۈشەنمىسەڭ، باشقىلار قانداق چۈشىنىدۇ؟

— بۇ چۈشەنمىگەنلىك ئەمەس. مەن پەقەت شۇنداقراق ئىش بولۇپ قېلىپ دوستۇمنىڭ يۈزى چۈشۈپ كەتمىگىيدى دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئەنسىرىشىڭ ھاجەتسىز، مەن ئۇنىڭ كېچىكىپ قالغان بولسىمۇ يار لېۋىدىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ھەقىقىي ستۇدېنتلاردەك بىلىم يۇرتىنىڭ پەرۋانىسىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن ياردەم قىلاي دەۋاتىمەن شۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى ئارزۇسىمۇ شۇغۇ.

— شۇنداق بولسىلا ياخشى بولغىنى، — دېدى ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ سىنىپتىن چىقىۋېتىپ، — ئۇ ئەسلىي بۇرۇنلا ئەقلىنى تېپىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا بىر نەچچە قېتىم تولۇقلاپ ئىمتىھان بەرمىگەن، بىر نەچچە قېتىم تەكشۈرۈش يېزىپ يۈرمىگەن بولاتتى. ئەمدى بولغاندا يىتكەننىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولاتتىمۇ زادى.

— ئابدۇسالام سەن…، — پەرھات ئىشىك ئالدىدا جالاقلاپ تىترىگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— بولدى ئاداش، ئۇنداق ئاچچىقىڭنى يامان قىلما، سېنىڭ بۇنداق ئاچچىقلانغانلىقىڭنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن. ئادەم دېگەنگە ئاچچىق يۇتۇۋېلىشتىن يامان ئىش يوق جاھاندا. سېنىڭ پەرىزىڭنىڭ يېرىمى توغرا، مەن ئەسلىي بۇ شېئىرىمدا ئاشۇ دىلبەرگە ئوخشاش شاللاق، تۇترۇقسىز قىزلارنى بىر قۇر ساۋاب

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قويای دېگەنىدىم . لېكىن ئوق دەل جايىغا تېگىپ كەتتى . مېنىڭچە ، ئۇنىڭغا ئاشۇنچىلىك تېگىپ كەتكەنىڭمۇ زىيىنى يوق . بۇندىن كېيىنكى هاياتىدا هوشىنى تېپىپراق يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ . ئاداش ، راست گەپ قىلە ، سېنىڭ دىلبەر بىلەن قايتا يۈرۈپ قېلىش خىيالىڭ يوقتۇر ؟

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن ،— دېدى پەرهات ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتى بىلەن بىرنى سېلىپ ، — مەن ئاشۇنداق تۇترۇقسىز ئادەممۇ ؟ ! ساڭا دېمىدىم ئاداش ، ئۇنىڭ ياسىن بىلەن يۈردۈم دېگىنى يالغان ، ئۇ ياسىننىڭ شەھەردىكى بىر تۇغقان ئاكىسى ، گەزمال سودىگىرى مۇھەممەدئىمىن دېگەن بىر خوتۇنپۈرۈش بىلەن يۈردى .

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن هوي ، — دېدى ئابدۇسالام كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن هالدا ، — بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى .

— قانداق گەپ بولىدۇ . هېلىقى چاپاننىچۇ ، مانىڭ ئۇقمايۋاتقىنىنى ، ئايپەرى كىيىۋالغان توقۇلما چاپاندىن بىرنى ئۇمۇ ئالغان ئەمەسمىدى . ئاشۇ چاپاننى ئەسلىي ماڭا ئېلىپ بەرسەڭ دېگەن ، بىراق ئۇنىڭغا يەتكۈدەك پۇل يوق قايتىپ چىققانىدۇق . نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇ ئاشۇ چاپاننى ئەكىردى ـ دە ، ئۆزگەردى .

— مۇنداقمۇ زىل يەرلىرى بار دېگىنە بۇ ئىشنىڭ ، ئەجەب ئىچىڭ كۆچلۈك نېمىكەنسەن . هەممىنى بىلىدىكەنسەن يا ماڭا مۇنداق ئىشتى دەپ تىنماپسەن . ئۇ ئاشۇ چاپاننى ئالىمەن دېگەن چاغدا بىزگە مەسلىهەت سالساڭ يىغىش قىلىپ ئالماسمىدۇق . ئۇ چاغدا بۇنداق ئىشلارمۇ بولۇپ كەتمەيتتى .

— مەن قەرز ئېلىپ كىيىم كىيىشكە بەك ئۆچ ، — دېدى پەرهات ئابدۇسالام بىلەن ياندىشىپ كېتىۋېتىپ ،— كىيىمىسىز قالمىغاندىكىن ئابرۇيپەرەسلىك قىلىپ قەرزگە كىيىم كىيگەننىڭ نېمە پايدىسى بار دەيمەن ـ دە .

— گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ تاماقسىز قالامدۇق نېمە ئاداش ،— دېدى ئابدۇسالام ئاشخانىدىن تاماق يەپ قايتىپ چىقىدۋاتقان باللار تەرەپكە قاراپ ،— ئىنتىكرەك ماڭ ئەمدى .

— بولدىلا ئاداش ،— دېدى پەرھات ئۇنىڭغا قاراپ ،— ئاشخانىدا ھازىر تاماقنىڭمۇ تايىنى قالمىدى ھەرقاچان ، شاققىدە مەكتەپ ئالدىدىكى ئاشخانىغا چىقىپ ، قېنىق چاي دەملەپ ئىچكەچ ئاچچىق - چۈچۈكرەك قىلىپ سۇيۇقئاش ئەتكۈزۈپ ئىچىپ كىرەيلىچۇ . ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىككىمىزنىڭ پارىڭى تېخى ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس .

— مەيلى جۇمۇ ، — دېدى ئابدۇسالام پەرھات بىلەن ياندىشىپ كېتىپ بېرىپ ، — ھازىرچۇ سەن نېمە دېسەڭ ماقۇل دېمىسەم بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ . توۋا ، ئۇستەلنى گۇمبۇرلىتىپ ئۇرۇۋېدىڭ ، سىنىپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم جۇمۇ . مەتسالىھ شورىكىنى دېمەيسەن تېخى ، قورققىنىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتتىمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن .

— ھا - ھا - ھا ،— پەرھات ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى ، — دېمىسىمۇ راستقۇ ، ئۇنىڭ بايا قىلغىنى سەل ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىغۇ ئەنە . ئۇ شورىكىغا دەپ قوي ، كۆرگەنلا يەردە كۆزىنى يۇمۇپ ئوقۇۋەرمىسۇن ئۇ پاخپاق شېئىرىڭنى ، خاپا بولما ، ياراتمىغانلىقىم ئەمەس ، بىراۋغا مۇنداق ئوچۇق - ئاشكارا تېگىدىغان بىر نەرسە يازساڭ مېنىڭچە بولمايدۇ ، دېمىسىمۇ نېمانداق ئوچۇق يازدىڭ دەيمەن . «پۇل ئۇچۇن جانىنى تىكىپ ، ساختىنى ئاشنا قىلىپ» دېگەن مىسرالىرىڭ بەكلا يالىڭاچ بولۇپ قاپتۇ .

— مەن سەندەك لىرىكىلىق شائىر بولمىغاندىكىن گەپنى لىرىك ھېس - تۇيغۇلارغا يۇگەپ مىسرا تىزىشنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن . شۇڭا گەپلىرىم ئاشۇنداق تومتاق چىقىپ قالىدۇ دېگىنە . شۇڭلاشقا شېئىر بىلەن ھېكايىنى ئارىلاشتۇرۇۋاراق بىر ئىش قىلىۋاتىمەن ، لېكىن بەزى ھاللاردا مۇشۇنداقراق بولغىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياخشىكەن دەپمۇ قالىمەن . چۈنكى ئۇ بىۋاستە ئوبيېكتقا تېگىدى-
كەن ئەمەسمۇ .

ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ لەڭمەن بىلەن سۇيۇقئاشتىن باشقا تاماق ئېتىلمەيدىغان «مەمەتتۇرسۇن ئاشخانىسى»غا كىرىپ كەلدى . كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيگە ئىككى كىشىلىك ئۇستەلدىن پەقەت تۆتىلا قويۇلغان بۇ كىچىك ئاشخانا ھازىر ئادەمسىز ئىدى ، ئاشخانا كىچىك بولغاچقا ئادەم كۆپ بولۇپ كەتسە بۇ ئاشخانا خوجايىنلىرى — ئەر - ئايال ئىككىسى ئىشلەپمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالاتتى . بەزىدە مانا مۇشۇنداق ئادەمسىز ئولتۇرۇپمۇ قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولاتتى ، ئۇلارنىڭ تامىقى ھەم ئەرزان ، ھەم تەملىك بولغاندىن سىرت مەكتەپنىڭ تاماق بىلىتىگىمۇ ئوخشاشلا تاماق سېتىۋېرىدىغان بولغاچقا ، تاماقتا كېچىكىپ قالغان ستۇدېنتلار بۇ ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېيىشەتتى . تاماق بىلىتى تۈگەپ كەتكەنلەر بولسا نېسىگە تاماق يېسىمۇ ياكى تاماق بىلىتىنى مۇشۇ يەردىن سېتىۋالسىمۇ بولىۋېرىدىغان بولغاچقا ئۇ مۇشۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يەنە بىر ئىللىق ئائىلىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى ، لېكىن بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ئاشخانا چۆلدەرەپ قالغان بولۇپ ئاشخانا خوجايىنى مەمەتتۇرسۇننىڭ ئايالى تاماق ئېتىش ئۆيىدە چىنە - قاچىلارنى جاراڭشىتىپ يۇيۇۋاتاتتى .

— كەسلە مېھمانلار ، كەلسىلە ، — ۋېجىككىنە بەستىگە يوغان كېلىپ قالغاندەك بىلىنىدىغان ئاسما پەشتامىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قولىنى ئېرتىپ يېتىپ چىققان بۇ ئايال دېرىزە تۈۋىدىكى ئۇستەلدە ئولتۇرغان پەرھات بىلەن ئابدۇسالامنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى ،— نېمە تاماق يېيىشلىكىن غوجاملىرىم ؟

— ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ ئىككى چىنە سۇيۇقئاش ئېتىپ بەرسىلە ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇ ئايال ئەكەلگەن چۆگۈننىڭ تېشىنى تۇتۇپ بېقىپ ، — چايلىرى سوۋۇپ قالغاندەك

تۇرىدۇ . بىزگە قىزىقراق چاي دەملەپ بەرگەن بولسىلا .
— جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرۇشسىلا ، هازىرلا دەملەپ بېرد-
مەن .
ئۇلار خوجايىن ئايال قايتىدىن دەملەپ كىرگەن ئىسسىق چايدىن ئىككى پىيالە قۇيۇپ سۇمۇرۇپ ئىچكەچ يەنە پاراڭغا چۈش-
تى .
— ئاداش ،— دېدى ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ هارغىنلىقتىن ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ ، — ئۆزۈڭنىڭمۇ ئىشىڭ يېتىپ ئاشقۇچە بار . شۇنداق تۇرۇقلۇق دىلبەرگە نېماد-
چىلا قىلىپ كېتىدىغانسەن . مەنغۇ بوپتۇ چۈشىنەي . لېكىن باشقىلارچۇ ؟ سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ سىلەر توغرۇلۇق نېمە گەپلەرنى قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتامسەن زادى ؟
— نېمە گەپكەن ئۇ تۈگىمەيدىغان ؟ !
— نېمە گەپ بولاتتى ئاداش ، — دېدى ئابدۇسالام قوشۇمى-
سىنى تۈرۈپ ناھايىتى جىددىي بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقاندەك ئەستايىدىللىق بىلەن ، — دىلبەر ئىككى يىل-
نىڭياقى قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ يەنە پەرھاتقا چاپلىشىۋالىدى-
غان بولدى . ئۇنى خېلىلا ئوغۇل بالىچىلىقى بار دەپ يۈرسەك لاتا چىقىپ قالدى دېيىشىۋاتىدۇ . يەنە تېخى··· ۋاي بولدىلا ، ئادەم تىلغا ئالغۇسىز سەت گەپلەرمۇ بار جۇمۇ .
— ئۇلارغا دەپ قوي ، — دېدى پەرهات دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇپ ، — مەن يەنىلا ساۋاقداشلارنىڭ نەزىرىدىكى هېلىقى مەرد ، ئاق كۆڭۈل ، تىرىشچان پەرهات . مەن ساڭا بۇ گەپنى قىلغان . سايىتجان مۇئەللىم ئۇنىڭغا تەربىيە ئىشلەش مەسىلىسىنى ماڭا تاپشۇرغان . شۇڭا مۇئەللىمگە بەرگەن ۋەدەمنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم قولۇمنى سۇنماقچىمەن . ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ قېلىش ئويۇم پەقەتلا يوق . يەنە تېخى دىلبەرنىڭ ئاپىسى ئايسىخان ئانىغا بەرگەن ۋەدەممۇ بار . بەكمۇ كۆيۈمچان ،

www.uyghurkitap.com

ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى ئۇ . ئاشۇنداق ئايالنىڭ بالىسى مۇشۇنداق ناشايان ئىشلارغا كىرىشىپ قالغىنىغا ئىچىم ئېچىشىپ كېتىۋاتىدۇ ، ئاداش . مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئۇ يەرگە بارغاندا ئۇ ئايالنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ كېتىمەنغۇ ، شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ بۇ پاتقاقتىن تېزرەك قۇتۇلۇپ چىقىشىغا ياردەم قىلاي دەپلا مۇشۇنداق گەپ ـ سۆزلەرگە قېلىپ يۈرۈۋاتىمەنغۇ .

— سېنىڭ مۇشۇنداق ئويلايدىغىنىڭنى خەق چۈشىنەمدۇ ، ئاداش ،— دېدى ئابدۇسالام چايدىن بىر ئوتلام ئوتلاۋېتىپ ،— سەن ھازىر سىنىپتا تۆتىنىڭ بىرى ، مەكتەپتىمۇ رەھبەرلەرنىڭ كۆزى چۈشۈۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى . دېمەك ئىستىقبالىڭ بار ستۇدېنتسەن . ئىجادىيەتتە بولسۇن ، تىل ئۆگىنىشتە بولسۇن دادىللىق بىلەن ئىلگىرىلەۋاتىسەن . بۇ جەھەتتە مەن ساڭا پەقەتلا يېتىشەلمەي قالدىم . چۈنكى مەن تولۇقسىزنىمۇ تۈزۈك ئوقۇيالمىغاچقا ئۇلۇم راستىنىلا بوش كېلىپ قالدى . ئاشۇ ئۇلنى چىڭداش ئۈچۈن بولسىمۇ سەندىن بىر ھەسسە ئارتۇق كۈچىشىم كېرەككەن . شۇڭا ئاداش ، خەيرخاھلىق قىلدىم دەپ ئۇنى كەچكىچە كەينىڭدىن ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈۋەرمە . بىز ھېس قىلمىغان بىلەن مەكتەپ تەشكىلى ، سىنىپ مەسئۇلى ئاللىقاچان بارلىق ساۋاقداشلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە دىئاگنوز قويۇپ بولدى .

— بۇنى بىلىمەن ، — دېدى ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر سېلىپ ، — ئىككىمىزنى مەكتەپتە ئېلىپ قېلىش مەسىلىسىنى تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقاندەك تۇرىدۇ .

— مېنى سۆرىمە ، ئۆزۈڭنى دە ئاداش ، مەن قانداقچە بۇ مەكتەپتە قالىمەن ؟ !

— سەن قالمىساڭ كىم قالىدۇ ؟ ئۇدا ئۈچ يىل ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولدۇڭ . مانا دەرستىن سىرت مەكتەپ گېزىتى بىلەن مەكتەپ ژۇرنىلىنىڭ بەت ياساش ، كوررېكتورلۇقىنى قىلىشتەك نازۇك ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىۋاتىسەن . دېمەك ، سەن ئاللىقا-

چان ساڭا ئىشىنىپ ئاشۇ ئىشلارنى قىلىشقا ياردەم قىلىۋاتقانلارنىڭ خاتىرىسىگە چۈشۈپ بولدۇڭ ، كىم بىلىدۇ ، بىزنىڭ بۇندىن كېيىن يازغان ئىلمىي ماقالىلىرىمىزنى سەن تەھرىرلەپ ئولتۇرامسەن تېخى .

— ۋاھ ، ئەجەب تاتلىق ، شېرىن خىيال قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسەن جۇمۇ .

— بۇ خىيال ئەمەس ، ئەمەلىيەت دەيمەن . ئۆتكەندە سىنىپ مەسئۇلىمىز سايىتجان مۇئەللىم ماڭا مۇشۇنداقراق بىر گەپنى قىلغان دېگىنە .

— ماڭىمۇ دېدى ، لېكىن تازا ئىشىنىپ كېتەلمىدىم .

— مۇئەللىممۇ چاقچاق قىلامدۇ دەيمەن .

— مېنى روھلاندۇرۇپ شۇنداق دېدىمىكىن دەيمەن ، — دېدى ئابدۇسالام ئېغىر خىيالغا پاتقان ھالدا بىر پەس ئولتۇرۇۋېتىپ ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاداش ، يۇرتقا قايتمىسام زادى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ ، ئاپام بىلەن دادام يېزىدا تۇرغان ئاشۇ ئون نەچچە يىلدا تولا يۇرەكئالدى بولۇپ كېتىپتىكەنمۇ دەيمەن ئاغرىقچان بولۇپ قاپتۇ ، چوڭ ئوغۇل بولغاندىكىن بېرىپ خىزمىتىنى قىلايمىكىن دېگەن نىيەتكە كېلىپ قالدىم .

— توغرا ئويلاپسەن ، — دېدى پەرھاتمۇ بىر پەس ئولتۇرۇپ كېتىپ ئابدۇسالامغا مېھرى بىلەن تىكىلگەن ھالدا ، — مەنمۇ ئاشۇنداقراق ئويدا بولۇۋاتىمەن دېگىنە ، ئۆزۈڭ ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن دوستۇم ، بىز سىلەردەك بەش بالا ئەمەس ئارانلا ئىككى ، ھەدەم بولسا ئۇرۇمچىدە ، ئەگەر مەن قەشقەردە قېپقالسام دادام تىكەندەك يالغۇز قالغۇدەك ، ئانام بولغان بىلەن ئۇمۇ ئاغرىقچان ، شۇڭا مەنمۇ سەندەك ۋاپادارلىقنى يېنىغا بېرىپ ئاشۇ يەردە خىزمەت قىلغاچ يەتكۈزەيمىكىن دەيمىنا .

— بۇ ئىشلارنىچۇ ۋاقتى كەلگەندە ئاندىن كۆرەرمىز ئاداش ، — دېدى ئابدۇسالام ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا ، — پەقەت

uyghurkitap.com

بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە سان بولسىلا بولدى ، لېكىن سەن ھەر ھالدا دىلبەر مەسىلىسىدە سەل ئېھتىياتچانراق بولمىساڭ بولمايدۇ . ئادەمدە ئادەمىيلىك ئەخلاقتىن باشقا كىشىلەر ئارىسىدىكى قەدىر - قىممەت مەسىلىسىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ، گۈلبوستان ئەسلىي ياخشى قىز ئىدى . ئۇنىڭ دىلىغا قاتتىق ئازار بېرىپ قويدۇڭ ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ يارىشىۋال ، يەنە دېسەم يەنە شۇ ، ئەسلىي سېنىڭ ئۆمۈرلۈك جۈپتۈڭ شۇ بولغان بولسا ئاجايىپ ئېسىل بىر ئائىلە قۇرۇلغان بولاردى . ئەپسۇس ، ئۇنى رەت قىلدىڭ ، قاراپ تۇر ، شۇنىڭ دەردىنى تارتىپ قالىسەن .

— توغرا دەيسەن ، — دېدى پەرھات ئېغىر خۇرسىنىپ تۇرۇپ ، — مەن گۈلبوستان مەسىلىسىدە ھەقىقەتەن يېنىكلىك قىپتىمەن . مەن پەقەت قۇدرەتنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىق ئىكەنلىكىنىلا كۆزدە تۇتۇپ گۈلبوستاننىڭ كۆڭلىنى پەقەتلا چۈشەنمەپتىمەن . ئەسلىي تاشنى تاياقتا تاڭغىلى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ .

— ئەمدى چۈشىنىپسەن - دە ، — دېدى ئابدۇسالام خۇشال بولغان ھالدا ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ ئەكېلىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇپ ، — بارىكاللا ، ئەمدى ئەقىل كىرىپتۇ ساڭا ، بۇ ياخشى گەپكەن ، بۇ ئىشقىچۇ ھازىرمۇ ئانچە كېچىكمەيسەن ئاداش ، گەپكە گەپ توغرا كەلگەندە يەنە دەپ قوياي ، دىلبەردىن بەك ئېھتىيات قىل . مېنىڭچە ئۇ ئاشۇ دىسسېرتاتسىيە ياقىلاش ئىشىدا سەندىن ياردەم ئېلىپ بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈنلا ساڭا يېقىنلىشىۋاتىدۇ . سەن بەك كۆڭۈلچەك ، يەنە ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىپ گۈلبوستاننى رەنجىتىپ قويىدىغان ئىشنى قىلما .

— خاتىرجەم بول ، كۆڭۈلچەك بولساممۇ يىگىتلىك غۇرۇرۇم بار .

— بەكلا ساقلىتىپ قويدۇم ، ھەرگىز خاپىلاشمىسىلا جۇما ، — خوجايىن ئايال بىر چىنە ئاشنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى - دە ، ئۇنى ئۈستەلگە قويۇپ يەنە بىر چىنە ئاشنى ئالغىلى

كەينىگە ياندى . بۇ يۈزى تولۇق قىزارغان سۆيۈقئاش ھەقىقەتەن ئوخشىغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىن پىننە بىلەن پەمىدۇرنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى .

تاماق يەپ ئولتۇرۇپ پەرھات يەنە خىيالغا كەتتى . ئۇ شۇ تاپ ئابدۇسالامنىڭ بايا دېگەن سۆزلىرىنى ھەزىم قىلىۋاتاتتى . دېمىسىمۇ دىلبەر مۇشۇ كۈنلەردە پەرھاتنىڭ كەينىگە كىرىپلىۋال-غانىدى .

— جېنىم پەرھات ، مەن خۇش بولاي . ئانا كۆرگەن ، ئاتا كۆرگەن ، بىر ئۆيدە تۇز يېگەن ئادەملەرغۇ بىز . ماڭا سەن ياردەم قىلمىساڭ كىم ياردەم قىلىدۇ . ئەگەر مۇشۇ دىسسېرتاتسىيە ياقىلاش ئىشىدا سەن ياردەم قىلمىساڭ دېپلوم ئالالماي قالىمەن . سەندىن ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كەتسەم . ماڭا بىر ياردەم قىلساڭ ، ساڭا قىلغان ئەسكىلىكلىرىمنى كەچۈر ، مىڭ قېتىم ، ئون مىڭ قېتىم تۆۋە قىلدىم . ئالدىڭدا تىزلانغۇدەك بولۇۋاتىمەن-غۇ ، مەن ئالدىڭدا ھەقىقەتەن گۇناھكار ، ماڭا ئەمەس ئاشۇ بىچارە ئانامغا يـاردەم قىلغىنىڭ بولسۇن ، پەرھات ، — دىلبەرنىڭ يېلى-نىپ - يالۋۇرۇشلىرى ، ھە دېسىلا كۆزىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ ئاشۇنداق يىغلاشلىرى پەرھاتنى دېلىغۇل قىلىپ قويدى .

ئادەتتە قىزلارنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ، بولۇپمۇ يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرۇشلىرى ئاسانلا ھېسداشلىققا ئېرىشىپ قالىدۇ . ناز - كەرەشمىلىك ، گۈزەل قىزلارنىڭ خۇددى بۇلاق سۈيىنىڭ يېنىك شىلدىرلاشلىرىدەك چىقىدىغان تاتلىق گەپ - سۆزلىرى ھەرقان-داق مۇز تەلەت ئەرنىمۇ ئېرىتىۋېتىشكە قادىر . شۇڭا پەرھات دىلبەرنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان گەپ - سۆزلىرىگە ھەقىقەتەن بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى . ئۇنىڭسىزمۇ سايىتجان مۇئەللىمنىڭ «ئۇنىڭغا پەقەت سىزلا ياردەم بېرەلەيسىز» دېگەن بۇيرۇق خاراك-تېرلىك سۆزى بۇ ئىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغاچقا ئۇ دىلبەر-گە ئاخىرقى قېتىم ياردەم قىلىش يولىنى تاللىۋالغانىدى .

www.uyghurkitap.com

«بوپتۇ، مۇشۇ ئاخىرقى ياردىمىم بولۇپ قالسۇن. ساۋاقداشلىرىم بۇ قىلىقىمدىن كۈلۈشىدۇ، مېنى مەسخىرە قىلىشىدۇ، لېكىن ئاخىر مېنى چۈشىنىدۇ. ئۇنى شۇنداقلا تاشلىۋەتسەم ئۇنىڭ ئىستىقبالى بىراقلا تۈگەيدۇ. ئۇ چاغدا ئايسىخان ئانىغا نېمە دەيمەن. ئۆز يۇرتلۇقىنى يامان يولدىن ياندۇرماپتۇ دېيىشسە بۇ ئاتاقنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرىمەن. توشقان تېرىسىمۇ ئۈچ كۈن چىدايدىغۇ. چىداي، بۇ ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالسۇن...»

پەرھات ئۆزىنىڭ بۇ خىياللىرىنى ئابدۇسالام بىلىپ قالغانمىدۇ دېگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى. لېكىن ئۇ ھازىر ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا تۈز تەمى ئوبدان تەڭشەلگەن سۈيۈقئاشقا ئاچچىقسۇ بىلەن قىزىل مۇچ سېلىپ سۈيىنى بولۇشىغا قىزارتىپ ئولتۇرۇپ بۇژ - بۇژ تەرلىگەن ھالدا تاماق يېمەكتە ئىدى.

# يىگىرمىنچى باب دەريا بويىدىكى پاجىئە

«بەزىدە دەريامۇ ئۇنسىز ياش تۆكىدۇ»
—خاتىرەمدىن

— بولدى، ئەمدى توختاپ قالسىلا ھاجىمكا، — دېدى پەرھات چوڭ قورۇنىڭ ئىشىكى تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ چىققان ھۇسەن قارى ھاجىمغا ئېگىلىپ سالام قىلىپ تۇرۇپ، — خوش ئەمىسە، خۇدايىمغا ئامانەت.

— توختاپ تۇرسىلا، — دېدى ھۇسەن قارى ھاجىم سىياھدەك قارىداپ كەتكەن بىپايان كۆككە قاراپ ئۆزىچە چۆچۈگەن ھالدا، — بۇگۈن قونۇپ قالسىلا بالام. بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئەنسىرىمىسىلە ھاجىمكا، — دېدى پەرھات يېرىم ئېگىللىپ خۇشلىشىۋېتىپ، — تولا مېڭىپ كۆنۈپ كەتكەن يول بۇ. كېتىۋېرىمەن. مەكتەپمۇ يېقىنلىغۇ.

— ئۇنداق بولسا مېنى ساقلاپ جىندەك تۇرۇپ تۇرسىلا، — دېدى ھۇسەن قارى ھاجىم كەينىگە داجىپ، — مەن ئاۋۇ ئۆيدىكى نەۋرەمنىمۇ ئويغىتاي، دادىسى بىلەن بىللە سىلىنى مەكتەپلىرىگە ئاچىقىپ قويۇپ كىرسۇن.

— ئاۋارە بولمىسىلا ھاجىمكا، — دېدى پەرھات ناھايىتى ئالدىراپ ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىنى ئويغىتىۋەتمەيلى، بالىلارنى ئاۋارە قىلغۇدەكمۇ يول ئەمەسقۇ بۇ. مەھەللە ئارىسى بولغاندىكىن قورقۇشمۇ ھاجەتسىز. ناھايىتى كەلسە ئاشۇ بىر دەريانىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۇ قاتقا ئۆتىدىغانلا ئىشقۇ

شۇ . كىرىپ كېتىۋەرسىلە ھاجىمكا . يىلىڭلا چىقىپ قالدىلا ، تۇمۇ تېگىپ قالمىسۇن يەنە .

— ئۇنداق جاھىللىق قىلمىسىلا .

— بولدى ، خاتىرجەم بولسىلا ، ئۆزۈملا چىقىپ كېتەي ، يىقىنلا يەرغۇ ، خۇدايىم بۇيرۇسا مەن ئەتە كەچتە يەنە چىقىمەن .

— خەير بوپتۇ ، بۇ ئۆيدە قونۇپ قالسىلا بەك ياخشى بولاتتى . ئەتە بامدات نامازغا قوپقاندا ئويغىتىپ قويسام دەرسلىرىگىمۇ كېچىكىپ قالماي بارالايتتىلا . خوش ئەمىسە ، سىلىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم ، بالام .

پەرھات قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يۈرۈپ كەتتى . چۈنكى ئۇ كەچ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مەكتەپكە چىقىپ كەتمىسە ياتاق ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتى . چۈنكى ياتاق تۈزۈمىدە چوقۇم چىقىپ كەتكەن جاي بىلەن قونىدىغان ئورۇن ئېنىق بولۇشى كېرەك ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ھاجىمنىڭ ئاشۇ تەكلىپ - تەكەللۇپلىرىنى قەتئىي رەت قىلىپ يولغا چىققانىدى . لېكىن ئۇ ھۆسەن قارى ھاجىمنىڭ ئۆيىدىن بىرنەچچە قەدەم يىراقلىشا - يىراقلاشمايلا ئۆزىنىڭ ناھايىتى يېڭىكلىك بىلەن يولغا چىقىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . چۈنكى بۈگۈن ئاي قاراڭغۇسى بولغانىدى . بۇنداق ئاي قاراڭغۇسىدا بىرنەچچە مېتىر يىراقلىقنى ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنىمۇ پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ ، ئادەمگە بىرخىل سۈر ۋە قورقۇنچ ئاتا قىلاتتى .

پەرھات قورقۇمسىرىغىنىچە ئەتراپقا تىكىلىپ ئامال بار تېز يۈرۈش چىقارماسلىققا تىرىشىپ ماڭماقتا . ئەتراپ سىياھدەك قاراڭغۇ . مەھەللە ئىچىدىكى غايەت زور قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە تەشۋىش ۋە سۈر پەيدا قىلماقتا ئىدى . ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاڭلىنىپ قالىدىغان ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئۇنى تېخىمۇ تېز مېڭىشقا ئۈندەۋاتقاندەك بىرخىل ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلماقتا

ئىدى . ئەڭ قەدىمىي مەھەللىلەر جايلاشقان بۇ كوچا يېرىم كېچە بولا ـ بولمايلا جىمجىت ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ ، شۇ تاپتا ھېچقانداق تىن ـ تىۋىشمۇ بولمىغان بۇ ئەگرى ـ بۈگرى كوچا ماڭغانسېرى ئۇزىراپ ، مەنزىل تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىپ تۇراتتى .

پەرھات ئامال بار ئۆزىدىكى بۇ ئەنسىزچىلىكنى يوقىتىش ، قورقۇنچ ئىچىدە چىگىشلىشىپ كېتىۋاتقان خىياللىرىنى چالغىتىپ مېڭىش ئۈچۈن بۇ كوچىلارنى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن غۇلجىنىڭ ئاشۇ تار ـ ئۇزۇن كوچىلىرىغا ئوخشىتىپ ماڭغاندا يولنىمۇ ئاۋۇتقىلى ھەمدە ئۆزىدىكى ئەنسىزلىكنىمۇ باسقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ مېڭىۋىدى ، خىيالى شۇ ھامان ئاشۇ كوچىلارنىڭ قۇرۇلمىسىغا كېتىپ قالدى .

«ئاجايىپ ئىش ھە ، بۇيەردىن ئىككى مىڭ كىلومېتىر يىراقتا بولغان بىلەن تومۇرى بىر ـ دە ، قارىغىنە ، ئۇيغۇر كوچىلىرى بىر ـ بىرىگە نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ھە . ئەنە ئاۋۇ قارىياغاچ پەرھاتنىڭ مەھەللىسىدىمۇ بار . ئۇلار ئاخشاملىرى ‹ئاقتاش ، كۆكتاش ، دەريادىكى سۇزۇك تاش ، ئوينايدىغان بالا بارمۇ › دەپ توۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ مەسچىت يېنىدىكى ئاشۇ قارىياغاچ ئاستىغا يىغىلىپ ھەرخىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ . كېچىدە ئوينىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئويۇن مۆكۈشمەك ، تاش ، لاتا ، قايچا ئويۇنى ئارقىلىق بىر ئۇتتۇرۇۋەتكەن بالا تاللىنىپ چىقىدۇ ـ دە ، باشقا باللار تەرەپ ـ تەرەپكە تارىلىپ ئۆزى خالىغان جايلاردا مۆكۈۋالىدۇ ، ھېلىقى ئۇتتۇرۇپ قويغان بالا بەلگىلەنگەن مۇددەت توشقۇچە چوقۇم مۆكۈۋالغانلاردىن بىرەرسىنى تېپىشى شەرت . ئەگەر تاپالماي قالسا ئۇنى تېپىشقا سالىدىغان گەپ . ئەگەر ئۇ بىرەيلەننى تۇتۇپلىۋالسا ئاشۇ بالا يەنە قايتا باشلانغان ئويۇندا مۆكۈۋالغانلارنى تاپىدۇ . ۋاھ ، ئۇنداق چاغلاردا قورقۇش دېگەن يوق گەپ ئىدى ـ دە ،

بالىلار ئامال بار تۈتۈلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئادەمنىڭ خىيالىغا ـ مۇ كىرىپ چىقمايدىغان يەرلەرگە مۆكىدىغان گەپ . بۇنداق چاغدا ئۇلار ئاشۇ ئۇتتۇرۇۋەتكەن بالىنىڭ ئۆزلىرىنى تاپالماي جىلە بولۇپ يۈرگىنىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ ، بەزىدە ئۇخلاپمۇ قالىدىغان گەپ . بىر قېتىم پەرھات مۆكىدىغان ئوبدانراق جاي ئىزدەپ مەھەللىدىن چىقىپ كېتىپ باھاۋۇدۇن باينىڭ مەھەللە سىرتىدىكى ئالمىلىق بېغى ئىچىگە كىرىۋېلىپ بىر تام تۈۋىدە ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى . بالىلار ئۇنى تولا ئىزدەپ تاپالماي پەرھات ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ ، دەپ ئۇنى ئۆيىگە ئىزدەپ بارغان . بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن ئاتا ـ ئانا ئالاقزادىلىك بىلەن ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئاشۇ باغدىن تاپقانىدى . مانا شۇ چاغلاردا ئۇ قورقۇش دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى »

بىر مۈشۈكنىڭ ئەنسىز چىرقىرىشى بىلەن پەرھاتنىڭ خى ـ يال يىپلىرى ئۈزۈلدى ـ دە ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى . مۈشۈكلەر ئادەتتە كۈيلىگەندە مانا مۇشۇنداق ئاۋاز چىقىرىش ئار ـ قىلىق جۈپ ئىزدەيدۇ . ھەتتا ئۆگزىلەرگە ، تال باراڭلىرىغا يامى ـ شىپ چىقىپ بولۇشىغا چىرقىرايدۇ ، بۇنداق چاغدا ئادەملەر بولسا ئۇلارنىڭ بۇ خاراكتېرىنى خاتا چۈشىنىپ «بىزنىڭ ئۆيگە شۇملۇق تىلەۋاتىدۇ ، ۋاي بىزنىڭ مۈشۈك تاپ يەپ قالغان چېغىۋا ، ياۋايى بولۇپ قاپتۇ ياكى غالجىر كېسىلى يۇقۇپ غالجىر بولۇپ قاپتۇ» دېيىشىپ ئاشۇ ئەنسىز چىرقىرىشىۋاتقان مۈشۈكلەرنى ئۆيىدىن ، ھويلىسىدىن ، ئۆگزىلىرىدىن قوغلاشقا باشلايدۇ . پەرھاتلارمۇ مۇ ـ شۇنداق ئىشلارغا كۆپ يولۇققان . پەرھاتنىڭ دادىسى كۆپنى كۆر ـ گەن ئەقىللىق ، ئىجتىھاتلىق ئادەم . ئۇنىڭ ئۇستىگە گېزىتخانىدا ئىشلەيدىغان بولغاچقىمىكىن ، ئالەمنىڭ ئىشلىرىنى يادلىۋالغاندەكلا سۆزلەپ كەتسە پەرھات ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپ قالىدۇ . ئەنە شۇ مۈشۈكلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىنىمۇ شۇ ئادەم ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن .

— مۇشۇكلەرنى خارلىماڭلار بالىلىرىم ، — دەيدۇ ئۇ ئاتا ، كۆيلەپ كەتكەنلىكتىن ئەنسىز چىرقىرىشىپ بىر - بىرىنى قوغ- لىشىپ يۈرگەن مۇشۇكلەرگە تاش ئېتىپ قوغلاۋاتقان بالىلارنى توسۇپ ، — ئۇلارمۇ سىلەر ، بىزگە ئوخشاشلا بىر جاندار . ئۇلار- نىڭ بۇ زېمىندا خۇددى بىزگە ئوخشاشلا ياشاش ھوقۇقى بار . ئەقەللىسى ئۇلار بولمىسا بىز چاشقاندىن ئىبارەت بۇ زىياندا شنىڭ ئاسارىتىدىن قانداق قۇتۇلىمىز ؟ !

مۇشۇكنىڭ يەنە بىر قېتىم ئەنسىز چىرقىرىشى پەرھاتنىڭ تىنچسىز كۆڭلىگە يەنە بىر قېتىم ۋەھىمە سېلىپ ئۆتتى . ئۇ ئەتراپقا قورقۇمسىراپ قارىغىنىچە يولىنى داۋام ئەتمەكتە ئىدى . گەرچە بۇ مەھەللە بىلەن مەكتەپ ئارىلىقى بىر كىلومېتىردىن سەل ئوشۇقراق كەلسىمۇ ، ھازىر بۇ يول خۇددى بارسا كەلمەس- نىڭ يولىدەك ماڭغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىغانىدى . ئۇ تېز - تېز قەدەم ئېلىپ مەھەللە كوچىلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى . دەريا شۇ تاپ جىمجىت ئاقماقتا ، ئۇ گويا جىمجىت ئۇيقۇغا كەتكەن تەبىئەتنى ئەركىلى- تىپ ئولتۇرغان ئانىدەك رايىشلىق بىلەن ئاقماقتا ئىدى .

«سەل بۇرۇنراق قايتقان بولسامۇ بۇنچىلىك ئەنسىز تەش- ۋىشكە چۈشۈپمۇ قالمايتتىم» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ ئالدىدا قارد- داپ تۇرغان دەرياغا قاراپ . بۇ كۆۋرۈك ئەسلىدە مۇشۇ مەھەللى- دىكىلەر يىغىش قىلىشىپ سالغان ، بىر ھارۋا ئارانلا پاتىدىغان ياغاچ كۆۋرۈك بولۇپ ، بىرەر ئېغىرلىقنى سەزسىلا غىچىرلاپ ھازىرلا بىرەر يېرى ئويۇلۇپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تەسىر بېرىپ تۇراتتى .

ئۇ ئىتتىك مېڭىپ بۇ ياغاچ كۆۋرۈككە قەدەم باستى . كۆۋ- رۈك كېچىدە ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ ئۆتىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ تىۋد- شىنى ناھايىتىمۇ يىراقلارغا ئاڭلاتماقچى بولغاندەك ئەنسىز غىد- چىرلىدى . جىمجىت كېچىدىكى بۇ ئاۋاز ئۇنى ئويدانلا چۆچۈتتى ،

ئۇ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ كۆۋرۈكنىڭ ئىككى يانىدىكى ياغاچ سالاسۇنلىرىنى ئوبدان ئىلغا قىلىۋالغاندىن كېيىن غىچىرلاۋاتقان كۆۋرۈكتىن ئاستا ئۆتۈشكە باشلىدى. پەستە — ئۈچ مېتىر تۆۋەندە لاي ـ لاتقىنى ئەسلىتىدىغان سارغۇچ دەريا سۈيى جىمجىت ئاقماقتا ئىدى.

«نېمىدىن قورقىمەن ھە، كۈندۈزى قورقماي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۆۋرۈكتىن كېچىدە نېمىشقا ئۆتەلمىگۈدەكمەن، قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتسەملا بىردەمدىلا مەكتەپكە يېتىپ بارىمەن، ‹جاندىن كەچمىگۈچە جانانىنىڭ ۋەسلىگە يەتكىلى بولماس›، دېگەندەك مۇشۇ بىر ئاي تىرىشىپ ئۆگىنىۋالسامىلا، بۇ يەردىن كېتىدىغان گەپ، قېپقالغان قىسمىنى كېيىن ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنەرمەن.»

پەرھات ئاخىرقى ئوقۇش يىلىغا يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىزلا ئەرەب ـ پارس تىللىرىغا قىزىقىپ قالدى. چۈنكى ئوقۇتقۇچىسى سايىتجان ھوشۇرنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن چاغاتاي يېزىقى دەپ ئاتىلىدىغان ئەمەلىيەتتە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بىرەر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىش ئىشتىياقىنى بىراقلا قوزغىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئاشۇ يېزىقنى ئۆگىنىپ بولۇپ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بىرەر خىل چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋېلىش قىزغىنلىقى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى.

— ئاداش، — دېگەنىدى ئۇ بىر كۈنى دوستى ئابدۇسالامغا، — بىز بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولغاندىكىن مەكتەپ پۈتتۈرگىچە بىرەر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋالساق ئوبدان بولاتتى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ئاداش، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — لېكىن مەن ئۆگەنمەكچى بولغان تىلنى بۇ يەردە ئۆگىتىدىغان ئادەم يوق بولۇۋاتىدۇ.

— بەن قايسى تىلنى ئۆگەنمەكچىدىڭ ؟ !
— ئىنگلىز تىلىنى .
— نېمىشقا ئەمدى ؟ !
— ئىنگلىز تىلىنى قوللىنىۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلار پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئاتمىش - يەتمىش پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن ئاداش . دېمەك ، ئۇنىڭ دۇنياۋى تىل بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن . شۇڭا مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئامال بار ئۇرۇمچىدە بىرەر كۇرسقا كىرىپ مۇشۇ تىل بويىچە راۋۇرۇس تەربىيىلىنىپ باقايمىكىن دېگەن ئويۇم بار . بىز چەت ئەلنىڭ نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ، بولۇپمۇ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بىۋاسىتە كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىسەك ، ئۇ چاغدا بىلىم قۇرۇلمىمىز يەنىمۇ بىر قەدەم يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن بولاتتى - دە .
— سېنىڭ بۇ پىلانىڭمۇ بولىدىكەن ، — دېدى پەرھات قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن ، — لېكىن بىز ھازىرنى ، كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشۇ شارائىتتا قىلالايدىغان ئىشلارنى ئويلايلى . مەن سايىتجان مۇئەللىمنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالدىم . مەسىلەن ، بىز ئۆگەنگەن ئاشۇ يېزىققا زىر - زەۋەر قوشۇپ ئوقۇساق ئەرەبچە خەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان بولىدىكەنمىز . دېمەك ، بىز ھازىر ئەرەبچە ئۆگىنىشنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاللىقاچان كىرىپ بوپتۇق . شۇڭا مەن ئەرەب تىلى بىلەن پارس تىلىنى بىرلىكتە ئۆگىنەيمىكىن دەۋاتىمەن .
— بولىدىغان گەپكەن ، مەن ئەرەبچىنى دادامدىن ئۆگەنگەن . گەرچە مەنىسىنى يېشىپ بېرەلمىسەممۇ ئوبدانلا ئوقۇيالايمەن ، ئەمدى ئىنگلىزچە ئۆگىنەي دېگەن خىيالدىمەن . شۇڭا ھازىر مېنىڭ قىلىدىغان بىردىنبىر ئىشىم ئىجادىيەتتە نەتىجە يارىتىش ،

www.uyghurkitap.com

بۇ ئەسلىي دادامنىڭ ئارزۇسى ئىدى ، ئەمدى ئۇ مېنىڭ ئارزۇيۇمغا ئايلىنىپ قالدى . مەن ئەمدى شېئىرىيەت بىلەن پروزىغا تەڭ تۇتۇش قىلايمىكىن دەۋاتىمەن . سايىتجان مۇئەللىم مېنىڭ تۇرمۇش خاتىرە يازىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ مېنى پروزىغا بەكرەك ئىلھاملاندۇرۇۋاتىدۇ . مەن ئۆزۈمنى ھېلىقى «ئۇستازىمغا خەت» تىن كېيىنلا ئوبدان تۇتۇۋالغاندەك تۇرىمەن ، سەن دېگەندەك يالڭاچ شېئىرلارنى يېزىپ يۈرگەندىن كۆرە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ھېكايە ـ پوۋېستلارنى يېزىپ باقسام دەيمەن .

— بوپتۇ ئاداش ، ئاشۇ تىلەكىڭگە يەت ، لېكىن مەن بۇ يولنى ئاللىقاچان تاللاپ بولدۇم . ھازىر مەن پەقەت ئاشۇنى ئۆگىنىدىغان بىر ئۇستا تېپىشىم كېرەك .

— ئۇنداق ئۇستازنى تېپىش ئۈچۈن يەنىلا سايىتجان مۇئەللىمگە ئىلتىجا قىلىشىمىز كېرەك ئاداش ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ قويۇپ ، — چۈنكى مۇئەللىممۇ پارس تىلىدىن ئازراق بولسىمۇ ساۋاتى بار ئادەم .

سايىتجان مۇئەللىم ھېيتگاھ يېنىدىكى كىتابپۇرۇشلار ئارىسىدا ھۆسەن قارى ھاجىم ئىسىملىك بىر ئۆلىمانىڭ ئەرەب ـ پارس تىل ـ يېزىقىغا پىششىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ھازىر ئۇ دۇكىنىنى ئاچىدىغان ـ ئاچمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، شۇ يەردىكى كىتابپۇرۇشلاردىن سوراپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلدى ، چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ يېقىندىلا ئوردۇ تىل يېزىقى بويىچە ئېچىلغان بىر كۇرستا مۇشۇ تىل بويىچە دەرس ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ ، بولسا ئاشۇ ئۇستازنى تېپىپ شۇنىڭدىن تەلىم ئالغاندا ئۇنۇمىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى .

پەرھات ئۆزى زارىقىپ كۈتكەن يەكشەنبە كۈنى ئادىتى بويىچە كىتابخانىنى ئايلىنىپ بولۇپ ھېيتگاھ ئالدىغا كەلدى . ھېيتگاھ

ئالدىدىكى گۈللۈك ئەتراپى ھەرخىل سودا - سېتىق قىلغۇچىلار بىلەن لىق توشقانىدى. ھېيتگاھنىڭ شىمالىي تېمىغا چاپلاپ قويۇلغان ياغاچ بوتكىلارغا ھەر تۈرلۈك كىتابلارنى تىزىۋېلىپ بىر كۈن كەچكىچە سودىسى بولسۇن - بولمىسۇن تاقەت قىلىپ ئولتۇرۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان كىتابپۇرۇشلار ئاشۇ كىچىككىنە بوتكىنىڭ ئاران بىر كۋادرات مېتىرلا كېلىدىغان تارچۇق بوشلۇقىدا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغاچ كىتاب ئوقۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ۋە كەينى تېمىدىكى ئويۇقچە - تەكچىلەرگە تىزىۋېتىلگەن كونا - يېڭى كىتابلار گويا مۇشۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ بەكمۇ يىراقتا قالغان ئۆتمۈشىنى ھېكايە قىلىپ ئولتۇرغاندەك بىرخىل تەسىرات بېرىپ تۇراتتى.

پەرھات بۇ كىتابپۇرۇشلارنىڭ ئالدىدا كلاسسىك ئەدەبىياتقا تەۋە يازمىلار بار - يوقلۇقىغا نەزەر سالغاچ ساقاللىرى چارلاشقان، چىرايى نۇرلۇق، قان تېمىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان چىلان رەڭ چىرايىدىن بىرخىل سۈر چىقىپ تۇرغان بىر كىتابپۇرۇشنىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ ئادەم باشقا كىتابپۇرۇشلارغا قارىغاندا سالاپەتلىكرەك بولغاندىن سىرت ساقلايدىغان كىتابلىرىنىڭ سانى، تۈرى، ھەتتا يېزىقلىرىدىمۇ ئالاھىدە پەرق بار ئادەم ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارنىلا ئەمەس، ئەرەب، پارس، ئوردۇ يېزىقىدىكى كىتابلارنىمۇ ساقلايتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئۆزى ئۇستاز تۇتۇشنى نىيەت قىلغان ھۆسەن قارى ھاجىمنى مۇشۇ ئادەمدىن سۈرۈشتۈرگەچ شەيخ سەئدىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئەسىرى «گۈلىستان» ياكى «بوستان» نىڭ پارسچىسىنى سېتىۋېلىشنى نىيەت قىلىپ مۇشۇ دۇكان ئالدىدا توختىغانىدى، چۈنكى ئۇ پارسچىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ كىتاب بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگەنسەم پايدىسى چوڭ بولىدۇ دەپ قارىغاچقا ئاشۇ كىتابنى ئىزدەپ يۈرەتتى.

— قانداق، بىرەر كىتاب لازىممىتى؟— دېدى ئۇ ئادەم

قولىدىكى كىتابنى ئالدىدىكى كىچىك ئۈستەلگە قويۇپ .

— مەن شەيخ سەئدىنىڭ «گۇلىستان» ناملىق ئەسىرىنىڭ پارسچىسىنى ئىزدەيتتىم ، — دېدى پەرھات كىتاب ئوقۇشتىن توختاپ ئۆزىگە ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قارىغان بۇ سالاپەتلىك ئادەمنىڭ تۇرقىدىن سەل ئەيمەنگەن ھالدا .

— بار بالام ، بار ،— دېدى ئۇ ئادەم ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ تەكچىگە تىزىلغان كىتابلار ئىچىدىن بىر كىتابنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇنى پەرھاتقا سۇنۇۋېتىپ ،— بالام ، سىلى پارسچىنى ئوقۇيالايدىغان ئوخشىمامدىلا ؟

— ئوقۇيالمايمەن ، لېكىن پارس تىلىنى ئۆگىنەيمىكىن دې-ۋىدىم ، — دېدى پەرھات سەللىسىنىڭ پەنلىسىنى يانغا چۆشۈرۈپ خۇددى ھازىرلا نامازغا قوپقان ئىمامدەك سۈر - سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان بۇ ئادەمگە ئەيمىنىپ قارىغان ھالدا .

— ئۇنداقتا ئۇستازلىرى كىم بولىدىكىن ؟— دېدى ئۇ ئادەم پەرھاتنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ .

— ئاڭلىسام باغچە كوچىسىدىكى ھۆسەن قارى ھاجىمنى ئەرەب ، پارس ، ئوردۇ تىل - يېزىقلىرىغا بەك پىششىق ، ئالىم ئۆلىما كىشى دېيىشىدۇ . ئەگەر مۇمكىن بولسا ئاشۇ ئۇستازغا شاگىرت بولسامىكىن دەپ ئويلىغۇدىم ، شۇڭا بۈگۈن كىتاب سېتىۋالغاچ شۇ ئادەمنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسەممىكىن دەپ چىققا-نىدىم .

— ئەقىللىرىگە بارىكاللا ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ ئادەم كۆزەي-نىكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى قولياغلىقى بىلەن پاكىز سۈرتۈپ بولۇپ ئۇنى قايتا تاقىۋالغاندىن كېيىن ، — بىلىم دېگەن بىر ھۈنەر ئوغلۇم ، ئۇنى بىلمەك ، ئۆگەنمەك ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزغاندا ئاندىن مۇرات - مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ ، سىلىنىڭ مۇشۇنداق بىر نىيەت - ئىقبال بىلەن بىر تىلنى ئۆگىنىشكە نىيەت قىلغانلىرى بەكمۇ ئۇلۇغ بىر ئىش بالام ، سىلى بىرەر

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئوخشىمامىلا ؟ !
— شۇنداق ، مەن مۇشۇ شەھەردىكى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىمەن ، — دېدى پەرھات ئامال بار مويسىپىت ئادەملەر چۈشەنگۈدەك تەلەپپۇزدا سۆزلەپ ، — يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئوقۇشۇم پۈتىدۇ . شۇڭا ئوقۇشۇم پۈتۈپ قايتىپ كەتكۈچە بىرەر چەت ئەل تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىۋالاي دېگەنىدىم .
— قالتىس ياخشى نىيەتكە بەل باغلاپلا ئوغلۇم ، بىزدە «هۈنەرلىك ئەر خار بولماس» دېگەن گەپ بار ، تىل ئۆگىنىشمۇ بىر هۈنەر ئۆگەنگەنلىككە تەڭ . بىرەر يات تىلنى بىلىش بىر - ئىككى دۆلەتكە بارغان بىلەن ئوخشاش ، تىل قىيىنچىلىقى تارتمايدىلا ، ئۇنى ئىزدەپ باغچە كوچىسىغا بارسىلا ئۇنى تاپالايلا ، هۇسەن قارى هاجىم سىلىدەك تىرىشچان شاگىرتنى قوبۇل قىلىغىنى ئۇچۇن پەخىرلىنىدۇ .
— سىلى ئۇ مۆتىۋەر ئۇستازنى تونۇيدىغان ئوخشىمامىلا ، — دېدى پەرھات ئۇ ئادەمنىڭ بەكمۇ خاتىرجەم سۆزلەۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ .
— تونۇيمەن بالام ، تونۇيمەن ، سىلىچۇ خاتىرجەم هالدا باغچە كوچىسىغا بېرىۋەرسىلە ، بالام . ئۇ كىشى هەر شەنبە چۈشتىن كېيىن ئۆيىدە بولىدۇ .
— رەهمەت ، — دېدى پەرھات قاتتىق هاياجانلانغان هالدا ،— مۇنۇ كىتاب نەچچە پۇل بولىدىكىن ، پۇلىنى بېرىۋېتەي .
— ئەكىتىۋەرسىلە بالام ، — دېدى ئۇ ئادەم چارلاشقان ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ، — مەن مۇنداق كىتابلار هەقىقىي جايىنى تاپسا بەك خۇشال بولىدىغان ئادەممەن . بۇ سىلىگە قىلغان سوۋغام بولسۇن ، بالام .
— مۇنداق قىلساق زادى بولمايدۇ هاجىكا ،— دېدى پەرھات يانچۇقىدىن ئون سوملۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ، — بۇنى ئالسىلا .

www.uyghurkitap.com

— بولدى ، ئاشۇ پۇل ماڭا تېگىل بولدى ،— دېدى ئۇ ئادەم كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىپ ، — كېتىۋەرسىلە ، پارسچىنى ئوبدان ئۆگەنسىلا جۇما .

— بۇ ، بۇ ··· ئەستا ،— پەرھات يەنە جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ئۇ ئادەمگە بىرنەچچە رەھمەتنى ئارتۇق ئېيتىپ مەكتىپىگە چىقىپ كەتتى .

پەرھات شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ھېلىقى كىتابپۇرۇش ئېيتىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە ھۆسەن قارى ھاجىمنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ كىرىپ كەلگىنىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . چۈنكى ئۇ ئۆيدە ھېيتگاھ يېنىدىكى ھېلىقى چار ساقاللىق كىتابپۇرۇش ئىككى قات كۆرپە ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتات-تى .

شۇ كۈندىن تارتىپ ھۆسەن قارى ھاجىم بۇ تەلەپچان ، تى-رىشچان شاگىرتىدىن ئۆزىنىڭ بىلىمىنى ئايىمىدى . مەكتەپ پۈت-تۈرۈش ئالدىدا تۇرغىنىغا قارىماي ئۇ ھازىر ئەرەب ، پارس تىلىنى بىرلىكتە ئۆگىنىپ كېلىۋاتاتتى . بۈگۈن مانا قېرىشقاندەك ئىككى مويسىپىت ئادەم تەرەپباللا كېلىپ قېلىپ ئىككى سائەتتىن ئوشۇق ۋاقتىنى ئېلىپ كەتكەچكە ئۇنىڭ تەلىم ئېلىش ۋاقتى كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرھات ئوقۇش پۈتتۈ-رۈش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقاچقا مۇشۇ بىر يىلدىن بۇيان ئۆگەنگەنلى-رىنى پىششىقلاشتىن باشقا بۇ تىللارنىڭ گرامماتىكىلىق تۈزۈ-لۈشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىۋاتقاچقا ، ئامال بار كۆپرەك تەلىم ئېلىپ قايتىش نىيىتىدە بېسىپراق ئۆگىنىۋاتاتتى ، بۈگۈنمۇ ئۇ كەچلىك تاماقنى مۇشۇ ئۆيدە يەپ كەچتىمۇ يەنە بىر دەرس ئاڭلى-دى . چۈنكى ئۇ بۇنداق پۇرسەتنىڭ ئەمدى ساناقلىقلا قالغانلىقى-نى ، بىر ئايدىن كېيىنلا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بۇ شەھەردىن كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە ، مۇشۇنداق بېسىپ ئۆگىنىشكە كىرىشكەنىدى . مەكتەپ تەشكىلى گەرچە ئابدۇسالام بىلەن پەر-

هاتنى مەكتەپتە ئېلىپ قېلىشنى پىلان قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بۇ ئىشقا ئارتۇق ئىپادە بىلدۈرۈشنى خالىمىغانىدى . چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئاساسىي نىشان قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى .

— بالام ، — دېدى ھۈسەن قارى ھاجىم مەكتەپكە قايتىشقا تەييارلانغان پەرھاتقا قاراپ ، — بەك كەچ بولۇپ كەتتى . قونۇپ قالسىلا .

— مەن قايتاي ھاجىمكا ، بىزگە سىرتتا قونۇش مەنئىي قىلىنغان . شۇڭا قايتىپ كەتمىسەم بولمايدۇ .

كۆۋرۈكنىڭ ئەنسىز غىچىرلىشى ئاخىرلاشتى . ئۇ ئاخىر بۇ ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ قويۇق سۆگەتلەر بىلەن قاپلانغان دەريا قىرغىقى يولغا چۈشتى . ئەتراپنىڭ ئېغىر جىمجىتلىقى ئەمدى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىغان ، پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرى ، نەلەر-دىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بۇ كېچىنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇپ ئۇنى تەشۋىشكە سېلىپ تۇراتتى . ئۆزىنىڭ ئاياغ تىۋىشى خۇددى ئۇنىڭ كەينىدىن بىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىپ تۇرغاچقا ئۇنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ تۇراتتى .

«تېزرەك ماڭاي ، مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتسەملا مەھەللىگە ئۇلىشىمەن . ئۇ چاغدا قورقۇش يوق» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ كەلمەكتە ئىدى .

تۇيۇقسىزلا سۆگەت شاخلىرىنى شىرىقلىتىپ ناھايىتى ئالدى-راش كېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ شەپىسى ئاڭلىنىپ ، ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قارا كۆلەڭگە لوڭڭىدە پەيدا بولدى . تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ ئادەمدىن قاتتىق چۆچۈگەن پەرھاتنىڭ پېشانىسىدىن بۇژژىدە تەر چىقىپ كەتتى .

— كىمسەن ؟ ! — پەرھات ئالدىدىكى قارا سايىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن يۈرىكى سەل جايىغا

چۈشكەن بولسىمۇ ، بۇ ئادەمنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇقماق بولۇپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى .
— ئەزرائىلمەن ، — ئۇ ئادەم خىرقىراق ئاۋازدا جاۋاب قايتۇرغاچ پەرھاتقا يېقىنلاپ كەلدى .
پەرھات ئۇ ئادەم ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگەندە قاتتىق چۆچۈپ كەتتى . چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا چوشقىدەك سەمرىگەن سودىگەر مۇھەممەدئىمىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مولۇندەك پارقىرىتىپ تۇراتتى .
— سەن ، سەن نېمە قىلماقچى ؟— دېدى پەرھات كەينىگە ئاستا ـ ئاستا چېكىنگەن هالدا .
— نېمە قىلىدىغىنىمنى هېلى كۆرىسەن سولامچى ،— دېدى ئۇ ئىتتىك ئۇنىڭ بىلىكىدىن قامالالاپ تۇتقان هالدا ،— بۈگۈن بۇ يەردە مېنى ئەجەب ساقلاتتىڭا .
پەرھات شۇ چاغدىلا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى هېس قىلدى . چۈنكى ئۇنىڭ تۇرقى شۇ تاپتا خىرىس قىلىۋاتقان ۋەھشىي يولۋاس-قىلا ئوخشاپ قالغاندەك تۇراتتى . ئۇنىڭ هازىرقى سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ئۇ پەرھاتنى مۇشۇ جايدا مەقسەتلىك ساقلىغان ، دېمەك ئۇ دىلبەر بىلەن بولغان ئىشنى سۆزلىمەكچى . چۈنكى دىلبەر يېقىندىن بۇيان سىرتقا چىقىشنى بىراقلا توختاتقانىدى .
«مېنى ئازدۇرغىنى هېلىقى پور كۆتەك سودىگەرنىڭ چاپىنى پەرھات ،— دېگەنىدى دىلبەر بىر كۈنى يىغلاپ ئولتۇرۇپ ،— ئابرۇيپەرەسلىك قىلىپ ئاشۇ چاپاننى ئالغىنىمغا مىڭ بىر پۇشاي-مان قىلىۋاتىمەن ، لېكىن پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق ...»
پەرھات مۇشۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا يۈرىكى يىغلاپ تۇرغان قىز-نىڭ ئۆزىگە دېيەلمەي تۇرغان ئىچكى سىرلىرىنى بىلمەكچى بول-غاندەك ئۇنىڭغا تىكىلگىنىدە دىلبەر گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەت-كەنىدى . دېمەك ، ئۇ خېتىدە ياسىن بىلەن يۈردۈم دەپ پەرھات-نىڭ گۇمانلىرىنى چالغىتقىنى راست بولۇپ چىققانىدى . مانا بىر

يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنى مەكتەپ ئىچىگە سولىۋېتكەن دىلبەر يەنىلا بۇ سودىگەرنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن چىقىپ كەتمىگەن گەپ . ئەمدى ئۇ دىلبەرنى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتتى دەپ گۇمان قىلغان پەرھاتقا ھۇجۇم قىلماقچى ، پەرھات چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىدىن ئۆتكەن بۇ خىيال ئىسكەن- جىسىدە بىر پەس تۇرۇپ قالدى - دە ، مۇھەممەدئىمىنىنىڭ قول- دىن يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە ، كەينىگە داجىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى :

— نېمە گېپىڭ بولسا ئەتە دېيىشەيلى ، مەن ھازىر مەكتەپكە چىقىپ كەتمىسەم بولمايدۇ .

— مەكتىپىڭگىمۇ ئالدىرىماي چىقىۋالىسەن بەچچىغەر ،— دېدى ئۇ پەرھاتنى يەنە قىستاپ كېلىپ ،— سەن بىلەن ھېسابلى- شىۋالىدىغان ئازراق ئىش بار شۇ .

پەرھات ئۇنىڭ گەپ قىلغاندىكى تەلەپپۇزىدىن بۇگۇن تەييار- لىق بىلەن چىققانلىقىنى ، ئۆزىنى ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەيدى- غانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇلگۇردى - دە ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق قىلىپ قويۇش ئۇچۇن قولىنى يانچۇقىغا سالدى . لې- كىن ئۇنىڭ قولىغا ئاق قەلەيدىن ياسالغان موخوركا قۇتىسىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئۇرۇلمىدى .

— مەن بىلەن ھېسابلىشىدىغان نېمە ئىشىڭ بار ئىدى ؟ ! مەن يا سەن بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان ، يا گەپ تالىشىپ قالغان بولمىسام . نېمە بۇ يەردە ئالدىمنى توسۇپ چاتاق چىقىرى- سەن ؟— دېدى پەرھات تاماكا قۇتىسىنى چىڭ سىقىملىغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ .

— سەن تېخىچە ئۆزۈڭنىڭ زادى نېمىنى خاتا قىلىۋاتقانلى- قىڭنى بىلمەيۋاتامسەن ھەي لامزەللە لاتا ، — دېدى ئۇ پەرھاتنىڭ مەيدىسىگە گۆشلۈك مۇشتى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ، — ئېيتە ،

دىلبەرنى نېمىشقا ئېزىقتۇرۇپ مەكتەپتىن چىققىلى قويمايسەن ھە؟!

پەرھات بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي چۈشەندى. دې- مەك، پۇل ئارقىلىق بىر قىزنى ئۈچ يىلغا يېقىن ئېزىقتۇرغان بۇ سودىگەر ھازىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابىغا چىدىماي قېلىۋاتقانلىقتىن بۇ ئىشنى پەرھاتتىن كۆرۈپ ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىدى.

— بىلجىرلىما، — دېدى پەرھات ئەمدى بوشاڭلىق قىلىپ ئولتۇرسا، بۇ زومىگەرنىڭ يەنىلا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ ئۆزىنى بوزەك قىلىدىغانلىقىنى پەملەپ قاتتىقراق ئاۋازدا سۆز- لەپ، — ئۇنى ئېزىقتۇرۇپ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان مەن ئەمەس، سەن. بىلىۋاتامسەن؟! سېنىڭ دەستىڭدىن ئۇ ياخشى ئوقۇيالمىدى. ئىمتىھانلارنى ياخشى بېرەلمىدى، ھەتتا پۈتكۈل ھاياتىغا داغ چۈشتى. يەنە تېخى...

— ھە دەپ بەرسەم مەندىن بەكرەك ھۆركىرەيسەنغۇ ھەي شوۋىچى، — دېدى ئۇ پەرھاتنىڭ مۇرىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ، — مەن تېخى سەن بىلەن ياخشىلىقچە سۆزلىشىپ، ئۆزۈم ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالىمەن دەپ بۇ يەرگە كەلسەم تېخى مەندىن بەكرەك سەكرەيدىغا ماۋۇ لاتا قاس- قاس. مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ساڭا بۇگۈن پەقەت ئىككىلا يول بار، بىرى، دىلبەردىن ئۆزۈڭنى تارتىپ ئۇنى مەكتەپ پۈت- تۈرسە مۇشۇ شەھەردە قېلىشقا كۆندۈرسەن. يەنە بىرى، ئۆزۈڭ ماڭغان يولدا قايتا مېڭىپ ئاشۇنداق بىر ئەرزىمەس پاسكىنا ئۈ- چۈن جېنىڭنى دوغا تىكىسەن.

پەرھات ئۇنىڭ ئاخىرقى تەئەددى ئارىلاش سۆزلىرىنىڭ ھەر- گىزمۇ يالغان ئەمەسلىكىگە ئىشەندى. چۈنكى ئۇ ھازىر دىلبەرنى قولغا قايتا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشقا تەييارلىق كۆ- رۈپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. پەرھات ئۇنىڭ «بىر ئەرزىمەس پاس-

كىنا ئۇچۇن جېنىڭنى دوغا تىكىسەن » دېگەن سۆزىدىن چۆچۈپمۇ قالغانىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇنىڭ بىر پوپوزا ئىكەنلىكىنى ، ئۇ پەرھاتقا مۇشۇنداق ئۆكتەملىك قىلسام دىلبەر مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىدۇ دېگەن ئويدا بۇ جايدا ساقلاپ تۇرغان ، شۇڭا مەن بوش تۇرسام ئۇ شۇنچە ئۆكتەملىشىدۇ دەپ قارىدى ـ دە ، كەينىگە داجىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن يەنە تاكاللىشىشقا باشلىدى .

— سەن ماڭا بۇنداق پوپوزا قىلما ،— دېدى پەرھات كۆزەي-نىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ،— مۇھەببەتلىشىش دېگەن ئەركىن بىر ئۇقۇم . بۇنىڭدا كىمنىڭ كىمنى ياخشى كۆرۈشى ئەمەس ، بەلكى ئىككى ياش بىر ـ بىرىنى ئورتاق ياخشى كۆرۈش-كەندىلا ، ئاندىن ھەقىقىي مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ . ئۇقۇپ قوي ، سەن ھازىر ئۆزۈڭنىڭ ساختا مۇھەببىتىڭنى ئۇنىڭغا زورلاپ تاڭماقچى بولۇۋاتىسەن . بۇنى قانداقمۇ مۇھەببەت دېگىلى بولسۇن ئەمدى .

— ئۇنداق بولسا مەن ئۇ پاسكىنا جالاپنى ئۈچ يىل بىكارغا بېقىپتىمەن ـ دە ،— دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ ، — مۇھەببەتنى زورلاپ تاڭغىلى بولمىسا ، ئۇ نېمىشقا ماڭا شۇنچە چاپلىشىۋالىدۇ ؟

— ئۇ ئازغان دېدىمغۇ ساڭا ، پۇلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپ كەتكەن .

— ئۇنداق بولسا ئۇ مېنىڭ پۇلۇم بىلەن كەڭ ـ كۇشادە يەپ ـ ئىچىپ ، ئويناپ مەكتەپ پۈتتۈرۈۋېلىپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپلا كېتىۋالسا بولىدىكەن ـ دە . سەن شوۋچىلارمۇ ماۋۇ جالاپ ئۈچ يىلىنىڭياقى قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ ، ماڭا چاپلىشىۋېلىۋا-تىدۇ دېگەن گەپنى ئويلاپ ئۇنىڭدىن سەسكىنىشنىڭ ئورنىغا شوۋا يالاپ كېتىۋەرسەڭلا بولىدىكەن ـ دە .

پەرھات بۇ سودىگەرنىڭ ئادەم سەسكەنگۈدەك گەپلىرىدىن دىلبەرنىڭ ئۈچ يىللىق خىيانەتلىك تۇرمۇشىنى خىيالەن تەسەۋ-

www.uyghurkitap.com

ۋۇر قىلىپ ئۇلگۇردى . دېمەك ، ئۇ پەرھاتنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغى-
نىدىنمۇ بەكرەك يامان يولغا كىرگەنىكەن . شۇنداقلا ئادەم ئاغزى-
غا ئالغۇسىز مەينەتچىلىك پاتقىقىغا پاتقانىكەن ـ دە . مانا مۇشۇن-
داق بىر شاللاق قىز ئۇچۇن بۇ يەردە ئىغىزنى ئۇپرىتىپ ئۇنىڭغا
ئىچ ئاغرىتىشقا بولامدۇ ، يوق ، دېگەن مەسىلە ئۇستىدە جىددىي
ئويلانماي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . لېكىن ئۇ بۇ خىيالنى
قىلىشى ھامانلا ئايسىخان ئانىنىڭ ئۇزىگە ئۇمىد ئىلكىدە تىكىل-
گەن كۆزلىرىنى قايتا كۆرگەندەك بولدى ـ دە ، مۇنداق تېز
بوشىشىپ كېتىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ، چوقۇم ئۇنى بۇ يا-
ۋۇز بۆرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ
ئۇلگۇردى .

— ھە ، نوچى ،— دېدى ئۇ پەرھاتنىڭ مۇرىسىدىن ئىتتى-
رىپ ،— جىمىپلا كەتتۇققۇ ، ئەمدى جالاپنىڭ شوۋىسى بەتتام
كېلىۋاتقان ئوخشىمامدا .

— بىر ئالدىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى مۇنداق ھاقا-
رەتلىمە ،— دېدى پەرھات ئۇنىڭغا دادىل قاراپ ،— ئۇ پۇلۇڭنى
خەجلىگەن بولسا ساۋاقداشلار يىغىش قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى تۆلەپ
بېرەيلى . ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگىن . سەندىن ئۆتۈنەي ،
ئەمدى ئۇنى قىينىما .

— ۋاھ ، ماۋۇ قۇرۇق سۆلەت بايۋەچچىنىڭ ھالىنى قانداق
قىلاي ئەمدى . سەن ئاشۇ تۇرقۇڭ بىلەن قانچە پۇلغا يارايسەن .
ئۇقۇپ قوي ، سېنى ياساپ ـ تۈزەپ ھامال بازىرىغا ئاچىقىپ
قويسا بەش پۇلغا يارىمايسەن ، ئۇقتۇڭمۇ ؟ ! سەن تۆلەيلى دېگەن
پۇلنىڭ قانچىلىك پۇل ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن زادى ؟ !

— قانچە پۇل ؟ !

— ئون مىڭ .

— ئون مىڭ ؟ !

— شۇنداق ، ئون مىڭ ، ئۇ پاسكىنا يالغان ناز بىلەن مۇشۇ

ئۈچ يىلدا مېنىڭ ئون مىڭ كوي پۇلۇمنى خەجلىۋەتتى . ئاشۇ
ئون مىڭغا مەن تىرناقتا توختىغىدەك قىزدىن ئىككىنى ئالاتتىم
ئەمەسما . بۇنى بىلەمسەن ؟ !

پەرھاتنىڭ تېنى بۇ گەپلەردىن شۈركۈنۈپ كەتتى . ئۇ ئەس-
لىي بەك بولسا نەچچە يۈز يۈەن پۇل ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ
دەپلا ئويلىغانىدى . لېكىن مۇنچىلىك كۆپ ئىكەنلىكى ئۇنىڭ
يادىغا كىرىپ چىقمىغانىدى ، دېمىسىمۇ بۇ بەكلا جىق پۇل ئىدى ،
ھازىر يەتمىش ـ سەكسەن تىيىنغا بىر كىلو گۆش ئالغىلى ، ئون
تىيىنغا يىگىرمە تال ئۆرۈك يېگىلى بولىدىغان زامان تۇرسا
ئۇنچىۋالا پۇلنى دىلبەر قانداق خەجلەپ بولغاندۇ ياكى ماۋۇ توي-
ماس سودىگەر قەستەن پۇل سانىنى كۆپرەك دەپ ئۇنى قورقۇتۇۋا-
تامدىغاندۇ .

بۇلتۇر ئايپەرى «پەرھات ، كۆڭلىڭىزگە كەلسىمۇ دەۋېرەي ،
دىلبەر مۇشۇ نەچچە يىلدىن بۇيان پۇلنى غازاڭدەك خەجلەۋاتىدۇ .
ئاشۇنداق خەجلىگەن پۇلنىڭ دەردى چىقىپ قالارمىكىن دەپ
قورقۇۋاتىمەن . بولسا سىزمۇ ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتمەڭ»
دېگەن چېغىدا ئۇ كۈلۈپلا قويغانىدى . ھەتتا «گۈلبوستاننى ماڭا
چاپلاپ بولالماي ئاچچىقىدا مۇشۇ گەپلەرنى تېپىپ ، دىلبەر بىلەن
قايتا تېپىشىۋالمىسۇن دېگىنى بۇ» دەپ بۇ گەپلەرگە ئانچە ئېرەن-
شىپ كەتمىگەنىدى . مانا ئۇنىڭ سۆزى ھەقىقەت بولۇپ چىقتى .
مەيلى راست ياكى يالغان بولسۇن دىلبەرنىڭ بۇ سودىگەر بەرگەن
پۇلنى خەجلىگىنى تېنىۋالغىلى بولمايدىغان پاكىت بولۇپ چىق-
تى . لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇ ئۈچ يىلدا ئون مىڭ يۈەن پۇلنى
خەجلىۋەتكەنلىكىگە پەرھاتنىڭ پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى .
شۇنداقتىمۇ ئۇ شۇ تاپتا دىلبەرنىڭ مۇشۇ ئۈچ يىللىق خىيانەتكار
تۇرمۇشىدىن قاتتىق سەسكەندى ، مۇشۇنداق بىر بىنومۇس قىز
ئۈچۈن ھاقارەتكە ئۇچراپ قىلىۋاتقانلىقىدىن قەلبى ئازاب ئىچىدە
ئۆرتەندى ، شۇڭا ئۇ دىلبەرنىڭ ئىشىغا باش قاتۇرۇشنىڭ ھاجىت-

سىزلىكنى ، ئەگەر مۇمكىن بولسا بۇ ئىشتىن ئۆزىنى تارتىپ ياشاپ بېقىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا دىلبەرنى قانداق قىلساڭ قىل مېنىڭ كارىم نېمە دەپ قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولدىيۇ ، لېكىن بۇ نىيىتىدىن تېزلا ياندى . چۈنكى ئۇ ھەرقانچە نەپرەتلىك قىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ يۇرتلۇقى ، ساۋاقدىشى ، ئەڭ مۇھىمى ناھايىتى شېرىن ، ئەھمىيەتلىك بولغان بىر يىللىق مۇھەببەت دېڭىزىدا بىللە ئۈزگەن بىر جۈپلەردىن ئىدى ـ دە . بۇلار يازلىق تەتىلدە يۇرتقا بارغىنىدا بۇ ئىككىيلەننىڭ مۇھەببەتلىشىپ قالغىنىنى ئاڭلىغان ئايسىخان ئانا شۇ چاغدا خۇشلۇقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغانىدى . مانا ئەمدى ئۇ ئەگرى يولغا دەسسەپ قالغان مۇشۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان پەرھات ئۆز مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلەشكەنلىكىنى ، مۇنداقچە ئېيتقاندا مۇھەببەتلىك ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بۇ مېھرىبان ئانىغا پەقەتلا بىلدۈرگۈسى كەلمىدى . شۇڭا ئۇلاردىكى بۇ سىر تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەچكە ، ئايسىخان ئانا قىزىدىن خاتىرجەم ئىدى ، چۈنكى ئۇ پەرھاتنىڭ راستچىللىقىغا ، تۈز كۆڭۈللۈكىگە ، دىلبەرنى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . ئەمدى ئۇ مۇشۇنداق پاتقاققا پاتقاندا ، ئۇنى قۇتۇلدۇرماسلىق نامەردلىك ئەمەسمۇ . توغرا ، ساۋاقداشلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئاز ـ ئازدىن پۇل يىغىپ بولسىمۇ بۇ قەرزنى تۆلەپ بىر ساۋاقدىشىمىزنى مۇنۇ ئالۋاستىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك .

— ھە ، ئىچىمىزگە تىنىپ قالدۇقمۇ نوچى ، پۇل دېگەن ئەنە شۇنداق يامان نەرسە . قوۋۇرغىسى يوق پۇل دەپ خەجلەۋەرگەن بىلەن ئۇنىڭ دەردى چىقىدۇ ئاشۇنداق .

— بولدى ، پۇلۇڭنى ساۋاقداشلار يىغىش قىلىپ بولسىمۇ تۆلەيمىز . لېكىن پۇلنىڭ ئەمەلىي سانىنى دىلبەر بىلەن سېنى يۈزلەشتۈرۈپ ئاندىن بېكىتىمىز .

— ۋاھ ، مەكتەپ بىرىدىغان ئۈچ كوي تۇرمۇش پۇلىغا

قاراشلىق يالاڭتۆش ئوقۇغۇچىلاردىن يىغىش قىلىپ ئون مىڭنى جەملىگىلى بولامدۇ، ھەي لاتا.

— ئاغزىڭنى بۇزما،— دېدى پەرھات بۇ سودىگەرنىڭ ھېلىدىن - ھېلىغا تىلغا ئالغۇسىز سەت تىللار بىلەن ئۆزىنى بىھۇدە تىللاشلىرىدىن جىلە بولۇپ،— ھەرقانداق گېپىڭ بولسا چىرايلىقچە سۆزلىشەيلى.

— چىرايلىقچە سۆزلىشىدىغان يېرى قالدىمۇ ئەمدى، — دېدى ئۇ يېنىدىن يالتىراپ تۇرغان پىچاقنى چىقىرىپ، — ھەممىنى قىلغان سەن لاتا قاسقاس، سەن ئازدۇرمىساڭ ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن كېتىپ قالمايتتى. مەن بىلىمەن، مۇشۇ ئۈچ يىلنىڭيادىكى ئۇ مەندىن ئالغان پۇل بىلەن سېنى باقتى. بۇنى بىلمەيدۇ دەۋاتامسەن؟!

— يالغان، — دېدى پەرھات ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولىغا قورقۇمسىراپ قارىغان ھالدا، — بىز ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىلا ئايرىلىپ كەتكەن.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۇنى يەنە ئازدۇرىسەن. نېمىشقا ئۇنى مەكتەپتىن چىقارمايسەن؟!

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، مەن ئۇنى تۇتۇۋالغىنىم يوق.

— يەنە يالغان سۆزلەۋاتىسەن. راست گېپىڭنى قىلساڭ بولامدۇ پوق پۇرايدىغان ھەزىلەك،— ئۇ قىستاپ كېلىپ يالتىراپ تۇرغان پىچاقنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى، — راست گەپ قىلە، ئۇنىڭ بىلەن يۈردۈڭمۇ، يوق؟!

— يۈرمىدىم،— دېدى پەرھات پىچاقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئەمدى ئۇ بۇ سودىگەردىن راستتىنلا قورقۇپ قالغانىدى. چۈنكى كېچىدە بەكمۇ سۈرلۈك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان بۇ پىچاق ھازىر ئۇنىڭ قولىدا قالايمىقان پىرقىراپ يۈرەتتى. ئۇ گەرچە قورقۇتۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇ يەر - بۇ يەرگە سانجىپ ئادەم زەخىملەندۈرمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولسا نېمىدەپ ئۇ خەجلىۋەتكەن پۇلنى يىغىش قىلىپ تۆلىگىلى كەپقالدى؟

— ئۇ بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىز، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ھەممە-مىزنىڭ مەجبۇرىيىتى.

— ئۇنداق بولسا پۇلنى ھازىر چىقار.

— دېدىمغۇ، ساۋاقداشلاردىن يىغىش قىلىپ تۆلەيمىز.

— مېنىڭ نېسىدىن پەقەتلا تەلىپىم يوق. سودا قىلغاندىمۇ نېسى قىلغان يېرىم يوق مېنىڭ، پۇلۇڭ بولسا ھازىر چىقار، بولمىسا مەندىن قۇتۇلىمەن دەپ خام خىيال قىلما. سېنىڭ كاسا-پىتىڭدىن ئالىدىغان خوتۇنۇمدىن ئايرىلدىم. ئەمدى پۇلۇمنى نې-سى قىلغۇم يوق. سەن خۇمسى قاراپ تۇرۇپ مېنىڭ يەۋاتقان ئېشىمغا توپا چاچتىڭ...

مۇھەممەدئىمىن سۆزلىگەنسېرى ئەسەبىيلەشتى. ئۇ بىر تە-رەپتىن سۆزلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن پەرھاتنى قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. پەرھات ئەمدى قېچىشتىن باشقا يول قالمىغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچتى.

— قۇتۇلدۇرۇڭلار!— پەرھات قېچىپ كېتىۋېتىپ ۋار-قىرىدى.

— توختا خۇمسى، توختا،— مۇھەممەدئىمىن پەرھاتنىڭ قاچقىنىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى قوغلاشقا باشلىدى. قېرىشقاندەك يول ياقىسىدىكى بىر پارچە تاشقا پۇتلاشقان پەرھات يىقىلىپ چۈشتى ـ دە، دومىلاپ دەريا قىرىدىن پەسكە — سۆگەتلىك ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. كەينىدىن يۈگۈ-رۈپ كەلگەن مۇھەممەدئىمىن پەسكە سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن پەرھاتنى بېسىۋالدى.

— مېنى قويۇۋەت،— پەرھات ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قولىنى بىغىشىدىن تۇتۇۋېلىپ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىراشقا باش-لىدى،— مېنى قويۇۋەت، ئادەم ئۆلدى، قۇتۇلدۇرۇڭلار...

تەلۋىلەشكەن مۇھەممەدئىمىن جىمجىت كېچىدە دەريا بويىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ ئاۋازدىن قاتتىق چۆچۈدى . چۈنكى مەھەللە بىلەن تۇتاش كەتكەن بۇ دەريا بويىنى ئانچە بىخەتەر دېگىلىمۇ بولمايتتى . ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق ئالىجوقا ۋارقىراۋەرسە مەھەللىدە بىرەرى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قېلىپ يۈگۈرۈپ كەلمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى .

— زۇۋانىڭنى ئۆچۈر ھەي خۇمسى ، — دېدى ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇپ ، — يەنە ۋارقىرايدىغان بولساڭ جېنىڭنى ئالىمەن !

پەرھات ئېيىقتەك سېمىز رەقىبى ئاستىدا تېپىرلاپ يېتىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتاتتى . شۇڭا ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ بىر تەرەپكە قىيسايدى ـ دە ، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالغان قولىنىڭ بىر يانغا سۇرۇلۇشى بىلەنلا ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق چىشلىدى .

— ۋايجان !— مۇھەممەدئىمىن كۈچەپ چىشلەنگەن قولىنىڭ زەربىسىدىن مېڭىسىغىچە يېتىپ چىققان ئاچچىق ئاغرىق ئازابىدىن ئېڭىرىتۋەتتى ـ دە ، ئوڭ قولىنى بىرلا تولغاپ پەرھاتنىڭ ئۆزىنىڭ بېغىشىنى تۇتۇۋالغان قولىدىن بوشىنىپلا قولىدىكى پىچاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پەرھاتنىڭ كۆكسىگە پاتۇرۇۋەتتى .

— ئادەم بار ··· ،— پىچاق كۆتۈرۈلۈشى ھامان ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن خەۋپنى سەزگەن پەرھات گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىپ بولغۇچە كۆكسىگە ئۇرۇلغان قـاتتىق زەربىدىن سىلكىنىپ كەتتى ـ دە ، مېڭىسىدىن كىرگەن ئاچچىق بىرخىل ئاغرىق پۈتۈن بەدىنىنى جۇغۇلدىتىپ ئۆتۈپ تاكى تاپىنىغىچە سۇرۇلدى . ئۇ شۇ تاپ ئىسسىق بىرخىل سۇيۇقلۇقنىڭ مەيدىسىنى ھۆلدەۋاتقانلىقىنى سەزدى ، — مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار ،— دېدى ئۇ ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ جانسىز ئاۋازدا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى بىلمىگەندەك گاڭگىراپ ئولتۇر-

غان مۇھەممەدئىمىنگە ئايانچلىق قاراپ .

— مەن ئەسلىي سىنى قورقىتىپ قويماقچىدىم . مىنى قاتىل قىلىپ قويدۇڭغۇ ئەمدى ،— دېدى مۇھەممەد ئىمىن بارغانسېرى ئاۋازى پەسلەپ كېتىۋاتقان پەرھاتقا قاراپ يىغلامسىرىغان ھالدا ،— مەن بىلەن گەپ تالىشىپ ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ ، ماڭىمۇ قىلدىڭ . ئەمدى مەن سىنى قانداق قۇتۇلدۇرىمەن ؟ !

— ئۇنداق قىلما ··· مىنى قۇتۇلدۇرۇۋال ، سەندىن ئۆتۈنەي ، مىنى ··· ،— پەرھات بولدۇقلاپ قان چىقىپ تۇرغان كۆكرىكىنى بىر قولى بىلەن چىڭ بىسىپ تۇرۇپ يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى .

— ئەمدى ئامال يوق ،— دېدى ئۇ پەرھاتنىڭ بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ،— سىنى قۇتۇلدۇرىمەن دېسەم مەن ئۆلسەم بولىدۇ . ھېلىمۇ مەن ئۆلدۇمغۇ ،— ئۇ پەرھاتنىڭ بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتقان قولىنى سىلكىپ چىقىرىۋېتىپ يانغا سۈرۈلدى . شۇ تاپ ئۇ ئۆزىنىڭ قاتىل بولۇپ قالغانلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى .

ئۇ پەرھاتنىڭ ھالسىزلىنىپ ، قانسىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر پەس ئولتۇردى . چۈنكى چىقىۋاتقان قاندىن قارىغاندا پىچاق ئەجەللىك يەرگە ، يەنى يۈرەككە تەگكەندەك تۇراتتى . ئالاھازەل بەش مىنۇت ئەتراپىدا جان تالاشقان پەرھاتنىڭ ئاخىرقى تىنىقى بىر خارتىلداش بىلەن توختىدى .

— ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ ، ماڭىمۇ قىلدىڭ ، سىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىم يوقتى . ۋارقىراپ يۈرۈپ مىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتىڭ . قولۇمنى چىشلىۋالمىغان بولساڭمۇ پىچاق يېمەيتتىڭ ،— مۇھەممەدئىمىن باياتىن ئاغرىغىنىنى ئۇنتۇپ قالغان قولىغا قارىدى . پەرھات بۇ قولىنىڭ بىر قات تېرىسىنى شىلىپ ئالغۇدەك چىشلىگەن بولسا كېرەك ، قول قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى . ئۇ يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ قولىنى تاڭدى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرھاتنىڭ جەسىتىگە بىر پەس قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، پەرھاتنى سۆرەپ - تارتىپ دەرياغا چۈشۈرۈۋەتتى . دەريا بويىدىكى قان يۇقى جايلارغا توپا چېچىپ مەيداننى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ ، ئىزلارنى بىر سۆگەت شېخى بىلەن ئۇيان - بۇيان سۈپۈرۈپ يوقاتقاندىن كېيىن دەريا قىرىدىكى يولغا چىقتى - دە ، ئىتتىك مېڭىپ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا كۆزدىن غايىب بولدى .

پەرھاتنىڭ جەسىتىنى ئۈن - تۈنسىز ئۆز ئىلكىگە ئالغان دەريا بىر پەس شاۋقۇن سالدى - دە ، ئۇنى ئۆز باغرىغا يوشۇرغان ھالدا ئېقىتىپ كەتتى . شۇ تاپ ئۇ ئۆزى گۇۋاھ بولۇپ تۇرغان بۇ رەھىمسىز قاتىللىقنى شەھەر خەلقىگە ئۇقتۇرۇپ قويغۇسى كەلگەندەك ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە . ئۇ تۆككەن ياش گويا چاقماق- تىن كېيىنكى سىم - سىم يامغۇر كەبى ئۆز قېنىدىن چىقىپ يەنە ئۆز قېنىغا تۆكۈلمەكتە . ئۇ يەنە خۇددى بىر تىرىشچان ئەۋلادنىڭ ئۆز باغرىدا مۇردىغا ئايلىنىپ ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئۆكۈنگەندەك غەزەپ بىلەن شارقىراپ ئاقاتتى . تۈن قاراڭغۇلۇقى- دىكى چاقماق بىردىنلا بۇ ئەنسىز كېچىنى تېخىمۇ ئەنسىزلەشتۈ- رۈپ شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . سۈس بوران ئارىلاش يامغۇر يېغىشى ھامان جىمجىت ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى تىنىمسىز شارقىراشقا ، ئۆركەش ياساپ دولقۇنلاشقا باشلىدى . ئىشقىلىپ تەبىئەت ھەممىدىن بۇرۇن بۇ مەزگىلسىز ئۆلۈمگە قىلىپ ماتەم مۇزىكىسىنى چېلىشقا باشلىغاندى . بۇنىڭغا تەڭكەش بولغان مە- ھەللە ئىتلىرى ئەنسىز قاۋاپ كېچە جىمجىتلىقى بىراقلا بۇزۇلدى .

# يىگىرمە بىرىنچى باب  قاتىل كىم؟

«گۇمان چەكسىز يىغا دېمەكتۇر»
— خاتىرەمدىن

پەرھاتنىڭ قاباھەتلىك ئۆلۈمى بىردەمدىلا مەكتەپ ئىچىنى ئۆرە ـ تۆپە قىلىۋەتتى . سىنىپ ـ سىنىپلاردا بۇ قاتىللىقنىڭ جەريانلىرى ھەرخىل گۇمانىي قاراشلار ئارىلاشقان پاراڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ ، ستۇدېنتلارنىڭ تىنچ كېتىۋاتقان مەكتەپ تۇرمۇشى گويا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك داۋالغۇپ كەتتى ، ئوقۇغۇچىلار بۇ جىنايەتچىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاچچىق تىللىرى ئارىسىغا يۈگەپ ئۇنى ئەيىبلىشەتتى ، ناھايىتى تېزلا مەكتەپكە يېتىپ چىققان ج خ خادىملىرى شۇ كۈنىلا مەكتەپنىڭ چوڭ يىغىن زالىدا جىددىي يىغىن ئېچىپ ، بۇ دېلونى ئىمكان قەدەر تېز ئېنىقلايدىغانلىقىنى ، شۇڭا مەكتەپ ئىچىدىكى گۇمانلىق نۇقتىلارنى بايقىغان ھامان ئۆزلىرىگە ۋاقتىدا مەلۇم قىلىشىنى ھەمدە بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنىڭغا ئاكتىپلىق بىلەن ماسلىشىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى . ئۇلارنىڭ دېلو ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىشىچە ، پەرھاتنىڭ جەستى قاتىللىق يۈز بەرگەن ئورۇننىڭ يۈز مېتىر تۆۋەن تەرىپىدىكى بىر توقايلىقتا بايقالغان بولۇپ جەسەت تونۇغۇسىز دەرىجىدە كۆپۈپ ھەمدە كۆكىرىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە دېلو نەق مەيدانى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان ھەمدە كېچە ياغقان يامغۇردا تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە يىپ ئۇچىنى دەلىللەش بىرئاز قىيىنغا توختىغانىدى ،

شۇڭا ج خ خادىملىرى بۇ دېلونىڭ مەكتەپ ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ھازىرچە بارلىق گۇماننى مەكتەپ ئىچىگە قاراتقانىدى .

— دېلو ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، — دېدى مەكتەپ بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىندا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قۇربانجان سۆز قىلىپ ،— قاتىللىق قىلغۇچى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا پەقەت بىرلا پىچاق ئۇرغان . بۇنى قەستەنلىك ئارىلاشقان جىنايەت دېيىشكىمۇ سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ قويغان بىر تاسادىپىي ھادىسە دېيىشكىمۇ ياكى بولمىسا ھەددىدىن زىيادە قورقۇش ئىچىدە ئامالسىزلىقتىن ئۇرۇلغان بىر پىچاق دېيىشكىمۇ بولىدۇ . زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قاتىلنىڭ قولىنى چىشلەپ كىچىككىنە بىر پارچە تېرىسىنى شىلىۋالغان ، دېمەك قاتىلنىڭ بىر قولى يارىلانغان . زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئاغزىدا قېلىپ قالغان چىشلەپ ئۈزۈۋېلىنغان قولنىڭ تېرىسىدىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشىمىزدىن قارىغاندا ، بۇ قول پەقەتلا جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانمىغان قول . ئۇنىڭ قان تىپىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى . چۈنكى جەسەت سۇدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرغاچقا قاتىل بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ قېنى ئارىلىشىپ كەتكەچكە تېرىدىكى قاننىڭ تىپىنى ئېنىقلىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان . لېكىن شۇنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇكى ، قاتىل مۇشۇ ئەتراپتا ، يەنى يا مەكتەپ ئىچىدە ، يا مەكتەپنىڭ ئەتراپىدىلا . قاتىللىق نەق مەيداندىكى ئىزلاردىن قارىغاندا ، قاتىلنىڭ كېيگەن ئايىغى قىرىقىنچى رازمېرلىق سەل كونىرىغان تەنھەرىكەت ئايىغى بولۇپ ، بۇ قاتىلنىڭ تەنھەرىكەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان چاققان ، كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ . شۇڭا مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى ھەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىزنىڭ تەكشۈرۈش ئىشىمىزغا يېقىندىن ماسلى-

شىپ بېرىشىنى ، بىز بىلەن ھەر ۋاقىت ھەمكارلىشىپ ۋە ئالاقە تورى ئورنىتىپ بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىشىنى ، تەكشۈرۈ-شىمىزگە ئاكتىپلىق بىلەن ماسلىشىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلى-مىز .

يىغىن ئېچىلىۋاتقاندا ، ئابدۇسالامنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇ-چىلار ئاساسەن يىغا - زارىغا چۆشكەندى . قىزلارنىڭ كۆزى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن ، ئابدۇسالام بۇ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان قورقۇنچلۇق ۋەقەدىن گاڭگىراپ قالغاندەك قېتىپلا قالغانىدى . ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدىن ئۇزۇن يىل كې-سەل ئازابىنى تارتقان بىمارنىڭ بىچارە تۇرقىنى پەرەز قىلىش تامامەن مۇمكىن ئىدى ، ئۇنى بەكرەك ئازابلاۋاتقىنى پەرھاتنىڭ تۈنۈگۈن كەچتىكى ناھايىتى قىزغىن خوشلاشقان كۆرۈنۈشى ئىدى .

— مەن دەرسكە باراي ئەمىسە ،— دېدى پەرھات چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ،— ئىشىڭ بولمىسا بىللە چىقىپ كېلەمدۇق .

— ئىش يوق بولىدىغان كۈن بولامدۇ بىزگە ، — دېدى ئابدۇسالام ئەتىگەندىن بۇيان ئاققا كۆچۈرگەن بىر پارچە ھېكايە بىلەن ئۆيىگە يازغان خەتنى كۆرسىتىپ ،— ئاۋۋال پوچتىخانىغا بېرىپ بۇلارنى سېلىۋېتىپ ، ئاندىن كىتابخانىغا بارىمەن ، ئەگەر ۋاقتىم يېتىپ قالسا ئۇستاز يازغۇچىمىز ئاتاۋۇللا ئەخمىدىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىردەم سوقا - سۆھبەتتە بولۇش خىيالىممۇ بار .

— پاھوي ، كىچىككىنە جىنىڭغا پاتمانلاپ يۈك ئارتىۋالغى-نىڭنى قارىغىنە ،— دېدى ئۇ چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ ،— يەتتە يىل چېنىقتىم دەپ ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ ، چوڭلار ھەيدەيدىغان كالا ھارۋىسىنى مەن ھەيدەي دەپ تارتىۋېلىپ ، ئۇنىڭ ھۆددىسى-دىن چىقىپ بولالماي يېگىلەپ قېلىۋىدىڭ ، ئەمدى بۇ يەردە ئۆ-زۈڭگە - ئۆزۈڭ يەنە بىرمۇنچە يۈكنى زورلاپ ئارتىۋېلىپ چۆكۈپ

كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەيمەنغۇ سەندىن .

— ئەنسىرىمە ،— دېدى ئابدۇسالام كۈلۈپ تۇرۇپ ،— يېگىلەپ قالسامۇ سەندىن چاققان ، تاپانچىدەك ئەپلىك ، چۈنكى يۈك ئېغىر بولۇپ كەتسە ھەمكارلىشىدىغان ھارۋامۇ بار ، لېكىن سەندە ھارۋا بولسىمۇ ئوڭلاپ ھەيدىيەلمەيسەن ـ دە ئۇنى .

ئابدۇسالامنىڭ بۇ چاقچىقىدىن پەرھات ئۇنىڭ نېمىنى دارتە-مىلىغانلىقىنى دەرھال چۈشىنىپ يەتتى ، دېمىسىمۇ ئۇ نېمە ئۈ-چۈندۇر مۇشۇ ۋېلىسىپىت دېگەن بۇ ئىككى چاقلىق ئەرۋاھنى ئانچە ياخشى مىنىپ كېتەلمەيتتى ، مىنگەن تەقدىردىمۇ ئاجايىپ بىرخىل قورقۇنچ ئۇنى چىرماپ تۇرغاچقىمىكىن باشقىلار بىلەن تەڭمۇ ماڭالماي قالاتتى .

— كىم مېنى ھارۋا ھەيدىيەلمەيدۇ دەيدۇ ،— دېدى ئۇ ئەمدى چاقچاقلىشىشنىڭ ئاخىرىنى چورتلا ئۈزۈپ ماڭماقچى بو-لۇپ ،— ھېلىغۇ تۆمۈر ھارۋىكەن ياغاچ ياكى ئۆچار ھارۋىلارغىمۇ پىچەت جۇمۇ مەن .

— ئالدىرىما ، گەپنى چاقچاققا يۆلەپ تۇرۇۋالما ، مەنچۇ ساڭا ياخشى بولسۇن دەپ چىن كۆڭلۈمدىن تەربىيە قىلىۋاتىمەن ، ئە-گەردە سەن ۋېلىسىپىت مىنىشنى بىلگەن بولساڭ ۋاقىت تېجەشكە پايدىسى بولاتتى ،— دېگەندى ئابدۇسالام ئۇنىڭغا چاقچاق قىد-لىپ ،— ئەپسۇس سەن ۋېلىسىپىت مىنەلمەيسەن ـ دە . مىنگەن تەقدىردىمۇ توشقاندەك تىترەپ ، چاشقاندەك چۆچۈپ ماڭىسەن .

— نەدە چۆچۈپ ماڭىمەن ، ئوبدانلا ماڭىمەنغۇ .

— ئاۋانقا بارغاندا قانداق ماڭدىڭ بىلەمسەن ؟ !

— قانداق ماڭاتتىم ، ماڭدىمغۇ شۇ .

— ھە ، تازا ئوبدان ماڭدىڭ . كەينىڭدىن يا ئالدىڭدىن بىرەر ماشىنا ، ھارۋا ، يا ۋېلىسىپىت چىقىپ قالسا ۋېلىسىپىتنى توخ-تىتىپ ، يولنىڭ تېشىغا چىقىپ ئاشۇ ماشىنا يا ھارۋىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى ساقلاپ قاراپ تۇردۇڭغۇ . سېنى ساقلاپ مەن ، مېنى

www.uyghurkitap.com

ساقلاپ يارمۇھەممەد دېگەندەك بىر سائەتتە بارىدىغان يەرگە ئىككى سائەتتە بارمىدۇقمۇ .

— شۇنداق بولدىمۇ ،— دېدى ئۇ بېشىنى قاشلاپ خىجىل بولغان هالدا ،— مەنچۇ مۇشۇ ۋېلىسىپىت مىنىش دېگەننى تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندا ئۆگەنگەن دېگىنە ، شۇڭا ۋېلىسىپىت مىنىپ چوڭ يولدا ماڭسام بەكلا قورقىمەنكەن .

— نېمىدىن قورقىسەن ، سەنمۇ تۈز يولۇڭدا كېتىۋەرسەڭ بولماسمىدى .

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئاداش ،— دېدى ئۇ كۆزەينىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ ،— بالا - قازا دېگەن بىزگە ئوخشاش يالغۇز ئوغۇللارغا كېلىدۇ دېگىنە . شۇڭا يول ماڭغاندا ئاشۇنداق توغرا بالا - قازالاردىن ساقلىناي دەپ ئۆزۈمنى ئاياپ ماڭىمەنغۇ . داخانلارمۇ بىرەر ئادەمنى ئوقۇسا «يالغۇز تېرەككە بار ، ئەسكى سامانلىقىقا بار ، لىڭشىغان كۆتەككە بار» دەپ ھۈرىدىكەنغۇ ، ئاشۇ-لار ھۈرۈۋاتقان يالغۇزلارنىڭ بىرى مەن ئەمەسمۇ ئاداش .

— ئاغزىڭنى ئۇشۇتمىگىنە ، — دېدى ئابدۇسالام ، — ئاغزىڭدىن سائەت چىقمىسۇن يەنە .

— بولدى ، چاقچاق قىلدىم ، مەن ماڭاي ئاداش ، ھۆسەن قارى ھاجىم ۋاقىتقا بەك رىئايە قىلىدىغان ئادەم . ۋاقىت توشۇپ قالاي دېدى مانا ، — ئۇ قولىدىكى سائىتىنى چېكىپ تۇرۇپ ئابدۇسالام بىلەن خوشلاشتى .

— دىققەت قىل ، يالغۇز ئوغۇل ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ-غا چاقچاق قىلىپ ، — يولنىڭ چېتىدىرەك ماڭ ، يەنە ھېلىقى داخانلار ئوقۇپ ھۈرۈۋەتكەن يالغۇز تېرەكلەرگە ئۇچراپ قېلىپ بالا - قازاغا ئۇچراپ قالما يەنە .

— ئاغزىڭغا تاش ،— دېدى پەرھات كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئابدۇ-سالامنىڭ مۇرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ ، — خۇدايىم دېگىنىڭ-دەك بولماس .

— مەنمۇ چاقچاق قىلدىم ، بىر قاقىقا بىر قاق ، ئەمىسە خۇدايىمغا ئامانەت ، ئۇنداق ئىشلارنى بىزگە كۆرسەتمىگەي ئىلا-ھىم .

— خوش ئەمىسە ، — ئۇ ئاجايىپ بىرخىل قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن ئابدۇسالامغا قارىدى - دە ، ياتاقتىن چىقىپ كەتكە-نىدى . ئابدۇسالام دوستىنىڭ ئاشۇ قايرىلىپ قارىشىدىن يۈرىكى قارتتىدە قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىيۇ ، بۇنىڭ شۇنداق بىرخىل سېزىم ئىكەنلىكىنى پەملەپ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى ، بىراق يۈرەكنىڭ ئاشۇ جىددىي سوقۇشى بىكارغا سوققان ئىش ئەمەس-كەن ، مانا ئۆمۈرلۈك جۇدالىق ئۇلارنى بىردەمدىلا ئىككى دۇنياغا تالىق ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويدى .

ئابدۇسالام ئاشۇلارنى خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە خۇددى پەر-ھاتنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆزىنىڭ قولى باردەك خۇددى باشقىلار داۋاملىق تىلغا ئالىدىغان «ئاغزىدىن سائەت چىقتى» دېگەندەك بىر ئىشنىڭ ھەقىقەتەن يۈز بەرگىنىنى ئۇققىنىدا دىگىدە چۆچۈپ كەتتى . دېمىسىمۇ پەرھات ئاشۇنداق قىزغىن چاقچاقلار بىلەن چىقىپ كېتىپ شۇ كۈنى كەچتە قايتىپ كېلەلمىگەنىدى . ياتاقداشلار ئۇنى كەچ سائەت ئون بىرگىچە ساقلاپ ئۇ كەلمىگەندىن كېيىن ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ يېتىپ قېلىشقانىدى . لېكىن ئابدۇسا-لامنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى . چۈنكى ئۇ پەر-ھاتنىڭ بىرەر قېتىممۇ سىرتتا قونۇپ قالمايدىغان مىجەزىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى .

«ئۇ راستتىنلا ھۆسەن قارى ھاجىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قال-غانمىدۇ ياكى بىرەر خەۋپ - خەتەرگە ئۇچراپ قالغانمىدۇ . بايا چاقچاق قىلغىنىمدا ‹ئاغزىڭغا تاش › دەپ چىقىپ كەتكەنىدى . شۇ چاغدىكى تۇرقىمۇ تازا بىنورمال ئىدى ، بىچارە دوستۇم ، سېنى توغرا بالا - قازادىن خۇدايىم ساقلىسۇن» .

— ئەزىمەت ، ھەي ئەزىمەت ،— دېدى ئابدۇسالام ئاخىر

www.uyghurkitap.com

ئۈيقۇسى كەلمەي يېتىپ زېرىككەندىن كېيىن ، ئۇ ياندىكى كارى-
ۋاتتا ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ ، خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ ئۇخلا-
ۋاتقان ساۋاقداشىنى نوقۇپ ئويغىتىپ ، — پەقەتلا خاتىرجەم بولال-
مايۋاتىمەن ، پەرھاتنى ئىزدەپ باغچە كوچىسىغا چىقىپ باقساق
بوپتىكەن .

— بولدى قىلە ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزماي ، — دېدى
ئەزىمەت تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىپ ، — كۆپرەك بىرنەرسە
ئۆگىنىمەن دەپ كەچ قالغان بولسا ئۇستازى ئۇنماي ئۆيىدە
قوندۇرۇپ قالغاندۇ . يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا نېمە بار خەقنىڭ
ئىشىكىنى چېكىپ دەيمەن ، غىت قىسىپ ئۇيقۇڭنى ئۇخلىغىنە .
ئەنسىرەپ كەتكۈدەك ئىش يوق ، ئەتە ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشكە
ئۇلگۇرۇپ يېتىپ چىقىدۇ ئۇ تۆتكۆز .

بۇ گەپ بىلەن ئابدۇسالام خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى .
لېكىن يۈرىكىنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپلا دۈپۈلدەپ ئەنسىز سوقۇشلى-
رى ئۇنى بىر كېچە ئۇيقۇسىز قالدۇرۇپ هارغۇچە ئازابلاپ چىققا-
نىدى . شۇڭا ئۇ تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . تېزدىن
كىيىنىپ ، يۈزىنى ئالدىراپ يۇيۇپ سىرتقا چىقتى . مەكتەپ ئىچى
شۇ قەدەر جىمجىت بولۇپ ، تاڭ تېخى تولۇق يورۇپ كەتمىگەچ-
كە ، گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى مەكتەپ مەيدانىدا يۈگۈ-
رۈپ يۈرگەن بىرنەچچە بالىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىدى ، ئۇ
سەھەرنىڭ بۇ ساپ ۋە سالقىن هاۋاسىنى كۆكرىكى تولۇق توشقۇ-
چە سۈمۈرۈپ يېنىك كېرىلدى - دە ، بىر پەس مەيداننى ئايلىنىپ
يۈگۈرگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ بىر كېچە ئاساسەن ئۇيقۇسىز
يېتىپ قاپاقلاشقان مېڭىسىنىڭ ئوبدانلا سەگىپ قالغانلىقىنى
هېس قىلدى . بۇ چاغدا بىردىن ئىككىدىن بولۇپ ياتاقلىرىدىن
چىقىپ كېلىۋاتقان ستۇدېنتلارنىڭ ئەتىگەنلىك مەشغۇلاتلىرى
باشلىنىپ كەتتى . سىنىپلارنىڭ چىراغلىرى بىر - بىرلەپ يو-
رۇشقا باشلىدى ، لېكىن ئابدۇسالامنىڭ ئوي - خىيالى يەنىلا

پەرھاتتا بولغاچ سىنىپقا كىرىشكە رايى تارتماي ئۇنى ساقلاپ دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ قالدى ، لېكىن ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈن-مەيتتى .

ئابدۇسالام ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى . پەرھات ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشكە ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىدى . ئۇ مەيداننى ئىك-كى چۆرگىلەپ يۈگۈرگەندىن كېيىن يېتىپ كەلگەن ئەزىمەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ غەيرىي ، بىنورمال ئەھۋالنى ئوقۇتقۇ-چىسى سايىتجانغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ باغچە كوچىسىغا چىقتى .

— نېمە ، پەرھاتجان ئاخشام مەكتەپكە چىقمىدىما ؟ !— ھۇسەن قارى ھاجىم ئورنىدىن ئۆزىگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان بىرخىل تېزلىك بىلەن تۇرۇپ كەتتى ـ دە ، چىرايى يېتەرلىك تاتىرىپ كەتتى ،— ئۇ ئاخشام سائەت ئون ئەتراپىدا ئۆيدە قونۇپ قالسىلا دەپ شۇنچە زورلىسام ئۇنىماي چىقىپ كەتكەنىدى-ئەمەسمۇ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەزىمەت بىلەن ئابدۇسالام قاتتىق چۆچۈ-دى . ھۇسەن قارى ھاجىم بىلەن تېزلا خوشلىشىپ ، مەكتەپكە قايتىپ چىقىپ بۇ ئەھۋالنى مۇئەللىمگە يەتكۈزدى . جىددىيلەش-كەن ئوقۇتقۇچى بۇنى مەكتەپ ئامانلىق بۆلۈمىگە مەلۇم قىلدى . ئۇلار بۇ ئەھۋالنى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىشتى . ھەممىلا جاي بىر دەك ھەرىكەتكە كېلىپ ، پەر-ھاتنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى ، شۇ كۈنى چۈشكە يېقىن دەريا بويىدا ئولتۇرىدىغان بىر موماينىڭ دېلو مەلۇم قىلىشى بىلەن مەھەللە ئاخىرىدىكى توقايلىقتىن بىر تۈپ توغراق يىلتىزىغا ئىلد-نىپ قالغان پەرھاتنىڭ جەسىتى تېپىلدى .

— پەرھات دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ ،— دېگەن خەۋەر مەكتەپ ئىچىگە تارقىلىپ بىر سائەت ئۆتمەيلا ج خ خادىم-لىرى مەكتەپكە يېتىپ چىقىپ ، بۇنىڭ قانداقتۇر سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ، ئۆلۈپ قېلىش ۋەقەسى ئەمەس بىر قەستلەپ ئۆلتۈرۈش

دېلوسى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ مانا مۇشۇ چوڭ يىغىننى ئېچىۋا-
تىدۇ . ئەمدى بۇ ئىشنىڭ جەريانىغا ، قاتىلغا چېتىشلىق بىر قاتار
مەسىلىلەرگە ئېنىقراق چۈشەنچە تېپىپ ، ئۇنى دەلىللەپ بېرىنېمە
دېمەك ھەقىقەتەن تەس ئىش ئىدى . چۈنكى جىنايى پاكىتقا دائىر
ئىزلار بىرئاز قالايمىقان بولغاچ بۆسۈش ئېغىزى تېپىش بىرقەدەر
مۇشكۈل ئىدى .

دېلو مەكتەپ ئەتراپىدا يۈز بەرگەچكە ، ج خ خادىملىرى
گۇماننى پۈتۈنلەي مەكتەپ ئىچىگە قارىتىپ ، گۇمانلىق كىشىلەر-
نى تەكشۈرۈشنى رەسمىي باشلىۋەتكەنىدى . بۇ تەكشۈرۈشنىڭ
ئاساسىي ئوبيېكتلىرى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىشچى - خىز-
مەتچىلەرگە قارىتىلغان بولغاچقا ، مەكتەپ ئىچىدە ھەممىلا ئادەم
گۇمانلىقتەك بىر ھالەت شەكىللەنگەنىدى . دېمىسىمۇ دېلو ئىش-
لەشتە ج خ خادىملىرى ھېچقانداق يوچۇق قالدۇرماسلىققا تىرى-
شىدىغان بولغاچقا ، كىچىككىنە يىپ ئۇچى بولغۇدەك بىرەر نۇق-
تىنى بايقاپلا قالسا شۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىپ تاكى ئۇ گۇماندىن
ساقىت بولمىغۇچە ئۇنى قويۇۋەتمەي ، بۇ دېلونى تېزرەك ئاخىر-
لاشتۇرۇش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز دېمەي ناھايىتى جىددىي ئىش-
لەۋاتاتتى . بۇ تەكشۈرۈشتە ئاساسەن ئاخشام سىرتقا چىققانلار ،
داۋاملىق پىچاق ئېسىپ يۈرىدىغانلار ، بولۇپمۇ تەنھەرىكەت ئايىغى
كىيىدىغانلار جىددىي تەكشۈرۈلۈۋاتاتتى . بۇنىڭدا ئەڭ ئاۋۋال پەر-
ھاتنىڭ سىنىپىدىكى بالىلار بىر قۇر تاسقالغاندىن باشقا ئەتىگەندە
مەكتەپ سىرتىغا چىققان ئابدۇسالام بىلەن ئەزىمەتمۇ ساقچىلار-
نىڭ بىرمۇنچە سوئال - سورىقىغا ئۇچراپ ئۇلارنىمۇ خېلىلا
جىددىيلەشتۈرگەنىدى .

دېلو تەكشۈرۈش ئىككىنچى كۈنگە كەلگەندە مەكتەپ ئىچى-
دىكى گۇمان ئاستا - ئاستا سىرتقا يۆتكىلىشكە باشلىدى . بۇنىڭ
بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇستىدىكى روھىي بېسىم سەل پەسەيگەن
بىلەن ئۇلاردىكى ئەنسىزچىلىك تېخى يوقالمىغان بولغاچقا ، ئۇلار

گويا قاتىل ئۆز ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەندەك ، ئەگەر ئۇنىڭغا گۇمانسىراش بىلەن قاراپلا قويسا دەرھال يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بوغۇزلىۋېتىدىغاندەك قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەنىدى .

سىنىپ مەسئۇلى سايىتجان مۇئەللىمنىڭ ھەسرەتلىك تىنىق-لىرى بۇ سىنىپ كوللېكتىپىنى بىراقلا تۇگەشتۇرۇۋەتكەنىدى . چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتتىكى پەخرىنى ، ئۆگىنىشتىكى ئۈلگىسىنى ، سورۇنلاردىكى بۇ قىزىقچى سازەندىسىنى ھەرگىزمۇ مۇنداق پاجىئەلىك ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى . شۇڭا ئۇلار ھازىر كوللېكتىپ ھازا ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى . ئابدۇسالام-نىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرى ، ساۋاقداشلارنىڭ تاتارغان چى-رايلىرى سىنىپنى ئېغىر مۇسىبەت تۇسىگە كىرگۈزگەنىدى .

مۇسىبەتنىڭ ئېغىر قايغۇسى ھەممىلا ئادەمنىڭ بەستىنى ئېگىپ لەنەت تەگكۈر قاتىلنىڭ تېزرەك تۇتۇلۇپ قانۇننىڭ جازا-سىغا تارتىلىشىنى كۈتۈشكەن ھالدا مۇڭلۇق ھەم خىيالچان دەم-لەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ سىنىپ كوللېكتىپى ئىچىدە دىلبەرنىڭ ھالى ھەممىدىن تۆۋەن ئىدى . ئۇ توختىماي ياش تۆكەتتى ، بىر نۇقتىغا تىكىلگەن ھالدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا ئولتۇرۇپ كېتەت-تى . شۇ تاپ ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايى تامدەك تاتارغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھېچكىمنى مەنسىتمەيدىغان كۆرەڭ خاراكتېرى-دىن ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان تەكەببۇر ھالىتىدىن ئەسەر-مۇ قالمىغانىدى . چۈنكى ئۇ بۇ ئۆلۈمدە ئۆزىنىڭمۇ قولى باردەك خۇدۇكسىرەيتتى . باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىشىدىن ، بى-رەر ئېغىز گەپ سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قويغان - تۇتقىنى-نى بىلمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى .

ياتاقتىكى قىزلارمۇ خۇددى ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقىدىن گۇمان قىلىشىۋاتقاندەك باشلىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ پىچىرلىشىپ كەتسە ، ئۇنىڭ ساراسىمىگە چۈشكەن يۈرىكى يېڭىۋاشتىن قالايمى-قان سوقۇپ كېتەتتى . شۇڭا ئۇ ھازىر ياتاقداشلىرىغىمۇ ئارتۇق-

www.uyghurkitap.com

ـراق گەپ قىلىشقا پېتىنالماي خۇددى ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا مىخلىنىپ قالغان ھەيكەلدەك جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ قالايمىقان خىياللىرى ئىچىدە تۇرۇپلا «پەرھاتنىڭ قاتىلى مەن» دەپ ۋارقىراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بىرخىل خىيالى تۇيغۇ ئىچىدە ئۆزىنى - ئۆزى ئازابلاپ ئولتۇرىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن چۆچۈپ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئەنسىزلىكلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغىنى يەنىلا «پەرھات مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۆلۇپ كەتكەنمىدۇ» دېگەن ئەنسىز خىيال بولغاچقا ، ياتاق ئىچىدە خۇددى ئۇركىگەن قۇشتەك تىترەپلا ئولتۇراتتى ، لېكىن ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ يەنىلا ئۆز پارىڭى بىلەن ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپمۇ قالاتتى . تۇرۇپلا ئۇ ساقچىلارنىڭ «قاتىلنىڭ قولى يارىلانغان ، ئۇنى پەرھاتنىڭ ئاغزىدىكى قولنىڭ چىشلەپ ئۈزۈۋېلىنغان بۇغداي چوڭلۇقىدىكى تېرىسىدىن جەزملەشتۈرگەن» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ ، ئۆزىنى قانداقتۇر بىر ئىشنى قىلىشقا ئۈندەۋاتقاندەك بىرخىل سېزىم ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتاتتى . «مۇھەممەدئىمىن شياڭگاڭنى كۆزىتىپ بېقىش كېرەكمۇ ، قانداق ؟» دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا شەكىللەنگەندە ، ئۇ بۇندىن بىر ئاي بۇرۇنقى بىر كىچىككىنە ۋەقەنى ئېسىگە ئالدى .

«ئۇ قاتىللىق قىلغانمىدۇ ، مېنى كۆنلەپ يۈرەتتى . يا ئىككىسى ئاشۇ دەريا بويىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ گەپ تالىشىپ قالغان بولسا بۇ قارام سودىگەر ئاچچىقىغا پايلىماي قاتىللىق قىلغان بولسا ، ھە» ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن ئۆزى قورقۇپ قالدى . لېكىن ئۇ بۇندىن بىر ئاي بۇرۇنقى بىر ئىشنى خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە ئۇ ئىشنىڭ بۇ قاتىللىق بىلەن ئاز - تولا باغلىنىشى بارلىقىنىمۇ چەتكە قاقالمىدى .

ئۇ بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى . مۇھەممەدئىمىن شياڭگاڭدىن

ئۆزىنى تارتىپ شەھەرگە كىرىشنى ئازايتىۋالغان دىلبەر دەم ئې-
لىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ كوزىچى يار بېشىدىكى تۇغقىنى ئاب-
لىزخان مەخسۇمنىڭ ئۆيىگە ماڭدى . چۈنكى ئۇ ئاشۇ سودىگەردىن
قورقۇپ سىرتقا چىقمىغاچقا ، بۇ ئۆيگە چىقمىغىلىمۇ ئىككى ئاي-
دىن ئاشقاندى . ئارىلىقتا ھېپىزخان ئانا ئاق لېچىكىنى ئېڭىكىد-
دىن چىگىپ ، بىر تاۋاق قېتىق بىلەن ئىككى گىردىنى تۈگۈچ
قىلىپ بىر باش ياغلىقتا چىگىپ دىلبەرنى يوقلاپ چىققاندى .
شۇ چاغدا ئۇ ياتاقداشلىرى ئالدىدىلا ئۆزىنى بېسىۋالالماي بۇ
كۆيۈمچان تۇغقىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈندۇر ئۇن سې-
لىپ يىغلاپ كەتكەندى . ھېپىزخان ئانا بۇ يىغىنىڭ نېمە ئۈچۈن-
لۈكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلگەچكە ، ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىبانلارچە
سىلاپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەندى ، مانا ئەمدى ئو-
قۇش پۈتتۈرۈشكە بىر - ئىككى ئاي قالغاندا ، ئۇنى يوقلاپ
ئۆزىنىڭ پات ئارىدا مەكتەپ پۈتتۈرىدىغانلىقىنى ، ئوقۇش پۈتتۈر-
سە چوقۇم يۇرتىغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ، مۇھەممەدئىمىن
شياڭگاڭنى بولسا كۆرەرگە كۆزى قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ قويماق-
چى بولۇپ شەھەرگە چىققاندى . مانا ، سىرتقا ئاز چىققان بول-
غاچقا ، مۇھەممەدئىمىنمۇ ئۇنى ئىزدەپ مەكتەپكە چىقالمىغان
بىلەن ئىنىسى ياسىن ئارقىلىق گەپ ئېيتىپ بېرىپمۇ ئۇنى مەك-
تەپتىن چىقىرالمىغاندى . شۇڭا دىلبەر ئۇ مەندىن ئەمدى ئۈمى-
دىنى ئۈزدى ، خاتىرجەم بولۇشۇم كېرەك ، دەپ ئويلىغاندى .
لېكىن ئۇنىڭ تېخىچىلا ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەي مەكتەپ
ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يۈرگىنىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز . مانا
دىلبەر مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىشى ھامانلا ئۇنىڭ ئىزىغا
چۈشكەن بۇ مەككار سودىگەر ئادەملەر شالاڭ ئۆتىدىغان مەھەللە
يولىغا كىرگەندىلا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ ئۇنىڭ ئالدىدا لوڭڭىدە پەيدا
بولۇپ قالدى .

— ھە ، چىرايلىق خېنىم ، توختىسىلا ، مەكتەپتىن چىقماي
يېتىۋالسامىلا مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ دەپ ئويلىغانمىدىلە ، —

دېدى ئۇ دىلبەرنىڭ نازۇك بىلىكىدىن تۇتۇپ يول ياقىسىغا تارتىپ ئاچىقىپ ، — بۇنداق ئوڭاي ئىش يوق جۇما ، مەنچۇ ئۇنداق سېسىق قاپاقتا سېلىپ كولدۇرلاتسا كولدۇرلاۋېرىدىغانلاردىن ئەمەس جۇما . ماڭا قايلىسىلا ، سىلىڭاغۇ ئەمدى بولغاندا ئۇنداق ئەگرى - توقاي خىياللاردا بولماي ، مېنىڭ سىزغان سىزىقىمدا ماڭسىلا ، ماقۇما ، بولمىسا مەكتەپلىرىگە چىقىپ كۆرگۈلۈكلىرىنى كۆرسىتىۋەتمەي يەنە .

— ئۇنداق ئەمەس ، مەن ... مەن ... ، — دىلبەر كېكەچلەپ قالدى . چۈنكى ئۇنىڭ تەييارلىقى يوق ئىدى . ئۇنى ئىزدەپ كىرىپ ئاكىسىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ياسىنغىمۇ مۇشۇ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان دەرسىنىڭ ئالدىراشلىقى ، قايسىبىر ناھىيىدە پراكتىكا قىلىپ كەلگەنلىكى ، دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئۈچۈن جىددىي ماتېرىيال يىغىپ ئۇنى رەتلەۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن باش تارتىپ كەلگەنىدى . ئەڭ ياخشى ئىشلارنىڭ يەنە بىرى ، پەرھاتنىڭ ئۇنى نېرى تۇر دېمەي ئۆگىنىشكە ، دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتا ياردەم قىلماقچى بولغانلىقى ، ئۆتكەن ئىشلارنى يۈزىگە سالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك سەزگەنىدى . شۇڭا ئۇ مۇھەممەدئىمىن شياڭگاڭنىڭ قولىدىن ئاستا - ئاستا قۇتۇلۇپ چىقىپ تامامەن ئەركىن ھالىتىگە قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال ئىدى ، شۇڭا ئۇ تىنچ - ئامان مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا قالسا يۇرتىغا قايتىپ كېتىشنىڭ شېرىن خىياللىرىنىمۇ سۈرۈپ بولغانىدى . ئۇ تېخى پەرھات بىلەن توي قىلالماي قالسىمۇ يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ خىزمەتكە چۈشسىلا رىزقى قوشۇلغان ھەرقانداق بىرەرسىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ ، شۇنىڭ بىلەن توي قىلالايدىغانلىقىغا تامامەن ئىشىنەتتى . چۈنكى ئۇ ئۆزى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار ، مۇھەببەتتىكى ئەگرى - توقايلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇشۇ شەھەردە قېلىپ قالىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى . ئاشۇنداق شېرىن خىياللار ئىسكەنجىسىدە مۇھەممەدئىمىننى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن مۇشۇنداق بىر شارا-

ئىتتا بۇ مەككار سودىگەر ئۇنىڭغا ياۋايىلارچە تىكىلىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئاچچىقىنى مۇشۇ يەردىلا ئېلىۋالماقچى بولغاندەك ھومايـ غىنىچە قاراپ تۇراتتى.

— ھە، نېمىگە كېكەچلەيسەن؟— دېدى ئۇ دىلبەرنىڭ نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغانلىقىدىن ئاچچىقى كېلىپ،— مۇشۇنداق قېچىپ يۈرۈپ ئوقۇش پۇتتۇرۇۋالساملا بۇ شەھەردىن ئۇچۇپلا كېتەلەيمەن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟! ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسەن، بۇنداق پىشمىغان خىياللىرىڭچۇ مېنىڭ ماۋۇ نېمەمگە ھېساب جۇما.

— ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانامنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ مېنى قىينىماڭ،— دېدى دىلبەر يىغلامسىرىغان ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ،— سىزنىڭمۇ ئـاتا ـ ئانىڭىز، ئىگىچە ـ سىڭىللىرىڭىز بار. مەن بۇ يەردە قالىمەن دېسەم مېنى مىنىڭ بىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانامغا تۇزكورلۇق قىلغان بولىدىكەنمەن. ئۇنداق رەھىمسىزلىك قىلماڭ، مېنى ئۆز يۇرتۇمغا كەتكىلى قويۇڭ، ئاتا ـ ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۇلار بىلەن ئارامخۇدا ياشىغىلى قويۇڭ. مەن سىزدىن خۇش بولۇپ قالاي، جېنىم...

— ۋاھ، بۇگۇن ئەجەب قۇشقاچ تىللىرىڭ چىقىپ كېتىپتىدـ غۇ،— دېدى ئۇ ئىككى يانغا قاراپ قويۇپ ئۇنى تام تۈۋىگە قىستاپ كەلگەندىن كېيىن،— ئاشۇنداق خىيالىڭ بار ئادەم ئۆزۈڭنى چاغلاپراق بىر ئىش قىلساڭ بولمامدۇ. يالغاندىن كۆيـ دۈم، پىشتىم، جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى دەپ نازلىنىپ، دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ ئاران تاپقان پۇلۇمدىن بىرمۇنچىنى خەجلـىۋەتتىڭ. ئـەمدى بولغاندا يۇرتۇمغا قايتىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن دەپلا تۇرۇۋالسام ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، دەپ ئويلىغانمىدىڭ. ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. ئۇقۇپ قوي، سودىگەرنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ بىر ئۈچى بىلەكتە بولسا، يەنە بىر ئۈچى يۈرەكتە. مەن ساڭا خەجلىگەن پۇللارنى

كوچىدىن سۈپۈرۈۋالغىنىم يوق . ھەر كۈنى سەھەر قوپۇپ ، كەچ يېتىپ ، دۇكان ئىچىدە ئاغزىم قۇرۇپ كەتسىمۇ خېرىدارلارغا چىرايلىق سۆزلەپ ، بىر تىيىن ، بىر تىيىندىن تاپقان پۇل جۇما .

— پۇلىڭىزنى بىر ئامال قىلىپ قايتۇراي ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن ،— دېدى دىلبەر كۆز ياشلىرىنى قولياغلىقى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ .

— قولۇڭدا بىر تىيىننىڭ تايىنى يوق تېخى گېپىڭنىڭ چوڭلۇقىنى قارا ،— دېدى ئۇ چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىۋاتقان غەزەپلىك سۆزلىرى بىلەن ئۇنى چېقىپ تۇرۇپ ، — شۇنىڭغا قارىغاندا مەندىنمۇ پۇلدار بىرىنى تېپىۋالغان ئوخشىمامسەن ؟ !

— ياق ، ئۇنداق ئەمەس ، مەن سىزدىن ئېلىپ خەجلىۋەتكەن ئاشۇ پۇللار ئۈچۈن بىر پارچە قەرز ئېلىش ھۆججىتى قاتارىدا بىر تىلخەت يېزىپ بېرەي . مەن تىنچ ـ ئامان مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقساملا ھەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ . ياق ، مەن يۇرتقا بارساملا پۇل بار بولىدۇ . ئاتا ـ ئانامغا دەيمەن قاراڭ ، غۇلجىغا بېرىپلا ئەۋەتىمەن .

— ۋاھ ، شۇنداقمۇ ، ئاتا ـ ئاناڭ خېلى باي ئادەملەر ئوخشىمامدا ،— دېدى ئۇ دىلبەرنىڭ مۇرىسىدىن ئىتتىرىپ ،— ئەگەر شۇنداق بولسا ھازىرلا خەت يېزىپ ئالدۇرۇپ كەلمەمسەن . قەيەرنىڭ خۇمدىنىدا پىشقان نېمىسەن ھە ، يەنە مېنىڭ بۇرنۇمغا چوڭلۇك سېلىپ يېتىلەپ ماڭماقچىمىدىڭ . ئۇقۇپ قوي ، مەنچۇ ، ئۇنداق گالۋاڭ ئادەملەردىن ئەمەس جۇما . نېسى قالغان نەرسە ھامان نېسى ، ئۇنىڭدىن تېنىۋالغىلىمۇ ، قېچىپ كەتكىلىمۇ بولىدۇ .

— تىلخەت يېزىپ بېرىمەن دېدىمغۇ مەن سىزگە ، — دېدى ئۇ مۇھەممەدئىمىن شياڭگاڭغا قاراپ يالۋۇرغان ھالدا ، — ئۇنىڭدىن تانغىلى بولامدۇ ، مەن خىزمەتكە چىقىپلا ئالغان مائاشىمنى بىراقلا سىزگە ئەۋەتسەم بولىدىغۇ .

— بولدى ، بولدى ، سەن ئالغان ئاشۇ ئىككى ـ تۆت تال

مائاش بىلەن ئۇ قەرزلەرنى تۆلەپ بولغىلى بولامدا، ماڭچۇ كىچىك بالىغا ئويۇن قوياپ بەرگەندەك ئۇنداق ئارتىسلىق قىلىپ بەرمە جۇما، — دېدى ئـۇ دىلبەرنى تام تۈۋىگىچە قىستاپ كېلىپ، — مېنىڭ سودىگەرچىلىك دەستۇرۇمدا نېسى قىلىنمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەن ھازىر تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتىمەن. شۇ يەردىن ئازراق پۇلنىڭ ئامالىنى قىلاي.

— ئاشۇ توپا - تۇماننىڭ ئارىسىدا لاي بىلەن ھەپىلىشىپ كوزا ياساپ ساتىدىغان ئاشۇ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئۆلەرمەن تۇغقىنىڭدا قانچىلىك پۇل بولىدۇ دەيسەن. مېنى كولدۇرلاتما دەۋاتىمەن ساڭا.

— مېنى قانداق قىل دەيسىز ئەمىسە؟

— قانداق قىلاتتىڭ، ئوقۇشۇڭنى تاشلاپ قايتىپ چىق. نىكاھ قىلىپلا بىر ئـۆيگە كىرىۋالىمىز. ئـۇ چـاغدا مۇنداق گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ ئولتۇرۇشىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ خېنىم، — مۇھەممەدئىمىن پوخورلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككەن ھالدا قولى بىلەن دىلبەرنىڭ ئېڭىكىنى ئەركىلىتىپ قويدى.

دىلبەر مۇھەممەدئىمىن شياڭگاڭنىڭ قولى تەگكەن يەرنىڭ قىزىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا يۈرىكىنىڭ ئاچچىق ئازاب ئىچىدە ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەنە بۇندىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئۇ بىر قەدەمنى خاتا باسقىنىدا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. چۈنكى ئۇ شۇ چاغلاردا مۇھەببەتنى پەقەت پۇل بىلەنلا ئۆرە تۇرىدىغان بىر سۇبيېكتىپ ھەرىكەت دەپ قارىغانىدى. شۇڭا ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۆزىدىن يىگىرمە ياشقا يېقىن چوڭ بىر كىشى بىلەن مۇھەببەت قايىنىمىغا غەرق بولغانىدى. ئۇ چاغدا دىلبەر ئىشلارنىڭ بۇنچىۋالا مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىگە بۇدۇۋشقاقتەك چاپلىشىپ تۇرغان مۇنۇ ئادەمدىن سەسكىنىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا ئاشۇ پۇلدىن ئىبارەت ھەممىلا كىشىنى

www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە نەرسىنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۇچۇن يالۋۇرماقتا . چوڭلارنىڭ «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگىنى مۇشۇنداق ئىشلارغا قارىتىل-غان ئىشمىكىن - تاڭ . دىلبەر مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ئامال بار چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ بۈگۈنچە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى .

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ، — دېدى دىلبەر ئۇنىڭغا ئەركە-لىگەندەك قىلىپ مۇرىسى بىلەن ئۇنىڭغا سۈيۈشۈپ تۇرۇپ ، — ھەرقانداق ئىش بولسا مەن مەكتەپ پۈتتۈرۈۋالغاندىن كېيىن دېيىشەيلى ، غۇلىچى توگەپ غېرىچى قالغاندا مەكتەپتىن يېنىپ چىققاننىڭ پايدىسى يوق . سىزدىن خوش بولۇپ قالاي ، جېنىم مۇھەممەدئىمىنجان .

— بۇنداق يالغانلىرىڭنىچۇ ئاۋۇ يەسلىدىكى كىچىك بالىلارغا دەپ بەر جۇما ، — دېدى ئۇ ئۆزىگە سۈيۈشۈپ تۇرغان دىلبەرنى ئىتتىرىپ ئۆزىدىن نېرى قىلىپ ، — سەندىن ئايرىلماي ماۋۇ مەكتېپىمنى پۈتتۈرۈۋالاي دېسەڭ مېنىڭ باشقىچە پىكرىم يوق ھازىر قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ ، لېكىنزە ، يوق باھانە بىلەن مېنى كولدۇرلاتماي ھەر يەكشەنبە چىقىپ ماڭا ھەمراھ بولىسەن . بول-مىسا مەكتېپىڭگە چىقىپ چاۋاڭنى چىتقا يېيىپ قايتۇرۇپ چىقد-مەن .

— ئۇنداق قىلماڭ ، مەن ئاۋۋال ئوقۇش پۈتتۈرۈۋالاي ، ھازىر مەن بەك ئالدىراش . بىرنەچچە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن-تىم . قايتا ئىمتىھان بېرىدىغان ئىش بار . يەنە تېخى دىسسېرتات-سىيىنى ئەمدى يېزىشقا كىرىشتىم . باشقا بالىلار يېزىپ بولغىلى نېكەم . ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن ، جېنىم دەپ كېتەي مۇھەممەد-ئىمىنجان ، مېنى ئۆز ھالىمدا ياشىغىلى قويۇڭ ئەمدى .

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن دەۋاتامسەن تېخى . سەن مۇشۇن-داق يالغانلىرىڭ بىلەنلا مېنى ئالداپ كېتىمەن دەپ ئويلىغانمى-دىڭ ؟ ! ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسەن ، — مۇھەممەدئىمىن شياڭ-

گاڭ دىلبەرنىڭ بىلىكىدىن چىڭ قاماللاپ تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى ،— ئېيتە پاسكىنا ، سەن نېمە ئۈچۈن مەندىن يۈز ئۆرۈمەكچى بولۇپ قالدىڭ ؟ !

— ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانامنى بېقىپ ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن …

— يالغان ، — دېدى ئۇ دىلبەرنى سىلكىپ تاشلاپ ،— مېنى كولدۇرلاتما دەپ نەچچە قېتىم دېدىم ساڭا ، بىلىۋاتىمەن ، سېنى ئاشۇ پەرھات دېگەن تۆتكۆز ئېزىقتۇرۇۋاتىدۇ . خەپ ، شۇۋىغا دۇم چۈشكەن ئۇ سولامچىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا داد دېگۈزمەيدىغان بولسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي .

— ياق ، ئۇنداق قىلماڭ ، — دېدى دىلبەر قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ،— پەرھاتتا ھېچقانداق گۇناھ يوق . ئۇنىڭ بىلەن قايتا يۈرۈپ قالغان يېرىممۇ يوق . مەن پەقەت ئاشۇ ياشانغان ، كېسەلچان ئانامنى دەپلا بۇ يەردىن كېتىشنى ئويلىغان .

— ھىم ، گۇناھ يوقمىش تېخى ، — دېدى ئۇ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلگەن ھالدا يەرنى تېپىپ تۇرۇپ ، — مەن سېنىڭ مەكتەپكە كېلە - كەلمەيلا ئۇ لاتا غىلاپ بىلەن يۈرۈۋالغانلىقىڭنى ، كېيىن سېنىڭ ھالىڭدىن تۈزۈك خەۋەر ئالالماي ماڭا تارتقۇزۇپ قويغانلىقىنى بىلمەمدىمەن . سەن مېنى ئۈچ يىل شىلىپ يەۋېلىپ مەكتىپىڭ پۈتەي دەپ قالغاندا مەندىن يۈز ئۆرۈسەڭ بۇنى ئۇنىڭدىن كۆرمەي كىمدىن كۆرىمەن ؟ ! مەن ھەممىنى بىلىمەن ، مېنى ئۇنداق لاتا قاسقاسلاردىن كۆرۈپ قالما . ھازىر دېگەن تام قۇلاقلىق زامان ، سېنىڭ ماڭغان - تۇرغان يولۇڭنىڭ ھەممىنى مەن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن . ئۇقتۇڭمۇ ؟ !

— سىزدىن ئۆزۈمنى تارتقىنىم راست ، لېكىن راستىنىلا پەرھاتتا گۇناھ يوق .

— تولا گەپ يورغىلىتىپ زېھنىمنى ئۈچۈرما ، ئۈچ يىل مېنى ئالداپ - شىلاپ مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا كونا ئاشناڭ بىلەن تېپىشىۋالغىنىڭ گۇناھ ئەمەسمىكەن . خەپ ، تۈز-

كور نائەھلى ، سىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام پۈتۈگنى چىقىشۇي-
تىپ ، خەقنىڭ خوتۇنىغا چاقچاق قىلغىنىڭغا تۆۋە قىلدۇرمايدى-
غان بولسام مۇھەممەدئىمىن شىياڭگاڭ بولماي كېتەي زادى .
— ئۇنداق قىلماڭ ، قانداق گېپىڭىز بولسا ماڭا دەڭ .
ئۇنىڭدا ھېچقانداق گۇناھ يوق ، — دىلبەر يۈم - يۈم يىغلىغان
ھالدا ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى ، — ھەرقانداق ئىش بولسا مانا
مەن بىلەنلا كەتسۇن . ئۇنىڭغا ھەرگىز چېقىلغۇچى بولماڭ .
— ۋاھ ، يېڭى ئاشناڭ ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشقا تەييار كەن-
سەن ھە ، سەن چېقىلما دېگەنگىلا چېقىلمايدىغان ئىش يوق جاھان-
دا . ماڭا بۈنچىلىك ئازار بەرگەن ئۇ نائەھلىنى ئەدەپلەپ قويمى-
سام بوينۇمغا مىنىپ ، مىنى خوتۇنسىز قويىدىغان ئوخشايدۇ ئۇ
ناكەس .
— ئۇنداق قىلماڭ ، ئۆتۈنۈپ قالاي ، — دىلبەرنىڭ ئۇنىڭ
بىلىكىنى تۇتقان قولى سىلكىپ تاشلاندى ، — ئەقلىڭ بىلەن بىر
ئىش قىل دىلبەر ، ئەگەر مەن دېگەندەك ھەر يەكشەنبە چىقىپ
مېنىڭ ھاجىتىمدىن چىقمايدىغان بولساڭ ، ئۆزۈڭ بىلىۋال جۇما
نېمە قىلىدىغىنىمنى .
ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ دىلبەرنى ئىتتىرىپ تامغا يۆلەپ قويۇپ
كېتىپ قالدى . دىلبەر ئۇنىڭ بۇ پوپوزىسىدىن بىر تەرەپتىن
قورقسا ، يەنە بىر تەرەپتىن پەرھاتنىڭ كېيىنلىكىدىن ئەنسىرەپمۇ
قالغانىدى . چۈنكى ئۇ گەرچە پەرھات بىلەن يۈرۈپ قالمىغان
بىلەن دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ، تولۇقلاپ ئىمتىھان بېرىشلەردە
ئۇنىڭغا تايانمىسا مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنىمۇ يەنە باكا-
لاۋرلىق ئۇنۋانىنىمۇ ئالالماي قالاتتى . بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ
جەمئىيەتكە چىققاندا خىزمەت تېپىشى تەسكە توختايتتى . چۈنكى
دىپلوم ئالالماسلىق خىزمەت تاپالماسلىقتىن دېرەك بېرەتتى . مانا
ئەمدى مۇھەممەدئىمىن شىياڭگاڭنىڭ پايلاقچىلىرى ئۇنىڭ مەك-
تەپتىكى يۈرۈش - تۇرۇشىدىن ئۇنىڭغا دوكلات بېرىپ دىلبەرنىڭ
ئارزۇسى بىلەن پەرھاتنىڭ مەقسىتىنى باشقا بىرخىل مۇناسىۋەت

قاتاريدا تەھلىل قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ . دېمەك ، پەرھاتنىڭ تۇرمۇ-
شىغا بىر پۈتلىكاشاڭ پەيدا بولدى دېگەن گەپ . ئۇ مۇشۇلارنى
خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە پۈتۈن بەدىنىگە ئاچچىق تىترەك ئولد-
شىپ ، تۇغقىنى ئابلىز مەخسۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىنمۇ ۋاز كېـ
چىپ مەكتىپىگە قايتىپ كەلگەنىدى . لېكىن ئۇ پەرھاتنى كۆز-
گىنىدە بولسا ھېلى كۆڭلىدە تەييارلاپ كەلگەن گەپلىرىنىڭ ھەمـ
مىسىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى . چۈنكى ئۇ مۇھەممەدئىمىن شـ-
ياڭگاڭنىڭ بۇ تەھدىت - پوپوزىلىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەنلىك
ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ناشايان ھەرىكەتلىرىنى ، پۇل
ئۈچۈن بىر سودىگەرگە ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىنى پەرھاتقا
ئاشكارىلىغاندىن دېرەك بېرەتتى . مۇنداق بولغاندا ياخشى نىيەت
بىلەن قىلىنغان سۆز ئەكس تەسىر بېرىپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى .
«ئۇ مېنى قورقىتىپ شۇنداق دەۋاتقان گەپ . بولدىلا ،
‹ئوتنى كوچىلىساڭ ئۆچەر ، قوشناڭنى كوچىلىساڭ كۆچەر ›
دېگەن گەپ بار . بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا دەپ ئۇنىڭ ئىچىنى ئاچچىق
قىلىپ ماڭىمۇ ، ئۇنىڭغىمۇ ئۆچ قىلىپ قويغۇچە بېشىمنى ئىچىگە
تىقىپ يۈرۈۋەرمەيمەنمۇ ، ئۇ ماڭا شۇنداق پوپوزا قىلىپ قويغان
بىلەن پەرھاتنى نېمىمۇ قىلالايتتى . » دىلبەر مانا مۇشۇ خىيال
بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ بىر ئاينى ئۆتكۈزۈۋېدى ، تۇيۇقسىزلا پەر-
ھاتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىشى
بىلەنلا ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگىنى ئاشۇ سودىگەر بولغانىدى ، «بۇ
ئاشۇ سودىگەرنىڭ ئىشىمىدۇ ياكى باشقا ئىشمىدۇ» دېگەن ئازاب-
لىق خىيال ئۇنى مۇشۇنداق جىمىغۇر ، ھېچكىمگە گەپ قىلمايدى-
غان ، ھەتتا گەپمۇ خۇشياقمايدىغان بىرخىل روھىي ھالەت ئىلكى-
دە سىلكىندۈرمەكتە ئىدى . شۇ تاپ ئۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ
قالغان «مۇھەممەدئىمىن شياڭگاڭ قاتىل بولۇشى ئېھتىمالغا نا-
ھايىتى يېقىن» دېگەن سۆزنى دېيىشكىمۇ پېتىنالماي ئاۋارە بولۇپ
كېتىۋاتاتتى . چۈنكى بۇ پەقەت ئۇنىڭ گۇمانى ئىدىلا خالاس .
شۇڭا مۇشۇنداقلا يېتىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ، ئامال بار ئۆز

گۇماننى دەلىللەپ بېقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، مۇشۇنداق بولغان-دىلا روھىي ئازابتىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى.

ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىققىنىدا ج خ خادىملىرىنىڭ دەرۋازىدا دىجورنى تۇرۇۋاتقان بىر ياش خادىمى يىغىدىن كۆزى قىزارغان بۇ قىزنىڭ تامدەك تاتارغان ھالدا مەكتەپتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە، ۋارقىرىدى.

— توختىسىڭە خانقىز، — دېدى ئۇ دىلبەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، — نەگە ماڭدىڭىز؟

— پوچتىخانىغا، — دېدى ئۇ ھېچقانچە ئويلانمايلا جاۋاب بېرىپ، — ئۆيدىن ئازراق پۇل ئەۋەتىپتىكەن، شۇنى ئەكىرەتتىم.

— ھە، بوپتۇ چىقىۋېرىڭ، بەك كەچ قالماڭ جۇمۇ، — ئۇ كەينىگە يېنىپ دەرۋازىۋەننىڭ ئىشىك ئالدىغا قويۇپ قويغان ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى.

— چىرايى بەكلا تاتىرىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ دىجورنى ئۆيىدىن چىققان دىقماق، ئاق يىشماق كەلگەن دەرۋازىۋەنگە مۇندىداقلا قاراپ قويۇپ، — ئەنسىرەپ قالدىم.

— بىر ساۋاقدىشى ئۆلۈپ كەتسە ئۇ تاتارمامدۇ؟! — دېدى ئۇ تامغا يۆلەپ قويغان يىغما ئورۇندۇقنى ئەكېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— سىز ئۇ قىزنى تونۇيدىغان ئوخشىمامسىز؟!

— بۇلار ئوقۇۋاتقىلى بەش يىل بولغان تۇرسا قانداقمۇ تونۇماي ئەمدى، — دېدى ئۇ موخۇركا يۆگەۋېتىپ، — مۇشۇ مەكتەپتە ھازىر ئىككى مىڭغا يېقىن بالا ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاساسەن تونۇيمەن. بۇ قىزمۇ مېنىڭچە ئاشۇ پەرھاتنىڭ سىنىپىدا ئوقۇيدۇ.

— قانداقسىگە مۇنداق ھۆكۈم قىلىسىز؟!

— بۇلار يېڭى كەلگەندە داۋاملىق بىرگە ماڭاتتى . كېيىن ئۆزۈلۈشۈپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر بىللە ماڭمايدىغان بولۇپ قالغان . لېكىننزە ، رەھمەتلىك پەرھات ئاجايىپ ياخشى بالىدى جۇما ، ياخشىغا كۈن يوق ، يامانغا ئۆلۈم دېگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ .

— ھەي ، توختاڭ ، توختاڭ ، سىز بايا پەرھات بىلەن ھېلى-قى قىزنى يۈرگەنتى دېدىڭىز ، ھە . بۇ گېپىڭىزنى توغرا دېيەلەم-سىز ؟

— مېنىڭ گۇمانلىرىم ئادەتتە توغرا چىقىدۇ ، — دېدى ئۇ گېزىت قەغىزىدە موخۇركا ئوراۋېتىپ ، — مەكتەپچىلىك دېگەندە ياش بالىلار مۇشۇنداق تۇترۇقسىز تۇرمۇشلارنىمۇ باشتىن كەچۈ-رۈپ قالىدۇ . مەن مۇشۇ دەرۋازىدا تۇرۇۋاتقىلى ئون يىلدىن ئاشتى . كىم ـ كىم بىلەن يۈردى ، كىم ئۆزۈلۈشتى ، يەنە كىم بىلەن يۈرۈۋالدى دېگەنلەرنى پەرەز قىلىپ ئولتۇرىمەن . مانا بۇمۇ مېنىڭ دەرۋازىدا تۇرۇش جەريانىدا يەكۈنلىگەن تۇرمۇش ساۋاتىم .

— ئۇنداق بولسا ھېلىقى قىز بىلەن پەرھاتنىڭ قانچىلىك يۈرگىنىنى بىلەمسىز ؟ !

— بىر يىلدەك .

— ئۇندىن كېيىنچۇ ؟

— ئۇندىن كېيىن ئۇ بىرەرى بىلەن يۈرگەندەك قىلمى-دى ،— دېدى ئۇ ئادەم موخۇركىسىغا سەرەڭگە يېقىپ ئۇنى تۇتاش-تۇرغاندىن كېيىن ، — ھە راست ، ھە راست ، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى ، دەسلەپتە ماتېماتىكىدا ئوقۇيدىغان بىر بالا بىلەن بىللە ماڭغاندەك قىلغان . كېيىن ئۆزى يالغۇز ماڭىدىغان بولۇپ قال-دى .

— بۇ گەپچە ، ئۇ شۇندىن كېيىن بىرى بىلەن يۈرمىگەن دەۋاتامسىز ؟ !

— مېنىڭچە شۇنداق .

— ئۇنداق بولسا بۇ قىز سىرتتا بىرەرى بىلەن يۈرۈپ قالغانمىدۇ يا ،— دېدى ھېلىقى ساقچى دەرۋازىۋەن سۇنغان تاما-

www.uyghurkitap.com

كىنى ئوراپ ئۆلتۈرۈپ، — ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا بۇنى بىر قىزنى تالىشىپ بولغان مۇھەببەت جېدىلى دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولىدىغۇ.

— ۋاي ـ ۋۇي، گۇمانىڭىز بەكلا چەكتىن ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق، — دېدى دەرۋازىۋەن ساقچىنىڭ يۆگەپ بولغان تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ بېرىۋېتىپ، — سىلەر ساقچىلارزە كىچىككىنە بىر يوچۇق تاپساڭلار شۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىپ ھەممىلا ئادەمدىن گۇمان قىلىپلا يۈرىدىكەنسىلەر، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا گەپ قىلى-غىلىمۇ بولمايدىكەن جۇما.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، بۇ دېگەن ساقچىلاردىكى بىرخىل كەسپىي كېسەل، — دېدى ساقچى تاماكىنىڭ ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋدەپ بىر پەس ئولتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، — بىز ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا ھەرقانداق بىر كىچىك ھالقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى ئاشۇ كىچىككىنە گۇمانلىق نۇقتا بەزى چاغلاردا دېلونىڭ بۆسۈش ئېغىزى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن ئېيتايلۇق، بايىقى قىزنىڭ ھەددىدىن زىيادە تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا دىققەت قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ مۇشۇ دېلوغا چېتىشلىقى بولمىسا ئۇنچە تاتىرىپ كېتەتتىمۇ؟! مەن ئەسلىي بايا ئاشۇ قىزنىڭ كەينىگە چۈشكەن بولسام بوپتىكەن. ھېلىمۇ بۇ قىزنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ باقساقمۇ كېچىكمەيدۇ-غاندەك تۇرىمىز جۇما. ھە راست، سىزچۇ جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن دېلو گۇرۇپپىسىغا بېرىپ بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قى-لىپ قويۇپلا كېلەي. ھازىرلا كېلىمەن.

دەرۋازىۋەن بۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى ئەمدىلا يېرىملاشقان تاما-كىسىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ لوك ـ لوك دەسسىگىنىچە مەكتەپ ئىشخانىسى تەرەپكە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى-نىڭ گۇمانى بويىچىلا يوق بىر ئىشلارنى پەرەز قىلىپ بىر بىغۇبار قىزنى بالاغا تىقىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئەمدى ھازىرلا بىرمۇنچە ساقچى-

لارنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۆزىدىن دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ
قىلىپ سوراق قىلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا پۈتۈن بەدىنىگە تىتـ
رەك ئولىشىپ كەتتى .

«ھەي ، تۆگە كۆردۈڭمۇ ، ياق ، دېگەن ياخشى گەپكەنتۇق .
قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمگە ـ ئۆزۈم ئىش تېپىۋالدىم دېسە ، خەپ ،
مۇشۇ شۆپۈك ئاغزىم ، غىت قىسىپ دەرۋازاڭغا قارىماي ئۆزۈڭنىـ
مۇ ئۆزگىنىمۇ ، بالاغا تىقىدىغان بولدۇڭ ئەمدى» ئۇ ئۆز ـ
ئۆزىنى كاچاتلاپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ ئولتۇرغىنىدا ، دېلو گۇرۇپپىـ
سىدىكى ئىككىيلەننى باشلاپ ھېلىقى دىجورنى ساقچى يېتىپ
كەلدى .

— بىز سىزدىن بەزىبىر ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ باقايلى ،
يۇرۇڭ ، دىجورنىخانىدا سۆزلىشەيلى ، — دېدى پاكار ، دوغىلاق
كەلگىنى ئۇنى دەرۋازىنىڭ ئوڭ بېقىنىدىكى دىجورنىخانىغا ئەكىـ
رىپ ئىشىكنى ھىم ياپقاندىن كېيىن ، قولىدىكى خاتىرىسىنى
ئېچىپ ، — سىزنىڭ ھازىر دېگەن گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى
سوتتا ئىسپات قىلىنىدۇ ، شۇڭا بىزگە ئۆز گېپىڭىزنىڭ راستلىـ
قىغا كاپالەت بەرگەن ھالدا جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك جۇمۇ ...

بۇ چاغدا دىلبەر ئالىقاچان رەستىدىكى مۇھەممەد ئىمىنجانـ
نىڭ دۇكىنىغا يېتىپ كەلگەنىدى ، لېكىن دىلبەر دۇكاننىڭ
تاقاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بايىلا دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتكەن يۈرـ
كىنىڭ بەكمۇ ئەنسىز پۇلاڭلاشقا باشلىغانلىقىنى سەزدى . چۈنكى
ئۇنىڭ دۇكاندا بولماسلىقى مۇشۇ دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىـ
كىنى ئاز ـ تولا دەلىللەپ تۇراتتى ، «ئۇ قاتىل بولسا ، ھە»
دېگەن خىيال كاللىسىغا كەلگىنىدە ئۇ يۈرىكىنىڭ ئەمدى رىتىمـ
سىز سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

جاھاندا ئادەمنىڭ يۈرىكىدەك سەزگۈر نەرسە يوق ، ئۇ سېـ
نىڭ ساغلاملىقىڭدىنلا سىگنال بېرىپ قالماي بەزى چاغلاردا خۇدـ
دى توشقاندەك سەزگۈرلىشىپ بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ئالدىن خەـ
ۋەر بەرگۈچى سۈپىتىدە ھەرخىل سىگناللارنىمۇ تارقىتىدۇ . ئەـ

www.uyghurkitap.com

قىلىلىق ئادەملەر يۈرەك بەرگەن ئاشۇ سىگنال ئارقىلىق بەزى
ئىشلاردىن گۇمانىي بولىسمۇ خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭ ئالدىنى ئالالاي-
دۇ ياكى بولمىسا ئاشۇ سىگنال تەسىرىدىن بەزى ئىشلارنى پەرەز-
مۇ قىلالايدۇ . تېخى بەزى ھاللاردا سەن تۇيۇقسىزلا يۈرىكىڭ
قاتتىق سوقۇپ كېتىپ ئۇخلاۋاتقان جايىڭدىن چۆچۈپ ئويغىنىد-
سەن ، مانا بۇ چاغدا سەن ئۆزۈڭدىن ناھايىتىمۇ يىراق بىر جايدا
ساڭا مۇناسىۋەتلىك بىرەرسىنىڭ خەتەرگە يولۇققانلىقىنى پەرەز
قىلالايسەن . سەن شۇ چاغدىلا بۇ ئىككىنچى سەزگۈڭنىڭ ساڭا
يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان سىگنالى ئىكەنلىكىنى يادىڭغا كەلتۈرۈشۈڭ
كېرەك .

قاتىللىق يۈز بەرگەن ئاشۇ كۈنى ، يەنى پەرھات قاتىللىققا
ئۇچرىغان كۈنى كەچ ئۇمۇ خۇددى ئابدۇسالامغا ئوخشاش يۈرىكى
تۇيۇقسىز ناھايىتى قاتتىق سىلىپ كېتىپ ئورنىدىن لىككىدە
تۇرۇپ كەتكەن ۋە بىر كېچە ئۇخلىيالماي قالغانىدى . لېكىن ئۇ
بۇنىڭ بىر جىددىي سىگنال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىغان بول-
غاچقا ، پەقەت يۈرىكىنى چىڭ بېسىپ بىر دەم ئولتۇرۇۋالغاندىن
كېيىن گەرچە ئۇخلىيالمىسىمۇ ئەنسىز خىياللار ئىچىدە يېتىۋەر-
گەنىدى . لېكىن ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇسىنىڭ تازا ياخشى بولمى-
غانلىقىنى ھېس قىلغانىدى . مانا ، شۇ تاپتا يەنە بىر ئەنسىز
سىگنال ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكىنىلا ئەمەس ، بەلكى نېرۋىسىنى ،
ھەتتا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يېنىك تىترىتىپ ئۆتتى . بۇ نېمىدىن
دېرەك بېرىدۇ زادى .

— ئۇستام ، — دېدى دىلبەر گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ توخ-
تاپ قالغان قوشنا دۇكاندىكى ئورۇق ، ئېگىز بويلۇق ، ساقىلى
چارلاشقان ، ئوچۇق چىراي گەزمال سودىگىرىگە قاراپ ، —
مۇھەممەدئىمىنجان دۇكىنىنى ئاچمايۋاتامدۇ ؟

— ئۇچ كۈن بولدى كەلمەيۋاتىدۇ ،— دېدى ئۇ ئادەم قول-
دىكى قوتاز قۇيرۇقىدا ياسالغان چىۋىن قورۇغۇچ بىلەن ئىشىك
ئالدىغا ئېسىۋېتىلگەن گەزماللىرىدىكى توپىلارنى قېقىپ چۆشۈ-

رۇپ تۇرۇپ ، — مۇھەممەدئىمىن باي قارىغاندا تاپقان پۇلىنىڭ
مېغىزىنى چېقىۋاتقان ئوخشايدۇ . ياش ئەمەسما ، ھە ، سىلىگە
نېمە لازىمتى خېنىم ، دۇكانغا چىيىسىلە .
— ياق ،— دېدى ئۇ ئۆز گۇمانىنىڭ توغرىلىقىغا بىرئاز
ئىشەنگەن ھالدا ،— مەن مۇھەممەد ئىمىنجاننى ئىزدەپ كېلىۋ-
دىم .
— ئانداق بولسا ئۆيگە بېرىپ باقسىلا .
— بولدىلا ، ئالدىراش ئىشقۇ يوق ، كېيىن دۇكىنىنى ئاچ-
قاندىراق چىقارمەن .
دىلبەر بۇ مېھرى ئىسسىق ئاق كۆڭۈل گەزمال سودىگىر-
دىن يىراقلاشتى .
ئۇ مۇھەممەد ئىمىن شاڭگاڭنىڭ ئۆستەڭ بويىدىكى ھېلىقى
ياسىداق ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلگەندە ، ئۇ خۇشال بولۇش تۇرماق
چۆچۈگەندەك بىرخىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئورنىدىن لىككىدە
تۇرۇپ كەتتى .
— ھە ، نېمىدەپ كەلدىڭ ؟ ! — دېدى ئۇ دىلبەرنىڭ تاتىرىپ
كەتكەن چىرايىغا قاراپ ، — ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامسەن ؟ پۇل
لازىم بولغان ئوخشىمامدا ؟ !
— شۇنداق ، نەچچە كۈن بولدى قىزىپ ، — دېدى دىلبەر
مۇھەممەد ئىمىن شاڭگاڭنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر پەلەي كىيىۋالغان
سول قولىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ ،—
سىزمۇ ئاغرىپ قالغان ئوخشايسىز ـ ھە ، دۇكانىنىمۇ ئاچماپسىز .
دىلبەر ئۆز گۇمانىنىڭ يۈزدە ـ يۈز توغرا ئىكەنلىكىگە
ئىشىنىپ جالاقلاپ تىترەپ كەتتى . چۈنكى ئۇنىڭ قاتتىللىق
قىلغانلىقى چىرايىدىن ، بولۇپمۇ ئۆزىدىن ئەپقېچىۋاتقان كۆزلىر-
دىن بىلىنىپ تۇراتتى .
— ھە ،— دېدى ئۇ پەلەي كىيىۋالغان قولىنى ئىلاجسىز
ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ ،— نەچچە كۈن بولدى ، قولۇمغا چاقا چىقىپ
قېلىپ دۇكانغىمۇ بارالمىدىم ··· دوختۇرلار ··· سەينەك بولۇپ

قالغاندەك تۇرىدۇ دەيدۇ . ئاسما ئاستۇرۇپ داۋالىنىۋاتىمەن ، ھە ، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ؟ ئولتۇرمامسەن ، قارىغاندا ھېلىقى گېپىم بىر ئاي ئۆتكەندە ئاندىن تەسىر قىپتۇ ـ دە .

دىلبەر مۇھەممەدئىمىننىڭ بارغانسېرى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ بىر ئاز جۇرئەتلىنىشكە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئەمدى ئۇ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن يول ھازىرلىمىسا ، نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە چىققانلىقىغا بىرەر باھانە تاپمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى .

— بىر ئايىنىڭياقى سىزنىڭ پۇللىرىڭىزنى قايتۇراي دەپ ئاتا ـ ئانامغا خەت سالدىم . ساۋاقداشلاردىن ئۆتنە ـ يېرىم قىلاي دېدىم ، لېكىن ئامال بولمىدى . دادام ـ ئاپاملارمۇ ماڭا ئۇنداق جىق پۇلنى بىراقلا ئەۋەتىپ بېرەلمەيدىكەن ، — دىلبەر سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتى ، — شۇڭا پۇلىڭىزنى تۆلەپ بېرەلمىگەندىكىن مەكتەپ پۈتتۈرسەممۇ شۇ يەردە قالايمىكىن دەيمەن ، قانداق قىلىمەن ئەمدى ، ئادەم دېگەن پېشانىسىگە پۈتۈلگەنگە شۈكۈر قىلىپ ياشىسا بولىدىكەن ، شۇڭا مەكتەپ پۈتتۈرسەم ھەقلەپ نىكاھىڭىزغا ئالسىڭىز سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى راۋۇرۇس قىلاي دېگەن گەپنى ئېيتىپ قويغىلى چىقىۋىدىم .

— ھە ، ئەمدى ئەقلىڭنى تېپىپسەن ،— دېدى ئۇ دىلبەرنىڭ سۆزىدىن ئۆزىدە بايا پەيدا بولغان گۇمانلىرىنى قوغلاپ ،— ئەسلىي سەن بۇرۇنلا مۇشۇنداق قىلىشىڭ كېرەكتى . ئۇنچىۋالا پۇلنى قايتۇرىمەن دېسەڭمۇ كۆپ خورلۇق تارتىپ كېتەتتىڭ .

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ ، تەقدىرگە تەن بېرىپ ياشاي ئەمدى ، ئەمىسە مەن چىقاي ، — دېدى ئۇ مۇھەممەدئىمىننىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ، — چۈشتىن كېيىنكى ئۆگىنىشكە قاتناشمىسام بولمايدۇ .

— ئاران بىر كەلگەندە بىردەم ئولتۇرساڭ بولمامدۇ . مەن گۆش ئەكىرسەم تاماق يەپ چىقساڭ دەيمىنا .

— بولدى ، مەن تاماق يەۋالغان . كېيىن چىقارمەن .

— بوپتۇ ئەمىسە ، چىقىۋەر ، مەنمۇ ئەتىگىچە دۇكانغا چىقىپ كېتىمەن .

مۇھەممەدئىمىن شاڭگاڭنىڭ ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ، گەپ قىلغاندىكى دۇدۇقلاش ، تەمتىرەشلىرىدىن ھەممىنى چۈشىنىپ يەتكەن دىلبەر ئەمدى بۇ ئۆيدە ئۇزۇنراق تۇرۇشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئالدىراپ خوشلاشتى ـ دە ، چىقىپ كەتتى . ئىشىكنى چىڭ يېپىپ ئىلغۇچنى ئىلىپ قويۇپ ئۆيگە قايتىپ كىرگەن مۇھەممەد ئىمىن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى ـ دە ، پېشانىسىدىكى بۇژۇلداپ چىقىۋاتقان تەرنى سۈرتتى .

«ماۋۇ جالاپ بۇ ئۆيگە مەقسەتلىك چىقتىمۇ قانداق ،— دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ ،— تېخى پەرھاتنىڭ ئۆلۈكىنى تاپقىلى ئەمدى ئىككى كۈن بولسا ، مەكتەپتە بۇ ئۆلۈم توغرىسىدا غۇلغۇلا بولۇپ دېلونى مەكتەپ ئىچىدىكى بىرى قىلغان دەپ مەكتەپنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتكەن تۇرسا ، بۇ قانجۇقنىڭ پۇلۇڭنى تۆلىيەلمىگۇدەكمەن ، سەن بىلەن توي قىلاي دەپ چىققىنى نېمىسى ئەمدى . توغرا ، بۇ قانجۇق مەندىن گۇمانلىنىپ دېلو ئېنىقلاپ چىققان گەپ ، قولۇمغا بەك قاراپ كەتتىيا ئۇ پاسكىنا ، گەپلىرىمۇ تاققا ـ تۇققا ، ئىش چاتاقمۇ نېمە ··· »

ئۇ كارىۋاتتىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە ، ھويلا ئىچىدە تۇرغان ۋېلىسىپىتىنى مىنىپلا دىلبەرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى . ھېلىمۇ ياخشى ، دىلبەر ئانچە بەك يىراقلاپ كەتمىگەنىكەن . ئۇ كوچا دوقمۇشىدىلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى .

— ماۋۇ يەرگە كېلە ھۇ تېگى پەس قانجۇق ،— دېدى ئۇ ۋېلىسىپىتىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ دىلبەرنى ۋېلىسىپىت يېنىغا تارتىپ ئەكېلىپ پەس ئاۋازدا ،— ئەسلىي سەن مېنىڭ ئۆيۈمگە دېلو ئېنىقلاپ چىققان ئىكەنسەن ـ دە .

— ياق ، ياق ، ئەزىمرايى ، — دېدى دىلبەر بۇ قاتىلنىڭ ئەمدى مۇشۇ تام تۈۋىدە ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن

www.uyghurkitap.com

ئەنسىرەپ جالاقلاپ تىترىگەن هالدا، — مەن پەقەت سىزنىڭ پۇلىڭىزنى بېرەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قوياي دەپ چىققان.

— پەرهات ئۆلگەن تۇرسا، مەكتەپتە ساقچىلار هەممىلا ئادەمنى سوراق قىلىۋاتسا، — دېدى ئۇ ئىككى ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ قويۇپ پەس ئاۋازدا، — سەن تېخى مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتا قورقماي ماڭا مۇشۇ گەپنى دېگىلى چىقتىڭما؟! مېنى يەنە كولدۇرلاتما جۇما، — ئۇ دىلبەرنى تام تۇۋىدىكى بىر قىسىلچاققا قىستاپ كېلىپ ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا قولىنى تەگكۈزۈپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئاشكارىلىدى،— پەرهاتچۇ ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى، ئۇنى مەندىن كۆرسەڭ بولمايدۇ، ئەگەردە مەن ساقچىغا مۇشۇ ئىش توپەيلى كىرىپ قالىدىغان بولسام، مېنىڭ شايكىلىرىمنىڭ قانداقلىقىنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن. كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن.

— ئۇنداق بولسا پەرهاتنى راستىنلا سىز ئۆلتۈردىڭىزمۇ؟! — دېدى دىلبەر جالاقلاپ تىترىگەن هالدا.

— نەدىكى گەپنى قىلما، — دېدى ئۇ ئىككى ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، — پەرهاتنىڭ ئۆلۈمىگە مېنى چاتىدىغان بولساڭ ساڭا ياخشى كۈن يوق، ئۇقتۇڭمۇ؟ مېنىڭ دوستلىرىم گۆشىڭىز غىزا يېمەيدۇ.

دىلبەر ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن تاتىرىپ كەتتى. دېمىسىمۇ دىلبەر ئۇنىڭ دوستلىرىنى ناهايىتى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار مۇهەممەدئىمىننىڭ سادىق مالايلىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا پايپېتەك بولىدىغانلار ئىدى. ئەگەر، ئۇ ئاشۇ دوستلىرىغا ئازراق شەپە بېرىپلا قويسا دىلبەرمۇ پەرهاتقا ئوخشاش كۈنگە قالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇهەممەدئىمىن ئۆزىنى ئوبدان قورقىتىپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە هالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى ـ دە، تامغا يۆلەنگىنىچە قېتىپلا قالدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب تۇمانلاشقان يول

«يول ھەممىگە ئورتاق، لېكىن قانداق
مېڭىشنى بىلمەسلىك نادانلىقتۇر»
— خاتىرەمدىن

دىلبەر بىر كېچىدىلا كىشى تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەغرۇر يۇرۇش - تۇرۇشىدىن، نازۇك ۋە زىلۋا بويىغا ياراشتۇرۇپ ناھايىتى ئېسىل كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ مەغرۇرلارچە گىدىيىپ مېڭىشىدىن، ئاق سېرىق چىرايىغا ماسلاشتۇرۇپ، تۇجۇپىلەپ گىرىم قىلىشلىرىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇ ھازىر خۇددى قارانچۇقسىز قالغان يېتىم بالىدەك كارىۋىتى ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ بەئەينى كاچكۆلگە چۈشۈپ كەتكەن بىچارە مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغانىدى.

شۇ تاپتا ئۇ ئۆزى مۇتلەق تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايۋاتقان رەھىمسىز رېئاللىق، قورقۇنچلۇق پاجىئە، مۇھەممەدئىمىننىڭ تەئەددى ئارىلاش پوپوزىلىرى دەستىدىن گاڭگىراپ تۇرغاچقىمىكىن، ئۇنىڭ نېرۋىسى گويا ئىشلەشتىن توختىغان كونا ماتوردەك بىر ئىزدا توختاپلا قالغانىدى. چۈنكى ئۇ شەھەرگە كىرىپ مۇھەممەدئىمىن شاڭگاڭنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرۇپ، ئۇنىڭ دوق - ھەيۋىلىرىدىن نېرۋىسى گويا زەرەتلەنگەن توك سىمىدەك قىزىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمدى نېمە قىلىش، قىسقىسى بۇنى مەكتەپ تەشكىلىگە دېيىش - دېمەسلىك مەسىلىسىدە ئىدىيىسىدە ناھايىتى قاتتىق كۈرەش بولۇۋاتاتتى، ئەڭ

مۇھىمى ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم قاتتىللىق قىلىپ قويۇشىدىن قورقۇش ئۇنى بىراقلا كېرەكتىن چىقارغانىدى ، چۈنكى ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ ئالىقىنىدىكى بىر ئويۇنچۇق ، ئۇنى پاش قىلغان بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۈچ ئالماي تۇرامدۇ ، يەنە تېخى ئۇنىڭ پۇلىنى خەجلىگەن ئىشلارمۇ چۇۋۇلۇپ چىقسا بۇندىن كېيىن خەقنىڭ ئالدىدا يۈز كۆتۈرۈپ يۈرۈش مۇمكىنمۇ زادى . مۇشۇنداق ئەنسىز خىياللار تەسىرىدىن نېرۋىسى تازا قالاي-مىقانلىشىپ مەكتىپىگە قايتىپ كىرگەن دىلبەرنى مەكتەپ دەرۋا-زىسىدىن كىرە - كىرمەيلا دىجورنى ساقچى چاقىرىپ ، دىجورنى-خانىغا ئەكىرىۋېلىپ دېلوغا مۇناسىۋەتسىز نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپ ھارغۇزۇۋەتتى .

— سىز قايسى سىنىپتا ئوقۇيسىز ؟

— سايىتجان مۇئەللىمنىڭ سىنىپىدا ، ئەدەبىيات فاكۇلتې-تىدا .

— چىرايىڭىز بەكلا ئوسال كۆرۈنىدۇ ، كېسەل بولۇپ قالغانمىدىڭىز ؟ !

— ھە ، ياق ، سىنىپىمىزدا بىر ساۋاقدىشىمىز ئۆلۈپ كەتتى ئەمەسمۇ ، شۇڭا ،— دىلبەر پەرھاتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ مىچىلداپ يىغلاپ كەتتى .

— يىغلىماڭ ، ئاڭلىسام سىز پەرھاتنىڭ بىر يۇرتلۇقى ئى-كەنسىز ، شۇنداقمۇ ؟ !

— شۇنداق .

— تېخى ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەنكەنسىلەر .

— ھەئە ، بۇ… شۇنداق … يېڭى كەلگەن يىلى بىرەر يىلدەك يۈرگەنتۇق شۇ .

— كېيىن ئايرىلىپ كەتكەن ، شۇنداقمۇ ؟ !

— ھە ، شۇنداق … ،— دىلبەر بۇ ساقچىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن بۇنچىۋالا تۇجۇپىلەپ سوئال سوراپ كېتىۋاتقانلىقىنى تازا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنى رەسمىي سوراق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . چۈنكى ئۇ سوئال - جاۋابلاردىن يەنە بىر ساقچى ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇرۇۋاتاتتى . شۇڭا ئۇ «پەرھاتنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىمنى بۇلار بىلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ يا بايا كەينىمگە ئادەم چۈشكەن بولسا مەن ئۇنى تۇيماي قالدىممىكىنە ، ھېلىقى كۆرۈشۈشلەرنى بىلىپ قېلىپ سوراقنى باشلىغان ئوخشىمامدۇ ، ھەي ، مەن تېخى پوچ-تىخانىغا بارىمەن ، دەپ چىقىپ كەتكەن ، ئۇلارنى ئالدىغىنىم ئاشكارە بوپتۇ - دە ، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن» دېگەن ئەنسىز خىياللار ئۇنى ئوبدانلا چۆچۈتۈپ قويۇۋاتاتتى .

— ئۇندىن كېيىن بىرەرى بىلەن يۈرگەنمىدىڭىز ؟ !

دىلبەر دىجورنى ساقچىنىڭ ئاخىر مۇشۇنداق سوئال سوراي-دىغانلىقىنى پەملىگەن بولسىمۇ ، نېمىدەپ جاۋاب بېرىشكە تەييار-لىقى بولمىغاچقا نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى .

— جاۋاب بەرگۈڭىز كەلمىسە مەيلى ، لېكىن سىز بىر ساۋاقدىشىڭىز ، بىر يۇرتلۇقىڭىز ، بۇرۇن سىز ياخشى كۆرگەن دوستىڭىزنىڭ بۇ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن شۇنچە ئازاب ھېس قىل-غان چېغىڭىزدا ئۇنىڭ مۇنداق بىئەجەل كېتىپ قالغانلىقىدىنمۇ ئېچىنىشىڭىز كېرەك . شۇڭا بىزگە راست گەپ قىلىپ بۇ دېلو-نىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىغا ياردەم بېرىشىڭىز كېرەك .

— مېنىڭ باشقا بىرى بىلەن يۈرۈپ قېلىشىمنىڭ بۇ قاتىل-لىق بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېمەكچىمۇسىز ،— دېدى دىلبەر چىد-رايى ساماندەك سارغايغان ھالدا .

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ، پەقەت بەزى ئىشلاردا بىزگە ماسلىشىپ ساۋاقدىشىڭىزنىڭ قاتىلىنى تېزرەك تېپىپ چىقىپ قانۇننىڭ جازالىشىغا تاپشۇرساق دەۋاتىمەن .

— بۇ گەپچە سىلەر مەندىن گۇمان قىلىۋاتقان ئوخشىمامسى-لەر ، — دىلبەر شۇ گەپنى قىلىپلا ئورنىدىن تۇردى - دە ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆڭرەپ يىغلىغان ھالدا دىجورنىخانىدىن چىقىپ كەتتى .
— توختاڭ ، توختاپ تۇرۇڭ .
دىجورنى ساقچى بۇ قىزنىڭ ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆز-لىرىدىن ، گەپ قىلغاندىكى دۇدۇقلاشلىرىدىن ئۇنىڭ بارلىق ھە-رىكىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىل-دى - دە ، مەكتەپ دېلو گۇرۇپپىسىغا بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىل-دى .
مۇھەممەدئىمىنىنىڭ تەھدىت ئارىلاش سۆزلىرى ، ھېلىقى ساقچىنىڭ گەپ ئەگىتىپ سوراق قىلىشلىرى نەتىجىسىدە دىلبەر ناھايىتى ئۇزاق چۆرگىلىتىپ قويۇۋەتكەن ئاددەمدەك گاراڭ ھالەت-كە كىرىپ قالغانىدى . ئۇ گەرچە ھېلىقى ساقچىنىڭ ئالدىدىن «مېنىڭدىن گۇمان قىلغان ئوخشىمامسىلەر » دەپ چىققاندىن كې-يىنلا ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن گۇمانلىق ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ، ئەمدى ئۆزى يوشۇرۇپ يۈرگەن سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان-لىقىنى ھېس قىلغانىدى ، ياتاقتىكى قىزلارمۇ ئۇنىڭ دىجورنىخا-نىدا سوراق قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان بولغاچقىمۇ ، خۇددى قاتىل مۇشۇ شۇمشىيىپ ئولتۇرغان قىزدەك ھودۇقۇپ ، ئۇنىڭغا گەپ قىلىشتىنمۇ ھەزەر ئەيلەپ ئۆزئارا پىچىرلىشىپ سۆزلىشىدىغان ، دىلبەر شۇنداقلا قاراپ قويسا جىممىدە ئولتۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى .
دېگەندەك ساقچىلارنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپلا سورايدىغان سوئال-لىرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى ، بۇنداق سوئال - سوراقلار تەك-رارلانغانسېرى ئۇنىڭ نېرۋىسى گويا بىرى قوچۇغانداك ئاغرىشقا باشلىدى . ئۇ ئاشۇ ئاغرىق زەربىسىدىن بولسا كېرەك ، ئەتراپقا قورقۇنچ ئىچىدە ، چۆچۈگەن ھالدا نەزەر سالاتتى . ئۇ بۇ ئىشلار تەسىرىدىن تۇزۇكمۇ ئۇخلىيالمىغاچقا ، كۆز خالتىسىنىڭ تومپى-يىپ چىقىپ ، كۆزىنىڭ قارىچۇقلىرىمۇ كېڭىيىپ ، ئەتراپقا ئەن-سىزلىك بىلەن نەزەر سالىدىغان ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا مىشلداپ

يىغلاپ رەتسىز تۇرغان كۆرپىسىگە ئۆزىنى تاشلايدىغان بولۇپ قالدى .

پەرھاتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئايروپىلان بىلەن يېتىپ كەلگەن ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ دىلبەر ھوشىدىن كەتتى . چۈنكى ئۇلار تا ھازىرغىچە ئوغلۇم دىلبەر بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ ، دىلبەر مېنىڭ بولغۇسى كېلىنىم دەپلا يۈرۈۋاتاتتى . شۇڭلاشقا پەرھات-نىڭ ئانىسى ئۆز باغرىغا تاشلىنىپلا ھوشىدىن كەتكەن دىلبەرنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ يىغىسىنى باشلىغانىدى .

— پەرھاتنى سىزگە تاپشۇرغانتىمغۇ قىزىم ، ماڭا كەلگەن نېمە كۈن ئەمدى قىزىم . يالغۇز ئوغلۇمغا كەلگەن ئەجەل ماڭا كەلسە بولمامدۇ …

پەرھاتنىڭ دادىسى — چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان مۇھەممەد تۇردىيىف ئەپەندى بۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈمگە پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەل-مىگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالغانىدى . ئۇنى شۇ تاپ ئايالىغا قوشۇلۇپ يىغا ـ زار قىلىشىۋاتقان پەرھاتنىڭ قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭ نالە ـ زارلىرىمۇ بىھوشلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈ-رەلمەيۋاتاتتى .

— ئوغلۇمنى كىم ، نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈردى ، ماڭا پەقەت شۇ كىرەك ،— دېدى ئۇ ئۆزىدىن ئەھۋال سوراپ كەلگەن مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە ج خ خادىملىرىغا ، — مېنىڭ بالام چۈشەنگىمۇ ئازار بەرمەيدىغان ياۋاش بالا ئىدى . مۇشۇنداق بىر بالىغا زىياد-كەشلىك قىلغان نائەھلىنىڭ يېگىنى زەھەر ، ئىچكىنى ئوغا بولار ئىلاھىم .

مەكتەپ ئۇلارنى مەكتەپ سىرتىدىكى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى . شۇڭا پەرھاتنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۇلارنى يا-تاققا ئاچىقىپ قويۇپ قايتىپ كىردى . ئابدۇسالام مۇھەممەد تۇر-دىيىفنىڭ پەرھاتتىن پەرقلىنىدىغان كەسكىن مىجەزلىك ، ناھايد-تى چۈس ئادەم ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى بىرنەچچە ئېغىز سۆزىدىنلا بىلىۋالدى .

— ماڭا شېئىر يېزىشنى ئۆگەتكەن، مۇشۇ ئىشتىياقنى دىلىمغا سالغان ئەڭ يېقىن ساۋاقدىشىم، ئەڭ سۆيۈملۈك دوستۇم ئىدى. ئەپسۇس ... ، — دېدى ئابدۇسالام مۇھەممەد تۇردىيىنى بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.

— ئۇ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بالا بولغانىدى، ئۇنىڭ سەل قورقۇنچاقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەقىقىي ئەركەك ئىدى ـ دە، — دېدى مۇھەممەد تۇردىيىنى ئابدۇسالامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

ئابدۇسالام بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە يەنە بىرمۇنچە ئىچ سىرلىرىدىنى دېگۈسى كېلىۋاتسىمۇ، لېكىن دېيەلمەي قىينىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى.

— مەن قايتاي ئەمىسە، كەچلىك تاماق ۋاقتىغىچە يەنە كېلىمەن، — دېدى ئابدۇسالام تالاغا چىقىۋېتىپ.

ئىشىك يېپىلىش ھامان دەسلەپ ئايال كىشىنىڭ يىغىسى، ئاندىن ئەر كىشىنىڭ بوغۇق ھالدا بۇقۇلداپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

«ئەجەب ئىچى كۆچلۈك ئادەمكىنا، بايا بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۆزىنى شۇنچە تەمكىن تۇتتى، لېكىن يالغۇز قالغاندا چىدىماي قالدى ئەنە. كىم دەيدۇ ئاتىنىڭ باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق بولىدۇ دەپ، بەزى چاغلاردا ئاتىلارنىڭ باغرى شۇنچىلىك ئېرىپ كېتىدىكى، ئۇ چاغدا ئانىلارنىڭ باغرىدىنمۇ نەچچە ھەسسە يۇمشاق بولۇپ كېتىدىغۇ. چۈنكى ئۇلار ھەممىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىشنى ئۆگەنگەن، داداممۇ شۇنداق ئادەم ئەمەسمىدى، قارىغاندا بارلىق ئاتىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئالدىدىكى خاراكتېرى مۇشۇنداق بولسا كېرەك، مانا بايىلا تېخى ئىنتايىن تەمكىن تۇرغان ئادەم يالغۇز قېلىۋىدى، بىردەمدىلا ئازابلىق يىغىسىنى باشلىدى. ئۇنىڭ نالىسى پەلەككە يېتىپ لەنىتى قاتىل تېززەك تۇتۇلغاي ئىلاھىم» ئابدۇسالام ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق پىچىرلاپ تېخى بايىلا

چىقىپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن تېز - تېز مېڭىپ كەتتى .

ج خ خادىملىرى بۇ دېلودا دىلبەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەكتەپ سىرتىغا چىقىشىنىڭ سەل كۆپىيىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، دىلبەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى . گەرچە دىلبەر سىرتتا بىرەرى بىلەن يۈرۈپ قالغانلىقىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ج خ خادىملىرى گۇمانىنى مەكتەپ سىرتىغا يۆتكەشنى قارار قىلىپ مەكتەپ ئىچىدىكى تەكشۈرۈشنى قىسقارتتى . شۇ سەۋەبلىك دىلبەرنىڭ ئەنسىرىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى . چۈنكى ئۇ ھامىنى بىر كۈنى ج خ خادىملىرى مەكتەپكە قايتىپ چىقىپ «سەن قاتىلنىڭ شېرىكىكەنسەن ، مۇشۇنى بىلىپ تۇرۇپ ۋاقتىدا بىزگە مەلۇم قىلماپسەن ، ئەمدى سەنمۇ بىلىپ تۇرۇپ پاش قىلمىغانلىقىڭ ئۈچۈن تۈرمىگە قامىلىسەن» دەپ قولىغا كويزا سېلىپ ھەيدەپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بەدىنىگە ئىختىيارسىز تىترەك ئولىشىپ بىر جايىدا ئولتۇرالماي قېلىۋاتاتتى . لېكىن ئۇ بۇ دېلونىڭ ھامىنى ئېنىقلىنىدىغانلىقىنى ، بۇ چاغدا ئۆزى ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلمىغان تەقدىردىمۇ قاتىلنىڭ شايكىلىرى تەرىپىدىن ھامان زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ، بەدىنىگە ئىختىيارسىز تىترەك ئولىشىپ گويا جۇدۇندا قالغان يولۇچىدەك پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كېتەتتى . شۇڭا ئۇ ئۆزى يول قويغان خاتانىڭ رەھىمسىز قۇربانى پەرھاتلا ئەمەس ، بەلكى ئۆزىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا بۇ يولدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كېلەتتى .

دىلبەر گەرچە پەرھاتنىڭ ياردىمى بىلەن تاماملىغان دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن بىلەن ئىككى ئاساسلىق پەندىن قايتا ئىمتىھان بېرىپمۇ ئۆتەلمىگەن بولغاچقا باكلاۋرلىق ئۇنۋانىنىمۇ ، مەكتەپ پۈتتۈرۈش

دىپلومىسىنىمۇ ئالالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . دىمەك ، پەرھاتنىڭ بۇندىن ئۈچ يىل بۇرۇن يازغان خېتىدىكى «يارنىڭ لىۋىدىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىش» توغرىسىدىكى نەسىھەت ئارىلاش ئاچچىق سۆزلىرى ئەمدى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى .

«ئاھ پەرھات ، — دەپ پىچىرلايتتى ئۇ چوڭقۇر ئەلەم ئىچىدە ئاچچىق تولغىنىپ يېتىپ ، — ئەگەر بۇندىن تۆت يىل ئىلگىرى سېنىڭمۇ كۆپرەك پۇلۇڭ بولغان بولسا ، ئاشۇ سەن دېگەندەك لەنتى توقۇلما چاپاننى ماڭا ئېلىپ بېرىپ ، ئابرۇيپەرەسلىك دەردىدىن يولدىن ئازغان ئاشۇ كىچىككىنە سەۋەنلىكىمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمغا سەۋەبچى بولمىغان بولساڭ ، ھېلىقى ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھايۋانغا ئۆزۈمنى بۇزدۇرمىغان ، سەنمۇ مۇشۇ ئازابلىق سەپەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالمىغان بولاتتىڭ . ئاھ پۇل ، سەن ھەممىگە قادىر . يەنە بىر جەھەتتىن بەكمۇ يىرگىنچلىك نەرسىكەنسەنغۇ . سەن ھەممىنى بەربات قىلغۇچى ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ھەممىنى قۇرغۇچىسەن . مانا مەن پۇلنىڭ ، ئابرۇينىڭ كەينىگە كىرىپ پۇلدىنمۇ ، مۇھەببەتتىنمۇ ، ھەتتا ئىستىقبالىمدىنمۇ جۇدا بولدۇم . مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن مەن بەكمۇ يىرگىنچلىك ، بەكمۇ ئەرزىمەس بىر ئادەمگە ، ياق ، بىر دۆۋە ھېچنېمىگە كېرەككە كەلمەيدىغان ئەتىۋارسىز پاخالغا ئايلىنىپ قالدىم . مېنىڭ مۇشۇ تۇرقۇم خۇددى قۇشقاچلار ئېتىزدىكى زىرائەتلەرگە زىيان سالمىسۇن دەپ پاخالدىن ياساپ ئېتىز قىرىغا تىكلەپ قويغان قارانچۇقتەكلا تەنھا . مېنىڭ نېمە بولۇشۇم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق . ياق ، ساقچىلار ماڭا گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى . ساۋاقداشلىرىم ماڭا نەپرەتلىك تىكىلمەكتە . بەلكىم ئۇلار پەرھاتقا ئۈچ يىل سالغان دەرد — ئەلەملىرىمنى ئويلايدىغاندۇ ۋە ياكى مۇشۇ قاتىللىقتا دىلبەرنىڭ قولى بارمىكىن دەپ ساقچىلاردەك گۇمان قىلىشىۋاتقاندۇ . مانا مۇشۇنداق بولىۋەرسە مەن ھەقىقەتەن چىدالماي قالىدىغان ئوخ-

شايمەنغۇ . بەلكىم بېشىمغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرەي دەپ قاتىلنى مەلۇم قىلىپ ، ئۆزۈمىمۇ جازانى كۈتۈپ تۇرىدىغاندەك قىلدە-مەن ··· »

ئۇ باش ـ ئايىغى چىقماس خىياللار ۋە تۈگىمەس قارا بې-سىشلار دەستىدىن بىراقلا ھالىدىن كەتتى . ئۇ ھەتتا قېنىپقىنە ئۇخلىمىغىلى ئۈچ كۈن بولغانىدى . كۆزىنى شۇنداقلا يۇمسا مۇ-ھەممەدئىمىننىڭ ياۋۇزلارچە تىكىلىشى ، مۇشتىنى تۈگۈپ ئۇنىڭ بۇرنىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ پوپوزا قىلىشلىرى خۇددى جاھان ئەي-نىكىدە زاھىر بولغان يىرگىنچلىك ئالۋاستىدەك پات ـ پات پەيدا بولۇپ ئۇنى ئارام ئېلىشلاردىن مەھرۇم قىلىپ تۇراتتى . ھەددى-دىن زىيادە چارچاپ ، قورقۇنچ ، ۋەھىمە ، تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئىزتىراپلىق خىياللار ، جەننەت ـ دوزاخ ئوتتۇرىسىدىكى پىلسىرات كۆۋرۈكى ··· ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ خىياللى-رىنىڭ چېكى يوق ئىدى . خۇددى ياغاچچى ئۆزىنىڭ بولقىسى بىلەن غايەت زور پولات مىخلارنى ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە قېقىۋاتقان-دەك ، ياق ، توپتوغرا ئۇنىڭ مېڭىسىگىلا قېقىۋاتقاندەك بىر ئاچ-چىق سېزىم ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سىلكىپ ئۇنىڭ ھەممىگە چۆچۈپ تۇرۇپ قاراشلىرىغا سەۋەب بولۇۋاتاتتى . ئۇ دەھشەتلىك بىر ئەسەبىي تۇيغۇ ، ئىزتىراپلىق خىياللار ئىسكەنجىسىدە ئازاب-لىق تولغىناتتى . شۇنداقلا بۇ ئاغرىقتا ، چارچاشقا بەرداشلىق بېرەلمەي يۇگۇرۇپ چىقىپلا مەكتەپ تەشكىلىگە ياكى كەچكىچە ئۆزىگە گۇماني نەزەر بىلەن قارايدىغان ھېلىقى ساقچىغا «مېنىڭ ئامانلىقىمغا كاپالەتلىك قىلساڭلار مەن قاتىلنى تېپىپ بېرىمەن» دېگۈسى كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى ـ دە ، مۇھەممەدئى-مىننىڭ ياۋۇز چىرايى ، ئۇنىڭ مۇز تەلەت دوستلىرىنىڭ رەھىم-سىزلىك چىرماپ تۇرغان كۆزلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ لاس-سىدە سولىشىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالاتتى .

مەكتەپ تەشكىلى بىلەن پەرھاتنىڭ ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇغقانلىرىنىڭ جىددىي تەلپى بويىچە پەرھاتنىڭ ج خ ئىدارىسى-
نىڭ مېيىت ساقلاش ئۆيىدە ساقلىنىۋاتقان جەسىتى قايتۇرۇپ
بېرىلدى . بۇ چاغدا دىللارنى رەھىمسىز ئۆرتەپ ، قەلبلەرنى مۇ-
سىبەتلىك خىيال ئىلكىدە قىينايدىغان ، ماتەملىك ھېسسىياتلار
ئىلكىدە سىلكىنىپ تۇرغان ساۋاقداشلارنىڭ كۆزلىرىگە قايتىدىن
ئىسسىق ياش ئالغۇزدى . سىنىپتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى بېشى-
غا ئاق ياغلىق چىگىپ پات - پات ھوشىدىن كېتىۋاتقان ئانىنىڭ
چۆرىسىدە ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي يۈرۈشەتتى .
شۇ كۈنى چۈشتە مەكتەپ داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆت-
كۈزۈپ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىقتا ئىلىپ قېلىشنى پىلانلىغان مۇ-
نەۋۋەر ئوقۇغۇچىسىنىڭ غايىسىنى ، تىرىشچانلىقىنى ، ئەخلاق -
پەزىلىتىنى ئېغىر قايغۇ ، چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە ئەسلەپ
ئۆتتى .

— ساۋاقداش پەرھات مۇھەممىدى ، — دېدى مەكتەپ مۇدى-
رى پەرھاتنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى تەرىپلەپ
بولغاندىن كېيىنكى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا تەكىتلەپ تۇرۇپ ،— ئۇ
مۇشۇ بەش يىللىق ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدا زامانىمىزدىكى ئەڭ
تىرىشچان ، ئەڭ ئۈلگىلىك ئوقۇغۇچىغا خاس سۈپەت بىلەن
ئوقۇپ ، ئۆزىنىڭ كۈنسېرى يېتىلىۋاتقان تالانتىنى نامايان قىلغان
ئىقتىدارلىق ستۇدېنت ئىدى . ئەپسۇس ، رەھىمسىز جىنايەتچىلەر
ئۇنىڭ ياش جېنىغا قەست قىلىپ ئۇنى بىلىم كانىدىن ، بىزنىڭ
ئارىمىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىۋەتتى ، بۇنداق جىنايەتچىگە بىر ئە-
مەس ، مىڭ ئۆلۈممۇ ئازلىق قىلىدۇ . چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ، خەلقى-
مىزنىڭ ، يۇرتىمىزنىڭ يېتىلىۋاتقان بىر شائىرىنى ، كەلگۈسى-
نىڭ بىر ئالىمىنى نابۇت قىلدى . دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق ،
بۇنىڭدىن ئەشەددىي قاتىللىق بولماس . ساۋاقداش پەرھات ، گەرچە
قاتىل ھازىرغىچە تۇتۇلمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ھامىنى تۇتۇلۇپ ،
قانۇنىنىڭ ئەڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ . سىز

بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات، بىز سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز. ساۋاقداشلىرىڭىز، مەكتەپداشلىرىڭىز، بارلىق ئوقۇرمەنلىرىڭىز سىزنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

ماتەم مۇراسىمىغا شەھەردىكى داڭلىق جامائەت ئەربابلىرى، يازغۇچى ـ شائىرلار، نەشرىيات، گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە، ژۇرناللاردىكى مۇھەررىرلەر، شۇنداقلا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئون سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تولۇق قاتناشقانىدى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندا توپ ئىچىدىن يۈرەكنى ئېزىدىغان يىغا ـ زار كۆتۈرۈلدى.

مېيىت ناھايىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ مېڭىلدى. قەبرىستانلىققا ماڭىدىغان يولدىكى قاتناش ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۈزۈپ قويۇلدى. مېيىتنىڭ ئالدىدا پەرھاتنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد تۇردىيېف ئەپەندى، پەرھاتنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن باشقا ھۆسەن قارى ھاجىمغا ئوخشاش يۈرت كاتتىلىرى، داڭلىق شائىر ـ يازغۇچىلار ماڭغانىدى. پەرھاتنىڭ ئانىسىنى ئاپتوبۇس بىلەن ئېلىپ ماڭغان ئۇنىڭ قىز ساۋاقداشلىرى قاتارىدا پەقەت دىلبەرلا كۆرۈنمەيتتى. چۈنكى ئۇ پەرھاتنىڭ قارا دۇخاۋا يوپۇق يېپىلغان تاۋۇتىنى ساۋاقداشلار تالىشىپ كۆتۈرۈپ يىغا ـ زار بىلەن يولغا چىققاندا ھوشىدىن كېتىپ مەيداندىلا يىقىلغاچقا ئۇنى مەكتەپ دوختۇرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ چىقىپ كېتىشكەنىدى.

ساۋاقداشلار تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كىرگەندە تۇيۇقسىزلا قىزلار ياتاق بىناسى تەرەپتىن قاتتىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ياتاققا كىرىشكە رايى تارتماي بىنا ئالدىدا خىيالچان تۇرغان ئابدۇسالام بىلەن يارمۇھەممەد بۇ ئاۋازدىن قاتتىق چۆچۈدى. ئۇلار بۇ ئايانچلىق ئاۋازغا دىققەت قىلدى. راستىنلا دىلبەرنىڭ ياتىقى تەرەپتە چۇرقىراشقان ئاۋازلار كەلمەكتە. بۇ ئاۋازلار ئوخشاشلا بىرخىل مۇسىبەتنى، ئېچىنىشلىق بىر قىسمەتنى جاكارلاۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتى. ئابدۇسالام بىلەن يارمۇھەممەدنىڭ يۈرىكى

ئۆيگەندەك بولدى ـ دە ، بىرەر ۋەقەنىڭ شەپىسى يېتىپ كەلگەنلە ـ كىنى ھېس قىلىپ قىزلار ياتىقى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى . ئۇلار ياتاق بىناسى ئالدىغا يىغىلىشۋالغان قىزلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەل ـ گىنىدە ، چۇرقىرىشىۋاتقان قىزلارنىڭ ئاق سۇزۇك چىرايىنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى .

— نېمە ئىش بولدى ؟ !— دېدى ئۇلار ئىككىسى تەڭلا .

ئىشىك ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان ئايپەرى ئابدۇسالامنى كۆرۈپ قىزلارنىڭ ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىنىپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى .

— نېمە ئىش بولدى ، ماڭا قارىڭە ، نېمە ئىش بول ـ دى ؟ !— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قارىـ تىپ تۇرۇپ .

— دىلبەر ، دىلبەر ··· ،— دېدى ئۇ كېكەچلەپ تۇرۇپ .

— نېمە ئىش بولدى ؟ دىلبەرگە نېمە بولدى ؟ ! ئايپەرى ، تۈزۈك گەپ قىلساڭچۇ ھودۇقماي .

— دىلبەر قاتىلكەن ،— ئۇ جالاقلاپ تىترىگىنىچە شۇ گەپنى قىلدى ـ دە ، يىغلىۋەتتى .

— بۇ نېمە گەپ ئەمدى ، — دېدى ئابدۇسالام قىزلارغا يۈزلىنىپ ، — پەرھات ئۆلگەن كۈنى دىلبەر ياتاقتا ئىدىغۇ يا سىلەر يالغان گەپ قىلغانمىدىڭلار .

— بىزمۇ ئۇقمايۋاتىمىز ، دىلبەر ئادەم سالغان ئىشمىكىن يا ، — دېدى گۈلبوستان بىر ۋاراق قەغەزنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئابدۇسالامغا تۇتقۇزۇپ ، — ئۇ مۇشۇ خەتنى يېزىپ قويۇپ قېچىپ كېتىپتۇ . مانا مۇشۇ ئۇنىڭ پاش قىلىش خېتى .

ئابدۇسالام قەغەزگە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى . دىلبەر خەتنى ناھايىتى ئالدىراپ يازغان بولسا كېرەك ، خەتنىڭ پەش ـ چېكىتـ لىرىمۇ تازا جايىغا چۈشمىگەندەك تۇراتتى . ئابدۇسالام ناھايىتى سەت يېزىلغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر قاتىللىقنىڭ گۇۋاھلىق

ماتېرىيالى بولىدىغان بۇ خەتنى ناھايىتى تېزلا ئوقۇپ تۈگەتتى .

«ھۆرمەتلىك ساۋاقداشلىرىم ، — دەپ باشلىنىدىغاندى ئۇ خېتىنى ، — بەش يىللىق خىيانەتكار ئۆمرۈم ئاخىرى سۆيۈملۈك ساۋاقدىشىم (ئەگەر مېنى ساۋاقداش دەپ تونۇساڭلار ) پەرھاتنى ئۆلۈم گىردابىغا سۆرەپ كەلدى . مەن ئەسلى بۇ مەرىپەت بۇلىقىدا جان دىلىم بىلەن تىرىشىپ بىلىم ئىگىلىشىم ، ھەرقايسىڭلاردەك مەرىپەت بېغىنىڭ ئىخلاسمەن ھەرە قۇشلىرىغا ئايلىنىشىم كېرەك ئىدى . ئەپسۇس ، ھەرقانداق بىر ستۇدېنت ئاڭلىسا خىجىل بولىدىغان بىرخىل ساختا مۇھەببەتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ ئۆزۈمنىلا ئەمەس ، بەلكى بىر مۇنەۋۋەر ستۇدېنتنى كېرەكتىن چىقاردىم . مەن ھازىر مەكتەپ مۇدىرى ئېيتقاندەك ئەڭ ئەشەددىي قاتىل بولۇپ قالدىم . ئەمدى مەن ئۇچۇن بۇ گۇناھكار تەننى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ ئازابلىق بىر جەرياندىن دېرەك بېرىدۇ . مېنىڭ نەزىرىمدە ھاياتلىق ئەمدى ماڭا ھەقىقىي بىر جازا مەيدانى . مەن ئاشۇ مەيداندا — لەنەت سەھنىسىدە بېشىنى كۆتۈرەلمەي تۇرغان گۇناھكار بەندە . مەن تىرىك ، لېكىن ئۆلدۈم . ساۋاقداشلارنىڭ كۈلكە ئۈچكەن چىرايىغا قاراشمۇ ، پەرھاتنىڭ ئانىسى — يۈرىكى زەخىم يېگەن بىچارە ئايالنىڭ كۆزىگە تىكىلىشمۇ ماڭا ۋەھىمە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ . بۇ دۇنيا پەرھاتنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا ناھايىتى گۈزەل ئىدى . ئۇنىڭدا بىز بەھرىمەن بولىدىغان نەرسىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى . مانا مۇشۇ گۈزەللىككە تويۇنغان دۇنيادا بوتىلاقتەك سەكرەش ، ئارمانسىز كۈلۈش ، ۋاقىتنى قەدىرلەش ، ھاياتنى قەدىرلەپ بىغەم ياشاش ، بىلىم بۇلىقىدا دىلنى پاكلاش ئۈچۈنمۇ جۈرئەت ، شىجائەت ، پاراسەت ، غەيرەت كېرەككەن . ئەپسۇس ، مىڭ ئەپسۇس ، نەپرەتلىك قاراشلار

ئىسكەنجىسىدە مىجىلىۋاتقان بىر ئاجىز قىز — ئۆزىنى بىلەلمىگەن، بىلىمىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشىنى، ئەڭ دەسلەپ مۇھەببەتلىك قاراشلىرى بىلەن ئاجايىپ سېھىرلىك دۇنياغا باشلىغان بىر شىجائەتلىك، قابىلىيەتلىك، كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل يىگىتنى نابۇت قىلىغان لەنەتلىك بىر قىز ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇ ئىقرارى ئارقىلىق كېتىپ قالماقچى — يىراققا، تولىمۇ يىراقلارغا كېتىپ قالماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ساۋاقداشلار سىلەر نېمىدېگەن بەختلىك، نېمىدېگەن بەختىيار، ھە، مانا ئاز ئۆتمەي سىلەر مەكتەپنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پۈتتۈرۈپ خىزمەت ئورنۇڭلارغا يۈرۈپ كېتىسىلەر. سىلەر ئالدىڭلاردا ئولتۇرغان ياش ئەۋلادلارغا ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆگەنگىنىڭلارنى ئۆگىتىسىلەر، دۇنيادىكى ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىلارغا ئايلىنىسىلەر. ئېسىڭلاردا بولسۇن، سىلەر دەرس مۇنبىرى ئالدىدا تۇرۇپ ئالدىڭلاردا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلەنگىنىڭلاردا ئۇلارنىڭ پات ئارىدا بارىدىغان ئالىي مەكتەپىدە قانداقراق ئوقۇشى توغرىسىدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تەربىيىسى بېرىشنى قەتئىي ئۇنتۇماڭلار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەندەك بىرئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپلا ئۆزىنى باشقۇرالماي، ئۆزىنىڭ پۈتىغا ئۆزى پالتا چاپىدىغان تەتۈر يولغا مېڭىپ ئاخىر پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە كەچ كۈزدىكى تۇماندەك غايىب بولغان بىر ساۋاقدىشىڭلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇ جاھاندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ھايات دەقىقىلىرىنى پۇل ۋە ئابرۇيدىن ئىبارەت ئەرزىمەس نەرسىلەرگە تېگىشىپ ئۆزىنىمۇ يوقاتقانلىقىنى سەلبىي دەرسلىك قاتارىدا سۆزلەپ ئۇلارنىڭ دىلىنى پاكلاڭلار. ئۇلارنىڭ پاك - سەبىي قەلبىگە بىلىمنى قەدىرلەيدىغان روھنى كىچىكىدىن باشلاپلا سىڭدۈرۈڭلار، ئۇلار مەندىن

ئىبرەت ئالسۇن . مەكتەپنى ، بىلىمنى ، مۇھەببەتنى ، جەم-
ئىيەتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن سۆيىدىغان روھنى يېتىل-
دۈرۈپ چوڭ بولسۇن .
خەير دوستلار ، ئاخىرقى قېتىم سىلەرگە خەير خوش
دېيىشىمگە رۇخسەت بېرىڭلار . شورپېشانە دىلبەر سىلەر
بىلەن خەت يۈزىدىلا خوشلاشماقچى ... »

— بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى ، — دېدى ئابدۇسالام
ئەتراپتىكىلەرگە ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ ، — ئۇ بىر
قىز بالا تۇرسا ، قانداق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ ؟
— بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس ، — دېدى يارمۇھەممەد
ئۇنىڭ قولىدىن خەتنى ئېلىۋېتىپ ، — ئەگەرچەندە ئايالالار قاتىل-
لىق قىلمەن دەپلا قالسا ئادەم ئويلاپمۇ باقمىغان بىر ئىشلارنى
قىلىۋېتىدۇ دېگىنە ، ئۇلار ئويلاپ چىققان ھىيلە - نەيرەڭلەرگە
ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ ، ھە . بۇنىڭغا مىسال دېگەن جىق گەپ .
مەسىلەن ، ئالايلۇق ...
— بولدى ، بولدى ئاداش ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ
سۆزىنى بۆلۈپ ، — بۇ ئىشقىچۇ بىز بىر نېمە دېيەلمەيمىز . ئەڭ
ياخشىسى بۇ خەتنى مەكتەپ تەشكىلىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ دىلبەرنى
تېزرەك تاپىدىغان بىر ئىش قىلايلى . ئەمدى قاراپ تۇرۇپ يەنە
بىر ساۋاقدىشىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق تېخىمۇ بولمايدۇ .
— شۇنداق قىلايلى ، — دېدى قىزلارمۇ چۇرقىراشقان ھال-
دا ، — قاتىل ياكى ئەمەسلىكىنى قانۇن ئايرىسۇن ، لېكىن پەر-
ھات ئۆلگەن ئاخشىمى ئۇ ياتاقتا بار ئىدى .
— خەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئۇ قاتىل ئەمەس ، بەلكىم
قاتىلنىڭ شېرىكى ياكى بولمىسا قاتىلنىڭ ئىشىنى بىلىدىغان
بىردىنبىر گۇۋاھچى ، ماۋۇ خېتىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆلۈۋالماق-
چى بولغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ، — دېدى ئابدۇسالام
ساۋاقداشلىرىغا قاراپ ، — شۇڭا بىز ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي ،

ساقچىلارغا ھەمكارلىشىپ دىلبەرنى چوقۇم ئىزدەيلى . قاتىلنى بىلىدىغان بىردىنبىر شاھىت دىلبەرنى يوقىتىپ قويساق پەرھاتنىڭ قاتىلىنى تاپماق تەسكە توختايدۇ ، ئەگەر بىز دىلبەرنى تاپساقلا قاتىلنى چوقۇم تاپالايمىز .

— شۇ ،— دېدى ئايپەرىمۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ قەددىنى رۇسلاپ ، — پەرھات ئۆلگەن كۈنى ئۇ ياتاقتا ئىدى ، لېكىن شۇ كۈندىن باشلاپلا ئۇنىڭ مىجەزى غەلىتىلىشىپ قالغان .

— يۇرۇڭلار ،— دېدى بايىلا يېتىپ كېلىپ يارمۇھەممەدنىڭ قولىدىن دىلبەرنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئوقۇپ بولغان ئەزىمەت سىنىپ باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ ، — مەن بۇ خەتنى مەكتەپ تەشكىلىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ساقچىلارغا ھەمكارلىشىپ ئۇنى ئىزدەي ، سىلەر بىر نەچچە يولغا بۆلۈنۈپ مەكتەپ ئىچى - سىرتىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقىڭلار . ھەرقانچە ئەسكى بولۇپ كەتسىمۇ ئۇ يەنىلا بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىز . ئابدۇسالامنىڭ گېپى توغرا ، بىز پەرھاتتىن ئايرىلغاننى ئاز دەپ ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالمايلى .

قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلار بىردەمدىلا بىرنەچچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ مەكتەپ ئىچى - سىرتىغا ئاتلاندى . ئۇلار دەريا بويلىرىغا ، كۆللەرگە ، باغلارغا ، ھەتتا مەكتەپ ئىچىدىكى پاسكىنا سۇ چىقىرىش قۇدۇقلىرىغىچە قاراپ ماڭماقتا ئىدى . چۈنكى ئۇلار دىلبەرنى ئۆلۈۋېلىش خەۋپى ئەڭ چوڭ دېگەن قاراشتا بولغاچقا ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىش ئىمكانىيىتى بارلىكى ئورۇنلارغا بېرىپ ئىزدەشنى ئەڭ مۇۋاپىق چارە دەپ قارىشاتتى .

ئايپەرى بىلەن مەتسالىھ شۇ تاپ دىلبەرنىڭ شەھەردىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ماڭغانىدى . لېكىن ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئۇلارغا قانداق ئۇقتۇرۇشقا ، دىلبەرنى نېمە ئۈچۈن ئىزدەپ چىققانلىقىنى دېيىشكە بىرەر باھانە ئىزدەپ ھارغانىدى ، لېكىن ئۇنى دېمەي بولمايتتى . ئۇلار بۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگىنىدە ھېپىزىخان ئەمدىلا

نامازدىن تۇرغانىكەن ، ئۇ دىلبەرنىڭ بۇ دوستىغا گەرچە دىلبەر-
نىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ
مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ ئۆيگە تۇزۇكرەك قەدەم باسمىغانلى-
قىدىن ئاغرىنىپ بەردى .

ئابدۇسالام ئابدۇللا ساۋۇت بىلەن بىللە دەريا بويىنى ئاختۇ-
رۇپ چىققانىدى . ئۇلار دەريا بويىدىكى بېلىق كۆللىرىنى ، دەريا-
نىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سۆگەتلىكنى قويماي ئاختۇرۇپ پەرھات
قازاغا ئۇچرىغان جايدىكى ياغاچ كۆۋرۈك ئۈستىدە توختاشتى .

— ئۇ زادى نەگە كەتكەندۇ ؟ ! — دېدى ئابدۇسالام لايقىپ
ئېقىۋاتقان دەرياغا تىكىلگەن ھالدا ،— يا مۇشۇ دەرياغا سەكرىگەن-
مىكىن .

— كۈندۈزى دەرياغا سەكرىسە بىرەرى كۆرمەي قالامتى ،—
دېدى ئابدۇللا ساۋۇت كۆۋرۈكنىڭ رېشاتكىسىغا يۆلەنگەن ھالدا
جاۋاب بېرىپ ،— ئۇۋاغۇ بىزنى ھېلىقى خەت بىلەن ئالداپ قويۇپ
بىرەر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ يېتىۋالدى .

— ياق ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

ئابدۇسالام بوگۇن سۇس چىقىۋاتقان شامالدا ئۆركەش ياساپ
ئېقىۋاتقان دەرياغا قارىدى . كۆۋرۈك ئاستىدا تۇرۇپ قالغان بىر
تال سۆگەت شېخى بۇ يەردە كىچىككىنە شارقىراتما ھاسىل قىلىپ
ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇغا بىرخىل شاۋقۇن قوشقانىدى . مانا
مۇشۇ كىچىككىنە شارقىراتما گويا بۇ يەرگە چۈشكەن ھەرقانداق
نەرسىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ناھايىتى تېز ۋە دولقۇنسىمان
ئېقىۋاتاتتى .

«مۇشۇ يەردىن سەكرىگەن بولمىسۇن يەنە» تۇيۇقسىز كەل-
گەن بۇ قورقۇنچلۇق خىيال خۇددى ئۇنىڭغا بىرى تۇيۇقسىز
سوغۇق سۇ چېچىۋەتكەندەك ئەندىكتۇرۇۋەتتى . «ئۇنداق قىلماس
ئىلاھىم . بۇ يەردە ئادەممۇ بەك كۆپكەن . كۈپكۈندۈزدە بىر قىز
بالا دەرياغا سەكرىسە بىرەرسى كۆرمەي قالامدۇ» . ئۇ ئۆزىنىڭ

بۇ خىيالىنى ئۆزى ئىنكار قىلىپ يېنىك تىندى . چۈنكى ھېلىقى ئادەمنىڭ يوتىسىدەك كېلىدىغان يوغان شاخ پارچىسى شۇ تاپ ئاستا - ئاستا دومىلاپ كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى .

ئابدۇسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ چۈشتىكى ھارارىتى تېخى تولۇق يوقاپ كەتمىگەن قۇياشقا قارىدى . ئادەمنىڭ كۆزىنى چېقىپ تۇرغان ئوتلۇق قۇياش يىراق ئۆپۈققا باش قويۇپ كېچىلىك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك قىلغان بىلەن ئۇنىڭ ھارارەتلىك تەپتى تېخى قايتمىغان بولغاچقا گەجگىنى يەنىلا چۈشتىكىدەكلا قورۇپ تۇراتتى . دەريا بويىدىكى سۆگەت ۋە توغراق شاخلىرى خۇددى بىر كۈن كەچكىچە ئىشلەپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ھامماللاردەك سولىشىپ قالغانىدى . ھېلىقى سۆگەت شېخى ئۇلاردىن يىراقلاپ كەتكەن بىلەن دەريا يەنىلا تىنىمسىز شارقىراپ ئۆركەشلەپ ئاقماقتا ئىدى . قارىغاندا بۇ دەريا بىر رەھىمسىز قاتىللىقنىڭ نەق مەيدانى بولغان مۇشۇ جايدىن ئۆتكۈچە پەرھاتقا بولغان ماتەم ھېسسىياتىنى مانا مۇشۇنداق ئىپادىلەپ ئۆتۈۋاتسا كېرەك .

— ئابدۇسالام !

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈگەن ئابدۇسالام بىلەن ئابدۇللا ساۋۇت ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى . دەريا بويىدىكى تار چىغىر يولدا قۇدرەت بىلەن ئەزىمەت پېشانىسىدىن چىقىۋاتقان ئىسسىق تەرنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتكەن ھالدا ئۇلار تەرەپكە قاراپ تېز - تېز كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ئاشۇ تۇرقىدىن دىلبەرگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىشنى ئۇققانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى .

— ھە ، نەلەرگە بېرىپ كەلدىڭلار ؟ !— دېدى ئابدۇسالام ئۇلار يېتىپ كېلە - كەلمەيلا ئالدىراپ سوراپ .

— مەكتەپ كەينىدىكى ئالمىلىق باغقا چىقتۇق ، — دېدى ئەزىمەت كۆۋرۈك رىشاتكىسىغا يۆلەنگەن ھالدا بېشىدىكى كۆك شەپكىسىنى ئېلىپ قولى بىلەن يىرىك چاچلىرىنى تاراپ تو-

رۇپ ،— باغۋەننىڭ دېيىشىچە ، بۈگۈن باغقا بىرمۇ ئوقۇغۇچى كىرمەپتۇ .

— ھە ، سىلەرچۇ ، — دېدى قۇدرەت شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئەيمەنگەن ھالدا قاراپ قويۇپ ، — بىرەر خەۋەر - پەۋەر يوقمۇ ؟

— يوق ، — دېدى ئابدۇسالام بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ ، — بۇ دەريا بويىدا بىز بارمىغان يەر قالمىدى ئەمدى .

— بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ،— دېدى ئەزىمەت ئابدۇسا-لامنىڭ قولىدىكى يېرىمى چىكىلگەن تاماكىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنى كۈچەپ شوراپ تۇرۇپ ، — ئۇ ئەمدى مۇشۇنداقلا دېرەكسىز يوقىلىپ كېتەمدۇ ؟

— مېنىڭچە ،— دېدى قۇدرەت دەرياغا قاراپ تۇرۇپ ،— ئۇ مۇشۇ دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالدىمىكىن دەيمەن .

— ياق ، — دېدى ئابدۇسالام قۇدرەتكە قاراپ ، — ئۇنىڭدا ئۇنچىلىك جۈرئەت يوق .

— ئۇنداق بولسا نەگە كېتىدۇ ئۇ زادى .

— ئىزدەيلى ،— دېدى ئەزىمەت قولىدىكى تاماكىنى دەرياغا تاشلاپ ،— بىز ھازىر قاتناشقا بارايلى ، ئۇ قاتناش ئارقىلىق باشقا بىرەر شەھەرگە كېتىمەن دەپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس . ئۇ خېتىدە ئوچۇق يېزىپتىغۇ . مەن يىراققا ، بەكمۇ يىراققا كەتتىم دەپ ، ئۇ ئۆلۈۋېلىشنىلا بىلدۈرمەيدۇ ، بەلكىم مۇشۇ شەھەردىن ئايرى-لىپ يىراقلارغا كەتسەملا ھەممە بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلىغاندۇ . بىز ئىشنىڭ يامان تەرىپىنىلا ئويلىماي ياخشى تەرىپىنىمۇ ئويلايلى .

— مانا توغرا گەپ ، — دېدى ئابدۇللا ئەزىمەتنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ ،— بىزگە ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ قاتىلنىڭ شېرىكى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپلا كەتتى . دېمەك ، ھەقىقىي قاتىل ئۇ ئەمەس ، بەلكى قاتىلنى بىلىدىغان شاھىت . ئۇ قاتىلنىڭ ئۆچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىشىدىن قورقۇپ قاچقان گەپ .

— توغرا ، — دېدى ئابدۇسالام ، — بىز دەرھال قاتناشقا بارايلى . بۈگۈن بېلەت ئالغان ئادەملەرنى ، ئۇلارنىڭ ئەر - ئاياللىقىنى سۈرۈشتۈرەيلى . يۈرۈڭلار ئەمىسە .

ئۇلار تېز - تېز مېڭىپ بېكەت تەرەپكە كېتىشتى .

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئاخىرقى دەقىقىلەر

«ھاياتلىق بەلگىسى بىر تىنىق دېمەك»
— خاتىرەمدىن

ئۇ ئۆزى بەش يىل ئوقۇغان مەكتەپتىن خۇددى ئوغرىلاردەك-
لا ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي قېچىپ چىقتى. چۈنكى شۇ تاپتا
ئۇنىڭغا مەكتەپ، ساۋاقداشلار، ھەتتا ئۆزىنىڭ يىراقتا قالغان
ئائىلىسىمۇ ئۆزىدىن بىراقلا يىراقلىشىپ كەتكەندەك ھەممە نەرسە
ئۇنىڭ كۆزىگە يات تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ھەتتا ھازىرنىڭ ئۆزىدە
ئۆزىنىڭ تىرىك يۈرۈۋاتقانلىقىدىنمۇ گۇمان قىلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا
مەكتەپ ئىچى ئاجايىپ بىر سۈكۈتكە پاتقان ئىدىكى، دىلبەر
مەكتەپ ئىچىدە خۇددى ئۆزى تەنھا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ
تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن
باشقا ستۇدېنتلارنىڭ ھەممىسى يازلىق كانىكۇلغا چىقىپ كەتكەچ-
كىمىكىن كۈندۈزلىرى ستۇدېنتلارنىڭ ئۈزۈلمەس كۈلكە - چاق-
چاقلىرى، قەيەرلەردىندۇر ئاڭلىنىپ قالىدىغان شوخ ناخشىلار،
گارمون ياكى گىتار چېلىپ تۇرغان سەنئەتخۇمار ياشنىڭ ئەتراپى-
غا يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، ياشلىق ھېسسىياتلىرىنىڭ داۋالغۇپ
تۇرغان ھاياجانلىرى ئىچىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئوتتەك قىزغىن
ياشلار، دەپتەر - كىتابلىرىنى قولتۇقلاپ ئالما، ئارچا، سۆگەت
سايىلىرى ئاستىدىكى ئورۇندۇقلاردا كەلگۈسىنىڭ ئۈلىنى چىڭ-
داپ ئولتۇرغان ياش قىز - يىگىتلەرنىڭ بەختىيارلىق ئىلكىدە
جىلۋە قىلىپ تۇرغان چىرايلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس

ئىدى . چۈنكى ئۇقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئون سىنىپنىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىسى پەرھاتنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزىتىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىشكەنىدى .

دىلبەر ھوشىغا كېلىپ ياتاق ئىچىدە ئۆزىنىڭ تىكەندەكلا يالغۇز قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندىلا ، ئۆزىنىڭ ئەمدى نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ بىر پەس ئولتۇرۇپ قالدى ، چۈنكى ئۇ ئەمدى ئۆزىگە مەڭگۈ ئاراملىق بولمايدىغانلىقىنى ، قانۇنىنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ كەتكەن بىلەن ۋىجدانىنىڭ جازاسىغا بىر ئۆمۈر ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا تىترەپ كەتتى ـ دە ، ئەمدى بۇ يەردە ساۋاقداشلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى جەزم قىلىپ ئەڭ ئاۋۋال ئۈزمەي ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىقرارنامىسىنى يېزىپ بولدى . ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ ئىقرارنامىنى دېرىزە ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغاندىن كېيىنلا ياتاقتا تەكشى قاراپ چىقتى .

مانا قىزلارغا خاس پۇراق چىقىپ تۇرغان ياتاقتىن بىرخىل ئىللىق ئائىلە ھىدى كېلىپ تۇراتتى . چىرايلىق قاتلانغان يوتقان ـ كۆرپىلەر ، تاملارغا چاپلانغان مەنزىرە رەسىملىرى ، پاشا بولمىسىمۇ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە بوشلۇقىنى چىمىلدىق بىلەن ئايرىۋالغان كارىۋاتلار ، ئىشىكتىن دېرىزىگىچە تارتىلغان سىم ئۈستىگە يېيىلغان رەڭگارەڭ كىيىملەر ، باش ياغلىقلىرى ، كارىۋات ئاستىدىكى ساپما كەش ، جاۋۇر ، دېرىزە ئالدىدىكى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان ھەرخىل كۇرۇشكا ، ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىنغان چىش پاستىسى ، چىش چوتكىلىرى ، چايدان ، چەينەكلەر ... ئەيناۋۇر قىزلارغا كېرەكلىك بۇيۇملار ئۆز رېتى بويىچە تىزىلغان . دىلبەر مانا مۇشۇ ئادەمگە بىرخىل ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغان ، ئىللىق ئائىلە ھىدىنى بېرىدىغان كۆڭۈللۈك ياتاق ھاياتىدا بەش يىل ياشىغان ، شەنبە كەچ ، يەكشەنبىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىلىرى-

نى خۇددى خانىشلاردەك ياسىنىپ ، بايۋەچچىلەردەك پۇل خەج-
لەپ ، ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلماي ياشاپ ياتاقتىكى يەتتە
قىزنىڭ كۆزىدىن «ئوت» چىقىرىۋەتكەنىدى . مانا ئەمدى ئۇ ئاشۇ
يەتتە قىزنىڭ ، ياق ، مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان نەچچە مىڭ
ئوقۇغۇچىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلىۋاتىدۇ ، چۈنكى
ئۇ مەكتەپتىن ئىبارەت بۇ بىلىم باغچىسىدا قانداق ياشاشنى ،
قانداق ئۆگىنىشنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلغاندەك تۇراتتى ، لېكىن
ئۇ بۇ ئىشقا ئەمدى پۈتۈنلەي كېچىككەنلىكىنى ، كېيىنكى پۇشاي-
مان ئۆزىگە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ، ئەمدى ئۆزىنىڭ بىر ئەتىۋار-
سىز قونچاققا ئوخشاش بىر بۇلۇڭدا تاشلىنىپ قالىدىغانلىقىنى
ھېس قىلدى . «توۋا ، پەرھات ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋاقىتلىق
خۇشاللىق مەنىۋى جەھەتتىكى مەڭگۈلۈك ئازابنى كەلتۈرۈپ چىد-
قىرىدۇ » دەپ ماڭا تەربىيە قىلغان ئەمەسمىدى ، ئۇنىڭ تۇرمۇش
بىر رەھىمسىز ئىمتىھان مەيدانى دېگىنى راست گەپكەن – دە ،
ئەمىسە ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى دېگىنىمىز مۇشۇمىدۇ . بىر
كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار ، دەپ بىكار ئېيتىلمىغانىكەن – دە ،
ھەقىقىي كۈلكە قانداق بولىدىغاندۇ زادى .
دىلبەر ياتاققا قارىغانچە كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە ئىختىيار-
سىز ياش ئولىشىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ
ئۆلۈم ئۆزىتىدىغانلار قايتىپ كەلگۈچە ياتاقتىن چىقىپ كەتمىسە
بولمايتتى . شۇڭا ئۇ بۇ ياتاققا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئاخىرقى
قېتىم قارىدى – دە ، ياتاق ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ سىرتقا چىقتى .
مەكتەپ بىر ئىللىق دۇنيا ، ئەنە دىلبەرنىڭ كۆز ئالدىدا
ھېكمەتكە باي ، خۇددى گۈزەل توزدەك رەڭدارلىق ئىچىدە ھەممى-
لا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك گۈزەل بىر مەنزىرە تاشلى-
نىپ تۇراتتى ، قەدىمىي ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى
لەرزان شامالدا يېنىك چاۋاك چېلىپ مەكتەپنىڭ ئىلىمگە ھېرىس-
مەن ياش بوغۇنلىرىنى مەكتەپ قوينىغا چىللاۋاتقاندەك قىلاتتى ،

مەكتەپنىڭ ئوقۇش بىنالىرى كانىكول ۋاقتى بولغاچ بالىلاردىن خالىي بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئاجايىپ سۈيۈملۈك بىر تەرىزدە دىلبەرگە تىكىلىپ تۇرماقتا ، ئۇ ئۆزى بەش يىل بىلىم ئالغان ياق ، بەش يىل ئولتۇرغان ئىككىنچى قەۋەتتىكى سىنىپقا قاردى ، سىنىپ ئىچى هازىر ئۇنىڭغا شۇ قەدەر مېھرىلىك تۇيۇلۇپ كەتتىكى ، ئەگەر ۋاقىتنى بەش يىل كەينىگە سۇرگىلى بولغىنىدا ئۆزىنىڭ خۇددى بارلىق ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش ئاددىي كىيىنىسىمۇ ياخشى ئۆگىنىپ ، كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق ئەۋلادلىرىدىن بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدا ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش كەلدى . ئۇنىڭ كۆزى مەكتەپنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە شاخ ئايرىغان تال ـ سۆگەتلىرىنىڭ سايىسى ئاستىدىكى ئورۇندۇقلارغا چۈشكىنىدە يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى . چۈنكى ئۇ يەردە ئايۇپ گىتارنى چېرىدەپ تۇرغان پەرهات ، ئابدۇللا ، ئابدۇسالام ، ئەزىمەت قاتارلىق ساۋاقداشلار بىرلىكتە ناخشا توۋلىماقتا .

تېرەك بوستان ، تېرەك بوستان ،
تېرەك بوستانغا مەن هەيران .
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئارام تاپتى ،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ۋەيران .

ئۇ دىڭگىدە چۆچۈدى ، چۈنكى ئۇلار بۇ ناخشىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى ، بىر چاغلاردا ئۇلار بۇ ناخشىنى توۋلىغاندا دىلبەر ئاجايىپ بىرخىل هېس ـ تۇيغۇلار قوينىدا يېنىك ئەللەيلىنەتتى ، ئەمدى بولغاندا بۇ ناخشا ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ ئۇنىڭ مېڭىسى ئىشلەشتىن توختىغاندەك گاراڭلىشىپلا قالدى . ئۇ ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق بولۇپ قارىۋىدى ، هېلىقى كۆرۈنۈش لىپپىدە يوقاپ كەتتى ـ دە ، كۆزى مەكتەپ دوختۇرخانىسى جايلاشقان تەرەپكە چۈشكىنىدە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە

نېمە مەقسەتتە چىققىنى دەرھال ئېسىگە كەلدى ، شۇڭا دەرھال
ئۆزىدىكى بۇ خىياللارنى كەينىگە تاشلاپ ، تۆت ئەتراپقا ئالاقزادە-
لىك بىلەن قارىغىنىچە دەرۋازا يېنىغا يېتىپ كەلدى . دەرۋازا
ئالدىدا ھېلىقى دوغىلاق دەرۋازىۋەن كۆرۈنمەيتتى . ئۇ «خۇداغا
شۈكۈر» دەپ يېنىك تىنىۋالدى . چۈنكى ، ئاشۇ دەرۋازىۋەن ئۇ-
نىڭغا بىر قارا چېكىت ئۇرغۇزۇپ ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە
مەركەزلەشتۇرۇپ قويۇپ بىرنەچچە قېتىملىق سوراقتا دۇچار قىلى-
غانىدى . ئۇ ئاشۇ سوراقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي قاتىلنى دەۋەت-
كىلى تاس قالغان ، لېكىن ئۆزىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلاپ ئۇنىڭ-
دىن ساقلانغانىدى . ھازىرقى ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ . ئۇ
گەرچە ساقچىلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتمىغان بىلەن ياتاقتا
ئۆزىنىڭ قاتىلنى بىلىدىغان شاھىت ئىكەنلىكىنى يېزىپ قالدۇر-
دى . ئەمدى ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ ، لېكىن مۇنۇ دەرۋازىۋەن
ئۇنى كۆرۈپلا قالسا «نەگە بارىسەن ؟ نېمە قىلىسەن ؟» دەپ توسۇ-
ۋېلىپ ئۆزىنىڭ خىيالىدىكى ئىشنى قىلىشىغا يول قويمايدۇ .
شۇڭا دەرۋازىدىن ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي چىقىپ كېتىش كېرەك .
ئۇ ئاۋاز چىقارماي مېڭىپ دەرۋازا يېنىدىكى دىجورنىخانىغا
قارىدى . دەرۋازىۋەن ئۆي ئىچىدە بىر قومۇش سۇپۇرگىنىڭ چۇ-
ۋۇلغان سېپىنى سىم بىلەن يۆگەۋاتاتتى . دىلبەر دېرىزىگە قارى-
غانچە پەم بىلەن مېڭىپ دەرۋازىدىن چىقىۋالدى . مانا ئەمدى
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ، ھاياتىي كۈچكە
تويۇنغان بىر قەدىمىي شەھەر ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرىگىنىچە قاراپ
تۇراتتى . بۇ شەھەرمۇ ئۇنىڭغا بەش يىللىق گۈزەل ئەسلىمە قال-
دۇرغان ، قەدىمدىن ھازىرغىچە داڭلىق ئەدىبلەر ، ئالىم ، ھوكۇ-
مالار ، يازغۇچى - شائىرلار ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەر-
كىبىي قىسمى بولغان قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئاساسى ئۇلى
سېلىنغان ۋە ھازىرمۇ ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ
كېلىۋاتقان گۈزەل شەھەر . تېخى يېقىندىلا دۇنياۋى ئەسەر «دىۋا-

www.uyghurkitap.com

نى لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئاپتورى ، ئۇلۇغ ئالىم ، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئوپالدىكى مەقبەرىسى تېپىلىپ ، پۈتۈن دۇن-ياغا ئۆزىنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى جاكارلىغان شەھەر .

قايناق تۇرمۇشنىڭ تىنىمسىز رىتىملىرىنى داۋاملاشتۇرۇ-ۋاتقان بۇ قەدىمىي شەھەر ھازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندەك تۇراتتى ، ھەرخىل ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ-لارنى قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولىدىغان بۇ شەھەر شۇ تاپتا ئۈزلۈكسىز چايقىلىپ تۇرغان ھەرخىل كىشىلەر ئېقىمى بىلەن ئاۋاتلىشىپ تۇراتتى . ئات ـ ئېشەكلەرنىڭ تۇيىقى ئاستىدىن كۆ-تۈرۈلگەن قويۇق توزاڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ ، ئىسسىق تەپتىدىن ھالسىراپ تۇرغان دەرەخ ـ سۆگەت يوپۇرماق-لىرى ئارىسىغا سىڭىشمەكتە .

دىلبەر تىرىكچىلىك غېمىدە ھەريان چېپىشىپ يۈرگەن كى-شىلەر ئارىسىغا كىرىشى بىلەنلا خۇدۇكسىرىگەندەك بولۇپ تۇرۇپ قالدى . لېكىن ، ھېچقانداق بىر كىشى بۇ يولدا خاۋاتىرلەنگەن ، نېمە قىلىشىنى ، نەگە بېرىشىنى ، ھەتتا ئۇلۇۋېلىشىنىڭ ئەپلىك-رەك بىر يولىنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ قالغان بىر قىزنىڭ — كۆك دېكادىن ئىشتان ، ئاق دېچۇلياڭدىن كۆڭلەك كىيىپ ، ئاندا ـ مۇندا تۈزەشتۈرگەن چاچلىرىنى قارا گەرس ياغلىق بىلەن چىڭ باستۇرۇپ ، ئېڭىكىدىن چىگىۋالغان بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇ-چىسىنىڭ ئۆز ئارىسىغا كىرىپ قالغىنىغىمۇ پەرۋا قىلمىغاندەك تۇراتتى . ئۇ مۇشۇنداق بىر تەسىراتقا ئىگە بولغاندىن كېيىنلا خاتىرجەم بولۇپ ئۆز يولىغا ماڭدى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى تەربىيە-لىگەن مەكتىپىدىن ، سانسىزلىغان مۇنەۋۋەر ستۇدېنتلارنى جەم-ئىيەتكە يوللىغان قەدىردان ئۇستازلىرىدىن ، بەش يىل بىر ياتاقتا يېتىپ بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەپ بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ ئوبدانلا دوستلىشىپ قالغان ساۋاقداشلىرىدىن بارغانسېرى يىراقلاشماقتا ئىدى . مانا بۇ ئۆزى تالاي ماڭغان ئەگرى ـ بۈگ-

ـرى ، لېكـىن ناھايىتى قەدىمىي يول . بۇ يول ئاخىرقى ھېسابتا سانسىزلىغان كىشىلەر توپىنى ئۆز باغرىغا سىڭدۇرۇپ كېتىدىغان چوڭ يولغا تۇتىشىدۇ .

ئەنە ئاۋۇ گېپى تاتلىق كاۋاپچى ، ئۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئاشۇ كىچىككىنە كاللىسىغا سىغدۇرۇۋالغاندەك تىنماي سۆزلەيـدۇ . ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرھات بىلەن ئابدۇسالام بەك ئامراق . ئۇن زىخ كاۋاپ باستۇرۇپ قويۇپ ئۇنىڭ ھېكمەتكە باي سۆزلىرىـنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھۇزۇر ، بۇگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇق ئادەمسىز ، ئۇمۇ گويا بۇگۈنكى مۇسىبەتتىن خەۋەر تاپقاندەك چىرايى تاتىراڭغۇ ، تېخى بىر ئاي ئىلگىرىلا پەرھات مۇشۇ ئورۇندۇقتا دىلبەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كاۋاپ يېگەن . ئۇ كۈنى مۇنۇ كاۋاپچىنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلگەن دۇردانىلەرنى پەرھات خاتىرىسىگە ئەستايىدىل يازغان .

كاۋاپچىنىڭ يېنىدىكى باققالمۇ ئالامەت گەپدان ، خۇشچاقچاق ئادەم . ئۇ گەرچە ئۆزى ئەجىر قىلىپ يېتىشتۈرمىگەن بىلەن سەھەردىلا شەھەرنىڭ بوسۇغىسىغا ئاران يېتىپ كەلگەن ساددا ، ئاق كۆڭۈل ، مېھنەتكەش دېھقانىنىڭ قولىدىن چىرايلىق گەپلىرىـگە تايىنىپ ئەرزانلا ئېلىۋالغان سەرخىل كىشمىش ئۆرۈكىنى قولىدىكى كالا قۇيرۇقىدىن ياسىۋالغان چىۋىن قورۇغۇچ بىلەن يەلپۈپ ئولتۇرۇپ خۇددى ئۆزىنىڭ بېغىدىن چىققان ئۆرۈكتەك ماختاپ ئولتۇرۇپ سودا قىلىدۇ . ئۇ گويا مۇشۇ دەريا بويىدىكى ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئىككى مېتىر جايىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خوجايىنىدەك پات - پاتلا ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالىدىغان ئاجىز تىلەمچىلەرنىمۇ ۋارقىراپ - تىللاپ بۇ جايدىن قوغلىۋېتىدۇ . لېكىنزە ، ئۇن پۇڭلۇق ئۆرۈك يەيدىغان بىرەر خېرىدار كېلىپ قالسا ئۆرۈك سېۋىتىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان قاتلىما ئورۇندۇقنى ئېلىپ بېرىپ ئۇنى خۇددى بەگزادىلەردەك ماختاپ ، ئۈچۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي كېتىدۇ .

www.uyghurkitap.com

— مانا تۇرمۇش دېگەن ، — دېگەندى پەرھات بىر كۈنى كاۋاپچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ مۇنۇ باققالنىڭ قىلمىقلىرىغا ھەيران قالغان دىلبەرگە قاراپ قويۇپ ، — تىرىكچىلىك غېمى دېگەن ئەنە شۇ . ئۇنى مۇشۇنداق كويلارغا سالغىنى ئۇنىڭ ئائىلىسى . بەلكىم ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۇ تاپقان ئاشۇ بىر نەچچە سومغا قاراشلىق نۇرغۇن ئادەم بار . ئۇ ئاغزىنى يۇمشاق قىلىپ مۇشۇنداق تىرىكچىلىك قىلىپ پۇل تاپمىسا قانداق قىلىدۇ .

— ھەببەللى ، — دېگەندى كاۋاپچى پەرھاتنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا ، — تىرىكچىلىكنىڭ غەم - غۇسسىلىرىنى ئوبدان بىلمىدىغان ئەركەككەنسىلە جۇما . تۇرمۇش دېگەنلىك مۇشتۇڭنى تۇر دېگەن گەپ . شۇڭا بۇ تۇرمۇش ھەربىر كىشىگە ھەرخىل سىياقتا كۆرۈنىدۇ . مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا بەزىلەر كۈلسە ، بەزىلەر يىغلايدۇ . بەزىلەر پۇل تاپسا ، بەزىلەر ئۇنىڭ مېغىزىنى چاقىدۇ . شۇڭا ھاياتقا قـانداق قاراش ، تۇرمۇشنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەربىر تىرىك جان ئۈچۈن ئويلانمىسا بولمايدىغان بىر جىددىي مەسىلە دېسىلە ، مەن بەزىدە تاپقان پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەپ ، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانماي ياشايدىغان ئادەملەرنى كۆرۈپ قالىمەن . ئۇلارچۇ ، ئاشۇ كىچىككىنە پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ھەرخىل ناشايان قىلىقلارنى قىلىپ ، ھەرخىل سەنەملەرگە ئۇسسۇل ئوينايدۇ . ھەرقانداق بىر ئويۇننىڭ چېكى بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەچكە ئۈچۈشنى بىلىپ ، چۈشۈشنى بىلمەي قالىدۇ . لېكىنزە ، ئۇنداقلار يىقىلسا بەك سەت يىقىلىدۇ ، ئۇلارنى ھەتتا يىقىلغان چېغىـدا يۆلەيـدىغان ئادەممۇ چىقـماي قالىدۇ .

دىلبەر كاۋاپچى بىلەن مۇنۇ باققالنى كۆرۈش ھامانلا ئېسىگە كەلگەن ئاشۇ كۈنكى سۆھبەتنى تۇيۇقسىز ئەسلەپ قالدى . كاۋاپچى توغرا تەھلىل قىلغانىكەن . پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ھەرخىل سەنەملەرگە ئۇسسۇل ئويناپ يىقىلغان ئادەمنى راستىنلا يۆلەيدى-

غان ئادەم چىقماي قالىدىغان گەپكەن . مانا دىلبەر ئەنە شۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولۇپ قالغانلىقتىن سەپتىن چۈشۈپ قالدى . ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ مەۋجۇتـلۇقى بىلەن كـارى يوق . ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا خەيرخاھلىق قىلىپ مەكتەپ پۈتتۈرۈۋالسۇن دەپ ياردەم قولىنى سۇنغان پەرھات بولسا ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپ باسقان خاتا قەدىمىنىڭ كاساپىتىدىن قارا يەر تېگىگە كىرىپ كەتتى . ئۇ ھازىر مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەن بىلەن نىشانسىز مېڭىشىنىڭ ئۆزىگە ھېچقانداق بىر ياخشىلىق ئەكەلمەيدىغاند- لىقىنى ، بۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئېلىپ كەتكەن سەلدەك ھەممى- نى ۋەيران قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلغانىدى . لېكىن مۇشۇنداقلا مېڭىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولارمۇ زادى .

«توغرا ، — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى دىلبەر تۇيۇق- سىزلا سەگەكلىشىپ ، — مەن ئۆلۈمنى ئويلاپ چىققانتىم ئەمەس- مۇ ، شۇڭا بۇ لەنەتلىك تەندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىش كېرەك . چۈنكى ئەمدى چىققان كۆزنى ئورنىغا سالغىلى بولمىغاند- دەك يېزىپ قويغان ئىقرارنامەم مېنى ئۆلۈم يولىغا ئالدىقاچان سۆرەپ بولدى . مەن ئۆلۈۋالغاندىلا مۇھەممەدئىمىنىنىڭ خورلىقد- دىن ، ئۇنىڭ قولاق كەستى دوستلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ، شۇنداقلا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ توقى ـ لەنىتىدىن بىراقلا قۇتۇلىمەن . ئەڭ ياخشى ئۆلۈم يولى دەريادا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈش ، پەرھات دەريا بويىدا ئۆلدى . ئۇنىڭ روھى ئاشۇ ئەتراپتا چۆرگىلەپ يۈرىدۇ ھەرقاچان . ئۇنىڭ يېنىغا پاتراق يېتىپ بېرىپ كەچۈرۈم سوراي ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەبچى بولغىنىمنى ، شۇڭا ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگىنىمنى ئېيتاي ...»

ئۇ كاللىسى گاراڭلاشقان ، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ ، چىد- رايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتارغان ھالدا دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ تاپ دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋېلىشتىن ئاسانراق

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈم يوقتەك قىلاتتى . بابا ئۇ مەكتەپتىن چىققىنىدا ھەرخىل
ئۆلۈۋېلىش ئۇسۇللىرىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆرگەنىدى . پى-
چاقتا ئۆلەي دېسە جان قىينىلىدىغانلىقىنى ، مۇھىمى پىچاقنى
قانداق سېلىش ، نەگە سېلىشنى بىلمەيدىغانلىقى ئايان بولدى .
دورىدىمۇ ، ئېسىلىپ ئۆلسىمۇ ئوخشاشلا جان قىينىلىدىغان گەپ-
كەن ، ئۇندىن باشقا ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى چىدىغۇسىز ئازابقا بەر-
داشلىق بېرىشكە توغرا كېلىدىغان گەپ . مانا بۇلار دىلبەر ئەڭ
قورقىدىغان ئىشلار . چۈنكى ئۇنىڭغا بۇ ئويلار بەكلا سۈرلۈك
كۆرۈنەتتى ، يەنىلا ئەڭ ئاسان ئۆلۈم دەرياغا سەكرەش ، بۇنىڭدا
ئېگىزرەك بىر يەرگە چىقىپ تېز ئېقىۋاتقان ئېقىنغا قارىماي ،
كۆزۈڭنى يۇمۇپلا ئۆزۈڭنى دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە تاشلىساڭ
ھەممە ئىش تامام - ۋەسسالام . ئۇ چاغدا دەريا سۈيى ئۈن -
تىنسىزلا سېنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ ئېقىتىپ كېتىدۇ ، سۇدا
بۇرۇقتۇرما بولۇپ قول - پۇتلىرىڭنى بىردەم قالايمىقان ھەرىكەت-
لەندۈرسەن ، لېكىن سۇ ساڭا بوي بەرمەي سېنى ئۆزىنىڭ ئەڭ
چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يۇغۇرۇپ كېتىدۇ . سېنىڭ ھەقىقەتەن جان
تەسلىم قىلغىنىڭنى ھېس قىلغان چېغىدا بىرەر توقايلىققا ياكى
بىرەر دەرەخ يىلتىزىغا ئىلىپ قويىدۇ . سېنى ئىزدەپ چىققانلار
بولسا ناھايىتى تەستە ئاللىقاچان مۇزلاپ كەتكەن ، لېكىن كۆپتەك
ئىششىپ كەتكەن جەسىتىڭنى تېپىۋالىدۇ .

ئۇ دەريا بويىدا خىياللار دېڭىزىغا يۇغۇرۇلۇپ ناھايىتى
ئۇزاق ماڭدى . ھەممىلا يەر ئادەم قاينىمىغا ئايلانغان ، گويا كى-
شىلەر بازارنى ، بارلىق تەئەللۇقاتىنى مۇشۇ دەريا بويىغا يۆتكەپ
كەلگەندەك دەريا بويىدىكى سۆگەتلىكلەر ئارىسىدا ، چىغىر يوللار-
دا ، كۆل بويلىرىدا ئادەملەر قۇرتتەك مىدىرلاپ يۈرۈشەتتى . ئۇ
ئادەملەردىن يىراقلىشىش ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن
چىققانلىقىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن پەس تەرەپكە ، مەھەللىلەر-
دىن ئايرىلغان ، قەدىمىي مازارلىقنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان توقايلىق

تەرەپكە نىشاننى بۇراپ تېز - تېز مېڭىپ كەتتى .
بۇ توقايلىقتا بىر كىچىك ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى . ئۇ كۆۋرۈكتىن پەقەت پىيادە ماڭىدىغان ئادەملەرلا ئۆتىدىغان قىلىپ ياسالغاچقىمىكىن تار ۋە قىيپاش ئىدى ، كۆۋرۈك توقايلىقنىڭ سۇ ئەڭ تېز ئاقىدىغان تار بوغۇزىغا ياسالغان بولغاچقا ئۇ يەردە تۇرۇپ سۇغا قارىغان كىشىنىڭ بېشى قېيىپ تۇرالماي قالاتتى .
ئۇ ناھايىتى تېزلا بۇ كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقتى . تار بوغۇزدا قىستىلىپ ئۆتۈۋاتقان سارغۇچ دەريا سۈيى گويا دىلبەرنىڭ بىر يامان نىيەتتە مۇشۇ كۆۋرۈك ئۈستىگە چىققانلىقىنى ئۇقۇپ قال-غاندەك ئەنسىز شارقىراشقا باشلىدى . مانا مۇشۇ شاۋقۇن دىلبەر-نىڭ قۇلىقىغا ناھايىتىمۇ يىراقتا قالغان ، شۇنداقلا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان سىرلىق بىر مۇزىكىنى ئورۇنداۋاتقان ئوركېستىرغا ئالقىش ياڭرىتىپ چاۋاك چېلىۋاتقاندەك بىرخىل تۇيغۇ ئاتا قىلـ-ماقتا ئىدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى شارقىراشلىرى ئارىسىدىن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئاچچىق يىغىسىنىمۇ ، شوخ ، تېتىك ، رو-مانتىك قىزلارنىڭ جانان چىنىنىڭ جىرىڭلاشلىرىنى ئەسلىتىدى-غان يېقىملىق كۈلكىلىرىنىمۇ ، ناھايىتىمۇ ئاۋات رەستىدىكى باققاللارنىڭ تىنىماي خېرىدار چاقىرىلىشلىرىنىمۇ ، ھەتتاكى ھا-ياتلىق بىلەن ماماتلىق ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق ئېلىشىشلارنىڭ سېھىرلىك تىنىقلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى .
پەرھات دەسلەپكى يىلى دىلبەرنى ئېلىپ مۇشۇ يەرگە بىر-نەچچە قېتىم كەلگەنىدى . ئۇ چاغلاردا ئۇلار دەرس يادلىغىلى ياكى ئادەمسىز جايدا گاراڭلاشقان كالىلىسىنى سەگىتىپ بىردەمگىنە ھېچنېمىنى ئويلىماي سۇنىڭ شارقىراشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغى-لى ، ھەتتا تىنىمسىز چاپچىپ تۇرغان مۇھەببەتلىك ھېسسىيات-نىڭ شاش دولقۇنلىغا يۈگەن سالغىلى كەلگەن . دىلبەرنىڭ ئېسى-دىن كۆتۈرۈلمەيدىغان بىر ئىشى مەكتەپكە بۇرۇنراق كېلىپ قېلىپ تىزىمغا ئالدۇرغاندىن كېيىن بىر نەچچە كۈن بىكار يۈرۈپ

قالغاندا ئۇلار دەريا بويلاپ پاراڭلىشىپ مېڭىپ، مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدى. ئۇلار شۇ چاغدا بۇ دەريانىڭ تىنىمسىز شارقىراشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كەلگۈسى پىلانلىرىنى، ئاجايىپ رومانتىك ھېس ـ تۇيغۇ ئارىلاشقان بولغۇسى ئائىلىسىنى خىيال قىلىشقانىدى ھەمدە مۇشۇ كۆۋرۈك بېشىدا تۇرۇپ دەريا شاۋقۇنلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشقانىدى.

— دىلبەر، — دېگەنىدى پەرھات دەريانىڭ كۆز يەتكۈسىز چەت ـ ياقىلىرىغا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ، — بۇ دەريا ئىلى دەرياسىغا ئوخشامدىكەن؟

— ئوخشاشتەك تۇرىدۇ، — دېگەنىدى دىلبەر پەرھاتقا ئوخشاشلا ھاياجانلانغان ھالدا، — لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر بۇ دەريا تىنىمسىز شارقىرايدىكەن.

— دەريا دېگەن مۇشۇنداق تايچاقتەك چاپچىپ تۇرغىنى ياخشى، مەن مۇشۇنداق شوخ دەريانى ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇنداقتا ئىلى دەرياسىنىچۇ؟!

— ئۇنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى بىزنىڭ ئىلى دەرياسىمۇ مانا مۇشۇنداق چاپچىپ تۇرىدىغان تايغا ئوخشايدۇ، يېيىلىپ ئاققان يەرلىرى تىنچتەك قىلغان بىلەن قاپتاللاردىكى شاۋقۇنغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ جۇمۇ.

— پاھ، ئىلى دەرياسىنىڭ مەن بىلمەيدىغان مۇشۇنداق قاپتاللىرىمۇ بار دېگىنە.

— بار بولمايچۇ، ئۇ يەرلەرنىڭ گۈزەللىكى ھەرقانداق ئادەمنى مەھلىيا قىلىدۇ.

— ئۇنداقتا گۈزەللىك تاغ ـ دەريالارغىلا مۇجەسسەم بولغانىكەن ـ دە....

— ياق، بىزنىڭ زېمىنىمىزدىكى ھەممىلا نەرسە بەك گۈزەل ۋە بەك تارتىملىق. تەڭرىتاغ تىزمىسىغا جايلاشقان خانتەڭرى، تەكلىماكان قۇملۇقى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، تۇرپان ـ

ئىدىقۇت خارابىلىرى، ئىشقىلىپ ھەممىلا يەردىن بىرخىل گۈزەللىك تەپچىپ تۇرىدۇ. ئىلى، تارىم، زەرەپشانغا ئوخشاش دەريالىرىمىز ماڭا يېڭىچە بىر تۇيغۇ، ئېسىل خىسلەت، تەڭداشسىز غۇرۇر ئاتا قىلىدۇ. مانا مۇشۇ شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا نۇرغۇن قەدىمىي مەھەللىلەرنى ياشارتىپ ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ ئانا دەريا تارىمغا قۇيۇلىدۇ. دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى كۆمۈلگەن تەكلىماكان ئاشۇ دەريا خاسىيىتىدىن كۆكلىگەن، ياشىنىغان، قۇدرەت تاپقان ...

دىلبەر پەرھاتنىڭ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ ئالللىقانداق غۇرۇر ۋە ئىپتىخاردىن چاقناپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇشۇنداق ھېسسىياتلىق، غۇرۇرلۇق، تىرىشچان بىر يىگىتكە ھەمراھ بولغانلىقىدىن سۆيۈنگەن ھالدا پەرھاتنىڭ كۆكسىگە مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى قويۇپ، ئويناق كۆزلىرىنى بەختتىن خۇمارلاشتۇرغان ھالدا يېرىم يۇمۇپ ئۇنىڭ ھېسسىياتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدى. لېكىن بەش يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ دەريادىن ئىپتىخارلانغان، ھېسسىياتلانغان، ھېسسىياتى قاناتلانغان بىر غۇرۇرلۇق يىگىت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مۇشۇ دەرياغا تاشلىنىۋېتىلدى. مانا ئەمدى دىلبەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىش مەقسىتىدە مۇشۇ دەرياغا سەكرەش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتىدۇ.

— ۋىيەي، ئۇنداق سەتلەشمەڭ دەيمەن، باشقىلار كۆرۈپ قالىدۇ،— تۇيۇقسىز چىققان نازلىق، ئەمما ھېسسىياتلىق بىر ئاۋاز دىلبەرنى ئېغىر خىياللار قۇچىقىدىن سۇزۇۋالدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىدىن ئون مېتىر يىراقلىقتىكى تازا باراقسانلىغان بىر تۈپ سۆگەتنىڭ دالدىسىدا تۇرغان بىر جۈپ قىز-يىگىتنى كۆردى.

قىز سۆگەتنىڭ قاتتىق قاسىراقلىق غولىغا يېنىك يۆلەنگەن بولۇپ يىگىت ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى قىز بىر ياققا قاچماقچى بولسا

دەرھال تۇتۇۋېلىشنى خىيال قىلغانىدەك ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى . شۇ تاپتا يىگىتنىڭ چىرايى چىلاندەك سوزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ ، ئەگەر قىز ماقۇللا دېسە لىككىدە كۆتۈرۈپ ئاشۇ سۆگەتلىكنىڭ يېنىدىكى چىمەنلىككە بېسىپ قانغۇچە سۆيۈۋالماقچى بولغاندەك دېدىللىشىپ تۇراتتى . قىز بولسا ئىككىلەنگەن ھەم تېڭىرقىغان ھالدا ئالدىغا چۈشۈرۈۋالغان توم ھەم قوندۇزدەك قاپقارا چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى يېشىپ ئۆرۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى . شۇ تاپ ئاشۇ ئۇياتچان قىز مۇشۇ خالىي جايغا يېنىدىكى بۇ يىگىت بىلەن كېلىپ قالغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا ئاجايىپ سىرلىق سۈكۈناتقا پاتقانىدى . ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بارلىق ئېغىرلىقىنى سول پۇتىغا مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ ، ئوڭ پۇتىدا چىمەنلىكتىكى كىچىككىنە بوشلۇقتا چەمبەر سىزىۋاتاتتى .

«مېنىڭمۇ مۇشۇنداق چاغلىرىم بولغان ،— دېدى دىلبەر ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ تۇرۇپ ،— ئۇ چاغلاردا مەن مۇنۇ قىزدەك پۇتۇمدا چەمبەر سىزىپ ئولتۇرماي پەرھاتنىڭ ئەگىتىپ قويغان مۇھەببەت تەلىپىگە توغرىسىغىلا جاۋاب بېرىپ پەرھاتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتقانىدىم ھەمدە ئۇنىڭ ھېسسىياتلىق پىچىرلاشلىرىدىن ، كەلگۈسى پىلانلىرىدىن ، چاچلىرىمنى ئاجايىپ بىرخىل مېھىر بىلەن سىلاشلىرىدىن مەست بولۇپ خۇدۇمنى يوقاتقاندىم . لېكىن پەرھات مۇھەببەتلىك ھاياتنىڭ شەرم - ھايالىق قىسمىدا ئاجايىپ تاقەتلىك ئىدى ، ئۇ ئاۋۇ يىگىتتەك بىزەڭ ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ تۇرمۇش ، ھايات ، ئۆگىنىش ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ ئاجايىپ ئۆزگىچە ئىدى . ئەگەر مەن ئەقلىمنى توزۇك ئىشقا سالالىغان بولسام پەرھاتنى شېرىنىدەك سۆيۈپ ، بەختلىك بىر ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەم سالغان ، ئۇنى ئۆلۈم يولىغا باشلاپ ئۆزۈممۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغان بۇ يولنى زىنھار باسمىغان بولاردىم . ئىسىت ، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان

ئەقىدىسىگە كاچات بەرگىنىمنىڭ جازاسى ئەمدى كەلدىمۇ . »

— كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن ، — دېدى قاياقتىندۇر كېلىۋاتقان بىر غايىب ئاۋاز ، — سەن بىر ئەقىل ئىگىسىنى نابۇت قىلغۇچى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىشقا لايىق ئەمەسسەن . سەن ھەتتا ئاشۇ سۆگەت دالدىسىدا تۇرغان قىز - يىگىتنىڭ قولىغىمۇ سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيسەن . چۈنكى مۇھەببەت پۇل - مال ئەمەس ، ئابرۇيمۇ ئەمەس ، ئۇ بىر ھەقىقەتكى دۇنيا ئاشۇ مۇھەببەتتىن كۆكىرىدۇ ، ياشنايدۇ .

بۇ گۈلدۈرمامىدەك كۈچلۈك ، چاقماقتەك ئۆتكۈر ئاۋازدىن قاتتىق چۆچۈگەن دىلبەر ئالاڭلاپ ، تۆت ئەتراپقا قارىدى . لېكىن ئەتراپىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى . ھەتتا ھېلىقى سۆگەت دالدىسىدا تۇرغان قىز - يىگىتمۇ ئۇ يەردىن يوقالغانىدى .

— بۇ نېمە ئىش ئەمدى ،— دېدى دىلبەر بېشىنى چىڭ چاڭگاللاپ تۇرۇپ ،— ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتامدىم ، باياتىن كۆرگەنلىرىم يالغان بولسا مەن ھازىر ساقمۇ ، ئۆلۈك ...

شۇ تاپ ئۇنىڭ خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتكەچكە خۇددى ئۇچىنى تاپقىلى بولمايدىغان يىپ يومزىكىدەك كاللەكلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە بايىقى غايىب ئاۋاز ئۇنىڭ نېرىپلىرىنى قوچۇپ ئۇنىڭ باياتىن چۆۋۈلغان خىياللىرىنى بىراقلا قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنىدى .

— بولدىلا ، مۇنداق كېتىۋەرسەم ساراڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن .

ئۇ مۇشۇ كۆۋرۈك ئۇستىدىن دەرياغا سەكرىمەكچى بولۇپ كۆۋرۈك رېشاتكىسىغا ئېسىلىپ توختاپ قالدى . سەۋەبى شۇ تاپ ئۇنىڭ پېشىدىن بىرى تارتىپ رېشاتكىغا چىقىشقا يول قويماۋاتقاندەك ، دەريا تەرەپتىن سوزۇلغان بىر كۈچ ئۇنى كەينىگە ئىتتىرىپ دەرياغا سەكرەشتىن ساقلاپ قالماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى .

— بۇ بىر خىيالىي سېزىم ،— دېگەنلەرنى ئويلىدى دىل-

www.uyghurkitap.com

بەر ،— بەلكىم ھاياتقا ، تۇرمۇشقا ، ئادەملەرگە چىدىماي قېلىۋاتقاندىمەن . جاھاندا ھەرخىل ، ھەر رەڭ ئېغىر كېسەللەر ، بىر پۇتى ئاللىقاچان گۆرگە ساڭگىلىغان كىشىلەرمۇ ھاياتنىڭكى ئاشۇ بىر تىنىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ياشاۋاتامدۇ . كۈننىڭ سىردىقىنى بىر كۈن بولسىمۇ ئارتۇقراق كۆرەي دەپ مۇشۇ جاھانغا تارتىشمايدىغان ئادەم يوق . شۇنداق تۇرۇپ مەن نېمانداق بۇرۇنلا ھاياتتىن ۋاز كېچىمەن .

— ياق ، سەن خاتا ئويلاۋاتىسەن ، — دېدى ھېلىقى غايىب ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپ ، — سەن دېگەن بىر گۇناھكار ، بىر ئۆلۈمگە مەھكۇم گەۋدە ھاياتقا تارتىشقىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى . سەندىن ھازىر پۈتۈن جەمئىيەت ، بارلىق ئادەملەر نەپرەتلىنىدۇ . ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇقلۇق ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ ئالىي ئورنۇڭنى ساقلاپ قالالمىدىڭ . بىلىمنى قەدىرلەشنىڭ ئورنىغا پۇلنى قەدىرلەپ ، مۇھەببەتنى ئابرۇيغا تاپ باستۇرۇپ ئۆزۈڭنى نابۇت قىلدىڭ . مەكتەپ پۈتتۈرەلمەي ، دىپلوم ئالالماي قالغانلىقىڭ ئۈستىگە بىر تىرىشچان ياشنى ، بىلىمنى قەدىرلەشنى بىلىدىغان زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغ شائىرىنى نابۇت قىلغان بىر قىزنى ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ . سېنىڭ ئىقرارنامەڭ مۇھەممەدئىمىننى قانۇن جازاسىغا ئېلىپ بارغان بىلەن سەن بىر ئۆمۈر ۋىجدان جازاسىغا ئۇچراپ ياشايسەن ، ئۇنداق ياشىغاندىن ئۆلۈم مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ ...

دىلبەر بۇ ئاۋازنىڭ ئەمدى ئۆزىنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلدى . كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاپىسى «ۋاي بالام ، ئادەمنىڭ ئوڭ مۈرىسىدە پەرىشتە ، سول مۈرىسىدە شەيتان بولىدۇ . سەن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە كىرىپ قالماي دېسەڭ توغرا يولدا مېڭىشنى ئۆگەن . شەيتاننىڭ سۆزىگە ھەرگىز كىرمە» دەپ نەسىھەت قىلىدىغان . لېكىن ئۇ ھازىرغىچە شەيتان بىلەن پەرىشتىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى . ئەجەبا ، ئەمدى بولغاندا ئۇلار پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قونۇۋالغاندىمۇ ،

ئۇنداق بولسا باياتىن سۆزلەۋاتقىنى پەرىشتىمۇ يا شەيتان؟!
ئۇ جالاقلاپ تىترىگەن ھالدا ئىككى مۇرىسىگە قاراپ قويدى. ئەمدىلىكتە بايىقى غايىب ئاۋاز جىمىققان بولۇپ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىدىغان ئادەم يوقتەك قىلاتتى.
«بولدىلا، ئۆلىمەن دەپ چىققاندىكىن ئۆلەي، توختا، بۇ يەر سەل سىرلىق تۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى پەرھات ئۆلگەن يەردە ھېلىقى كۆۋرۈك يېنىدىلا ئۆلەي، ئادەملەر كۆرۈپ قالىدۇ دېگەندە مۇ گەپمۇ، كۆرسە تېخى ياخشى، بىر لەنەتلىك قىزنىڭ ئۆزىنى ـ ئۆزى جازالىغانلىقىنى كۆرسە مەن باسقان يوللار باشقىلار تەرىپىدىن تەكرارلانماس.»
ئۇ دەريا بويىلاپ ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېڭىسى سېزىمىنى يوقاتقاندەك پۈت ـ قولىمۇ ئۇنىڭغا تازا دېگەندەك بويسۇنماي قېلىۋاتاتتى. گاراڭلاشقان كاللا توختىماي زىڭىلداپ ئۇنىڭغا پەقەتلا ئارام بەرمەيۋاتاتتى. چۈش بىلەن رېئاللىق، خىيال بىلەن رىۋايەت گىرەلىشىپ كەتكەن بىر خىل تۇيغۇ ئۇنى تامامەن كېرەكتىن چىقارغانىدى.
ئۇ كۆۋرۈك يېنىغا يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغاندا ئالدىدىكى كۆرۈنۈشتىن داڭ قېتىپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا — كۆۋرۈك سالاسۇنى يېنىدا پەرھات خۇددى شېئىر يېزىش ئالدىدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغاندىكىدەك شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ باش ئېقىنىغا تىكىلگىنىچە قاراپ تۇراتتى.
— پەرھات، جېنىم پەرھات، — دىلبەر جالاقلاپ تىترىگەن، قاتتىق ھودۇققان ھالدا كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، — سەن ھاياتمىدىڭ جېنىم، سېنىڭ ئۆلگەنلىكىڭ يالغانمىدى مېنىڭ ساقام...
دىلبەر بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كۆۋرۈككە يېقىنلاشقاندا پەرھاتنىڭ سىيماسى تۇيۇقسىزلا يوقاپ

كەتتى . ئۇ بۇنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ، پەرھاتنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ئۆزگە چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى جەزم قىلىپ كۆۋرۈك ئەتراپىغا ئالاقلاپ قارىدى . تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە ناھايىتى ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەر توپىغا چۈشتى . پەرھات ئاشۇ كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتاتتى .

— پەرھات ، توختاڭ ، مېنى ساقلاپ تۇرۇڭ ، مېنى ئۇنداق جازالىماڭ جېنىم ، — دىلبەر تۇيۇقسىزلا غاچىلداپ تۇرغان كۆۋرۈك ئۈستىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتى ـ دە ، ئاشۇ كىشىلەرگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئار ـ نومۇسىنىمۇ قايرىپ قويۇپ قوللىرىنى ھەريان شىلتىغىنىچە يۈگۈرۈشكە باشلىدى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تىجارەتچى ـ باققاللار ، خېرىدارلار ، كوچا سەيلىسىگە چىققان كىشىلەر رەڭگى تاتارغان بۇ قىزنىڭ ئالجوقا توۋلاپ يۈگۈرۈشلىرىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى .

— ساراڭمۇ نېمە بۇ قىز .

— راست ، ئېلىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ .

— چىرايلىق قىزكەندۇق .

— ياغلىقى چۈشۈپ قالسىمۇ تۇيمايۋاتىدۇ ئاينىكا .

— خۇدايىم ، بەندىلىرىڭگە مۇنداق كۈننى كۆرسەتمىگەيسەن .

— توۋا دېگۈلۈك ، توۋا ...

كىشىلەر ياقىلىرىنى چىشلەشتى . دىلبەر ھازىر ئۆزىگە ئەجەبلىنىپ قاراۋاتقان كىشىلەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمايتتى . ئۇ پەقەت قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى توختىتىپ قىزىق بىر ئويۇننىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولمىش بۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىدىن ھېچ ھېيىقماي ئۆتۈپ ، پەرھاتنى ئۆزىنىڭ كۆز ئېڭىدىن چىقىرىۋەتمەسلىك كويىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى .

— توختاڭ دەيمەن جېنىم پەرھات ، توختاڭ ، مېنى كەچۈر-

مىسىڭىزمۇ مەيلى، لېكىن بىر ئېغىز گېپىمنى دېگىلى قويۇڭ. مەن گۇناھكار، مېنى تىللاڭ، مېنى ئۇرۇڭ...

ئۇ يۇگۇرۇپ ھارغانىدى، شۇڭا ئۇ ئەمدى يۇگۇرۇشتىن توختاپ ئۇششاق قەدەملەر بىلەن مېڭىشقا باشلىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىدىن ئانچە يىراقلىشىپ كەتمىگەن پەرھاتقا يېتىشىۋېلىشقا ئالدىراپ تۇراتتى. دىلبەرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك پەرھات بىرە - بىرە كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، ئادىتى بويىچە كۆزەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۇنى ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ تېز - تېز مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىدىن قارىغاندا گەرچە ئۇنىڭ دىلبەرنى تاشلىۋەتكۈسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مېڭىشتىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— پەرھات، ئۇنداق قىلماڭ، ئاستىراق مېڭىڭ، مەن يېتىشۋالاي، بوپتۇ، مېڭىۋېرىڭ، بەربىر يېتىشىۋالىمەن، سىز ئۆلمىگەندىكىن مېنىڭ ئۆلۈۋېلىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق. سىزگە بارلىق ئىچ - سىرىمنى ئېيتىپ بېرىمەن، پەرھات. مۇھەممەدئىمىنىڭ سىزگە قىلغان جىنايەتكار قىلمىشىنى، ياق، ئۇنىڭ مېنى قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلغان پەسكەشلىكلىرىنى سۆزلەپ بېرىمەن. تېخى ئىككىلىمىز بىرلىكتە بۇ نائەھلىنى پاش قىلىمىز. مېنى مۇشۇنداق كۇنگە چۈشۈرۈپ قويغان ئۇ ئىپلاسنى قانۇن جازالىسۇن. مەن تېخى قايتا ئوقۇيمەن. يېڭىچە بىر ئادەم بولۇپ قايتا ئوقۇيمەن. بەش يىل، ياق، ئون يىل ئوقۇسامۇ مەيلى، خۇددى سىزگە ئوخشاش شائىر، تەتقىقاتچى، بىرنەچچە تىلغا پىششىق ئادەم بولمىغىچە ئوقۇشنى توختاتمايمەن. ئۇھ، مېنى ئايىسىڭىز بولمامدىغاندۇ، نېمانداق تېز ماڭىدىغانسىز دەيمەن، مۇنداق تېز مېڭىپ نەگىمۇ بارىدىغانسىز دەيمەن...

ئەمدى پەرھات كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ يالغۇز مېڭىشقا

باشلىغانىدى . شۇڭلاشقىمىكىن ئۇ ئادەمسىز كوچىلارنى ، چىغىر يوللارنى نىشانلاپ ناھايىتى تېز مېڭىپ كېتىۋاتاتتى . خۇددى ئۇنى بىرەرسى يۇگۇرۇپ كېلىپ تۇتۇۋالىدىغاندەك . لېكىن دىلبەر ئۇچۇن ئېيتقاندا تېز ماڭسىمۇ ، ئاستا ماڭسىمۇ بەرىبىر دەك تۇ- راتتى . چۈنكى پەرھاتنىڭ ئاشۇ غۇۋا ، ئەمما دىلبەرگە بەكمۇ قەدىرلىك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتقان يارقىن سىيماسى ئۇنىڭدىن زادىلا يىراقلىشىپ كەتمىگەندەك تۇراتتى . دېمەك ، ئۇلار بىر تال يىپ- نىڭ ئىككى ئۇچىغا باغلانغان يىپ پومزەكلىرىدەك بىر - بىرىنى سۆرەشكەن ھالدا شەھەر سىرتىغا قاراپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى .

دىلبەر پەرھاتنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپ ، ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دېدى . بىراق ناھايىتى تېز قەدەملەر بىلەن مې- ڭىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېتىۋاتقان پەرھات ھارىدىغاندەك ئەمەس ، ئۇ ئالدىغا — ئۆزى كۆزلەپ قويغان مەلۇم بىر نىشانغا قاراپ ناھايىتى سالماق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى .

— ئۇ نەگە بارىدىغاندۇ ، نېمانداق مەن بىلەن چاتىقى بولماي- دىغاندۇ ياكى ماڭا بىرەر ئادەمدىن خالىي بىرەر يەرنى كۆرسەتكە- لى كېتىپ بارامدىغاندۇ ، ھېچ بولمىسا پالانى يەرگە بارىمىز دەپ قويۇپ ئاندىن كېتىۋەرسە بولمامدىغاندۇ ،— دىلبەر غۇدۇرىدى ، ئەمما ئۇنى ئەمدى چاقىرىشقا تىلى بارمىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ پەرد- زىچە بايا توۋلىغان چاغدىلا پەرھات ئۇنى تونۇۋالغان ، لېكىن ئۇنى ھازىرچە تونۇماسقا سالغانىدى ، سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي ، ئۇ ئۈچ يىل ئۇنى يەتكۈچە ئازابلىغان ، ئەمدى پەرھات شۇنىڭ ئۆتنىسىنى قايتۇرۇۋاتاتتى .

— بوپتۇ ، مېڭىۋەر ، سەن نەگىچە بارساڭ مەنمۇ شۇ يەرگى- چە بارىمەن ، ئەمدى سېنى ھەرگىز يوقىتىپ قويمايمەن ، — بايا ئاتايىن سىزلەپ يالۋۇرۇپ كەتسىمۇ ئۆزىگە پەرۋا قىلمىغاچقا ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە سەنلەشكە ئۆتكەنىدى ،— ئاستىراق ماڭساڭ نېمە بولار دەيمەن - دە .

شەھەر سىرتىغا چىققاندىن كېيىن پەرھات ناھايىتى كاتتا زىننەتلەنگەن ئىمارەتلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دىلبەر پەرھاتنىڭ ئۆزىنى مۇشۇنداق چىرايلىق بىر شەھەرگە ئەكەلگىنىگە خۇش بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ مۇشۇ بەش يىلدىن بۇيان بۇ ئەتراپتا بۇنداق كاتتا شەھەرنى كۆرمىگەنلىكىدىن ھەيران قالدى. لېكىن ئۇ بۇ شەھەرنىڭ يەنە بىر ئىشىغىمۇ ھەيران قالدى، چۈنكى بۇ شەھەر شۇ تاپتا ئادەمسىز ئىدى. ئاجايىپ ئىمتاسلىق ئىچىدە قەد كېرىپ تۇرغان شەھەر كوچىلىرىدا ئادەملا ئەمەس، ماشىنا ياكى بىرەر ئېشەك ھارۋىسى، ياكى بىرەر ۋېلسىپىتمۇ كۆرۈنمەيتتى. تېخى بىرەر تال ئۆسۈملۈكتىنمۇ خالىي بۇ شەھەر كوچىلىرى ئادەمگە بىرخىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

— بۇ قانداق شەھەر بولدى ئەمدى، — دەپ ئويلىدى دىلبەر ئادەمسىز كوچىلارغا ئەجەبلىنىپ قاراپ كېتىۋېتىپ، — ئادەممۇ يوق، گۈل - گىياھ، تال سۆگەتلىرىمۇ يوق. لېكىن ئىمارەتلىرى بەكمۇ ئۆزگىچە. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئاخشاملىرى سۆزلەپ بېرىدىغان ئاشۇ تېپىشماقتەك سىرلىق چۆچەكلەردىكى بىز داۋاملىق ئاڭلاپ ئاجايىپ بىر خىل ھېس - تۇيغۇلار قوينىدا يېنىك تەۋرىنىدىغان تىلسىماتلىق شەھەر مۇشۇ بولغىيمىدى. بوپتۇلا، پەرھات باشلاپ كەلگەندىكىن بىرەر ئالاھىدە سىر - ھېكمەتلىرىنى بايقاپ قالغاندۇ، بىز كىرىدىغان ئوردا - سارايلارنىڭ ئورنىنىمۇ بىلىپ بولغاندۇ، ئادەم بولمىسا تېخى ياخشى. ماڭا ئالىيىپ قارايدىغانلار، قەستەن زىتىمغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىپ مېنى تېرىكتۈرىدىغانلار، ھېلىقى يامان نىيەتلىك سودىگەرلەر بولمىسا ياخشى ئەمەسمۇ. شۇڭلاشقا پەرھات مېنى مۇشۇ جايغا باشلاپ كەپتۇ - دە، دېمىسىمۇ ئۇنى ساۋاقداشلار بەك تېرىكتۈرگەنىدى، «سېنى ئۇچ يىل تاشلىۋەتكەن ئادەمگە يەنە ئوچۇق چىراي ئاچتىڭ، ئوغۇل بالىچىلىقىڭ يوقكەن، ئەركەك تۇكۇڭ بولسا

ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى تارت» دەپ خېلىلا قىزارتقان . مانا بۇ جايدا
ئۇنداق ئىش يوق . مۇشۇ جايدا پەرھات بىلەن ئىللىق بىر ئائىلە
قۇرساق ، بالىلىق بولساق ، پەرھات پادىشاھ ، مەن خانىش ، بالى-
لىرىمىز شەھەرنىڭ تۇنجى پۇقرالىرى بولسا ...

تۇيۇقسىز پەرھات بىر بىنانىڭ يېنىغا كېلىپلا يوقاپ كەتتى .
دىلبەر ھودۇققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە ، ھېلىقى پاكار ،
ئەمما ناھايىتى كۆركەم كۆرۈنىدىغان بىنانىڭ يېنىغا كېلىپلا
تۇرۇپ قالدى . چۈنكى بۇ بىنانىڭ ئىشىكىمۇ يوق ئىدى .

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ پەرھات ، — دېدى ئۇ ئۆزى ئىشىكمى-
كىن دەپ پەرەز قىلغان بىر جاينىڭ يېنىدا توختاپ ، — بۇ
ئادەمسىز كوچىدا مېنى يالغۇز تاشلاپ قويدۇڭغۇ ، نېمە ئۈچۈن
مېنى بۇنچىۋالا قىينايدىغانسەن پەرھات ، مەن خاتالىقىمنى تونۇ-
دۇمغۇ ، ئەمدى مېنى يەنە نېمە قىل دېمەكچىسەن ، ئۇنداق قىلما ،
مېنى كەچۈر ، پۇتلىرىڭغا بولسىمۇ بېشىمنى قويۇپ يېتى-
ۋالاي ،— ئۇ نالە قىلغىنىچە ھېلىقى ئىشىك دەپ پەرەز قىلغان
جاينى مۇشتلىدى . ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىغاندىن كېيىن شۇ
جايدىكى تامغا يۆلەنگىنىچە سىيرىلىپ چۈشۈپ لوككىدە ئولتۇ-
رۇپ قالدى . قارىغاندا پەرھاتنىڭ ئاچچىقى يانمىغان بولغاچ ھا-
زىرچە ئىشىكنى ئاچىدىغاندەك قىلمايتتى .

— بوپتۇ پەرھات ، سەن ئۆيدىن چىقمىساڭ مەنمۇ بۇ يەردىن
كەتمەيمەن . سەن مېنى كەچۈرۈپ ئالدىمغا چىققۇچە مۇشۇ ئىشىك
تۈۋىڭدە ياتىمەن .

دىلبەر يانغا ئۆرۈلۈپ بىنا تېمىغا يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇرۇ-
ۋالدى . چۈنكى بۇ يەردە كىيىملىرىنىڭ مەينەت بولۇشىدىن خى-
جىل بولۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق . نېمىشقا دېگەندە بۇ شەھەردە
«ماۋۇ كىيىمىڭ مەينەتكەن ، ئاۋۇ توپىدا ئولتۇرۇپسەن ـ دە ،
ماۋۇ كۆزۈڭدە چاپاق باركەن ، بۇرنۇڭ نېمانداق قىرلىق ، قۇلى-
قىڭ نېمانداق كىچىك ، بويۇڭ نېمانداق پاكار» دەپ مەسخىرە
قىلىدىغان ئادەممۇ يوق . ئۇ مەكتەپتىن چىقىش ئالدىدا مۇرىسىگە
ئېسىۋالغان قول سومكىسىنى ئالدى ـ دە ، ئۇنى ئاختۇردى .

چۈنكى شۇ تاپتا ئۇنىڭ قورسىقى غولدۇرلاپ تازا ئاچقاندەك تۇراتـ
ـتى . لېكىن سومكىدا يېگۈدەك نەرسىنىڭ تايىنى يوقتەك قىلاتـ
ـتى . مانا ئاشۇ يوقلۇق ئۇنىڭ قورسىقىنى تېخىمۇ غولدۇرلىتىدـ
ـۋەتتى . ئۇ سومكىسىنى يەنە ئاختۇرۇپ بۇندىن ئىككى كۈن
ئاۋۋال پەرھاتنىڭ ئانىسى كەلگەن چاغدا ئۇنىڭغا ئېسىلىپ هوشىدـ
ـدىن كەتكەندە مەكتەپ دوختۇرى ئۇنىڭغا بەرگەن بىرنەچچە خىل
دورىنى قولىغا ئالدى .
— توۋا خۇدايىم هىي ، مۇشۇنداق چىرايلىق ، ئېسىل دوردـ
ـلارنى يېمەي نېمە قىلدىم هىي ، بۇ دېگەن كېسەلنىمۇ ساقايتىدىـ
ـغان ، ئەگەردە ۋاختىنى ـ ۋاخ كەلسە كېسەل ئەمەس كىشىلەر
ئوزۇق قىلسىمۇ بولىدىغان نەرسىغۇ هە ، هازىرچە بۇ يەردە يېگىدـ
ـلى تاماق بولمىغاندىكىن مۇشۇنى بولسىمۇ يەپ قورساقنى گوللاپ
تۇرمايمەنمۇ هە ، قالدى ئىشقا پەرهات بارغۇ ، ئەمدى ...
ئۇ تابلېتكا دورىلارنى تاراسلىتىپ چايناشلى تۇردى . ئۇلار
دەسلەپتە سەل بەتتامدەك تېتىغىنى بىلەن ئېغىز بىر نەرسە چايندـ
ـسا ئاشقازان بەك خۇشال بولۇپ كەتسە كېرەك ، ئۇنىڭ كۆڭلى
شۇ هامان كۆتۈرۈلۈپ بايا ئېچىپ كولدۇرلاپ كەتكەن قورسىقى
بىردىنلا تويۇپ قالغاندەك بولۇپ قالدى . بۇ دورا دېگەننى چايناش
ئوڭاي بولغان بىلەن سۇ بولمىسا قۇرۇق نەرسىنى يۇتماق تەس
گەپكەن . ئۇ قىينىلىپ تۇرۇپ چاينالغان لوقمىنى يۇتقىلى تۇرـ
دى . بىر يۇتۇم ، ئىككى يۇتۇم ... ئاچچىق ، قاڭسىق ئەيتاۋۇر
هەرخىل تەمدىكى بۇ لوقمىلار كانايـدىن ئۆتۈپ ئاشـقازانـغا
ئاستا ـ ئاستا چۈشكىلى تۇردى . ئۇ يۇتقان تائاملىرىنى ساناشقا
باشلىدى . ئون يۇتۇم لوقما چالا ـ بۇلا كانايدىن ئۆتكەندىن كېيىن
ئۇنى هېچ تۇتۇشقا باشلىدى .

※ ※ ※

— دىلبەر تېپىلىپتۇ ، — ئوغۇللار ياتىقىغا ئىشكنى چەكـ
ـمەيلا كىرىپ كەلگەن ئايپەرى ئىشىك تۈۋىدىلا توختاپ قالدى .

چۈنكى ياتاق ئىچىدە ئابدۇسالام ئاسما مايكا بىلەنلا دېرىزە تۈۋىدىكى ئۈستەلگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ خاتىرە يېزىۋاتاتتى .

— كىرىڭ ، كىرىۋېرىڭ ، — دېدى ئابدۇسالام ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كۆڭلىكىنى كىيىۋېلىپ ، — ھە ، دەڭە ، دىلبەر نەدىكەن ؟ ئالدىرىماي سۆزلەڭ .

ئۆز كارىۋاتلىرىدا ئۇخلاۋاتقانلار ، كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى .

— دەڭە ئاپپەرى ، ئۆزى ساقمىكەن ؟ !

— پەرھاتنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا دورا ئىچىپ يېتىۋاپتۇ . ھېلىمۇ ياخشى ، بۈگۈن ئەتىگەن بىر مىيىتنى ئاچىققانلار كۆرۈپ قاپتۇ . بولمىسا شۇ يەردە قېتىپ قالاتتىكەن .

— ھە ، دەڭە تېز ، ھازىر نەدىكەن ؟ !

— دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ .

— ھازىر قانداقكەن ؟ ئۇقالىدىڭىزمۇ زادى .

— ئىشقىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇۋاتقۇدەك ، شۇنىڭدىن قارىغاندا جېنى بار ئوخشايدۇ .

— جۆيلۈمەڭ ، جېنى بولماي ئۆلسە بولامتى ئەمىسە ،— دېدى يارمۇھەممەد كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىۋېتىپ ، — يۈرۈڭلار ئەمىسە ، دوختۇرخانىغا بارايلى . قايسى دوختۇرخانىدىكەن ؟ بىلدىڭىزمۇ ؟

— بىرىنچى دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە .

— تېزرەك ماڭايلى ئەمىسە ، — دېدى ئابدۇسالام خاتىرىسىنى يىغىشتۇرۇپ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ .

ئۇلار بىرىنچى دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى ئالدىغا يېتىپ كەلگىنىدە سايىتجان مۇئەللىم قاتارلىق بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئىشىك يېنىدىكى ئورۇندۇقتا قاتارلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى .

— مۇئەللىم ،— دېدى ئابدۇسالام ئەك ئاخىرىدا سايىتجان مۇئەللىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ ،— دىلبەر قانداق۔راق ؟

— خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى . ھېلىمۇ ياخشى دورىنى قۇرۇقلا يېگەنىكەن . ئەگەر سۇ ئىچىۋەتكەن بولسا چاتاق چىقاتتىكەن .

— خۇداغا شۈكرى ،— دېدى ئابدۇسالام يېنىك تىنىپ ،— ئەگەر ئالىمادىس بىرەر ئىش چىقىپ قالسا بىزگە ، بىزنىڭ سىد۔نىپقا بەكمۇ ئېغىر زەربە بولۇپ كېتەتتى مۇئەللىم ، — ئابدۇسالامنىڭ شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا بوغۇزى ئېچىشقاندەك بولۇپ دېمى سىقىلغىنىچە توختاپ قالدى . ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا پەرھاتنىڭ سىيماسى يېتىپ كەلگەنىدى . ئۇ يەنىلا ئۆزد۔نىڭ ئاشۇ ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن ھەممىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا نازۇك ھەم ئىنچىكە قولى بۇندىن بەش يىل ئىلگىرىكى ئابدۇسالامغا دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن ھېلىقى «سالام قەشقەر» ناملىق چاچما شېئىرىنى ئوقۇغان چاغدىكىگە ئوخشاش ئېگىز كۆتۈرۈلۈشكە تەييار تۇرۇۋات۔قاندەك قىلاتتى . پاكىز سۇرتۇلگەن كۆزەينەك ئىچىدىكى قارىچۇ۔قى تارتىلىپ كەتكەن كۆزىدىن ئابدۇسالامغا دەيدىغان بىرەر سۆزى باردەك ، لېكىن ئۆزى دېيىشكە قىيىنىۋاتقاندەك تۇراتتى .

— دوستۇم ، قاتىلىقنى ئەمدى تاپىدىغان بولدۇق . خاتىر۔جەم يات ، قاتىلىق قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ . ۋىجدان جازاسى تارتىۋالغان دىلبەرنىمۇ كەچۈرۈۋەتكىن . ئۇ ۋىجدان سوتى ئالدىدا ئۆز - ئۆزىنى جازالاپ سېنىڭ يېنىڭغا كەتكىلى تاس قالدى . ماڭا ئىشەن دوستۇم ، مەن قەيەردىلا بولماي سەن ئۈچۈن دۇئا قىلد۔مەن . سېنى ھەرۋاقىت ئەسلەيمەن .

پەرھات ئابدۇسالامنىڭ سۆزلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ قال۔

www.uyghurkitap.com

غاندەك ئابدۇسالامنىڭ كۆز ئېڭىدا بىردەمگىنە تۇرۇپ يوقاپ كەتتى . ئابدۇسالام خۇددى يارىلانغان كىيىكتەك پۈتۈن بەدىنىگە ئاچچىق تىترەك ئولىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ سايىتجان مۇ- ئەللىمنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندا ئولتۇرۇۋالدى . شۇ تاپ ئۇنىڭ قەلبى سېغىنىش ، ھىجران ، قايغۇ ، نەپرەت ۋە باشقا ئاللىقانداق تۇيغۇلار قۇچىقىدا يېنىك چايقالماقتا ئىدى .

# يىگىرمە تۆتىنچى باب تەقدىرنىڭ چاقچىقى

«تەقدىرنىڭ ئاتىغىنى شۇ بولسا كۆنمەي ئىلاجىڭ يوق»
— خاتىرەمدىن

بۈگۈن خاسىيەتلىك ھەم ئەھمىيەتلىك بىر كۈن، چۈنكى
ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قەيەرگە تەقسىم
قىلىنغانلىقىنى، ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقان - ئاشمىغانلى-
قىنى بىلىدىغان كۈن. شۇڭلاشقىمىكىن ساۋاقداشلارنىڭ ھەممى-
سى دېگۈدەك بەكلا جانلىنىپ كەتتى، مەكتەپ تەشكىلىگە ئۆزى-
نىڭ قېرىپ قالغان ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ ئۇلارنىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن دەپ مەكتەپ گېزىتىدە ئېلىپ قېلىش
تەكلىپىنى سىلىق رەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تازا خاتىرجەم
بولۇپ كېتەلمىگەن ئابدۇسالام بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئوقۇغۇچىلار
باشقارمىسىغا كىرىپ كەلدى، ئۇ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ
باشلىقى ئەخمەت ئەكبەردىن يۇرتىغا تەقسىملىنىش ئارزۇسىنىڭ
قاندۇرۇلغانلىقىنى ئۇقۇپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى، چۈن-
كى ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى «سەن مەكتەپتە قېلىشنى رەت قىلغى-
نىڭ ئۈچۈن سېنى يۇرتۇڭغا بارغۇزماي يىراق، چەت بىر جايغا
پالايدىكەن» دەپ چېقىشىپ يۈرەتتى، مانا ئۇلار دېگەندەك بولماي
چىقتى.

— سېنىڭ مەكتەپنىڭ قارارىغا بويسۇنماي يۇرتۇمغا كېتى-
مەن دېگىنىڭنى ئاڭلاپ مەكتەپ رەھبەرلىكى بەك خاپىلاپ كەت-
تى، — دېدى ئەخمەت ئەكبەر ئۇنىڭغا قاراپ، — ئۆز ئانا

مەكتەپتە قىلىشنى رەت قىلغىنىڭ ئۈچۈن كېيىن چوقۇم پۇ-
شايمان يەيسەن .

— ئاتا - ئانامنىڭ ئەجرىنى قايتۇراي دېگىنىم يامان ئىش
ئەمەسقۇ باشلىق .

— بۇ ۋاپادارلىقىڭنى چۈشىنىشكە بولىدۇ ، لېكىنزە ، ھەي
بولدىلا ، ئەمدى سۆزلىگەنىنىڭ پايدىسىمۇ يوق .

— تەقسىمات قەغەزلىرىنى قاچان قولىمىزغا بېرىدۇ ، مەن
ئاچچىقىپلا كېتەيمۇ يە...

— چۈشتىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى قىلىپ
تارقىتىمىز ، چىقىپ كېتمۇەر ، بۇ قەغىزىڭ ئۈچۈن كەتمەي-
دۇ ،— ئەخمەت ئەكبەر ئۇ قولىغا ئېلىۋالغان تەقسىمات قەغىزىنى
ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ سىنىپلار بويىچە بۆلۈپ قويۇلغان قەغەز-
لەر ئۈستىگە قويدى ، — بۇ ئىشنى ئاتا - ئاناڭغا خەۋەر قىل
ئەمدى .

ئۇ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىدىن چىقىپ ئەڭ ئاۋۋال ياتاققا
كىرىپ بۇ خەۋەرنى ئالدى بىلەن ساۋاقداشلىرىغا يەتكۈزمەكچى
بولۇۋىدى ، ياتاقتا يارمۇھەممەدتىن باشقا باللار كۆرۈنمەيتتى .

— ھە ، ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ھىڭگىيىپ كېتىپسەن ، بى-
رەر خۇشاللىق بار ئوخشىمامدۇ .

— بولمامدىغان ئاداش ، — دېدى ئۇ ياتاقتا خۇددى ۋالىسقا
پىرقىرىغاندەك بىر ئايلىنىپ توختاپ يارمۇھەممەدكە يۈزلەنگەن
ھالدا ، — مەن يۇرتۇمغا تەقسىم قىلىنىپتىمەن ، مانا ھازىرلا
كۆرۈپ كەلدىم ، تەقسىمات قەغەزلىرىمىزنى تولدۇرۇپ تەق قى-
لىپ قويۇپتۇ .

— يامان شەيتان - دە سەن ، مۇشۇ مەكتەپتە قالغان بولساڭ-
مۇ ئالامەت ياشايتتىڭ - دە ،— دېدى يارمۇھەممەد ئۇنىڭ مۈرى-
سىگە ئۇرۇپ قويۇپ ،— ئەسلى بىز سېنى مەكتەپ تەشكىلىنىڭ
قارارىغا بويسۇنمىغانلىقىڭ ئۈچۈن سەن بىلەن قەستەن قېرىشىپ

چەت ـ ياقىلارغا تەقسىم قىلىنىۋېتىدۇ دەپ ئەنسىرىگەنتۇق ، لېكىن مەكتەپ تەشكىلى يەنىلا ساغا يول قويۇپتۇ ، مانا ئاخىر جازادىنمۇ قۇتۇلۇپسەن ، ئاتايىن كىرگەندىكىن بىزنىڭ تەقسىماتلارغىمۇ قاراپ باقتىڭمۇ هوي ، سەن بارىدىغان يەرلەرگە بىز بېرىپ قالمايلى يەنە .

— سەنمۇ بوش كەلمەيدىغان پور كۆتەككەنسەن ، جەمىلەنى غۇلجىغا تەقسىم قىلدۇرۇۋالسام بەك ياخشى بولاتتى ، دەپ يۈرەتتىڭ ، مانا مەقسىتىڭ ئەمەلگە ئېشىپتۇ ، قارىغاندا سەنمۇ جىم ياتمىغان ئوخشايسەن ، هە ، بىزنىڭ سىنىپتىكى باللارنىڭ هەممىسىلا ئاساسەن ئۆز يۇرتلىرىغا تەقسىم قىلىنىپتۇ ، ئەهەتنى دېمەمسەن ، ئىمانگۈلنى توغرىلاپ ئۆز يۇرتىغا ماڭغان گەپ . ھەممىدىن يامىنى ئەهەت بىلەن ئىككىڭ بولغان ئوخشايسەن . هە راست ، ئەزىمەتمۇ ئايخېنىمنى ئۇرۇمچىگە توغرىلاپتۇ ، ئىشقىلىپ مەكتەپ تەشكىلى ساۋاقداشلارنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالىنى چىقىش قىلغان هالدا بىر ئىش قىلغاندەك تۇرىدۇ .

— هە ئۆزۈڭچۇ ، ئايپەرىنى يۇرتۇڭغا توغرىلىدىڭمۇ قانداق ؟

— دادىسى ئۇنىماپتۇ ، بىزنىڭ يېنىمىزغا قايتىپ كەلمىسەڭ سەندەك قىزىمىز يوق ، دەپ جۇۋىنى تەتۈر كىيگەن ئوخشايدۇ .

— ئۇنداق بولسا ئۈچ ـ تۆت يىللىق مۇھەببىتىڭلارنىڭ كۆلىنى مۇشۇنداقلا كۆككە سورۇپ تاشلايدىكەنسىلەر ـ دە ، بۇنداق بولسا قانداق بولىدۇ هوي .

— قالغان ئىشنىچۇ خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بىر گەپ قىلىمادۇق ، مۇشۇنداق بولسا مۇھەببەتمۇ قاتتىق سىناقتىن ئۆتىدۇ دېگىنە .

— ئىشقىلىپ ئاداش ، قالغان ئىشقا قار ياغار دېگەن گەپ بار ، هەر هالدا ئوبدانراق ئويلىشىپ بىر ئىش قىلارسىلەر .

— مېنىڭچۇ ئاداش ، سېنىڭدەك تەلىيىم يوقكەن . مانا ئالتايلىق بىر قىزنى غۇلجىغا توغرىلىدىڭ . ئاتا ـ ئانىسى قارشىلىق قىلمىدىمۇ ؟

— تەقسىمات شۇنداق بولـۇپ قالدى دەپ قويىدىغان بول-
دۇق ، — دېدى ئۇ تاماكا ئوراۋېتىپ ، — ئىشقىلىپ بىرەر ياخشى
ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماق ئۈچۈن ۋاقتى كەلگەندە مۇشۇنداق
ئالدامچىلىق قىلمايمۇ بولمايدۇ دېگىنە .

— بوپتۇ ، سەن بولساڭمۇ مۇرادىڭغا يەت دوستۇم .

— نېمانداق مىسكىن سەنوي ، — دېدى يارمۇھەممەد ئۇنىڭغا
قاراپ ، — قىز بالا دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەسقۇ ،
ئۇنچىۋالا قىپ نېمە كەپتۇ ئەمدىهوي ، ئايرىلىپ كەتكۈدەك بول-
ساڭ مانا مەن بار ، ئۆزۈم ئۆيلەيمەنغۇ سەن ساقامنى .

— چاقچاق قىلما ئاداش ، مەندىكى مىسكىنلىك ئۇ ئىش
ئۈچۈن ئەمەس ، بىر دوستىمىز قاراپ تۇرۇپلا بىزدىن ئايرىلىپ
قالدى ، شۇندىن بۇيان ھېچ خۇشال بولالمايۋاتىمەنغۇ - تاڭ .

— قازاغا رىزا دېگەن گەپ بار ئاداش ، ئۆلۈم دېگەن ئەنە
شۇنداق ئادەمنىڭ رايىغا باقمايدىغان ئىشكەن ، ئەگەر مۇنداق
قىلغان بولساق ياكى مۇنداق بولغان بولسا ئۆلۈپ قالمايتتى دەپ
قالىدىغان ئىشكەنغۇ بۇ ئۆلۈم دېگەننى .

— شۇنداق ، بىز ئەمدى ئالدىمىزغا قارىمىساق بولمايدۇ ،
بىزنى جەمئىيەتتىن ئىبارەت يەنە بىر مەكتەپ ساقلاپ تۇرىدۇ ،
مەن ماڭاي ئەمىسە .

— نەگە بارىسەن ؟

— پوچتىخانىغا ، ئۆيگە تېلېگرامما سېلىۋېتىپ كىرەي .

— چىقىۋەر ، بىزمۇ ھېلىراقتا چىقارمىز .

ئابدۇسالام يارمۇھەممەد بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا ماڭدى ،
مانا ئەتىلا بۇ شەھەردىن ئايرىلىدىغان گەپ ، بەش يىل بۇ زېمىن-
نىڭ ئاش - تۇزىنى يەپ ئوبدانلا ئىچىكىشىپ قالغان بۇ شەھەر-
دىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۇنىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەن يېرىم بولۇۋاتات-
تى ، چۈنكى بۇ شەھەردە ئۇنىڭ جانجان مەكتىپى ، قەدىردان
ئۇستازلىرى ، ئۆزىنى ئىجادىيەت سەھنىسىگە يۆلەپ چىقارغان

ئۇستاز ئەدىب ـ مۇھەررىرلىرى بار ئىدى ، ئۇندىن باشقا بۇ يەردە قايناق تۇرمۇش — يەنى ئۇيغۇر قەدىمىي مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنى-ۋى ئۇلگىلىرى ، قول ھۇنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۇس-تىكارلىرى بار ئىدى ، ئابدۇسالام ھەربىر ھۇنەرۋەن ـ كاسىپنىڭ بىر-ەر كىتاب بولغۇدەك كەسپىي دۇردانىلىرىگە بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى ، بەش ـ ئالتە ياشلاردىكى شاگىرت باللارنىڭ چېۋەر قول-لىرىدىن چىقىۋاتقان چۆگۈن ـ چەينەكلەر ، مىخلىما ساندۇقلار-نىڭ نەپىسلىكىدىن ئەقلى لال بولغان چەت ئەللىكلەر بۇ باللار-نىڭ بالا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەي تۇرۇپ كېتەتتى ، مانا بۇلار ئابدۇسالامنىڭ قەلبىگە قاپارتما نەقىشتەك چىڭ ئورناپ كەتكەن ئىشلار ، بۇلارنى ئەمدى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇش دېگەن يوق گەپ .

ئابدۇسالام ئاشۇ ھۇنەرۋەن كاسىپلارنى ئاخىرقى قېتىم كۆ-رۈۋېلىش نىيىتىدە شەھەر ئارىلىدى ، چۈشلۈك تاماقنى ئۆستەڭ بويىدىكى ھېلىقى ئاشخانىدا يەپ پوچتىخانىغا ماڭدى ، چۈنكى يۇرتقا تەقسىم قىلىنغانلىقىنى ئۆيگە تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇ-رۇش كېرەك . بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈۋېتىپ ، ئاندىن پەرھات بىلەن خوشلىشىش كېرەك . چۈنكى ، ۋاقىت يېتەرلىك ، سائەت تۆتتە تەقسىمات ئېلان قىلىنىپ تارقىتىلىدىكەن ، ئۇنىڭغىچە قىلىدىغان ئىشلارنى تۈگىتىش كېرەك ، بەلكىم ئەتە بىلەت ئېلىپ ئۆگۈن-لۈككە مېڭىپ كېتىدىغان گەپ ، ئالدىرىغانلار ئەتىلا يولغا چىقار بەلكىم .

ئۇ چۈش قايرىلغاندا ئەزىزانە قەشقەرنىڭ شەرقىي بۇرجىكى-دىكى بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى . كۈندۈزدىمۇ ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈپ ، ھاياتنىڭ پەقەت بىرلا تىنىق ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ تۇرىدىغان بۇ زېمىن شۇ تاپ سىرلىق سۈكۈنات ئىچىدە جىمجىت ياتاتتى . زومچەك ـ زومچەك قەبرىلەر ئارىسىدا خېلىلا كۆركەم ياسالغان قەبرىلەر

www.uyghurkitap.com

ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى ، ئۇ قەبرىلەر گويا بۇ يەردىمۇ ئابرۇي تالىشىۋاتقان بەگزادە ـ خانزادىلاردەك ئاددىي قەبرىلەرگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇرغاندەك قىلاتتى . ھېچقانداق بىر ئادەم ھاياتلىقىدا تاپقىنىنى باقىي ئالەمدىن پانىي دۇنياغا سەپەر قىلغىنىدا ئەكېتەلىگەن ئەمەس ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا قالغان بەزىبىر ۋارىسلىرى ئۆز نام ـ ئەمەلنى نامايىش قىلىش مەقسىتىدە مانا مۇشۇنداق ھەشەم ـ دەرەملەر بىلەن ئۇ دۇنيادىكى كىشىلەرنى ياد ئېتىدۇيۇ ، ھاياتلىقىدا ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بەردىم دېگەننى ئويلاشمايدۇ ، شۇڭا قەبرىستانلىقتىمۇ ئەنە شۇنداق باي ـ گادايلىقنىڭ نىشان ـ بەلگىلىرى مەۋجۇت .

ئابدۇسالام ئەنە شۇنداق تۈرلۈك ـ تۈمەن خىياللار ئىسكەنجىسىدە يۈرىكى ئاچچىق مۇسىبەتتىن ئۆرتەلگەن ھالدا مېڭىپ ، قەدىناس دوستىنىڭ تېخى تۇپرىقىنىڭ نېمى كەتمىگەن بۇ ئاددىي قەبرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . مانا ھازىر مۇشۇ تۇپراق ئاستىدا ئۇنىڭ بەش يىللىق ساۋاقدىشى ، ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ سىرلىق ، مۆجىزىلىك يولىغا دادىل باشلاپ كىرگەن دوستى پەرھات مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتاتتى .

— جېنىم دوستۇم ، — دېدى ئابدۇسالام ئۆرە تۇرۇپ قىسقىلا دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، تۇپراق بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، — مانا مەن سەن بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم . مەن كېتىدىغان بولۇپ قالدىم ئاداش . نەگە دەۋاتامسەن ، ئەلۋەتتە يۇرتۇمغا قايتىمەن . لېكىن سەن بۇ يەردە يالغۇز قالىدىغان بولدۇڭ . شۇنىڭغا ئۆكۈنىمەنغۇ ، لېكىن خاتىرجەم بول ، مەن ھەرقانداق جايدا ، ھەرقانداق بىر شارائىتتا سەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايمەن . بەلكىم ئىجادىيەتتە روناق تېپىپ قالسام بىزنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئاشۇ ھېكمەتكە باي تۇرمۇشىمىزدىن بىرەر كىتاب يېزىپ چىقىمەنمۇ تېخى ، ئەلۋەتتە بەزى ئىشلارنى يوشۇرۇپ ، بەزى ئىشلارنى كېڭەيتىپ ، خۇددى ئېلى ئىبراھىم

مۇئەللىم ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەرسىدە سۆزلىگەندەك بەزى
شەخسلەرنى تىپىكلەشتۈرۈپ يازىمەن دېگىنە ، قورقما ئاداش ،
سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن مەشۇقۇڭنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋېتىد-
مەن ، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك بەزى ئېغىر
كېلىدىغان يۈكلەرنىمۇ ئارتىپ قويامدىمەن تېخى ، دىلبەر ساقى-
يىپ قالدى ، ئۇ دېپلوم ئالالىغان بىلەن باكالاۋرلىق ئۇنۋانىنى
ئالالمىدى . چۈنكى ئۇ يازغان (ئەمەلىيەتتە سەن يازماقچى بول-
غان ) دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىنى ياخشى يازالماي قاپتۇ . سەن
بولغان بولساڭ بەلكىم ئۇنى تۈزىتىپ قايتىدىن يېزىپ بەرگەن
بولاردىڭ . لېكىن مەن ياردەم قىلالمىدىم ، ئۆزۈڭ بىلىسەن ،
مېنىڭ يۈكۈممۇ ئاز ئەمەس ، سېنىڭ ئۆلۈمىڭ بىلەن دىلبەر
تۈگىشىپلا كەتتى . ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ قەبرەڭ يېنىدا بىر كېچە
يېتىپتۇ . بۇلارنى مەن دېمىسەممۇ سەن چوقۇم كۆردۈڭ . ئەڭ
ياخشى يېرى ، ئۇ قاتىلنى تۇتۇپ بەردى . ئاڭلىساق ئۇنىڭغا ئۆلۈم
جازاسى بەرگۈدەك . دېمەك ، دىلبەر خاتا يولغا مېڭىپ قېلىپ
بىراقلا ئىككى جاننىڭ بېشىغا چىقتى دېگەن گەپ . بۇنداق دېسەم
خاپا بولارسەن ھەرقاچان ، مېنىڭ پرىنسىپىم يىگىنە جىم تۇرمىسا
يىپنى مەڭگۈ يىگىنىنىڭ كۆزىگە كىرگۈزگىلى بولمايدۇ . دېمەك ،
دىلبەر ھىجايمىسا ، ئۇ سودىگەرنىڭ مەلۇم بىر مەقسەت ـ مۇددى-
ئادا بەرگەن ئاشۇ بىرىنچى قېتىملىق سوۋغىسىنى قوبۇل قىلمى-
غان بولسا ، بۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بەرمەس بولغىيدى ھەرقاچان .
ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئالىي مەكتەپنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈردى .
بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئوبرازىنىمۇ نۇقسان يەتكۈز-
دى . لېكىن بىر قىز بالىغا ھەرقانچە نەپرەتلەنسەكمۇ يەنىلا ئىچى-
مىز ئاغرىپ قالىدىكەن . خۇددى سەن ئۈچ يىل ناشايان قىلىقلار-
نى قىلىپ قايتىپ كەلگەن ئادەمگە ئىچىڭ ئاغرىپ قېلىپ ياردەم
قىلغاندەك . خاپا بولما دوستۇم ، سەن بەك ئاق كۆڭۈل بولغاچقا
بەزىدە باشقىلار تەرىپىدىن ئوڭايلا ئالدىنىپ قالىدىكەنسەن . مېنى

كەچۈر ، روھىڭنى قوزغاپ قويغۇم يوق مېنىڭ ، پەقەت سەندىن ئايرىلىش ئالدىدا كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلىۋالاي دەپ كەلدىمغۇ بۇ يەرگە .

ئابدۇسالام سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ دىلبەر بىلەن پەرھاتنىڭ مەكتەپكە يېڭى كەلگەن چاغدىكى ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك مۇھەببەتلىك ھاياتى ، مەكتەپنىڭ ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنەتلىرى ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان خوۋلۇقلىرى ، مانا مۇشۇ ئۆزىگە ئىللىق چىراي ئېچىپ ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىگە پۈتمەس - تۈگىمەس غۇرۇر ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلغان بۇ قەدىمىي شەھەر توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلىدى . ئاخىرىدا ئۇ مەكتەپ مەمۇرىيىتى قارار چىقىرىپ ئۆزىنى مەكتەپ ژۇرنىلىدا ئېلىپ قېلىشنى ئۇقتۇرغىنىدا ئۇنى سىلىق رەت قىلىپ نېمە ئۈچۈن يۇرتىغا قايتىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنىمۇ ئەستايىدىل چۈشەندۈردى . ئۇ دوستىغا بۇلارنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇپ بۇلتۇر يازلىق تەتىلدىكى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ قالدى .

ئابدۇسالام بۇ قېتىمقى يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە بېرىپ يەنە بىر يېڭىلىقنى ، يەنى دادىسىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ شەھەرگە قايتىپ چىققانلىقىنى كۆردى . شۇڭا يېزىغا چۈشۈرگەندە مۇسادىرە قىلىنغان زېمىن قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولغاچقا ، ئەمدى ئۇ بالىلىق دەۋرلىرىنى غەم - قايغۇسىز ئۆتكۈزگەن مەھەللىسىگە قايتىپ كەلگەنىدى ، بۇ ئېگىز كۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى بىردىنبىر ياخشى تۇرالغۇ ئىدى . ئازادلىقتىن ئىلگىرى بوۋىسى ئۈچ تاغار بۇغدايغا سېتىۋالغان بۇ ھويلا ناھايىتى كەڭرى بولۇپ ، ھويلىدىكى ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ ، ئىككى تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە مەزمۇت ياسالغان باراڭلار ئارقىلىق ئېسىلدۇرۇۋېتىلگەن ئۈزۈم تاللىرى ھويلا ئىچىنى گويا جەننەتتەك ھۇزۇرلۇق بىر زېمىنغا ئايلاندۇرغان ، بوۋىسى بۇندىن ئوتتۇز

يىل ئىلگىرى هويلا ئىشىكىنىڭ يان تەرىپىدىكى بوشلۇققا تىككەن چېقىر ئۈزۈمە ھازىر ئاجايىپ باراقسانلاپ ئىشىك ئالدىنىلا ئەمەس ، يول تەرەپتىكى ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىنىمۇ بىراقلا قامال قىلغان ، ئۇلار يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرىنى هويلىسىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ياكى ئىشىك ئالدىدىكى مۇشۇ ئۈزۈمە سايىسىدە ئولتۇرۇپ سەگىدەيدۇ .

يازلىق تەتىلنىڭ ئونىنچى كۈنلىرى بولسا كېرەك ، ئۇلار بىر ئائىلە ئادەم ناھايىتى كۆڭۈللۈك پاراڭلاشقان ھالدا چۈشلۈك تاماق يېيىشىۋاتاتتى ، تۇيۇقسىزلا تاماق ئۈستىگىلا كۈرەشجان كىرىپ كەلدى . ئۇ گويا بۇندىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكىدەك ئابدۇساھىپ بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى . ئابدۇسالامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ئۇنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورى-دى .

— بولىدىغان ئات تۇيىقىدىن مەلۇم دېگەندەك ، — دېدى ئۇ تاماق ئۈستىلىگە ئولتۇرۇپ ئالدىغا قويۇلغان بىر تەخسە لەڭمەنگە ئاچچىقسۇ ، لازا قۇيۇۋېتىپ ،— زادى مۇشۇ ئابدۇسالامجاننىڭ كىچىكىدىنلا ئەقلى - هوشى بار ئاجايىپ تىرىشچان بالا ئىدى . مانا قارىسىلا ، يەتتە يىل دېھقانچىلىق قىلىپ تۇرۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ كەتتى دېسە . تېخى يازغان ماقالى-لارنى دېمەيلا قوياي ، مەن ئىشخانىدىكىلەرگە ئۇ ماقالىلەرنى ئوبدان ئوقۇپ چىقىڭلار ، ئۇ دېگەن بىزنىڭ بالىمىز جۇمۇ ، ئۇنىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىساڭلار ھاڭقىيىپ ئول-تۇرۇپلا قالىسىلەر ، ئۇ تېخى مۇشۇ بەش يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ئۈچ يىل ئۇدا ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بوپتۇ ، بۇ ئاسان گەپ ئەمەس دەپ ماختاپ كېتىمەن ئەمەسمۇ . ئوبدان يېزىڭ جۇمۇ ئاشۇنداق ماقالىلەرنى ...

— ئۇ ماقالە ئەمەس ھېكايە ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ .

— ھە شۇنداق ، ھېكايە ، ھېكايە ، قاراپ تۇرسىلا ، بۇ بالىچۇ مانا مۇشۇنداق يېزىۋەرسە داڭلىق مۇخبىر بولۇپ قالىدۇ جۇمۇ.

— مۇخبىر ئەمەس ، يازغۇچى .

— شۇنداق ، شۇنداق ، مەن گەپتە ئېزىۋاتىمەن ، ھە ،— دېدى كۆرەشجان ئابدۇساھىپنىڭ زورى بىلەن لەڭمەننى يەپ ئولتۇرۇپ ،— ئەمدى مەن دېمەكچى ، ئابدۇسالامجان چوقۇم يۇرتقا قايتىپ كەلسۇن . ئاڭلىساق ئۇنى مەكتەپ ئېلىپ قالىمىز دەۋاتقان ئوخشايدۇ ، لېكىن بۇنداق ياشلار بىزگىمۇ كېرەك - دە ، بىلىمەن ، ئابدۇسالامجاننىڭ ماڭا قاتتىق ئاچچىقى بار ، ھېلىقى ئىنقىلاب مەزگىلىدە بىز ، ياق مەن تەتۈر شامالغا ئۇسسۇل ئويناپ ئېزىپ قاپتىكەنمەن ، بەلكىم بۇ بالىنىڭ يۈرىكىدە قالغۇدەك رەنجىتىپ قويغان ئوخشايمەن . ئاشۇ خاتالىقىمنى تۈزىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئابدۇسالامجاننىڭ خىزمەت مەسىلىسىنى شەھەردىكى رەھبەرلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئۈچ يەرنى ھەل قىلىپ قويدۇم . ئۆزى تاللىسا بولىدۇ . بىرى ، گېزىتخانا ؛ يەنە بىرى ، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى ؛ يەنە بىرى ، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنىستىتۇتى . قەيەرنى تاللىسا شۇ يەرگە كىرگۈزۈشنى مانا مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن .

— مەن بىرەرىنىڭ شەپقىتىگە موھتاج ئەمەس ، — دېدى ئابدۇسالام ناھايىتى كەسكىن قىلىپ ، — دادامنىڭ ئىدارىسىمۇ دادامنى پېنسىيىگە چىقىرىپ مېنى شەھەرلىك پارتكوم ئىشخانىسىغا قويماقچى بوپتىكەن ، دادام : «ئۇ ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تېپىپ ماڭالايدىغان بالا ، ئۇنىڭغا باش قاتۇرۇپ كەتمەڭلار ، ئۇ خىزمەت ئورنىنى ئۆزى تاپسۇن» دەپتۇ . مېنىڭمۇ سىزگە بېرىدىغان جاۋابىم شۇ ، مەن يېقىلغان يەردىن تۇرۇشنى بىلىدىغان ئادەممەن .

— چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئۇنداق ئېغىز غېرىچلىما ، — دېدى ئابدۇساھىپ ئابدۇسالامنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا ئۇنىڭغا تەنبىھ بەرگەن

ھالدا، — ئادەم دىگەن بىلىم بىلەن بىرگە ئەدەپ - ئەخلاقنىمۇ ئۆگىنىشى كېرەك، دەپ نەچچە ئېيتتىم ساڭا، مەن ھەممىنى بىلىمەن دەپ كېرىلىش ياخشى ئىش ئەمەس، بىر چوپچوڭ ئادەم ساڭا چىرايلىق گەپ قىلىۋاتقاندىكىن رەھمەت دېيىشنى بىلىشىڭ كېرەك. بۇمۇ كۇرەشجانىنىڭ ياخشى كۆڭلى ئەمەسمۇ، ھازىر دىگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرەر يەرگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىشى ئاسان بولغانىدەك قىلغان بىلەن ئاشۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. كۇرەشجان ماڭا نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىلا «ئابدۇسالامجان ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتىكەن قارىسىلا، تالىشىدىغان يەر جىق چىقىپ كەتكەچكە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۆزلىرى بالىغا ئوبدانراق تەربىيە قىلىپ بىر پارچە خەت يازسىلا، قايتىپ كەلسۇن، بۇ يۇرتقىمۇ ئىختىساسلىق خادىم كېرەك. كىنىدىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتنى كۆكلىتىش ئاشۇنداق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۇرچى، بۇ قېتىمقى تەتىلدە ئۇنىڭ كۆڭۈل رايىنى بىلىپ باقساق» دەپ ماڭا بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلىپ چىقىپ كەتكەندى. مانا بۈگۈن ئۆزى ئاتايىن سەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. ھە، قاراپ تۇرغۇچە بىر نەرسە دە، خەتتىمۇ ساڭا بۇ ئىشلارنى ئېنىق دېدىمغۇ، گەپ قىلە.

— چوقۇم قايتىپ كېلىمەن، چۈنكى دادام - ئاپاملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشمۇ مۇھىم بىر ئىش، — دېدى ئۇ خۇددى ئۆزىگىلا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا.

— ھەببەللى، مانا ئوغۇل بالا دىگەن، شۇنداق، بايا دادىڭىز ھەممە گەپنى دېدى، ھازىر بىزگىمۇ سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئىختىساسلىق خادىملار كېرەك. سىزنىڭ ماڭا ئاچچىقىڭىز بارلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، لېكىن شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت شۇنداق تۇرسا ئۇنى كىمدىن كۆرگۈلۈك. ھە راست، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئەڭ مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ كەتكىلى تاس قاپتىمەن،

ئەتە كەچكە ھەرقايسىلىرىنى بىزنىڭ ئۆيگە بىر پىيالە چايغا تەك-لىپ قىلىپ كىرىۋىدىم ، ھەممىلىرى چىقالا ، ئابدۇسالامجانمۇ ئايرىلىپ قالمىغاي جۇمۇ .

— نېمە ئاۋارە بولغانلا ، — دېدى تىللاخان بىر پىيالە ئاش سۈيىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ ، — ھېلىمۇ ئۆتكەندە بىر چاقىردىلا ، ئەمدى نۆۋەت بىزنىڭ ئەمەسمۇ .

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە تىللاخاچا ، — دېدى ئۇ تىللا-خانغا ئۆرۈلۈپ قاراپ ، — ياخشى - يامان دېيىشسەكمۇ بىز ئۆزئارا تۈز - تائام يېيىشكەن ئادەملەر ، بۇ قېتىمقىسى ئابدۇسالامجانغا بەرگەن ناماقۇللۇق چېيىم بولسۇن .

كۈرەشجان تاماقتىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . ئۇلار كۈرەشجاننى ئۇزىتىپ چىقىپ ئۈزمە سايىسىدە بىر پەس ئولتۇرۇپ قالدى .

— دادا ، — دېدى ئابدۇسالام دادىسىغا قاراپ ، — سەن ئاشۇ كۈرەشجان بىلەن يارىشىپ قالدىڭمۇ ؟

— يارىشىپ قالماي ئەمىسە ، — دېدى ئابدۇساھىپ ئوغلىغا قاراپ ، — بۇ گەپچە سەن تېخىچە ئۇنىڭغا غوم ساقلاپ كەپسەن - دە ، بالام . قان تۆكۈشكەن رەقىبلەرنىڭمۇ يارىشىپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ ، بىز ئۇ دەرىجىگە يەتكەن ئادەملەر ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ چاغدىكى ئىشلارغا ھازىر ئادىل باھا بېرىلىپ بولدى ، بىزدە بىر قولىياغلىقنى يۇيۇپ قۇرۇغىچە ئادا-ۋەت ساقلاش ئادەملىك جۈملىسىدىن چىققانلىق دېيىلىدۇ . ئەجە-با ، سەن ئۇنىڭ تۆۋە قىلغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلىدىڭمۇ ؟ بىزدە «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېگەن گەپ بار ، ئۇنداق قىلما جېنىم بالام ، سەن دېگەن بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى جۇمۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىجادىيەت قىل-دىم دەپ بىر نەرسىلەرنى يېزىپمۇ تۇرۇۋاتىسەن . سېنىڭ ئاشۇ يېزىشلىرىڭ نېمە ئۈچۈن بىلەمسەن ؟ ! ئەلۋەتتە ياخشىنى تەرىپ-

لەپ ، ياماننى سۆكۈپ ، خەلقنى ياخشى يولغا باشلاش ئۈچۈنغۇ .
سەن ئاشۇنداق يازغىنىڭ بىلەن مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمى-
ساڭ قانداقمۇ يازغۇچى بولالايسەن ، مېنىڭ بۇ گېپىمنى ئوبدان-
راق ئويلان جۇمۇ ، سەنچۇ يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال
ئۆزۈڭدىكى ئاشۇنداق يامان ئىللەتلەرنى يوقات ، خەقتىن ئاغرىن-
مايدىغان ئادەم بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن ئەسەر ياز ، شۇ چاغدا
ئەسىرىڭ ساز چىقىدۇ .
— ۋاھ ، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كەپ قاپتى-
غۇ ،— تويۇقسىز چىققان ئاۋازدىن چۆچۈگەن ئابدۇسالام دادىسى-
نىڭ گېپى بىلەن بارغانسېرى تۆۋەن چۈشۈپ كېتىۋاتقان بېشىنى
كۆتۈردى . ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭ جان - جىگەر دوستى ئابدۇراخ-
مان تۇراتتى .
ئۇنى كۆرگەن ئابدۇسالام ئورنىدىن لىككىدە تۇردى - دە ،
ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . ئابدۇراخمان ئۇنىڭ قۇچى-
قىدىن ئازات بولۇپ ئابدۇساھىپ بىلەنمۇ قوش قوللاپ كۆرۈش-
تى . ئابدۇسالام دوستىنىڭ سەمرىشكە يۈزلەنگەنلىكىنى ، چىرايى-
نىڭ ئاقىرىپ سۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ، قىسقىسى ئۇنىڭ خىز-
مەتتىنمۇ ، ئائىلىدىنمۇ ناھايىتى خاتىرجەم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ
كۈلكە ئويناپ تۇرغان چىرايىدىن بىلىۋالدى .
— داۋاملىق سېنىڭ گېپىڭنى قىلىشىپ تۇرىمىز
ئاداش ،— دېدى ئابدۇراخمان ئابدۇسالامنى بىر چەتكىرەك تارتىپ
كېلىپ ، — سەن ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىلا ئەمەس ،
مانا كاتتا يازغۇچى بولۇپ كەتتىڭ ، شېئىر - ھېكايىلىرىڭنى
گېزىت - ژۇرناللاردىن ئوقۇپ تۇرۇۋاتىمىز . ھەقىقەتەن دېگى-
نىڭنى قىلدىكەنسەن ، مەن ئوقۇيمەن ، ئوقۇيمەن دەپ ئاخىر
مەقسىتىڭگە يەتتىڭ . ئەسلى ئوقۇش دېگەننىڭ خاسىيىتى جىق
بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن ، شۇڭا مەنمۇ ئوقۇپ باقايچۇ
دېگەن نىيەتكە كېلىۋاتىمەن . كۈلمە ، بۇ راست گېپىم ئاداش ،

تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە ئوقۇپ ئوت-
تۇرا تېخنىكوم دىپلومىنى ئالمىسام بولمىغۇدەك . ئۇنداق قىلمى-
سام مەڭگۈ ھېچقانداق تېخنىكىسى يوق ئادەممۇ قىلالايدىغان ئا-
چال باشقۇرۇش ئىشىنى قىلىپ ئۆتىدىغان ئوخشايمەن ، ئاڭلىسام
يەنە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئاچالنىمۇ ئاپتوماتىك باشقۇرىدىغان
قىلىپ ئۆزگەرتىدىغان گەپ بار ، ئۇنداق بولسا مەن قارايدىغان
بىرەر پۇچۇق دەرۋازىمۇ قالمايدىغان ئوخشايدۇ ، شۇڭا ئوقۇشقا
جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىمەن . ئىدارىدىكىلەرمۇ بۇنى ئوبدان
قوللاۋاتىدۇ ، ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى سەنلا كۆرمە ، بىزمۇ تەڭ
كۆرەيلى ، ھە راست ، بۈگۈن كەچ بىزنىڭ ئۆيگە كەل ، ئەخمەت-
جان بىلەن ئىبراھىمجانغىمۇ خەۋەر قىلاي . ئۇلار بۈگۈن دەم
ئالغانتى دېگىنە ، ئۇلارمۇ كىرسۇن ، بۈگۈن تۆت دوست تازا بىر
مۇڭدىشايلى .

— بوپتۇ ، شۇنداق قىلايلى ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ
خوشلىشىش ئۈچۈن سوزغان قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ، —
مەنمۇ سىلەرنى سېغىنىپ تۇرغان زادى ، ئوقۇشنىڭ ئىشىنى
ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن ، ئەقىللىق ئادەملەر سۇ كەلمەستىلا
تۇغان سالىدۇ ، كېچىكىپ بولسىمۇ ئوقۇشنىڭ قەدرىگە يەتكىنىڭ-
گە خۇشال بولۇۋاتىمەن ئاداش ، ئەتىدىن كەچكىچە مېنى كىتاب
خالتىسى دەپ بەك جىلە قىلاتتىڭلار ، ئەمدى بولسىمۇ ئويغانغى-
نىڭنىڭ ئۆزى چوڭ گەپ بوپتۇ ، بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى ،
ئويلاپ باقسامچۇ ئاداش ، بىز تۆتەيلەن ئاشۇ تاشبالىقدا ئايرىلغان-
دىن بۇيان يىغىلىپ ، گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ
باقمىغىلى ئون يىل بولۇپ قاپتۇ جۇمۇ . گەپلىرىمىزمۇ تازا
يىغىلىپ قالدى ھەرقاچان .

— شۇنداق بولماي ئەمىسە ، مېنىڭچۇ ، ئاشۇ تۆت كوچىدا
كۆرۈشمىسەم بولمايدىغان ناھايىتى مۇھىم ئىشىم بارتى دېگىنە ،

هازىر شۇ يەرگە بېرىپلا كېلەي ، ئەمىسە كەچتە ئۆيگە بېرىشنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ .

— ئۇنتۇپ قالمايمەن .

— خوش ئەمىسە ئابدۇساھىپ دادا ، — دېدى ئۇ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغان ئابدۇساھىپ بىلەنمۇ خوشلىشىپ .

— ئۆيگە كىرمەمسىز ، بالام ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇ-رۇپ .

— كېيىن كىرىمەن .

ئابدۇسالام تېز - تېز مېڭىپ كېتىۋاتقان دوستىنىڭ كەينى-دىن قارىدى . ئۇ ھازىر بىر ئاز قورساق سالغان بولغاچقا ، سەل چۆكۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . لېكىن ئۇنىڭ دولقۇنلاپ تۇرىدى-غان چاچلىرى ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ پېتىنى يوقاتمىغانىدى . ئۇ دوس-تىنىڭ ناھايىتى ئەركىن قەدەم بىلەن مەغرۇر مېڭىشلىرىدىن سۆيۈنۈپ ئولتۇرۇپ قالدى .

دەل شۇ چاغدا ئابدۇراخمان كەتكەن تەرەپتىن بىر كالا قو-شۇلغان كىچىك تېپتىكى پېگىلو ھارۋا لىق ئوغۇت بېسىلغان ھالەتتە كېلىۋاتاتتى . ھارۋا ھەيدىگۈچى قاراملىق قىلىپ ئوغۇتنى جىق بېسىۋالغاچقىمۇ ھارۋىدا ئۆزى ئولتۇرغۇدەك ئورۇن قالدۇ-رالمىغاچقا ، پىيادە مېڭىپ كېلىۋاتاتتى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شاش موزاي ھارۋىكەشكە بويسۇنماي تېز مېڭىپ كېتىۋاتقاچقا ئۇ موزاي-نىڭ ئارغامچىسىنى كەينىگە چىڭ تارتىپ يەر تۆۋىنىگە تېزلى-شىپ كېتىۋاتقان ھارۋىنى تىرەجەپ ئاستا ھەيدەپ ئېگىز كۆۋ-رۈكتىن ئامال بار ئاستا ئېلىپ چۈشۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى . شۇ تاپتا بۇ جاپاكەش دېھقان تومۇز تەپتىدە خۇددى تونۇردەك قىزىپ كېتىۋاتقان بۇ ئىسسىق ھاۋانى سەزمىگەندەك تەرنىڭ دەستىدىن سارغايغان كۆڭلىكىنىڭ ئۇستىگە تۆت يانچۇق-لۇق كۆك چاپاننى كىيىپ بېلىنى چىگە ئارغامچىدا چىڭ باغلى-ۋالغانىدى . ئۇنىڭ بېشىدىكى شەپكىسىنىڭ رەڭگىنى تازا تونۇغى-

www.uyghurkitap.com

لى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ سەل سوزۇق كەلگەن بېشى پاكىز
قىرىلغان بولغاچقا ، شەپكە باشقا تازا ماسلاشماي قالغاندەك تەسە-
-رات بېرىپ تۇراتتى . بۇنى كۆرۈپ چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنىڭ
بۇندىن نەچچە يىللار ئىلگىرىكى ئەكسىنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا
كېلىپ قالغان ئابدۇسالامنىڭ بۇ ئادەمگە ئىچى ئاغرىپ قالدىيۇ ،
توساتتىنلا بىر تونۇش چىراي ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن لەپپىدە ئۆتكە-
-نىدە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى . ئابدۇسالام خاتالاشمىغا-
-نىكەن ، ئۇ ئابدۇلباسىت ئىدى . شۇ هامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا
بۇندىن ئون يىللار ئىلگىرى هېلىقى ئەترەت ئىېغىلىنىڭ ئالدىدا
بېلىنى بىر قولى بىلەن تىرەپ تۇرۇپ ، «مەنلا بولىدىكەنمەن سەن
مېنىڭ قول ئاستىمدا مۇشۇنداق ئىشلەيسەن ، ئەگەر سەن مەندىن
مۇشۇنچىلىكلا ئۆتۈپ كەتسەڭ مەن ئالا خورجۇننى مورەمگە ئار-
-تىپ تاغ ئارقىسىغا تىلەمچىلىك قىلىپ ئۆتۈپ كېتىمەن» دېگەن
سۆزى يالت قىلىپ ئۆتتى . ئۇ شۇ گەپنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزگە-
-نىدە ئۆزىنى بىهۇدە خورلاش هېسابىغا بىر قامچا يەپ پېشانىسى
يېرىلغان ، كېيىن ئەترەت باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلغان بۇ ئادەمگە
ئازراق تەگكۈزۈپ قويغۇسى كەلدى ـ دە ، يۈگۈرۈپ بېرىپ شاش
موزاينىڭ بۇرنىغا ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇكنى تۇتۇپ سول تەرەپكە بىر
قايرىۋىدى ، بارغانسېرى ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋاتقان موزاي ئاچ-
-چىق تولغىنىپ جايىدا توختاپ قالدى . بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن
ۋەقەدىن چۆچۈگەن ئابدۇلباسىت هودۇققان هالدا هارۋىنى توخ-
-تاتقان يىگىتكە قارىدى ـ دە ، توۋلىۋەتتى .

— ۋاھ ، بۇ بىزنىڭ ئابدۇسالامغۇ ، هە ، هە ، قاچان قايتىپ
كەللە ، تىنچلىقتۇ ؟ يازغۇچى بولۇپ كەتتى ، دەپ ئاڭلاپ بەك
خۇش بولدۇق ،— ئۇ ئابدۇسالامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ئۇنىڭ-
-غا گەپ قىلىش پۇرسىتى بەرمەي سۆزلەپلا كەتتى . ناهايىتى
ئاچچىقى بىلەن كېلىپ هارۋىنى توختاتقان ئابدۇسالام ئۇنىڭ
چىرايىغا بىرخىل سىر بېرىپ تۇرغان هېلىقى تارتۇۋقا كۆزى

چۇشۇشى هامانلا ئاچچىقى يېنىپ موزاينىڭ ئارغامچىسىنى تۇتقان قولى بوشىشىپلا كەتتى . چۈنكى ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تارتىپ تاكى كۆزىنىڭ يېنىغىچە سوزۇلغان بۇ تارتۇق ئۇنى شۇنداق بىچارە كۆرسىتىپ قويغانىدى .

— نەچچە كۈن بولدى كەلگىلى ، — دېدى ئابدۇسالام ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بوشاشقان هالدا ، — ئوغۇت توشۇۋاتقان ئوخشىمامىلا .

— هە ، دېهقان خەق دېگەن مۇشۇنداق تېنەشلا يۈرىدىغان گەپكەن ...

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر ،— ئابدۇسالامنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ بۇ ئادەمگە ئۆچلۈكىنى ناهايىتى ئوبدان بىلگەچكە ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تېزلىكتە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەنىدى ، — هە ، ئابدۇلباسىتاخۇنكەنغۇ بۇ ، بازارغا ئوغۇت ئالغىلى چىققان ئوخشىمامىلا .

— بۇغداي ئېگىزىغا يېسىۋىلەك تېرىپ قويغان دېسىلە ، شۇنى كۆچلەيدىغانغا بىرنەچچە هارۋا ئوغۇت كېرەك بولۇپ قېلىپ چىققانىدىم .

— ئوبدان بوپتۇ ، ئۇسساپمۇ قالغانىلا ، ئۆيگە كىرىپ ئۇسسۇزلۇق بولسىمۇ ئىچىپ ماڭسىلا .

— رەهمەت ، مەن قايتاي ، مەن چىقىمەن ، خۇدايىم بۇيرىسا مەن ئۆزلىرىنى يوقلاپ چىقىمەن ، ئابدۇسالامنى ئەكېتىپ بىرنەچچە كۈن ئوينىتىمەن تېخى .

بۇ گەپلەر بىلەن ئابدۇسالامنىڭ چۇلۇكنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى بىراقلا بوشىشىپ ، ئۇنى قويۇۋەتتى . ئابدۇلباسىت ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ، هارۋىنى يەنە ئۆز مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ ئېگىز كۆۋرۈكتىن چۇشۇپلا يوقاپ كەتتى .

— دادا ، — دېدى ئابدۇسالام ئابدۇلباستىنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭغا هېسداشلىق قىلغاندەك قاراپ قالغان دادىسىنىڭ بىلىكىـ

نى تارتىپ ئىشىك ئالدىغا ئەكىلىۋېتىپ ،— ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن بۇ ئادەمنىمۇ كەچۈرۈۋەتكەن ئوخشىمامسەن ؟ !

— شۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ ، بالام ، — دېدى ئۇ ئۇژمە سايىسىدىكى قاتلىما ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ ،— مەن خىزمەتىم ھەل بولۇپ قايتىپ چىقىش ئالدىدا پۈتۈن مەھەللە خەلقىگە نەزىر بېرىپ مەن بىلەن ياخشى - يامان دېيىشكەن بارلىق ئادەملەرگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنىڭ پەقەت بىر چۈش ئىكەنلىكىنى ، ئۇنى ھەممىمىزنىڭ ئۇنتۇپ بۇندىن كېيىن خۇددى ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك ياخشى ئۆتۈپ كېتىشىمىزنى ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلدۇرغانىدىم . مەن شۇ چاغدىلا ماڭا مۇشتۇمىنى تەڭلەپ تۇرۇپ شوئار توۋلىغان ، مېنى ئورۇنسىز خورلىغان ئاشۇ ئابدۇلباستىقا ئوخشاش ئادەملەرنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىمنى جاكارلىغانىدىم ، بۇندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقاندەك ئۆتۈپ كېتىشكە ۋەدە بەرگەنىدىم ، ئەمدى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت شۇنداق بولغاندىكىن بىر قىسىم ئادەملەر شامالغا قارشى ماڭغۇسى كەلمىدى ، شۇنىڭ بىلەن بەزى ئادەملەر ئۆزلىرى بىلىپ - بىلمەي ئاشۇنداق ئوڭ - تەتۈر دەسسەپ قالدى . ئەمدىزە ، ۋەزىيەت ئوڭشالغاندا شۇ چاغدىكى ئىشلارنى دەستەك قىلىپ ئۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلاش ياخشى ئىش ئەمەس ، مەن يۈگۈرۈپ بارمىسام ئۇ ئادەم بىلەن دېيىشىپ قالاتتىڭ ، ھە .

— شۇنداق خىيالدا بارغان ، لېكىن چىرايىدىكى تارتۇقنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى .

— ئەسلىي سەن ئۇ ئادەمدىن كەچۈرۈم سورىشىڭ كېرەكتى ، قاراپ تۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى ناكار قىلدىڭ ، ئەتە - ئۆگۈن ۋاقىت چىقىرىپ مەھەللىگە بېرىپ بىللە ئىشلىگەن دېھقان قېرىنداشلىرىڭنى يوقلىغاچ ئۇ ئادەمنىمۇ يوقلاپ چىق .

— مەنمۇ شۇنداقراق ئويلاپ قالدىم .

— ياخشى ، — دېدى ئابدۇساھىپ ئۇنىڭغا قاراپ چىن يۈرد-

كىدىن چىقىرىپ كۈلگەن هالدا، — ئەمدى مېنىڭ بالامغا ئوخشىدىڭ.

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندا ئۇلار هويلىغا — ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئاستىغا ئاچىقىۋالغان ئون تۆت دېۋىملىق رەڭلىك تېلېۋىزورنى ئاچتى. چۈنكى سۈنئىي هەمراھدىن تارقىتىلىدىغان پروگراممىلار باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئابدۇسالام كوچىلاردا كىراكەشلىك قىلىدىغان، چىرايلىق بېزەلگەن مەپە هارۋىسىدىن بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىغانلىقىنى هېس قىلدى. ئۇ ئۆيگە بىرەر مېھمان كەلگەن چېغى دەپ ئويلاپ قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئېچىپ ئابدۇلباسىت كىرىپ كەلدى. ئەمدى ئۇ چۈشتىكى كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي يەڭگۈشلىگەن بولۇپ ئاق كۆڭلەك، كۆك ئىشتان كىيىپ، بېشىغا قارا كۆك رەختتىن تىكىلگەن كەپكە كىيىۋالغانىدى. پۈتىدىكى رېزىنكە تاپانلىق سېرىق ئاياغنىڭ ئورنىغا ئالماشقان قارا خۇرۇم ئايىغى گەرچە ئازراق پېتىدىن كەتكەن بولسىمۇ، مايلاپ پارقىرىتىلغانىدى. ئۇ سالام-سەھەتتىن كېيىن ئابدۇسالامغا يۈزلەندى.

— مەن ئابدۇسالامجاننى ئەكەتكىلى چىقتىم، — دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ، — بۈگۈن كەچ ئۇنىڭ يېزىدىكى دوستلىرىنى يىغىپ بىر مەشرەپ قىلىپ بەرمەكچىمەن. بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ناماقۇللۇق چېيىم بولۇپ قالسۇن.

— ۋاي، ياق، بۇ ...، — ئابدۇسالام تۇيۇقسىزلا تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك كېكەچلەپ قالدى. ئۇ گەرچە بۈگۈن چۈشتە ئاشۇ ئاچچىقى بىلەن بېرىپ «نېمە ئۈچۈن ئالا خۇرجۇننى مۈرەڭگە ئارتىپ تاغ ئارقىسىغا كەتمىدىڭ» دېيەلمىگەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى ئۇنىڭغا هېس قىلدۇرغانىدى. كېيىن ئىچى ئاغرىپ ئۇ نىيىتىدىن يېنىشلا ئەمەس، بىر پەيتىنى تېپىپ ئۇ ئادەمگە ناماقۇل بولۇشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇۋىدى، مانا ئەمدى ئاكا

سۇپەت بىر ئادەم مەن ناماقۇللۇق چىيى بېرىمەن دەپ چىقىپتۇ . ئەتىگەندە دادىسى ئۇنىڭغا : «بىر قولياغلىقنى يۇيۇپ قۇرۇغىچە ئاداۋەت ساقلىسا يامان بولىدۇ» دېگەنىدى . مانا بۇ ئادەم نەچچە يىل ساقلانغان ئاداۋەتنى يۇيۇش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ . راستتىنلا مەن بىلىم ئىگىلىگەن بىلەن ئادىمىيلىك ھېسسىياتنى ئۆگەنمىگەن ئىكەنمەنغۇ ، ھە ، ئابدۇسالام بېشىدىن تاپىنىغىچە يۇگۇرۇپ ئۆتۇپ كەتكەن بىرخىل ئىسسىق ئېقىمنىڭ پۇتۇن بەدىنىنى قىزىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

— نېمىگە كېكەچلەيسەن ،— دېدى ئابدۇساھىپ ئۇنىڭ سۆزلىيەلمەي قالغانلىقىدىن جىلە بولۇپ ،— ئەسلى چاي بېرىدى-غان ئادەم سەن ئىدىڭ ، مانا ئەمدى چوپچوڭ ئادەم ئالدىڭدا قول باغلاپ تۇرسا نېمىگە قاراپ تۇرىسەن خىجىل بولماي ؟ ! ماڭە ، تېز بار .

— بايا ئاڭلىدىڭغۇ دادا ، ئابدۇراخمان مېنى بۈگۈن كەچ ئۆيىگە چاقىرىپ قويغان . كەچتە تۆت دوست پاراڭلىشىپ ئولتۇر-ماقچىدۇق .

— بولدى ، ئاشۇ دوستلىرىڭىزمۇ ماڭا مېھمان ، ئۇلارنىمۇ چاقىرىڭ . بىللە بارايلى .

— بۇنداق قىلساق بولماسمىكى ، ئەسلى مەن ئەتە - ئۆگۈن ۋاقىت چىقىرىپ سىزنى يوقلاپ چىقاي دەپ ئويلىغان .

— ئۇنداق دېيىشىپ كەتمەيلى ،— دېدى ئابدۇلباسىت دادىل سۆزلەپ ،— دىلىڭىزدا قالغۇدەك ئاچچىق يۇتقۇزغان مەن سىز-گە ، ۋاي بولدىلا ، ئاشۇ دوستلىرىڭىزنىمۇ چاقىرىڭ ، بىللە بار-سۇن ، سەھرا دېگەننىڭ قۇچىقى كەڭرى ، بىرنەچچەيلەن ئارتۇق بولغانغا ئاسمان كۆمتۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ .

شۇ كۇنى كەچتە ئابدۇلباسىت بىر قارا ئوغلاقنى سويۇپ قازانغا بىراقلا باستى ، ئابدۇسالام ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى ناھايىتى ئوبدان مېھمان قىلغاندىن كېيىن مەھەللىنىڭ سازچىلىرىنى يې-

غىپ راستتىنلا مەشرەپ قىلىپ بەردى . بۇ مەشرەپ شۇنداق قىزىدىكى ئابدۇسالام بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى ئاجايىپ ئېچىلغان ھالدا مەشرەپ ئوينىدى . ئۇسسۇل ئويناپ ھاردى ، مۇقاملار ئەۋجىدىن يۈرەكلىرى ئىللىق سېزىم ئىلكىدە تىترىدى . شۇ چاغدىلا ئابدۇسالام بىر - بىرىگە يول قويۇشنىڭ ، مېھرىبانلىقنىڭ تۇرمۇشنى ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى . شۇ تاپتا مۇقاملارغا مەھلىيا بولۇپ ئولتۇرغان ئابدۇسالامنىڭ يۈرىكى قاتتىق ھاياجاندىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى ، چۈنكى ئۇ مۇشۇنداق ئادەمنى نازۇك ھېسسىياتلار قاينىمىغا غەرق قىلىۋېتىدىغان يەرلىك كۈي - نەغمىلەرنى ئاڭلىمىغىلىنىدىغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلار بولۇپ قالغىنىنى ھېس قىلدى .

ئاينى ئايغا تاتايمۇ ،
كۈننى ئايغا تاتايمۇ .
ئۈچ - تۆت كۈنلۈك ئالەمدە ،
سېنىڭ دەردىڭنى تاتايمۇ .

ئابدۇراخمان ھازىر ئابدۇلباستىنىڭ يېنىدا بىر داپنى چېلىپ ئۇلارغا تەڭكەش بولۇپ ناخشا ئېيتماقتا ، ئەخمەتجان بىلەن ئىبراھىمجان ساددا ، مېھنەتكەش دېھقانلار ئارىسىدا بېرىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى ، ئۇلارمۇ ھازىر ھەممىنى ئۇنتۇغان ، ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا ئوخشاشلا شادلىق .

ئاسماندىن ئالاي ئاينى ،
قوينۇمغا سالاي يارنى .
يار يادىمغا يەتكەندە ،
ئىچمەي قويىمەن چاينى .

مەشرەپ تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى ، ئۇلار مۇنۇ دېھقان ئۆيلى-
رىنىڭ خالىغان جايىدىلا سۇنايلىنىپ يېتىپ ئەتىسى ئەتىگەندە
ئابدۇلباسىتنىڭ يەنە نەچچە كۈن تۇرۇڭلار دېگەن تەكلىپلىرىگە
چىرايلىق رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ چىقىشتى . ئابدۇسالام شۇندىلا
«ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر يەردە بار ، يامانلىققا ياخشىلىق نەدە
بار » دېگەن تەمسىلنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراش ئىكەنلىكىنى ، تە-
سىرلەندۈرۈش بىلەن تەسىرلىنىشنىڭ قوشماق قېرىنداش ئىكەن-
لىكىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى . شۇندىلا ئۇ يۇرتقا چوقۇم قاي-
تىپ كېلىپ ئاشۇ ئاق كۆڭۈل قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ئىشلەش-
نىڭ ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدى .
ئۇ ئېغىر خىياللار قۇچىقىدا مەست بولغان ھالدا دوستى
پەرھاتنىڭ قەبرە بېشىدا ئۇزاق ئولتۇردى ، كۈن قايرىلىشقا باش-
لىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئورنىدىن تۇردى ، ئۇ ئەمدى قايتىشى
كېرەك ئىدى ، ئەگەردە ئابدۇسالامنىڭ دادىسى ئابدۇساھىپ ئون
نەچچە يىللىق ئېغىر روھىي بېسىم تۇپەيلى ئاجىزلىشىپ ، يۈرەك-
كە قان يېتىشمەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ ، مۇد-
دەتتىن بۇرۇن پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتى ئۆتىمىگەن بولسا
ئۇ چوقۇم يۇرتىغا قايتىپ كېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ، ئاتا —
ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئوغۇللۇق بۇرچىنى تولۇق ئادا قى-
لىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئېلىش زۆرۈرلۈكىنى شىپى كەلتۈرۈپ ، مەكتەپ
تەشكىلىنىڭ ئېلىپ قېلىش تەلىپىنى رەت قىلمىغان بولارىدى .
شۇڭا ئۇ بۇ خەۋەرنى تېلېگرامما ئارقىلىق ئۆيىگە خەۋەر قىلىپ
بولۇپ ، بۇ يەرگە كېلىپ دوستى بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى . لېكىن
ئۇ دەل مۇشۇ چاغدا ئۆزىدىن مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراق-
لىقتىكى بىر سانائەت شەھىرىدە ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەت-
لىك بىر سۆھبەتنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن ، تەقدىرىنىڭ ئۇنىڭغا يەنە
بىر قېتىم ئېغىر چاقچاق قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى .



www.uyghurkitap.com

ئابدۇسالامنىڭ قەلەمداش دوستى ، ئۆزىدىن يېرىم يىل ئىل-
گىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قارامايدىكى نەۋرە ئاچىسىنى پاناھ تار-
تىپ كېتىپ قالغان مەتتۇردى مىرزائەخمەت رادىئو ئىستانسىسىغا
خىزمەتكە ئورۇنلاشقانىدى ، ئۇ گېزىتنىڭ ئەدەبىي بېتىنى قو-
شۇمچە ياردەملىشىپ ئىشلىشىپ بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتە-
كى بىرنەچچە قەلەمكەش ئۇنىڭ ئادرېسى بويىچە قارامايغا ئەسەر
ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى ، گېزىت ئەدەبىي بېتىنىڭ
پېشقەدەم مۇھەررىرى شائىر ئېھسان نەسرۇللانىڭ ۋاقىتسىز ۋاپا-
تى ئەدەبىي بەتنى ئىشلەيدىغان بىر ياخشى مۇھەررىردىن ئايرىغاچ-
قا ، مەتتۇردىنى ئۇلار ياردەملىشىپ بۇ بەتنى ئىشلەشكە تەكلىپ
قىلغانىكەن ، شۇڭا گېزىتخانا تەھرىر بۆلۈمى ئۇنىڭغا تېلېفون
بېرىشى ھامانلا يېتىپ كېلىپ ، يىغىلغان ئەسەرلەرنى تەھرىر-
لەپ ، بەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ زىممى-
سىگە ئارتىلغان ئىشلار ئىدى ، ئەلۋەتتە . مانا بۈگۈن ، يەنى
ئابدۇسالام پەرھاتنىڭ قەبرىسى ئالدىدا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ
ئولتۇرغان ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۇ گېزىتخانىغا چاقىرتىلدى .
— مەن قاچانغىچە ئىككى بايغا بىر مالاي بولۇپ ئىشلەۋېرى-
مەن ،— دېدى مەتتۇردى ئالدىغا قويۇلغان ئورىگىناللارنى ۋاراق-
لاپ ئولتۇرۇپ باش مۇھەررىر ئابدۇلئەزىزگە قاراپ چاقچاق
قىلغان ھالدا ، — جەمئىيەتتىن بولامدۇ ياكى ئىدارە - شىركەت-
لەردىن بولامدۇ بىرەر يارامىلىق ئادەمنى يۆتكەپ ئەكېلىپ مۇشۇ
بەتنى مۇقىم ئىشلەشكە قويىسىڭىز ئوبدان بولاتتى . مەنمۇ بۇ
ئىشنى ئاداققىچە ئىشلەپ كېتەلمەيمەنغۇ .
— بىكارغا ئىشلەۋېرەمدىمەن دەپ قالغان ئوخشىما-
سىز ،— دېدى ئابدۇلئەزىز مەتتۇردىنىڭ چاقچاق ئارىلاش تەگ-
كۈزگەنلىكىنى ھېس قىلىپ ،— خاتىرجەم بولۇڭ ، يىل ئاخىرىدا
مۇكاپات ھېسابىدا بولسىمۇ ھەققىڭىزنى بېرىمىز .
— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن ، — دېدى مەتتۇردى

www.uyghurkitap.com

ئۆز سۆزىنى ئىزاھلاپ ، — بۇنىڭغا مەخسۇس بىر ئادەم قويۇلسا ئاپتورلارنى يېتەكلەش ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش ، كۇرس ئېچىپ ھەۋەسكارلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق ئىشلاردا ئۇنداق ئادەمنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ .

— ئۇغۇ راست ، لېكىن ئىدارە - جەمئىيەتلەر يارامىلىق ئادىمىنى بىزگە بەرمەيدۇ ، ئۇكام ،— دېدى باش مۇھەررىر ئابدۇلئەزىز مەتتۇردىغا قاراپ ،— مۇنداقراق ئادەمنى بىزنىڭمۇ ئالدىراپ ئالغۇمىز كەلمەيدۇ . ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن سىزگە ئوخشاش يارامىلىق بىرەرى كېلىپ قالغان بولسا بەك ئوبدان بولاتتى .

— مانا بۇ ئەڭ ياخشى چارە ،— دېدى مەتتۇردى قولىدىكى قىزىل سىياھلىق قەلىمىنى ئورگىناللار ئۈستىگە قويۇپ ، ئابدۇلئەزىزگە قاراپ ، — ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنىدىغان ئالتۇن چاغ ، تەشكىلات بۆلۈمىگە دەپ بىرەر بالىنى گېزىتخانىغا تەقسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسىڭىز بولىدىغۇ .

— نەچچە يىل بولدى ، ئۇلار گېزىتخانىغا لايىق كەلگۈدەك ئادەم يوق دەپ تۇرۇۋۋاتىدۇ . بۇ يەرگە شۇ نېفىت - خىمىيە ئوقۇغان ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەرلا كېلىپ ، سىزگە ئوخشاش مەخسۇس ئەدەبىيات كەسپىدىن تەربىيىلەنگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى زادىلا كەلمەيۋاتىدۇ . ئەگەر سىز بۇنىڭغا بىر ياردەم قىلىپ ئۆزىڭىزگە ئوخشاش بىرەر ئىختىساس ئىگىسىنى مۇشۇ يەرگە تەقسىم قىلدۇرۇپ بەرسىڭىز ئاجايىپ ياخشى بولاتتى - دە .

مەتتۇردى ئابدۇلئەزىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى . چاچلىرى مۇددەتسىز ئاقىرىپ كەتكەن بۇ ئادەم پىشقان تەرجىمان ، ئۇ گويا خەنزۇچە خەتنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئانا يېزىقىدەك شارىلداپ ئوقۇيدۇ . گېزىت چىقىرىشمۇ ئۇنىڭغا بىر ئويۇن . بىرىنچى ، ئىككىن-

چى بەت ئاساسەن تەرجىمىگە تايىنىدىغان بولغاچقا خەنزۇچە گې-
-زىت چىقىشى ھامانلا تەرجىمە قىلىنىدىغان ماقالىلەرنى دىتلاپ بولغاندىن كېيىن تېز يازىدىغان بىرەيلەننى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ خەنزۇچە گېزىتنى ئۇيغۇرچە ئوقۇشقا باشلىسا ھېلىقى تېز خاتىرىلىگۈچى بەزىدە يېتىشەلمەيمۇ قالىدۇ . تەرجىمە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ھېلىقى تېز خاتىرىلەنگەن ماقالىلەرنى ئالدى-
غا قويۇۋېلىپ ئەستايىدىل كۆرۈپ جۈملىلەرنى بىر قۇر ياساپ تاراشلىغاندىن كېيىن بەك بويالغان بەتلەرنى قايتا كۆچۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ - دە ، ئۇ ماقالىلەرنى بەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋەت-
كەندىن كېيىن ئۇھ دەپ دېمىنى ئالىدۇ ، شۇڭلاشقىمىكىن بۇ ئادەمنىڭ قارامايدىلا ئەمەس ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىمۇ تەسىرى بىر قەدەر يۇقىرى .

— بۇنىڭ مۇنداقمۇ ئامالى بار ، — دېدى مەتتۇردى بىر دەم خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — سىز دېگەندەك تەقسى-
ماتتا بۇ يەرگە ئۇنداق ئادەم كەلمىسە ئۇنداقتا مائارىپ نازارىتى ئارقىلىق بىرەرنى مەجبۇري تەقسىم قىلدۇرساقمۇ بولىدىغۇ . لېكىن بۇنداق قىلىشتا چوقۇم مائارىپ نازارىتىدە بىرەر ئىشەنچ-
لىك تونۇش بولۇشى كېرەك .

— تونۇشقۇ بار ، — دېدى ئابدۇلئەزىز ئاقارغان چاچلىرىنى قولى بىلەن تاراپ ئولتۇرۇپ ، — چوڭ تاغامنىڭ ئوغلى مائارىپ نازارىتىدە ئىشلەيتتى . لېكىن ئەدەبىيات ئوقۇغان بىرەرنى تەق-
سىم قىلىپ بېرىڭلار دېسەم ، گېزىتچىلىكتىن ، ھەتتا ياز-
غۇچى - شائىرلىقتىنمۇ خەۋەرسىز بىرەرسىنى ئەۋەتسە بارلىق تىرىشچانلىقىمىز نۆلگە تەڭ بولىدۇ . شۇڭا ياخشىسى سىز ئۆزد-
ڭىز ئوقۇغان مەكتەپتىن ياخشىراق بىرەر نامزات كۆرسىتىڭ .

— نامزات دېگەننۇ جىق گەپ ، — دېدى مەتتۇردى قوشۇمى-
سىنى تۈرۈپ بىر پەس ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ ، — لېكىن ئۇنداقلارنىڭ ئورنى ئاساسەن بېكىتىلىپ بولغان بولىدۇ . شۇنداق

www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ يول مېڭىپ باقايلى . چۈنكى مائارىپ نازارىتى ئوتتۇرىغا
چىقسا ئىشنى ئوڭلىماق ئاسان بولىدۇ ، ئەمدى نامزات مەسىلە-
سىگە كەلسەك مەكتەپ گېزىتىنىڭ تەھرىرلىك ئىشلىرىغا يار-
دەملىشىپ يۈرگەن بىرەيلەن بار ئىدى ، ئۆزى بەك تىرىشچان ،
يېزىشتىمۇ ، مۇھەررىرلىكتىمۇ ئوخشاشلا پىشقان . ئىسمى ئابدۇ-
سالام ئابدۇساھىپ ، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ ، لېكىن ئۇنى
مەكتەپ گېزىتى بىلەن ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى ئېلىپ قېلىشنى
ئويلىشىۋاتقانىدى .

— ئۇنداق بولسا بىز ئاشۇ بالىنى ئەكېلىدىغان ئىشنى
قىلايلى .

ئابدۇلئەزىز شۇ ھامان نازارەتتىكى توغقىنىغا تېلېفون قى-
لىپ گېزىتخانىنىڭ قىيىنچىلىقىنى سۆزلەپ ئابدۇسالام ئابدۇسا-
ھىپنى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى . ئۇ بۈگۈن
بارلىق ئالىي مەكتەپلەر تەقسىماتنى ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ،
ئەگەر تەقسىمات ئېلان قىلىنىپ تىزىمغا ئالدۇرۇش جەدۋىلى
ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا تارقىتىلىپ بولغان بولسا بۇ ئىشقا پەقەتلا
ئامال قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ تېلې-
فون قىلىپ باقىدىغانلىقىنى ، ئەگەر تەقسىمات قەغىزى تارقىتىل-
ماي قالسىلا ئۇ ئىشنى توغرىلاپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى ،
قېرىشقاندەك ئابدۇسالامنىڭ تەقسىمات قەغىزى چۈشتىن كېيىن
تارقىتىلىدىغان بولغاچقا نازارەتتىن كەلگەن ھېلىقى تېلېفوننىڭ
روھىغا ئاساسەن ئابدۇسالامنىڭ تەقسىمات قەغىزى بىردەمدىلا بىر
ۋىلايەتتىن يەنە بىر سانائەت شەھىرىگە ئالمىشىپ كەتتى .

ئابدۇسالام قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قايتىپ مەكتەپ دەرۋا-
زىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە كۈن تىكلەشكەن بولۇپ ، ئاۋغۇست-
نىڭ چۈش ۋاقتىدىكى تەننى كۆيدۈرگۈچى ئاپتىپى جاھاننى تو-
نۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى .

— ئابدۇسالام ، تېز بول ، — دېدى دەرۋازا يېنىدا خۇددى

ئۇنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا جىددىيلىشىپ تۇرغان مەتسالىھ يىراقتىنلا ۋارقىراپ، — سېنىڭ تەقسىماتىڭ قاراميغا ئالمىشىپ كېتىپتۇ.

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن گادايەي، — دېدى ئابدۇسالام مەتسالىھنىڭ يېنىغا ئىتتىك كېلىپ، — مەن ئەتىگەندىلا كۆرۈپ بولغان، يۇرتۇمغا بولدى ئۇ تەقسىمات.

— ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا، — ئىشەنمىسەڭ ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىغا بېرىپ باق. دېسەم - دېمىسەم سەن مەكتەپتە قېلىشقا ئۇنىماي يۇرتقا قايتىمەن دەپ تاش چىشلەپ تۇرۇۋالغاچقا مۇشۇنداق جازالىنغان گەپ.

ئابدۇسالامنىڭ بېشى پىررىدە قېيىپ كەتتى. مەتسالىھنىڭ يالغان سۆزلىمىگەنلىكى ئۇنىڭ چىرايىدىكى سەممىيلىكتىن ئايان ئىدى.

— مائارىپ نازارىتىدىن ئىسمىڭىزنى ئاتاپ قاراميغا تەقسىم قىلىشىمىزنى ئۇقتۇردى، — دېدى ئەخمەت ئەكبەر مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ، — قاراميغا بىر سان دېگەن بولسا سىزگە كېلىشى ناتايىن ئىدى. «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئوردىسى» دېگەندەك بىز نازارەتنىڭ گېپىگە كىرمىسەك بولمايدۇ. قاراماي ئوبدان يەر ئۇكام، ئۇ يەردە تاغامنىڭ ئوغلى ئىشلەيدۇ. مائاشىمۇ ئۇستۇن دەيدۇ. خىزمەت قىلىش پۇل تېپىپ تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈنغۇ. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دېگەن گەپ بار، ئاتا - ئانا دېگەنگە قەرەللىك پۇل ئەۋەتىپ تۇرسىڭىزمۇ ئۇنىڭ ئەجرىگە جاۋاب بەرگەنلىك بولىدۇ، كۆنۈپ كېتىدىسىز ئۇكام، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ.

— ياق، — دېدى ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا، — سىلەر ماڭا قەستەن مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدىڭلار. نازارەت ئىسمىمنى ئاتاپ قاراميغا تەقسىم قىلغۇدەك سالاھىيەت مەندە نېمە ئىش قىلسۇن، بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بار، مەكتەپتە قالمىغاندىكىن

يۇرتۇڭغىمۇ بارما دەپ قىلغان ئىش بۇ .

— ئۇنداق دېمەڭ ئۇكام ، — دېدى ئەخمەت ئەكبەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان ھالدا ، — مەن ئەتىگەن سىزگە دېدىمغۇ يۇرتۇڭغا تەقسىم قىلىنىدىڭ دەپ . ئۇنداق ئىش بولسا بىراقلا بولماتتى ، تېلېفوننى مەن ئالدىم ، بۇندىن ئىككى سائەت ئىلگىرى كەلگەن تېلېفون بۇ ، ئىشەنمىسىڭىز ئۇرۇمچى دېگەن ئۆتەر يولـڭىز ، نازارەتكە كىرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقسىڭىزمۇ بولىدىغۇ .

ئابدۇسالام گاڭگىرىغان ، تېڭىرقىغان ھالدا ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىدىن قايتىپ چىقتى . مانا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزى بەش يىل ئوقۇغان سۆيۈملۈك مەكتەپ يېيىلىپ ياتاتتى . ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارلا قالغاچقىمىكىن مەكتەپ ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار شالاڭ ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ھازىر نېمىگىدۇر ئالدىراشماقتا . بەلكىم جەمئىيەتكە چىقىش ئالدىدىكى خۇشاللىقـتىن كەلگەن قىزغىنلىقتۇ ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يېنىغا بارىدۇ ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ ، شۇڭا ئۇلار ئەنە شۇنداق خۇشال . توغرا ، ئابدۇسالامۇ تېخى نەچچە سائەت ئىلگىرىلا ئەنە شۇنداق خۇشال ئىدى . يۇرتىغا قايتىپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن جەم بولۇپ ئۇلار بىلەن بىرگە ياشايدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك سەزگەنىدى . ھازىر ئۇلار ئوغلىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئالەمچە شادلىققا تولغاندۇ ، ئىنى ـ سىڭىللىرى سەكرىشىپ كەتـكەندۇ ، شۇ خۇشلۇقىدا ئۇرۇمچىگە بىرەرى چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ، مانا مۇشۇنداق شادلىق بىردەمدىلا سۇ ئۈستىدىكى كۆـپۈكتەك يوقالدى . ئەمدى ئۇلارغا بۇ خەۋەرنى يەنە تېلېگراما ئارقىلىق يەتكۈزۈش كېرەكمۇ ياكى ...

— قارامايغا بارىدىغىنىڭ راستمىكەن ، — ئابدۇسالام بېشىنى كۆتۈرۈۋېدى ، ئالدىدا ياتاقداشلىرىدىن ئابدۇللا ساۋۇت بىلەن يارـ

مۇھەممەد قاراپ تۇراتتى .

— راستكەن ،— دېدى ئۇ روھسىزغىنە جاۋاب بېرىپ ،— نازارەتتىن ئىسمىمنى ئاتاپ بۇيرۇق كەپتۇمىش ، پەقەت ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ ، مەن يا ئۇ يەردە ئىسمىمنى ئاتىغۇدەك مۇھىم ئەرباب بولمىسام .

— سەن مۇھىم ئەرباب بولمىساڭ كىم بولىدۇ هوي ، — دېدى يارمۇھەممەد چاقچاق قىلىپ ، — بوپتۇ دېگىنە ، بىزگە يېقىنراق تۇرىدىكەنسەن ، قېيناتامنى يوقلاپ ئالتايغا ماڭسام يېنىڭدا بىر - ئىككى كۈن مېھمان بولىمەن دېگىنە ئەمدى .

— ياق ، مەن زادى بۇنىڭ قانداق ئىشلىقىنى تەكشۈرىمەن ، ئەتىگەن يۇرتقا بولغان تەقسىمات بىردەمدىلا ئۆزگەرسە بۇنى بىرەرى قەستەن قىلدى دېيەلمەمسەن .

— مەن بايا ئەخمەتكامدىن سورىدىم ،— دېدى ئابدۇللا ساۋۇت گەپ قوشۇپ ،— تەقسىمات يېزىلىشى بىلەنلا ئارخىپلىرىمىز شۇ يەرگە بىزدىن بالدۇر ماڭىدىكەن ، قارىغاندا قارامايغا بارماي تۇرۇپ ئىشىڭلارنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولمىغۇدەك . يىغىن ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ ، ئاۋۋال تەقسىماتنى بىر ئاڭلايلى .

— قېنى ، شۇ يەرگە بارغاندا بىر گەپ بولار ،— دېدى ئابدۇسالام ئۇلارغا ئەگىشىپ مەكتەپ يىغىن زالىغا مېڭىۋېتىپ ،— بوپتۇ ، شۇ باھانىدا قارامايىنمۇ كۆرۈپ باقمامدىم ، نېمە كۈنلەرنى كۆرمىگەن مەن ، ئۇ قانچىلىك ئىشتى .

ئۇلار بىرلىكتە يىغىن زالىغا قاراپ مېڭىشتى ، ياتاق - ياتاقلاردىن چىقىۋاتقان باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ بىر خىل شادلىق نامايان ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بارىدىغان نىشانلىرىنى بىلىپ بولغان ، شۇڭا قىن - قىنىغا سىغمىغان خۇشاللىق ئۇلارنى خۇددى تايچاقتەك سەكرىتىپ كېتىۋاتىدۇ ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا شەكىللىنىۋاتقان قارامايىنىڭ سىيماسىغا

تەلپۈنگەن هالدا ىىدا قىلدى .

«قاراماي ، ئېھ قاراماي ! مەن سېنىڭ قۇچىقىڭغا قاراپ ماڭىدىغان بولدۇم . سېنىڭ قانداق سىياقتا مېنى قارشى ئالىدىغانلىقىڭنى زادىلا بىلمەيمەن . بەلكىم مەتتۇردى خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغماي قالار ، ساۋاقدىشىم ، قەلەمدىشىم كەپتۇ دەپ ئالدىمغا چىقار . لېكىن قىسمەت داۋانلىرىدىن هالقىپ ، ھېكمەت بوستانلىرىدا يايلاپ كەلگەن بىر سەييياھ مېھنەت قاينامىلىرىدا زادى قانچىلىك ئۈزەر »

ئابدۇسالام مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ يىغىن زالىغا كىرىۋاتقىنىدا ئۆزى بېسىشقا تېگىشلىك يولنىڭ تېخى ئەمدى باشلانغانلىقىنى ، بۇ يولنىڭ ئەمدى تېخىمۇ جاپالىق ، تېخىمۇ مېھنەتلىك بولىدىغانلىقىنى هېس قىلدى - دە ، ئېغىر ئۇھ تارتتى .

图书在版编目(CIP)数据

晚秋寒风：维吾尔文/阿尔斯兰·塔力普著.一乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2007.11
ISBN978－7－5371－5604－2

Ⅰ.晚… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说一中国一当代一维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第037757号

责任编辑：阿布力孜·克尤木
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿里甫·夏

晚秋寒风(维吾尔文)
阿尔斯兰·塔力普 著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编:830049)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 21.625印张
2007年11月第1版 2009年3月第2次印刷

ISBN 978-7-5371-5604-2 定价:36.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换